ئىسلامجان شىرىپ

# ياشاش سەنئىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

ئىسلامجان شىرىپ
ياشاش سەنئىتى
مىللەتلەر نەشرىياتى

كىتاب مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : ليۇجيافېڭ
كىتاب ئىسمىنى يازغۇچى : ياسىن مۇھەممەت



ISBN 7-105-05356-9
9 787105 053568 >

ISBN 7—105—05356—9/B · 219
民文（维 29）定价：24.00元

ئىسلامجان شرىپ

# پاشاش سەنئىتى

مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى



ئىسلامجان شەرىپ

تۈركىي كىتاب تورىكېتى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

人生艺术/斯拉木江著. -北京:民族出版社,2003.1

ISBN 7-105-05356-9

Ⅰ.人… Ⅱ.斯… Ⅲ.生活-质量-通俗读物-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.C913.3-49

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第107551号

**人生艺术**

(斯拉木江·谢日甫著)

**责任编辑**:沙吾提·萨拉伊丁
亚森·买买提

**装帧设计**:刘家峰

**出版发行**:民族出版社　电话:010-64290862

**社　　址**:北京市和平里北街14号　邮政编码:100013

**印　　刷**:艺辉印刷厂

**经　　销**:各地新华书店

**版　　次**:2003年1月第1版　2003年1月北京第1次印刷

**开　　本**:850×1168毫米　1/32

**印　　张**:19.375

**印　　数**:0001—3000册

**定　　价**:24.00元

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

مۇھەررىرلەردىن سۆز ..... 1
مۇقەددىمە : خۇشاللىق ۋە ئازاب ..... 1

## بىرىنچى قىسىم

## ئادەم ۋە ئۇنىڭ ياشاش سەنئىتى

I باب ئادەم ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ..... 2
1 . ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىرگىچە ئۇلىنىشى ..... 2
2 . زامانىمىزنىڭ ئادەم ۋە ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى ..... 32
II باب ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى ئوبرازى ..... 59
1 . ئادەمنىڭ ئىككى خىل بايلىقى ..... 59
2 . مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە پسىخىك ئۇيقۇ ..... 62
3 . تەبىئىتىمىزدىكى ئىللەتلەر ۋە ئەقلىمىزنىڭ پارچىلىنىشى ..... 66
4 . يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىشنىڭ شەرتى

...................................................... 84
5 . زامانىۋى ئوبراز ...................... 106
Ⅲ باب ياشاشنىڭ سەنئەتلىكى ۋە سەنئەتكارلىق ...... 121
1 . ياشاشنىڭ سەنئەتلىكى ........................ 121
2 . سەنئەتكارلىق ........................... 145


# ئىككىنچى قىسىم

# سەنئەتكارلىقنىڭ ئومۇمىي بايانى


سۆز بېشى ........................................ 163
I باب ئىجادىيەت ياكى ياشاش سەنئەتكارلىقى ... 165
1 . ئىجادىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى......... 166
2 . ئىجادىيەتنىڭ تەبىرى ........................ 184
3 . ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىقى ........................................ 192
V باب ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ........................ 210
1 . ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ... 210
2 . ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ........................................ 222
Ⅵ باب ئىجادىيەتنىڭ قابىلىيەت ۋە ساپا تەلىپى......... 227
1 . قابىلىيەت ................................ 228
2 . زامانىۋى قابىلىيەت ........................ 230
3 . ساپا ........................................ 233
4 . ئىجادىي ساپا ................................ 241
Ⅶ باب ئىجادىي ئىختىيارلىق يېتىشتۈرۈش ............... 247
1 . ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق ............... 247

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2 . ئىجادىي ئىختىيارلىق ........ 250
3 . ئىجادىي ئىختىيارلىقتا ئەقىل بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار-
نىڭ رول ئېلىشى ........ 255
4 . سول ۋە ئوڭ مېڭە فۇنكسىيىسى ........ 261
5 . چۈش بايلىقى ........ 272
VIII باب ئىجادىيەت ياكى سەنئەتكارلىقنىڭ تۈرلىرى ... 289
1 . ئىجادىيەتتىكى ئورتاقلىق ........ 289
2 . پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى ........ 295
3 . ئىجتىمائىي پەن ياكى ئىنسانچىلىق تەتقىقاتى
........ 303
4 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ........ 310
IX باب ئىجادىيەتنىڭ قاتلاملىرى ........ 318
X باب ئىجادىيەت پۇرستى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە
ئايلاندۇرۇشتىكى نېگىزلىك مەسىلىلەر ........ 337
1 . ئىجادىيەت پۇرستى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى ... 337
2 . ئىجادىيەت پۇرستىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى
نېگىزلىك ئۇسۇل ........ 341
3 . ئىجادىيەت پۇرستىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى
نېگىزلىك پوزىتسىيە ........ 345

## ئۈچىنچى قىسىم

## ياشاش سەنئەتكارلىقتا توسقۇنلۇق ۋە تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان ئامىللار

XI باب تاشقى ئامىللار ........ 352
1 . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى ........ 352

بىرىنچى ، مەدەنىي مىراسلارغا تۇتقان نامۇۋاپىق پو -
زىتسىيە ...... 354
ئىككىنچى ، ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە نوپۇزلۇقلارغا باش
ئۇرۇش خاھىشى. ...... 365
ئۈچىنچى ، پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىك ...... 370
تۆتىنچى ، ئىدىيىۋى ئۇسۇل ...... 379
بەشىنچى ، ماكان قارىشى ...... 385
ئالتىنچى ، دىنىي ئامىللارغا سەل قاراش ...... 389
2 . ئىجتىمائىي تۈزۈم ئامىللىرى ...... 396
بىرىنچى ، ئىستىبداتلىق ۋە چىرىكلىك ...... 396
ئىككىنچى ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى پۇل ۋە مەنسەپكە
بېقىندۇرۇش خاھىشى ...... 402
ئۈچىنچى ، تەلىم - تەربىيىدە بىكىنمىچىلىك قىلىش
...... 415
XII باب پسىخىك ئامىللار ...... 453
1 . پسىخىك ساغلاملىق ۋە ساغلامسىزلىقنىڭ پەرقى
...... 454
2 . ئىنسان تەبىئىتى ۋە پسىخىكىدىكى ئاجىزلىقلار
...... 470
3 . تەبىئىتىمىزدىكى پسىخىك ئاجىزلىقلارنىڭ
ئاساسلىق تۈرلىرى ...... 473
بىرىنچى ، ئۆزىنى كەمسۇندۇرۇش ...... 473
ئىككىنچى ، جامائەت پىكرىنىڭ قۇلى بولۇپ
قېلىش ...... 477
ئۈچىنچى ، ھۇرۇنلۇق ...... 481
تۆتىنچى ، قورقۇنچاقلىق ...... 489
بەشىنچى ، غەم - قايغۇ ...... 498
ئالتىنچى ، ھەسەتخورلۇق ...... 504

يەتتىنچى ، گۇمانخورلۇق ............................ 513
سەككىزىنچى ، شۆھرەتپەرەسلىك ................... 517
XIII باب سەنئەتكارلىقتا توسالغۇ بولىدىغان ئادەتلەر
.................................................... 523
1 . ئۇلار ئۆزىنى چاغلىمايدۇ .......................... 528
2 . ئۆزىنىڭ دەسمايىسىنى توغرا مۆلچەرلىمەيدۇ
.................................................... 532
3 . باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ ................ 536
4 . دوست ـ يارەنلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ياكى جازالايدۇ
.................................................... 540
5 . سالاپەتكە دىققەت قىلمايدۇ ......................... 544
6 . ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ .................................. 548
7 . نىشان تاللىمايدۇ ...................................... 552
8 . كوت ـ كوتلۇق قىلىدۇ ................................ 557
9 . زاكونچىلىق قىلىدۇ ................................. 566
10 . يالغانچىلىق قىلىدۇ ................................ 571
پايدىلانغان ماتېرىياللار ................................. 576

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
*Abdulcelil Turan Kütüphanesi*
www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەررىرلەردىن سۆز

«ياشاش سەنئىتى» نى تەھرىرلەش جەريانىدا زوق بىلەن
ئوقۇپ چىقتۇق . بۇ — تەبىئىي ، ئىجتىمائىي ۋە روھىي پەنلەر-
دە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش تەتقىقاتىدا بارلىققا
كەلگەن ئۇتۇقلار مۇئەللىپىنىڭ ئۆزگىچە تەپەككۇرى بىلەن ئام-
مىباب يورۇتۇلغان ئەسەر بولۇپ ، مۇئەللىپىنىڭ مۇشۇ تېما ھەق-
قىدىكى ئويلىرىنىڭ كىرىش سۆزى ئىكەن . شۇنداق بولۇشىغا
قارىماي ، ئەسەرنىڭ مەزمۇنى كۆپ خىل پەنلەرنىڭ گىرەلەشمە
ھالىتىدە تۇرمۇشنى سەنئەتلىك ئۆتكۈزۈش پاراسىتى يېتىلدۈ-
رۈشكە قارىتىلغان ، ھەممە ئۆتمۈشنى تەسۋىرلەش ۋە كېلەچەكنى
قىياس قىلىشقىلا بېرىلىپ كېتىدىغان ئەنئەنىنى نەق ھال كۈند-
مىزنى ياخشىلاشقا بۇرىغان . ئەسەردە غۇلاچ يايغان مەزمۇنلاردا
ھەربىر ئادەم ، مىللەت ، دۆلەتنىڭ دەۋر رىقابەتلىرىنىڭ تەلەپلە-
رى بويىچە بەھۇزۇر ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنى زامانغا ئۇيغۇن
لايىھىلەش ، يېڭى ئەسىر بىلىم ئىگىلىكىدە نېگىزلىك رول ئوي-
نايدىغان ئىجادچانلىق روھىنى ئۆستۈرۈپ ، مىللى ئىگىلىكنى
جاھان سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈشكە ئائىت بىلىملەر ئومۇملاشتۇرۇ-
لۇپ شەرھلەنگەن . ئىنسانلار مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەندىن
بۇيان ئادەم تەبىئىتىگە جۇغلانغان ئۆزگە ئىشنىش ، جەسۇر –
شىجائەتلىك ، غەيرەت ، ئىرادىلىك ، جۇشقۇن – يۇمۇرىستىك
بولۇپ ئىجاد قىلىشتەك ئىسىل – پەزىلەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ زامان-
مىز مەدەنىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رىغبىتى ئېچىپ بېرىلىپ ،
ئادەمنىڭ ئازابتىن قۇتۇلۇپ خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يول-
دىكى ئارزۇلىرى مۇستەقىل ئويلاپ كۆرۈلگەن . ئەسەرنى كۆ-

ئۇل قويۇپ بىر قېتىم ئوقۇپ چىقساق، كۆز ئالدىمىزدىكى
رىقابەت ۋە كرىزىستە ئۇچراۋاتقان مەسىلىلەرنى قانداق ھەل
قىلىش ۋە ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى قانداق ئېچىش
ھەققىدە بىر يۈرۈش ئىلمىي كۆز قاراشلارغا ئىگە بولىمىز.
ئەسەرنى ئوقۇش ئارقىلىق دەۋر ئارزۇلاپ كېتىۋاتقان ئۆگىنىش
ئىنقىلابىنىڭ ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت بىلىملىرى بىلەن
تونۇشۇپلا قالماستىن، خاسلىقىمىزدىكى تەپەككۇر جەۋھەرلىرى
بىلەن دەۋر روھىنى ئۆزىمىزدە تۇرغۇزۇشتىمۇ قىممەتلىك پىكىر
يوللىرىغا ئېرىشىپ، ئېلىمىز ھەم چەت ئەللەردە ئىجادىي ساپا
تۇرغۇزۇش ھەققىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەردىن ئومۇملاشتۇ-
رۇلغان دەرس ئاڭلىغاندەك بولۇپ قالىمىز. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى
مول — پايدىلانغان ئەسەرلەر بىلەن پىكىرلەرنىڭ دائىرىسى
كەڭ؛ ئەمەلىيەتچان — بارلىق بىلىملەرنى بۈگۈنكى ھال كۈند-
ىمىزنى ياخشىلايدىغان بەرپاچىلىققا تەتبىقلاش نىشانلانغان؛ ئىل-
مىي — پىكىرلەر ھېسسىيات پەرەسلىكتىن خالىي نەق پاكىتلار
ئاساسىدا قانات يايدۇرۇلغان. ئەسەرنىڭ ئىلمىي بولۇشىغا قارد-
ماي، تىلى ئەدەبىي، ئاممىباب، ھەربىر مەزمۇننى ئوقۇغاندا
ئىنسانىيەتنىڭ ئۆتمۈشىدىن ھازىرغىچە مەڭگۈلۈك تېما قىلىن-
غان مەسىلىلەر ئۆزگىچە شەرھىسى بىلەن دىلغا راھەت بېغىشلاي-
دۇ. بۇ مەزمۇنلار مۇئەللىپىنىڭ ئەقىل ۋە تالانت ھەققىدىكى بىر
يۈرۈش ئەسەرلىرى بىلەن تەتقىقاتلىرى ئاساسىدا پىشىپ يېتىل-
گەن بولۇپ، تېخىچە ئىدارە - جەمئىيەت، كارخانا ۋە مەكتەپلەد-
ىرىمىزگە تولۇقى بىلەن يېتىپ كەلمىگەن ۋە ھەممىمىز ئۈچۈن
خۇددى دەرسلىكتەك مۇھىملىقى بىلەنمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە
ئەرزىيدۇ. كادىرلار، كارخانىچىلار، مەدەنىيەتلىك دېھقانلار،
ئوقۇتقۇچىلار، تېخنىكلار، زىيالىي ياشلار . . . ئومۇمەن بېشىد-
ىمىزدىكى كرىزىسنى ئۆز كاللىسى بىلەن ئۆيلاپ كۆرۈپ بىرەر
نەتىجە يارىتىشنى ئويلاۋاتقان بىر كىشى ئۈچۈن دەرسلىك رولد-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى ئالىدۇ . ساۋات چىقارغان ھەرقانداق بىر ئادەم ئوقۇپ چىق-
سىمۇ بەلگىلىك نەپكە ئېرىشىدۇ .

بولۇپمۇ مۇئەللىپ ئادەمگە ، ئادەمنىڭ مەجبۇرىيىتىگە ۋە
ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىپ زامانىۋى ئوبراز تۇرغۇ-
زۇشقا ئائىت مەسىلىلەرنى بايان قىلغاندا ، تەپەككۇرنى كىشىلىك
ھاياتنىڭ گۈلتاجىسى ، كىشىلىك تۇرمۇش قۇرۇشنىڭ دەۋر تە-
لىپىدىكى جىلۋىسى ھېسابلاپ ، تۇرمۇشىمىزنىڭ تامامەن ئىجادى-
يەت ۋە ئىختىراغا تايىنىپ بارلىققا كېلىدىغان سەنئەتلىك جەر-
يان ئىكەنلىكىنى ؛ ئادەم ، مىللەت ، دۆلەتنىڭ بۇ جان تومۇرنى
ئىگىلەش ئارقىلىق كۈچىيىشى لازىملىقىنى ئاجايىپ گەۋدىلىك
ئېچىپ بەرگەن . ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنى بايان قىلغاندا ، بىلىم
بىلەن ئىجادىيەت ؛ ئىجادىيەت بىلەن چوڭ مېڭە ؛ ئىجادىيەتتىكى
ئورتاقلىق بىلەن ئايرىملىق ؛ ئىجادىيەت جەريانىدا رول ئالىدىغان
قابىلىيەت ، ساپا ، خاسلىق ؛ چوڭ مېڭىدىكى ئوڭ شار (ئەجدادى
مېڭە ) بىلەن سول شار (ئۆزلۈك مېڭە ) لەرنىڭ مۇناسىۋەتلىرى-
نى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىكى زامانىۋى
بىلىملەر ئاساسىدا ئېنىق يورۇتۇش ئارقىلىق ، بىزنى زامانىمىز-
نىڭ تالانت ۋە ئىجادىيەت تەتقىقاتىدىكى داڭلىق ئالىملارنىڭ
تەلىماتلىرى بىلەن ئوڭۇشلۇق ئۇچراشتۇرغان . شۇنىڭ بىلەن
بىر چاغدا ، ھەربىر ئادەم ۋە خەلقنىڭ ئۆزىنى زامان تەلىپىدە
تەكرار بەرپا قىلىش يوللىرىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا نامايان قىل-
غان . ياشاش سەنئىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ئامىللار ئۈستىدە
توختالغاندا ، ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىكى توسقۇنلۇق ئامىللىرى-
نى تەمكىنلىك بىلەن ئىسپاتلاپ ، ئىنسان تەبىئىتىگە ۋە جەمئى-
يەتكە چۆكمە بولۇپ خەلقنىڭ قېنىغا ۋەھىمە ، ساداقەتسىزلىك ،
شەخسىيەتچىلىك ، ئىجادىي پائالىيەتلەرگە قارىتا جۇرئەتسىزلىك
قىلىشتەك زەھەرلەرنى سىڭدۈرۈپ قويۇپ ، كېيىنكى ئەۋلادلار-
غىمۇ ئېرسىيەت ھالىتىدە ئۆدۈم قىلىپ قويىدىغان ئىللەتلەرنى

يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش، پىكىر ھۆرلىكى بىلەن جەسۇر ئىلگىرىلەيدىغان مىللىي ئوبراز تۇرغۇزۇش ئۈچۈن غايىۋى ئىلگىرىلىگەن. بۇ مەزمۇنلار ئىجادىيەتكە كىرىشمىگەن تەقدىردىمۇ ھەرقانداق ئادەم بىلمىسە بولمايدىغان ساۋاتلاردۇر.

ئېنىقلىشىمىزچە، ئەسەردىكى ئۇتۇقلار مۇئەللىپنىڭ كىچىكىدىن باشلانغان تىرىشچانلىق ۋە ئۇنىڭ تەپەككۇر ئادىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ مەسئۇلىيەتچان، ئىجتىھات بىلەن تىنىمسىز ئىلگىرىلەيدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇ ئەقلىگە كېلىپلا ئاتىسى شېرىپ ئاخۇن خەلپىتىمنىڭ ئوقۇش بىلەن باغۋەنچىلىك ئەمگىكىنى بىرلەشتۈرگەن تەربىيىسىدە ئۆسكەن. ئۇنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى ئەزىزانە قەشقەر شەھىرى بىلەن ئاتۇش ئارىلىقىدىكى قەدىمىي مېۋىزارلىق بەشكېرەم بولۇپ، بۇ ھەممە ياقنى باغۇ - بوستانلار قاپلىغان، خەلقى ئەمگەكچان، بىلىمخۇمار، جاھان كېزەر، باغۋەنچىلىك ئارقىلىق شەھەر سودىسىغا تۇتىشىدىغان يۇرت ئىدى. ئۇنى كىچىكىدە ئوقۇتقان ئاتىسى ۋە ئابدۇرېھىم ئاخۇن خەلپىتىم، روزى ئەپەندى قاتارلىق ئۇستازلىرىدىن كىتاب ئوقۇپلا ئولتۇرىدىغان ۋە رىۋايەتلەرنى ئەمەلىيەت ئورنىغا قويىدىغان بىرمۇ كىتاب موللىسى يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ قارشىچە ئاتا - ئانىنىڭ ئۈلگىلىك گەپ - سۆز، ئىش - ھەرىكىتى بالىلار ئۈچۈن مەكتەپ سىرتىدىكى مەكتەپ ئىدى. شۇڭا، ئۇلار كالام بىلەن ئەمەلنى (ئوقۇش بىلەن ئىشلەشنى) بىرلەشتۈرگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۆز بالىلىرىنى ئۇستاز شاگىرت تەربىيىلىگەندەك تەربىيىلەيتتى. ئۆزئارا ھەمسۆھبەت بولغانلىرىدا يۇرتىمىز شىنجاڭنىڭ شەھەر - بازارلىرى ۋە ئۇلاردىن ھالقىپ ئوتتۇر ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ئەللىرى بىلەن جۇڭگو، ھىندىستان، رۇسىيە توغرىسىدا، ئۇ يەرلەردىكى ئالىم - ئۆلىمالار توغرىسىدا، قول - ھۈنەرۋەنچىلىك ھەم مىللىي سانائەت توغرىسىدا، خەلقنىڭ ئۇدۇم ئەخلاقىي ئادەتلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمىلەرگە چۈشەتتى. بولۇپمۇ ئۇلاردا پايدىلىق ئەمەلىيەتكە قاتنىشىش، پايدىلىق كىتابلارنى ئوقۇش، ئازغۇن ئەمەلىيەتتىن ئۆزىنى تارتىش، ئازغۇن كىتابلارنى ئوقۇماسلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەشەببۇسى بار بولۇپ ، سۆزلىرىدە ئازغۇن ھەرىكەت ۋە كىتاب-
لارغا لەنەت ياغدۇراتتى . مۇئەللىپ بالا ۋاقتىدىلا ئاشۇ سۆھبەت-
لەرنىڭ قۇلاق موللىسى ئىدى . شۇڭا ، ئايىغى چىقىپ ئۇزاق
ئۆتمەي قەشقەرنىڭ كونا شەھەر ، يېڭىشەھەر ، ئاتۇش ، پەيزاۋات
بازارلىرىغا ئاتىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بارىدىغان ، ھەمدە
يېڭىسار ، يەكەن ، مەكىت ، سېرىققول ، قاغىلىق ، سېرىقبۇيا ،
تورپان ، ئەنجان ، ئوش ، ئۈچتۇرپان ، كۇچارلاردىكى يادىكارلىق-
لار ، بازارلار بىلەن ئۇ يەرلەرنىڭ ئەلمى - تەلمى ھەققىدە
ئاتىسىدىن خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان بۇ بالىنىڭ يۇمران
قەلبىدە ئاتىسى دۇنيادىكى ئەڭ پەزىلەتلىك ۋە بىلىملىك كىشى-
دەك ، مەھەللە - كويدىكى ئۇستازلىرى كۆپنى بىلىدىغان دانىش-
مەنلەردەك يۇكسەك تۇراتتى . مۇئەللىپ ئاتىسىنىڭ مېھرىگە
چۆمۈلۈش بىلەن بىرلىكتە ئۆز نەزىرىدىكى ئاشۇ ئۇلۇغ ئاتا ۋە
ئۇستازلىرىنىڭ ھەربىر سۆز ھەم ھەرىكىتىنى قەلبىگە نەقىش ،
ھەرىكىتىگە ئۆلچەم قىلىش بىلەن ھۇزۇرلىناتتى ، ئاتا يولىدا
ماڭغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى . ئۇ ئاشۇنداق ھېسسىيات بىلەن
سەككىز ياشقا كىرگەندە ، ئاتىسىنىڭ «ئاللا بىزگە ئىككى كى-
تاب بەرگەن ، بىرى ‹قۇرئان› ، يەنە بىرى تەبىئەت . پەننى
مەكتەپ تەبىئەتنى ئوقۇپ تەپەككۇر قىلىشنى ئۆگىنىدىغان مۇ-
قەددەس جاي» دېگەن تاپشۇرۇقى بويىچە يېڭىدىن ئېچىلغان پەن-
نىي باشلانغۇچ مەكتەپكە كىردى . بىر ئايغا بارمايلا خەت تونۇپ
ئۇستازلىرىنىڭ ئامراق ئوقۇغۇچىسىغا ئايلاندى . مۇلايىم ، شەرم -
ھايالىق پەزىلەتلىرى ئارقىلىق ساۋاقداشلىرى بىلەن دوستلۇق
ئورناتتى . ئەڭ مۇھىمى ئۆگەنگەنلىرىنى دادىسى ئارقىلىق تەك-
رارلىدى ۋە ئاتىسىنىڭ «مىڭ سائەت ئوقۇغاندىن بىر سائەتلىك
تەپەككۇر ئەلا» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە ئويلاپ ئىش قىلىشنى ،
ئىش ئۇستىدىكى پەم - پاراسەتنى ؛ «ئادەم تەبىئىتىنىڭ خۇش-
خۇي بولۇشى ئۇنىڭ بەختى» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە مەكتەپ
سىرتىدىكى كىشىلەر بىلەنمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشنى ، كې-
ڭەشلىك بولۇشنى ؛ «ئەمگەك ئادەم ۋۇجۇدىنى چېنىقتۇرىدىغان
دورا» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە تىرىشىپ جىسمانىي ئەمگەك

قىلىشنى؛ «ياخشىلىق قىل دەرياغا تاشلا، خالىق بىلمىسە، خەلق بىلۇر» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە قوۋم - قېرىنداشلىرىغا، باشقىلارغا، جەمئىيەتكە ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشتىراك قىلىشنى؛ «ئاتا - ئانا بالا ئۈچۈن يېرىم دوختۇر» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە مىجەز ھالەتلىرىدە بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشلىرىنى ئاتا - ئانىسىغا ئوچۇق مەلۇم قىلىشنى، «ئائىلە كىچىك ۋەتەن، قوۋم - قېرىنداشلىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشمۇ ۋەتەننى سۆيگەنلىك» دېگەن ئەقىدىسى بويىچە ئۇرۇق - تۇغقان، خولۇم - قوشنىلار بىلەن ئىتتىپاق ئۆتۈشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، تاكى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگۈچە قوش ئۇستازلىق ئوقۇشنى ئىجتىھات بىلەن داۋام قىلدى، ھەمدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىدىكى مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئامراق شاگىرتى بولۇپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتىسى دائىم تەكرارلايدىغان «ئالىملار ئاللانىڭ دوستى»، «يارىلىشىڭنى مەن ياراتتىم، يارالمىشىڭ ئۆزۈڭدىن» دېگەن ئەقىدە بىلەن دۇنياغا تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئۇنىڭدىكى دائىمىي ئىزچىللىق بولۇپ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ تەلىماتلىرىغا بولغان تەلپۈنۈش مۇتلەق ئورۇننى ئىگىلىۋالغانىدى. تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرۈپ بېيجىڭ مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇشقا مېڭىش ئالدىدا ئاتىسى مۇئەللىپنى ھويلا بېغىدىكى ئانار بىلەن ئەنجۈر ئوتتۇرىسىدا ئارامگاھ قىلىپ ياسىغان ئاددىي سۇپىغا چاقىرىپ، يىراقتىكى بىلىم يۇرتىدا بىلىمگە پەرۋانە بولۇش ھەققىدە يوكۇنۇپ ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق بەردى. تاپشۇرۇق ئارىسىدا ئاتىسى قولى بىلەن باغدىكى مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئى بالام، باغقا بىرخىل سۇ كىرسە، مېۋىلىك دەرەخلەر نەچچە خىل مېۋە بېرىدۇ. ۋاتقانلىقىنى ئويلاپ كۆرگەيسىز، مەكتەپ بىر بولغان بىلەن قانچە خىللاپ ئادەم يېتىلىدۇ. بىرخىل سۇدا نەچچە خىل مېۋىنىڭ بارلىقىنى كېلىشىنى تەپەككۇر بىلەن ئاچقۇچى داموللا بولىدۇ» دېگەنىدى. مۇئەللىپ ئاتىسىنىڭ بۇ سۆزىنى تولۇق ئوتتۇرىغىچە تىكلىگەن «تەپەككۇر ئالەملەر ئاچقۇچى» دېگەن ئەقىدىسىگە سىڭدۇرۇپ، ھەر ئىشنىڭ ئىچكى باغلىنىشلىرى ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر قىلىدىغان تەۋەررۇك قىلىۋالدى ھەمدە ئالىي مەكتەپكە
بېرىپلا مەكتەپتىكى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر
تەتقىقات ئورنىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، مەركىزى ئاسىيا تارى-
خى ۋە ئىقتىساد، مەدەنىيەتلىرى بىلەن چوڭقۇر تونۇشىدىغان
ئابدۇرېشىت ئىسلامى، ئەنۋەر بايتۇر قاتارلىق ئالىملارنى ئۇستاز
تۇتۇپ، مەكتەپ دەرسلىرىدىن باشقا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيە-
سىنىڭ بىلىم خەزىنىسىدىنمۇ ئوزۇق ئېلىشقا كىرىشىپ، مىل-
لەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى بىلەن 80 ـ يىللاردا بارغان ئالىي پارتىيە
مەكتىپىدىن ئىبارەت ئىككى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ ئاسپىرانت
بولۇشنى كىشىلىك ھايات قەدەملىرىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان
تەپەككۇر مەشىقىگە ئايلاندۇردى. بىلىم تەشنالىقىنى دوگما ياد-
لاش بىلەن ئەمەس، يېڭى تەپەككۇر يوللىرى بىلەن قاندۇرۇپ
مېڭىشقا ئادەتلەندى. ئۇنىڭ نەشرىياتچىلىق ۋە ژۇرنالىستلىق
بىلەن «جۇڭگو نەشرىياتچىلىرى» لۇغىتىدىن ئورۇن ئېلىپلا
قالماستىن، «جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى» «جۇڭخۇانىڭ مەشھۇر
ئەربابلىرى» «دۇنيانىڭ مەدەنىيەت ئەربابلىرى» قاتارلىق ئوكيا-
نۇسلاردىن ئورۇن ئالغۇچە ماڭغان تەتقىقات مۇساپىسىدە ئاشۇ
ئەقىدە دائىمى ئىتتىرگۈچ رىغبەت بولدى. بىزنىڭچە، ش ئۇ
ئا ر ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكىلەر بىرلەشمىسىدىن ئىبارەت
ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئىلمىي ئورگان «جۇڭگو
مۇتەخەسسىسلىرى بۈيۈك لۇغىتى» غا ئۇنى تونۇشتۇرغاندا كۆر-
سەتكەن: دۆلىتىمىزنىڭ «نەزەرىيە تەشۋىقات ۋە نەشرىياتچىلىق
ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئاكتىپ تۆھپىلەر قوشتى. ئاۋۋال
ئېلىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئوقۇرمەن-
لىرىنىڭ يول ئېچىپ مېڭىشىغا يارامىلىق ئەھمىيەتلىك ئەسەر-
لەرنى تەرجىمە قىلىپ كىرگۈزۈش بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭ بويى-
چە ئىشتىن سىرتقى ئاپتورلارنىڭ نەمۇنىچىسى بولدى؛ ئاندىن
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا نەزەرىيىنىڭ ئەمەلىي ئۇنۇمىگە ئەھ-
مىيەت بېرىپ، ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش ۋە
تالانتشۇناسلىق تەتقىقاتىنى پەن سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلۇشىغا قا-
رىتىپ، ئۇيغۇر ئاپتورلار ھازىرغىچە بۇ تەتقىقات ساھەسىدە

تېگىش قىلمىغان سىستېمىلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ ئىلىم ساھە-
سىدە ئۆزگىچە بىر لىنىيە تۇرغۇزدى . شىنجاڭنىڭ ئەقىل بۇلد-
قىنى ئېچىش ۋە تالانت تەربىيلەش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى
ئۈچۈن كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتتى » دېگەن باھا ۋە جۇڭ-
گونىڭ خەلقئارا تونۇلغان مەشھۇر ئەربابلىرىنى باھالاش كومى-
تېتى قاتارلىق تۆت ئىلمىي جەمئىيەتنىڭ 1998 - يىل 3 -
ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەۋەتكەن مۇبارەكلەش گۇۋاھنامىسى مۇئەل-
لىپىنىڭ ئۇستاز تۇتۇشقا ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ماھىر بولۇش ،
ئىرادە قىلغان ئىشىغا قىيىنچىلىقتىن قورقماي ئۆمۈرۋايەت ئىن-
تىلىشتەك شىجائەتلىك پەزىلىتىگە ئوقۇلغان مەدھىيىدۇر . دۇن-
يا مەدەنىيىتىدىكى داڭلىق ئادەملەر ئۇتۇقلىرىغا ئال-
تۇن مېدال مۇكاپاتى باھالاش كومىتېتى دائىمىي ئورگىنى
“Achievement prize of world cultural celebrity” نىڭ 1999 -
يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «سىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت
ئىشلىرىدا قولغا كەلتۈرگەن گەۋدىلىك ئۇتۇقلىرىڭىز ۋە ئەسى-
رىڭىزنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئۈشبۇ مۇكاپات بېرىلدى » دەپ
قۇتلىشى ھەمدە «پاراسەت ۋە زامانىۋى ئادەم» دېگەن ئىلمىي
ئەمگىكىنى «دۇنياۋى مەدەنىيەت ئەربابلىرى پاراسەت خەزىنى-
سى » گە يادىكار قىلىشى مۇئەللىپىنىڭ تەپەككۇرىدىكى ئۆزگىچە
ئىزچىللىققا دۇنيانىڭ قىزىقىشىدۇر .

«ياشاش سەنئىتى» نى نەشر قىلىۋاتقاندا بىز ئۇنىڭ ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىجتىمائىي پەن نادىر ئەسەرلىرى-
نى باھالاش كومىتېتى تەرىپىدىن بىرىنچى ۋە ئىككىنچى دەرى-
جىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن «ئادەم ۋە ئىقتىدار» ، «تالانت
بوسۇغىسى» بىلەن «ئەقىل ۋە پەزىلەت» ، «تالانتشۇناسلىق» ،
«كىرىزىس ۋە بەرپاچىلىق» ، «ئۆزلۈكنى بايقاش» قاتارلىق ئىل-
مىي ئەسەرلىرى ، «خوتۇن - قىزلاردا قوش جىنسلىق پسىخىكا
يېتىلدۈرۈش توغرىسىدا» ، «توي مۇراسىمى — ئائىلىۋى مەدە-
نىيەت كۆرىكى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ
ئۇنىڭ تەپەككۇرىدىكى سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئەھمىيەتلىك
ئىزدىنىشلىرىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلماق-

تىمىز . بۇ ئەسەرلەر ۋە ئۇنىڭ رادىئو ، تېلېۋىزىيە ۋە مەخسۇس ئىلمىي سورۇنلاردىكى نۇتۇقلىرى ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ماقالىلىرىگە قىزىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللاردىكى ماقالىلىرىمۇ بارغانسېرى كۆپلىگەن كىشىلەرنى قىزىقتۇرماقتا . بىز شۇنچىلىك سۆزلىدۇق . تېخىمۇ دانا پىكىرلەر كەڭ ئوقۇمەنلەرگە مەنسۇپ . بىز خەلقىمىزنىڭ «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەن ئاقىلانە سۆزى بىلەن سىلەرنى كىتابنى ئوقۇپ چىقىشقىلا ئۈندەيمىز . چۈنكى ، سىلەر ئوقۇپ چىقىپ ھاياتىڭلارغا تەلەپ قويغاندىلا ، كىتابتىكى ھېكمەت ئاندىن يېشىلىدۇ .

بىز مۇئەللىپنى ئىزدىگەندە ، ئۇنى خەلقىمىزنىڭ بىلىم غەزىنىسىدىكى كەملىك ، بولۇپمۇ ئۆز كاللىسى بىلەن ئويلايدىغان ، ئۆز قولى بىلەن ئىشلەيدىغان ئىجادچانلىقنىڭ ئاجىزلىقىنى تولۇقلاش ئۈستىدە تەخىرسىزلىك بىلەن ئىزدىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۇق . ئۇ تۇرمۇشتا ئاددىي - ساددا ، چىقىشقاق ، دوستلىرىغا ئوتتەك قىزغىن ، ئالىم - ئۆلىمالىرىمىز بىلەن ئالىم سۈپەت يېتىلىۋاتقان ياشلىرىمىزغا ئۈمىد بىلەن ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرىدىغان ، خەلقىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلىكىدىكى كېلەچەك ئىستىقبالىغا جەزمەن ئىشىنىدىغان ئادەم ئىكەن . ئەڭ مۇھىمى ، ئۇ ھازىر قىلغان ئىشلىرىنى قىلماقچى بولغان ئىشلىرىنىڭ تامچىسى ھېسابلايدىكەن ، نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىدىكى كەمچىلىك - نۇقسانلارنى تۈزىتىپ ، تېخىمۇ ئاممىباب ، خەلق سۆيەر ئەسەرلەر قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشەنچىسى كامىل ئىكەن . خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىغا ئۆزىنى تامامەن قوشۇۋېتىش ئۈچۈن تىنىمسىز ئىلگىرىلەيدىكەن .

www.uyghurkitap.com

# مۇقەددىمە: خۇشاللىق ۋە ئازاب

ھەر كىم ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ پەرزەنتى.

— سىرۋانتىس

ھەممىمىز خۇشال ياشاشنى ئارزۇ قىلىمىز، ئۇنداقتا كىملەر خۇشال ياشايدۇ؟ ئەسىرىنى تاماملاپ پەيز قىلىنىۋاتقان سەنئەتكار، قۇمدا قەلئەلەر ياساپ ئەركىن پىكىرلەر دۇنياسىنى ئىپادىلەۋاتقان بالا، بىمارنىڭ كېسىلىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ساقايتقان دوختۇر، مېۋىسىنى پىشۇرۇپ كىشىلەر ئېغىزىغا تەگكۈزگەن باغۋەن، بالىسىنى باتۇرلۇق ياكى ئالىملىققا تەربىيىلەۋاتقان ئاتا ـ ئانا، گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئىقتىسادچانلىقى بىلەن ئائىلە ئىگىلىكىنى روناق تاپقۇزۇۋاتقان ئىناق ئەر ـ خوتۇن، خەلق ئۈستىدىكى قەبىھلىكنى يوقاتقۇچى جەڭچى، شاگىرتلىرىنى زامانىۋى پىكىرگە ئۆگىتىۋاتقان ئوقۇتقۇچى، ئەل ـ يۇرتىنى پۇقرالار يايراپ ياشايدىغان بەختلىك نىشانلارغا باشلاپ كېتىۋاتقان رەھبەر . . . ئىشقىلىپ ئەزگۈلۈك قوغلاشقان تەپەككۇر ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزى ھەم جامائەتكە بەھر بېرىدىغان بىر ئىشنى باشقا چىقىرىۋاتقان كىشىلەر خۇشال ياشايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتتە بولغانلار ئازاب چېكىدۇ.

بىرىنچى تۈركۈم كىشىلەر شۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال ياشايدۇكى، بىرىنچىدىن، ئۇلار تۇرمۇشتىكى ئازابنىڭ ھەركىمنىڭ ئازغانلىقىدىن پەيدا بولىدىغانلىقىنى بىلسە، ئىككىنچىدىن،

تۇرمۇشنىڭ سەنئەتنىڭ باشقا ساھەلىرىگە ئوخشاش سەنئەتلىك پاراسەتكە موھتاجلىقىنى بىلگەن ۋە شۇ تۇپەيلى ئازغۇنلۇققا تۇۋا قىلغۇچى خەيرىيەتلىك ئىشلار بىلەن تۇرمۇشنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ بارىدىغان ئىجادىي پائالىيەتلەرگە پەرۋانە بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ خۇشاللىق لەززىتىنى تېتىغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇلار كىشىلىك ھايات نېمە؟ ئادەم قانداق ياشاش كېرەك؟ دېگەن سوئالغا جاۋاب تاپقان.

راست، بىر ئادەم ئۆز ھاياتىدىكى ئازابىنىڭ يىلتىزى ئۆزدىنىڭ ئازغانلىقىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلسە، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسەل بولۇپ قېلىشى ناچار نەرسىلەرنى يەپ قالغانلىقىدىن، يارىلىنىشى ئۆزىنىڭ باشقىلار بىلەن مۇشتىلىشىپ قالغانلىقدىن، ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىشى بايلىقىنى بۇزۇپ چاچقانلىقى ۋە ياكى تىرىشىپ خىزمەت قىلمىغانلىقىدىن... ئىشقىلىپ ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئازاب ئۆزىنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشلارنى قىلىپ تاشلىغانلىقىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تۇرمۇشنىڭ سەنئەتلىكىنى بىلگەندە بولسا، ئۆزىنى ھايۋانى نەپسىي شەيتان كەينىدىن كېتىۋاتقان جەھەتلەردىن تېزگىنلەيدۇ. ئۆزى ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئازاب چېكىۋاتقانلارغا ئىچ ئاغرىتىدۇ ھەمدە تۇرمۇشتىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتنىڭ ئورتاق مەنبەسى ئازغۇنلۇقنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئاتلىنىدۇ. مانا بۇ تۇرمۇشتا ئادەمنى خۇشال قىلالايدىغان بىردىنبىر خىزمەتكى، ئۇ كىشىلىك ھاياتنى تېگىشلىك بەخت ئىچىگە قويىدۇ.

ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەزگۈلۈكنى مەقسەت قىلغان ئېنىق نىشان بولىدۇ ـ دە، ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەقلىيلىككە بويسۇندۇرۇپ، ھەر نەرسىدىن تولۇق پايدىلىنىش، ھەربىر كىچىك ئىشنى ئەس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تايىدىل ئويلىنىپ قىلىش ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىدىن ھۇزۇر-
لىنىش ، گۈزەل شەيئىلەرگە مەپتۇن بولۇش ، ئۆزىگە چىڭ تە-
لەپ قويۇپ تەربىيىلىنىش ، مۇئامىلىدە ئەدەپ - ھايالىق بو-
لۇش ، ھەر خىل داۋالغۇش بولسىمۇ ئۆز قولىدىكى ئىشنى بىر
باشقا چىقىرىش ، ئاخىرىدا ئۆزگىچە ئىجادىي نەتىجە يارىتىشتەك
كىشىلىك ھايات مەزمۇنىنى بارغانسېرى بېيىتىپ ماڭىدىغان ۋە
باشقىلارنى تۇرمۇشقا مەھلىيا قىلىدىغان پاراسەت يولىغا ماڭىد-
دۇ .

ئازاب چېكىپ خاپىلىق بىلەن ياشايدىغان كىشىلەردە بۇنداق
پاراسەت كەم بولىدۇ . ئەمما ، تۇرمۇش رېتىمى يەنىلا ئاشۇ
خۇشال ياشىغۇچىلارنىڭ پاراسىتى بويىچە ئۆسۈپ بارىدۇ . چۈن-
كى ، تۇرمۇش چىن مەنىسىدىن ئېيتقاندا ، ئىنسانلىق سۆيگۈسى
بىلەن ئەزگۈلۈك قوغلىشىدىغان ئويغاقلىق بولۇپ ، بۇنداق سەن-
ئەت پاراسىتىگە ئىگە بولماي تۇرۇپ ھەرقانداق كىشىنىڭ خۇ-
شال - خورام ياشايدىغان بەختلىك پۇرسەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈ-
شى مۇمكىن ئەمەس . شۇنداق بولغانلىقتىن ، تۇرمۇشتا ھەممى-
مىز ئەنە شۇنداق خۇشاللىق ياكى خاپىلىققا سەۋەب بولىدىغان
نۇرغۇن ئىشلار تىزمىسىدا تۇرىمىز . گەرچە ھەممە ئىش بىزگە
تالىق ياكى ھەربىر كىچىك ئىش بىزنىڭ ھاياتىمىزنى ئۇياق -
بۇياق قىلىۋېتىدىغان مۇھىم ئورۇندا تۇرمىسىمۇ ، بۇ ئىشلارنى
بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلىمىزنىڭ توغرا - خاتا بولۇشى بىزنىڭ
خۇشاللىق ياكى خاپىلىققا ھامىي بولۇپ قېلىشىمىزغا تاقىلىپ
تۇرىدۇ . ئالايلۇق ، دېھقان تېرىقچىلىقنى ياخشى قىلىش ئۈچۈن
يەرنى ئوسا قىلمىسا بولمايدۇ . سودىگەر تىجارەتنى ياخشى قى-
لىش ئۈچۈن پۇرسەتكە جىددىي قارىمىسا بولمايدۇ . يازغۇچى
ئىجادىيىتىنى يارامىلىق قىلىش ئۈچۈن ئىجادىيەتنىڭ ھەرقانداق
بىر بۆلىكىنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويسا بولمايدۇ . بىر ئائىلى-

دىكى مەمنۇنىيەت ئائىلىدىكى ئىشلارنى رەتلىك بىر تەرەپ قىلىشقا موھتاج بولىدۇ . ئوقۇغۇچى ئىمتىھاننى ياخشى بېرىش ئۈچۈن خەتنى چىرايلىق يېزىشقا سەل قارىسا بولمايدۇ . تۇرمۇشتىكى ئىشلار مۇشۇنداق تەرەققىي قىلىپ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقىچە يېتىپ بارىدۇكى ، ھەتتا جەمئىيەتكە قوماندانلىق قىلغۇچى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەربىر رەھبەرمۇ ئۆز جامائىتى ئالدىدا مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن تۇرمىسا بولمايدۇ . رەھبەرلەردىن تەشكىل تاپىدىغان ھۆكۈمەتلەرمۇ ياخشى ھۆكۈمەت بولۇش ئۈچۈن خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان ھەربىر كىچىك ئىشنى مۇۋاپىق پىلانلاشقا مەجبۇر بولىدۇ . دېمەك ، ئىنسانلىق سۆيگۈسى بىلەن تۇرمۇشتىكى ھەربىر ئىشقا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى توغرا ھەل قىلىش ئۇسۇلى تۇرمۇشنى قىممەتكە ئىگە قىلىدىغان سەنئەتلىك پائالىيەت ، شۇنداقلا ھاياتلىقىمىزدىكى ئەڭ ئالىيجاناب گۈزەل ئەخلاق بولۇپ ، ھەربىر ئادەم پەقەت ئۆزىنى ئەنە شۇنداق سەنئەتلىك تۇرمۇش ئۇسۇلىغا — تەپەككۇر سەنئىتى ، ئېتىقاد سەنئىتى ، ئەخلاق سەنئىتى ، يېزىش سەنئىتى ، مۇئامىلە سەنئىتى ، كۆڭۈل ئېچىش سەنئىتى ، پەرزەنت تەربىيىلەش سەنئىتى ، ئىشقى - مۇھەببەت سەنئىتى ۋە ھەربىر ئىشنىڭ ئىلىم ئەندىزىسىگە ئىگە قىلغاندىلا ، خۇشال ياشايدىغان بەختلىك تۇرمۇش ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالىدۇ . ئەنە ، تىلغا ئېلىنىۋاتقان پائالىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرگۈچىلەر مەيلى قانچىلىك چوڭ ياكى كىچىك ئىش قىلسۇن ، ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق سۆيگۈسىدە ياخشىلىق قوغلىشىدىغان ئاشۇنداق ئەخلاق ، سەنئەتلىك تەپەككۇر ۋە ئىلىم ئەندىزىسى بىلەن تۇرمۇشىمىزنى بېزىمەكتە . بۇ ئارقىلىق ئۇلار بىرىنچىدىن ، تۇرمۇشىمىزدا يۈز بېرىدىغان پاجىئەلىك توختاش بىلەن ئىچكى خېيىمخەتەرلەرنى يېڭىش ئۈچۈن نازۇك بىلىملەرنى قوغلىششنى ئىپادىلەپ بەر-

www.uyghurkitap.com

سە، ئىككىنچىدىن، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىغا مەنىۋى مەزمۇن قوشۇپ، ھاياتنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈشنى رېئال ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەرگە ئايلاندۇرماقتا. ئۇلار گەرچە چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال، باي - كەمبەغەل تەركىبلىرىگە ئايرىلغان تەقدىردىمۇ ئۆزلىرىنى ئورتاق بىر خۇشاللىق قايىنىمىغا باشلاپ، ھەرقانداق بىر ئادەمدە ئىنسانلار تۇرمۇشىنىڭ ھەممە شەكىللىرىنى ۋۇجۇتقا چىقىرىدىغان يوشۇرۇن قابىلىيەت ھازىرلانغانلىقىنى، تۇرمۇشنى سەنئەتلىك ئۆتكۈزسە، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇراد - مەقسىتىگە يېتىش ئىمكانىيىتى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە. ئۇلارنىڭ ئىنسان سۆيگۈسى بىلەن سۇغىرىلغان پائالىيەتلىرى ئارقىلىق جامائەت بەخت تۇيغۇسىغا ئۇمىدلەنمەكتە.

بۇلارنىڭ پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بىر پۈتۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئادەمنى خۇشاللىق ۋە ئازابقا دۇچار قىلىش ئېھتىمالى بار نۇرغۇن ئىشلارنىڭ سورۇنى بولۇپ، ئۇ پەقەت ئەنئەنە بىلەن تۇغما مايىللىق، ئەقلىيلىك بىلەن شەخسىي ئېھتىياجلار مۇنايىم بىرلەشكەن ئىجادىي قوزغىلىشلار ئارقىسىدا ئازابنى ئازايتىپ، خۇشاللىقنى ئاشۇرالايدۇ.

شۇنداق ئەمەسمۇ؟ تىلغا ئېلىنغان خۇشال ياشىغۇچىلارنىڭ تۇرمۇشقا سۆيۈنگەن قەلبى ئۆركەش، نەزەرى ئاتەشكى، ئۇلار كىشىلىك ھاياتتا يۈز بېرىدىغان تېگىشلىك ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كۆتۈۋالغان ھەمدە ئۇلار بىلەن ئىدراكى چېلىشقان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار بىر پۈتۈن تۇرمۇشنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش سەنئىتىدىكى ياخشىلىقىقا قوزغالغان پاراسەت ھەرىكىتىدە كىشىگە بەخت كەلتۈرىدىغان خۇشاللىق تەرىپىگە ئۆتىدىغانلىقىغا ئىشەنچە قىلغانلىقىدىن، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەبىئەت دۇنياسى گۈزەل شەيئىلەر بىلەن تولغان ۋە ئۇنىڭدا ھاياتلىقنىڭ ھەممە تەرەپلىرى ياشىرىپ تۇرغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بۈگۈنكى

كۆندە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، ئۆتمۈشنىمۇ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، پارلاق بىر كېلەچەك ئىزدەپ تۇرمۇشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر مەنىلىك قاتلاملىرىدا ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پاك ۋىجدانلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ۋىجدانىي رىغبەت تۇرمۇشنى بارغانسېرى خۇشاللىققا چۆمۈلدۈرىدۇ. ئۇلارنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. كىشىلىك تۇرمۇش ماھىيىتىنى چۈشىنەلمەي، تۇرمۇشتىن ئۈمىدسىزلەنگەن كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. قولىدىن كېلىدىغان ياخشى ئىشلاردا ئۆزىنى ئاياپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلار ھەتتا ئۆزى بىلەن باشقىلارنى تەڭ خوش قىلىشنى كەسىپ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلاردىكى تۇرمۇشنىڭ سەنئەتلىك پاراسىتى توختىماي ئۆسۈپ بارىدۇكى، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ئادەملەر ۋە شەيئىلەر توغرىسىدا يېڭى - يېڭى ئىلھاملارغا ئىگە بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن شەرەپ كەلتۈرىدىغان ھەمدە باشقىلارغا ئۈلگە بولىدىغان قەدەملەرنى باسىدۇ. بۇنداق ياشاش بەختلىك ئەمەسمۇ؟ بەختلىك، ئەلۋەتتە.

تۇرمۇش سەنئىتىنى بىلمەيدىغان ئادەملەرچۇ؟ ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئەزگۈلۈككە ئۇرغۇيدىغان ئادىمىي رىغبەت كەم، ئۇلار تۇرمۇشنى جىسمانىي تويۇنۇش ۋە بۇنداق تويۇنۇشنى ھەل قىلالمىغاندا ئۆلۈش دەپ چۈشىنىۋالغان. شۇڭا، ئۇلاردا مەنىۋىلىك تەرەپتىكى جەزبىلىك تۇيغۇلار ئاز بولىدۇ - دە، تۇرمۇش ئۇلارغا ئويۇن - تاماشىلاردىن قالسىلا تېتىقسىز تۇيۇلىدۇ. ئۇلاردا پۇل، مال، ۋاقىت بولسىمۇ، بۇ نەرسىلەر ئۇلار ئۈچۈن پەقەت يېمەك - ئىچمەك، كىيمەك، ئوينىماقنىڭ ۋاستىسى بولىدۇ؛ ئاتا - ئانا، قوۋم - قېرىنداش، يار - بۇرادەرلەر ئۇلار ئۈچۈن ياخشى ئويناشنىڭ كۆرىكى بولسا، ئەتراپىدىكى ياخشى كىشىلەرمۇ «ھېسداشلىقى يوق» بىكارچىلار بولۇپ تۇيۇلىدۇ؛ ئەخلاق - پەزىلەت، تەرتىپ - ئىنتىزام، ئالىيجاناب خىسلەتلەر

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ نەزەرىدە «شەخسىي ئەركىنلىك» كە يۈگەن سالىدىغان توسالغۇ بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۇلار ياش جەھەتتە قېرىپ بىر يەرگە بارغان تەقدىردىمۇ مەنىۋى جەھەتتە يېتىلگەن تولۇق ئادەم ھالىتىگە كېلەلمەيدۇ.

مەسىلەن، بىز شۇنداق بىر ئاتىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەيلى، ئۇ تاپقان پۇلىنى ئۆزىنىڭ مەئىشىتى ئۈچۈن بۇزۇپ چاچىدۇ. ئائىلىسىدىمۇ يالغان گەپ قىلىدۇ. ئاتا – ئانىسىغىمۇ ئارام بەرمەيدۇ. ئۇنىڭ دەستىدىن خوتۇن ۋە پەرزەنت بولغۇچىلار جۇلجۇل كىيىم، غورىگۇل تاماق بىلەن بوينىنى قىسىپ كۈن ئۆتكۈزىدۇكى، بەخت ۋە ئۈنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى مائارىپ تەربىيىسىدىن بەھرىمەن بولالماي، ئىشسىزلىق ئازابىدىن ئۆمرىنى تېگىشلىك بولمىغان ئازابلار ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. ناۋادا بۇ ئاتا بىمار بولۇپ ئىشتىن قالسا، بالا – چاقا كۈنىنى ئالالمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتسە، بالا – چاقا بولغۇچىلار ساخاۋەتچىلەر دەرگاھىغا ئۆزىنى ئېتىشتىن ياكى جان تالىشىپ تۇرۇپ باشقىلارغا يالىنىشتىن باشقا يول تاپالمايدۇ. مانا بۇ ئائىلە باشلىقى بولغان ئاتىنىڭ تۇرمۇشنى سەنئەتلىك ئۆتكۈزىدىغان پاراسەتكە ئىگە بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت.

بۇنداق ئاتا ۋە ئۇنىڭ ئۇدۇمىنى ئالغان ۋاپاسىز بالىلار قانداق بولۇپ شۇ ھالغا كېلىپ قالدى؟ ئۇلار گەرچە ھاياتنىڭ بىرىنچى ۋارىقى بولغان تۇغۇلۇشنى خۇشال كۈتۈۋالغان بولسىمۇ، ھاياتنىڭ بېغىشلىمىسى بولغان ئېتىقادقا كەلگەندە بىپەرۋالىق قىلدى. مۇستەھكەم ئېتىقاد ۋە ئۇنىڭ روھىي تېرىكىدە ئېچىلىدىغان ھۆسىن جامالى ئۈچۈن ئۆزىنى تەربىيىلىمىدى، ئېتىقاد يېتەكچىلىكىدە ئورۇندايدىغان قىلمىش – ئەتمىشلىرىنىڭ ھاياتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ كىتابنىڭ مەزمۇنى، گۇناھ، سەۋرى – خاتالىقلىرىنىڭ شۇ كىتابتىكى تۈزىتىش جەدۋىلى

بولىدىغانلىقىنى بايقىۋالمىدى . ئۇ مانا شۇنداق ئەقىلدىن ئاداشقان ئېتىقادسىز ھايۋانى ھەۋەس بىلەن ئۆزىنى «ئەركىن» قويۇۋەتتى - دە ، يېگەن - ئىچكەندە ئۇنىڭ تېنى راھەتلەنگەندەك قىلسىمۇ ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى قاغجىراپ كەتكەن مەندۋى گادايلىق ئۇنى بېشى قايغان جاي ۋە ئىشلارغا يېتىلەپ كەتتى . ھەتتا ئۇنى ئۆز كېپىنى يورغۇلىتىدىغان جاھىل «بىلەرمەن» قىلىپ قويدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇرمۇشتىكى مودا قوغلىشىپ يۈرىدىغان لۈكچەكلەرنى دورىدى ، بۇنداق دوراش ئۇنى يامان ئادەت ۋە ئىللەتلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويدى . بۇنىڭ بىلەن تۇرمۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر مەيدان ئۆزىنى پەردازلاپ ئوينايدىغان ئۇسسۇل كېچىلىكى بولۇپ قالدى - دە ، بۇ ئۇسسۇل كېچىلىكىدە ياسانچۇقلار ، يالغانچىلار ، لۈكچەكلەر ، ئۇششۇقلار ، ساختىپەز ئالدامچىلار ، زەي سالماي پو ئاتىدىغان خۇشامەتچىلەر بىلەن تونۇشۇپ ، ئۇلار بىلەن ئېغىز - بۇرۇن يالىشىپ بولغۇچە ھاياتلىق پەردىسى غۇۋا چۈشۈشكە باشلىدى . ناۋادا ئۇ ئاللىقانداق يامان يوللار بىلەن بايلىققا ئىگە بولغان تەقدىردىمۇ ، ئۇ بايلىق ئۇنىڭ ئەخلاقتىن مەھرۇم تېزگىنسىز تۇرمۇشى ئۈچۈن لاي سۇدەك ئېقىپ كەتتىكى ، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۈچۈن ھەقىقىي خۇشاللىق ئېلىپ كېلەلمىدى .

دېمەك ، ھەقىقىي تۇرمۇش بىر خىل سەنئەت پاراسىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاددىي ، گاداي ياكى تاشلاندۇق بىر ئادەمنىمۇ خۇشال ياشايدىغان بەختلىك مەنزىلگە باشلاپ بارسا ، بۇنداق پاراسەتكە ئىگە بولمىغان باي ، مەرتىۋىلىك ئادەمنى ھەتتا ئۇنىڭ بالا - چاقىسى بىلەن قوشۇپ ۋەيرانچىلىق كوچىسىغا باشلاپ باردى . سېرۋانتېسنىڭ «ھەر كىم ئۆز قىلمىشلىرىنىڭ پەرزەنتى» دېگىنى ئەنە شۇدۇر .

شۇڭا ، ھەربىر ئادەم ئۆز ئۆمرىدە ياخشى كۈن كۆرۈش ، بەختكە ئېرىشىش ئۈچۈن خۇشال ياشاۋاتقان ئاشۇ ئادەملەرنى

ئۇلگە قىلىپ ، تۇرمۇشنى سەنئەتلىك ئۆتكۈزىدىغان پاراسەت بىلەن ياشىشى كېرەك . ئەگەر بىر ئادەم ئۇ ھاياتىدا ئۆزىنىڭ بەختكە ئېرىشىش ئارزۇسىنى قوغلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدىكەن ياكى ھايات نىشانىدىكى خۇشاللىق بېغىشلايدىغان پائالىيەت بىلەن ئىلگىرىلىمەيدىكەن ، ئۆزىنىڭ ياشاۋاتقانلىقىنى مەزمۇنەن ھېس قىلالمايدۇ . مەنىۋىيەت ئاساسىدا رېئال كۈنىنى ياخشىلايدىغان ، گۈزەللەشتۈرىدىغان ئەمەلىي پائالىيەتلەرگە ئىنسانلىق سۆيگۈسىنى باغلايدىغان بۇنداق ياشاش ئۇسۇلى ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولۇپ ، ھاياتلىقنى ساقلاش ، ياشاش دېگەن ئەنە شۇ بەختنى ئارزۇ قىلىش ۋە ئۇنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى تۇرمۇش سەنئىتىنى توغرا ئىشقا سېلىشتۇر . ئادەملەر ھەقىقىي ئىنسان تەبىئىتىگە ئىگە بولغان كامىللىقىقا ئىرادە قىلغاندىن تارتىپ مانا مۇشۇ ياشاش ئۇسۇلى كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ كەلمەكتە . تىلغا ئېلىنغان ئادەملىرىمىز ۋە ئۇلارغا ئوخشاش ئۆزىگە ھەم باشقىلارغا بەختنى ھېس قىلدۇرالايدىغان ئادەملەر ياشاش ئۇسۇلىنى ئىنسانلىق سۆيگۈسىدىكى مۇشۇ تارىخىي ئىزچىللىقتىن تاللىغان سەنئەتلىك كىشىلەردۇر . دۇنيادىكى مىليونلىغان مەۋجۇدات ئەنە شۇ ھايات قائىدىسىگە ئەمەل قىلىپ ، ماماتلىقىقا قارشى مۇستەقىل تەپەككۇر ئۇيۇقلىرىنى يارىدىغان ئادەملەر تەرىپىدىن بىزگە ئەركىن ياشايدىغان ھاياتلىق باغچىسى قىلىنغان ، ئازاب تۇرمۇشنىڭ سەنئەتلىك پاراسىتىنى تاشلىۋېتىپ ھايۋانلىق تەبىئىتىگە بويسۇنغان ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن كېلىپ چىققان . بىز يېڭى ئەسىردە ئىنسانلىق كامالىتى ئۈچۈن ئادەمدەك ياشايمىز دەيدىكەنمىز ، تۇرمۇشنى سەنئەتلىك ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئاقىل يول تاللىشىمىز كېرەك .

چۈنكى ، پەلسەپە دەۋرلەر روھىنىڭ جەۋھىرى . ئۇ ، ئۆز تەرەققىياتىدا گەرچە مەزھەپلەرگە بۆلۈنگەن بىلەرمەنلەر تەرىپى-

دىن بىزنىڭ ھاياتىمىزنى بەختلىك قىلىش ھەققىدە تۈرلۈك
پىكىرلەردىن جاھاندا يايغان بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا تۇرمۇشتا
بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ھەققىدە كىشىلەرگە ئورتاق-
لىشالايدىغان بىر خىل ئاقىل پىكىرنى ئۆگىتىپ، كىشىلەرنى
گادىرماش ھېسسىي خىياللار، زىيانلىق تەسەۋۋۇرلار ۋە مەلئۇن
ھەرىكەتلەردىن توسۇپ قېلىش بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇنىڭ
مۇنازىرە ئىچىدىكى تەرەققىياتى يازما خاتىرىلىرى يوق دەۋرلەردە
قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەپىكۇر تەرىپىدىن «جىسمانىي
ساغلاملىق ۋە روھنىڭ خاتىرجەملىكى بەختلىك ياشاشنىڭ مەق-
سىتىدۇر» دېگەن ھېكمەتكە يەكۈنلەنگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە
توختىماستىن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلۈپ ماڭسىمۇ، كىشى-
لەرگە خۇشاللىق بېغىشلاپ ئازابنى يوقىتىشتىن ئىبارەت ئىن-
سانچىلىق تۇرغۇسىدىن چىقىپ كەتمەي ئىلگىرىلىمەكتە. ئىنساز-
چىلىق تۇرغۇسىنى بولسا سەنئەتلىك ياشاش پاراسىتىدىن شەرھ-
لەپ بەرمەكتە. تارىختىن بۇيان ئەۋلىيايى ئەزەملەردىن تارتىپ
مۇتەپەككۇر، داھىي، لىدىر - گېنېراللارنىڭ مۇددىئالىرى
ھەرخىل تۈرۈقلۇق جامائەتنى كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىش
ئېقىمىدىكى سەنئەتلىك سۆزلەر بىلەن ئۆز نىشانلىرىغا يېتەكلى-
شى ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇندۇر. شۇ تۈپەيلى، كەمىنە بۇ نامىنى
ئىنسانچىلىق ھەققىدىكى تۈرلۈك تەلىمات ھەم ھېكمەتلەر بىلەن
تونۇشۇش، ئارىمىزدىن كەتكەن ئۇلۇغ ئاتىلار ۋە ئەللامىلىرى-
مىزنىڭ نەسىھەت ھەم ۋەسىيەتلىرىنىڭ جەۋھەرلىرىنى تونۇش-
تۇرۇش ئاساسىدا تۈرلۈك كرىزىسنى يېڭىش، رېئال تۇرمۇشى-
مىزدىكى چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ تۇرغۇسىنى ئى-
گىلەشكە قارىتىپ، ياشاش سەنئىتىگە قارىتا ئومۇملاشتۇرۇلغان
كىرىش سۆز سۈپىتىدە ھۆزۈرىڭىزغا سۇنۇۋاتقاندا، دوختۇرلار
تەتقىقاتى تەرىپىدىن ئاجايىپ تېز سۈرئەتتە ھەل بولۇۋاتقان جىس-
مانىي ساغلاملىق ھەققىدىكى تەلىماتلارنى تەكرارلىماستىن، رو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھىمى خاتىرجەملىك دەپ ئاتىلىۋاتقان مەنىۋى پائالىيەتلەرنىڭ جەۋھىرى — ئىجادىيلىق بابىغا تەسەددۇق قىلدىم ھەمدە تۇرمۇش سەنئىتىنى بارلىققا كەلتۈرۈۋاتقان ھاياتلىق پاراسىتىنىڭ ھەرىكەتچان ئىجادى قابىلىيەت ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ «ياشاش سەنئىتى» دەپ نام قويدۇم.

چۈنكى، جىسمانىي ساغلاملىق ئوزۇقلىنىش، چېنىقىش، تازىلىق ۋە سەھىيە جەھەتتىكى مەشغۇلاتلارغا ھاجەت بولغاندەك، روھىي خاتىرجەملىكمۇ ھايۋانلىق خۇسۇسىيىتىدىكى جېنىنى ساقلاش ۋەجىدىن ئاللىقانداق ئۈن — تىنسىز بۇلۇڭلارغا مۆكۈنۈۋېلىش، باشقىلار بىلەن سوقۇشۇشقا ئەمەس، يېڭى — يېڭى مەنىۋى ئوزۇقلارنى قوبۇل قىلىش، دۇنيانىڭ پاراسەت دولقۇنلىرىنى كۈتۈۋېلىپ مەنىۋى مەشغۇلات سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ۋە مەنىۋى تازىلىق ئېلىپ بېرىش ئارقىسىدا ۋاھىغا يېتىدۇ. بېكىنمىلىك، قاتماللىق، تەتۈر ئىزمىلارغا باش ئۇرۇش، خۇراپاتلىقنى ياقىلاش، نادانلىققا يان بېسىش، بىر مەھەللىك ۋەزىيەتنى قوغلىشىپ بۇرنى ئۇچىدىكى مەنپەئەتدارلىقنى ھاياتنى خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشنىڭ بىردىنبىر تۇرغۇسى قىلىۋېلىش ياكى «خاتىرجەملىك» دەپ ئاتالغان شەخسىيەتنى قوغلىشىش ئۈچۈن پىنھان بۇلۇڭلارغا مۆكۈنۈۋېلىشلار ئارقىسىدا جامائەتنىڭ مەنىۋىيىتىگە چاڭ — توزانلار قوندۇرۇپ قويىدۇ. تېخىمۇ يامىنى كېلەچەك ئۈچۈن ھامان ئېچىلىدىغان پىكىر ھۆرلۈكىنى قورساق كويىدىكى ماددىي ئىستەكلەر بىلەن چېكىندۇرۇپ، ئۆز جامائەتىنى مەنىۋى پاكلىققا شوخشۇپ تۇرىدىغان قىزغىن پىكىرلەردىن باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھامىي ئۆملەپ ماڭىدىغان كۆنگە قويىدۇ. بۇ خۇددى خەلقىنىڭ بىر زىيالىيسى ئەگەر ناھايىتى مول بىلىم ئالغان تۇرۇقلۇق يەنە شەخسىي چوت تۇپەيلى خەلق بېشىدىكى ئازابنى ئازايتىپ خۇشاللىقنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا رېئاللىققا دەللەنگەن ئاقىل ھەم ئۆتكۈر پىكىرلەردە بولمىسا، ئەھمە-

يەتسىز شەكىل ، ئادەت ۋە خاتا ئىدىيىلەرنىڭ كەينىدىن ماڭىدى-
غان جان ساقلىغۇچىغا ، نەپسى تەقەززاسىدا قەبىھلىكتىن قول
تارتمايدىغان خەلق دۈشمىنىگە ئايلىنىپ كەتكەنگە ئوخشاش ئىش
بولۇپ ، بۇنى پىكىر قۇللۇقى دەپ ئاتاش مۇمكىن . بۇ هال
هەربىر ئادەمنى هەرقانچە ئەقىللىق بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ
ئالدى بىلەن ياشاش سەنئىتىنىڭ تەلەپلىرى ئارقىلىق مەنىۋى
تازىلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇپ ، كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق -
چۈششەك ئىشلار بىلەنلا پايپېتەك بولۇپ ، مەنىۋى ياقتىكى ئىق-
تىدارنى ئاجىزلاشتۇرۇپ قويىدىغان سەۋەنلىكنى تۈزىتىپ ، مە-
دەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى جەۋھىرى پىكىرلەرنى زامان روهىدا
يېڭىلاش بىلەن بىر چاغدا ئۇنىڭدىكى ۋىرۇسقا ئوخشاش ئەۋلادلا-
رغا يۇقۇملۇق كېسەل قالدۇرىدىغان خۇنۇك ياللانما روهىي ها-
لەتكە جەڭ ئېلان قىلىپ ، تۇرمۇشتا ئىجادچانلىقتىن ئىبارەت
مەنىۋى مەشغۇلاتقا دادىل قەدەم تاشلاشقا دەۋەت قىلىدۇ . بىكوُن-
نىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا : بىز كۆن بويى بىلىم ئالىمىز دەپ
يۈرسەكمۇ ، پەلسەپىنىڭ سەنئەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدىغان بۇ
پىكرىدىن ئايرىلىپ قالماسلىقىمىز كېرەك . چۈنكى ، «ئۆگە-
نىش كىشىلەرگە بىلىمنى تەتبىقلاشنى ئۆگىتىپ قويالمايدۇ .
ئۇ ، ئۆگىنىش سىرتىدىكى ئەمما ئۆگىنىشتىن هالقىپ كەتكەن
بىر خىل پاراسەت . ئۇنىڭغا پەقەت شەخسەن ئۆزىنىڭ كۆزىتىپ
كەچۈرمىش قىلىشى ئارقىسىدا ئېرىشكىلى بولىدۇ .» بىكوُننىڭ
بۇ سۆزى ئەمەلىي تۇرمۇشقا ، شۇنداقلا بىز تەكىتلەۋاتقان پارا-
سەتنىڭ ئۆزىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ . چۈنكى ،
بارلىق تەجرىبىلەر بىردەك بۇ هەقىقەتنى ئىپادىلىدى ۋە بۇ
هەقىقەتنىڭ قايىل قىلىش كۈچىنى كۈچەيتىپ باردى . يەنى
كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ هال كۈنىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتە كىتاب
ئوقۇشتىنمۇ بەكرەك خىزمەتلىرىگە تاياندى ، ۋەزخانلاردىنمۇ
كۆپرەك هەرىكەتكە تاياندى . توغرىسىنى ئېيتقاندا ، ئەدەبىيات

www.uyghurkitap.com

ئەمەس تۇرمۇش ، تەشۋىقات ئەمەس ھەرىكەت ، تەرجىمىھال ئە-
مەس قورقۇمسىز خاراكتېر بىز ئىنسانلارنىڭ ھالىتىنى مەڭگۈ
توختىماستىن ئۆزگەرتتى ھەم مۇكەممەللەشتۈردى . ئىنسانلار-
نىڭ بىلىم يولىدا ئىلگىرىلىشىنى مەقسەت قىلغان كىشىلىك
ھايات تەتقىقاتىنىڭ يەكۈنى ئەنە شۇدۇر . باشقا كەلگەن ھەرقانداق
ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي كرىزىستىن قۇتۇلۇشنىڭ توغرا يولى ئەنە
شۇدۇر .

دۇنيانىڭ مۇقەددەم مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىنى ئىمان دەرد-
جىسىگە كۆتۈرگەن كالاملاردىن بۈگۈنكى تۇرمۇشىمىزنى كىشد-
لىك ھاياتنىڭ ئاشۇ تۇرغۇسىغا باشلاپ كېتىۋاتقان ھېكمەتلىك
ئەسەرلەر مانا مۇشۇ مەنىۋى ئوزۇق ، مەشغۇلات ۋە تازىلىقنىڭ
خاتىرىسىدۇر . شۇڭا ، ئىنجىلدا «سىلەر دۇنيانىڭ تۇزىدۇرسى-
لەر» ، قۇرئاندا «مىڭ ئايلىق ئوقۇشتىن بىر سائەتلىك تەپەك-
كۇر ئەلا» ، ھەدىستە «ئىبادەتلەرنىڭ كاتتىسى تەپەككۇر» دېگەن-
دە ، ئادەملەر تەڭرى تەرىپىدىن بۇ دۇنياغا مەنە (تۇز تەمى )
كىرگۈزىدىغان سۈپەتكە ئىگە تەپەككۇرچى ھېسابلىنىپ ، ھايات-
نىڭ بەختىنى قولغا كەلتۈرۈشكە مەنە (تۇز تەمى ) بېرەلمەيدى-
غان گال ئاۋارىسى بولۇپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىش ، ئەھمىيەت-
سىز شەكىل ۋە ئادەتلەر بىلەن تولغان خۇراپىيلىقنى چۆرۈپ
تاشلاش ، بۈيۈك ئەنئەنىلەرگە دەۋر روھىنى كىرگۈزۈش ، سەن-
ئەتلىك ياشاشتىن ئىبارەت پاراسەت تۇزىنى ئىشلىتىپ ئۆتمۈش
ۋە كېلەچەك ئۈستىدە ئەقلىي خىيال سۈرۈش ، نەخ ھال كۈنىنى
ياخشىلاشنىڭ كويىدا مەنىۋى پىكىر قىلالمايۋاتقان كىشىلەرنى
پارلاق كېلەچەككە ئۆتىدىغان پەن - تېخنىكا كۆۋرۈكىگە باش-
لاش . . . قىسقىسى ، كالام ، كىتابلارنىڭ قارىيلىرىدىن ئە-
مەس ، ئۇنىڭ ئىجراچىلىرىدىن بولۇش دەۋەت قىلىنغان . ئىن-
جىلدا «مەن ھەقىقىي ئۈزۈم دەرىخى ، ئاتام بولسا مېنى تىككۈ-
چى ، مېنىڭ مېۋىلىمەيدىغان شاخلىرىمنى ئۇ كېسىپ تاشلىدى .

مېۋىلەيدىغان شاخلىرىمنى ياساپ قويدى ، ئەمدى مەن تېخىمۇ
مېۋىلەيمەن .» دېگەندە ، مېۋىلەيدىغان شاخلار ئادەمنىڭ مەنىۋى
ئىش ئەمەللىرى ، مېۋىلىمەيدىغان شاخلار ھايۋانلىقتا تارتىشىپ
تۇرىدىغان قەبىھلىكلىرى ھېسابلىنىپ ، مېۋىلەيدىغان ئۆزۈم شې-
خىغا ئوخشاش ئەقىل - پاراستى بىلەن باشقىلارغا پايدىلىق
ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش يولىدىكى تەپەككۇرانە ھاياتنى سۆ-
يۈش ، مېۋىلىمەيدىغان هارام شاخلارغا ئوخشاش راھەت - پارا-
غەتكىلا بېرىلىپ كەتكەن ھەمدە باشقىلارغا بەھر بەرمەيدىغان
ھايۋانىي ھاماقەتلىكنى چەكلەش بېشارەت قىلىنغان . ئىنساننىڭ
تۆرىلىشىدىن تارتىپلا ئېنىق يورۇتۇلۇپ ماڭغان بۇ ھايات قائىدى-
سى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈلۈك خۇشال-
لىق ۋە بەختنىڭ تۇراقلانغان يۈلتۈزى بولدىكى ، ناۋادا بىراۋلار
ئۆزلىرىنى پارلاق قۇياشقا ، نۇرلۇق ئايغا ئوخشىتىپ ئۇلۇغلىۋال-
غان تەقدىردىمۇ ، ئەگەر ئۇ كىشىلەرگە ماددىي ، مەنىۋى جەھەت-
تىن بەھر بېرىدىغان ئاشۇنداق خاسىيەتلىك تەپەككۇر ۋە ھەرد-
كەتتە بولمايدىكەن ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەخ-
لەتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى . ياشاش ئۇسۇلىنى ئىنسان سۆيگۈسىد-
دىكى سەنئەتلىك مەنىۋى پائالىيەت تەرەپتىن تاللىغان كىشىلەر-
چۇ ؟ «ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانلىق خۇسۇسىيەتلىرى قوغلىشى-
دىغان خىيالىي بەختىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، مەلۇم چاغ مەلۇم جايدا
ئېرىشىدىغان بەختتىن مەڭگۈلۈك ھەم ھەر چاغ ھەر جايدا ئېرد-
شىدىغان بەختكە ئىنتىلدى . بۇ ھەقىقىي ، باشقىلار تارتىپ كې-
تەلمەيدىغان ، ئۇلار تەكرار ئېرىشىدىغان بەختتۇر .»[1] «ھايۋان-
لىق خۇسۇسىيىتىدىكى ئادەم ئازابقا دۇچار بولدى . بۇنداق ئازاب

①② ل . ن . تولستوي : «كىشىلىك ھايات توغرىسىدا» (ئىنسانىيەت ھەققىتى ئۇستىدە ئىزدىنىش ) ، سىچۇەن خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل 5 - ئاي خەنزۇچە 1 - نەشرى ، 150 - ، 151 - بەتلەر .

www.uyghurkitap.com

شۇنداقلا بۇنداق ئازابنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئامال ـ چارە
ئىزدەش سۆيگۈ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئوبيېكتى بولدى .
هايۋانلىق خۇسۇسىيىدىكى ئادەملەر بەخت قوغلىشىۋاتقاندەك
قىلىسمۇ ، ئەمەلىيەتتە ، ھەر سائەت ھەر مىنۇت ئەڭ زور بەخت ـ
ـسىزلىكنى ـــ ئۆلۈمنى قوغلاشتى . ئۇنىڭ ئۆلۈمگە بولغان
ئالدىن كۆرەرلىكى ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتىدىكى بارلىق بەختكە بۇز-
غۇنچىلىق قىلدى . سۆيگۈ ھېسسىياتى بولسا بۇنداق ۋەھىمىنى
چىقىرىپ تاشلاپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇ ئادەمنى باشقىلارنىڭ
بەختى ئۈچۈن ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ جىسمانىي مەۋجۇدىيىتىنى
قۇربان قىلىش تەرەپكە يېتەكلىدى . » راست ئەمەسمۇ ، «دېھقان-
لارنىڭ ئەمگىكى ، ھۈنەرۋەنلەرنىڭ تېخنىكا سەنئىتى ۋە تەر
تۆكۈپ ئىشلىشى ، سودىگەرلەرنىڭ تەۋەككۇلچىلىكى ۋە سودا
ماھىرلىقى بىلەن خۇدا بۇ دۇنيادىكى گۈزەل نەرسىلەرنى بۈيۈك
تەبىئەتنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان قىلدى . . . ھۇرۇن
ئەبلەخلەر گويا يەر تېگىدە ئۇيقۇغا چۆشكەن ئۆلۈك ئادەملەردەك
دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئېھتىياج تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلـ-
ـمىدى ؛ ئۇلارنىڭ ھايات تۇرۇشى پەقەت ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ۋە
كەڭ زېمىنىدا ئۆسكەن مېۋىلەرنى يەپ تۈگىتىش ئۈچۈن ئۆتۈپ
كەتتى ؛ ئۇلار خۇددى پارازىت قۇرت ياكى بۆرىلەر كەبى ھاياتى
ئاخىرلاشقاندا ئۆلگۈنچە غايىب بولۇپ كېتىشتى ، ھايات ۋاقتىدا
ھېچقانداق ئەھمىيەتلىك بىر ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمىدى . »① مېۋى-
لەيدىغان ئىجادىي شاخلار بىلەن مېۋىلىمەيدىغان ھارام شاخلار-
نىڭ پەرقىگە قاراڭ ! بۇ نېمىدېگەن ئېنىق سېلىشتۇرما ! بۇنىڭ-
دىن مەلۇمكى ، ئادەمنىڭ ھايۋانلىق خۇسۇسىيىتى بەختنى ئارزۇ
قىلىدۇ ، سەنئەتلىك ياشاش پاراستى ئادەمگە بۇنداق ھايۋانلىق

① جىللىم .تايلۇرنىڭ بۇ سۆزى : «پۇل ۋە ھايات» دېگەن كىتابنىڭ بېيجىڭ
كۈتۈپخانا نەشرىياتى 1999 ـ يىل خەنزۇچە 1 ـ نەشرى 1 ـ بەتتە نەقىل قىلىنغان .

بەختىنىڭ ساختىلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، يەنە ماڭارغا يول ھازىرلايدۇ. بۇ يولدا ئېلىپ بېرىلىدىغان پائالىيەت سۆيگۈدۇر. ئۆزىنى ئاپىرىدە قىلغان زاتتىن تاكى مەنسۇپ بولغان قوۋم - قېرىنداشقا مېھىر - شەپقەت قىلىشتۇر. شۇڭا، ئىنسانلىق سۆيگۈسىگە مەپتۇن بولغان ئادەملەر ئۆز پاراستىنى كەچۈرمىش بىلەن ئىشقا سالىدىغان، ئىجادىيەت ۋە ياخشى ئەمەللەردىن ئىبارەت كىشىلىك ھاياتقا مەنە ئاتا قىلىدىغان ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا ئۆزىنى بېغىشلىغان. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا ئەقىل - پاراسەت تۈزىنى ئىشلىتىپ تەم كىرگۈزۈشكە، خۇشاللىق ۋە بەختنى يەپ - ئىچىش جەھەتتىكى راھەت - پاراغەتكە باغلاپ قويىدىغان ھاماقەت ئادەملەرنى توغرا يولغا باشلاشقا ئىرادە قىلغان. ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى، ئىنسانلىق سۆيگۈسى ئۈچۈن تەپەككۇر قىلمايدىغان گال ئاۋارىسى ئادەملەر بىزلەرنى نەلەرگىمۇ ئېلىپ كېتەر ئىدى؟ يا پاجىئەلىك تەقدىرىمىزدىن قايغۇرۇپ ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيدىغان يارىماس ئەۋلاد بولاتتۇق، يا ئەما ئەمانى يېتەكلەپ ماڭسا، ھەر ئىككىلىسى ئورەككە چۈشۈپ كېتىدىغان يامان ئاقىۋەتتىن خالىي بولالماس ئىدۇق. دېمەك خۇشاللىق ۋە بەخت تىلەش تەلىپىدىن ئېيتقاندا، ئادەم دېمەك، جىسمانىيىتىدە تۇرۇۋاتقان ھايۋانچە ئىختىيارلىقنى ئىنسانچە ئەقلىيلىككە بويسۇندۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ بارلىق ئىنسان تۈركۈملىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاق ۋە پاك ئەقىدە بىلەن ياشاش قانۇنى، ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى دەۋرلەر تەلىپىدە مۇكەممەلەشتۈرۈپ ماڭىدىغان بۈيۈك غايىسىدۇر. نادانلىق، گادايلىق، ئازاب - كۈلپەت، خار - زارلىق ۋە ئەبگارلاشقان كۆپۈك مەدەنىيەت بۇ قانۇنىيەتنىڭ ئەكسىچە تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ نەتىجىسىدۇر.

يەنى ئادەملەر پەقەت مۇشۇ قانۇنىيەت ۋە غايىدىن[1] چەتنەپ، ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانچە جىسمانىيلىقىنىڭ مەۋجۇدىيەت قانۇنىيىتى-

نى كىشىلىك ھاياتنىڭ قانۇنى قىلىۋالغاندىلا ، ئۆلۈم ۋە ئازاب شەكلىدە ئىپادىلەنگەن قاباھەتنى كۆرىدۇ . ئۆلۈم بىلەن ئازاب ئادەمنىڭ مەنىۋى مۇكەممەللىك غايىسىدىن ئايرىلغانلىقى ۋە ئاشۇ ھاياتلىق قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن كېلىپ چىققان . ئىنسانلىق سۆيگۈسىگە مەپتۇن بولغۇچى — ياخشىلىق ئۈچۈن تەپەككۇرانە پائالىيەت قىلغۇچى كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاشۇ قانۇنى بويىچە ياشىغانلىقى ، مەنىۋى مۇكەممەللىكنى قوغلاشقانلىقى سەۋەبلىك ئازاب چەكمەيدۇ ، ئۆلۈپمۇ كەتمەيدۇ . ئۇلارنىڭ پاكلىقىدا ئىنتىلگەن روھى خۇددى ياشناپ تۇرغان باغۇ ـ بوستاننىڭ خۇشبۇيى ھىدىدەك ئىنسانلارنىڭ ياشلىقىنى ئۇرغۇتىدۇ .

ئۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ئادەم دىلىغا ياخشىلىق ئۈچۈن سىڭىنغان ئۇرۇق ياكى ئىجادىي ئىختىيارلىق ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنىڭ تەلەپلىرىدىكى رېئال تۇرمۇشقا پايدىلىق مەزمۇنلارنى قوشۇش يولىدا ھايۋانىي ھېسسىياتپەرەسلىكنى ئەقلىيلىككە يۆتكەيدۇ ، چىرىگەن نەرسىلەرنى مۆجىزاتقا ، چاكىنىلىقنى ئۇلۇغلۇققا ، ۋەيران بولۇۋاتقان تۇرمۇشنى گۈزەللىككە ، ھەتتا ئىنسان تەبىئىتىدىكى قەبىھلىك تۇپەيلى پارتلىغان ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە خارابىلىككە ئايلانغان دۆلەتلەرنى يېڭىۋاشتىن تارىخ سەھنىسىگە چىقىرىدىغۇ ؟ ئۇ ئۆز ھەرىكىتى داۋامىدا بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى مەنىۋى ھەم ماددىي جەھەتلەردە جەۋلان قىلدۇرۇپ ، ئەرزىمەس بىر تاۋۇزەكتىن گۈزەل ئويما ھاسىل قىلسا ، ئاددىي بىر پارچە رەختتىن ئادەمنى مەھلىيا قىلىدىغان مودا كىيىملەرنى ھاسىل قىلىدۇ ؛ بىر تال كۆتمەك ياغاچتىن خۇددى ھايات قاراپ تۇرغاندەك بەدىئىي ئوبراز ھاسىل قىلسا ، كومپيۇتېرنىڭ بىر يۇمشاق دېتالى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئۆركەش ياساپ ئۆسۈۋاتقان بەرپاچىلىق پاراسىتىنى خاتىرىلەيدۇ . ئات ـ ئېشەكلەر ئۆتەلمەيدىغان تۆشۈك كۆۋرۈكنى ئاپتوموبىللار ئۆتىدىغان داغدام يولغا ئايلاندۇرسا ، تۆمۈر

قۇشلارنى ياساپ بىزنى ھاۋا يوللىرى ئارقىلىق مەنزىلگە ئېلىپ بارىدۇ، كىشىلەر ئېرىشتقۇ خىياللار دەستىدىن گاڭگىراپ قالغاندا، ھەققانىي بىر چۇقان بىلەن ئۇلارنىڭ دىلىغا چىراغ ياقىدۇ، ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىدىكى چىرىگەن ئىللەتلەرنى تۈزىتىپ يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. بۇلار خۇشاللىق ۋە بەخت بولماي نېمە؟

بەخت ۋە خۇشاللىق، ئەلۋەتتە. بىز ئىنسانلار بىزگە ئاتا بولغان ئاشۇ ئىجادىيەت پاراستى – ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق تەپەككۇرىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز بەرپا قىلىش نەتىجىسىدە ئاجايىب نازۇك سايمانلار، ئۆتكۈر تېخنىكىلارنى ئىجاد قىلىپ جاھالەتتىن قۇتۇلدۇق. ساماۋى بوشلۇقتىن ئۇكيان كىندىكلەرىگىچە ئىزدىنىش بىلەن تار ۋە بېكىك زامان، ماكان نەزەرلىرىمىزنى بىپايان ئۇچۇرلارنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولى بىلەن ئۆتۈشمە تورلىرىغا ئاچتۇق، تەڭرىلىك قۇياشىدىن بەھر ئېلىش بىلەن توختاپ قالماي كىشىلەرنىڭ دىللىرىغا چىراغ ياقىدىغان ئىلىم – پەن قۇياشىنى ئۆز ۋۇجۇدىمىزدىن ياراتتۇق. مانا بۇ ئادەمنى بىر تامچە سۇ ھالىتىدىن جەمئىيەتنىڭ ھاياتلىق دەرياسىغا، ئۈزلۈكسىز ئىجتىمائىيەتكە خەيرىخاھلىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتكۈزىدىغان، ھەمدە ئۆزىنىمۇ شۇ قاتاردا خۇشاللىققا چۆمدۈرىدىغان، بەختكە ئېرىشتۈرىدىغان ئۇلۇغ كۈچ. بۇ كۈچ نوپۇزدىن ئۈستۈن، بۇ كۈچنىڭ راۋاجىغا بېرىلگەن ئەركىنلىك ھەقىقەتنىڭ جېنى، ئۇنىڭ غۇلاچ تاشلىشى باي – باياشاتلىقنىڭ تاجىسى، ئادەمدە مۇشۇ روھلا بولىدىكەن، ئۇ ئىرادە ۋە جاسارەت بىلەن مەنىۋى كۈچ – قۇدرىتىنى جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىش يولىغا ماڭىدىكەن، ئۇ ھەزمەن خەلقىگە مۇھەببەتلىك ئادەم، ئۆزىنى ۋە ئىنسانىيەتنى سۆيگۈچى كامىللىققا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان ئادەم، پەس – ئارزۇ ھەۋەسلەردىن ئالىيجانابلىققا ئۆتۈۋاتقان ئادەمدۇر. ئۇ ئادەم «ئۆزىنى ھەرگىز تۆۋەن كۆرمەسلىكى

www.uyghurkitap.com

ياكى روھنىڭ ئۇلۇغ كۈچ – قۇدرىتىنى سەل چاغلىماسلىقى
كېرەك . كىشىدە مۇشۇنداق ئىشەنچ بولسا ، دۇنيادا شۇ كىشى
ئاچالمايدىغان تىلسىمات بولمايدۇ . دۇنيانىڭ يوشۇرۇن ماھىيە-
تى بىلىمگە ئىنتىلگۈچىنىڭ جاسارىتىگە قارشى تۇرغۇدەك كۈچ-
كە ئىگە ئەمەس ، ئۇ سىرلىرىنى باتۇرلۇق بىلەن بىلىم ئېلىشقا
ئىنتىلگەن كىشىگە ئاشكارىلايدۇ ، بايلىقىنى ۋە خەزىنىسىنى شۇ-
نىڭغا بېرىدۇ ۋە ئۇنى شۇ نەرسىلەردىن بەھرىمەن قىلىدۇ .»①

بىزلەرمۇ جاھان بازىرىدا ئۆزىمىزنى تۆۋەن كۆرمەيدىغان
ئاشۇنداق روھتا ئىگە ئادەملەر ھېسابلىنىغان ئىكەنمىز ، بۇرنىمىز-
غا پۇراپ تۇرغان كىرىزىسنى ئۆز كاللىمىز بىلەن ئويلاپ كۆ-
رۈش ، ئۆزىمىزنى ئوراپ تۇرغان تۇرمۇشتا نېمە قىلىش توغرى-
سىدا پەلسەپىۋى ئىجادىي پىكىرلەر تىزمىسىغا ئۆتۈش ، ئەجداد-
لىرىمىزنىڭ زامان رىقابەتلىرىدە جۇشقۇن ، سەزگۈر ۋە چىۋەر-
لىك بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ ماڭىدىغان
جاسارىتىنى ئەسلەش ، سۆز ۋە ھەرىكىتىمىزدە ئۇلۇغ ئىنسانلىق
ھەققىمىزنى گەۋدىلەندۈرۈشنى ئۆزىمىزگە بۇرچ قىلىشىمىز كې-
رەك .

مەدەنىيىتىمىزدە ئاللىقانداق روھىي بېسىملارنىڭ پەيدا بو-
لۇشى ، تەرەققىياتىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئىجادى-
يەت دەۋرىگە مۇناسىپ ھەل قىلالماسلىقنىڭ كۆرۈلۈشى ؛ پىكىر
ھېسسىياتىمىزنى زىددىيەتلىك خىياللار قاپلىۋالغان ۋە تۇرمۇ-
شىمىزدا ئايىغى چىقمايدىغان ئارامسىزلىقلارنىڭ شەكىللىنىشى ؛
ئارىمىزدا سەپ – سەپ زىيالىيلار تۇرۇپ نامراتلىقتا قېلىۋاتقان
خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىغا ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسىتەلمەسلى-
كى بىزنىڭ مانا مۇشۇنداق بۇرچنى ئورۇنداش ئىقتىدارىمىزنىڭ
تۆۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان . بۈگۈنكى كۈندە ، ئەگەر بىر

---

① كېڭكىل : «دەرس باشلاش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز»دىن

خەلقنىڭ ئۆز ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆزلىرىنى دەۋر تەلىپىدە بەرپا قىلىپ ماڭىدىغان مەدەنىيەت ئېقىمى بۇنداق ھالسىزلىنىپ كېتىدىكەن ، ئۇلارنىڭ كۈچلۈك پەن - تېخنىكا ۋە ئىقتىسادنى ئارقا تىرەك قىلغان ئىلغار مەدەنىيەت ھاسىل قىلىپ ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى ساقلىشى ، ئۆستۈرۈشى ۋە باشقىلار ئالدىدا مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان ئۇلۇغ ھەرىكەتلەرنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس . شۇڭا ، پۈتكۈل ئىنسانلار تارىخىدا مۇتلەق ھۆكۈم سۈرىدىغان بۇنداق ھاياتلىق قانۇنى ئالدىدا ، ھەربىر ئادەم ۋە خەلق ئۆزلىرىنىڭ خۇشاللىقىنى ، بەختىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاساسىي ئېقىمنى مىللىي ھاياتنىڭ جاھان سەھنىسىدە مۇناسىپ ئورۇندا جەۋلان قىلىشىغا ئوق بولىدىغان تەپەككۇرانە مەنىۋى پائالىيەت — ئىجادچانلىق بىلەن باغلاش كېرەك . خۇشاللىق ۋە بەختنى كۆزلەشتە زامانىۋى تەلىماتلارنى ئاخىرقى نۇقتىسىدىن بېرىلىپ ئۆگىنىپ ، ئىجتىھات بىلەن ئۆزلەشتۈرۈش كېرەككى ، بۇ جەرياندا سەۋرچانلىق ، جەسۇرلۇق ۋە شىجائەتكە ھەمراھ بولغان ھالدا قىيىنچىلىقلارنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان خاراكتېرىستىك رىغبەتنى قەدەممۇقەدەم ئۆستۈرۈش شەرتتۇر . زامانىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى ئىقتىدارى تۆۋەن ، ئىرادىسى بوش ئادەملەرنىڭ كۆز يېشىغا ئىچ ئاغرىتمايدۇ . ئىرادىلىك ، ئىجادىي قابىلىيىتى ئۈستۈن ئادەملەرنى ھەرقاچان مۇكاپاتلاپ ماڭىدۇ . ئەگەر بىزدە مۇشكۈل داۋانلارنى بۆسۈپ ئۆتىدىغان خاراكتېرىستىك پەزىلەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەت يېتىلمەيدىكەن ، ھەرقانچە قىممەتلىك گۈزەل ئارزۇلارمۇ كۆپۈككە ئايلىنىدۇ ، ئالاھىدە بىلىم ۋە ماھارەتلەرمۇ بىر تىيىنگە ئەرزىمەيدۇ ، ئۇتۇق قازىنىش خىيالى نۆلگە تەڭ بولىدۇ . كىرىزىسلار قارا بۇلۇت بولۇپ بېشىمىزدا ئەگىپ يۈرىدۇ . پەلەكنىڭ تەتۈر ئايلىنىشى دېگەن شۇدۇر .

«ئادەم بىلەن ئادەم ، كۈچلۈكلەر بىلەن ئاجىزلار ، ئەربابلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن پېقىرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ زور پەرق مانا مۇشۇنداق ئىرادە كۈچىدە مۇشكۈللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىدىغان غەيرەتتە بولىدۇ. بىر نىشان تۇرغۇزۇلغانىكەن، كۈرەش قىلىپ ئۆلۈپ كەتمىسىلا غەلىبە قىلىدىغان گەپ. مۇشۇنداق پەزىلەت تۇرغۇزۇلغان ئىكەنسەن، بۇ دۇنيادىكى ئادەم قىلالايدىغان ھەرقانداق ئىشنى سەنمۇ قىلالايدىغان بولىسەن، بۇنداق پەزىلەت تۇرغۇزمايدىكەنسەن، سەندە ھەرقانچە تالانت بولسا بولسۇن، قانداق مۇھىتتا تۇرساڭ تۇر، قانداق ئامەتلىك پۇرسەتلەر سېنى كۈتۈپ تۇرسا تۇرسۇن، ھەرگىزمۇ ئىككى پۇتلۇق ھايۋانلىقىڭدىن تىللاردا داستان قىلىنىدىغان ھەقىقىي ئىنسان بولالمايسەن.»[1] بىزدىكى ئىرادە كۈچى ۋە غەيرەت ئەنە شۇ خۇشاللىق ۋە بەختىمىزنى مەڭگۈلەشتۈرىدىغان ئىجادچانلىقنى نىشان قىلغان. بۇ بىزنىڭ غەلىبە تۇغىمىز. بۇ تۇغ سەييارىمىز بويىچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى مەنىۋىلىكنىڭ ئىجادىيەت دەۋرىگە يېتەكلىمەكتە. ھازىر بىز ئۇ دەۋرنىڭ قوينىغا كىرىپ كېتىۋاتىمىز. ئىجادىيەت بىر پۈتۈن دەۋرنى شەكىللەندۈرۈۋاتقان جاھان ئەركىسى بولغان ئىكەن، ئۇ بىزنى ئەركىن تاللايدۇ. بىز ئۇنى خالىغانچە تاللاپ، خالىغانچە تاشلاپ قويالمايمىز. شۇ سەۋەبتىن بۇ دەۋردە كىمىكى بۇگۈنكى ئۆگىنىش ئىنقىلابىنىڭ ئىجادچانلىقنى ئۆستۈرۈش تەلىپى بويىچە ئىجاد قىلسا دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ، ئىجاد قىلمىسا ئارقىدا قالىدۇ، تېگىشلىك ھاياتلىق شارائىتلىرىدىن بارغانسېرى تېزلىكتە مەھرۇم بولۇپ كېتىدۇ، بىر پۈتۈن خەلقمۇ دەۋرنىڭ مۇشۇ ئورتاق قانۇنىغا بويسۇنۇپ مىللىي ھاياتىنى زامان تەلىپىدە ياشارتىدىغان بەرپاچىلىق يولىغا ماڭىدۇ.

ئىنسانىيەت ئۆز تارىخىدىكى قۇللۇق ۋە فېئوداللىق يۇر-

---

① فاۋىل. بىكستونىڭ بۇ سۆزى «ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قۇتقۇز» دېگەن كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى ئىچ مۇقاۋىسىغا بېرىلگەن.

گۈزگەن هاماقەتلىكلىرىدىن خىجىل بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئور-
تاق كامالىتى ئۈچۈن ھەممە كىشىدىكى يوشۇرۇن تالانتنى ئې-
چىش - ئىجاد قىلىشنى زامانىمىزنىڭ باتۇرلۇقى ھېسابلىغان
ئىكەن، بۇ دەۋردە ئۈتۈۋق قازىنىمەن دېگەن بىر ئادەم، بارلىق
روھىي بېسىملارنى تازىلاپ، پەن - تېخنىكىدا ئالدىنقى قاتاردى-
كى ئىجادىيەت يارىتىشقا؛ باي، كۈچلۈك بولىمەن دېگەن دۆ-
لەت، مىللەتمۇ ئوخشاشلا ئالدىنقى قاتاردىكى ئىجادىيەت يارىتىش-
قا باتۇرلارچە ئاتلىنىشى كېرەك. ھەممە ئىش بۇگۈنگە باغلىق.
ئىجادىيەتتە غەلىبە قىلمىساق بۇ دەۋردە ھايات ياشاش بىزگە
ھارام. چۈنكى، يېڭى بىلىم ئىجاد قىلىشتا يېڭىلىپ قالساق
ھەممە يەر بىز ئۈچۈن تارچىلىقتا ئايلىنىدۇ. بۇ دەۋرىمىزنىڭ
ھەممىمىزگە شەرت قىلغان ئالىيجاناب پىكرىدۇر. «ئۆلۈش تۇ-
غۇلۇشتەك تەبىئىي نەرسە — مۇھىم ئىش ئۈستىدە ئۆلگەن
ئادەم، ئېغىر جەڭدە يارىلانغان، ئەمما ئاۋۋالقى ئاغرىقنى سەز-
مەيدىغان يارىدارلارغا ئوخشايدۇ. چۈنكى ئالىيجاناب پىكىرلەر
بىلەن ياشىغۇچى ئادەم ئۆلۈم ئازابىنى مۇتلەق سەزمەيدۇ.»①
دۇنيانىڭ ھەممە قاسىنقىدىكى ئورتاق ئىنتىلىش مۇشۇ ئالىيجا-
ناب پىكىر — سەنئەتلىك ياشاش ئۈچۈن ئىجادىي ئۆگىنىش —
بەرپاچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت دەۋر جېڭىدە ئىجادىي رېكورتلار
بىلەن شۆھرەت بولىدىغان ئوغۇل - قىزلارنى، ئىجادچانلىقى
بىلەن بۈيۈك بوۋىلىرىنى زامان تەلىپىدە بارلىققا كەلتۈرىدىغان
خەلقلەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتۇر.

ئۆتمۈشنىلا تەسۋىرلەش، كېلەچەك توغرىسىدىكى يۈزەكى
قىياسلارغا بەند بولۇش ياكى كۆز ئالدىدىكى گادىرماشلىقتىن
ئۈمىتسىزلىنىپ تىگىرقاش زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ئىشى ئە-

① ف. بېكوننىڭ بۇ سۆزى «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇي-
غۇرچە نەشرى، 840 -، 841 - بەتلەردىن ئېلىندى.

مەس . بۇنداق ئۇرۇنۇشلارنى خەلققە پاراۋانلىق ئېلىپ كېلىدۇ
دەپ ئويلاش ، ئۆتمۇش بولۇپ كەتكەن ۋە بىز تېخى يېتىپ
بارمىغان كۈنلەر تەسۋىرى بىلەن ھەممەيلەننى ئۇيۇلتاشتەك ئىت-
تىپاقلاشقان خەلققە ئايلاندۇرماقچى بولۇش گۆدەك مىللەتلەرنىڭ
ھېسسىياتى . ئۆز ھەققىنى يۇلۇپ ئېلىش بارلىق شەيئىلەرنىڭ
ياشاش قانۇنىدۇر . خەلق پەقەت ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە
قولى بىلەن تۇتۇپ ئالالايدىغان مەنپەئەتلىرىنى ئاساس قىلىپ
تۇرۇپ ئاشۇ غايىگە بارىدۇ . بۇ ئېقىم نەخ مەنپەئەتلىرىمىزگە
تاقىلىدىغان ئىجادىي پىكىرلەر بويىچە ھاسىل بولىدۇ . شۇڭا ،
كۆز ئالدىمىزدىكى رىقابەتلەردە ھال كۈنىمىزنى ياخشىلاش ئۇ-
چۇن تۇرمۇشىمىزدىكى سۆز ۋە ھەرىكەتنى ئىجادچانلىققا توغرى-
لاش دەۋرنىڭ ھەقىقىي بەختلىك ئادىمى بولۇشتىكى ئەڭ زور
تەقەززالىقتۇر . نام ـ شەرەپ گەرچە ئالدىرىماي كەلسىمۇ ، ئەمما
ئۇ بۇ تەقەززالىقنى قاندۇرغان ئادەمگە ھامان بىر كۈن تەبەسسۇم
قىلىدۇ ، شۇ تەبەسسۇم ئۇچۇن پەقىرنىڭ يېڭىچە ئىجادچانلىق
كۆرىكىدە چارىستانغا چىقىش ئۇچۇن سۇنغان بۇ پىكرىگە تەنقى-
دىي ھەمدەم بولغايسىز .

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

## ئادەم ۋە ئۇنىڭ ياشاش سەنئىتى

# I باب ئادەم ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى

ئادەمنىڭ ھەقىقىي ۋەزىپىسى ياشاش ،
مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ تۇرۇش ئەمەس .
ــــ جىك .لوندون

## 1 . ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ۋە ئۇلارنىڭ بىزگىچە ئۇلىنىشى

ئادەم دېگەن نېمە ؟ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى نېمە بولۇشى كېرەك ؟
مانا بۇ ھەرقانداق دەۋردە ھەربىر ئادەمنىڭ ئالدىغا قويۇلۇق
سوئال . سەن كىم ، نەدىن كەلدىڭ ، نېمە قىلىپ نەگە كېتىد-
سەن ؟ بۇمۇ ھەربىر قوۋمنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا قويىدىغان سوئالى .
بۇنداق سوئاللار ئارقىلىق ئۆزىنى بىلىپ ماڭماسلىق ۋە ئادەم-
نىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ياقىلاپ ئىنسان كامالىتى ئۈچۈن ئىز-
دەنمەسلىك ھەربىر ئادەم ھەم خەلق ئۈچۈن ئۆزىنى يوق قىلىد-
غان پاجىئەلىك يولغا مېڭىپ كېتىشكە سەۋەب بولىدۇ . شۇڭا ،
ئىنسانىيەت بىر پۈتۈن تارىخىدا ئادەمدىن ئىبارەت بۈيۈك سىر-
نىڭ مەزمۇنىنى يېشىش ئۈچۈن ئىزدىنىپ كەلدى . قەدىمكى
ئىزدىنىشلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەرنى بىلمىسەكمۇ ، قەدىمكى مە-
دەنىيەت يۇلتۇزى ھېسابلانغان يۇناندىن دۇنياغا ئەقىل نۇرىنى
تارقاتقان توپ - توپ ئۇلۇغ ھەكىملەرنىڭ پەلسەپە تەتقىقاتى ئاشۇ
ئادەمدىن باشلاندى . سوقرات : «تەپەككۇرسىز ھايات ــــ ياشاش-
قىمۇ ئەرزىمەيدۇ . ئۆزۈڭنى تونۇ !» دېگەندە ، ئۇنىڭ شاگىرتى
پىلاتوننىڭ «بىز سىرتقى دۇنيانى بىلسەكمۇ ، لېكىن ئۆزىمىزنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەستە تونۇيمىز » دېگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ دەلىلىدۇر . مەدەنىيلىك دەۋرگىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق بىر جەرياندا ئادەملەرنىڭ بىلىش قابىلىيىتى ، ئەمەلىي پائالىيەت سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن ، ئۆزلىرىنىڭ تۇغۇلۇشى ، ئۆلۈپ كېتىشى ۋە ھايات ۋاقتىدا ئۆز مېڭىسىدە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ھەر خىل خىياللار بىلەن چۈش كۆرۈش ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈپ كېتەلمىگەن ۋە ئادەمنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە دەل كېلىدىغان جاۋابقا ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى دەسلەپكى بىلىم ساھەسىنى ئاچتى . ئول زامانىنىڭ ئاقىل ئالىملىرى ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە تېگىشلىك جاۋابلارغا ئىگە بولۇپ ، ئادەم ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيە ۋە تەلىماتنى يارىتىپ ، ئەپسانىلەردىن ھالقىغان دەسلەپكى پەلسەپىۋى تەپەككۇرنى مەيدانغا كەلتۈردى . ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگەشكەن ھالدا رەسمىي مەدەنىيلىك دەۋرىگە كىرىپ ئىلگىرىلىگەندىن كېيىن ، ئادەمنىڭ تەبىئىتى ، ئېتىقادى ، بەخت ـ سائادىتى ۋە بىلىش قابىلىيىتى جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك بىلىم ساھەلىرىنى ئېچىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ چۈشىنىش قابىلىيىتىنى كۈچەيتتى ھەمدە رېئال تۇرمۇش جەريانىدىكى ئىجادىي قابىلىيىتى ۋە لايىقلىشىش قابىلىيىتىنى ئۆستۈردى . بۇنداق بىلىش پائالىيىتى بىلىش تەرەققىياتىنىڭ باسقۇچلۇقلۇقى ۋە قانۇنىيەتلىكلىكىنى ئىپادىلەپ ، ھەر دەۋردە ئادەمگە تۈرلۈكچە تەبىرلەرنى بەردى . شۇڭا ، ئادەمنىڭ نېمىلىكىگە بېرىلگەن جاۋابلارنى ئاختۇرۇپ كلاسسىكلارغا قارىغاندا ، ئەقلىيەت قارىشىدىكى ئادەمنى ، تەبىئەت پەلسەپىسى قارىشىدىكى ئادەمنى ، ئىجتىمائىيەت قارىشىدىكى ئادەمنى ، مەدەنىيەت قارىشىدىكى ئادەمنى··· كۆرىمىز ـ دە ، ئاسانلىقچە ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن تەبىرى توغرىلىق مۇكەممەل بىر جاۋابقا ئېرىشەلەيمىز . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ـ

پاراستى مىسلىسىز دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ماكرو دۇنيادا مىليارد يورۇقلۇق يىلى يىراقلىقتىكى پلانېتىلارنى بىلەلەيدىغان، مىكرو دۇنيادا كۇۋەك قاتلاملىرىنى بىلەلەيدىغان دەرىجىگە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانلار ئۆزى ھەققىدىكى بىلىملەردە ئۇنچىۋالا چوڭقۇرلىمىغاچقا، ئادەم ھەققىدىكى بىلىملەر ئىنساندىيەتنىڭ بىلىملەر سىستېمىسىدا ئەڭ ئاجىز بولۇپ، تېخىچە رەتلىنىپ مۇكەممەل دەرسلىكلەرگە ئايلاندۇرۇلماي قالدى. شۇڭا، ئادەملەر باشقا جەھەتلەردىكى بىلىملەر مۇنازىرىسىدە ئېنىق بىرلىككە كېلەلىسىمۇ، ئۆزىگە بولغان تەبىردە بىرلىككە كېلەلمەيدۇ ۋە ئادەم دېگەندە زادى نېمىنى ئاساس قىلىش كېرەك دېگەنگە ھەر خىل جاۋاب بېرىدۇ. خېلى كۆپ كىشىلەر ئارىسىدا ھېلىھەم ئادەمنىڭ نېگىزلىك ساپاسى بولغان ئىقتىدارغا سەل قاراپ بىئولوگىيىلىك تەرەپلەرگە قادىلىۋالىدىغان، ئىلغار مىللەتلەردە ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئارقىدا قالغانلارنى مۇنقەرز قىلىۋاتقان بىلىم، ئىقتىدار ۋە تالانت ئۇستۇنلۇكىگە پىسەنت قىلماي، كۆز ئالدىدىكى ماددىي يېمەكلىكلەرگە ئېتىلىپ تۇرىدىغان؛ ئادەمنىڭ بايلىقىنى ئۇنىڭ تەپەككۇر يادرولۇقىدىكى ئەقلىي ئىقتىدار ئۇستۇنلۇكى بىلەن ئۆلچىمەي، يانچۇقىدىكى ئاقچىسى ياكى ھوقۇق سەھنىسىدىكى ئورنى بىلەنلا ئۆلچەيدىغان ئېغىشلار كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ.

بىراق، بىزنى خۇشال قىلىدىغىنى شۇكى، ھەر بىر خەلقنىڭ ئارىسىدا ھەر دەۋردە مەردانىلىك بىلەن يۈرىكىنى سىلاپ تۇرۇپ، دوپپىسىنى ئالدىغا قويغان ھالدا ھەقىقىي ئىنسانلىق كامالىتى ھەققىدە ئىزدىنىپ، ئۆز خەلقلىرىنىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرىنى سەگەكلىك بىلەن يەكۈنلەپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئورتاق يولىغا، زاماننىڭ ئالدىنقى قاتارىغا يېتەكلەيدىغان مۇتەپەككۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆز تەقدىرى ئۈچۈن چېلىشىدىغان باتۇرلار بولۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا ئۆز ئورنىنىڭ قاز-

www.uyghurkitap.com

داقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئالەمدىكى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق پايدىلىنىشى ئۈچۈن يارىتىلىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ رېئاللىقنى قوبۇل قىلىدىغان، ئۆزىنىڭمۇ ئالەمدە ئىنسانلار قاتارى ئىگىلىك ھوقۇقى بارلىقى ۋە بۇ ھوقۇقنى قانداق يۈرگۈزۈش ھەققىدە چوت سوقىدىغان ئىنسانىي ۋە ئەمەلىيەتچىل ئالىملارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. بىز مانا مۇشۇنداق ئالىملار ئارىسىدىكى جاھانغا نەزەر تاشلاپ ئالەمشۇمۇل مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا پىكىر قاتناشتۇرغان ئەللامەلەرنىڭ ئاشۇنداق قاراشلىرىنىڭ بىرلىكى ۋە ئومۇملاشتۇرۇلغان بايانلىرىغا مۇراجىئەت قىلساق، ئۇ نۇقتىئىنەزەرلەر بىزنى ھازىرقى پەلسەپۋى ئادەم قارىشىغا ئېلىپ بارالايدۇ. چۈنكى بۇ ئاللىقانداق نەرسىلەرگە چوقۇنماستىن، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى نىشان قىلغان ھالدا مىللىي مۇھىتلىرىنى ئەلالاشتۇرىدىغان پەلسەپۋى پىكىر ئۇسۇلىدۇر.

بۇ يەردىكى خاسلىقىمىزدىكى شۇنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، ئادەملەرنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى چۈشەنچىگە كېلىشى ئەلۋەتتە ئالاھىدە مەدەنىيەت كاتېگورىيىسى بولغان سۇنئىي ۋە مۇقەددەم دىنىي تەلىماتلاردىن باشلىنىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، شەرق ئەللامىلىرىنىڭ ئادەم ھەققىدىكى تىنىمسىز ئىزدىنىشى ئۆز دەۋردە مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان دىنىي تەرغىباتلار بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. ئەمما يىراق زامانلارغا مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەردە ئاساسەن پەيغەمبەر (ئەلچى) لەرنىڭ ئىلاھ قاراشلىرىنى يەتكۈزۈش مەسىلىسىلا قەيت قىلىنغان. يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋر تارىخىغا ئائىت سىزما خاتىرە ئۈچۈرلىرى شۇنداقلا ئەپسانە رىۋايەتلەر بەلگىلىك يوسۇندا تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئەمما بۇ يەردە مەن تېما ئېتىبارى بىلەن، ئۇ ھەقتە كۆپ توختىلىپ كەتمەيمەن.

«ئىنسانشۇناسلارنىڭ قانداق بەس ـ مۇنازىرە قىلىشىدىن

قەتئىينەزەر ، بىر نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەم ياكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر جەزمەن هازىرقىدەك ئىجتىمائىيلاشقان ئادەم بولماي ، بەلكى روشەن ئىندىۋىدۇئاللىق (خاسلىق ) قا ئىگە تەبىئىي ئادەملەردۇر . »[1] «ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا ئىپتىدائىي ئادىمى ئاڭ ۋە پائالىيەتنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ۋە تۇرمۇش سەزگۈسىنىڭ تولىمۇ ئاددىي ئىنفورماتسىيىسىدە ياشىدى . بۇ دەۋردە ئۇنىڭدا تەبىئەتتىن ۋە تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدىن هالقىغان تەسەۋۋۇر تېخى شەكىللىنىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى . »[2] مانا بۇ هۆكۈملەر يۇقىرىقى پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر . مەركىزىي ئاسىيالىقلار جۇملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىي هاياتىدا ئەڭ ئاساسلىق رول ئوينىغان ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز مۇقەددەم دەۋرلەردىن كېيىنلا ئۆزىنى تەبىئەتكە باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى . ئۆزلىرى ئالاھىدە دەپ قارىغان كۆك ، قۇياش ۋە هايۋانلارنى ئۇلۇغلىدى ، ئۇلاردىن مەدەت تىلىدى . بۇ دەۋر ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «تەبىئەت ئېتىقادچىلىقى» دەپ ئاتالدى . كېيىن ئۇلار «بۆرە» نى ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلدى . تۇتېم دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا ياخشى ـ يامان روهلارنىڭ كۈرىشى ئاساسىدىكى ئىدېئالدىن راۋاجلىنىپ ، بىر مۇستەقىل ئىدېئولوگىيە بولغان شامان (قامان ) دىنىغا كىرىپ كەلدى . بۇ دىنىنىڭ تەلىماتلىرىدا يەر يۈزىنى ئىنسانلار ماكانى دەپ قەيت قىلدى . مانىخەي دىنى (ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ياشىغان مانىي مىلادى 216 ـ 277 ئىجاد قىلغان ) نىڭ تەسىرى توققۇز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېزلىكتە كۈچەيدى . بۇ دىن ئالەمنىڭ مەنبەسى يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇ-

---

① قاسىم سىدىق : «ماشىنىنىڭ ئادەملىشىشى ۋە ئادەمنىڭ ماشىنىلىشىشى» دىن ئېلىندى . «ئىلى دەرياسى» 1997 ـ يىل 5 ـ سان ، 56 ـ بەتكە قاراڭ .

② ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» 15 ـ بەتكە قاراڭ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لۇق دەپ تونۇدى. يورۇقلۇقنىڭ هامان قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدىغانلىقىنى تەشەببۇس قىلدى. يورۇقلۇققا، تاڭغا تەلپۈنۈش بىلەن بىرگە زۇلمەتكە — قاراڭغۇلۇققا جەڭ ئېلان قىلىش شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ هاياتقا بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچەيتىپلا قالماستىن، ئۆزىنى بىلىشىدىمۇ بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى. مانا مۇشۇ دەۋردىن تارتىپ نۇر بىلەن زۇلمەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش كەسكىنلىشىپ كەتتى. بۇ دىن هەققانىيەت ۋە ئىلغارلىق بىلەن تولۇپ تاشقاچقا، ئۇزاققا سوزۇلغان «تەبىئىي ئادەم» لەرنىڭ تارىخى ئاخىرلاشتى. تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن باغلانغان ئىجتىمائىي ئىپتىدائىي ئادەملەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئىجتىمائىي ئادەم بەرپاچىلىق يولىغا ماڭدى. ئىجادىيەتچى ئادەمنى «تەبىئەتنىڭ ئەڭ گۈزەل بوستانى» «يەردىن نۇر چاچقۇچى چىراغ» دەيدىغان ئىدىيەمۇ زېمىنىمىزدا يىلتىز تارتتى. ئادەملىرىمىز ئىختىرا، ئىجادىيەت ۋە كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەمنىڭ ئەقلىگە بولغان مەدھىيە ئۇلغىيىپ، كۈسەن، تۇرپان، خوتەن دىيارلىرىدا بۇددىزم راسا گۈللەندى، بۇددىزم ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئازاب ئېڭىنى ئويغاتتى. بۇ دەۋرلەردە سەنئەت ئاجايىپ گۈللەندى. هازىرقى «مىڭئۆيلەر» دە ساقلىنىۋاتقان تەسۋىرىي هەم سىزما سەنئەت ئەسەرلىرى بىزنى بۇ هەقىقەتكە يېتەرلىك هۆججەت بىلەن تەمىنلەيدۇ. خەلقىمىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان چاغدا ئەنە شۇ دىنلار تەسىرىدىكى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بويىچە يورۇقلۇقنىڭ قاراڭغۇلۇق، ئادالەتنىڭ زوراۋانلىق، بىلىمنىڭ نادانلىق، كېلەچەكنىڭ رېئاللىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىغا ئىشىنىدىغان جەڭگىۋار هالەتتە ئىسلام مەدەنىيەت جەڭچىسى سۈپىتىدە ئىلگىرىلىدى. ئەمما، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋاپاتىدىن كېيىن پەيدا بولۇشقا باشلىغان تەسەۋۋۇپ نامىدىكى سوپىزىم ئىدىيىلىرى باشقا جايلاردا قانداق نەتىجە

بەرگەنلىكىدىن قەتئىي نەزەر ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت «ئاشـ
قازان» دا ھەزىم بولۇپ ، بىزگە ئۆزگىچە رەۋىشتە تارقالدى .
چۈنكى سوپىزىم بىزگە قاراپ ئاققاندا ئىنسانلارنى مەڭگۈ خورلاپ كەلـ
گەن ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىگە ، ھەتتا ئەرەب خەلىپىلىرىنىڭ
ھىممىتىگە ئۇيغۇن بولغاچقا ئۇ بىر خىل خۇشامەت ئىبادىتى سۈپىتىدە
لىنقغا ، تەركىدۇنيالىققا (دۇنيادىن ۋاز كېچىشكە ) دالالەت قىلـ
غۇچى ھەم باشلىغۇچى چىرىتكۈچى تەرىقەت ئېقىمى بولۇپ قالغاـ
نىدى . بىزدىكى ئەھلى تەسەۋۋۇپچىلار : ئىنسان پۈتۈن ئىخلاس ،
ھېسسىياتى بىلەن ھەقىقەتكە يۈزلىنىپ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېـ
تىشكە قادىر ، ئىنسان ھەق بىلەن ئاجرالماس بىر گەۋدىگە
ئايلىنىپ كەتكەندىلا جەننەتكە كىرەلەيدۇ ، دەپ قارايدۇ . ئۇلار
ئەمەلدە بىدئەتلىك قىلىپ ئىنساننى تەڭرىدىن تالاشتى . توغرا
ئېتىقادنى بۇراشقا ئۇرۇندى . ئىنساننى تەبىئەتتىن بولۇپمۇ ياـ
شاش سەنئىتى جەھەتتىكى بۈيۈك ۋەزىپىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇـ
ۋەتتى . نەتىجىدە ، ئىجادىي قۇدرەت ، ئەقىل «ئىككى دۇنيادا
ئىككى قولۇڭدىن سېنى يېتەكلەپ ۋە قولتۇقلاپ يۈرىدۇ . »[①]
ئەقىلنى سۇندۇرغان ئازاب چېكىدۇ ، ئۆزىنى سۇندۇرىدۇ دېگەن
ئەقىدە بىلەن ئىلگىرىلەۋاتقان خەلقىمىز سوپىزمدىن ئىبارەت
ئاشۇ جاھالەت كاساپىتىدىن كەينىگە يېنىپ ، تەسۋىرلىگۈسىز
قاراڭغۇلۇق ـ نادانلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالدى...

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىزچىل ئىنسان ئەتراپىدىكى ئىنسانلار
بىلەن باراۋەر رەۋىشتە ياشىشى ئۈچۈن چوقۇم مەرىپەتلىنىش ،
تەرەققىيات ۋە ئىلىم ـ پەن روھىنى قۇۋۋەت مەنبەسى قىلىش
كېرەك دەپ قاراپ كەلگەنىدى . شۇڭىمۇ ئۇلار ئۆز زامانىسىنىڭ
يۈكسەك مەدەنىيەت بەرپاچىلىرى بولۇشتەك كاتتا شان ـ شەرەپـ
كە لايىق رەۋىشتە ياشىغانىدى . ئۇلارنىڭ مەدەنىي ھاياتىدىن
قاتتىق تەسىرلەنگەن ئاۋستىرىيىلىك ئالىم ۋالتېرخالـ
لىچېر (ВАЛЬТЕРХОЛЛИЧЕР) «ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا

① «شاھنامە» ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، كىرىش سۆز ، 5 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

تەبىئەتچىلىك »[1] دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ : «... ئەلۋەتتە ، مۇشۇ مەزگىلدىكى تەرەققىيات مۇندىن بۇرۇنقى دۇنيا مەدەنىيە- تىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىگە تايىنىش ئاساسىدا قولغا كەل- دى . شەرق مىللەتلىرى — ئەرەبلەر ، پارسلار يەنە ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار ، جەنۇبىي ۋە شەرقىي ئاسىيا مىللەتلىرى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىغا مۇناسىپ تۆھپە قوشتى . شۇڭلاشقا ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ تەبىئەت قارىشى ھەرگىزمۇ «غەرب» دۇنياسىنىڭ خاس ئىجادىيەت سەمەرىسى ئەمەس !... » VII ، VIII ئەسىرلەردە ئەرەبلەر قەدىمكى رىم ـ يۇنان دەۋرىگە ئائىت تەبى- ئىي پەن ئەسەرلىرىنى كۆپلەپ تەرجىمە قىلدى . بۇ جەرياندا ئوتتۇرا ئاسىيالىقلارنىڭ ئوينىغان رولى ئالاھىدە چوڭ بولدى ، ئىبن سىنا (980 — 1037) نىڭ «ئەلقانۇن» دېگەن تېببىي ئەسىرى غەرب ـ شەرقنىڭ ھەكىملىرىگە ئىزچىل تەسىر كۆر- سىتىپ كەلدى . ئۇ تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك تېبابەت ئالىمى ئىد- دى .

قەدىمكى زامان پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ شانلىق نامايەندىسى سۈپىتىدە شۆھرەت قازانغان يۇنان ـ روما مەدەنىيىتى ۋە شۇ ئاساستا باش كۆتۈرگەن ياۋروپا مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئەسىر جاھا- لىتىنىڭ دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتقاندا ، ئۆزىدىكى پەۋقۇل- ئاددە سېھرىي كۈچ بىلەن يېڭى ئېقىم تەرىقىسىدە مەيدانغا چىد- قىپ ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنى- يىتىنىڭ بۈيۈك ۋەكىللىرىدىن فارابىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈ- رەيلى ، ئەگەر بىز ئۇنىڭ پىكرىنى بىزنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىنسان قارىشىمىزنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ دەپ قارىساق ، بۇ شۇ چاغدىكى بۈيۈك ئۇيغۇرىزمىنىڭ ئالەمشۇمۇل پىكىر ئۇ ستىلىرد-

---

② ۋالتېر خاللىچېر : «ئىلىم ـ پەن دۇنياسىدا تەبىئەتچىلىك» ، شائخەي خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل 12 ـ ئاي ، خەنزۇچە نەشرى .

دىن ئىدى. ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن سومېر - تۈرك، گرېك - روما، ئەرەب - پارس ئالىملىرىنىڭ ئالەم بىلەن ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتلىرىنىڭ توغرا تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، خاتا تەرەپلىرىنى تۈزىتىپ، قەدىمكى زامانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، دۇنيانىڭ بىرىنچى ئۇستازى ئاتالغان گرېك دانىشمىنى ئارىستوتېلدىن كېيىن دۇنيادا ئىككىنچى ئۇستاز① نامى بىلەن نام كۆتۈرۈپ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدە كەڭرى ئويلاندى. ئۇ تەبىئەت بىلەن تەڭرىنىڭ، ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ، ئالەم بىلەن ئادەمنىڭ، شەيئىلەر بىلەن بىلىش جەريانلىرىنىڭ، قانۇنىيەتلەر بىلەن بىلىش ھەقىقەتلىرىنىڭ، تەبىئەت رىتىمى بىلەن جەمئىيەت رىتىمىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەپ، ئادەمنى مۇشۇ بىرلىكلەر تەرەققىياتىدىكى يۇقىرى باسقۇچ ھېسابلىدى. يەنى مەۋجۇدىيەتلەر تەرتىپىدىن قارىغاندا، مىنېراللارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ھايۋانلارنىڭ تۆۋەن باسقۇچى بىلەن، ھايۋانلارنىڭ يۇقىرى باسقۇچى ئادەم بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئادەم ھايۋاندىن كېيىن پەيدا بولغان ۋە نۇتۇق، تەپەككۇر ئىقتىدارى تۈپەيلى ئۇنىڭدىن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن مۆجىزىدۇر. ئادەمنىڭ ھەممە شەيئىلەردىن ئۈستۈن تۇرۇشى ئادەم خۇددى ئىگىسى تەرىپىدىن كائىناتتىكى بارلىق سىرلارنى مۇجەسسەم قىلغان ھالدا يارىتىلغان «كىچىكلىتىلگەن كائىنات» بولۇپ، ئۇ مۇشۇ مۇرەككەپ كائىناتلىقى بىلەن ئالدىن بىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە، ئالەمۇ ئۆزىنىڭ قانۇنىيەتلىكى بىلەن بۇ ئارزۇلۇق بالىسىغا ئۆزىنى بىلدۈرۈش ئىقتىدارىغا ئىگە، دەپ قارىدى.

---

① جيەنجىلىڭ جۇنيەن (ياپون): «فارابىنى ئىككىنچى ئۇستاز دەپ ئاتاش ئۇنىڭ ئەرەستۇ (ئارىستوتېل) دىن كېيىنكى دۇنياۋى ئۇستازلىقىغا قارىتىلغان بولۇپ، بۇ ھەرگىز ئىسلامىيەت پەلسەپە تارىخىدىكى ئەل كىندىدىن كېيىن تۇرىدىغان ئىككىنچى ئۇستاز دېگەن گەپ ئەمەس».

www.uyghurkitap.com

فارابىنىڭ قارىشىچە ، دۇنيانى بىلىشتە ئىككى شەرت مەۋجۇت ئىدى : بۇنىڭ بىرى ، ئوبيېكتىپ شەرت بولۇپ ، بۇ پۈتۈن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىك مەۋجۇتلۇقى ، يەنى ھەرخىل تەبىئىي تەرتىپتىكى ئالەم ئەقلىدىن ئىبارەت ئىدى ؛ يەنە بىرى ، سۇبيېكتىپ شەرت بولۇپ ، ئۇ ئادەمنىڭ ئالەمنى ئەقلىي جەھەتتىن بىلىش ئىقتىدارىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ دۇنيانىڭ تەرەققىياتى مانا مۇشۇ بىلىش ۋە بىلدۈرۈش تۈپەيلى يۈز بېرەتتى .

بۇنداق بىلىش ۋە بىلدۈرۈش مۇمكىنلىكىنىڭ سەۋەبى ھەققىدە توختالغاندا ، فارابى ئۇنى پۈتۈنلەي ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قويۇپ تۇرۇپ كۆزىتىپ مۇنداق دېدى : «جىسىملار ئوزۇقلىنىدىغان ۋە ئوزۇقلانمايدىغان بولىدۇ . ئوزۇقلىنىدىغان جىسىملار سەزگۈچان ۋە سەزگۈسىز بولىدۇ . ئوزۇقلىنىدىغان ۋە سېزىدىغان جىسىم ھايۋان . ھايۋانلار ئەقىلگە ئىگە ۋە ئەقىلگە ئىگە بولمىغان بولىدۇ . ئادەم ئەقىلگە ئىگە ھايۋاندۇر .»[1] ئۇنىڭ قارىشىچە ، ھايۋانغا سېلىشتۇرما قىلىنغان بۇ خىل ئۈستۈنلۈك ھەممە قوۋم كىشىلىرىدە ئورتاق بولۇپ ، قايسى جىنس ياكى مىللەت بولسۇن تۇغۇلۇشتىن باراۋەر ئىدى . يېڭى تۇغۇلغاندا ئادەمدە ھېچقانداق ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي پەزىلەت بولمايتتى . بۇلار ئومۇمەن بەخش قىلىنغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلەرنىڭ شاراپىتى بىلەن سەزگۈلەر ئاساسىدا ئەقلىي بىلىشكە مۇيەسسەر بولاتتى . «تاشقى تەسىرنى بەش ئەزا قوبۇل قىلىدۇ ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق ۋاستىچى بولمايدۇ . كۆرۈش رەڭنى قوبۇل قىلىپ ئاق - قارىنى پەرقلەندۈرىدۇ ، ئاڭلاش ئاۋازنى قوبۇل قىلىپ تاۋۇشنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى پەرقلەندۈرىدۇ . ھىدلەش

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» (ئومۇمىي بايان) شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1997 - يىل 8 - ئاي ، ئۇيغۇرچە 1 - نەشرى ، 140 - بەت .

پۇراقنى قوبۇل قىلىپ خۇشبۇي ياكى بەدبۇيلۇقنى پەرقلەندۈردۇ . تەم سەزگۈسى تەمنى قوبۇل قىلىپ تاتلىق ۋە ئاچچىقنى پەرقلەندۈردۇ . تېرە سەزگۈسى سېزىلىدىغان ئوبيېكتتىن تەسىر ئېلىپ قاتتىق ـ يۇمشاقلىقنى پەرقلەندۈردۇ .»①

فارابىنىڭ قارىشىچە ، ئادەمنىڭ بىلىشى مانا مۇشۇنداق تەسىر ئاساسىدا ئېچكىرىلەپ ، ھېسسىي بىلىشتىن ئەقلىي بىلىشكە قاراپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ، سەنئەت ۋە ئىلىم ـ پەننى يارىتىپ ، دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى ئۆلمەس روھىي كۈچ ۋە ھەرىكەت مەنبەسىگە ئىگە قىلاتتى : «بىرىنچى بولۇپ ئىنسان بىلەن تەڭلا پەيدا بولغان ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن بۇ ئىقتىدارلار ئوزۇقلىنىش ۋاستىسى بىلەن يۈز بېرىدۇ . بۇ ئوزۇقلىنىش ئىقتىدارى ھېسابلىنىدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن سەزگۈ ئارقىلىق ، مەسىلەن ، ئىسسىق ۋە سوغۇقنى سېزىشتەك ئىقتىدارلار پەيدا بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەم ، پۇراق ، ئاۋاز ، رەڭ ، شۇنىڭدەك نۇرغا ئوخشىغان كۆرگىلى بولىدىغان بارلىق نەرسىلەر سېزىلىدۇ . سەزگۈنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بىرلا ۋاقىتتا سەزگۈ ئەزالىرىنى ياقتۇرىدىغان ياكى رەت قىلىدىغان تۇيغۇ ـ ھېس قاپلايدۇ . ئۇنىڭدىن كېيىن ، ئۇنىڭدا باشقا ئىقتىدار پەيدا بولىدۇ . ئۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۆز قەلبىدە سەزگۈ ئىزنالىرى ساقلىنىدۇ . شۇنىڭ بىلەن زاھىر بولۇپ تۇرغان سەزگۈلەر ئۆز ئورنىدا غايىب بولىدۇ . مانا بۇ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىدۇر . سەزگۈلەرنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن كېيىن ئۇلار ئايرىم بۆلەك ۋە قىسىملارغا ئايرىلىدۇ ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ساختا ، بەزىلىرى ھەقىقىي بولۇپ چىقىدۇ . تەسەۋۋۇرلارغا باغلانغان ھالدا ئارزۇلار پەيدا بولىدۇ . ئەڭ ئاخىر ئۇنىڭدا تەپەككۇر ئىقتىدارى پەيدا بولىدۇ . ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەقلىنىڭ

② يۇقىرىقى بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەقىل بىلەن چۈشىنىدىغان ئوبيېكتلىرى چۈشەندۈرۈلۈپ ، گۈ-
زەللىك بىلەن خۇنۈكلۈك پەرقلەندۈرۈلۈپ ، سەنئەت بىلەن ئى-
لىم قولغا كەلتۈرۈلىدۇ »[①] . دېمەك ، بىزنىڭ بۇ بۇۋىمىز تازا
تېپىك ئەقىلچى پەيلاسوپ بولۇپ ، ئادەمگە پۈتۈنلەي ئەقىل بىلەن
بىلىم دەرىجىسىدىن ، تەبىئەت بىلەن ئادەمنىڭ بىرلىكىدىن تە-
بىر بەردى . پەلسەپىنى مانا مۇشۇ ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدەنگۈچى
پەن دەپ قاراپ ، ئادەم پەقەت دىلىنى پەلسەپىگە بەرگەندىلا روھ-
نى پاكلاشتۇرالايدۇ . چۈنكى ، دىن ئىنتايىن مۇھىم بولغاندىمۇ
روھىي ئەنئەنىلەر ئوخشاش بىر ھەقىقەتنى ئوبراز ياكى سىمۋول
خاراكتېرىدىكى فورما بىلەن ئېچىپ بەرسە ، پەلسەپە ھەقىقەتنى
بىۋاستە ئىگىلەيدۇ ھەمدە ھەقىقەتنى ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ
تۇرغان ھالىتى بويىچە كونكرېت ئېچىپ بېرىدۇ . شۇڭا ، پەلسەپە
بويىچە ھەقىقەتنى ئىگىلەپ ، روھنىڭ ساپ ھالىتىگە يېتىپ
بېرىش ئىنسانىيەتنىڭ غايىسى بولۇشى كېرەك ، دېگەن مەۋقەدە
تۇردى .

ئۇنىڭ روھنىڭ ساپ ھالىتىگە يېتىپ بېرىش دېگىنى ئادەم
ئۆزىنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىم ـ كېچەكتەك كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان
نەرسىلەر (ماددا) نى كۆرۈش ۋە بىلىش بىلەن چەكلەنمەي ،
ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سېھرىي ھېكمەت (ئەقىل) نى
بىلىش ۋە ئۇنى ئىشقا سالىدىغان مەنىۋى ئىلھاملارغا ئىگە بولۇش
كېرەك ، دېگەن مەنىدە ئېيتىلغانىدى . ئۇ ئېيتىۋاتقان مەنىۋى
ئىلھام «قۇرئان» بولۇپ ، ئۇ ئاللا تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنىڭ
ئەتىۋارلاپ ساقلىشى ۋە ئەرەب تىلىدا يادلىشى ئۈچۈنلا ئەمەس ،
بەلكى ، تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ بۇنىڭدىكى ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇ-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىن-
جاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1986 ـ يىل 8 ـ ئاي ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 144 ـ ، 145-
بەتلەر .

روۋشى ئۇچۇن زېمىنگە چۈشكەنىدى . ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىنساندىكى روھىدا ئەزەلدىنلا ئەقىل مەۋجۇت بولۇپ ، ئۇ ئەقىل مۇمكىنلىكتە تۇراتتى ، مۇمكىنلىكتىكى ئەقىلنى ئەمەلدىكى (رېئاللىقتا ئىشلەيدىغان ) ئەقىلگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن پائال ئەقىل (تەپەككۇر ) رول ئوينىشى كېرەك ئىدى . پائال ئەقىل (تەپەككۇر ) ئىنسان ۋۇجۇدى بىلەن قوشۇلغاننى باغلاۋاتقان ھالقا بولۇپ ، «تەپەككۇر يۇرگۇزمەيدىغانلارنى ئاللا ئازابىدا دۇچار قىلار » ئىدى . بۇ خۇددى بىزنىڭ كۆزىمىزنىڭ كۆرۈش قابىلىيىتى بولسىمۇ ، ئەگەر نۇرنىڭ يورۇتۇشى بولمىسا ، كۆرۈش قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالمىغىنىمىزغا ئوخشاش ، بىلىش قابىلىيىتىمىزمۇ ئەگەر پائال ئەقىل دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىلاھىي نۇر (تەپەككۇر ) نىڭ يورۇتۇشى بولمىسا ، ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرالمايتتى . يەنى ئىنسانىيەتتە ئەزەلدىن بار بولغان «مۇمكىنلىكتىكى ئەقىل » پائال ئەقىل (تەپەككۇر ) نۇرىنى قوبۇل قىلىپ رېئاللىشاتتى — «ئەمەلدىكى ئەقىل » گە ئايلىناتتى .

ئادەمنىڭ بىلىشى مۇشۇ تەرىقىدە ئىلگىرىلەپ ، ھەربىر ئادەم ئۆز قابىلىيىتى يەتكەن دائىرىدە ۋاقىتىنچە بىلىپ ئېلىنمىغان نامەلۇملۇقنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەن ھاماقەتلىكتىن قۇتۇلۇپ ، بىلىش چەكسىزلىكىدە ئالەمنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ بىلىۋېلىپ ، ئۆزىنى ۋە دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئوق مەركىزىدە تۇراتتى . مۇشۇنداق نورمال تەپەككۇردىن ، ئەقلىيلىكتىن مەھرۇم قېلىپ ، ھەدېسلا ھېسسىياتقا بېرىلىپ پىر ئويناپ يۈرگەندە ئادەمنىڭ كامالىتىنى ۋە دۇنيانىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولمايتتى .

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئادەمنىڭ ئېمىلىكى ھەققىدىكى تەلىماتلاردا يالغۇز بىزنىڭ فارابىلا ئەمەس ، يۇنان - رىم دەۋرىنىڭ ئاخىرلىششى بىلەن ئىنسان ھەققىدىكى ئىزدىنىشلەردىن توختاپ قالغان ياۋروپانىڭ ئەكسىچە ، پۈتكۈل شەرق پەيلاسوپلىرى

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئادەم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى پىكىر جۇش ئۇرۇپ راۋاج-
لىنىپ، قەدىمكى يۇنان دەۋرىنى ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىي ئويغى-
نىش دەۋرىگە ئۇلىدى. بولۇپمۇ ئىسلامى شەكلىدە تەرەققىي
قىلغان ئاللا، كائىنات ۋە ئىنسان ھەققىدىكى ئەمەلىي ئىزدى-
نىشلەر ناھايىتى چوڭقۇرلىدى. جالالىددىن رۇمىي: «روھ دې-
گەن نېمە؟ ئۇ ئەقىلمۇ ئەمەس، كۆڭۈلمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ
بىرلىكنى ئالاھىدىلىككە قوشۇش، ئالاھىدىلىكنى بىرلىكتە كۆ-
رۇش ئىشتىياقىدۇر. بەلكى ئۇ ئۆزىنى، ئالەمنى بىلىپ دائىم
چوڭقۇرلاش ۋە ئالغا بېسىش، يېڭى - يېڭى مۇھىتلارنى ئىگىلەپ
پۈتۈن تاشقى - زاھىرى ئالەمنى ئۆز ئىچكى ئالىمىگە ئايلاندۇ-
رۇش، ئۆز ئىچكى باتىنى ئالەمنى تاشقى ئالەم بىلەن قوشۇپ
بىر پۈتۈن قىلىش خاھىشىدۇر» دېگەن قاراشتا بولغاندا ئەنە
شۇنداق تەبىئەت دۇنياسىدىن روھىيەت دۇنياسىغىچە، روھىيەت
دۇنياسىدىن تەبىئەت دۇنياسىغىچە بولغان قانۇنىيەتلىك ئايلى-
نىشنى ھەركىم ئۆز ھاياتىغا تەتبىقلىغاندىلا، كامىللىق يولىغا
ماڭالايدىغانلىقىنى ئېچىپ بەردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىلىم - پەن
تەلىماتىدا باش كۆتۈرگەن كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالار ۋە پەيلا-
سوپ شائىرلارمۇ ئىسلام كلاسسىكلىرىدىن ئوزۇق ئالغان ھالدا
ئىنسان بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقنى ئۆزئارا ئۇلاش
ۋە ئۇلارنى ئەڭ ئاخىر ئۆزئارا قوشۇش ئۇستىدە جاپالىق ئىزدى-
نىشلەرنى ئېلىپ باردى.

تېخىمۇ توغرىراقىنى ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيانى بىرلىككە
كەلتۈرۈپ باشقۇرغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۇيغۇر مەدەنى-
يىتىنىڭ ئۆز تارىخىدىكى ئالتۇن دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىدە
ئەنە شۇنداق ئىنسان قارىشى ئۇل تاش بولغان بولۇپ، ئۇلۇغ
دانىشمەن فارابىدىن تارقىغانچە شۇ دەۋردىكى ئىسلام دۇنياسى-
نىڭ، ھەتتا دۇنيانىڭ ئىنسان ھەققىدىكى ئەڭ ئىلغار پەلسەپى-
ۋى ئېقىمى بولۇپ شەكىللىنىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ ئانا

يىلتىزى بولغان قاراخانىيلار دۆلىتىدە كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئارقىلىق داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى بىۋاستە زىممىسىگە ئالغان بۇغراخانلار ۋە دۆلەت ئۇستازى يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى باشچىلىقىدىكى ئەللامە بوۋىلىرىمىزنىڭ «بىلىك» ۋە «بىلگە» (بىلىملىك ۋە ئەقىللىق ئادەم) ئەقىدىسىگە ئايلاندى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئەقىل ئارقىلىق تاشقى دۇنيانى سەزگۈچى، بىلىم ئالغۇچى ۋە تەپەككۇر ئارقىلىق پەزىلەت يېتىشتۈرۈپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ياراتقۇچى ئىدى. «ئىدراك (ئەقىل) كىشى ئۈچۈن مىڭ خىل پەزىلەتنىڭ باشلىنىشى»، ئەقىل ئارقىلىق تېپىلىدىغان «ھەققانىيلىق ئادەم ئۈچۈن ئادىمىيلىكنىڭ باشلىنىشى ئىدى». گۈزەل پەزىلەت ئەقىل بىلەن بىلىمدىن ئايرىلمايتتى، ئەقىل بىلەن بىلىم يالغۇز شەخسلەرنىڭ پەزىلىتى بار - يوقلۇقىنىلا ئەمەس، بەلكى خەلق بىلەن دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ھەم تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولاتتى. ئادەم ئەقىل بىلەن بىلىمنى كىشىلىك تۇرمۇش قوينىدا جارى قىلدۇرغاندىلا، ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيتتى. بۇ پۇقراغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى شۇ شەخسنىڭ پەزىلىتى ۋە قىممىتى بار - يوقلۇقىغا مۇناسىۋەتلىك بولسا، دۆلەت خان - خاقانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، شۇ دۆلەتنىڭ پەزىلەت ۋە ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئىدى. خان - خاقانلار ئەقىللىق، بىلىملىك بولسا، بىلىمنىڭ قەدرى - قىممىتىنى چۈشىنىپ دانىشمەنلەرنى ئەتراپىغا توپلاپ، دۆلەتكە، خەلققە بەخت - سائادەت كەلتۈرسە، بىلىمسىز ۋە ئەقىلسىز قاپاق باش پادىشاھلار خەلقنى جىنايەت گىردابىغا باشلاپ، بالايىئاپەت كەلتۈرەتتى.

دېمەك، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۇ ئالتۇن دەۋرىدە، ئادەم تاشقى دۇنيانى سەزگۈچى، پائال ئەقىل (تەپەككۇر) نىڭ ياردى-

www.uyghurkitap.com

ـمدە ئىچكى قابىلىيىتىنى ئېچىپ ، پەزىلەت ــــ كىشىلىك
قىممەت ياراتقۇچى ھېسابلاندى . خان ـ خاقاندىن باشلاپ پۇقرا-
غىچە ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قابىلىيىتى يەتكەن دائىرىدە ۋاقتىنچە
بىلىۋېلىنمىغان نامەلۇملۇقلارنى بىلىشى (ئىجادىي ئىزدىنىشى )
ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ
يىلتىزى مانا مۇشۇنداق بىلىش ئۈستىگە تۇرغۇزۇلدى . «قۇتاد-
غۇبىلىك» دەل مانا مۇشۇنداق خانلىق قارىشى ــــ ئادەم بىلەن
تەبىئەت ، ئادەم بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئايلانما جەرياد-
دىن ھاسىل بولغان تەبىئىي بىرلىك ــــ ئەقىل ھەم بىلىمنىڭ
مەدھىيىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلدى . شۇنداق بولغانلىقتىن
«قۇتادغۇبىلىك» بۈگۈنكى جۇڭگودىمۇ قەدىرلىنىپ ، جۇڭگونىڭ
ئۇلۇغ ئالىملىرى تەرىپىدىن جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدىكى يار-
قىن ئابىدە ھېسابلانماقتا . جۇڭگو ئەدەبىيات تارىخىدا «قۇتادغۇ-
بىلىك» تەك دۆلەت باشقۇرۇش يوللىرىنى مۇنداق سىستېمىلىق
شەرھلىگەن ، مەزمۇنى چوڭقۇر ، زور ھەجىملىك شېئىرىي ئە-
سەر لى بەي ، دۇفۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن گۈزەل بولۇپلا قالماي ،
بەلكى بەزى جەھەتلەردىن ئېشىپ كېتىدۇ . «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى تاڭ شېئىرلىرى ۋە سۇڭ نەزملىرد-
نىڭكىدىن تۆۋەن ئەمەس . «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ جۇڭگو ئەدەبى-
يات تارىخىدىكى ئورنىنى مۇكەممەل تۇرغۇزۇش بىزنىڭ تىرد-
شىپ ئىزدىنىپ يېتىدىغان نىشانىمىزدۇر .»[①]

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ئەجدادلىرىمىز ئۆزاق
زامان ئاسمىنى كەڭ ئورخۇن دەرياسى ۋە ئۇ قۇيۇلىدىغان بايقال
بويلىرىدىكى يايلاق ھاياتىدا ، يايلاق خەلقىگە خاس باتۇر ، ساددد-
لىق بىلەن كۆپ ھاللاردا ئات ئۈستىدە جەڭ قىلىشقا تايىنىپ

① جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەتقىقاتچىسى لاڭ يىڭنىڭ «جۇڭگو
ئەدەبىياتى مۇنبىرىدىكى «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ماقالىسىدىن .

ياشاپ كەلگەن خەلق بولۇپ، ئورخۇن يادىكارلىقلىرى مەڭگۈ تاشلاردا بايان قىلىنغاندەك، خان ــ خاقانلارنىڭ باتۇرلۇق ۋە پىراقنى كۆرەرلىكى ھەمدە خەلقنىڭ ساداقەت ۋە ئۇيۇشقاقلىقىغا تايىنىپ دۆلەت قۇرۇپ شەھەر سوراپ كەلگەن ئىدى. تەبىئىي ۋە سۇنئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر ئورخۇن خاندانلىقىنىڭ بۈيۈك بايرىقى يىقىلغاندا ئۇنى ئۆزگە بىگىملىك بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا تىكلىگەندىن كېيىن، گەرچە ئىككى ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى، بولۇپمۇ شۇ چاغقىچە بولغان تارىختا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولۇۋاتقان تارىم ۋادىسىدىكى مۆرەككەپ ئېتىقادلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان قايناق مەدەنىيەت ئالدىدا چېكىنىپ قالىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. ناھايىتى كەڭ زېمىنغا ئىگە قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قانداق ئىدارە قىلىش دۆلەتنىڭ ھايات ــ ماماتىغا، خەلقنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي مەسىلە بولۇپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ سادىدىلىقىنى تاشلاپ بىرقەدەر سىستېمىلىق تەبىئەت، جەمئىيەت، ئادەم قارىشى تىكلەشكە موھتاج بولدى. بۇنداق ئېھتىياج تۈپەيلى، مەيلى فارابى ياكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بولسۇن، ئالىملىق ھەم مىللىيەتلىك نۇقتىسىدىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇرۇنقى شەھەر مەدەنىيىتىدىكى ئىلغار تەرەپلىرىنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ روھىدا جۇغلانغان مۇكەممەل جەمئىيەت توغرىسىدىكى تەشەببۇسلىرىنى خەلققە بولغان يۈكسەك مۇھەببەت ۋە قاراخانىيلارغا بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەت روھى بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇلارنىڭ روھىغا مىڭلارچە سۆيۈنىمىزكى، ئۇلار بىزنىڭ ھەقىقىي ئالىملىرىمىز ئىدى. ئۇلاردا ئالەم، ئادەمنى مۇستەقىل تەتقىق قىلىدىغان بۈرچكارلىق بار ئىدى. ئۇلاردىن ئورخۇندا ئىجاد بولغان «بېشىڭ باش بولسۇن، پاقالچىقىڭ تاش» دېگەن ماقالىمىز بويىچە، خەلقىمىزنى خۇددى ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى-

www.uyghurkitap.com

ـدەك پۇختا ئۇيۇشتۇرالايدىغان ئىجادىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۇرۇ-
دىغان ئارزۇ ـ ئارمانلار ، ئەمەلىي ھەرىكەت قوللىنىپ ئاشۇنداق
ئۇيۇل ھالەتكە كەلتۇرىدىغان پاراسەتلەر شوخشۇپ تۇراتتى . ئۇ-
لار بىرەر ئېتىقاد تۇپەيلى ئۆزلۈكنى ئۇنتۇپ قالىدىغان ، ئىبادەت-
نى ئەمەلىي ھاياتىمىزنىڭ تەرەققىيات تەرەپلىرىدىن ئايرىلغان ،
پەن ـ مەدەنىيەت گۈزەللىكىدىن ئايرىلغان ھەرىكەتكە ئايلاندۇ-
رۇپ قويىدىغان چاكىنا خۇراپىيلىقلارغا شۇنداق ئۆچ ئىدىكى ،
ھەتتا ئەمگەكتىن ، ئوقۇشتىن ، ھۇنەردىن ئايرىلىپ ۋەزخانلىق
قىلىدىغانلارنى ئېزىتقۇلار قاتارىدا كۆرەتتى . بۇنىڭ سەۋەبى شۇ
ئىدىكى ، بۇ ئالىملىرىمىز ئۆزبېك ئالىمى م . خەيرۇللايوپ ئۇ-
لۇغ بوۋىمىز فارابىنى خۇلاسە قىلغاندا ، «فارابىنىڭ پەلسەپە
سىستېمىسى ئارىستوتېلنىڭ سىستېمىسىدىن ئالاھىدىلىككە ئىگە
بولۇپ ، ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق ئاكتۇئال مەسىلىلىرىنى ئۆز
ئىچىگە ئالغاى» دېگەندەك ، ياۋروپا ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويغى-
نىشى ياكى مەدەنىيەت گۈللىنىشى يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال يۈز
بەرگەن ۋە شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ
قايتا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ئىسلام مەدەنىيەت ئويغىنى-
شىنىڭ پۈتكۈل ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەنىدى .
يەنى ، ئۇلار گرېك ـ رىم مەدەنىيىتى ، كۇشان ـ كۇسەن مەدەنى-
يىتى ، سۈي ـ تاڭ مەدەنىيىتىدىن كېيىن ، ياۋروپا مەدەنىيەت
ئويغىنىشىدىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئوي-
غىنىشى خاراكتېرىنى ئالغان ئالاھىدە سىستېما — ئىسلام
شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئاساسىدا ئۆز دەۋرىنىڭ بارلىق
ئاكتۇئال مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان ئالىملار ئىدى . يەنە
كېلىپ بۇنداق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ مەنسۇر ، ھارۇن رە-
شىد ، خەلىپە مەمۇن دەۋرىدىكى مەركىزىي باغدادتىن كېيىنچە
سامانىيلارغا ، ئاندىن قاراخانىيلارغا يۆتكەلگەنىدى . شۇڭا ، ئۇ-
لارنىڭ كۆزقاراشلىرى دۇنياۋى مەدەنىيەت كۆزنىكىدە تۇراتتى-

كى ، كىچىككىنە بىر قاتمال دائىرىدە دەۋرىي چۆرگىلەيدىغان
خائىشلاردىن ، ئىلىم ـ پەن دەپ ئۆزلۈكدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ
كەتكەن قاتمال نەزەرىيىلەرنى كۆتۈرۈۋالىدىغان ئەگەشمىچىلىك-
تىن خالىي ئىدى . دۇنياغا نەزەر تاشلاپ ئۆزىنى تەتقىق قىلىدى-
غان ئادەت بىزدە مۇھەممەد مۇسا خارەزمىدىن باشلاپ تاكى يەكەن
خانىدانلىقى دەۋرىگىچە چوڭقۇرلىشىپ باردى . ئىسلام شەرقىدە
يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل تارىخىي ئەھمىيەتلىك مەدەنىيەت ئويغى-
نىشى ھادىسىسى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ سال-
ماقلىق تەسىرى ، ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرى ۋە
ئالىملىرىنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسىنى قوبۇل قىلدى ؛ شۇنىڭ
بىلەن بىللە ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىلىم ـ پىنى ، پەلسەپە
ئىدىيىسى تەرەققىياتىغا يېڭى مەزمۇن ۋە قىياپەت بېغىشلىدى .
ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە ئىدىيە تارىخىنىڭ يېڭى پەسلى-
نى ئاچتى . مۇھەممەد مۇسا خارەزمى ، ئەل فەرغانى ، ئەبۇ ناسىر
فارابى ، ئىبىن سىنا ، ئەبۇ رەيھان بىرونى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ،
مەھمۇد قەشقەرى ، ئەھمەت يۈكنەكى ، ناسىر خۇسراۋ ، ئۆمەر
ھەييام ، تۆمۈرلەر سۇلالىسى دەۋرىدە يۈز بەرگەن «كەنجى مەدە-
نىيەت ئويغىنىشى» نامايەندىلىرىدىن ئۇلۇغبېك ، ئەلى قۇشچى ،
لۇتفى ، سەككاكى ، ئابدۇراخمان جامى ، ئەلىشىر نەۋائىي ، زەھ-
رىدىن مۇھەممەد بابۇر ، سەئىدى ، رەشىدى ۋە باشقىلارنىڭ
دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشى شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشى
مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئايرىلغان ئەمەس .»[1]شۇڭا ، ئۇلار گەرچە
ئىلىم ـ پەن تەرەققىي قىلغان ۋە كۈللى ئىنسانىيەت ئىلىم ـ
پەننى ئىنكار قىلمايدىغان بۈگۈنكى كۈندىن مىڭ يىللار بۇرۇن-
دىن بىلەن پەننىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىدىكى ماھىيەتلىك رولى-

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، شىنجاڭ خەلق نەش-
رىياتى ، 1997 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى ، 123 ـ بەت .

نى نامايان قىلدى . ئادەمنى تونۇشتا دۇنيانى خۇددى ئالدىدا قويۇقلۇق جاھاننەما بىلەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك ئېنىق سۆزلى-دى . كۆزقاراش جەھەتتە يۈكسەك دۇنياۋى سەۋىيە يارىتىپلا قالماستىن ، ئۆز خەلقىدىكى خۇراپىيلىقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ ئەڭ توغرا ، ئىلغار تەپەككۇر ھەم ھەرىكەت يۆنىلىشىگە باشلاشتىمۇ ئەبەدىي ئۈلگە ئالغۇدەك مەدەنىيەت گېنى تۇرغۇزدى . شۇنداق بولغانلىقتىن ، شۇ چاغدا پەلسەپە بىلەن ئىلىم - پەن روھى بىردەكلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ، ئەقىل بىلەن بىلىمگە مەدھىيە ئوقۇپ تۇرۇپ پەزىلەت يارىتىدى-غان بۇنداق قىممەت قارىشى ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريانلاردا خەلقىمىز ئارىسىدا يىلتىز تارتىشقا باشلىدى ، ھەمدە ئاستا - ئاستا ھاياتىي كۈچكە باي ئىرسىي گېن بولۇپ شەكىللىنىپ ، ھېچقانداق بىر ئامەتنىڭ ئاسماندىن چۈشۈپ قېلىشىغا ياكى ئال-لىقانداق بىر شىۋە قەدرىنىڭ خانىمىزغا كىرىپ قېلىشىغا قاراپ تۇرماي پىداكارلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھاياتى ، مىل-لىي مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن ئاتا مىراس كەڭرى زېمىنغا دەسسەپ تۇرۇپ ئىجادىي كۈرەش قىلىدىغان جەڭگىۋار مەنىۋى تۈۋرۈك بولۇپ قالدى . شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ساددىقەتلىك ، پاكلىق ئالىيجا-نابلىق ئىزدەش ۋە ئۆز ھەققىنى يولۇپ ئېلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلىش روھى كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ئۆز پەزىلەتلىرىنى يېتىل-دۈرىدىغان ئۈلگىسى بولۇپ قالدى . بۇنداق بولمىغاندا ئىدى ، مىللىي ھايات يوللىرىمىز شۇنچە مۇشكۇل خەتەرلەر بىلەن تو-لۇپ ياتسىمۇ ، ئارىمىزدىن بىزنى شۇ خەتەرلەر ئىچىدىن داۋان ئېشىشقا يېتەكلەيدىغان دۇنياۋى پىكىر ئۇستىلىرى ھەر دەۋردە ئۆزىمىزگە لايىق چىقىپ تۇرمىغان بولاتتى . بۇ پىكىر ئۇستىلى-رى بىزنىڭ دۇنيادىكى باشقا خەلقلەر بىلەن مەۋجۇتلۇقنى ، ئۇس-تۈنلۈكنى تالىشىشىمىزدا قەلبىمىزدە ئۇرغۇپ تۇرغان ئۇلۇغ خەلق بولۇش قىزغىنلىقىمىزنى ئىجادىي قۇدرەتكە ئايلاندۇرىدى-

غان مەشئەل بولۇپ ، تارىخىي تاللاش پۈرسىتى كەلگەن ھامان
كۈچ كۆرسىتىپ تۇردى . ئۇ مەدەنىي ئىرسىيەت ئۇدۇمى بىزنىڭ
ئۇل زاماندىكى خانلىق نەسەبىنى ئەسىر ـ ئەسىرلەپ داۋاملاشتۇ-
رۇشىمىزغا تۈرتكە بولۇپلا قالماستىن ، بەزىدە ھەتتا قانغا غەرق
بولۇپ كېتىشىمىز قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان ئەڭ
يامان كۈنلىرىمىزدە شۇنداق ئەسقاتتىكى ، ئۇ دۇنيانىڭ بۈيۈك
مەدەنىيەت ئابىدىگاھلىرى بولغان جۇڭگو ، ئىران ، رۇس كىنەز-
لىكلىرىنىڭ دۆلەتلىرىنى بېشىغا كىيىۋالغان ، ياۋروپا ۋە ئاسىيا
ئەللىرىنى غال ـ غال تىترەتكەن چىڭگىز دەۋرىدىمۇ بىزنى ئوردا
كاتىپى ، ئوردۇبالىق لايىھىلىگۈچىسى ، دېھقانچىلىق رەھبىرى ،
سودا ۋە دىپلوماتىيە ئەلچىسى سۈپەتلىرىدە ساقلاپ قالدى . شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە ، دۇنيانىڭ مەدەنىيەت خەزىنىلىرى شەرقتىن
غەربكە ، غەربتىن شەرققە ئېقىپ تۇرىدىغان يىپەك يولىدىن ئىبا-
رەت مەدەنىيەت دەرياسى توختاپ قالغاندىن كېيىنكى بالا ـ
قازالار ئىچىدىمۇ خەلقىمىزنىڭ تالانت ئىقتىدارىنى نامايان قىلى-
دىغان ئىلمىي ئابىدىلەر بىلەن پەيتى كەلگەندە تەۋەككۈلچىلىك ،
رىقابەتچىلىك ، باتۇرلۇق مەيدانلىرىدا ئۆزىنى كۆرسىتىپ ، مىل-
لەتنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى ئىپادىلەيدىغان قەھرىمانلارنىمۇ تەق-
دىم قىلىپ تۇردى . بۇنداق ئىلمىي ئابىدىلەر ۋە قەھرىمانلار
مەيلى قايسى دەۋردە ، قانداق شەكىلدە مەيدانغا كەلسۇن ھەمدە
سان جەھەتتە قانچىلىك ئاز بولسۇن ، بىزنىڭ ۋۇجۇدىمىزدا تا-
رىخنىڭ تۇزانلىرى كۆمۈۋالغانلىقىغا قارىماي كۆكلەپ تۇرىدۇ-
غان ، تۈرلۈك گۇرۇھلار تۈرلۈك نىقابلار بىلەن قوزغىغان سىيا-
سىي ھەرىكەتلەردە بۈگۈنكى دوستىنى ئەتىكى دۈشمەنگە ئايلاندۇ-
رۇۋېتىدىغان مۇرەككەپ شۇملۇق ھۆكۈم سۈرسىمۇ ، ئاداۋەتلەر-
نى چىقىرىپ تاشلاپ يېڭى مىللىي دوستلۇققا يېتىپ بارالايدىغان
بىر خىل سېھرىي گېپىن ھۆكۈم سۈرۈۋاتقانلىقىنى بىزگە جاكار-
لاپ تۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ جىسمانىي

گېنىغىلا ئەگىشىپ قالماستىن ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بولغان مەدەنىيەت گېنىغا ئەگىشىپ ، «بىلىك» ، «بىلگە» ئەقىدىسى بويىچە ئۆزىنى ، دۇنيانى ئۆزگەرتىشتە ئۆزگە ئىشىنىش روھىنى ، مەنلا بولىدىكەنمەن ، ھامان باتۇرلۇق بىلەن ئالغا باسىمەن دەيدىغان ئادەم بولۇش روھىنى ، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ، تەرەققىياتىنى دۇنيانىڭ مەركىزىدە تۇرۇۋاتقان ئۆزىمىزدىن ئىبارەت مەدەنىيەت گېنىدىن ئىزدەش روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ ماڭدۇق . گەرچە بىز بەزى دەۋرلەردە تۈرلۈك خۇراپىي ۋە ئېزىتقۇ ئىدىيىلەر ھەر تەرەپتىن قورشىۋالغان جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدە قالغان بولساقمۇ ، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئىلىم - پەن روھىنى ئۆزىمىزگە لايىق ساقلاپ قېلىپ ، «قۇرئان» نى ئالەم ۋە تەبىئەتتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ كىتاب بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ ئوقۇپ تۇردۇق . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئەگەر بىزنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ئارقىلىق بەرپا قىلىشنى بىلىدىغان ئاشۇ بوۋىلىرىمىز بولمىغان بولسا ، بىزدە ماختانغۇدەك بىرنەرسە بولمىغان بولاتتى . ئۇلار ئارقىلىق قۇرۇلغان بۇنداق پەلسەپىۋى پىكىر سىستېمىمىز بولمىغان بولسا ، ئىجادىي روھىمىز تولۇق ئۆلۈپ كەتكەن بولاتتى . بىز ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىلدا ئىجاد قىلغان بىلىملەرنى نەچچە ئەسىرمۇ داۋاملاشتۇرالماي ، لاياقەتسىز خەلق بولۇپ قالغان بولار ئىدۇق . دۇنيادىكى نۇرغۇن ئالىملار تارىم خەلقىنىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىكى مەۋجۇتلۇق تارىخىنى بايان قىلغاندا ، تۆت ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان ۋە جاڭ چيەن خەنۇدىنىڭ ئەلچىسى بولۇپ كېلىپ بۇ يەردىن جوڭيۇەندە يوق مۆجىزاتلارنى ئېلىپ بارغۇچى يېگانە تۇرۇۋاتقان بۇ جايدىكى ئادەملەرنىڭ قانداقسىگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئىجادچانلىقىغا يىغىنچاقلايدۇ . ئەگەر بىزدە يالغۇز قانداشلىق بىلەن شەكىللەنگەن جىسمانىيەت بولۇپ ، ئۆزىنى بىلىشنى ئاساس قىلغان ئاشۇنداق ئىجادچان گېن

بولمىغاندا ئىدى ، دۇنيادىكى شۇنچە چوڭ دىنلار ۋە مەدەنىيەتلەر-
نىڭ ئۇچرىشىش ، قوشۇلۇش جەريانىدىكى تارىخنىڭ تۇگىمەس
تاسقاشلىرى ، رەھىمسىز جەڭگى - جېدەللىرىدە ئاللىقاچان يو-
قالغان بولاتتۇق . بىز تارىخنامىلەردە ئىسمىنى ئاتايدىغان ۋە
ھازىرقى ئەمەلىيەتتىن يوقالغان بىرمۇنچە قەدىمىي مىللەتلەر
قېنى؟ بىزنى ۋە بىز بىلەن ياشاۋاتقان باشقا مىللەتلەرنى ئوخ-
شاشلا خاس مەدەنىيەت گېنلىرى ساقلاپ قالدى . گەرچە بىزنىڭ
مىللەت تەۋەلىكىمىزدە بىرمۇنچە باشقا مىللەتلەر ، باشقا مىللەت-
لەر تەۋەسىدە بىزنىڭ قوشۇلغان قان تەركىبلىرىمىز بولسىمۇ ،
بىز مەدەنىي ئادىمىلىك مەۋجۇتلۇقىدا قان تەرەپتە ئەمەس ،
مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ يادروسى بولمىش ئەقىدە تەرەپتە تۇردۇق .

ئەجدادلار بېسىپ ئۆتكەن ئاشۇ شانلىق مۇساپىدىن مەلۇم-
كى ، بىر مىللەت ئۆز تارىخىنىڭ ئۇلۇغ ئىزچىسى بولۇپ ،
مىللەت تارىخىنى ئۇنىڭ ئەمگەكچى ئاممىسى بىلەن ئۇلۇغ
شەخسلىرى بىرلىكتە يارىتىدۇ . ئەمگەكچىلەر بىلەن ئۇلۇغ
شەخسلەر قان - قېرىنداش بولۇپلا قالماستىن يەنە شۇ مىللەت-
نىڭ تارىخىدا بارلىققا كەلگەن غۇرۇر - پەزىلەتتە ئورتاق تەربى-
يىلىنىدىغان مىللىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدۇر . غۇرۇر - پەزى-
لەتنىڭ ھەربىر شەخسلەر بويىچە يېتىلىشى ، ئومۇملىششى ،
ئۆسۈپ بېرىشى شۇ مىللەتنىڭ سۈپەت دەرىجىسىنى باشقىلار
ئەيمىنىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ . ئۇزۇپ تاشلىنىشى بولسا ،
ئۇ مىللەت ئەزالىرىنى ھەتتا بەتبەشىر مۇھىتلارغا غەرق قىلىۋې-
تىدۇ .

ئۇلۇغ شەخسلەر دېگىنىمىز شۇ مىللەت غۇرۇرىغا ۋەكىل
بولىدىغان ئادەملەر بولۇپ ، ئۇلار مىللىي روھنى ئەخلاقىي پەزى-
لەت ، مىللىي باتۇرلۇق ۋە مائارىپ شەكىللىرىدە ئۆزىدە ئېلىپ
يۈرىدۇ . شۇ ئارقىلىق ئۇلار شانلىق ئىدىيىلەرنى يارىتىدۇ ۋە
ئۇ ئىدىيىلەرنى تارقىتىش ئارقىلىق ئىدىيىۋى قاتاللىقلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پاچاقلاپ تاشلاپ ئەمگەكچىلەرنىڭ دىلىغا چىراغ ياقىدۇ . ئۇلار شۇ خەلقنىڭ يېڭى - يېڭى ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن شۇنداق دانىش- مەنلىكلەرنى قىلىدۇكى ، خەلق گويا يۈرىكىدىكى سۆزنى خۇددى تەڭرى ئاشۇ زاتلارنىڭ كۆڭلىگە سېلىپ قويغاندەك ھېسسىياتتا ئاڭلايدۇ . چۈنكى ، ئۇ زات شۇ مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ پەزى- لەت ھەم غۇرۇرىدا مەنىۋى ئابىدە تۇرغۇزغۇچىدۇر . ئۇلار ئاشۇ ئالىيجانابلىقلىرى بىلەن ئۆز جەمئىيىتىنىڭ تەپەككۇرىغا ۋەكىل- لىك قىلىسمۇ ، ھۈنەرۋەنچىلىك ، باغۋەنچىلىك ، دېھقانچىلىق ۋە باشقا كەسىپلەر بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى دۇنياسىنى تەڭ قۇرۇۋاتقان ئەمگەكچىلەر شۇ مىللەتنىڭ ھەقى- قىي ئومۇرتقىسى بولۇپ ، مىللەتنىڭ پەزىلەت - غۇرۇرى مۇقەر- رەر يوسۇندا كۆپ ساندىكى ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ . بىر پۈتۈن مىللەت مۇقەررەر ھالدا ئۇلار ۋۇجۇدىدىن يېڭى كۈچ ۋە روھ ئېلىپ تۇرىدۇ . شۇنداق قىلىپ ھەرقانداق مىللەتنىڭ قىممىتى ۋە كۈچى ئاللىقانداق قاتمال قائىدە - قانۇنلاردا ئەمەس ، بەلكى ئۇل تاش بولغۇچى ئەمگەكچىلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان زاتلارنىڭ سۈپەتلىرىدە بەلگىلىنىدۇ . شۇڭا ، ئۇ مىللەتنىڭ يۇ- قىرى قاتلىمى پاك ئەمگەكچىلەر قاتلىمىنىڭ روھى بىلەن سۇغى- رىلغان ھەمدە ئۇنى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ تەرغىباتچىلىق قىلا- لىغاندىلا مىللىي مەۋجۇتلۇق ، مىللىي تەرەققىيات ياكى گۈللە- نىش ، كۈچىيىش بولىدۇ . شۇڭا ، زاتلار شەرتسىز ھالدا ئۆزلى- رىنى پۇقرا قېرىنداشلىرى قاتارىغا قويۇشى ، پۇقرا قېرىنداشلار ئۆزلىرىنىڭ زاتلىرىغا تەلەپ قويىدىغان جىگەر ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولۇشى ، پۈتۈن مىللەت بويىچە بىر ياقىدىن باش ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ ئۆز ھەققىگە ئىگە بولۇشى كېرەك .

ھەرقانداق مىللەتنىڭ ھازىرقى ھالىتى مىللەتنىڭ ئىككى قاتى- تىدىكى ئاشۇ زات ۋە ئەمگەكچىلەرنىڭ قانچە - قانچە ئەۋلاد

مۇشەققەتلىك كۈرەشلىرى ۋە ئىدىيىۋى چېنىقىشلىرى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن . بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ تىك تۇرۇپ ئۆزلىرىنى قۇرۇش روھى مىللەتنىڭ ھەقىقىي كۈچى بولىقى بولسا ، ئۆز ئالدىغا ئىختىرا قىلىدىغان پەزىلەت - غۇرۇرى ئۇلارنى خېيىم-خەتەرلەردىن ساقلاپ دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىغا قوشقان . بىز-نىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئالغان بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۇلگىلەر-دۇر . شۇڭا ، مىللەت ئۆزىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا بۇ كۈچ بۇلىقى ۋە پەزىلەت غۇرۇرىنى خۇددى بىر ئالىيجاناب ئادەمگە ئوخشاش ساقلاش كېرەك . ئالايلۇق ، ئەگەر بىر مىللەت-نىڭ پەزىلىتىدە مىللىي قېرىنداشلىرىغا كۆيۈنۈش ، ئومۇملۇق-نى ئەلا بىلىش ، بىرلىكنى قەدىرلەش ، ئىلىم - پەنگە پەرۋانە بولۇش ، ئىشچانلىق ۋە ئىجادچانلىقنى قەدىرلەش روھى ئۆلگەن بولۇپ ، ئۇلاردا كەڭ قورساقلىق ، ساداقەتلىك ، راستچىللىق ، ئاق كۆڭۈللۈك ۋە باتۇرلۇق بولمايدىكەن ، بۇنداق مىللەتنى باشقا مىللەتلەر كۆزگە ئىلمايدۇ ، بۇ ئىللەتلەر ئۆسكەنسېرى بۇ مىل-لەت دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدە ئېتىبارسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ ، شۇڭا ، ئۇلار مۇقەررەر يوسۇندا باشقىلارنى ھۆرمەت قىلىش ، قورقۇمسىز بولۇش ، قانۇنى ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ، ديانەتلىك ئالىملىرى ۋە ئىلغار يول باش-چىلىرىنى قوللاش ، ھالال ئىشلەپ جان بېقىش ، ئۆز كەسپىگە سادىق بولۇشتەك پەزىلەتلەرنى ھازىرلاش كېرەك . ئەگەر بىر مىللەتتە نەپسى ئاۋارىسى ئادەملەر كۆپىيىپ كېتىپ ، سېزىم ئەزالىرىنىڭ خۇشلۇقى ، پۇل ۋە ماددىي تەلپۈنۈشلەردىن ئۈس-تۈن ئالىيجاناب پەزىلەتلەر بولمايدىكەن ، ئۇنداقتا ئۇ جەزمەن بىچارە جاندارلار توپى بولۇپ قالىدۇ . بۇ ھالدىكى ئەخلاقى بۇ زوق ، شەخسىيەتچىلىك بىلەن ساختىپەزلىككە بېرىلگەن، ئۆز ئارا نىزا قىلىشتىن ئىزا تارتمايدىغان ، توخۇ يۈرەك مىللەتلەر-نىڭ تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن بولمايدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇنداق ئىكەن، ئۇ مىللەت جەزمەن ئۆز تارىخىدىكى شانلىق مەدەنىيەت تارىخى تەقدىم قىلغان مۇنەۋۋەر پەزىلەت قاتلاملىرىنى، مەدەنىيەت گېن - ئىرسىيەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى غۇرۇرى قىلىپ مەڭگۈلەشتۈرۈشى كېرەك. ئىنگلىزلارنىڭ XXI ئەسىردىكى ئۇلۇغ ئەخلاقشۇناسى، پۈتۈن دۇنياغا تونۇلغان ئالىم سىميول سىمىلىزنىڭ يەكۈنىمۇ شۇدۇر:

«بىر مىللەتتە ئەسلەپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان شانلىق تارىخ بولۇش كېرەك. تارىخ ھازىرقى ياشاش شەكلىنى مۇقىملاپلا قالماي، بۇنداق ياشاشقا مەدەت بېرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆستۈرىدۇ. ئۆتۈپ كەتكەن ئەجدادلارنىڭ شانلىق ئىش - ئىزلىرى، ئۇلار بېشىدىن كەچۈرگەن مۇدھىش مۈشكۈلاتلار كەلتۈرگەن جەبىر - زۇلۇم ۋە قولغا كەلتۈرگەن شانلىق نەتىجىلەر ئۈستىدىكى ئەسلىمە ئارقىلىق ھازىرقى ياشاش ئۇسۇلىغا ماياك ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەۋجىگە چىقىرىدۇ. مىللەتنىڭ ھاياتى خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش تولىمۇ قىممەتلىك تەجرىبىلەر خەزىنىسىدۇر. بۇنداق خەزىنىنى چېۋەرلىك بىلەن تەتبىقلىغاندا جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ۋە راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنى كەلسە - كەلمەس، بىلەر - بىلمەس تەتبىقلىسا خام خىيال، ئېزىش ياكى مەغلۇبىيەت كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، خۇددى بىر ئادەمگە ئوخشاش مىللەتمۇ جەبىر - زۇلۇملار ئىچىدە چېنىقىش ئارقىلىق ئۆزىنى پاكلىشى ۋە تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك...»① تەبىئىيكى، بىزنىڭ تارىخىمىزدىكى ئاشۇ مەدەنىيەت گېنى بىزگە تەۋەررۈك بولۇپ، بىز ھەقىقىي ئادەم بولىمەن دەيدىكەنمىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى تارىخىمىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ئەقىدىنى دەۋرلەشتۈرىدىغان ۋە مىللەتكە يېڭى پىكىر بېرىدىغان زاتلار بىلەن ئالىملارنى ئۆزىمىزگە بىرىنچى

---

① سىميول سىمىلىز: «پەزىلەت قۇدرىتى»، خەنزۇچە نەشرى، 26 - بەت.

ئىلھامچى قىلىشىمىز كېرەك. ئەگەر مۇنداق زاتلار ۋە ئالىملارنى بارلىققا كەلتۈرمەيدىكەنمىز، سۆزلىرىمىز مەڭگۈ يوللۇق بولمايدۇ. ئىشلىرىمىز ئەپلەشمەيدۇ، كېلەچىكىمىز ئۈچۈن مانا مۇشۇ گېنىنى ياشارتايلى.

بۇ شانلىق مەدەنىيەت خاسلىقىنىڭ بۈگۈنكى ۋارىسلىرىغا نەزەر سالايلىكى، «قۇتادغۇبىلىك» نى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرىگە تەقدىم قىلغان ۋە بىرىگە «توزۇماس چېچەكلەر»، «رابىيە – سەئىدىن»، «ئىلمىي ئابىدىلىرىمىزنىڭ قۇرغۇچىلىرى يۇسۇپ ۋە مەھمۇد» قاتارلىق بىر قاتار ئەسەرلىرى بىلەن پۈتكۈل تارىخىمىزنىڭ قان تومۇرىدىن يارقىن خەۋەر بەرگەن ئەدىب ئەھمەد زىيائى ئادەم ھەققىدىكى ئاشۇ مەدەنىيەت گېنىمىزنى زامانىمىزغا خاس يېڭى بىلىملەر بىلەن تولۇقلاپ مۇنداق دەيدۇ:

«تۆرەلگەندۇر ئەجەب فىترەتتە ئادەم،
ئۇنىڭدا كۆپلىگەن سىر يوشۇرۇن ھەم.
كۆرۈش، ھىدلاش، تۇتۇش، تېتىماق ۋە ئاڭلاش،
ئەقىل، ئىدراك، خىيال، ئىلھام ۋە ئويلاش.
بۇلارنىڭ بارلىقى كىشىدە يىغىلغان،
ئۇلۇغ بولغان شۇڭا ھەممىدىن ئىنسان.
ئاجايىپتۇر ئۇنىڭ ئەسلىي زاتى،
كىچىكلىك بىرلە مەشھۇردۇر سىفاتى،
ئىرۇر بىر زەررە چوڭ جىسىملار قېشىدا،
ۋە لېكىن كاتتا سىرلار بار بېشىدا.
كىچىكتۇر ئۇ ۋە لېكىن پارچىدىن زور،
شۇڭا ئۇدۇر تەكەببۇر ھەمدە مەغرۇر»①

① ئەھمەد زىيائى «رابىيە – سەئىدىن»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 – يىل نەشرى، 8 – بەت.

«فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ، «قۇتادغۇبىلىك خەزىنىسى» ، «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» ، «ئۇيغۇر مۇقام خەزىنىسى» قاتارلىق شاھانە ئەسەرلىرى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ نېگىزلىك ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى دەۋرىمىزگە يەتكۈزۈپ بەرگەن ئەللامە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى مەۋجۇتلۇقنى تەسۋىرلەيدىغان «سۇزۇك ئەينەك» قارىشى بويىچە بىزگە ئادەم توغرىسىدا مۇنۇلارنى ئۇقتۇرىدۇ : «ئىنسان — تۇپراقتىن ئۈنگەن گىياھ ، گىياھتىن قەد كۆتۈرگەن ھايۋان ، ھايۋاندا نۇتۇق يېپى بىلەن پىكىر كەشتىلىرىنى تۇزگەن كارامەت مۆجىزە . ئۇ — پۈتكۈل كائىنات سىرلىرىدىن تۈزۈلگەن ئۇلۇغ ئەۋرىشكە . ئىنساندا كائىنات مۇمكىنلىكلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرى بىلەن كۆرۈنمىلىك سۈرەت ۋە يوشۇرۇن تىلسىمات نەمۇنىلىرى ساقلانغان .»

ئىنساننىڭ سۈرىتىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئاددىي كۆز كۇپايە . ئۆز خوجىسىنى ئىتمۇ ، مۈشۈكمۇ كۆرىدۇ ، ئىنساننىڭ ماھىيەتلىرىنى ۋە بۇ ماھىيەتلەرنىڭ كامالەت دەرىجە ماقاملىرىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئەينەك كېرەك . بۇ «ئۆزلۈك ئەينىكى» دۇر .

«ئۆزلۈك — ئۆزىنى بىلمەكلىك !... ئىنسانىيەت تېخى ئۆزى ھەققىدە ، ئۆزىنىڭ كائىناتتىكى ماھىيىتى ، ئورنى ھەققىدە ، بولۇپمۇ ئۆز ماھىيەتلىرىنىڭ ئۆز پائالىيەت ھادىسىلىرىدىكى قىممىتى ھەققىدە ھېچقانچە ئىزدەنگىنى يوق . ئۆزلۈك خەزىنىسىگە دادىل قەدەم قويۇپ : «مەن كىم ؟» دېگىنى يوق ! مەئىشەت ئىجىللىقى خىروئىن خۇمارىدەك ئۇنى دومىلىتىپ ، ئاللىقاچان ئۆزىنى ئۇنتۇغان دەلدۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويغان . ئېسىل بىنالار ، ھەر خىل شەكىلدىكى ئايروپىلانلار ، ئالتۇن قەلەملەر ، ئوتلۇق قوراللار تۇتقان قايسى ئادەمزات ئۆزىنى ئۆز قولىدىكى يالتىراق «نام - ئەمەل كارتۇشكىسى» دىكى مەن

ئەمەسمەن ، مەن بۇنىڭدىكى ئىبارىلەر ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان بىر پۈتۈن روھىيەت دۇنياسىمەن ، دەپ بۇ كارتوشكىنى مەسخىرە قىلالايدۇ ؟ !

دەرھەقىقەت ، «ئۆزلۈك» بىر سۆزۈك ئەينەكتىن ئىبارەت . ئۆزلۈك ئەينىكى — ئىنسانىنىڭ ئۆز - ئۆزىگە ئىرادە - قۇدرەت زەررىلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ نۇرانىلىك ھاسىل قىلىدۇ . بۇ نۇرلار قوشۇلۇپ بىر - بىرىنى زورايتىپ ھېكمەت ئىلھامى ئاستىدا ئۆزلۈك ئەينىكى بولۇپ يېتىلىشى مۇمكىن !

ئۆزلۈك ئەينىكى كامالەتلىك ئىنسان قەلبىدىكى قۇياش ۋە ئەقىل كۆزىدىن ئىبارەت . ئۇنىڭدا ئىلگىرىكى مەقسەتلىرىڭ پەقەت ۋاستە ئىكەنلىكىنى ، ھەتتاكى مەئىشەت - روزىغار ، ئىلىم - سەنئەت ، ئىش ۋە شېئىرىيەتنىڭ پەقەتلا ۋاستە ئىكەنلىكىنى ، ھەقىقىي مەقسەت ئۇنتۇلغان ۋە ياتلاشقان بىرلا نەرسە — ئىنسان ۋە ئۇنىڭ كامالىتى ، ئىجتىمائىي - مەنىۋى بەختى ئىكەنلىكىنى كۆرىسەن . ئۇ چاغدا سەن ئۇلۇغ بىلگەن قۇل ئىگىلىرىنىڭ لاي قونچاق ئىكەنلىكىنى ، ئۇلار خارلىغان قۇللارنىڭ نۇرانە مالائىككە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشىڭ مۇمكىن .

ئۆزىنى چۈشەنگەن كامىل ئۆزۈمچىلىكنى ئۇنتۇغان يېتۈك كىشىدۇر . ئۇ ، ئۆزىنى ئۇنتۇيدۇ ۋە بارلىق ئىنسانىيەت ئالىمى بىلەن قوشۇلىدۇ . بۇ ئاردا ھەقىقەتنى يوشۇرغان پەردىلەر ، سېپىللار ، تېرە ۋە ئىرق پەرقلىرى بىلەن ئەپسۇنكار رىسالىلەر ھېلىقى لاي قونچاقلارنىڭ كىشىلەرنى ئۆزىگە سەجدە قىلدۇرۇش كويىدا ياراتقان سېھىرلىك مەنزىرىسى بولۇپ چىقىدۇ . سەن تەڭرىلىك مۇقامىدا تۇرۇپ ئۆز - ئۆزۈڭگە — ئىنسانغا سەجدە قىلىسەن . بۇ ، ئېغىر ياتلىشىشتىن ئۆزلۈككە قايتىش ۋە پارچىلانغان ئالەمدىن ئۇلۇغ ۋەھدەت — بىرلىكنى قايتا تېپىشتۇر .

سەن شۇ چاغدا ئىستىغبار ئوقۇيسەن: «ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىلمىگەن، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ تاشقى ئالامەتلىرىدىنلا تەن ئېلىپ كامالەت تەرەپلىرىگە ئەقلىڭ يەتمىگەن ياكى ئۇنى تەن ئېلىشنى خالىمىغان، ھەتتا ئۇلارغا تۆھمەت توقۇپ چەتتىن پېشۋا ئىزدەپ يۈرگىنىڭگە پۇشايمان قىلىسەن. ئۇ چاغدا، سەن ئۆز ئۇلۇغلىرىڭنى ئىغۋا كۆھنىقاپلىرىنىڭ تاش بورانلىرىدا يېقىتىپ، ئۇنى ئېيسادەك تاختىغا باغلاپ، شەمس تەبرىزنىڭ رەقىبلىرىدەك ئۇنى ئۆزگىلەر قولىدا قۇدۇقتا تاشلاپ قەتلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مەشرەپنىڭكىدەك بۇرمىلاپ، يەنە ھېچنېمىنى كۆرمىگەندەك ئۆپكىگە ئۇن سۇيى تولدۇرۇش بىلەن ئەرمەك بولۇپ يۈرۈۋەرمەيسەن! ئۆزلۈك ئەينىكى — مىراجى ئەلاكى، ئۇنىڭدا تەڭرىنى كۆرىسەن. ئۇ سەن، سېنىڭ ئاشىقىڭ، مەھبۇبىڭ ۋە مەقسۇدىڭ».①

دېمەك، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدە دۇنيا خەلقىگە ئادەم ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسى توغرىسىدا تەلىم بەرگەن بوۋىمىز فارابى، يۈسۈپ، مەھمۇد، نەۋائىي ۋە ئۇلارنىڭ زامانىمىزدىكى قانداش شاگىرتلىرىنىڭ تەلىماتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ قارىساق، ھازىرقى كۈندە مۇتلەق كۆپ قىسمى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دەپ ئاتىلىۋاتقان مىراسخور ئانا يۇرتىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردىمۇ ئادەم توغرىسىدا ئۆزگىچە دانىشمەنلىك كېلىپ چىقىدۇ - دە، بۇنىڭدىن ئۆز تارىخىنىڭ ئىرسىي مەدەنىيەت گېنىدىن ئادەمنى تونۇش، ئۇنىڭ ئۇ ئىرسىي مەدەنىيەتنى ھاسىل قىلىش جەريانىدا قىلغان خىزمىتىدىن ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى تونۇش، بۇ تونۇشلارنى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت گېنى

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1993 - يىل 5 - ، 6 - سان، 96 - ، 97 - بەتلەر.

هاسىل قىلغان ئادەم ھەققىدىكى تەلىماتلارغا سىلىشتۇرۇپ ئۆس-تۈرۈشتەك پەلسەپىۋى ئادەم قارىشىغا يېتىپ بارالايمىز .

**2 . زامانىمىزنىڭ ئادەم ، ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ھەققىدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرى**

پەلسەپىۋى قاراش ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتى ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان دۇنيا ئۈستىدە ئويلىنىشتىن ھاسىل بولغان بولۇپ ، ئۇنىڭ مەقسىتى ئۆزىنى بىلىپ يېتىش ئاساسىدا ئۆزىگە كامالەت ئىزدەشنى مەزمۇن قىلىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، بىز مۇنداق پەلسەپىۋى قاراشنىڭ ياردىمى بىلەن ئۇنىڭ ئادەم ھەققىدىكى بارلىق قاراشلارنىڭ مېغىزىنى مۇجەسسەم قىلىپ تۇرۇپ ئادەمگە ئەمەلىيەتچانلىق بىلەن بەرگەن تەبىرىنى بىلىۋالالايمىز . شۇڭا ، بىز بۇ ھەقتىكى تۇرلۇك تەلىماتلارنى مۇپەسسەل ئۆگىنىشنى مۇناسىۋەتلىك پەنلەرگە قالدۇرۇپ ، پەلسەپىنىڭ ھازىرقى قارى-شى بويىچە ئادەمگە ۋە ئۇنىڭ ۋەزىپىسىگە جاۋاب بەرسەك خاتا-لاشمايمىز .

زامانىمىزنىڭ پەلسەپىۋى تەلىماتلىرى بويىچە قارىغاندا ، ئادەم ئىجتىمائىي ، مەنىۋىلىك (روھى ) ۋە فىزىئولوگىيىلىك بولغان تۇرلۇك تەرەپلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىدىن ھاسىل بول-غان بىرلىككە كەلگەن گەۋدە ياكى رېئال مەۋجۇدىيەتتۇر ، يەنى ئادەم تەن (بەدەن ) بىلەن روھ (جان ) دىن تۈزۈلۈپ ، ئەقىدە قىلغان ئېڭىنى روھىيىتىنىڭ تۈۋرۈكى قىلغان ھالدا مەنىۋىيە-تىدە پۈتۈن دۇنيانى ئېلىپ يۈرىدىغان جانۇ جاھاندۇر . ئىجتىما-ئىي پائالىيەت ۋە تارىخىي تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتتە ئالاھىدە بولىدىغان مەۋجۇتلۇق ئاساسىدىن قارىغاندا ، ئادەم ئىج-تىمائىيەت تارىخىي جەريانىنىڭ سۇبيېكتى ، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىكنىڭ سۇبيېكتى بولۇپ ، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت مەۋ-جۇداتى سۈپىتىدە ئىرادە ۋە ئۆز دەۋرلىرىگە خاس ئەمگەك ئارقى-

www.uyghurkitap.com

لىق ئۆزىنىڭ ياشاش ماھىيىتى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش
ئۇسۇلىغا ئېرىشىدۇ. تەبىئەت ئادەمنى يارىتىپ يېرىم يولدا
قويۇپ قويىدۇ، ئاخىرقى يولنى ئادەم ئۆزى ماڭىدۇ. يەنى،
ئادەمنىڭ ئادەم بولۇپ چىقىشى پەلەكنىڭ گەردىشى ياكى يالغۇز
تەبىئەتنىڭ يارىتىشىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىكى تۇغمىلىق
ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى تۈپەيلىدىن بولىدۇ. شۇنداق
بولغانلىقتىن، ئادەمگە تىرىشىپ ئىشلەش، ئىجاد قىلىش ئارقى-
لىق ئۆزىنىڭ يارىلىشىنى قەدەممۇ قەدەم مۇكەممەللەشتۈرۈپ
مېڭىش شەرت بولغان. ئادەملەر تەبىئىي ھالدا مەدەنىيەت يۈك-
سەكلىكىدە تۇرۇپ رېئاللىقنى قوبۇل قىلغۇچى، رېئاللىق بىلەن
ئۆز مۇناسىۋىتىنى ئۈزلۈكسىز تەڭشەش ئارقىلىق ئاپەتلەردىن
قۇتۇلغۇچى بولغان. مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانسېرى بىلىم بى-
لەن تۇرمۇش بىرلىككە كەلگەن. ئادەم ئۆزىدىكى گۈزەللىك
تۇيغۇسىنى بارغانسېرى ئۆستۈرۈپ مېڭىپ، گۈزەللىك ئە-
قىل ـ پاراسەتتە دېگەن يەرگە كەلگەن. شۇ ئاساستا ئۆزىنى ۋە
ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن قابىلىيىتى-
نى ئېچىپ ئىشقا سېلىش ئارقىسىدا سەنئەت شەكلىدە ياساپ
چىققان. ئادەملەرنىڭ ياۋايىلىق دەۋرىدىن مەدەنىيلىك دەۋرىگە
ئۆتۈشتىكى ئەڭ ئىپتىدائىي بولغان ئۆزىنى بىلىش ۋە ئېچىش
ھەرىكىتىگە زەن قويايلۇق، ئۇلار ئورمانلاردا خۇددى ھازىرقى
ھايۋانلارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىياپەتتە ياپيالىڭاچ، توپ ـ توپ
بولۇپ خام گۆشلەر يەپ يۈرگەندە، ئۆزىدىكى ئەقىل بۇلىقىنى
ئېچىش ئارقىلىق چاقماق تاشتىن ئوت چىقىرىپ گۆشنى پىشۇ-
رۇپ يېيىش تېخىمۇ تاتلىق بولىدىغانلىقىنى ۋە ھايۋانلارنىڭ تېرى-
سىنى يېپىنىۋالسا ئىسسىق بولىدىغانلىقىنى، ئۆڭكۈرلەردە يا-
شىغاندىن كۆرە ياغاچ ـ تاشلاردىن ئۆي ياساپ ئولتۇرسا قۇلاي
بولىدىغانلىقىنى بايقاپ ئۆزىنىڭ دەسلەپكى تۇرمۇشىنى تەشكىل
قىلغان. ئادىمىي تۇرمۇشنىڭ بۇنداق تەشكىل قىلىنىشى ئەمەل-

يەتتە ئەقلىنىڭ، ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ چاقماق تاش توساتتىن ئۇرۇلغاندىكى ۋال - ۋۇل قىلغان بىر دەقىقىلىك ئېچىلىشى تۈپەيلىدىن بولغان. يەنى، ئەقلىنىڭ دەقىقىلىك چاقناپ ئۆچۈشى تارىخنى نەچچە ئەسىر، ھەتتا نەچچە مىڭ يىل ئالدىغا سۈرۈۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن تەبىئەتتىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەر سۇ ۋە ئاپتاپتىن پەيدا بولسا، جەمئىيەتتىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئىنساندىن پەيدا بولىدىغان يېڭى بىر تارىخىي جەريان رەسمىي شەكىللەنگەن.

يەنى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندىن باشلاپ ئۆزىنى قوغداش ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى ھايۋانلارغا خاس ئۇسۇش، تېپىش، چىشلەشكە ئوخشاش خىرىس ۋە سوقۇشۇش شەكىللىرىنى قورال - ياراغ ياساپ ئۇ ئارقىلىق جەڭ قىلىش، قاتناش قوراللىرىنى ياساپ ئۇ ئارقىلىق سەپەر قىلىش، دۇربۇن ۋە كومپاس ياساپ يىراقلارنى كۆرۈش، يېزىق ۋە قەغەز ئىجاد قىلىپ پائالىيەتلىرىنى خاتىرىلەش ... شەكىللىرىگە ئۆزگەرتىپ، تۇرمۇشنى سەنئەت شەكلىدە يارىتىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ باشقا مەخلۇقلاردىن ئۇلۇغ ۋە ئالىيجانابلىقىنى ئىپادىلىگەن، بۇنىڭ بىلەن قەبىلە بىلەن قەبىلە، مىللەت بىلەن مىللەت، دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئەڭ ئاۋۋال ئەقىل - پاراسەت رىقابىتى بولغان، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى تېخنىكىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇنى تەبىئەت ۋە ئىجتىمائىي كۈچلەر ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشنىڭ قورالى قىلىش ئىزچىللىقى داۋام قىلغان. ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنى بىر مۇكەممەل سىستېمىغا ياكى پەن - تېخنىكىغا ئايلاندۇرالىغان مىللەت تەپەككۇرى بىخ ھالەتتە تۇرۇۋاتقان مىللەتتىن ئۈستۈن (ھۆكۈمران) ئورۇندا تۇرغان. تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغان مىللەت ئۆزلۈكسىز بەرپا قىلىش

www.uyghurkitap.com

جەريانىدا ئۆزىنى بارغانچە تاكامۇللاشتۇرۇپ، چارە - تەدبىرگە ئۇستا، يىراقنى ئويلايدىغان، مەنپەئەت قارىشى ئېنىق، سىياسىي ئاقىۋەتلەرنى تولۇق كۆرۈپ يېتەلەيدىغان مىللەتكە ئايلانسا، تەپەككۇرى تەرەققىي قىلمىغان مىللەت تەبىئەتتىن يارالغان پېتى تەبىئەتكە ئىنتايىن يېقىن ھالدىكىساددا ۋە ئىپتىدائىيلىقىنى ساقلاپ قالغان. تەپەككۇردىكى بۇ خىل تەڭپۇڭسىزلىق تۇپەيلى، دۇنيادا ئېزىش - ئېزىلىش، بويسۇنۇش - بويسۇندۇرۇلۇش ۋە مۇستەملىكە بارلىققا كەلگەن. دانىشمەن كارنىكىنىڭ «ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغىنى تۇخۇمنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى تۇخۇمدىن چۈجە چىقارغۇچى غازدۇر. مەيلى سىزنىڭ قولىڭىزدا ھەددى - ھېسابسىز پۇل بولسۇن ياكى بىرنەچچە ياماق، سىز ھەرگىز بۇنىڭغا قاراپ ئۆز بايلىقىڭىزنى ئۆلچىمەڭ. ھەقىقىي بايلىق سىرتىڭىزدا تۇرۇۋاتقان ماددىي نەرسىلەر ئەمەس، ۋۇجۇدىڭىزدا تۇرۇۋاتقان يوشۇرۇن قابىلىيەتتۇر» دېگىنى ئەنە شۇدۇر.

دېمەك، ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنياسىنى ئەنە شۇنداق سەنئەت شەكلىدە ياساپ چىقىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ باشقا مەخلۇقاتلاردىن ئۇلۇغ ۋە ئالىيجانابلىقىنى نامايان قىلغان. لېكىن، ئادەمنىڭ ئۆزلۈك ئۇستىدىكى بىلىشى بولسا ئادەمدىكى بۇنداق ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىقنىڭ ھەقىقىي مېغىزى بولغان. يەنى ئۆزىنى بىلىش — ئۆزلۈكنى بىلىش خۇددى توختىماي سوقۇۋاتقان يۈرەك سانجىۋاتقانغا ئوخشاش بىر مۇقەررەر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ تۇرغاندەك ئادەمدىكى كامالەتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىككى جەھەتتىن ئۆستۈرۈپ ماڭغان. بىرىنچىدىن، ئادەملەر ئۆزىنى بىلىش جەريانىدا ئۆزلىرى ياراتقان مەدەنىيەت دۇنياسىنىڭ بارلىق خىسلەتلىرىنى ئۆزىگە جەملىگەن، شۇ ئارقىلىق قانداقتۇر يېگانە سىرلىق تىلسىماتلارنى ئېچىشقا يارايدىغان ئىنسانلىق كامالىتى بويىچە ئۆزىنىڭ يېڭىچە

ئوبرازىغا لايىق شەكىل ياكى مودېل تاللىغان ۋە ئۇنى تۇرغۇز-
غان . ھەمدە مۇشۇنداق يېڭىچە شەكىل يارىتىش قابىلىيىتى
ئارقىلىق جەمئىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرگەن .
ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ پۈشتى ، خەلقى ، ۋەتىنى ۋە ئېتىقادلى-
رىغا ئەقىدە قىلغان ھالدا ھەقىقىي ئىنسانلىق پەزىلىتى ۋە
قىممىتىنى ياراتقان . ئۆزىنى ۋە پەزىلىتىنى ئۈزلۈكسىز يارى-
تىشقا نىشان ، غايە ۋە قىممەت ئۆلچىمى تۇرغۇزغان . ئادەملەر
ئۇلۇغ دەپ ئاتالغانلىكى نەرسىلەرگە قارىغۇلارچە ئېھتىرام قىلى-
ۋەرمەستىن ، بارغانسېرى ئەقىل پائالىيىتىگە يۈرۈش قىلغان .
بۇرۇن كۆرمىگەن ۋە كۆرەلمىگەن تەقدىردىمۇ بىر تەرەپلىمە كۆر-
گەن نەرسىلەرنى بارغانسېرى ئەتراپلىق ۋە توغرا كۆرىدىغان
بولۇپ ئىلگىرىلىگەن ، ئادەمدىكى ساداقەتلىك ۋە كەمتەرلىك
پەردىسىگە ئورالغان پەزىلەتلەر ئۆسۈپ ، ساتقۇنلۇق ۋە مۇناپىق-
لىق نىقابىغا يوشۇرۇنغان نۇقسانلار ئۈستىدىن دائىم غەلىبە
قىلىش ئىزچىللىقى شەكىللەنگەن . ئادەمدە ۋەھشىيلىك ۋە يامان-
لىقتىن ئۆزىنى تارتىشقا قۇدرەت ھاسىل بولۇپ ، «نەپرەتنى
نەپرەت بىلەن ئەمەس ، مۇھەببەت بىلەن يوقىتىش»[1] باشلانغان ،
تۇرمۇشىمىزدا قەبىھلىك ۋە يالغانچىلىق كېمىيىپ بارغان . ئا-
دەملەرنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىنى ئۆزلىرى ياشا-
ۋاتقان دائىرىدە ئىگە بولالمىغان گۈزەللىكلەرگە شەيدا بولۇپ
ئۆتكۈزۈشى ، ھايات شارائىتلىرىنى بارغانسېرى گۈزەللەشتۈرى-
دىغان سەنئەتكارلىقتا تەلپۈنۈشى (ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇ-
شىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە ئىجاد قىلىشى ) بىزنى ئىنسان ھايا-
تىنىڭ ھازىرقى گۈزەللىك دەرىجىسىگە ئېلىپ كەلگەن . ئابدۇ-
شۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ تەلىماتلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش
ھەققىدە توختالغاندا : «تارىخ،تەلىماتلارنى زىددىيەتلىك نۇقتىدى-

---

① ساكيامۇنى

www.uyghurkitap.com

لا ئەمەس ، بىرلىك نۇقتىسىدىن «ۋەھدەت» نۇقتىسىدىن ئىز-
دەش لازىملىقىنى ، باشقىچە ئېيتقاندا ، ئىنسانىيەتنى دىن ،
ئىرق ، مىللەت ، بۆلگە (رايون ) ، مەدەنىيەت تىپلىرى بويىچە
سۇنئىي يوسۇندا پارچىلىۋېتىدىغان ئۆلچەم قائىدىلەرنى بۇزغان
«مۇجەسسەم تەپەككۇر » ئېگىزلىكىدە تۇرۇپ ئىزدەش لازىملىقى-
نى كۆرسەتتى . تارىخ ، تەلىماتلارنى قانداقتۇر ھەقىقىي ئادەم-
نىڭ ھەقىقىي ماھىيەتلىرىدىن تاشقىرى ، جانلىق ئادەمگە تاشقى-
رىدىن تېڭىلىدىغان جانسىز نەرسە شەكلىدە ئەمەس ، دەل بۇنىڭ
ئەكسىچە ، كىشىلىكنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئاالاھىدىلىكلىرى
بىلەن ئالەمنىڭ سىرتقى قانۇنىيەتلىرى گارمۇنىيىسى ئاساسىدا
ئىزدەش لازىملىقىنى ، ئۇنى ئادەمنىڭ ئۆزىدىن ئۆسۈپ چىققان
ۋە ئادەمنىڭ پىكرى ھېسسىياتلىرىنىڭ ھەممە قاتلاملىرىغا يىل-
تىز تارتقان ئادەم ھەققىدىكى تەلىمات سۈپىتىدە مۇھاكىمە قى-
لىش لازىملىقىنى كۆرسەتتى »[1] دەپ ، بىزنى ئىنسانىيەت تارىخى-
دىكى ھەممە مۆجىزە ۋە ھەرقانداق تەلىماتتىكى ئادەمدىكى
ئۆزلۈك ــــ «ئۆزىدە » مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يوشۇرۇن قابىلى-
يەت بويىچە مۇئامىلە قىلىشقا ئۈندىگەنلىكى ئەنە شۇنىڭ ئۇچۇن-
دۇر . روشەنكى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئادەملەر ئۆزىنى بىلەيدى-
غان ۋە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق
دەۋرگە ماس پىكىر (تەپەككۇر ) ۋە ھەرىكەت شەكىللەندۇرۇپ ،
ئۆزىنى ھەم ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى بېزىيەلەيدىغان سەنئەتكار بو-
لۇشى كېرەك .

بىز ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشىنى نېمە ئۇچۇن مۇنچىۋالا
مۇھىم ئورۇنغا قويىمىز ؟ بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى ، ئادەم
«ئۆزىدە » تۇغما مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئىنسانلىق تەبىئەتلىرىنى

② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن : «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر » ، «شىنجاڭ
مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 - يىل 6 - سان ، 95- بەت .

تونۇش ئارقىلىق بىرىنچى قەدەمدە ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق ھەقلىرى-
نى تونۇپ يەتسە، شۇ ئاساستا يەنە ئۆزىنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلى-
رىنى قاندۇرىدىغان ئىجادىي پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆزىگە كاما-
لەت ئىزدەيدۇ ــ دە، ھاياتىنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش،
ھاياتىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش، بۈيۈك غايىلەرگە يېتىپ بې-
رىش، ئادەملىك مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن تالانت
يېتىشتۈرىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدىكى باشلىنىش نۇقتى-
سى بولغان پىكىرلىشىشنى ئالايلۇق، پىكىرلىشىش تۈرلۈك
لۇغەتلەردە ئىزاھلانغان ئادەم تەبىئەتلىرى ئىچىدە، گۈل ــ گى-
ياھ، جان ــ جانىۋار، ھايۋاناتلار... قىسقىسى، ھەممە مەۋجۇدات-
لاردا يوق ئەڭ ئالىي خۇسۇسىيەت بولۇپ، بۇ خۇسۇسىيەت ئادەم
ئەلەيھىسسالامدىن بۇيانقى ئىنسان بالىسىنىڭ ئەڭ ئومۇمىي ھەم
ئەڭ نېگىزلىك ئالاقە ۋە ياشاش ئۇسۇلى، بۇنى تونۇپ يەتكەندە،
ئادەم ئۆزىنىڭ تۇغما بىر پىكىرچى ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ
ئادەملىك غۇرۇرىنى مانا مۇشۇ نۇقتىدىن باشلاپ ساقلاش كېرەك-
لىكىنى بىلىپ يېتىدۇ.

راست، بوۋاق تۇغۇلغان چاغدىلا «نېمىدېسەڭلار مەيلى،
پىكىر مېنىڭ خاسلىقىم» دېگەندەك بىر خىل ئالامەتلەرنى —
ئۇن پەردىلىرى، ئېغىز، قۇلاق، كۆز، ھەتتا بۇلارنىڭ ئالاقىلى-
رىدىن تۇتاشتۇرىدىغان مېڭە بىلەن بىرلىكتە پىكىرلىشىشنىڭ
ئاساسلىرىنى كۆتۈرۈپ دۇنياغا كۆز ئاچىدۇ، ئۇنىڭ «ئىڭە»
دەپ ئانا ۋۇجۇدىدىن يەرگە چۈشكەن ئاشۇ ھالىتى خۇددى ئۆزى-
نىڭ پىكىرلىشىش كارامىتىنى، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقىنى خى-
تاب قىلىۋاتقانلىقىنى جاكارلاپ، يىغىسىدىكى پەرقلەر بىلەن
ئۇسسىغانلىقى، قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقى، توڭلىغانلىقى ۋە ئىس-
سىپ كەتكەنلىكىنى ئانىسىغا ئۇقتۇرۇپ ئۆز ئېھتىياجلىرىنى
قاندۇرۇۋاتقان بىر ئەمەلىي سورۇننى ھاسىل قىلىدۇ. بۇ چاغدى-
كى چۇقان مەيلى قانچىلىك رىتىمسىز بولسۇن، ھەربىر ئادەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ تۇغما ھالىتىگە نېسىپ بولغان بۇنداق پىكىرلىنىش كىشىلىك ھايات مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئۆمۈرلۈك كاپالىتى بولىدىغۇ؟! ناۋادا بىر ئادەم تۇغۇلغاندا، ئۇنىڭدا ئاشۇ پىكىرلىنىش كارامىتى بولمىسا، ئۇ ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان بىرىنچى دەرىجىسىدىن ئايرىلىدۇ ـ دە، ئۇنىڭ ئىجادچانلىق بىلەن كامالەت ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىككىنچى دەرىجىمۇ بەرباد بولۇپ، ئادەم ھاياتى ئادەمچە تەرەققىياتتىن ھايۋانچە تەرەققىياتقا يۈزلىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئادەم ئادەم بولۇش ئۈچۈن، ئەڭ ئاۋۋال ئۆزىدىكى مۇشۇ ئۇلۇغ بېغىشنى بىلىشى كېرەك بولىدۇ.

بىر خىل تۇغما خۇسۇسىيەتنىڭ بار ياكى يوق بولۇشى بىلەن بوۋاقنىڭ باشقا ـ باشقا قۇتۇپلارغا تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن مەلۇمكى، ئۇ ئادەملەر بىلەن ھايۋانلار ئوتتۇرىسىدىكى نېگىزلىك پەرق بولۇپلا قالماستىن، ئادەم تەبىئىتىدىكى ئادەمىيلىك بىلەن ھايۋانلىقنى دەرىجىلەشتۈرۈشنىڭمۇ بەلگىسى. شۇڭا، كىشىلەر ئەقىللىق ۋە گالۋاڭلارنى ھەر خىل ئايرىپلا قالماستىن، پىكىرلىنىش قۇرالىنى ئادەم بەلگىسى قىلىپ، ئاقىل دائىم پىكىر قىلىسىمۇ، ئاز سۆزلەيدىغان؛ تەلۋە كۆپ ۋاتىلدىسىمۇ، ئاز ئويلايدىغان، ئاقىلنىڭ تىلى ھەمىشە پىكىر ئىلكىدە بولسا، تەلۋىنىڭ يۈگەنسىز يورغىلايدىغان، ئاقىلنىڭ تىلى تەپەككۇرنىڭ تەرجىمانى بولسا، تەلۋىنىڭ گەپ تۇشۇش ۋە چېقىمچىلىق قىلىش ۋاسىتىسى بولىدىغان، ئاقىل يېنىشلىق ۋە خۇشپېئىل بولسا، تەلۋە خاتا سۆز ھەم ھەرىكىتىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ قانچىلىك ئادەم بولغانلىرىغا دەرىجە بەلگىلەشنى ئۆگىنىپ ئالغان. بۈيۈك ئالىملار ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىغانلىرىدا قۇلدارلىق ۋە فېئوداللىق ھاكىمىيەتلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى تەرەققىياتنى تەكىتلەپ (بىزنىڭ بۇنى تىلغا ئېلىشىمىز ھەرگىز ئىقتىدارغا سەل قارىغانلىقىمىز ئەمەس، بەلكى،

ئۇنى تەكىتلەش ئارقىلىق ئۆزى خوجايىنلىق قىلىۋاتقان جايلار-
دىكى خەلقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى كېچىكتۈرگەن جىنايەت-
لەرگە ياپساچىلىق قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ) ، ئۇلارنىڭ تە-
رەققىياتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئادەمنىڭ سۈپىتىگە سەل
قاراشتەك گۇناھلىرىنى پاش قىلىپ ، ئادەملەر ساپاسىنىڭ (ئا-
ساسلىقى ئەقلىي ئىقتىدار تەرەققىياتىنىڭ ) ئۆسۈشىنى ماددىي
تەرەققىياتنىڭ ئاساسى ھېسابلىغان ھەمدە ئادەملەرنىڭ تەن ۋە
قابىلىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق
بىلەن تەمىنلىنىش ۋە مائارىپ تەربىيىسى كۆرۈش جەھەتتىكى
نېگىزلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە
ئىقتىدارلىرىنى ئۆستۈرۈشنى جەمئىيەت ، مىللەت ، دۆلەت ئە-
گىلىكىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئۇل تېشى قىلىش ھەققىدە مەرد-
پەت ئېلىپ بارغان . ئىلغار ھۆكۈمەتلەرمۇ ئالىملارنىڭ بۇ دانا-
لىقلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى بۈيۈك قانۇن ،
سىياسەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ ، ئۆز خەلقىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار
سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى مىللىي ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ ئۇ-
لى قىلغان . زامانىمىزدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ ئا-
ساسىي قانۇنلىرىدا ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان
پەن - مەدەنىيەت ، مائارىپ ، تەلىم - تەربىيە ۋە ئىجادچانلىقنى
ئاساس قىلغان تىل ، مەتبۇئات ئەركىنلىكىنى قوغدىشى ئادەم-
نىڭ پىكىرلىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇ ھوقۇقنى قوغداش ئاساسى-
دا ئۇنىڭ ئىنسانلىق ھوقۇقلىرىنى قوغداش ئۈچۈندۇر .

ھەقىراست ، ئادەم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ، ئۇ يېگانە يا-
شاشقا مۇناسىپ ئەمەس . ئۇ ئۆزى تۇرۇۋاتقان جەمئىيەتتىكى
باشقا كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلاشقاندىلا ، زۆرۈر تۇر-
مۇش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولالايدۇ . شۇ تۈپەيلى ئىجتىمائىيلىق
ئۇنىڭ ماھىيەتلىك خاسلىقىنىڭ بىرى بولۇپ ، ئۇنىڭ ھاياتى
ئۇنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيەتلىرى جەريانىنىڭ

www.uyghurkitap.com

يىغىندىسى بولۇپ قالىدۇ . يەككە بىر ئادەمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھايات شۇ ئادەمنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش جەريانىدىكى پۈتكۈل ھايات مۇساپىسى — ئۇنىڭ ئۆمۈرلۈك ئەمەلىي پائالىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالسا ، جامائەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئۇ ئىنسانىيەت ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ يىغىندىسى بولۇپ قالىدۇ . ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت بۇ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ بارىدىغان پىكىرلىشىش ئارقىلىقلا شەكىللىنىدۇ ۋە پىكىرلىشىش بولمىسا شەكىللىنەلمەيدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيەتتىكى ئورنى پىكىرلىشىشتىن خالىي ھالدا شەكىللىنەلمىگەندەك ، كىشىلەرنىڭ پىكىرلىشىشتىن ئىبارەت ماددىي ۋە مەنىۋى ئالاقىلىرىدىن ئايرىلغان جەمئىيەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ . دېمەك ، بۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق يېرىدىكى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئۆملىشىپ ياشايدىغان جەمئىيىتى ئەڭ ئاۋۋال پىكىرلىششكە موھتاج بولۇپ ، ئادەمنىڭ پىكىرلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ، ئادەمنىڭ ياشاش ھەققىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ، شۇنداقلا ئادەمنىڭ ساپاسى تەرەققىي قىلىشنىڭ ئاساسى .

جەمئىيەتمۇ تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، ئادەملەرنىڭ ئالتالمىش «سىنىپىي كۈرەش» ماھارىتى ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئىككى سەپكە ئايرىلىپ مۇنازىرە قىلىشى ، ئېلىشىشى ئارقىلىق تەرەققىي قىلمايدۇ ، بەلكى ، ئادەم ساپاسىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ . ھالبۇكى ، ئادەم ساپاسىنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈزلۈكسىز تۈردە بىلىم ئۇچۇرلىرىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى پىششىقلاش ئارقىلىق بولىدۇ . ئۇچۇر — پىكىرلىشىشنىڭ ماتېرىيالى ، بولۇپمۇ بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە كىمكى ئىستېمال قىممىتى يۇقىرى ئۇچۇرلارنى ئىگىلىسە ، شۇ كۆز ، قۇلىقى

ئۆتكۈر ئەقىللىق ئادەمگە ئايلىنىپ ، كۆز ئالدىدىكى ئىشلارنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتە تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتىدۇ
ـ دە ، ئەلا دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشنىڭ پۇرسەتلىرىگە ئىگە
بولىدۇ . ئەگەر دائىم پىكىرلىنىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللان-
مىسا ياكى پىكىرلىنىش ھوقۇقى تارتىۋېلىنسا ، كۆز ، قۇلاقلى-
رى ساق تۇرۇپ ئىشلىمەي قالىدۇ ـ دە ، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە
كونىلىق ئەۋج ئېلىپ ، ئۆزىنىڭ زامان ئىستېمالىدىن قېلىۋات-
قان كونا گەپلىرىنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈن توختىماي سۆزلى-
سىمۇ ھەقىقەتنى يورۇتالمايدىغان ، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش-
نىڭ پۇرسەتلىرى ھەرقانچە ياخشى بولغان تەقدىردىمۇ قولدىن
بېرىپ قويىدىغان بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ .

دېمەك ، ئادەم ئۆزىنى بىلىش جەريانىدا پىكىرلىنىشتىن
ئىبارەت ئۆزىنىڭ بەرھەق ھوقۇقىنى : ئادەمنىڭ تەبىئىي مايىل-
لىقى ، ھاياتلىق ھوقۇقى ، ياشاش ھوقۇقى ، تەرەققىي قىلىش
ھوقۇقىنى تونۇپ يېتىپ ، بۇ دۇنيانىڭ ھەرقانداق ئەركە بالىسى
ئالدىدا «مەنمۇ سەندەك ئادەم ، ئەگەر سەنمۇ ئۆزۈڭنى ئادەم
ھېسابلىساڭ ، مېنىڭ پىكىرلىنىش ھوقۇقۇمدىن پايدىلىنىپ
تەرەققىي قىلىشىمغا ، سەندەك ھۆر بولۇشۇمغا رۇخسەت قىلى-
سەن» دېيەلەيدۇ . بۇنداق ئۆزىنى بىلىش نېمىدېگەن قە-
دىرلىك ـ ھە !

ئۆزىنى بىلىشنىڭ يۇقىرى باسقۇچى بولغان ئىجادىي ئىلگى-
رىلەشنى ئالايلۇق ، بۇنداق بىلىش گويا ئادەمنى ئىجادىيەت بىنا-
سىغا چىقىرىدىغان خاسىيەتلىك شوتىغا ئوخشايدۇ . ئۇ بىناغا
چىقىدىغان شوتىنىڭ ھەربىر ۋاخىنىسىدىن ئۈستىگە قاراپ قەدەم
تاشلىشىدا ئادەمنىڭ يۈرىكىگە خۇشاللىق بىلەن ئەندىشىنى تەڭلا
پەيدا قىلغان ھالدا كۆتۈرۈلۈپ ماڭىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئادەم بىر
قەۋەتلىك ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىققاندا بىر قېتىم تەكسىز ھالەت-
نى كۆرىدۇ ـ دە ، يۈرىكىدىكى ئەندىشىنى تۆكۈپ «ھەببەللى ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شوتىنىڭ ھەممە پەللىلىرىدىن ئۆتۈپ ئۆگزىگە چىقتىم ، بۇنىڭ-
دىن ئېگىزرەك بىنالارغىمۇ چىقىپ كېتەلەيدىكەنمەن جۇمۇ !»
دېگەن خۇشاللىققا چۈمىدۇ . بىلىش مۇشۇ بويىچە ئىلگىرىلەپ
ئادەمنى ئاشۇ ئېگىز بىنانىڭ ئالدىغا باشلاپ بارىدۇ . بۇ چاغدا
ئادەمدە يەنە خۇشاللىق بىلەن ئەندىشە بىر يەرگە كېلىپ ، ئادەم
بىناغا چىقىشنىڭ ياخشى - يامان تەرەپلىرى ئۈستىدە ئويلىنى-
دۇ ، كېڭىشىدۇ . مۇشۇ ئويلىنىش بىلەن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنيا-
سىدىكى يوشۇرۇن پىكىرلىرى ھەرىكەت قىلىشقا باشلايدۇ . بى-
لىش چەكسىزلىكىدە بۇنداق تەكرارلىق ، تەكرارلىق ئىچىدە
ئىلگىرىلەش بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى ، بىلىش بىۋاستە ئىجا-
دىي پائالىيەت ياكى ماددىي ئۆزگەرتىش بولۇپ ئىپادىلەنمىسىمۇ ،
مۇئەييەن ئىجادىي فۇنكسىيە بىلەن بەلگىلىك قىممەتنى ئىپادى-
لەپ بېرىدۇ . بۇ جەرياندا ئادەم بىلەن ماددىي دۇنيانىڭ ئۆزئارا
تەسىر كۆرسىتىشى (ئاساسلىقى ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش شەكلى )
نەتىجىسىدە يېڭى سەۋىيە ھاسىل بولىدۇ . يەنى ، ئۇ تاشقى جە-
ھەتتىن ئىپادىلەنمەستىن ، ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئېلىپ
بېرىلغانلىقتىن ، بىلىش پائالىيىتىنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى
ئىپادىلەپ ، ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ بىلىش
پائالىيىتى داۋامىدىكى تەتبىقلىنىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى
ئۈچۈن كەڭرى زېمىن ھازىرلاپ بېرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئادەم
ئۆز پىكرىنى ، ئىدىيىسىنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ . بۇنداق ئىشلەپ-
چىقىرىش جەرياندا ئادەم ئوبيېكتلىشىدۇ ، ئادەمدە ماددا سۇبې-
يېكتلىشىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ئادەمدىكى
بىلىمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنياغا قارىتىلىشى بىلەن بىلىشنىڭ جەر-
يانى سۇبيېكتتىن ئوبيېكتقا بارىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئادەم ئوبيېك-
تىپ دۇنيانى قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماي ، ئۆزىنىڭ كاللىسى-
غا تەسىر كۆرسەتكەن نەرسىنى ئىجاد قىلىشنى ئويلايدۇ . بىز-
نىڭ ئىدىيىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مېڭىگە يۆتكەپ كېلىن-

گەن ۋە مېڭىدە ئۆزگەرتىلگەن ماددىدىن باشقا نەرسە ئەمەس،
دېگىنىمىز ئەنە شۇ.

قۇشنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئادەمگە نىسبەتەن
سىرتتا تۇرىدىغان نەرسە. ئادەملەر بۇرۇن قۇشلارنىڭ ھاۋادا
ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ قىزىققان ۋە ئۆزلىرىنىڭمۇ
شۇنداق ئۇچقۇسى كەلگەن. بۇنىڭ بىلەن ئەپسانىلەردىكى قانات-
لىق ئادەملەرنى پەيدا قىلغان. مۇشۇنداق سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇر
ئەڭ ئاخىرىدا ئادەمنى ئايروپىلان ئىختىرا قىلىشقا ئېلىپ بار-
غان. بۇ، ئادەم ھەرقاچان ئۆزىنىڭ بىلىش قابىلىيىتىگە ئاسا-
سەن شەيئىلەرنى بىلىدۇ. بۇنداق بىلىش قابىلىيىتىنىڭ تەتبىق-
لىنىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى ئىجادىيەت بولىدۇ،
دېگەنلىكتۇر.

يەنە بىر نۇقتىمۇ باركى، بىلىش جەريانىدا ئادەم كۆزى ۋە
مېڭىسى ئارقىلىق ھەممىنى كۆزىتىدۇ. مۇشۇنداق كۆزىتىش
جەريانىدا ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە مۇ-
شۇ جەرياننىڭ خۇلاسىسىدە ئادەم ۋە ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ماھى-
يىتى ئىجادىيەت ئىكەنلىكىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئادەم ئۆزى-
نىڭ مۇشۇ ماھىيىتى بويىچە ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزىنىڭ سۇب-
يېكتىپ دۇنياسىغا سۆرەپ كىرىدۇ (قۇشلاردىن ئەپسانىدىكى
ئۇچىدىغان ئادەمگە ئۆتىدۇ) ھەمدە ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنيا-
سىدا ئوبيېكتىپ دۇنيانى يېڭىۋاشتىن تەشكىللەيدۇ ياكى ئۆز-
گەرتىدۇ (ئۇچىدىغان ئادەمدىن ئايروپىلانغا ئۆتىدۇ). رۇس
ئېستېتىكى چېرنىشۋىسكى «گۈزەللىك — تۇرمۇشتۇر، ھەر-
قانداق شەيئى، بىز ئۇنىڭدا بىز چۈشەنگەندەك شۇ خىل تۇرمۇش-
نى كۆرىدىكەنمىز، ئۇ گۈزەلدۇر؛ ھەرقانداق نەرسە، بۇ تۇر-
مۇشنى ئىپادىلەيدىكەن ياكى بىزگە تۇرمۇشنى ئەسلىتىدىكەن،
ئۇ گۈزەلدۇر» دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەندە، مانا مۇشۇن-
داق گۈزەللىكنى رېئال تۇرمۇشقا بىرلەشتۈرۈپ، گۈزەللىكنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غايىۋى ياشاش بىلەن بىرلەشتۈرىدىغان ئىجادىي بىلىش قانۇنىيە-
تىنى ئېچىپ بەرگەن .

قىسقىسى ، ئادەمنىڭ بىلىشى ئىجادىي خاراكتېر ئالغان ۋە
ئادەمنى ئۇزلۇكسىز يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان باش
رىغبەت بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىجادىيلىقى شۇ يەردىكى ، ئۆزى قوبۇل
قىلغان تاشقى شەيئى سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى بىلىش سۇب-
يېكتىنىڭ ئىچىگە قويۇپ تاللايدۇ ۋە قۇراشتۇرىدۇ ، بار بولغان
بىلىملىرى بىلەن يېڭىدىن قوبۇل قىلغان تاشقى شەيئى سىستې-
مىسىنىڭ ئۇچۇرلىرىنى يېڭىۋاشتىن قاتار قىلىپ ، ئۇلار ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى تېپىپ ، ئۇلارنىڭ ئەسلىي قىياپى-
تىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ ، يەنى تاشقى ئۇچۇرلارنى سۇبيېكت
بىلىم سىستېمىسىدا ھازىرلانغان مۇقەررەرلىك ئىچىگە كىرگۈ-
زىدۇ . ئادەمنىڭ بىلىشىنىڭ مۇنداق ئىجادىي خاراكتېرى ئوبراز-
لىق ئىجادىيەت ، ئىدىيىۋى ئىجادىيەت ، ئوبرازلىق ئىجادىيەت
بىلەن ئىدىيىۋى ئىجادىيەت ئۆزئارا بىرلىككە كەلگەن ئىجادىيەت-
لەرنىڭ ھەممىسىدە ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق بولغانلىقتىن ، ئادەم-
نىڭ بىلىشى ئەمەلىيەتتە ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئې-
چىپ ، رېئال تۇرمۇشنى گۈزەللەشتۈرىدىغان بۇيۇملارغا ئايلان-
دۇرىدىغان سەنئەتلىك ھەرىكەت بولىدۇ . بىزنىڭ ئۆزىنى رېئال-
لاشتۇرۇش دېگىنىمىزمۇ ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى
ئىشقا سېلىپ بىرەر نەرسە ئىشلەپچىقىرىش بولغانلىقتىن ، ئا-
دەمنىڭ بۇنداق ئۆزىنى بىلىش پائالىيىتى مۇقەررەر ھالدا ئىن-
سانلارنىڭ ئۇزلۇكسىز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدۇ . ھازىر ئىن-
سانىيەت مانا مۇشۇنداق ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدىكى تارىخىي
بۇرۇلۇش دەۋرىگە كىرىپ كەلمەكتە . بۇنىڭغا قارىتا دۇنيادىكى
ھەرقايسى مىللەتلەر سەپلىرىنى قايتىدىن تۈزۈپ ، ئۆزلىرىنىڭ
مۇشۇ دەۋردىكى ئورنى توغرىسىدا جىددىي مۆلچەر سوقماقتا .
چۈنكى ، بۇنداق مۆلچەر ۋە رىقابەتچىلىك ئۆزىنى بىلىش ئاساسى-

دىكى دۇنياۋى رىقابەتتە ئۆزۈپ چىقالماي تارىختىن نامى ئۆچۈپ كەتكەن مىڭلاپ مىللەتلەرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرى بىلەن هازىر-قى كۈندە ئۆزۈپ چىقىپ كېتىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ئاكتۇئال تەجرىبىلىرىنى نەزەرگە ئالغان . مىللەت دېگەن ئۆزلىرىنىڭ سان كۆپلۈكى بىلەن ۋە ياكى مىللەت ئەزالىرىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتلەر رىقابىتىگە سېلىپ قويۇپ قاراپ تۇرۇش بىلەن مەۋ-جۇت بولۇۋېرىدىغان خورىماس نەرسە ئەمەس ، بەلكى ، ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدىكى ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئارقىلىق شەكىللەن-دۈرگەن ئۇنىۋېرسال رىقابەت ئىقتىدارىغا تايىنىپ ، ئۇلانما چې-لىش مۇسابىقىلىرىدە ئاجىزلارنى ئېتىۋېتىپ كۈچىيىپ ماڭغان-دىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان رىقابەتچىلەر گۇرۇھىدۇر . قەدىمكى زاماندا بىزنىڭ ئۇلۇغ ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ شانلىق ئورخۇن ۋە غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخىنى يارىتالىشى ئەنە شۇنداق چېلىشچىلار مەيدانىدا ئۆزىنى ۋە ئۆزگىلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىلگىرىلەيدىغان ئويغاقلىقىدىن بولغانىدى . ئۇلار ئوغۇز ۋە ساك ئەۋلادلىرىنىڭ مەدەنىيەت تېپىدا تۇرۇپ ، شەرق ، غەرب مەدەنىيەتلىرىنىڭ تېگىشلىك جايلىرىنى ئۆز مىللىيەتلىكىگە خاس ئۆزگىچىلىك ئاساسىدا قوبۇل قىلىپ ، ئۆزگەرتىپ «غەر-بىي يۇرت ئۇسلۇبى» نى شەكىللەندۈرۈپلا قالماستىن ، بۇرۇنقى هالىتىدىن ئۇزلۇكسىز هالقىپ ئۆتۈپ دۇنياغا فارابى ، يۈسۈپ خاس هاجىپ ، مەھمۇد قەشقەرى ، نەۋائىي ...لاردەك گىگانت ئىلىم - پەن ، ئەدەبىيات - سەنئەت چولپانلىرى ۋە ئاجايىپ تالانتلىق يول باشچىلار يەتكۈزۈپ بېرىدىغان رىقابەت قىممىتىنى ياراتقان . ئۆزىنىڭ ئول زامانىدىكى ئۇستۇنلۈك ئورنىغا ئىگە بولغان ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدىكى ئا-شۇنداق ئۆزۈپ چىقىش روھى بىلەن بۈگۈنكى ئىلغار مىللەتلەر-نىڭ رىقابەت مەيدانىدا ئۆتۈپ چىقىشقا تەييار تۇرۇشتىن ئىبارەت ئاكتۇئال تەجرىبىسى تارىختا ئۆزىنى ساقلاش ۋە تەرەققىي قىل-

www.uyghurkitap.com

دۇرۇش نۇقتىسىدا تامامەن مەزمۇنداشتۇر . بۇنداق ئىكەن ، بىز
بارىدىغان بۇ يېڭى دەۋردە كىشىلەرنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەم ۋەزد-
پىسى ئۆزلىرىنىڭ بارلىق يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنى ئەتراپلىق
ئېچىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ ، ئەلۋەتتە
شۇنداق بولغانلىقتىن ، بىز بۇنى كىشىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىند-
كى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى دېگەن يوغان يەرگە كۆتۈرۈپ ئوتتۇ-
رىغا قويىمىز .

ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە تەسىرى ناھايىتى
كۈچلۈك بولغان ئىسلام ئالىمى شەمشۇلئالى قابۇسنىڭ مۇنۇ
سۆزى شۇنىڭ دەلىلىدۇر : «ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ ھېچ ئادەمگە
پايدىسى يوق ، بەلكى ئۆزىگىمۇ پايدىسى يوق . ھۈنىرى يوق ئادەم
گويا ئاق تىكەنگە ئوخشايدۇ . تىكەننىڭ ھېچ ئادەمگە سايىسى
چۈشمەيدۇ ، ھەرقانداق ئادەمگە ھۈنەر زۆرۈر . ھۈنىرى يوق
ئادەم ھايۋان دەرىجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ . بەلكى ھايۋان ھۈنەر-
سىز ئادەمدىن ياخشىراق . چۈنكى ھايۋان خەلققە مەنپەئەت يەتكۈ-
زىدۇ . ھۈنەرسىز ئادەم ئۇنچىلىكمۇ پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ »① ھا-
زىرقى ھاياتىمىزغا قارايدىغان بولساق ، زامانىمىزدىكى ھەقىقىي
ئىنسانلىق قىممىتى ۋە ھاياتلىقنىڭ گۈزەللىك شادلىقىمۇ ئەنە
شۇ سەنئەتكارلىقتا بولۇپلا قالماستىن ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ
گۈللەپ ياشنىشىدىكى ئۇمىدىمۇ شۇ سەنئەتكارلىق بىلەن ئورۇند-
دالماقتا . دۆلەت ۋە خەلقمۇ مۇشۇ يۆنىلىشكە قاراپ ماڭماقتا .
ئېلىمىزدە بىلىشتە ئالدىدا كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى مىسالغا ئال-
ساق گەپ تولا . تارىختىن بۇيان بۇ زېمىندا ئۆتكەن ئۆلىما ـ
نازىنىلارنىڭ ناھايىتى قەدىمكى چاغدىكىلىرى «كىتابنامىلەرنى
كۆيدۈرۈپ ئۆلىمالارنى تىرىك كۆمۈش» جازاسىغا ئۇچرىغان
بولسا ، كېيىنكى كۈنلەردە سىياسىي ئازادلىققا ئېرىشكەن بول-

① «قابۇسنامە» ، قەشقەر نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل نەشرى ، 3 ـ بەت .

سىمۇ ، ئىقتىسادىي جەھەتتە «ئاتوم بومبىسى ياسىغانلارنىڭ كى-
رىمى ساماۋەرچىلەرنىڭكىگە ، ئوپېراتسىيە دوختۇرلىرىنىڭ
كىرىمى ساتىراشنىڭكىگە يەتمەيدىغان» خارابىيلىقتىن ئۆتكەن-
دى . 20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە جۇڭگولۇقلارمۇ
«مۇبادا چوكا مۇز ساتىدىغان مومايلار قورسىقىنى بېقىپ ، ياز-
غۇچى (شائىر)لار جاپالىق ئىشلەپمۇ ئائىلىسىنى باقالمىسا ،
بىچارىسى ئالدى بىلەن يازغۇچى (شائىر)لار بولماستىن ، ئۇنىڭ
دۆلىتى ۋە مىللىتىدۇر . بۇ خىل ئىمكانىيەت بارمۇ ـ يوق؟
جاھاننىڭ ئىشلىرىغا بىر نېمە دېمەك تەس . ھەرقانداق ئىش يۈز
بېرىشى مۇمكىن ، شۇنى جەزملەشتۈرۈش مۇمكىنكى ، مۇبادا ئۇ
خىل بىچارىلىك راستتىنلا روي بەرسە ، دۆلەت بىلەن مىللەتنىڭ
مەھشەر كۈنىمۇ ئۇزاققا قالمايدۇ .»[1] دېگەن ھەقىقەتنى تونۇپ
يەتتى . 1992 ـ يىلىدىن باشلانغان زىيالىيلاردىكى بۇنداق نا-
راتلىقنى يوقىتىش ، 1999 ـ يىلىدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان
«مەشھۇر مۇتەخەسسىس ، تالانتلىقلار ئوردېنى» تارقىتىشتەك
خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى چوڭ مۇكاپاتلاش پائالىيىتى مانا مۇ-
شۇنداق ئىنسانلىق قىممەتنى تونۇپ يەتكەنلىكنىڭ جۇڭگودىكى
غۇنچە گۈلى بولدى . بۇ گۈلنىڭ ئېچىلىشى بىلەنلا مىڭلاپ
كىشىلەرنىڭ قەلبى ھاياجانغا چۆمدى .

چوڭ مۇكاپات بېرىش ئەمەلىيەتتە ئېلىمىزدە كىشىلەرنىڭ
پەن ـ تېخنىكىنىڭ بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى-
گە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىشى بولۇپ ، بىلىش پائالىيى-
تى ئارقىلىق ئورۇندىلىۋاتقان سەنئەتكارلىقنى مۇئەييەنلەشتۈ-
رىدىغان ، مەنىۋى بايلىق ياراتقۇچىلارنىڭ قىممىتىنى تېخىمۇ
قانۇنلاشتۇرىدىغان ، مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشتا ۋەتەن ئۈچۈن پەر-
ۋانە بولغۇچىلارنى تېخىمۇ قەدىرلەيدىغان ھەرىكەت ، پۈتكۈل

② ئۇيغۇرچە «تەرمىلەر» ژۇرنىلى ، 1996 ـ يىل 2 ـ سان ، 32 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خەلقىمىزنى بىلىمنى ، بىلىملىكلەرنى ھۆرمەتلەشكە ، ئەقلىيلەشىش ، بىلىم ئەھلىگە ئايلىنىشقا ، يېڭى ، يۇقىرى تېخنىكىغا ، راۋاجلانغان ساناەتكە يېتەكلەيدىغان ھەرىكەت ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە بىلىم قىممىتىنى مۇقىملاشتۇرىدىغان قانۇن ـ تۈزۈم ئورنىتىدىغان ھەرىكەت بولدى . بۇ ھەرىكەت بەزى جەھەتلەردە ئۆز تۆھپىكارلىرىنى تېخىچە تولۇق بىلىپ يېتەلمىگەن ، ھەممىگە تولۇق ئادىل مۇئامىلە قىلىپ كېتەلمىگەن ، تېخىمۇ كۆپ جاپاكەش زىيالىيلارغا يۈزلەنمىگەن بولسىمۇ ، نىشانىنىڭ توغرىلىقى جەھەتتىن مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . بۇ شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى ، بىلىش سەنئەتكارلىقى ئالدى بىلەن شۇ كىشىنى ئىنسانلارنى تەرەققىيات ئىشلىرى ئۈچۈن ھارماي ـ تالماي بوز يەر ئېچىش شادلىقىغا چۈمۈلدۈرۈپ ، ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ قىممىتىنى جامائەتكە نامايان قىلسا ، يەنە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ۋە ئىجادىيەت نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ ، ئويغاقلارنىڭ تېخىمۇ روھلىنىشىغا ئىلھام بېرىدۇ ، بىخۇد تۇرغانلارنى ئويغىتىدۇ . قىسقىسى ، بۇ سەنئەتكارلار تەرەققىياتىمىزنىڭ جېنى ، ھازىرقى دۇنيا خەلقلىرى ئالدىدىكى ھۆرمىتىمىزنىڭ كىرىستالى ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە ئاساس سالغۇچى پائالىيەتچى ، ئىزدەنگۈچى ، تەجرىبە قىلغۇچى ، ئىجادىيەتچى ، تەشكىلاتچى ، ئومۇمىي مەنپەئەتلىرىمىزنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت ـــ ئىنساندىكى مۇقەددەسلىكنى جەۋلان قىلدۇرۇش بىلەن جامائەتنى تەربىيىلەيدۇ .

ئاندىن قالسا ، بىلىش ئاساسىدا بولىدىغان ئىجادىي پائالىيەت ئادەمنىڭ ئەركىن ، ئاڭلىق پائالىيىتىنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن ، بۇنداق سەنئەتكارلىق ئەۋج ئالغانسېرى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ، خەلق ئارىسىدا «بىزمۇ ئىجاد قىلالايمىز» ، «بىزمۇ مەدەنىيەت يارىتا-

لايمىز» دەيدىغان ئومۇمىي غۇرۇرنى ئومۇملاشتۇرىدۇ. ئىجاد-
كارلىق رىغبىتىدىكى مۇنداق غۇرۇر ئاشقانسېرى پۈتكۈل دۆلەت
ۋە مىللەتتە ئىجادكارلىق شادلىقىغا تولغان ياشلىق باھار داۋام-
لىشىپ، دۆلەت، مىللەت بېشىدىكى غەم - ئەندىشىلەرنى سۈپۈ-
رۈپ تاشلايدۇ.

شۇڭا، ھەرقانداق مىللەت مۇشۇنداق بەرپاچىلىق، ئىجاد-
چانلىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى تارىخىي شەرەپلىرىنى ئىز-
دەپ تېپىشى، ھازىرقى ھالىتىنى ئىجادچان خەلقلەرگە سېلىش-
تۇرغان ھالدا كەلگۈسىنى ئويلاپ ئەندىشە قىلىشى، ئۆزىدىكى
يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىشقا سالىدىغان تالانتلىرىنى
ئالدىدا ھۆرمەتلەپ ئېلىپ مېڭىش ئارقىلىق زامانىۋى دوست
تاللىشى كېرەك. لېكىن، ھەرقانداق چاغدا ھەرقانداق مىللەت-
نىڭ دوستى ئالدى بىلەن ئۆزى، ئاندىن قالسا تەقدىرى جەھەت-
تىن بىرلىككە كەلگەن ھوشيار ھەم تىرىشچان خەلقلەر بولدى-
كى، تەقدىرداش بولمىغان كۆرەڭ نوچىلار بولمىغان. شۇڭا،
ھەركىم ۋە ھەربىر خەلق ئالدى بىلەن ئۆزىدىن ئۇلۇغ ئادەملەر-
نىڭ بەرپا بولۇشىغا كەڭ قورساق بولۇشى، ئۆزلىرىدىن بارلىققا
كەلگەن تالانتلارغا سۆيۈنۈشى، ئۇلارغا ياردەملىشىش ئارقىلىق
ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتىنى كۆتۈرۈشى كېرەك.

«ئۆزىنىڭ خەلقى ئارىسىدىن، — دەيدۇ ئىجادىيەتشۇناس
تايلور، — يوشۇرۇن ئىجادكارلىقنى پەرق ئېتىپ ئالالىغان،
تەربىيىلىيەلىگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىلھام بېرەلىگەن دۆلەت ئومۇمىي
ئىجتىمائىيلىقتا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن پايدىلىق ئورنىغا ئۆتۈپ قال-
غانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ».[1] تايلورنىڭ بۇ قارىشى ئەنە شۇنداق
ئىجادىيەت ئەركىنلىكى، جۇشقۇنلۇقى پۈتكۈل مىللەتنى، دۆلەت-

---

① «ئىجادىيەت جەريانىدىكى ئۆزلۈك توغرىسىدا»، گۇاڭدۇڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرى، 1122 - بەت.

www.uyghurkitap.com

نى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۇۋرۇك بولىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق
چۈشەندۈرۈپ بەرگەن . تايلورنىڭ گېپى راست ئەمەسمۇ ؟ بىر
خەلقتە ئۆزىنى ئۆزى دۇنياغا تونۇتۇپ تۇرىدىغان ئىجادىي ئادەم-
لەر بولمىسا ، ئۇ مىللەت ئۆزىنى دۇنياغا تەشۋىق قىلىدىغان
ئىجادىي قۇدرەتكە ، يوشۇرۇن قۇدرەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان
ئىلمىيلىك ، تەۋەككۇلچىلىككە ئىگە بولمىسا ، بۇنى كىم تونۇتى-
دۇ ؟ روشەنكى ، ئۆزى جاسارەتكە كەلمەي بىردەم ئۇنىڭدىن ،
بىردەم بۇنىڭدىن تەمە قىلىپ تۇرۇش ئۇچىغا چىققان ئەخمەق-
لىق .

توغرا ، ئادەم دېگەن رېئال جەمئىيەتتە ياشايدۇ . كۆپ مەد-
بەلىك جەمئىيەت ، مۇرەككەپ ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ تۇر-
مۇشقا تۇتقان پوزىتسىيىلىرى كۆپ خىل بولىدۇ . بەزىلەر تۇر-
مۇشنى سۆيۈپ ۋەتەننىڭ ئىستىقبالى ھەققىدە غايە قوغلىشىپ ،
دادىل ئىزدىنىپ ، تۇرمۇشنىڭ سەنئەتكارلىرى بولۇشقا باتۇرلۇق
قىلىدۇ . ئۇلار يۈرىكىدە ئادەم ھەرقانچە تاغ يۈرەك بولغان بىلەن-
مۇ ، ئۇنىڭدا قەتئىي ئېتىقاد بولمايدىكەن ، نامەردكە ئايلىنىپ
كېتىدۇ ، ۋەتەنداش جاپاكەشلەرگە ھەمدەرد بولمىغانلار ئىنسانىي
پەزىلەتتىن مەھرۇم بولىدۇ ، دېگەن ئەقىدە پارلاپ تۇرىدۇ .
شۇڭا ئۇلار يول ئۈستىدە خەتەرلەرگە ئۇچراپ قالسىمۇ ، ئۆزد-
نىڭ ئېتىقادىدىن يانمايدۇ . روشەنكى ، بۇلار ۋەتەن ئۈچۈن قۇ-
ياشتەك زۆرۈر پىداكار كىشىلەردۇر . ئەمما ، ئاز سانلىق شۇنداق
كىشىلەرمۇ باركى ، ئۇلار قۇرۇق نام ــ شۆھرەت ، مەئىشەت ۋە
ياكى باشقا مەنپەئەتلەرنىڭ قۇلى بولۇپ كېتىدۇ ــ دە ، ئۇلۇغ
پۇرسەتلەر يارىتىلغان تەقدىردىمۇ ماددىي مەئىشەت مەستلىكى
بىلەن تۇرمۇشنىڭ مىڭلىغان ئىشچان سەنئەتكارلىرىنىڭ تەتۈرد-
سىچە ھەرىكەتلەردە بولىدۇ . ئالغا ئىنتىلمەيدۇ ، يامانلىقتىن
ئۆزىنى تارتىدىغان غەيرەتنى يوقىتىپ چۈشكۈنلىشىدۇ ، ھەتتا
جەمئىيەتتىكى قەبىھ ئىشلارنىڭ كەينىدىن مېڭىپ داشقالغا ئاي-

لىنىپ كېتىدۇ . بۇلار ئادەمنىڭ بۇ دۇنياغا نېمە قىلىشقا تۆرە-
لىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكى مەنپەئەتكىلا بېرى-
لىدىغان ، تۇرمۇش سەنئىتىنى بۇزىدىغان ، ۋەتەن بېشىغا ئېغىر-
چىلىق سېلىشتىن ئىزا تارتمايدىغان ئاۋارىلەردۇر . يەنە بىر
قىسىم كىشىلەر باركى ، ئۆزىنىڭ هايات قىممىتىنى يارىتىدىغان
تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنى بايقاپ بولالماي گاڭگىراپ قالىدۇ .
بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى سەنئەتكارلارنىڭ ئۇلگىلىك ئىشلىرى ۋە
ئىلهامى بىلەن ئاكتىپ تۇرمۇش تەرىپىگە ئۆتىدۇ ، ئەلۋەتتە .
خېلى كۆپ سانلىق بۇنداق ئارىلىقتىكىلەرگە جەمئىيەت ئۇستاز-
لىرى ، بولۇپمۇ ئاتا ـ ئانا ، ئوقۇتقۇچى ـ ئەپەندىلەر ، ۋىجدانلىق
ئالىم ـ يازغۇچىلار كۆپلەپ تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ ، ئۇلارغا
ياشلارنىڭ پېشقەدەملەر ئالدىدىكى ، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانا ئالدى-
دىكى قەرزىنى ، نومۇس ۋە هۆرمەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇ-
تۇشى كېرەك . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ۋىجدانىنى قوزغىتىش ، ئۆزى-
نىڭ شۇنچىلىك بولغۇچە ئاتا ـ ئانا ، يۇرت ـ مەهەللە ، ئانا
ۋەتەنگە قەرزدار بولۇۋاتقانلىقىنى ، قەرزنى قايتۇرۇش ئۇچۇن
ئىچىدە : بىز ئاتا ـ ئانىمىزغا قەرزدار ، چۇنكى قىممەتلىك بۇ
هاياتنى بىزگە ئاتا ـ ئانىمىز بەرگەن ، بىراق بىز ئۇلارغا نېمە
بېرەلىدۇق ؟ ! بىز پەرزەتلىرىمىزگىمۇ قەرزدار ، چۇنكى ئۇلارغا
مال ـ دۇنيا مىراس قالدۇرۇشتىنمۇ مۇهىمى ، ئىلىم ۋە مۇستە-
قىل ياشايدىغان قابىلىيەت ، ئىجادىي روھ قالدۇرۇشىمىز كې-
رەك ئىدى ، بىراق ئۇلارغا نېمە قالدۇرۇۋاتىمىز ؟ ! بىز يەنە
دوستلارغىمۇ قەرزدار ، چۇنكى دوستلار هايات يولىدىكى بارلىق
ئىسسىق ـ سوغۇقنى بىز بىلەن تەڭ تارتتى . بىراق ، بىز
ئۇلارنىڭ بېشىغا كۈن چۈشكەندە قانچىلىك تارتىشىپ بېرەلى-
دۇق ؟ ! بىزدىكى دوستلىرىمىزغا قىلغان ۋەدىلەرگە ئەمەل قىل-
مايدىغان ۋە قولىمىزدىن كېلىدىغان ئىشلارنى قىلىشىپ بەرمەي-
دىغان نامەردلىكلەرنى تۈگەتمەي بولامدۇ ؟ بىز كىنىدىك قېنىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆكۈلگەن ئانا زېمىنگە ، ئەل يۇرتقا قەرزدار ، چۈنكى ئانا زېمىن ئىللىق باغرىدىن جاي بېرىپ باقتى ، ئەل ـ يۇرت ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئادەم قاتارىغا قاتتى . بىراق ، بىز بۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق ؟ ! دەپ ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويالايدىغان قىلىش ، زەبەردەست سەنئەتكارلارنى ئۈلگە قىلىپ ، زامانىمىزنىڭ ئىنسانىي كامالىتى ئۈچۈن يېڭى قەدەم تاشلاتقۇزۇش كېرەك .

ئەپسۇسكى ، بۇنداق ئۈچ خىل ئادەملەرنىڭ ھەرقانداقى ئۆزلىرىنىڭ شۇ قىلمىشلىرىغا ئۇلۇغ ھايات دەرىخىنى بەدەل قىلىپ تۆلەيدۇ . قايسى يولغا مېڭىش كېرەك ؟ ۋەتەن ئۈچۈن قۇياشتەك زۆرۈر بولغان تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ پىداكارلىرى يولىدا مېڭىش كېرەك . قانداق مېڭىش كېرەك ؟ ۋەتەننى چۈشىنىپ مېڭىش كېرەك .

چۈنكى ، ۋەتەننى چۈشەنمەسلىك نادانلىقنىڭ ئۈستىگە نادانلىق ، ئادالەتنىڭ ئۈستىگە زۇلۇم ، قېرىنداشلىققا دۈشمەنلىك بولۇپ ، ۋەتەن چۈشەنچىسى يوق ئادەملەر ئۆمۈر بويى نەپسىنىڭ تەقەززاسىدا بايلىق ھەم مەرتىۋە خۇمارىدا ۋەتىنىگە ، ۋەتەنپەرۋەرلەرگە كۆز ئالايتىپ ئۆتىدۇ . بۇلار ھەممە جاھالەت ، پەسلىك ۋە رەزىللىكلەرنىڭ ئانىسىدۇر . ئۇلاردا مەدەنىيەت بىلىمى بولغان تەقدىردىمۇ ، بۇلارنىڭ ۋەتەننى سۆيۈشنى بىلمىگەنلىكى ھەرقانداق رەزىللىككە سەۋەبچى بولىدۇ . ناۋادا بىرەر خەلقتە ۋەتەنپەرۋەرلىك سۇسلاپ كەتسە ، بۇنداق رەزىللىكلەرگە سۈكۈت قىلىدىغان شەرمەندىچىلىك باش كۆتۈرىدۇ ـ دە ، بىرمۇنچە ئادەملەردە مۇھەببەت ـ نەپرەت تۇيغۇسى ئۆلۈپ كېتىدۇ . ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ۋە كېلەچەك ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك ئالىم ياكى زالىمنى ، باتۇر ياكى خائىننى ئايرىماي بىخۇدلارچە قاراپ تۇرىدۇ . ۋىجدانلىق دانىشمەنلەرنىڭ ئۆزلىرى ئۈچۈن سۇ بىلەن ھاۋادەك زۆرۈر بولغان ھېكمەتلىرىگە قۇلاق سالمايدۇ . ھەتتا مەكتەپتە ئوقۇش ، ئىلىم ـ پەن تەھسىل قى-

لىش ، خىزمەت ۋە تىجارەت قىلىشنى ۋەتىنى ـ خەلقىنىڭ
ئاكتىپ بىر ئەزاسى بولۇش ئۈچۈن ئەمەس ، قورساق تويغۇزۇش-
نىڭ ۋاستىسى قىلىۋېلىپ ، نەپسىنى قاندۇرىدىغان ھەرقانداق
يەرگە چىۋىندەك قونىدۇ ـ دە ، ئۇلۇغ ئالىملىرىنىمۇ ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىنكى قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ماتەم خەۋەرلىرىدىن
بىلىدۇكى ، پۈتكۈل ھاياتىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن شام بولۇپ يانغۇ-
چى بۇ ئۇلۇغلار ئۈچۈن مىسقال تۆمۈردەك بىر ئېغىرچىلىقنى
كۆتۈرۈشۈپ بەرمەيدۇ . بۇنىڭ بىلەن بۇنداق خەلق ئۈچۈن سۆز-
لىگۈچى ۋە ئۇلارنىڭ كېلەچىكىنى ئويلانغۇچىلار ئېغىر ئاقىۋەت-
لەرگە قالىدۇ . بۇ ئەمەلىيەتتە ئەجدادلىرىنىڭ شانلىق سەھىپى-
لىرىگە ئاسىيلىق قىلىش ، ئەجدادلىرىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى-
نى يېڭى دەۋردە رېئاللاشتۇرۇشقا قارشى ھەرىكەت بولغانلىق-
تىن ، بۇنداق خەلقنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئورنى تېزلىكتە
تۆۋەنلەپ ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايدىغان ۋە ئۇلاردىن پايدا ئېلىشنى
كۆزلەپ دوست بولىدىغانلار ئازلاپ كېتىدۇ . بۇنداق خەلق ھەتتا
ئۆز يۇرتىغا ئۆزى مۇساپىر بولىدۇ . دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ
بارا ـ بارا خۇددى ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن يېتىم بالىدەك
تۆت تەرەپكە قاراپ قالىدۇ ـ دە ، ئاللىقانداق بىر روھ ئۇلارغا
يېڭى ـ يېڭى ۋەھىمە ئەرۋاھلىرىنى ھەمراھ قىلىپ قويىدۇ .
ئۇ روھ ئالدىدا كىمكى «توۋا» قىلمىسا ، ئەرۋاھلار ئۇلارنى يەنە
نادانلىقتىن ئىبارەت ياۋۇزلۇق بىلەن ئالاقزادە قىلىپ ، تەپەككۇر
جەھەتتە بارغانسېرى ئارقىغا چېكىندۇرۇۋېتىدۇ . تەپەككۇردا
چېكىنىش ، ئويغاق تەپەككۇر دۇلدۇللىرىغا تەتۈر قاراش ، خەلق-
نى ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان ئەجەللىك جان ھالقىسى بولغان-
لىقتىن ، بۇنداق ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇلار ئالدى بىلەن
ۋەتەننى چۈشەنگەن ھالدا تەپەككۇر نامراتلىقىنى يېڭىش دەرسخا-
نىسىغا كىرىش لازىمدۇر .

— ۋەتەن دېگەن نېمە؟ — دەيدۇ ئا . ن . تولىس -

تويي، — بۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ھەرىكىتىنى مەزكۇر مەيداندا كامالەتكە يەتكۈزىدىغان پۈتكۈل خەلقتۇر. بۇ خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكىدۇر. بۇ ئۇنىڭ رەڭمۇ رەڭ مەدەنىيىتى، تىلى، خاراكتېرى ھەمدە شۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىنقىلابىي مەقسەت، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى مۇھىم باسقۇچلىرىدۇر[1].

بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بىز «شەرقنىڭ كېسەل كۆرپىسى» دەپ ھاقارەتلەنگەن پاجىئەلىك ئۆتمۈشىمىزنى ئۇنتۇمىغان ھالدا بۈگۈنكى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باي ۋە قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇشتىن ئىبارەت كېلەچىكىمىزگە تەلپۈنۈش، مەنىۋىيەتنى قورغان قىلغان بىر پۈتۈنلۈكتىكى رەڭمۇ رەڭ مەدەنىيەتلىرىمىزنى ئۆستۈرۈش جەھەتلەردە ئىجادىي پىداركارلاردىن بولۇش ئادەملىكىمىزنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك.

— پىداكار ئادەملەر قۇياشتەك زۆرۈر، — دەيدۇ ئا. پ. چېخوف، — ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ئەڭ شائىرانە ۋە ھايات بەخش ئېلېمېنتى بولۇپ باشقىلارغا ھاياجان، تەسەللىي بېغىشلايدۇ ۋە ئۇلارنى ياشارتىدۇ. ئۇلار ئوپتىمىزم توغرىسىدا مۇنازىرە ئېلىپ بارىدىغان، زېرىككىنىدىن چالا - بۇلا پوۋېستلار، كېرەكسىز لايىھەلەر ۋە بەش تىيىنغا يارىمايدىغان دىسسېرتاتسىيەلەر يازىدىغان، ھاياتنى ئىنكار قىلىش ئۈچۈن ئەخلاقسىزلىق قىلىدىغان، بىر پارچە ناننى دەپ يالغان سۆزلەيدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن سىرتقى باشقىچە ئادەملەردۇر، جاسارەت، ئېتىقاد ۋە ئېنىق مەقسەتكە ئىگە بولغان ئادەملەرمۇ بارلىقىنى جەمئىيەتكە بىلدۇرۇپ تۇرغۇچى جانلىق گۇۋاھلاردۇر[2].

---

① «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1987 - يىل نەشرى 15 - بەت.

② يۇقىرىقى كىتاب 83 - بەت.

بىز ۋەتەننىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەلىم ئالغاندىن كېيىن ، رۇس خەلقىنىڭ پەخرى بولغان بۇ ئۇلۇغ زاتنىڭ ھېكمىتىنى ئاڭلىغاندا ، بۇ ئىككىيلەن خۇددى بىزنىڭ ھازىرقى كېسەللىرىمىزگە مەنىۋى دورا رېتسېپى يېزىپ بېرىۋاتقاندەك ۋە ياكى بىزدىكى بىخۇدلۇق ، بىپەرۋالىق بىلەن يامانغا يانتاياق بولىدىغان ئاجىزلىقلارنى پەقەت ئۆزىنى بىلىش ، جەڭگىۋارلىشىش ئۇستىگە پىداكارلىقنى قوشۇپ ئىجاد قىلىش ئارقىلىقلا يەڭگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلىدىغۇ ، دەيمەن ! ؟

شۇنداق ، «ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىنى ياراتقان خەلق ئۇنداق تارىخنى قايتا يارىتالىشى مۇمكىن . ئەمما ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ قىممىتى مۇمكىنلىك بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئەمەلدىكى ئىجادىيەت سەمەرىلىرى بىلەن ئىسپاتلانغان قىممەتتۇر»① . بىز ھازىرقى زامان بىلىم ئىگىلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئەمەلىي ئىجادكارلارنى بارلىققا كەلتۈرمەي ، يەنىلا ئاللىقانداق گەپلەرنى قىلىۋېرىدىكەنمىز ، پۇرسەتنىڭ كەتكىنى كەتكەن ، بۇنى ھەرقانچە ئېگىز كۇرسىلاردا ئولتۇرغان چوڭ ئادەملەرمۇ خەلققە تۆلەپ بېرەلمەيدۇ . چۈنكى ، كىشىلەر بارغانسېرى يېڭىچە ئۇسۇل بىلەن دۇنيانى ، ئۆزىنى تونۇشقا موھتاج . ھەرىكىتىنى دەۋر ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا موھتاج . جاھاننىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ھەربىر خەلقنىڭ يېڭى بىلىم ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدىشىغا موھتاج . «ئۇچۇر دەۋرىدە ، ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارى ۋە بىلىمى جەمئىيەتنىڭ ئاساسلىق كاپىتالى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۈزلۈكسىز تۈردە ماشىنا ـ زاپچاسلار ۋە زاۋۇت ئۆيلىرىنىڭ ئورنىنى ئېلىۋېرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى دەۋر دەھشەتلىك ئورنىنى ئېلىش ۋە تاللاش بىلەن تولۇپ تاشىدۇ . بۇ ھال

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 ـ يىل 6 ـ سان ، 67 ـ بەتتىكى نەقىل .

www.uyghurkitap.com

يېڭى بىلىم ئىگىلىرىگە پۈرسەتلەرگە تولغان دۇنيا بولۇپ گەۋدىلەنسە ، يېڭى بىلىمى يوقلارغا سابىق خىزمەتلەر ۋە سابىق تۇرمۇشلەرنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن بىر چاغدا ئىشسىزلىق ، نامراتلىق ، ئۈمىدسىزلىك بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ . »① ئەجەبا بىزگە بۇ تاللاشنىڭ كەينىدىكىسى كېرەكمۇ ؟

ئەنە ، سەييارىمىزدا كۆتۈرۈلگەن يېڭى تېخنىكا ئىختىرا قىلىشنى ئۆگىنىش ئىنقىلابي جاھان خاراكتېرلىك ئىقتىدار رىقابىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، كىشىلەرنى تالانت ۋە ئىقتىدار ئۆستۈرۈشنىڭ مۇسابىقە مەيدانىغا باشلاپ كىردى . تەرەققىي قىلغانلارنى ئالدىغا سېلىپ ، ئارقىدا قالغانلارنى كەينىگە تاشلاپ ئالغا ئىلگىرىلىدى . مۇسابىقە ئارقىسىدا مەيدانىغا كېلىۋاتقان بەرپاچىلىق سۈرئىتى مىسلى كۆرۈلمىگەن تېزلىك ۋە رەت قىلغىلى بولمايدىغان قايىل قىلىش كۈچى بىلەن ھەرقايسى رايون ، خەلقلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالى بويىچە پەرقلىق ئورۇنغا تۇرغۇزۇپ قويدى . بىز ئەمدى زامانىمىزدىكى بۇنداق يۈكسەك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە تىزگىنلەش ياكى باشقىلارنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەش يولى بىلەن ئەمەس ، بەلكى ئادەملىرىمىزگە ئادەمنىڭ ئالەمنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۆجىزىسى ، ۋۇجۇدىدا مۇقەددەسلىك كارامەتلىرىنى يوشۇرۇپ تۇرغۇچى ، بەخت كەلتۈرگۈچى سۈپەت مۇمكىنلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى ، مۇشۇنداق ئادەملىك ھوقۇقىنى ئۇنتۇش ياكى يوقىتىپ قويۇشنىڭ بارلىق نادانلىق ، قالاقلىقنىڭ يىلتىزى ئىكەنلىكىنى يېشىپ چۈشەندۈرۈپ ، ئۇلارنى نادانلىق ئىلكىدىكى ئارتۇقچە بىلەرمەنلىكتىن قول ئۈزدۈرۈش ، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ماھىيەت ۋە سۈپەتلىرىنى گۇمانسىز چۈشەنگەن ھالدا ھەركىم ھەر جايىدا

---

① ج . ۋاس ، گ . درودېن : «ئۆگىنىش ئىنقىلاۋى» شاڭخەي سانلىيەن نەشرىياتى خەنزۇچە نەشرى ، 1 ـ بەت .

تۇرۇپ ئۆزىنى زامان ئېتىبارىدا مەلۇم دائىرىدە جىددىي ئۆزگە-
رىشكە لايىقلاشتۇرىدىغان قىلىش ئارقىلىق يېتىمىز . ھېچبىر
زاماننىڭ ئادىمى ئۆلچەملىك ھالدا دۇنياغا كەلمەيدۇ ، بەلكى
ئۈزلۈكسىز تەرەققىيات ، دائىمىي شەكىللىنىش جەريانىدا كاما-
لەتكە يېتىدۇ .

كىمكى كامىل ، بولمىغاي غەپلەت ئاڭا ،
باسسا غەپلەت — ئەقىلنى پالەچ ئېتەر .
كىمكى جاھىل بولمىغاي ھېكمەت ئاڭا ،
ئىلىممۇ بىر كۈن جاھالەتنى پاش ئېتەر .

— جالالىددىن رۇمىي

# II باب ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى ۋە ئۇنىڭ زامانىۋى ئوبرازى

ئۆزۈڭنى بىر كىچىك جىسىم دەمسەن ئىنسان،
سەندە بەكمۇ زور ئالەملەر پىنھان.

— ھېكمەت

## 1. ئادەمنىڭ ئىككى خىل بايلىقى

ئادەمنىڭ ئەڭ زور بايلىقى ئەقلىمۇ ياكى ماددىي نەرسىلەرمۇ؟ ئادەم ئۆز بايلىقىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ تۇرسىلا باي، كۈچلۈك ھېسابلىنامدۇ ياكى ئۇنى ئېچىپ دەۋرلەشتۇرگەندىمۇ؟ 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان تالاي ئەسىرلەردە ئىنسانلار كۆپ ھاللاردا ئۆزلىرىنى ھايۋانلارغا سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بىلەن ياشىغانلىقتىن، ھەدېسىلا تاشقى دۇنيادىن كۆزىگە كۆرۈنگەن ماددىي بايلىقلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىدىكى ئەڭ زور بايلىقنىڭ مېڭىسىدە يوشۇرۇن تۇرۇۋاتقان ئەقلىيەت ئىكەنلىكى ھەققىدە چوڭقۇر ۋە توغرا قاراشقا كېلەلمىگەنىدى. 20 - ئەسىردە ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ بايلىقىنى يالغۇز تاشقى دۇنيادىن ئىزدەيدىغان ھاماقەتلىكى پۈتۈنلەي بەربات بولدى. چۈنكى، بۇ ئەسىردە ئىنسانلارنىڭ ئەقىل ۋە ئىجادىيەت روھى ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، ئادەم ھەققىدىكى پەلسەپىۋى تەتقىقات ئادەمنىڭ تاشقى دۇنياسىدىن ئىچكى دۇنياسىغا قارىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن 20 - ئەسىردە ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدارىدىكى چەكسىزلىك بايقى-

لىپ ، ئادەمنىڭ ئەقلىي كامالىتىنى قولغا كەلتۈرۈش قارىشى بايلىق قارىشىنىڭ مەركىزى بولدى . بۇ قاراش ئاساسىدا ئويغان-غان ئىنسانلار ئادەمنىڭ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى تونۇپ يېتىش ۋە ئەقىل بايلىقىنى ئېچىش ئاساسىدا ئوبرازىنى زامانغا لايىقلاشتۇ-رۇشنى ھەممە كىشىنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى دەپ قارىدى . 20 ـ ئەسىردىكى تەتقىقات ، تەرغىبات ، ئىلغار تەشۋىقات نەتىجىسىدە ئەقىلگە بولغان ئېتىبار شۇنداق ئومۇمىي ھادىسە بولدىكى ، ئىج-تىمائىي مالىمانچىلىق ، ئىرق ۋە مىللىي ئۆچمەنلىك ، دىنىي ئەسەبىيلىك ، ئەخلاقىي چىرىكلىك ۋە تارىخىي بۇرۇلۇشلاردا كېلىپ چىققان جۇغراپىيىلىك يول يۆتكەش تۇپەيلى دۇنيادىن خەۋەرسىز غەپلەت بېسىپ ئۇخلاپ قالغان رايونلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت : تەبىئەت دۇنياسىدا نۇرغۇنلى-غان قېزىلما بايلىقلار بار ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ ماددىي بايلىقى ، ئادەمنىڭ مېڭىسىدىمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدىكى كانلارغا ئوخشاش بايلىق بار ، بۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى ، بىز مېڭىمىزدە ساقلىنىۋاتقان بۇ كان بايلىقىنى ئېچىپ ھەممە ئۇنى مەقسەتلىك ، پىلانلىق ، توغرا ئىشلىتىپ ، يەر ئاتىمىزدىكى چەكلىك بايلىقنىڭ ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىقلا ئۆزىمىزدە ھەقىقىي پەيزىنى سۈرەلەيدىغان سۈپەت ئۆزگىرىش ھاسىل قىلا-لايمىز ، دېگەن يەرگە كەلدى . ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بۆلىكى-گە ئايرىمچىلىق قىلماستىن ، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ سىرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئېچىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان پىسخىك ياكى ئىج-تىمائىي ئۇيقۇدىن ئويغىنىشنى شەرت قىلدى . ئىنقىلابىي شائى-رىمىز ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغىنىپ كەتتى جاھان ، مەغ-رىپى مەشرىق تامام ، مەن تېخى سۇت ئۇيقۇدا چۆش كۆرۈپ ياتارىمەن .» دەپ چۇقان سېلىشى ۋە سانى بەك ئاز بولسىمۇ ئۇنىڭغا جور بولغان ئويغاق مۇتەپەككۇرلىرىمىزنىڭ شۇ تەرىزدە قىلغان ئىدا ھەم خىتابلىرى بىزنىڭ ئەنە شۇنداق دۇنياۋى ئەق-

لىي ئويغىنىشتىن خەۋەرسىز ئۇخلاپ قېلىۋاتقانلىقىمىزغا ئېچى-
نىش ، بىزنىمۇ ئاشۇ بۈيۈك يۇرۇشكە قاتناشتۇرۇپ تارىخىي
شەرەپلىرىمىزنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى . ئەمما ، بىزنىڭ بۇ
يۇرتتا ئەقىل ئىنقىلابىغا قارشى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان غەپلەت
ئۇيقۇسى ـــ جاھالەت تاسادىپىي ئەھۋال بولماستىن ، پۈتكۈل
ئاسىيادا ئۇزاق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان دېموكراتىيىدىن مەھرۇم
شەپقەتسىز مۇناسىۋەتلەر بىلەن باغلىنىشلىق ئىدى . ئۇنىڭ بىر
تەرىپى ئىچكى قىسىمىمىزدىكى نىزا ، سىياسىي داۋال-
غۇش ، ئىلىم - پەندىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ كەتكەن خۇراپىي
ئەسەبىيلىك ، دۇنيانىڭ ئەقلىي يۈزلىنىشىدىن ئايرىلىپ قالغان
تەپەككۇر نامراتلىقى بىلەن باغلانسا ، يەنە بىر تەرىپى يۇرتىمىز-
نىڭ دېڭىز - ئوكيان ۋە ھاۋا بىلەن بولىدىغان دۇنياۋى قاتناش-
تىن ئايرىلىپ چۆلدەرەپ قېلىشى ، ئىسلام دۇنياسى ھەم ئوتتۇرا
ئاسىيادىكى چېكىنىش بىلەن باغلاندى . شۇڭا ، بىردەم ئۆزىنىڭ
ئەھۋالىغا ، بىر دەم ئەتراپىدىكى مۇھىتقا قاراپ بۇ چۇقانغا ماس
ھالدا ئويغىنالمىدى . بۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئاسىيانىڭ چوڭ
ۋەزىيىتىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزىي شەھەرلىرىدە ئويغى-
نىش بولغان بولسىمۇ ، ئۆزگىچە بېكىنمە بولۇپ قالغان تارىمدا
گويا زۇلمەت باسقان كېچىدەك جاھالەت ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتت-
تى . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ چاغدا پۈتكۈل ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا-
نىڭ باشقا شەھەرلىرىدە ئۇيقۇسىدىن ئويغانغانلارنىڭ يۈزلىرىدە
ئۆز كېلەچەكلىرى ئۈچۈن تەبەسسۇم جىلۋىلەندىيۇ ، بىز يەنە
قامال قىلىنغان بىر دائىرىدە غەپلەت سۈردۇق . ئابدۇخالىق
ئۇيغۇر يەنىلا بۇ ھالىمىز ئۈچۈن يىغلىدى ، تەقدىرىمىزدىن قاي-
غۇردى ، بىزنى يەنە ئاشۇ دۇنياۋى ئەقىل ئىنقىلابىنىڭ قاتارىغا
قوشۇش ئۈچۈن توختىماستىن نىدا قىلىپ تۇردى . «چۆل جەزى-
رە ، دەشتۇ سەھرا ئىچرە قالدىم نائىلاج ، ئاھ ، قاچان بىر يول
تېپىپ قوشۇلاي قاتارغا مەن .» ئەمما ، بىز يەنىلا بۇنداق ئۇلۇغ

چۇقانلارغا بولۇشۇپ بېرەلمىدۇق . شۇنىڭ ئۇچۇن ، مۇشۇ ئە-
سىردە بېشىمىزغا كەلگەن پالاكەتچىلىكلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئوب-
يېكتىپ مەۋجۇت بولغان بىرمۇنچە تاشقى ئامىللاردىن باشقا ،
ئاساسلىقى دۇنيانىڭ ئەقىل قەدىمىگە يېتىشىپ قاتارغا كىرەلمە-
گەنلىكىمىزدىن ئىبارەت ئىچكى سەۋەبتىن كېلىپ چىقتى . ئەم-
ما پۇشايماننى ئالدىنغانغا قاچا بولمىدى ، ناۋادا بۇ ساۋاق قوبۇل
قىلىنمىسا ، كېلەچەكىمىزنىڭ يەنە بىر پۇرسىتىدە ساۋاق يەكۇن-
لەيمىز دېسەك ، زامانىمىزدا هاماقەتلەر كۆلكىسى بولۇپ قالىدى-
غانلىقى ھەممىمىزگە ئايان بولدى . بىز شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بۇگۇن-
كى ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ ئومۇمىي يۈنىلىشىدە تۇرۇپ ، ئادەم-
نىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئەقىل ئىقتىدارىنى ئېچىشنى زامانغا
لايىقلىشىشنىڭ مۇتلەق شەرتى قىلىمىز . ھەمدە ئالىملارنىڭ
مۇنۇ ھۆكۈمالىقىنى تۇرلۇك تەتقىقاتلارنىڭ تەۋەررۇكى بىلىپ
خاتىرىڭىزگە تەقدىم قىلىمىز : «بۇ مۇھىم سۆزنى ئېسىڭىزدە
چىڭ تۇتۇپ قېلىڭكى ، ئۇ سىزنىڭ دۇنيايىڭىزنى ئۆزگەرتىۋېتىد-
دۇ ، ھېچبولمىغاندىمۇ يېزىق ، باسما تېخنىكىسى ، ھور ماشىنى-
سى ، تېلېۋىزور ۋە كومپيۇتېر ئىختىرالىرىنىڭ دۇنياغا كۆر-
سەتكەن تەسىرىدىن كىچىك بولمايدۇ : بىزمۇ ئاخىرى ئىنساند-
يەتنىڭ بارلىق بايلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مەشھۇر بايلىقنى
ئۆگىنىشكە كىرىشتۇق ، بۇ بايلىق ئىنسانلارنىڭ نورمال چوڭ
مېڭىسىدىكى 100 مىليارد ھۇجەيرە ۋە ھەربىر ھۇجەيرىدىكى 20
مىڭ مىليارد باغلىنىغۇچىدىكى چەكسىز كۇچتۇر .»①

**2 . مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە پسىخىك ئۈيقۇ**

20 - ئەسىر ئىلىم - پەن ئەسىرى بولۇش سۈپىتىدە

① ج . ۋاس ، گ . درورىن : «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شاڭخەي سانلىيەن نەشرىياتى ،
خەنزۇچە نەشرى ، كىرىش سۆز 11 - بەت .

ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئېچىشنى زامانغا لايىقلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلدىكى، بۇ ئەسىردىكى پەن - تەتقىقات نەتىجىسىدە ھەربىر ئادەمدە ئاشكارا ئىشقا سېلىنغان قابىلىيەت مۇتلەق ئاز، ئېچىپ ئىشلىتىشكە تېگىشلىك يوشۇرۇن قابىلىيەت مۇتلەق كۆپ ئىدى. لېكىن ناھايىتى كۆپ نادان كىشىلەر بۇنداق زور يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بىلمەي ئۇخلاپ چۈش كۆرۈۋاتاتتى.

شۇڭا، ئالىملار بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەتنىڭ زادى قانچىلىك كۆپلۈكىنى ئىسپاتلاپ خەلققە تونۇتۇش يولىدا نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئېلىپ باردى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئادەم مېڭىسىنى مىكرو ئېلېكترلىك قۇتۇپ تاختىسى بىلەن غىدىقلاش تەجرىبىسى ناھايىتى دەل بولۇپ، بۇنداق غىدىقلاش ئارقىلىق بىر ئادەم شۇ ھامان تامامەن ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ۋەقەلەرنى دەرھال يادىغا كەلتۈرەلىدى. بولۇپمۇ ئۇ كىچىك ۋاقتىدا كېيىنەك تۇتۇپ ئوينىغان چاغدىكى مەنزىرىلەرنى يادىغا ئېلىپ سۆزلىدى. شۇنداقلا شۇ چاغلاردا ئاڭلىغان بىر ناخشىنى يادىغا كەلتۈرۈپ ئىختىيارسىز ئېيتىپ كەتتى. ئۇ تەجرىبە ئادەمدىكى خاتىرە قابىلىيىتىنىڭ ناھايىتى زور قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى چېنىقتۇرۇپ ئىشقا سالسا ئۇنىڭ قۇدرىتى ھەتتا ئامېرىكىنىڭ دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 70 مىليون نۇسخا كىتابتىكى ئۇچۇرلارنى ساقلاشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. بىر رۇس ئالىمى شۇنداق دېدىكى، «ئادەتتىكى خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىدا كىشىلەر تەپەككۇر قۇرۇلمىسىنىڭ كىچىككىنە بىر قىسمىنى ئىشقا سالىدۇ، مېڭىسىنى تولۇق ئىشقا سالالىغان تەقدىردە بولسا 40 خىل تىلنى قىلچە ھاسىراپ قالماستىن ئۆگىنەلەيدۇ ۋە رۇس قامۇسىنى باشتىن - ئاخىر يادقا ئالالايدۇ، بىرنەچچە ئون ئالىي مەكتەپنىڭ زۆرۈر دەرسلىكلىرىنى ئوقۇپ بولالايدۇ. بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت سىز بىلەن بىزدە ئوخشاش تۇرسا، ئەگەر بىز بىخۇد، بىپەرۋا، بىغەيرەت بولمىغان، غەپلەتتە ئۇخ-

-لاپ قالمىغان بولساق ، هازىرغىچە قانچىلىك يۈكسەك دەرىجىگە
يېتەتتۇق ۋە كېلەچىكىمىز ئۈستىدە نېمىدېگەن ھەيۋەتلىك پىلان-
-لارنى سوقار ئىدۇق – ھە ! مېڭىمىزنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلى-
-قىدىكى بايلىقنى دەڭگە تېخى ! «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» دېگەن
كىتابتا بايان قىلىنىشىچە : ① مېڭىمىزدە 100 مىليارد مېڭە
ھۈجەيرىسى بولۇپ ، بۇ ھۈجەيرىلەر بىلەن 900 مىليارد يېپىش-
-تۇرغۇچى ، نەملەشتۈرگۈچى ۋە ئايرىلىق تاشلىغۇچى ھەرىكەتچان
ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ . ② 100 مىليارد نېۋرون ھۈ-
-جەيرىسىنىڭ ھەربىرسىدە 20 مىڭ شاخچە ھاسىل بولىدۇ . ③
مېڭىمىزدە ئوخشاش بولمىغان فۇنكسىيىلىك ئۈچ بۆلەك بولى-
-دۇ . ئۇلار : تەبىئىي مايىللىق بۆلىكى ، ھېسسىيات بۆلىكى ،
چوڭ مېڭە پوستلىقىدىن ئىبارەت . ④ ئۆزئارا ماسلىشىپ خىز-
-مەت قىلىدىغان ئىككى بۆلەك بولىدۇ . بۇلار «ئىلمىي» سول
مېڭە ، «ئىجادىي» ئوڭ مېڭىدىن ئىبارەت . ⑤ سول ۋە ئوڭ
مېڭە ئايرىلىقىدىكى ھەر دەقىقىدە مىليونلىغان ئۇچۇر ئالمىشىش-
-نى باشقۇرىدىغان «تېلېفون ئالماشتۇرۇش مەركىزى» بار . ⑥
ئوخشاش بولمىغان يەتتە تۈرلۈك «ئەقىل مەركىزى» ياكى يەتتە
تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار مەركىزى بار . ⑦ ئۇ ئاز بولغاندىمۇ
ئوخشاش بولمىغان تۆت دولقۇن يولى بىلەن خىزمەت قىلىدۇ .
⑧ ئۇ خىمىيىلىك ئېلېكترون ئۇچۇرلىرىنى ۋاقتى – ۋاقتىدا
بەدەننىڭ بارلىق ئەزالىرىغا يوللاپ تۇرىدىغان يەتكۈزگۈچى سىس-
-تېمىنى تىزگىنلەپ تۇرىدۇ . ⑨ ئۇ سىزنىڭ شەخسىي ئۆگىنىش
ئىنقىلابىغا يېتىپ بېرىشىڭىزدىكى ئاچقۇچنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ .
بۇنداق پونكىتلار ۋە بىرىكىش ئۇسۇللىرىدا بىزگە ئايان بولمى-
-غان يەنە قانداق بايلىقلار باردۇر ؟ كانادا كېسەلشۇناسلىق ئالىمى
سولىرنىڭ «خىيالدىن تەرەققىياتقىچە» دېگەن كىتابىدىكى سۆزى
بىلەن ئېيتقاندا : «ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە پوستلىقى ئۆز ئىچىگە
ئالغان تەپەككۇر ئېنېرگىيىسى ئاتوم يادروسىنىڭ فىزىكىلىق

ئېنېرگىيىسى بىلەن تەڭ» كېلىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى شۇكى،
ئادەمدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەت چەكسىز
بولىدۇ. ئادەم بۇ چەكنىڭ زادى نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى
بىلمەيدۇ. ئىنسانىيەتتە بىر قىزىقارلىق ئىش باركى: ئىنسان
مەڭگۈ ئارزۇ قىلىپ يېتىپ بارالمايدىغان چوققا ئىنسانىيەتنىڭ
ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيەت چېكى بولىدۇ. لېكىن بىز ئىنـ-
سانلار تەبىئەت بەرگەن شۇنداق كاتتا بايلىقىمىزنى تولۇق بىلىپ
يېتەلمەي ئاۋارە بولىمىز. ئەگەر بىز راستىنلا جاپاغا چىداپ
مەشىق قىلىدىكەنمىز دۇنياغا مەشھۇر ئالىم ياكى ھەيۋەتلىك
يولباشچى بولۇپ كېتەلمىگەندىمۇ ئۆز كەسپىمىزنى پۇختا بىلە-
دىغان، ئۇنىڭدا ئىجاد قىلالايدىغان كامالەت ئىگىسى بولۇپ كې-
تەلەيمىز. ئەدناسىنى ئالساق، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرقىمىزدىلا
مەۋجۇت بولغان مېڭە بايلىقى قىسقىغىنە ئۆمرىمىزدە بىلىم ئې-
لىش ۋە ئىجاد قىلىشقا يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ. يەنە كېلىپ
بۇنداق بايلىق كىچىك ۋاقتىدا ئەڭ مول، ياشلىقتا ئۆتكۈر بولىـ-
دۇ. ئادەمنىڭ بۇ ئىككى دەۋرى ھەقىقەتەن ئالتۇن دەۋرى بول-
سىمۇ، بىراق ئۇ قېرىغاندىمۇ تۈگىشىپ كەتمەيدۇ. قىسقىسى،
مېڭىمىز گويا ناھايىتى ھوسۇلدار مۇنبەت زېمىنغا ئوخشاش
نەرسە بولۇپ ئۇنىڭغا ئىنسان ئۆز كۆڭلىدىكى غايىلەرنى ئىشقا
ئاشۇرۇش ئىستىكى بىلەن ئۇرۇقلار سالىدىكەن، ئۇرۇقلار بىخ
سۇرۇپ مېۋە بەرمەي قالمايدۇ. ئۇنىڭ ئىشلەش باھارى تەبىئەت-
نىڭ پەسىللىرى ۋە كېچە - كۈندۈزلىرى بىلەن باغلىنىپ قال-
مايدۇ. بىزدە ئەنە شۇنداق گۈزەل ھەم سىرلىق مۆرەككەپ ھەم
قۇدرەتلىك چوڭ مېڭە بولغانلىقى ئۈچۈنلا بىز دۇنيادىكى ھەممە
شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئىنسانلىق سالاھىيەتكە ئىگە
بولدۇق، مىسلىسىز ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىز بىلەن ئىختىرا ۋە
كەشپىياتلارنى يارىتىپ پەرپاچىلىق ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ ئۆرلىيەلىدۇق.

دېمەك ، بىزدە يوشۇرۇن تۇرغان ئەقلىي قابىلىيەت شۇنچە كارامەتلىك مۆجىزىلەرنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىكى ئۇرۇقى بولسىمۇ ، بىز مانا مۇشۇنداق پىسخىك ئۇيقۇلار ۋە شۇ ئاساستا ئۆسۈپ چىقىپ ۋۇجۇدىمىزنى چىرمىۋالغان خۇدۇكسىنىش ، ئاچ كۆز-لۈك ، تەرسالىق ، ئەسەبىيلىك ، ھەسەتخورلۇق ، ئارىسالدىلىق ، قايغۇرۇش ، ئىچى تارلىق ، ھۇرۇنلۇق ، قورقۇنچاقلىق ، ياسى-مىلىق ، غەزەپلىنىش ، شۆھرەتپەرەسلىككە ئوخشاش پىسخىك كېسەللەرنىڭ ئاسارىتىدە قالدۇق ۋە ئۇ ئاسارەت تۇپەيلى نۇرغۇن ئىشلار ۋە ئادەملەر بىلەن قارشىلىشىپ يۈرۈپ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرگە تايىنىپ چىقىدىغان شەرەپلىك چوق-قىلارغا چىقالمىدۇق . ئەڭ يامىنى شۇ بولدىكى ، ئالىيجانابلىق بىلەن پەسكەشلىك ، شۆھرەت بىلەن شەرمەندىلىك ، خۇشاللىق بىلەن خاپىلىقنىڭ مەنبەسى ئۆزىمىزنىڭ ئەقلىدە تۇرسا ، بىز ئاشۇ پىسخىك كېسەللەر تۇپەيلى ئۇلارنى تاشقى دۇنيادىن ئىزدەپ ئەقلىمىزنى پارە - پارە قىلىۋەتتۇق . بۇنىڭ بىلەن قەلبىمىزدى-كى مۆجىزە ئۇرۇقلىرى باراقسانلايدىغان بوشلۇقتا پارچىلانغان ئەقلىمىزنى بەند قىلىدىغان ، ھەتتا ئۇنى ئارقىغا ياندۇرۇپ بىزنى ھايۋانلىققا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىللەتلەر ئۆسۈپ كەتتى .

### 3 . روھىمىزدىكى ئىللەتلەر ۋە ئەقلىمىزنىڭ پارچىلىنىشى

روھىمىزدىكى ئىللەتلەر دېگەندە ، ئالدى بىلەن ئەقىل زەن-جىرىنىڭ زۆرۈرى باغلانچىلىرىنى يوقىتىپ قويغان تەرەپلىرى-مىزنى نەزەردە تۇتىمىز . ئەقىلنى تىل مەنىسى بىلەن تەكشۈر-گەندە ، ئەقىل ئەرەب تىلىدىكى تۆگىنى باغلايدىغان ئارغامچا دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن ، ئەقىلنىڭ ئىجادىي ھەرىكىتىدە ئېرى-شىلگەن يۈكسەك ھېكمەتمۇ ھايۋانلارنىڭ باغلانچىسى دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن . بۇنىڭ بىلەن ئەقىل ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە يۈكسەك ھەقىقەتتىن بېشارەت بەرگۈچى ھېكمەت بىزدە كىشى-

لەرنى ئىلىم ـ پەن تەتقىق قىلىشقا باشلايدىغان باغلانچە مەنىسى-
دە قوللىنىلدى . ئىنسانلاردىكى بۇ ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەيدى-
غان مەدەنىيەت سۆزىمۇ كىشىلەرنى ئاشۇ باغلانچا ئاساسىدا ھايۋا-
نىي يامانلىقتىن توسۇپ ئىنسانىي ياخشىلىققا يېتەكلىگۈچى باغلان-
چا بولۇپ قالدى . بۇ چۈشىنىش بويىچە ئادەملەرنىڭ ۋەزىپىسى
ۋە ئۇلارنىڭ كامىللىقى ئەقىل ئارقىلىق ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ،
زامانىۋى تىلىمىز بويىچە ئېيتقاندا ، ئىلىم ـ پەن تەتقىق قىلىپ
سۇبيېكتىپ ھەم ئوبيېكتىپ دۇنيانى پايدىلىق تەرەپكە ئۆزگەر-
تىش ئارقىلىق ئورۇندىلاتتى . ئول زاماندىكى ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا
ئاتالغانلارنىڭ ئىلىم تەلەپ قىلىشنى ئىبادەتنىڭ تۆرىدە قويۇپ ،
ئەقىل باغلانچىسىدا تۇرۇپ ئالەمنى تەتقىق قىلىپ ، بۇ دۇنيانىڭ
بۈيۈك ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا دالالەت قىلىشمۇ ئەنە شۇ سە-
ۋەبتىن ئىدى . ئۇ ھەتتا بىزنىڭ ئىلاھ ئالدىدىكى ئەھدىمىز
ئىدى .

ئەمما ، ئادەملەر ئۆزىمىزنى ئەھيا قىلغان ئالەمدىكى ئەقىل
كامالىتىگە يېتىپ بېرىشقا يېتەكلەيدىغان ئەنە شۇ مۇبارەك روھ-
لار بىلەن ھايۋانىي نەپسىگە يېتەكلەيدىغان شەيتانىي روھلارنىمۇ
ئۆزىمىزگە مۇجەسسەم قىلىۋالغانلىقىمىزدىن ، ئەقىل باغلانچى-
سى بولغان ھەققە ئىقتىدا قىلىشتىن باشقا ، بىزنى ئەقىل باغلان-
چىسىدىن چىقىرىپ تاشلايدىغان شەيتان ناھەق كەينىدىنمۇ يۈ-
گۈردۇق ـ دە ، ئەھدىسىدە تۇرغانلار بىلەن ئەھدىسىدىن تانغانلار
ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتتۇق . ئەھدىدە تۇرۇپ كۆڭۈل رىش-
تىمىزنى ئادەمنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا بەرگەن-
لىرىمىز ئەقىلدە گەۋدىلەنسەك ، ئەھدىدىن تانغانلار كۆڭۈل رىش-
تىمىزنى نەپسى شەيتانغا بېرىپ ناچار ھېسسىياتلاردا گەۋدىلەن-
دۇق . ئەقىل ئىشلىتىپ ئالەمنى تەتقىق قىلىشنى ئىبادەت ھې-
سابلىغانلار تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە روھىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى
پىكىر يۈرگۈزۈپ تونۇشقا ، كەشىپ قىلىشقا ، كەشىپ قىلىنغان

سىر ـ قانۇنىيەتلەرنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپلەرگە تەتبىقلاپ ، جەمئىيەتنىڭ يامان تۇزۇم ۋە ئىللەتلىرى-نى ئىسلاھ قەدەمى قىلىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۇرۇشكە ئاتلاندۇق ، ئەقىلنىڭ سەزگۈ ، خاتىرە ، دىق-قەت ، تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇردىن ئىبارەت بايلىق كانلىرىنى ئا-ساس قىلغان ئىجادىي ئىلھام قاناللىرىغا كىرىپ ، ماڭغانسېرى گۈزەللىككە ، سەنئەتكارلىقنىڭ جاۋاھىرات نۇرلىرى چاقناپ تۇ-رىدىغان ئېگىز چوققىلىرىغا چىقتۇق . ھازىرقى كۈندە بىز ئۇ-لۇغلاۋاتقان دۇنيا تارىخىنىڭ يېتەكچىلىرى ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئىزچىلىرى بولغان ئۇلۇغ ئالىملار ۋە ھەقىقەت يول باشچىلىرى ئەنە شۇنداق ئەقىل باغلانچىسىدا تۇرۇپ ئادەمنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇندىغۇچىلارنىڭ ۋەكىللىرى بولدى . ئۇلار ئىلىم ـ پەندىن ئىبارەت ئىنسان ۋۇجۇدىدىن يارىلىدىغان قۇياشنى كەشىپ قىل-غۇچى ، ئۆزلىرى بارلىققا كەلگەن مىللەتلەرنىڭ مەڭگۈلۈك پەخ-رى ، ئىنسانلار ئالىمىنىڭ ئۈمىدىدۇر . دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى-نى تونۇش ۋە ئۆگىنىدىكى سىر ـ ھېكمەتلەرنى تەتقىق قىلىپ تېپىشقا بېرىلگەن ئەقىلنى ئۆز ئورنىدا ئىشلەتمىگەن تانغاقلا بولساق ، نەپسى شەيتان ۋە ئۇلارنىڭ كىشىلەر ئارىسىدا بۇزۇق-چىلىق پەيدا قىلىدىغان ھۈنەرۋەنلەرنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتتۇق ـ دە ، مال ـ دۇنيا ، مەنسەپ ياكى باشقىلارنىڭ ھىمايى-سىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولىدىغان تەمەخورلۇق يولىدىكى ھەرى-كەتلەرگە بېرىلىپ ، ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ ئۈمىدى بولۇۋاتقان ھەقىقەت سېپىدىكىلەر ھەم ئۇلارنىڭ ئۆز ئەقلىگە تايىنىپ دۇنيا-نىڭ سىرلىرىنى ئاچىدىغان قورقۇمسىزلىق روھىغا داغ تەگكۈ-زىدىغان ئىللەتلەرنى كۆپەيتىپ باردۇق.«ئوتتۇرا ئەسىردە دۇنيا-نىڭ نىجاد يۇلتۇزى ، مەدەنىيەت يول باشچىسى ، ئادالەت ۋە ئەخلاقنىڭ يۈكسەك مىزانى ، مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە خەير ـ ئېھساننىڭ بۇلىقى ھېسابلانغان ئىسلامىيەت ئەخلاقىدىمۇ سۇس-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لاش ، ئاينىش يۈز بەردى . ھەتتاكى ، ئىسلامىيەتتە ئاۋۋال ئا-
ساسلىق رول ئالغان ئەرەبلەرنىڭ تۇرمۇشتا چىرىكلىشىشى ئۇ-
لارنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىنى بۇزۇپ تاشلىدى . بۇنىڭ نەتىجىسىـ
دە خەلىپىلىك مۇنقەرز قىلىنغان خەلقلەرنىڭ ئىمپېرىيىسىگە
ئايلىنىپ قالدى . خەلىپە ئوردىسىدىكى سانسىزلىغان ئاغۋاتلار ،
ھەرەمخانىلاردىكى ئاقتى قىلىنغان قۇللار ، ئەيش ـ ئىشرەت
ئۈچۈن تۇتۇلغان چۆرە ـ كېنىزەكلەر ، قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدىـ
غان غىلمان ۋە زەيپانىلەر ئاستا ـ ئاستا ئەرلەرنىڭ ئەرلىك
جاسارىتىنى ، ئاياللارنىڭ ئاياللىق لاتاپىتىنى يوقىتىپ ، ئەرەب
جەمئىيىتىنىڭ چۈشكۈن ـ چىرىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈر-
دى . خەلىپە قەسىرلىرىدىكى سانسىز ھۇجرىلار ، ئاتا بىر ئانا
باشقا قېرىنداشلار ساقلانغىلى بولمايدىغان تۇرلۇك ھەسەت ـ
رەشك ۋە سۇيىقەستلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئوردىدىكى كەيپ ـ
ساپا ، ئەيش ـ ئىشرەتلىك تۇرمۇش ، مەي ـ شاراب ۋە رەققاسـ
لارنىڭ غىلجىڭلىق بىلەن ئوينىغان يېرىم يالىڭاچ ئۇسسۇللىرى
ئوردىدىن شەھەر كوچىلىرىغىچە بولغان ئائىلىۋى تۇرمۇشنىڭ
مەزمۇنىنى چىرىتتى... »[①] بۇ بىز ئىنسانلاردىكى ئەسلى زاتىمىز
ۋە ئادەملىك كامالىتى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش تەبىئـ
ىتىمىزدىن ياتلىشىش ئىدى . بۇ ئىللەتلەر بىزنىڭ ياتلاشقان
ۋۇجۇدىمىزنى خۇددى ئاشلىققا ىىتە ، زىلچىغا كۈيە چۈشكەندەك
ئەقلىمىزنى ھەرە ھۆكۈنىكىدەك قىلماقتا ، ئەقلىمىزنى ھەققە
بېرىلىپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشتىن ياندۇرۇپ پارچىلاپ تاشلىـ
ماقتا ئىدى . بولۇپمۇ بىز ئۆزىنىڭ ئادەملىك ۋەزىپىسىنى ئو-
رۇنداشتا ئالدىمىزغا كىرىپ كەتكەن دانىشمەنلەرنىڭ ئىجادىيەتـ
لىرى كىشىلەرنى يېڭى ھەقىقەت جاۋاھىرىنىڭ نۇرىغا چۆمۈلدۈ-
رۈپ ، ئۇلارنى كىشىلەر تەلپۈنىدىغان ھەقىقەت مەشئەلچىسىگە

① ھېتتى : «ئەرەبلەرنىڭ ئومۇمىي تارىخى» 1 ـ توم 580 ـ 581 ـ بەتلەر .

ئايلاندۇرغاندا ، ئارىمىزدىكى نەپسى شەيتان تەرىپىدىن يامانلىققا
كىرىشىپ كەتكەن نەپسانىيەتچىلەر گۇرۇھى چۇقان كۆتۇرۇپ
چىقىپ ، ئۇ دانىشمەنلەرنى يەنە تۇرلۇك تۆزاقلار بىلەن ياش
تۆككەن بىچارىلەر قاتارىغا كىرگۇزۇپ قويغانلىقىنى كۆرگەندە ،
هەق ـ ئادالەتنى تونۇش ۋە تونۇتۇش يولىدىكى جەبىر ـ زۇلۇمنى
كۆرۇپ تېخىمۇ قورقۇپ كەتتۇق ـ دە ، ئەقىل باغلانچىسىدىن
يەنىمۇ يىراققا داجىپ ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختى ئۇچۇن جېنىنى
پىدا قىلغان بۇنداق ئالىملار هەم يول باشچىلارنى دارغا ئاسىدى-
غان ، كاللىسىنى كېسىدىغان ، تىرىك كۆمىدىغان دەرىجىگە بې-
رىپ يېتىپ ، ئىنسانلار روهىنى يامان هېسسىيات بىلەن بۇلغاي-
دىغان شۇملۇقلارغا يول قويدۇق . بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ تەبىئى-
ئىمىزدىكى ئىنسانلىق سالاهىيىتى بارغانسېرى ئاجىزلاپ ، هاي-
ۋانلىق ئىللەتلەرگە ئورۇن بەردى . هەق ـ ئادالەت ئۇچۇن
ئوتتۇرىغا چىقىدىغان شىر يۇرەك كىشلەر ئادەم سۇرەتلىك شەي-
تانلار ئارىسىدا قىسىلىشقا باشلىدى . هەتتا بەزى مىللەتلەر ئۆز-
لىرىنىڭ قورقۇمسىز باشلامچىلىرىدىن ، پەخىرلىك ئالىملىرى-
دىن تامامەن ئايرىلىپ كەتتى . بۇنداق مىللىي رايونلار خۇددى
ئۇنۇمسىز يەردە زىرائەتتىن بەكرەك ياۋا گىياهلار ئۆسكەندەك
ئىنسان تەبىئىتىدىن ئۆسكەن ئىللەتلەر بىلەن توشۇپ كەتتى .
ئىللەتلەر ئاسارىتىدە قالغان ياخشى كىشلەرمۇ جانىنى قويىدىغان
يەر تاپالمىدى ـ دە ، ئەقىل ئىشلىتىپ دانىشمەن بولۇشنىڭ
ئازابىدىن قېچىپ ئاددىي هەرىكەتلەر بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىش-
لارغا يېپىشىدىغان بولۇپ كەتتى . ئەقىل ئارقىلىق ئىجاد قى-
لىشتىن ، تەبىئەتنى تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭدىكى بايلىقنى ئىزدەپ
تېپىشتىن يالتىيىش قالاق جايلارنىڭ يوسۇنىغا ئايلىنىپ ، بۇ
يەرلەردىكى كىشلەر بارغانسېرى كاللىسىدىن ئېزىپ كەتتى .
ئۆزلىرىنىڭ هەققىنى هەر قايسى دەۋرنىڭ تەلەپلىرى بويىچە
ئوچۇق يورۇتۇپ ، ئۇ هەققىنى ئېلىش يولىدىكى كۇرەش نىشاد-

لىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئالىم ھەم يول باشچىلارنى قىرىپ يوقىتىپ ، ھەممە نېمەتلەرنى ئەجىر قىلماي تۇرۇپ ئىلاھتىن تىلەپ ئېلىشنىڭ كويىدا بولدى ، ھەتتا بىر قېتىملىق دۇئا بىلەن ناھايىتى كۆپ كۆلپەتلەردىن قۇتۇلۇپ ، ناھايىتى كۆپ نېمەتلەرگە ئېرىشمەكچى بولۇشتى . بەزى نادان كىشىلەر ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي ، ئىلىم ئىگىلەپ ياخشى ئەمەللەر ئۈچۈن ئىزدەنمەي ، نوقۇل نامازخانلىق بىلەن دۇئايى ـ تەگبىر قىلىپلا جەننەتكە كىرىشنى تەمە قىلدى . ئەمما ، بۇنداق تەمەخورلۇقتىن ئاللاھمۇ زېرىكتى بولغاي ، بۇنداق كىشىلەرنىڭ بېشىدا جاھالەت بۇلۇتلىرىنى چۆرگىلىتىپ ، ئۇلارنى نى ـ نى قىسمەتلەرگە دۇچار قىلدىيۇ ، ھەرقانچە چۇقان سالسىمۇ زادىلا نەزەر ـ گۇزىرىنى سالمىدى . بۇنىڭ بىلەن كاتتا ئىمپېرىيە قۇرغان نوچىلارمۇ موللاق ئاتتى ، ئەجدادى ئۇلۇغ ھەم جەڭگىۋار قەبىلىلەرمۇ قولدىن ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى .

ئالايلۇق ، جاھانغا پاتماي كەتكەن رىم ئىمپېرىيىسى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىر يېقىلغانچە ئورنىدىن تۇرالمىدى . ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كېلىۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆتمۈشتىكى شانلىق تارىخىمۇ چۈشكە ئايلاندى . ئارنولد گىببون رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى توغرىسىدا مۇنداق يازغانىدى : «… ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى ، ئۇلار پەقەتلا ئوقۇدى ، ماختاندى ۋە تەقلىد قىلىپ تۇردى ، لېكىن ، ئۇلارنىڭ ھارغىن روھى پىكىر ۋە تەپەككۇردىن يىراق ئىدى . ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا ، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت ـ غۇرۇرى ۋە بەخت ـ سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەرقانداق بىر بايقاشنى روياپقا چىقىرالمىدى . ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشۇلمىدى . ئۇلارنىڭ بىر توپ سەۋرچان ، ئۆتمۈشكە سېغىنغۇچى مۇرىتلىرى بولسا كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر

يۇرۇش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى» .[1] «رىم ئىمپېرىيىسى-
نىڭ زەئىپلىشىش تارىخى تەدرىجىي يۇسۇندا پەلەمپەيسىمان ھا-
لەتتە روي بەرگەنىدى ، ۋەھالەنكى ، ماۋرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادى-
سىنىڭ چۇشكۇنلۇكى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئاخىرقى ئويغىنىش
مەزگىلىدە ئېرىشىلگەن روھىي بالانسنى بىراقلا يو-
قىتىپ قويدى… »
بىزدە ئۆزىنى تونۇپ ئىجاد قىلىش كۆپ جەھەتلەردە چېكى-
نىپ كەتكەنلىكتىن ، «نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن
پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى . ئەقلىيلىك پرىن-
سىپلىرىدىن خالىي ، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە
جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى ، ئوت-
تۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى
ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەل-
دى» .[3] ئارىلىق ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئۇزۇلۇپ قالدى .
ئىقتىسادىي قاششاقلىق ، سىياسىي مۇقىمسىزلىق ۋە روھىي
مەھكۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ پسىخىك كەلىمات
مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەنىۋى غالىبلىق خاراك-
تېرىنى ئاجىزلاشتۇردى ، ئۇزاققىچە يېگىلانماي ، تۇرغۇن ھالەت-
نى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىچكى روھىي تىندۇرما بارغانسېرى
تىنىپ ، قېرىپ كەتتى . خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك : «خەلق-
قە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان زۆرۈر نەر-
سىلەردىن ۋاز كېچىلسە ، مىللەت ئاستا - ئاستا خارابلىشىدۇ»
.[4] نەۋائىيدىن كېيىن تاكى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە
بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىمىزدا پارتلاش خاراكتېرلىك پىكىر

---

① گىببون : «رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىش تارىخى» — «غەرب تەپەككۇر
خەزىنىسى» ، جىلىن خەلق نەشرىياتى 1998 - يىل خەنزۇچە نەشرى 1116 - بەت .
③ ② ① مونتېسكيۇ : «پارس مەكتۇپلىرى» 322 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى بولۇپ باقمىدى . ئىزامىيدىن باشلىنىپ نەۋائىي ئىجا-
دىدا يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن «خەمسە» لەر ، ئاشىق -
مەشۇقلار داستانلىرى ، پەند - نەسىھەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر
... پەيغەمبەرلەر رىۋايەتلىرى كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە تەك-
رار - تەكرار يېزىلدى . سەۋرچان خەتتاتلار تەرىپىدىن سانسىز
قېتىم كۆچۈرۈلدى ، موللا - خەلپەتلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ -
ئەۋلاد ئوقۇتۇلدى . مەدداھ - ۋائىزلار تەرىپىدىن تۇكۇرۇك چاچ-
راندىلىرىغا ئايلانغىچە سۆزلەندى... لېكىن بىرلا نەرسە — يەنى
پىكىر يېڭىلانمىدى ، تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ئىسلاھ قىلىنمىدى ،
يېڭىلىق يارىتىلمىدى . ئابدۇرېھىم ئىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن
غېرىبى قاتارلىقلار راستىنلا نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدە-
بىياتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاتالمىش «ئالتۇن دەۋرى» نى
ئاچالىدىمۇ ! ؟ »⑤...

توغرىسىنى ئېيتقاندا ، نەۋائىيدىن كېيىنكى بەش ئەسىر
بىزگە «ئۇلۇغۋار پەلسەپە» لەرنى ئەمەس ، بەلكى تەپەككۇر قاتـ-
ماللىقىنى ؛ ئىجادىيەت ئېڭىنى ئەمەس ، بەلكى تەكرارلاش كې-
سەللىكىنى ؛ ئەقىل مېۋىسىنى ئەمەس بەلكى خۇراپىي ئەسەبىيلىكنى
قالدۇرۇپ كەتتى . ئەدەبىيات - سەنئەتتە ئاۋۋالقىلارغا تەقلىد
قىلىدىغان دورامچىلىق ، تەكرار يېزىش ، ئىجادىيەت ئىلھامىنى
ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئەمەس ، بەلكى ئەرەب -
پارس مەنبەلىرىدىن ئىزدەشتەك خاھىشلار ئەۋج ئالدى .①
ئىجادىيەتتىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولمىسىمۇ ، ئاساسلىق تەرەپلەر-
دە بۇغۇلۇپ كەتكەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئومۇمىيۈزلۈك مەنىۋى
چېكىنىش يۈز بەردى ، مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى
تەركىدۇنياچىلىق بىلەن ئەسەبىي دىنىي تەرەپبازلىقتا ئورۇن

①②③④⑤ ئەسئەت سۇلايمان : «20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق» ، شىنجاڭ مەدەنىيىتى 1998 - يىل 3 - 2 - سان ، 100 - 111 - بەتلەر .

بەردى . بۇنىڭ بىلەن زەئىپلىشىش — ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن ، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆ-زىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بەر-دى . زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس روھىيەتتە ، سىرت-قى ئامىللاردا ئەمەس ، ئىچكى ئامىللاردا بولدى . زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىققان ئىدى . بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال روي بەردى . ئاندىن ماددىي نەرسىلەرنى يىتتۈرۈپ قويۇش ، ئالدۇرۇپ قويۇش باشلاندى . «يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختى-سىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى . بەدەخشان ۋە ماۋارا ئۇننەھردە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنالمىغان رىياكار ئىشانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پالانچى پۇشتى» دېگەن پەتىۋانى خۇرجىنىغا قاچىلاپ ، تارىم ئويمانلىقىغا ئارقا - ئارقىدىن كىرىپ كەلدى . بەدەخشان ۋە بۇخاراغا پاتمى-غان ، تېگى - تەكتى گۇمانلىق ئاشۇ بىر توپ پۇرسەتپەرەسلەر قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بەختسىز خەلقنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى ؟ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «پۇشتى» لى-رى قانداقلارچە پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن مىڭ يىل كېيىن تۇيۇقسىز-لا تارىم ئويمانلىقىدا پەيدا بولۇپ قالدى ؟ ھىدايىتۇللا ئافاق خوجا V ئەۋلاد دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ ، 1678 - يىلى قەشقەرگە جۇڭغار باسمىچىلىرىنى باشلاپ كىرگىنىدە ؛ قارا تاغلىقلار پېش-ۋاسى بۇرھانىددىن خوجا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى چىللاپ كەلگىنىدە ؛ ۋەلىخان تۆرە قىزىل دەرياسى بويىدا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغىنىدا ؛ 1865 - يىلى ئىلى قوزغىلىڭى ۋاقىتلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە ، قوقاندىن كەلگەن پوچى مەھمۇد ئىسمىلىك قېرى خوجا ئۆزىنى «غەۋسۇلئەززەم ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ، ئوت قۇيرۇقلۇق قىلغىنىدا ۋە قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈ-

رۇشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغىنىدا ، نېمە ئۈچۈن ھېچكىم : «ياق ، بولدى بەس ! پەيغەمبەر پۈشتى مۇنداق نائىنساپ بولمايدۇ ، بىزنىڭمۇ ئۆز تاللىشىمىز بار !…» دېيەلمىدى ؟ يەنە نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن 30 – يىللاردا ، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا تەپ تارتماستىن دەريا – دەريا قانلارنى تۆككەن جاللات شېڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ : «ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ دېيىلگەن بولسا ، چوقۇم شېڭ دوبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى» دەپ جۆيلۈپ يۈرەلىدى !» .

روھى ۋە ئەخلاقى جەھەتتىكى بۇنداق چۈشكۈنلۈك تۇپەيلى ئەقىلدىكى پارچىلىنىش يېڭى دەۋردە بولسىمۇ ، بىراق بىزنىڭ بۆلگىنىمىزدەك جايلاردا مۇستەقىل پىكىر ئىلغار خەلقلەردىن يەنىلا كۆپ دەرىجىدە تۆۋەن بولدى . تەبىئەت ، جەمئىيەت ، روھىيەت پەنلىرى ياكى تېخنىكا ، ئارىلىق پەنلەر ، ئەدەبىيات – سەنئەتتە سانىسا تۇتامغا چىققۇدەك ئالىملار ، مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇھى مەيدانغا كېلەلمەي ، يەنىلا تارىختىي ئابىدىلىرىنى پىكىر مۇنارى قىلىپ ماختىنىشتىن قۇتۇلالمىدى . بىز مانا شۇنداق ھالەتتە ھەر تەرەپكە بويىنىمىزنى سوزۇپ بىزنى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ نەزەرىگە يەڭگىلتەك تۇيۇلدۇق . بۇ تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىچ پۇشۇقى ئىدى . بۇنداق ھال قايسى خەلق ئارىسىدا يۈز بەرگەن بولسا ، ئەقىل باغلانچىسىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرغان ئالىملار ئۆز خەلقلىرىنى ئەنە شۇ پىسخىك ئۇيغۇ ۋە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كېلىپ چىققان ئىللەتلەردىن قۇتۇلدۇرۇپ ، زامان ئېتىبارىدىكى ئەقلى كامىل ئىنسان قىلىش ئۈچۈن پۈتكۈل تارىخ بىلەن قايتا خىتاب قىلىشتى .

— تىلەكلىرىڭنىڭ سەۋەبكارى ئاجىزلىقىڭدۇر ، — دېدى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىن ، — ئاجىزلىقنىڭ ئومان سۈيىنى ئارقىغا ياندۇرالايدىغان ئۇلۇغ كۈچ – قۇدرىتىڭنىڭ تاغ

ھالىتىدىن قوم ھالىتىگە پارچىلانغانلىقىدىندۇر . ئۇنى پارچىلىغان سەن ئۆزۈڭ ! سېنىڭ نەپسىڭ ، تەمەخورلۇقۇڭ ، ئۆزگىنى ئاناي قىلىش نىيىتىڭ ، ئاچ كۆز ھەسىتىڭ ، نادان ۋە تەرسالىقىڭ ، ئۆزۈڭ ئىقتىدا قىلغان لاتىپۇرۇش قورچاقلىرىڭغا بولغان خوپپيانە قۇللۇقۇڭ !

پارچىلاندىڭ ، پارچە ـ پارچە «ئات» نەپسىڭنى ئەلا بىلىپ ، بىر پۈتۈن قەلبى كامىل «ئات مىنگۈچى» (ئىجادكار) ماھىيەتلىرىڭنى تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتتىڭ ! ئىنسانىي بىردەكلىككە كىرىپىدەك نەشتەر سانجىپ ، «سەن ئۆل ، مەن تىرىلەي» يولىغا چۈشتۈڭ . ئۆلىمالىرىڭ ئۇزۇن يويلۇق قاتىل — ئىبلىس تەلەتىدە تەرلىمەكتە . ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىڭ تالقانبولۇپ ، قۇمدەك دەرغەزەپ غىچىرلىشىپ ، جەڭ ـ جېدەل جەڭگاھىغا ئۇچۇشتى . نەيزە ـ ئاپتوماتلىرىڭ — ئۇنىڭ تەرسا چۇقانلىرى ! قارا ، ئى ئالەمنىڭ نۇرانە گۈلتاجى — ئىنسان ، ئىش ـ ئەمەلىڭگە قارا : يىرتقۇچلۇقتا گۆشخور ياۋايى ھايۋانمۇ سەندىن ئۆزىنى تۇتقان . ئۇ ، توقلۇقتا مۇلايىم ، سەن ئەسەبىيسەن . ئاخىرى ھەسرەت داشقازىنىنىڭ ئاستىغا تاشلانغان يانغىن خەشەكتىنمۇ قەدىرسىز كۆيۈۋاتقانلىقىڭنى كۆرۈپ نالە قىلىسەن ، سەن ئىنسانلىقىڭنىڭ ئاسىيسى ، كامالىتىڭنىڭ قاتىلى ، تۇرمۇشنىڭ بۇلغانغان بىنەزەر ئەخلىتى ! بۇ تەقدىرىڭنى ئۆزۈڭ تۈزدۈڭ ، ئاتەشىن ، ئەمما نەپسانىي ئىستەك بىلەن ، تەنتەكلىكلىرىڭدە ئالىقانات چىقىرىپ تۈزدۈڭ !

تەقدىرىڭدىن زارلانما ! تەقدىرىڭ ئەزەلىلىك لەۋھەسىدە ، يۇلتۇزلار سەيلىسىدە ، ۋە ياكى تەڭرىنىڭ رەھمى ـ شەپقىتى ، قەھر ـ غەزىپى ئۇچقۇنلىرىدا ئەمەس . ئۇ ، مۇھەببەت ـ نەپرەتكە تولغان بۇ ئالەمدە ! بىلكى ، ئۇ سەن يوقاتقان ، سەن ئىزدەپ يۈرگەن ، سەن كۆتۈرۈپ يۈرگەن نەرسىدە — ئىنسانىي قىممىتىڭنىڭ قىسمەتلىرىدە ، قەلب دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىدە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاھان سىنى ئەقىل ـ ئىدرەك گۈلى قىلىپ ئېچىلدۇرغۇچە قانچە ـ قانچە يۇلتۇز ئۆمرى كەتتى . سەن جاھاننىڭ ئۆزىنى تېپىش يولىدىكى بىر پارچە ھېكمەت ئەينىكى بولمىقىڭ جائىز ئىدى . سەن بارلىقنىڭ گۈلشىنى ، سىرلارنىڭ ئاچقۇچى نەسىبىدىسىدە ئالەمگە كەلدىڭ . ھەممە ئىقتىدارىڭنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ ، ئۆز تىزگىنىڭنى ئۆز ئەركىڭگە بەرگەن .

ئەقىل ئىزدە ! ئەقلىنى ئۆزلۈك كامالىغا باشلا ! ئەقىل ـ كىتاب سەھىپىلىرىدە تاۋلانغان ئۆلمەس روھلار قاتارىدا ، تەجرىبە جەريانلىرىدا پىچىرلىغان دۇنيا ئۇچۇرلىرىدا ، تۇرمۇش تەكرارلىقىدا نىگارىنى كۆرسەتكەن ھېكمەت جۇلالىرىدا ، تەپەككۇر بىلەن تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا . بىلگىنىكى ، ئۇ ، يېنىڭدا ، نادانلىقىڭنىڭ لاچىن كۆز قاپچۇقلىرىغا ، غەزەپلىرىڭنىڭ يىلان نەشتەر تىلى ئاستىغا ، تەرسالىقىڭنىڭ ئات تۇۋاقلىرى تېگىگە كۆمۈلگەن !

ھەممە نەرسىنى كۆرگەن ۋە ئۇنىڭ موھتاجلىقى سەھراسىدا ئېچىرقاپ ـ چاڭقاپ يۈرگەن ئىنساندا نە باياشادلىق ـ ئاۋاتلىق ، نە گۈزەللىك ـ بەخت ، نە سىۋىلىزاتسىيە ـ كامالەت بولسۇن ! ئۇ ، تار نەزەر ئۇپۇقىدا ، داچەن تۆشۈكىدە چاشقان كۈتۈپ ياتقان مۈشۈك ، مۇبالىغا قىلغاندىمۇ مولۇن ، خالاس !

ئەي ، گۆھەرگە دەسسەپ تۇرغان ۋە گۆھەرنى پەرق قىلالمىغان ئەما بىچارە تىلەمچى . سىنى گۆھەر زېمىنىگە ، گۆھەر سىزەر ئىقتىدارغا ئىگە قىلغان دۇنيا ، سىنى ئىنسان ، گۆھەرنى تاش دەپ ئاتىمىغانمىدى .

ئەمدى مۇھىتىڭغا قارا : ۋەھىمە بىلەن بىخۇدلۇق ، تەمەخورلۇق بىلەن بىسىمخورلۇق ، قۇللۇق سۈكۈتى بىلەن قۇلدارلىق كىبرى ھاۋاسى ، ئاچ كۆزلۈك بىلەن ئىسراپخورلۇق — قىسقىسى كامالەت مىزانىدىن چەتنىگەن غەلىتە روھىيەت ، مانا سېنىڭ ئۆمۈر مۇھىتىڭ ! بۇ مۇھىتتىكى سەن قاتىل بىلەن

ئۆلگۈچى ، ئوغرى بىلەن بۇلانغۇچى ، ياللانغۇچى بىلەن زورا-
ۋان ، جىنايەتكار بىلەن راھىب ! سېنى ئۆلگەن ياكى كىشىلىك
دۇنياسىغا تېخى تۆرەلمىگەن دەۋالاي دېسەم ، سېنىڭ تاشلىغان
زەھەرلىك قالدۇقلىرىڭ هايات چىمەنزارلىقىنى بۇلغۇۋەتتى ! غە-
لىتىلىكى شۇكى ، بۇ تاشلاندۇقلار ئاداشتۇرغۇچى ساختا كىرىس-
تالدەك ، قەلبى ئاجىز كۆزلەرگە جىلۋە قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىگە
مەھلىيا قىلىدۇ !

كۆزۈڭنى ئاچ ! ئۆز مۇھىتىڭنى ۋە قۇدرىتىڭنى بايقا ![1]

بۇ ، بىزنىڭ ئارىمىزدا نى ـ نى ئالىملار ، شىر يۈرەك يول
باشچىلار ئاشۇنداق ئاھ ئۇرۇپ بىزنى ئويغىتالماي ، ئەقىل باغلا-
نچىسىغا مۇجەسسەم قىلالماي ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ، ھەي-
ۋەتلىك ئالىملىرىمىزنىڭ كەنجىسى سۈپىتىدە ئابدۇشۇكۇر مۇ-
ھەممەد ئىمىنىنىڭ بىزنىڭ ئاتلىقلار مەدەنىيىتىنى ياراتقان ئەج-
دادلار روھىنى ئەسلىگەندە بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزدىن چۆ-
چۈپ قىلغان خىتابى ئىدى . ئۇ «پارچە ـ پارچە ئات نەپسى»
دېگەندە ، بىزنىڭ ئەقىل باغلانچىسىنى تۇتۇپ مۇجەسسەم بىر
خەلق بولۇپ ئۇيۇشقان ھالىتىمىزدىن نەپسىنى دەپ پارچىلىنىپ
كەتكەنلىكىمىزگە ئېچىنسا ، «ئات مىنگۈچى» ماھىيەتلىرىڭنى
تىلىم ـ تىلىم قىلىۋەتتىڭ دېگەندە ، ئۆز ئالدىغا شۇنچە شانلىق
تارىخىي يۈرۈشلەرنى قىلغان ئىجادچان خەلقنىڭ ئەقلىنى پارچى-
لايدىغان ئىللەتلەر تۈپەيلى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئىجادچانلىق
گۈلتاجىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ئېسىمىزگە سېلىپ ،
بىزنى ئۆزىمىزدىكى قۇدرەتنى يەنە بىر قېتىم بايقاشقا ، ئىللەتلە-
رىمىزنى تۈزىتىپ زامان تەلىپىدىكى ئەقىل باغلانچىسىغا تىزى-
لىپ ، 21 ـ ئەسىردىكى رىقابەت چېلىشىغا چۈشۈشكە چاقىردى .

---

① ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەدئىمىن : «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» يىل 5 ـ 6 . سان 101
ـ 102 ـ بەتلەر .

www.uyghurkitap.com

راست ، بىزگىمۇ مۇشۇنداق خىتاب كېرەك ئىدى . بىزنىڭ بۇرۇنقى تارىخلىرىمىزدا ئايدەك يورۇق شانلىق مەدەنىيەت ئىزلىرى بىلەن ئاينىڭ يۈزىگە چۈشكەن داغدەك نۇقسانلار سېلىشتۇرما ھالىتىدە كۆرۈنۈپ ، بىزنى ھەر جەھەتتىن دۇنيا خەلقلىرى قاتارىدا پاكار كۆرسەتمەي كەلگەن بولسىمۇ ، ئۇزاق بىر زامان بولۇپمۇ يېقىنقى بىر ، ئىككى ئەسىردىن بۇيان بىرلىك ، ئىتتىپاقلىق ، ئۇيۇشقاقلىق ئەنئەنىسىگە خىيانەت قىلىشتىن تارتىپ خۇراپاتلىققا يۈزلىنىپ كېتىشكىچە بىر قاتار گۇناھلارغا چۆمۈلۈپلا قالماستىن ، بوۋىلىرىمىزغا قارىغاندا خېلى ئاجىزلاپ ، ئىلىم ـ پەن جەھەتتىمۇ كۆپ تەرەپلەردە ئەقىل باغلانچىسىدىن چىقىپ كەتتۇق ، تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە روھىيەتنى تەتقىق قىلىدىغان ئەقىل باغلانچىلىرىنى نەچچە ياكى نەچچە ئون ئالىم ، ئۆلىماغا تاشلاپ قويۇپ ، كەڭ مەنىلىك تۇرمۇش سەنئىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەقىل باغلانچىسىنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن ئىبارەت تاركېچىككە قىستاپ قويدۇق . بىزنىڭ بۇنداق تار كىچىككە كىرىپ قېلىشىمىزدا جۇڭگو ئازاد بولۇشتىن بۇرۇنقى ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتلەرنىڭ مەقسەتلىك نادانلىقتا قالدۇرۇش ھېلىسىنى ئىشقا سېلىشى بولسىمۇ ، ئەمما بىزدە شۇ نادانلىققا قارشى ئۆزلۈك ئېڭى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش ئۇسۇللىرىمۇ ئۈنچىۋالا ئەقلى بولمىدى . بۇ جەھەتتە ئويلىنىشنى سانى ناھايىتى ئاز بولغان ۋىجدانى كامىل ئادەملىرىمىزگە كۆتۈرە قىلىپ قويۇپ ، ھاكىمدارلاردىن تارتىپ يەر تېرىغۇچىلارغىچە داپ چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايدىغان بىر تەرەپلىمە ھېسسىيات ھەۋەسلىرى بىلەن ئەقىل باغلانچىسىدىن يىراقلاپ كېتىۋەردۇق . زامانىمىزنىڭ بەرپاچىلىق تەلەپلىرىدىن ئالغاندا ، بۇنداق بىر سەۋدايى قىياپەت تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ دېسەك خاتا بولمايدۇ . ئۇنداق بولمىغاندا ئىدى ، ھېچبولمىغاندا ھەر نۆۋەتلىك ھاكىمدارلىرى-

مىزنىڭ يېنىدا بىرنەچچە دانىشمەن مەسلىھەتچىلىرىمىز بولات-
تى . ئىلىم - پەن مۇنبەرلىرىمىزدە ئۆزلۈك خاسلىقىغا ئىگە
تەتقىقات بىلەن ئالدىمىزدا يول ئېچىپ ماڭىدىغان ئالىملار بولات-
تى ، سۇنئىي ھەمراھ بىلەن تارقىتىدىغان تېلېۋىزور ئىكرانلى-
رىدىمۇ يالغۇز ھېسسىياتچان ئارتىس ھەم ھېيىت - ئايەملەرگە
تەبرىكنامە ئوقۇيدىغان كىچىك شائىرلار ئەمەس ، خەلقىنىڭ زاما-
نىۋىلىشىش ئۈچۈن يول ئاچىدىغان پىكىرلىك يول باشچىلار ،
پەن - تېخنىكا بەرپاچىلىقى ئارقىلىق ئىشلىرىمىزنى ئاسانلاشتۇ-
رىدىغان كەشپىياتچىلار ، ئىختىراچىلار ، يىرىك يازغۇچىلار ،
ئەڭ مۇھىمى ئەقىل - پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ خەلقنىڭ
مۇھەببىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىغان ، خەلققە ئىلھام بېرەلەي-
دىغان دانىشمەنلەر سۆز ئالغان بولاتتى . ھازىرقى كۈندە ، دۇنيا-
دىكى ئىلغار مىللەتلەر ۋە ئۆزىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن جىددىي
ئىنتىلىۋاتقان مىللەتلەردىكى ئويغاق ئالىملار ۋە يازغۇچىلارنىڭ
ئۆزلىرىدىكى ئەبگارلىقنى تۈزىتىش ھەققىدە ئۆتكۈر ئەسەرلەر
يېزىپ ، ئۆز خەلقىدىكى ئەقىلنى پارچىلايدىغان ئىللەتلەرنى پاش
قىلىشى بىزنىڭ ئەللامە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئىمىننىڭ چاقى-
رىقىغا مەزمۇنداشتۇر . بۇ ئالىملار خۇددى يۇرتىمىزنى خوجا
ئاتلىق جاھالەت پىرلىرىنىڭ ۋەيران قىلىشلىرىغا چىديالماي
ئاتالمىش تىرىك مازار ۋە «سەللە يۆگىۋالغان ئېشەك» لەرگە
شىددەتلىك ھۇجۇم قىلغان شاھ مەشرەپ ، ئۆز مىللىتى خەنزۇ-
لارغا ئامراقلىقىدىن ئۇلارنىڭ ۋەيرانچىلىقىغا چىداپ تۇرالماي بۇ
مىللەتنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلغان
ئۇلۇغ لۇشۈن ، قازاق مىللىتىنى يامان تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش
ئۈچۈن قازاقلارنى ئاللانىڭ نامى بىلەن سۆككەن ئاباي ... لارنىڭ
شاگىرتلىرىدۇر . بۇنداق ئۇلۇغ ئۇستازلار ۋە جەڭگىرى بار ئاپ-
تورلار ئەقىلنى پارچىلايدىغان ئىللەتلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان
بىزدەك مىللەتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شىپالىق دورىدۇر .

www.uyghurkitap.com

چۈنكى، ئىنساننىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرى ئەقىلنى پارچىلايدىغان ئىللەتلەرگە ھامى نادانلىقتىن تۇغۇلىدۇ. ھەرقانداق خەلقنىڭ بۇنداق نادانلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ، كۆلپەتلىك تەقدىرنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس. بىزدىكى ئىللەتلەر نادانلىقنىڭ پۇت دەسسەپ تۇرۇشىدىكى ئاساس بولۇپ، بۇ ئىللەتلەر تۈزەلمىسە مىللەت تۈزەلمەيدۇ، مىللەت ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئۇ ئىللەتلەردىن قۇتۇلمىسا، بۇنىڭ ساپاسى بارغانسېرى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ، ھەتتا مىللەتتىكى بۇ ئاجىزلىق ۋە ئىللەتلەر قىيامەت قىيىنغا ئايلىنىپ بېشىمىزنى يەيدۇ. بىزدىكى بەزى كىشىلەر بىزنىڭ ئۆزىمىزنى بىلىش ۋە ئېتىراپ قىلىش ئاساسىدا پىسخىك ئاجىزلىقلارنى تونۇشىمىزنى توغرا تونۇيالماي، ئاجىزلىقلىرىمىز، ئەيىب ـ نۇقسانلىرىمىزنى كۆپ دەپ كەتسەك، مىللىي غۇرۇرىمىزغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر ئۆز دەرۋازىلىرىنى دۇنيانىڭ ھەممە تەرىپىگە قاراپ ئاچقاندا، ئۆزلىرىدىكى دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا چاندىغان ئاجىزلىقلارنى تۈزىتىشنى مىللىي غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇش دېمەستىن، بەلكى تۆۋەن سەۋىيىدىكى تار مىللىي ئاڭنى دۇنيا سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش، سۈنئىي ھالدا ئۆزىنى ئەمەكلەيدىغان بىر تەرەپلىمە پوچىلىقنى ئۆزگەرتىش، ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەيدىغان تارقاق ئىگىلىكنى دۇنيا بازىرىنى نىشان قىلغان زامانىۋى ئىگىلىككە ئۆستۈرۈش، دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى سەۋىيىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزلىرىدە دۇنياۋى تالانتلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىغان ئىكەن، بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ يامان ئىللەت، ئاجىزلىقلىرىمىزنى يوشۇرماي ئېچىپ تاشلاپ ۋە تۈگىتىپ (ئۆزگىچە ئانا مەدەنىيەت ياراتقان پەلسەپىۋى پىكىر يولى بىلەن، ئەلۋەتتە.) مىللىي روھنى ساغلاملاشتۇرۇشنى ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي شەرەپلىرىمىزنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۆستۈرۈشنىڭ ئەخلاقىي بۇرچى، مىللىي

غۇرۇرنى ئۆستۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى دەپ قارىشىمىز كېرەك.
سەۋەب شۇكى، دۇنيادا نۇقسانسىز خەلق بولمايدۇ. مەلۇم خەلقتىكى نۇقسانلار گەرچە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم تەرەپلەردىن توسۇپ تۇرسىمۇ، ئىدىيە، پىكىر دېگەنلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتىن تۆرەلگەنلىكتىن، ئۇ خەلق ئۆز ئەيىبلىرىنى بىلىپ يېتىپ، ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغاندا بولسا، ئۆز خەلقىنىڭ تارىخىي ئۇستۇنلۇكىنى ياراتقان شەرەپلىك ئارتۇقچىلىقلىرىنىڭ تېخىمۇ تولۇق جارى بولۇشىغا تۈرتكە بولىدىغان يېڭى ئىدىيە، ئىلغار پىكىر ھاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ ئەقىل تېپىپ ئۆز گۇناھلىرىغا تۆۋە قىلغۇچى خەلقلەرنىڭ بەخت مەنزىلىگە قاراپ ئاچقان يېڭى يولدۇر. بۇنىڭدىن 2500 نەچچە يىل بۇرۇن جۇڭگودا ئۆتكەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ لاۋزىنىڭ «ئۆزگىنى بىلگەنلەر زېرەك، ئۆزىنى بىلگەنلەر دانادۇر»، دېگەن بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېنىدا تۇرغان ئەمرو ئىبنى ئاس: ئاگاھ بولۇشقا تېگىشلىك ئىللەتلەر بار «بۇ ئىللەتلەر راھەت - پاراغەتنى جاپا - مۇشەققەتكە ئايلاندۇرىدۇ؛ پاراۋانلىقنى نامراتلىققا ئايلاندۇرىدۇ؛ شان - شۆھرەتنى نومۇس - خورلۇققا ئايلاندۇرىدۇ. مەن سىلەرنى پەرزەنتنى ئاز تېپىشقا، تىرىشچان، ئىقتىساتچىل بولۇشقا، پۇل - مالنى بۇزۇپ - چاچماسلىققا، قۇرۇق گەپنى ئاز قىلىشقا دەۋەت قىلىمەن، دېگەنلىكى ھەربىر خەلقنىڭ ئۆزىنى بىلىش، ئۆزىنى ئېتىراپ قىلىشى «دانىشمەنلىكنىڭ ئالدىنقى شەرتى»، ھەربىر مىللەتنىڭ ئەقىل تېپىشى، بەختىيارلىقنىڭ ئالدىنقى شەرتى، ئۆز تەرەققىياتىنى قولغا كەلتۈرۈشىدە ئۆزىنى بىلىش ھەرىكىتىنىڭ بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بىز نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىمىزنىڭ مەلۇم جەھەتلەردىكى ئارتۇقچىلىقىمىز ياكى تارىخنىڭ ناھايىتى مۇقەددەم ۋاقتىدا دۇنيا مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىمىز بىلەن بىز ئۇنداق ئۇلۇغ، بۇنداق ئۇلۇغ دەۋېلىشقا كۆنۈپ قالغانلىقتىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھازىرقى كۈندىمۇ ھەقىقىي تەرەققىياتقا ئېرىشكەن خەلقلەرنىڭ
ئالدى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرى، ئەيىب - نۇقسانلىرى
ئۈستىدىن غەلىبە قىلغۇچىلار ئىكەنلىكىنى تولۇق بىلىپ يېتەل-
مەيۋاتىمىز. بۇ بىرىنچىدىن، ھازىرغىچە قولغا كەلتۈرگەن مۇ-
ۋەپپەقىيەت ۋە بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئاساس سالغان ئارتۇقچىلى-
قىمىزنى يېگىچە مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرىمىز ئارقىلىق
دۇنياغا تېخىمۇ كەڭرى تونۇتۇش ئۈچۈن پايدىسىز بولسا، ئىك-
كىنچىدىن، ئۆزىمىزنىڭ ئەيىب نوقسانلىرىمىزنى قامچىلاپ يو-
قىتىپ قەد كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈنمۇ پايدىسىزدۇر. ئېنگىلسمۇ
نېمىس مىللىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان چاكىنا مىشچانلىق ئادىتى-
نى نېمىسلارنىڭ ئۆز بەختى ئۈچۈن بولغان ئەمگەك ھەم كۈرەش
جەريانلىرىدىكى چىدىماسلىق، پەسكەشلىك دەپ قاراپ، بۇنداق
مىشچانلىق «گېرمانىيىدىكى بارلىق سىنىپلارنى بۇلغاپ، گېر-
مانىيىنىڭ ئىرسىيەتلىك كېسىلىگە ئايلاندى، قۇللارچە باش
ئېگىش، خۇشامەت قىلىشنىڭ ۋە نېمىسلاردىكى بارلىق ئەنئەنى-
ۋى رەزىللىكلەرنىڭ ئامراق بىر تۇغقىنى بولۇپ قالدى. بىزنىڭ
مانا مۇشۇ ئادەتلىرىمىز بىزنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەزىل قىلى-
شى ۋە كۆزىگە ئىلماسلىقىغا ئېلىپ بارماقتا. ئۇ بىزنىڭ چۈش-
كۈنلىشىپ كېتىشىمىز ۋە ئىرادىمىزنىڭ بوشاپ كېتىشىدىكى
ئاساسلىق سەۋەب» دېگەن ئىكەن. دېمەك، بىزنىڭ ھازىرقى
كۈندە پىسخىك ئاجىزلىقلارنى تىلغا ئېلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ
ماختانچاق ۋاقىتلىرىمىزدا بىپەرۋالىق بىلەن سەل قارىغان، ئاد-
دىيلىق بىلەن ئىنكار قىلغان، بېكىنمىلىك بىلەن «قۇدۇقتا
كىرىۋېلىپ جاھان مۇشۇ» دەيدىغان پاقىلارنى دورىغان ۋاقىتلى-
رىمىزدىكى سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئۆزىمىز سوتقا چاقىرىش، بىز-
نى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدىغان، ئىرادىمىزنى بوشاشتۇرۇۋې-
تىدىغان، بىزنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئەرزىمەس قىلىۋېتىدىغان
ئاپەتلەرنى يوقىتىش بولۇپ، بۇنداق ئەسلىمە ۋە تۈزىتىش نەسلى-

مىزنى قۇرۇتۇشقا خىرىس قىلىۋاتقان خۇرۇئىنغا قارشى تۇرۇش ، خەلقىمىزدىكى پاكىزە ۋە نورمال بولغان توي ، مېھماندارچىلىق-لارنىمۇ بۇزۇپ ، ئۇلارنى پۈتكۈل مىللەتنى ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىرىتىدىغان ھەشەمچىلىك سورۇنغا ئايلاندۇرۇشقا قارشى تۇ-رۇش ، قىسقىسى ، بىزنى زەئىپلەشتۈرۈپ ، بەختى - ئامەت ، شان - شۆھرەت ، بەخت - سائادەت ، ئىززەت - ھۆرمەتتىن مەھرۇم قىلغۇچى بارلىق مىشچانلىقلارغا قارشى تۇرۇشنىڭ باش تۈتقىسىدۇر . بىلىشىمىز كېرەككى ، ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆزىنىڭ قالاق ، ناچار ھالىتىنى ئۆزلىرى ئۆزگەرتمىگۈچە ، ئۇ-نى ھېچكىم ئۆزگەرتىپ بەرمەيدۇ .

### 4 . يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىشنىڭ شەرتى

بىزنىڭ مېڭىمىز ناھايىتى مول قابىلىيەت كانى بولۇش بىلەن بىرگە نازۇك ، سەزگۈر ، مۇرەككەپ ماشىنا . بىزدە چوڭ مېڭىدىن ئىبارەت يوشۇرۇن قابىلىيەت كانى بولسىمۇ ، ئۇنى ھەرىكەتلەندۇرۇش ئۇسۇلىمىز توغرا بولمىسا ، ئۇ كاننى ئۈنۈم-لۈك ئاچالمايمىز . ئۇنى توغرا ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۇرۇش تامامەن ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشكە باغلىق بولۇپ ، خۇددى ئا-دەمنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى ، ئىممۇنىتېت كۈچى ، فىگورىسى ، ئۆمرى بەزى يېمەكلىكلەر بىلەن ياخشىلىنىپ بارسا ، يەنە بەزى يېمەكلىكلەر بىلەن ناچارلىشىپ بارغانغا ئوخشايدۇ . بۇنداق ئى-كەن ، ئاكتىپ ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىنىش مېڭىمىزدىكى يوشۇ-رۇن قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ شەرتى بولىدۇ . بىراق ، ئىدىيىۋى تەربىيىلىنىشنىڭ ئوزۇقلۇقى يېمەكلىكلەردەك بىر نەرسىگە قا-چىلاپ ئالىدىغان ياكى بازاردىن سېتىۋېلىشقا بولىدىغان نەرسە ئەمەس ، بەلكى سىزنىڭ مۇھىتىڭىز — سىزنىڭ ئېڭىڭىزغا تەسىر قىلىدىغان ئىشلاردۇر . بىزنىڭ مۇشۇ جەھەتتە تەربىيىلى-نىشىمىز . بىزنىڭ ئادىتىمىزنى ، پوزىتسىيىمىزنى ، خاسلىقى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىزنى بەلگىلەيدۇ. ئويلاپ باقايلى، بىز جۇڭگودا ياشاۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن قىلىقلىرىمىز جۇڭگوچە بولىدۇ، بىز يەنە ھەر خىل مىللەتتىن بولغانلىقىمىزدىن ئادەتلىرىمىز ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتلەنگەن ھەرىكىتىمىز، تىلىمىز، قىزىقىشلىرىمىزلا ئەمەس، ھەتتاكى يول يۈرۈشىمىز، يۆتىلىشىمىز، ئاش ـ نان، چاي، دۇغلارنى ئىچىشىمىزمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ؛ مۇزىكا، مەدەنىي مەشغۇلاتلىرىمىزدىن تاكى تەقى ـ تۇرقىمىزنى رۇسلاپ يۈرۈشىمىز، كىيىنىشىمىزمۇ ئوخشىمايدۇ. مانا بۇنداق ئوخشىماسلىقلار بىزنىڭ ئوخشىمايدىغان مۇھىتلاردا تەربىيىلەنگەنلىكىمىزدىن بولماي نېمە؟ بۇلاردىن تېخىمۇ روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بىز ئىدىيىۋى جەھەتتە تەربىيىلىنىشتىن ئىبارەت ئەمەلىيەت ئىمتىھانىدىن ئۆتمەي تۇرۇپ مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئۈنۈملۈك ئاچالمايمىز. بۇنداق ئىكەن، بىز ئىدىيەۋى مۇھىتىمىزدا كىملەرنى ئۈلگە قىلىمىز ۋە قانداق تەربىيىلەنىمىز؟ ئالدى بىلەن بۈيۈك غايىلىك ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇقامىغا تۇۋلاشتىن ئۆزىمىزنى تارتىمىز. چۈنكى بىز پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر بىلەن بىللە بولساق ۋە ئۇلار نېمىدېسە شۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرسەك، مېڭىدىن ئىبارەت ماشىنا پاسسىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىپ بىزنى مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ. بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئادەملەر بىلەن بىللە بولساق ۋە ئۇلارنىڭ دانا سۆزلىرىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىمىزنى ياخشىلاش يولىدا مۇستەقىل كاللا ئىشلىتىشنى ئۆگەنسەك، مېڭىدىن ئىبارەت سىرلىق ماشىنا ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىپ بىزنى ئۇتۇققا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچىدىغان ئىشەنچلىك ئۇسۇل بولۇپلا قالماستىن، دۇنياغا مەشھۇر بولغان ۋە ئىنسانىيەتنىڭ يادىدىن مەڭگۈ چىقىپ كەتمەيدىغان ئۇلۇغ تەسىر-

لەرنى قالدۇرغان كىشىلەرنىڭمۇ ئەڭ ئەلا ئۇسۇلىدۇر . ئالاي-
لۇق ، كارنىگ زامانىمىزدىكى داڭلىق ئەللامە . ئۇ دۇنياغا مەش-
ھۇر بولۇشتىن بۇرۇن خۇددى بىزدەك ئاددىي ئادەم ئىدى .
ئۇنىڭ چوڭلار مائارىپى بويىچە پادىشاھلارمۇ باش ئۇرىدىغان
شۇنچە شۆھرەتلىك ئۇستازغا ئايلىنىپ كېتىشىدە ، ئۇنىڭ بىر
ئۆمۈر بوشاشماستىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ئالاھىدە رول
ئوينىغاندىن سىرت ، ئۇنىڭ لىنكولىن باشچىلىقىدىكى ئۇلۇغ
ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ ، ھەرقاچان ھەر يەردە ، ھەر گەپ ، ھەر
سۆزدە ئۆزىنى شۇ ئۇلۇغلارغا سېلىشتۇرۇپ تۇرۇپ ئۆگىنىشى ،
ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب خىسلەتلىرى بىلەن تولۇقلاپ مېڭى-
شىمۇ ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان . «ئىنسانىيەت پاراستى-
نىڭ پارلاق نۇرى» دېگەن ئەسەر ئەمەلىيەتتە كارنىگنىڭ لىنكو-
لىندىن ئۆگىنىش تەسىراتى بولۇپ ، ئۇ لىنكولىننىڭ پۈتكۈل
ھاياتىدىكى ئالىي خىسلەتلىرىنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزلەشتۈ-
رۈپ ، مەشىقتىن ئۆتكۈزگەن . كارنىگ بۇنداق ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ
ئۇلۇغ داھىيلىرىدىن ، ئالىملىرىدىن ئۆگىنىپلا قالماستىن ،
ھەتتا ئارقىدا قالغان ھىندىستاندەك ئەللەردىكى گەندىگە ئوخشاش
ئۇلۇغ ئادەملەرنى تېپىپ ئۆگىنىپ ، ئۇلاردىكى ئۇلۇغ نۇرلارغا
ھۆرمەت قىلىپلا قالماستىن ، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ مۆجىزى-
لىك جايلىرىنى بايقىۋېلىپ ، ئۆز تۇرمۇشىدا ئۇچرىغان ھەر خىل
قىيىنچىلىقلارنى شۇلارنىڭ ئۈلگىلىك سۆز - ھەرىكىتى بىلەن
ھەل قىلىپ ، بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ توختىماي ئالغا باس-
قان . مەسىلەن ، لىنكولىن سىياسىي جەھەتتىكى كۆڭۈلسىزلىك
ۋە پاجىئەلىك نىكاھ ئىشى بىلەن «گويا دوزاخ ئازابىدەك غەم
- قايغۇ» غا پېتىپ كېتىپ ، ئارىدىن ئالتە يىل ئۆتكەندە تاسادى-
پىي يۈز بەرگەن بىر ئىش بىلەن نىشانىنى ئۆزگەرتىپ «ئاق
ساراي» غا قاراپ يول ئالغان . كارنىگ بۇنىڭدىن ئۇلۇغ ئادەم-
لەرنىڭمۇ قايغۇلۇق كۈنلىرى بولىدىغانلىقىنى ، لىنكولىننىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇلۇغ بولۇپ كېتىشى ئەنە شۇنداق ئاچچىق كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ يەنە ئۇتۇققا يېتىپ بېرىشنى بىلگەنلىكىدىن بولغانلىقىنى بايقىۋېلىپ ، ئۇنىڭ قايغۇ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلغان ۋە پۈتۈن دۇنيادىكى شاگىرتلىرىغا قارىتىلغان دەرسلىكلىرىدە غەم ـ قايغۇنى يوق قىلىشنى مۇھىم مەزمۇن قىلىپ شەرھلىگەن . لىنكولىن ھەققىدە ئەسەر يازغىچە بولغان ئارىلىقتا ، لىنكولىننىڭ قولىغا بىر پارچە كىتاب چۈشۈپ قالسا ، ئۇنى گۆھەر دەپ بىلىدىغان ، ئۇ كىتابنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۆزىنى يەنە بىر دەرىجە ئۆسۈپ قالغاندەك ھېس قىلىدىغان ؛ بىر ئىشقا بەل باغلاپ قالسا ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىدىغان ؛ توسۇق قانچە چاپالدىق بولسا ، شۇنچە ئۈستۈن غەيرەت ۋە چارە ـ ئاماللار يېڭىپ تاشلايدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان . بۇ ئۆگىنىش جەريانىدا شۇنداق خىسلەتلەرنى يېتىشتۈرگەنكى ، ئۇتۇق قازىنالمىغان ، ھەتتا مەغلۇپ بولغان چاغلاردىمۇ يەنە بىر ئىشتا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن ئوتتەك قىزغىن بولغان . «نەدە يىقىلىپ كەتسەم ، شۇ يەردە ئورنۇمدىن تۇرىمەن» دېگەن قەسەمىيات بىلەن ياشىغان . ئالايلۇق ، سېتىقچىلىق ھاياتىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇ ئۆزىگە مۇنداق دېگەن : «مەن بۇ خىزمىتىمدىن ۋاز كېچىش قارارىغا كەلگەن بولساممۇ ، تىرىشىپ يېزىشنى توختاتمايمەن . مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ياخشى بىر روھ ۋە توغرا بىر كۆز بىلەن قارىشىم كېرەك . مەن خۇددى قۇياشتەك يېنىپ تۇرۇپ ، قاراڭغۇ كوچىلاردا كېتىۋاتقان يولۇچىلارغا يورۇقلۇق تارقىتىشىم كېرەك . تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆزۈمنى نامايان قىلىدىغان بىر ئەپچىل چارىگە ئىگە بولۇشۇم ، كېلەچەكتە بولسا ، رېئاللىقتا ئۆزۈمنى جانلىق توغرىلاپ ، پۈتۈنلەي يېڭىچە بىر ئۇتۇق يولىنى ئېچىپ ، ئۆزۈمدىكى تۇغما قابىلىيەتلەرنى ئەڭ

يۈكسەك دەرىجىدە جارى قىلدۇرۇشۇم كېرەك .»[1] دانىشمەن كارنىگ بىزگە ئوخشاش ئاددىي ئادەمدىن بۈيۈك دانىشمەنگە ئايلىنىپ كېتىشتە ئەنە شۇنداق ئۈلۈغ ئادەملەردىن ئۈلگە ئېلىپ ، ئۆزىگە ئەنە شۇنداق خىتاب ۋە مۇسابىقىلەرنى ئېلان قىلىپ تۇرغان ئىكەن ، بۇ بىز ئۈچۈنمۇ مېگىمىزدىن ئىبارەت سىرلىق ماشىنىنى توغرا ئايلاندۇرۇپ ئۈلۈغ كىشىلەرگە ئايلىنىشىمىزنىڭ ئۈلگىسىدۇر .

كەسىپ ۋە ئورۇن ـ مەرتىۋە دەيدىغان بولساق ، دەۋىي ئەنگلىيە پادىشاھلىق پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەشھۇر پروفېسسورى ۋە ئالىمى بولغاندا ، فارادېي تېخى بىر تۈپلەش ئىشچىسى ئىدى . لېكىن ئاخىرىغا كەلگەندە ، فارادېي دەۋىينىڭ ياراملىق ياردەمچىسى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ، دەۋىيدىنمۇ شانلىق ئىلمىي نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى .

ئىرويە 19 ـ ئەسىردە ئامېرىكىدا پەيلاسوپ ۋە ئەدىب نامىدا مەشھۇر بولغاندا ، ئەمېرسون تېخى ئۆزىنىڭغا مەدىكار ئىشلەيدىغان باغۋەن ئىدى . ئۇنىڭ باغ ـ ۋاران ۋە هويلا ـ ئاراملىرىغا قاراش ، سۇغىرىش ، سۇپۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتى . لېكىن بۇلارنىڭ ئورنىدىكى بۇنداق چوڭ پەرق ئۇزاققا بارمىدى . ئەمېرسون بىر قانچە يىلدىن كېيىنلا پەلسەپە ھەم ئەدەبىياتتا ئۆزىنىڭغا يېتىشۋالدى ، ھەتتا بەزى جەھەتلەردە ئېشىپ كەتتى . بۇنىڭدىكى سىر نېمە؟ ئوخشاشلا «مەن دېگەن مەدىكار» دېمەي ، ئۆزىگە تولۇق ئىشەنگەن ھالدا ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى تولۇق ئاچقان . ئەمېرسون بۇنى يەكۈنلەپ : «ئۆزىگە ئىشىنىش باتۇرلارنىڭ ماھىيىتىدۇر» دېگەن . مانا بۇ بىز ئۈچۈن ئىبرەتتۇر .

مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەسلىدە ئادەتتىكى

---

① «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەدبىرلىرى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 4 ـ ، 5 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئادەملەردىن بولۇپ ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدە ئادەتتىكىلەردىن ئالاھىدە تۇرىدىغان يېرى يوق . ئۇلار ئاساسلىقى تارىخىي خاتىرىلەرگە چۈشۈپ كەتكەن ۋە ئەۋلادنى تەربىيىلەش ئېھتىياجى بىلەن تەشۋىق قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن ھەيۋەتلىك ئۆگىنىش ئۈلگىلىرىگە ئايلىنىپ ، ئادەتتىكىلەرنى ئەيمەندۈرىدىغان بولۇپ كەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسى ، كەسپى ۋە ئورنى ئادەتتىكىلەردىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالغان . يارالمىشى ئوخشاش بولغان ئىككى ئادەمنىڭ بىرىسىنىڭ مەرتىۋىسى ئۈستۈن بولسا ، يوشۇرۇن قابىلىيىتىمۇ غايەت زور بولىدىغان ، ئورنى تۆۋەن بولسا يوشۇرۇن قابىلىيىتى يوق بولىدىغان ئىش نەدە دەيسىلەر ، بۇ يەردىكى گەپ مەرتىۋىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى ئەمەس ، بەلكى ، خۇددى كارنىگىنىڭ لىنكولىن ۋە باشقا ئۇلۇغلاردىن ئۆگەنگىنىگە ئوخشاش ، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۇلۇغلارنى ئادەتتىكى ھالىتىدىن ھالقىتىپ مۆجىزىلىك قىلىۋەتكەن نەرسە زادى نېمە دېگەندەك پەم بىلەن ئىگىلەپ ئېلىشىدۇر .

ئالايلۇق ، بىرمۇنچە ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈپ كۆرۈشىچە ، ئامېرىكىدىكى زۇڭتۇڭلارنىڭ تەڭدىن تولىسى قاراڭغۇ كەپىلەردە دۇنياغا كەلگەن ئىكەن ، ناھايىتى كۆپ مەشھۇر كىشىلەر دەسلىپىدە سەھرا باللىرى ئىكەن . ئېلىمىزدىكى مەشھۇر كىشىلەرگە قارىساقمۇ ئەھۋال ئانچە پەرقلەنمەيدۇ . ئەمما ، بىزنىڭ ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر شەھەرلەرنى مەشھۇر شەخسلەر دۇنياغا كېلىدىغان ئوچاق دەپ ئويلايدۇ . شەھەردە ئۆسۈپ چوڭ بولغان بىرمۇنچە كىشىلەرمۇ يېزا سەھرالىرىمىزنىڭ يېزىلارنى گۈل بوستانلىققا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن ، ئاجايىپ شەھەرلەرنى بىنا قىلغۇچى ۋە ئۇلارنى ئۇنۇملۇك باشقۇرغۇچىلارنى يېتىشتۈرىدىغان ئۇلۇغ زېمىن ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ

قىلمايدۇ . لېكىن ، «يېزىنىڭ بالىلارغا بولغان پايدىسىنى ھەقى-
قەتەن سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ ، يېزا كۈچلۈك بەدەن ،
چاققان قول ، زېرەك مېڭە يېتىلدۈرۈپلا قالماستىن ، بەلكى
بالىلار ھەر كۈنى تەبىئەتنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى بىلەن ئۇچرىشىپ
تۇرغانلىقتىن ، ئۇلاردا پاك ، گۈزەل پەزىلەتمۇ يېتىلدۈرىدۇ .
بۇلار چوڭ شەھەرلەردە چوڭ بولغان بالىلاردا كەمدىن كەم
تېپىلىدۇ . ئۇلارنىڭ مەكتىپى گۈزەل دالا ، ئاپئاق بۇلۇت ۋە تۆت
پەسىل مەنزىرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى بولۇپ ، بۇ مەكتەپ ئۇلارغا
ئادەم بولۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ئۆگىتىدۇ . ھەيۋەت-
لىك ئېگىز تاغلار ، ئەگرى - بۈگرى كەتكەن تىك چوققىلار
ئۇلاردا ئالىيجاناب خىسلەت يېتىلدۈرىدۇ ؛ سۈزۈك تاغ سۇلىرى
ئۇلاردا ھەققانىي - ئادىل ، تىنچ ئاڭ شەكىللەندۈرىدۇ . ئۇلار
كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۇچرىشىپ تۇرۇۋاتقان بارلىق گۈل - گىي-
ياھ ، قۇرت - قوڭغۇز ، توخۇ - ئۆردەك ، ئىت - مۈشۈك ،
كالا - قويلار ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراستىنىڭ بۇلىقى ، بۇلاردىن
باشقا ئۇلار ئۆي ھايۋانلىرىدا بولىدىغان ئائىلىق مېھرىدىن دۇنيا
بويىچە ئەڭ ئۇلۇغ دەرس ئالالايدۇ .

يېزىلاردىكى ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇرمۇشى گويا چوڭ ۋە قىزىق-
قارلىق خىمىيە تەجرىبىخانىسى . ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھەر
خىل ئاجايىپ مەنزىرىلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ : «كەڭ
زېمىن چىرايلىق ، خۇش پۇراق گۈل - گىياھلار بىلەن قاپلاڭ-
غان ، ئېتىزلاردىن ئۈزلۈكسىز تۇردە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ
ھاياتىغا زۆرۈر بولغان ئاشلىق چىقىپ تۇرغان ، تاغ - داللار
ئىنسانىيەتنى ئۈزلۈكسىز تۇردە ياغاچ بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان ؛
ئۇلار چىرايلىق گۈل - چېچەكلەرنىڭ قانداق ئېچىلىدىغانلى-
قىنى ، نەپىس مېۋىلەرنىڭ قانداق ھاسىل بولىدىغانلىقىنى ، يۇم-
ران مايسىلارنىڭ قانداق ئۆسۈپ يېتىلىدىغانلىقىنى ، بارلىق
ھاشاراتلار ، ئۇچار قۇشلارنىڭ قانداق ھەرىكەت قىلىدىغانلىقىنى

ھەمدە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت تەمىنلىگەن بارلىق نەرسىلەردىن قانداق پايدىلىنىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. ئۇمۇمەن، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى ھەممە نەرسىلەر ئۇلارنىڭ تەجرىبە قىلىشىنى، ئېچىشىنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بىلىپ - بىلمىگەن ھالدا ئۇلۇغ ئىجادىيەت ئىقتىدارى، مول بىلىم ۋە ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرۇشقا يېتىپ ئاشقۇدەك ئەقىل - پاراسەت يېتىلدۈرىدۇ.»①

شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ قاراشلىرى بىلەن يېزا ئەمەلىيىتى ئارىلىقىدا نېمە ئۈچۈن شۇنچە پەرق بولىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىر قىسىم ئاكتىپ ئىدىيە بىلەن يېزىنىڭ بۇ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپ يەتسە، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر پاسسىپ ئىدىيە بىلەن يېزىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىنكار قىلىدۇ. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، ھازىرقى كۈندە بىر قىسىم كىشىلەر ناھايىتى زور بەدەل تۆلەپ يېزا ۋە جاڭگاللىرىمىزنى ئېچىپ يىرىك يېزا ئىگىلىك قۇرۇشقا ئاتلاندى، بۇلار بەلكىم يېزىلارغا ئەنە شۇنداق ئاكتىپ ئىدىيە بىلەن قاراپ مېڭىۋاتقانلاردۇر. ئاتا مىراس يېزىلاردىكى باغۇبوستانلىرىنى تاشلاپ شەھەرلەرگە سوقۇنۇپ كىرىۋاتقانلار بولسا، بەلكىم پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەردۇر. ئەگەر بۇنداق پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر، يەنىلا ھەممە راھەت - پاراغەتنى شەھەردىن كۆرۈپ، يېزىلارنى «سەھرايى قىيامەت» دەپ، ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەردىن ئۆلگە ئالمايدىكەن، تاڭلا كۈنلەردىن كېيىن ئۆزى ۋە ئەۋلادلىرى ئاشۇ ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ مەيدانلىرىغا مەدىكار بولۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىشتىكى ھەقىقەت كۆ-

① «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تەدبىرلىرى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 4 - ، 5 - بەتلەر.

زى ئاشۇ ئادەملەرنىڭ يېڭى زېمىنلارنى ئىگىلەش ئىدىيىسىگە كېلىش ۋە ئۇلارنىڭ ئىگىلەش ھەم - پاراستىنى ئىگىلەپ ئې-لىشتۇر . بۇ يەردىكى ھەم ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ يېزى-لارغا پەن - تېخنىكا ئېلىپ كىرىشى ، ئۇلارنىڭ يېزا ئەمگىكى جاپالىق بولسىمۇ ، پەن - تېخنىكا بىلەن جابدۇنغان ھامان ، يېزىلارنىڭ يۇقىرىدىكى شەھەرلەردە يوق ئەۋزەللىكلىرىنى ھەس-سىلەپ جارى قىلدۇرۇپ ، سەھرادا شەھەر خەلقى كۆرەلمەيدى-غان ، ھەتتا تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان راھەتلىك تۇرمۇشنى قۇ-رۇش مۇمكىنلىكىنى ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ شەھەرلەرنى تەرەق-قىي قىلدۇرىدىغان ، باشقۇرىدىغان قابىلىيەتلەرنى يېتىشتۇرۇپ چىقىشقىمۇ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت يىراقنى كۆرگەنلىكىدۇر .

ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى بۇنچىۋىلا تەرىپلەپ ئېيتى-شىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر ئادەم ھاياتىغا كۆپ ھاللاردا فىزىئولوگىيىلىك ئەھمىيەتتىن قارايدۇ ، ئەمما ، بۇنداق قاراشنىڭ ئادەم ھاياتىغا نىسبەتەن قىممىتى زور بولمايدۇ . پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر قورساق تويغۇزۇشنىڭ كويىدا كەلگۈسىگە ئىشەنچ قىلالمىغاچقا ، ئۆز مۇھىتىنى ئەلالاش-تۇرالمايلا قالماستىن ، بەلكى مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرغۇچىلارغا تاپا - تەنە قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ . سىزگە ئۇمۇ بولمايدۇ ، بۇمۇ بولمايدۇ دەۋاتقان ئادەملەر ئەنە شۇ خىلدىكى ئادەملەردىندۇر . ئۇلارنىڭ ئۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىشى ئۆزى ئىنسان تەبىئىتىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىش بابىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمى-غانلىقتىن بولۇپ ، ھەر قاچان سىزنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش مەغلۇ-بىيەتچىگە ئايلاندۇرۇشنى ئويلايدۇ . ئۇلارنىڭ تىلىدىن سىز مۇن-داق سۆزلەرنى ئاڭلايسىز :

— ئېگىز ئۆسكەن دەرەخنى شامال سۇندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن ؟

— بۇنچىۋالا قىلىپ نېمە قىلاتتىڭ ، ئەل قاتارى يۈرسەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمىدىمۇ ؟

ھېلىمۇ خېلى بىر ئادەم بولۇپ قالدىڭغۇ؟ يەنە نېمىگە شاپاشلاپ يۈرىسەن ؟

— كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەي دېسەڭ ، ئەمدى بولدى قىل .

— ئۆزۈڭنىلا ئويلىماي قېرىنداشلىرىڭنىمۇ ئويلاپ قوي .

ئۇلار ئۇچۇن ئىش قىلماي ئۆره تۇرۇپ بەرسەڭمۇ ھېساب .

— ھالۇېنى ھېكىم ، تاياقنى يېتىم يېگەندەك ، سەن «ئىد-جاد قىلدىم» دېگەن بىلەن ، ئانچىكىم ئادەملەرنىڭ ئەمەل تۇتۇ-ۋاتقانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ ؟

— شۇنچىۋالا شەرەپكە تويماي ، موللاق ئاتمىغىن يەنە !

— تولا شاپاشلاپ كەتمە ، بۇ دېگەن ئىش قىلغانلاردىن كۆپرەك قۇرۇق گەپ قىلىدىغانلار ئۇتۇپ چىقىدىغان جاھان !

..........

بۇلار غۇۋالىق ، قايغۇ ، ئۈمىدسىزلىك ، روھىي چۈشكۈن-لۈك ، مەغلۇبىيەتچىلىك بولماي نېمە ؟

بىراق ، پاسسىپ پىكىردىكىلەرنىڭ گېپىگە ئەمەل قىلىش ئۆزىگە ئۆزى ئورا كولاش بولىدۇ . چۈنكى دانالىقتىن مەھرۇم بولغان ئۆلۈك كۆڭۈللەرنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ ، ئۇلاردىن ئەر-كىن شوخشۇپ ئۆرلەۋاتقان كۆڭۈللەرگە قارشى پاسسىپ گەپلەر-دىن باشقا نەرسە چىقمايدۇ . ئۇنداق پاسسىپ گەپلەرنىڭ كەينى-دىن ماڭغاندا ، ئادەم ئىلگىرىلەش جاسارىتىنى يوقىتىدۇ . مېڭى-سىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئېچىشى ۋە تەرەققىي قىلدۇ-رۇش بويىچە تۈزگەن كەلگۈسى پىلانلىرىنى ۋەيران قىلىدۇ .

بۇيۈك غايىگە ئىگە ئادەملەر ئىنسان ھاياتىغا كۆپ ھاللاردا مەڭگۈلۈك ئەھمىيەتتىن قارايدۇ . ئۇلار ئىنسانلىق كامالىتى پىكىر قىلىشتىن دەپ بىلىپ ، ئادەمنىڭ ھەر قېتىملىق مەغلۇپ بولۇشىنى بىلىشنىڭ يۈزەكى ھالىتى دەپ زادىلا مەيۈسلەن-

مەيدۇ ـ دە ، ھەرنېمە بولسا يېڭى يۇكسەكلىكنى دەپ ئىزدىنىد-
دۇ . بىر ئادەمنىڭ ئۇتۇش ـ ئۇتتۇرۇشىنى بەلگىلەيدىغان نەر-
سە ، ئۇنىڭ تەقى ـ تۇرقى ، ئېگىز ـ پاكارلىقى ، ئورۇق ـ
سېمىزلىكى ، ئائىلە ـ كەسپى ، قايسى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن-
لىكى ئەمەس ، بەلكى ئىدىيىسىنىڭ بۈيۈك ياكى خۇنۇكلۇكى
دەپ قاراپ ، ئىدىيىۋى ئاسارەتتىن ئۆزىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن
جاسارەتلىك ئىدىيىلەرگە ھامىي بولىدۇ . تاپا ـ تەنىچىلەر دەس-
تىدىن چاكىنىلىققا باش ئەگمەيدۇ ، زادىلا چۈشكۈنلەشمەيدۇ .
ئارىمىزدىكىلەرنىڭ «پۇل بولمىسا ئىش قىلغىلى بولمايدۇ» ،
«مىڭ تىرىشقان بىلەن ئامەت كەلمىسە بىكار» ، «بىلىمىڭ
بولسىمۇ يۆلەنچۈكۈڭ بولمىسا ئۆرلىيەلمەيسەن» دېگەندەك سۆز-
لىرىدىنمۇ بوشاپ كەتمەستىن ، ھامان بىر كۈنى ئۇتۇق قازىنىد-
غانلىقىغا ئىشىنىدۇ . بۇلار كەلگۈسىگە ئۈمىد باغلاپ بەختكە
قاتتىق تەلپۈنىدۇ . ئۇلار خوش ئاۋاز ، ئۇتقۇچى ، ئۆسكۈچى ،
كامالەت ئىزدىگۈچى ، بىرىنچى ، ئەڭ ياخشى ، ئەڭ ئۇلۇغ بو-
لۇشنى ئارزۇ قىلغۇچى ، شۇ تۈپەيلى يامانلىق ، ئىككى يۈزلىمد-
لىك ، رەزىللىك ، مۇناپىقلىق ھەمدە ئىنسان بەختىنى كۆپۈككە
ئايلاندۇرىدىغان پىسخىك ئاجىزلىقلارغا ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق
ئىنسان گۈزەللىكىنى مەدھىيىلىگۈچىلەردۇر . شۇنداق بولغاد-
لىقتىن ، ئۇلار ھەرقاچان ئىزدىنىدۇ ، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلد-
دۇ . تىرىشچان كاللا گويا مۇنبەت زېمىن بولغاچقا ، بۇنداق
ئىزدىنىش ۋە تەپەككۇر ئۇلارنىڭ كاللىسىدا باھار ۋەسلىگە يېتد-
دۇ ـ دە ، ئىجادىي نەتىجىلەر باھارنىڭ گۈزەل گۇللىرى بولۇپ
ئېچىلىدۇ ، يەنى بۇنداق ئىزدىنىش ھەم چوڭقۇر تەپەككۇر ئۇلار-
نىڭ مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتلەرنى ئىنسانىيەت گۈزەل-
لىكىنى ئاشۇرىدىغان مەنىۋى ھەم ماددىي مەھسۇلاتلارغا ئايلاندۇ-
زىدۇ . بۇ جەھەتتە يېڭىدىن ئېچىلغان بىلىملەر گويا قاغجىرىغان
يەرگە يامغۇر ياغقاندەك ، ھۆرلۈك ھەم گۈزەللىككە ئىنتىلىۋاتد-

قان مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى روھلاندۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جامائەتچىلىك گويا ھۇپپىدە كۆكلەۋاتقان گۈل ـ گىياھلارغا ئوخشاش ياشىرىپ قىلىنىۋاتقاندەك بولىدۇ. بىز بۇ ھالەتنى كۆرگەندە گويا بىزگە بەختلىك مەنزىرە ئېچىش ئۈچۈن ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كۈچلۈك خاراكتېرنى كۆرگەندەك بولىمىز.

— كۈچلۈك خاراكتېر، — دەيدۇ ئالىم ئوشىنسكىي، — كۈچلۈك ئېقىمدەك توسالغۇغا ئۇچراش بىلەن غەزەپكە كېلىدۇ ۋە تېخىمۇ كۈچىيىدۇ، توسالغۇنى بۆسۈپ تاشلىغاندىن كېيىن ئۆزى ئۈچۈن چوڭقۇر ئېقىن يارىدۇ.[1] بىز ئۆلگە قىلماقچى بولغان كىشىلەر مانا مۇشۇنداق كۈچلۈك خاراكتېردىكى ئادەملەر بولغاچقا، ئۇلار يازغان چوڭقۇر ئېقىنلار بىلەن بىز قەدەممۇقەدەم ھەقىقەت مەنزىللىرىگە، تەرەققىيات نىشانىغا يېتىپ بارالايمىز.

— ئادەم دېگەن بىر تۇپ يېكەن، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەڭ ئاجىز نەرسە، — دەيدۇ مۇتەپەككۇر پاسكال، — لېكىن ئۇ تەپەككۇر قىلىدۇ، ئۇنى بېسىپ چۈشۈش ئۈچۈن دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ قوراللىنىپ يۇرۇشى ھاجەت ئەمەس، كىچىككىنە بىر ھادىسە ۋە ياكى گۈپپىدە بۇرۇنغا ئۇرۇلغان گازمۇ ئادەمنى گۆر ئاغزىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. لېكىن، دۇنيادىكى ھەممە شەيئىلەر بىرلىشىپ ئادەمنى ئوڭدىسىغا بېسىۋالغان بىلەنمۇ ئۇلاردىن بىر دەرىجە يۇكسەك تۇرىدۇ. چۈنكى، ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى بىلىدۇ، ئۇ شەيئىلەرنىڭ قايسى تەرەپتە ئۆزىنى بېسىپ چۈشىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. دۇنيادىكى شەيئىلەر بولسا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. مانا بۇ بىر ئالىمنىڭ يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ يېشىپ بېرىپ، پىكرىنى قە-

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرىدىن ئېلىندى.

دىرلەشكە قىلغان ھۆكمىدۇر . بۇ ھۆكۈمدىن مەلۇمكى ، تەبىئەت
دۇنياسىدا باشقا شەيئىلەرگە قارىغاندا ، يېكەندەك ئاجىز ئادەم-
نىڭ دۇنيادىكى شۇنچە كۆپ شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشۈشىدىكى
ئۈستۈنلۈك تەپەككۇردىن ئىبارەت . ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ
ئېيتقاندا ، ئادەمنىڭ باشقا شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان يې-
رى : بىرىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىش
بولسا ، ئىككىنچىدىن ، ئۆزىنىڭ كەمچىل ، ئاجىز يەرلىرىنى
بىلىشتىن ئىبارەت . بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى
ئادەملەر ئادەمدىكى تەپەككۇردىن ئىبارەت مۇشۇ ماھىيەتلىك تە-
رەپتە تەشەببۇسكار بولغانلىقتىنمۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزنى كۈچەيتىد-
شىمىزدىكى ، يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئېچىپ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشىمىزدىكى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىت بولالايدۇ .

بىز پەقەت ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلگەندىلا ئۆمرد-
مىزنىڭ ھەر دەقىقىسىنى تېخىمۇ مولراق ھاياتلىق قىممىتىگە
ئىگە قىلىش كويىدا بولۇپ ، ھاياتلىق سەھىپىمىزدە ئىنسانىيەت-
نىڭ ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى ئاشۇرىدىغان تېخىمۇ كۆپ مۆجىزد-
لەرنى قالدۇرۇش ئۈچۈن ، ھاياتلىق مۇساپىسىنى ئويغىتىش ،
تەربىيىلىنىش ، ئىجاد قىلىش مۇساپىسىگە ئايلاندۇرۇپ ، گو-
مۇشلۇق قىلىپ ھاياتنى لاي سۇدەك ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان نادانلىق-
تىن قۇتۇلالايمىز ، ياش تۆكۈپ يىغلاشنىلا بىلىپ ، يورۇق دۇن-
يادا قىممەتلىك ئىز قالدۇرۇشنى بىلمەيدىغان ئۆلۈمدىــن ئازايتا-
لايمىز ئەمەسمۇ ؟ ئۆزىمىزنىڭ كەمچىل ، ئاجىز تەرەپلىرىنى بىل-
گەندىلا ، ئۆز ھاياتىمىزنىڭ كامالىتى ئۈچۈن تىرىشىمىز ، ئۆزد-
مىزنى ئەتەي ئەمەكلەپ ، قەدىر - قىممىتىمىزنى پۇچەكلەشتۈ-
رۈۋېتىدىغان ئىللەتلەردىن قۇتۇلالايمىز ئەمەسمۇ ؟ راستىنى
ئېيتقاندا ، كەمچىلىكنى تۈزەتكەن ئادەم كەمچىلىكىم يوق دەيد-
غان ئادەمدىن كۈچلۈك بولىدۇ . چىڭغىز ئايتماتوۋ ئېيتقاندەك :
«مىللەت ۋۇجۇدىدىكى قاباھەتنى تەن ئېلىش — شۇ رەزىل

قاباھەتنى خۇدالىق دەرىجىسىدە تۇرۇپ قارغاش » بولغانلىقتىن ، ئاقىل ئۆلىمالار يىقىلىپ بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان جەڭچىلەرنى باتۇر دېگەندىمۇ مۇشۇنداق پەلسەپىۋى نۇقتىئىنەزەردە بولغان . بۇنداق ئۆزىنى بىلىش ۋە تولۇقلاش جەريانىدا كىشىلەر تۇرلۇك تەرەپلەردىن كۈچلۈك بولۇشنىڭ ئامالىلىرىنى تاپىدۇ . بۇنىڭ بىلەن تەپەككۇردا ئۆرلەش ھاسىل بولۇپ ، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇنقى ئاددىي ساۋات چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتىدۇ . روھىي دۇنياسىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت ، ھېسسىيات ، كۆزقاراش ، چۈشەنچىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى تۈيدۇرماي قىيناپ كېلىۋاتقان تەرەپلىرىنى تۈزىتىدۇ . تەرەققىياتقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاجىزلىقلارنى يېڭىپ كۈچىيىدۇ .

بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر يول باشچىلىقىدا كىشىلەرنىڭ مېڭىسىدە ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئەلا مۇھىت ، «مىڭ ئاي ئوقۇغاندىن بىر سائەتلىك تەپەككۇر ئەلا » دەيدىغان ئېتىقاد شەكىللىنىپ ، پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تۇرلۇك ساھەلىرىدە ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ئەۋج ئالىدۇ ـ دە ، پۈتكۈل خەلق تۇرمۇشىدا زور گۈللىنىش مەيدانغا كېلىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، پاسسىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر ھەرقانچە تاپا ـ تەنە قىلغان بىلەنمۇ نام ـ نىشانلىرىنى تارىختا قالدۇرالمايدۇ . قالدۇرسىمۇ سەلبىي تەرەپتە قالدۇرىدۇ . بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنىڭ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئەخلاقىي كامالىتى ئۈچۈن ئۆچمەس ئىز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز مېڭىمىزدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىپ كامال تېپىشنىڭ ئەڭ ئەلا يولى ـــ بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەردىن ئۆلگە ئېلىپ ، مېڭىمىزنى ئاكتىپ ئۇسۇل بىلەن ھەرىكەتلەندۇرۇش ـــ ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت قىلىش ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانمايمىز .

راست ئەمەسمۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى نادانلىق-
تىن ئىبارەت ياۋۇزلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ ئىجاد قىلىش
تارىخى ، دۇنيانى ، ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرلىكتە ئۈزلۈك-
سىز تۈردە ئەركىنلىك ھەم تەرەققىياتقا ئېرىشىش تارىخى .
شۇنداق بولغانلىقتىن ، تارىختا تۈرلۈك ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت
ئىنسانلارنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ سەۋىيىسىنى بەلگىلەپلا قال-
ماستىن ، بەلكى ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتى يەنە كىشىلىك
دۇنياسىنىڭ گۈزەل سىمۋولىنى تۇرغۇزدى . ئۇ مۆجىزىلەر كى-
شىلەرنىڭ ئېڭىدا خاسىيەتلىك تەسىرلەرنى قالدۇردى ھەمدە
چوڭ مېڭە ئاساسىدىكى ئىجادىيەت پسىخىكىسى ۋە ئىجادىيەت
ئىقتىدارىنى تولۇقراق ئىشقا سالالىغان ئىجادكارلارنى تىلسىمات-
لارنى يېشىدىغان سېھىرگەرلەرگە ئوخشاش گىگانت ئادەم قىلىپ
كۆرسەتتى . قەدىمكى گرېكلەر پاراسەت ئىلاھىي ئافىنانى گرېك-
لەرگە توقۇمىچىلىق ، مېتال تاۋلاش ، قۇيمىچىلىق ، كېمە يا-
ساش ۋە ئويمىچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئۆگەتكۈچى قىلىپ
تەسۋىرلىدى ، ۋەھاكازالار . قەدىمكى گرېك مەدەنىيىتىدە پرامىدا
بولغان ئارىستوتېل ئىجاد قىلغان فورمال لوگىكا تەپەككۇر قى-
لىشنى تۈگىتىشتىكى قورال ھەم ئاساسلىق مېتودولوگىيە ئى-
دى . شەرقنىڭ ئارىستوتېلى دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئوغلى فارابى
يازغان لوگىكا كىتابىمۇ شەرقنىڭ ئىجادىيەت تەپەككۇرىنى بېيى-
تىدىغان يۇلتۇز ئىدى . ئەمما ، لوگىكىلىق تەپەككۇر پەقەت
ئىجادىي تەپەككۇر جەريانىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقتىن ، كىشى-
لەر مەدەنىيەت تارىخىنى تېز ئىلگىرى سۈرۈش ئارزۇسىنى ئىش-
قا ئاشۇرىدىغان ئىجادىيەت پسىخىكىسى ئۇنىڭ بىلەن تولۇق
يېشىپ بېرىلمىدى . شۇڭا ، تەبىئىي پەننىڭ تېز سۈرئەت بىلەن
ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ ، مۇشۇ ئەسىردىن باشلاپ ، ئىجادىيەت
پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىش ئىشى مەخسۇس ئىلمىي ساھە
بولۇپ ، مىڭلاپ كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى . ھازىرقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆندە ، بىرمۇنچە پسىخولوگلار ، پەيلاسوپلار ، ئالىملار ، ئەدىب-لەر ، سەنئەتكارلار ، ئىلىم - پەن تارىخچىلىرى ، ئەدەبىي نەزە-رىيىچىلەر ، مەنتىقشۇناسلار… بۇ ساھەگە كىرىپ تەتقىقاتقا كى-رىشتى ۋە بىرمۇنچە نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ، ئەمما ، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى دېگەن پەننى تولۇق شەكىللەندۈرۈپ كېتەلمىدى . ئىجادىيەت خاسلىقىنى تاكامۇللاشقان پەن سۈپىتىدە ئوقۇتۇشنى يولغا قويالمىدى . شۇنداقتىمۇ ئادەمنىڭ پسىخىكىسى مېڭىنى فىزىئولوگىيىلىك ئاساس قىلىدىغانلىقىنى ئىلمىي پا-كىتلار بىلەن ئىسپاتلاپ ، ئىجادىيەت پسىخىكىسى ھەققىدە بىر-قەدەر ئىلمىي ھەم سىستېمىلىق تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئىجادىيەت پسىخىكىسىنى ئۆگىنىشىمىزگە يول ئاچتى .

قىسقىسى ، ئىنسان تەبىئىتىدە بار بولغان قۇدرەتنى جانلان-دۇرۇش ، پسىخىك ئاجىزلىقلارنى تۈگىتىش بويىچە چەكسىز-لىككە ئىنتىلىش ھەربىر كىشى ۋە خەلقنىڭ ھەقىقىي ئوبرازىنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان ۋە ساقلايدىغان مۇھىم كاپالەتتۇر . ئۇنداق ئىكەن ، بۇنداق ئىجادىي مۇھىتنى ئۆزىمىزدە تۇرغۇزۇشتا ، ئا-ساسلىقى ، ئىجادىي مۇھىت ئۈلگىسى بولغان ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەر (تالانت ۋە ئالاھىدە تالانتلىقلار ) نىڭ خۇسۇسىيەتلىرى-نى ئۆگىنىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىللە يەنە ھەربىر كىشىگە مۇنۇلارنى تەكىتلەش مۇمكىن : (1) بۈيۈك غايىگە ئىگە ئاكتىپ ئىدىيىدىكى ئادەملەرنى ئۈلگە قىلىپ ئىلىم - بىلىمنى قەدىر-لەش ، كۈچىنىڭ ئەقلىدە ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ ، ئادىتىمىز-گە كىرمىگەن ئۇسۇللار بىلەن مەسىلىلەرنى كۆزىتىشكە جۈرئەت قىلىش ، ھەر ئىشتا ئەڭ ياخشى ، ئالدىنقى قاتاردىكى ئۇسۇللارنى تاللاش . (2) پايدىلىق شارائىت يارىتىپ ، توسقۇن كۈچلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت دەرۋازىسىنى تاقىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ، كۆرەشتە غەيرەتلىك ئادەملەرنىڭ ئۆتۈپ چىقىدىغانلىقىنى ئۇنتۇ-ماي شىجائەتلىك بولۇش . (3) ئىرادىسىزلىكنىڭ ئادەم قەدرىنى

يەرگە ئۇرىدىغانلىقىنى ۋە ھەسەتخورلۇقنىڭ شېرىن دوستلار ھەتتاكى بۇيۇك ھەقىقەتكە نەيرەڭ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۇنتۇماي، ئىرادىسىز ئادەملەرنىڭ كاشىلا تۇغدۇرۇشىدىن، ھەسەتخورلارنىڭ ھىيلىسىدىن ھەزەر قىلىش. (4) ئۇتتۇپ چىقىشقا يول كۆرسىتىدىغان دانالارنى ئۇلۇغلاپ، مەغلۇبىيەتچىلەردىن مەسلىھەت سورىماسلىق. مەغلۇبىيەتنىڭ ۋاقىتىنچە ئادەمنى بەختلىك قىلالمىسىمۇ، دانا قىلالايدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق. (5) پسىخىكا تازىلىقى ئېلىپ بېرىپ، كاللىسىدىكى كۆنۈككەن ئادەتتىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەسلىك، دىلىغول بولۇش، توخۇ يۈرەكلىك قىلىشتەك ئەركىن پىكىرلەرگە قارشى پسىخىك دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش. (6) كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلماسلىق، زەھەرلىك پىكىرلەرنى تازىلاش.

سەۋەب شۇكى، رېئال تۇرمۇش شەيئىلەرنىڭ تۇرمۇشقا لازىمەتلىك ـ لازىمەتلىك ئەمەسلىكىنى سىناق قىلىش سورۇنى، ئۇ دائىما ئەڭ ياخشى كىتابتىنمۇ كۆپرەك نەرسىنى ئۆگىتىدۇ. بۇنداق سىناق بەزىدە ناھايىتى زور ئۇتتۇق ئېلىپ كەلسە، بەزىدە مەغلۇبىيەت خەتىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇتتۇق مەغلۇبىيەت خەتىرىنى يېڭىپ كەتكەندە، بىز رىغبەت ھەم ھاياجانغا تولۇپ ياشايمىز. لېكىن، بىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەيىبلىنىش، چەتكە قېقىلىش، بېسىلىشقا ئۇچراش مەغلۇبىيەت ھېسابلىنىدۇ. تەپسەتەۋرىمەستەك ئولتۇرۇپ كۈننى بىكارغا ئۆتكۈزۈۋېتىش مەغلۇبىيەت بولىدۇ. تىجارەتتە پايدا زىياننى قاپلىيالماسلىقمۇ مەغلۇبىيەت بولىدۇ. ئەمما ھەرقانداق قورقۇنچلۇق مەغلۇبىيەت جايىدىن مىدىرلىماي تۇرۇۋېلىشتىن، مەڭگۈ «مەغلۇب بولماسلىق» ھەم دائىم خاتىرجەم ياشاشنى ئويلاشتىن ئېغىر بولمايدۇ. بىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويۇشى مانا مۇشۇ شەخسىي خاتىرجەملىكى ئۈچۈن مىللەتكە ئىجادىي مېۋە تەقدىم قىلىدىغان قۇربان قىلىشىدىن كېلىپ چىق-

قان. شۇڭا، مەغلۇبىيەتتىن قېچىش ئىجادىيەتتىن قېچىش، تۇرمۇشتىن قېچىشتۇر. بۇنداق قاچاقلىقنىڭ ئۇسۇلى ئۆزىنىڭ پىكرىدە تۇرماي باشقىلارنىڭ دېگىنىگە لەببەي دېيىش بولۇشىمۇ، يېڭىلىق يارىتىشتىن قورقۇپ كونىلىقتا ئېسىلىۋېلىش بولۇشىمۇ، شۇنداقلا كىتابنامىلەردىن چىقماي قۇم قازلىق قىلىش بولۇشىمۇ، مەنسەپ مەرتىۋىسى بىلەن ئادىل كىشىلەرنىڭ ھەققانىي پىكىرلىرىنى بېسىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. دەرۋەقە، مۇنداق ئېھتىياتچان بولغاندا «قايناق سۇ ئىچ، كۆڭلۈك تىنچ»، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دېگەندەك ۋاقىتىنچە چاتاق چىقارماي ياشاش مۇمكىن. ئەمما، ئوبرازىنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت مۇكەممەللىككە ئىنتىلگۈچىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەقىلگە ئۇيغۇن پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا پۇرسەت بەرمەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىز خۇددى ھەممە مەسىلە ھەل بولۇپ بولغاندەك يۈرۈۋېرىمىز. ئارىمىزدىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ھايات مەشئىلىنى كۆتۈرۈپ بىزگە سەركە بولۇپ، مېڭىۋاتقان چولپانلارنى قەدىرلىمەي، كونا ئادىتىمىز بويىچە بارىغا شۈكۈر قىلىپ يۈرىدىغان مۆمىن، ياۋاشلارنى «ياخشى» دەپ ماختاپ يۈرۈشىمۇ ئەنە شۇ مەسئۇلىيەتسىزلىكىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

ئادەم دېگەن مەسىلە ھەل قىلىشقا يارالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئۈزلۈكسىز تۈردە مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىش ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش پۈتۈلگەن. ئەگەر بىر مەسىلە ئىختىيارسىزلىق ياكى ئادەتلىرىمىز تەرىپىدىن ئەل بولۇپ كەتسە بىز ھەرگىز ئۇلارنىڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايمىز، بىز بىر مەسىلىنى ھەل قىلىۋالساق خۇددى مەڭگۈلۈك ھەل قىلىۋالغاندەك بولۇپ كېتىمىز ھەمدە بۇرۇن قوللانغان ھەل قىلىش ئۇسۇللىرىمىز گويا دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئەڭگۈشتەردەك قىلىپ كېتىمىز، بۇ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش-

ـمىزغا توسالغۇ بولۇشى بولماي نېمە؟
بۇنداق ئادەتلىرىمىزنى ئۆزگەرتىش بىزنى بىئارام قىلىدۇ. چۈنكى، ئاللىقاچان شەكىللەندۇرگەن ئادىتىمىز خۇددى كىيىپ كونىرىتىۋەتكەن كەشكە ئوخشايدۇ. كونا كەشنىڭ پۇتقا راھەت بېغىشلىشى ئۇنىڭ پۇتىمىزغا تامامەن ماسلىشىپ كەتكەنلىكىدە بولۇپ، شۇنداق ماسلىشىپ كەتكەنلىكتىن، بىزنىڭ ئۇنى تاشـ ـلىۋېتىشكە كۆزىمىز قىيمايدۇ. يېڭى سىناق، يېڭى تەجرىبە خۇددى يېڭى كەشكە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنى ھەممىمىزنىڭ كىيـ ـگۈسى كېلىدىيۇ، ئەمما كىيگەن ۋاقتىمىزدا دەماللىققا پۇتقا راھەت بېرەلمەي، ماسلاشمىغاندەك قىلىدۇ، تەپەككۇر ئادىتى، كۆزىتىش ئادىتى، سەزگۇ ئادىتى، ئاڭلاش ئادىتى، پۇراش ئادىـ ـتى، قىزىقىش ئادەتلىرىمۇ ئەنە شۇنداق ئادەتلىرىمىزگە ئوخشاش بولۇپ، ئەگەر بۇ جەھەتتە كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەتلىرىمىزگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىكەنمىز، بۇ ئادەتلەرمۇ ئىجادىي تەپەككۇر قىلىشىمىزغا توسالغۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمما تەپەككۇر نۇقتىسىـ ـدىن ئالغاندا، ئادەتلەنگەن تەپەككۇرىمىز ئادەتتىكى تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان مەسىلىنى ھەل قىلىشقا خۇددى كونا كەشنى كىيىش ئاسان، ئۇنىڭدا يول يۇرۇش چاپسان بولغاندەك ئەپلىك، چاققان ئۇنۇم بېرىدۇ، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى بىرلا نىشانغا مىخلاپ قويۇپ بىخۇدلاشتۇرۇۋېتىپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئادەم كونىلىقنى ساقلايدىغان، قېلىپبازلىق قىلىدىغان، يېڭى كۆزقاـ ـراش، يېڭى ئىدىيىلەرنى قوبۇل قىلالمايدىغان ۋەزىيەتنىڭ ئۆزـ ـگىرىشىگە قارىماي زامان، ماكاندىكى شەرتلەرنىڭ ئالماشقانلىقىـ ـنى نەزەرگە ئالماي كونا ئادىتى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بولۇپمۇ بۇنداق تەپەككۇر ئادىتى چىرمىۋالغانلار رەھـ ـبەر، يېتەكچى بولۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ كاللىسى خۇددى قېتىپ قالغان تاشقا ئوخشاش بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، خاتا قارار چىقىرىپ پۈتكۈل ئىگىلىككە كاشىلا تۇغدۇرىدۇ. ئەمما، بىز شۇنى بىلدـ

شىمىز كېرەككى ، «يېڭىلاش قەبىھلىكنى چىقىرىپ تاشلايدىغان دورا . كېسەل تۇرۇپ دورا يېمىسە ، يېڭى كېسەللەر ئۇزلۇكسىز قوزغىلىپ تۇرىدۇ . چۈنكى شەيئىلەر ھەرقانداق ۋاقىتتىن تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت شەيئىلەرنى چىرىتىدىكەن چاغدا ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىدىغان ئەقىللىق ئادەملەر بولمىسا ، ئاقىۋەت ئۇ شەيئىلەر گۇمران بولىدۇ .»[1] ئەگەر بىز ۋاقىت ئېتىبارىدا قىممىتى تۈگىگەن شەيئىلەرگە ئېسىلىۋالىدىكەنمىز ، بۇ ئادىتىمىز مالمانچىلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ . شۇڭا ، كۆڭلىمىز ئۇلارغا ئاللىقانداق ئامراقلىق بىلەن ئۇرۇپ تۇرغان تەقدىردىمۇ ئۇنى يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىمىزنى ئېچىشنىڭ ئىسكەنجىسى دەپ جىددىي ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك . شۇنداق قىلىپ كونا ئادەتلىرىمىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان ھامان ئىجادىيەتنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى باسالايمىز .

بولۇپمۇ يېڭى خىيال ، تەسەۋۋۇرلىرىمىزنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئىنتىلىپ تۇرۇشىمىز ، ئۆزىمىزنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىمىزنى ئىشقا سالىدىغان ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان پۇرسەتلەرنى پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئىزدىشىمىز كېرەك . بىرەر ئىشتا تۆھپە كۆرسىتەلىگەن ئادەملەر ئەنە شۇنداق يېڭى خىيال ، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭ كويىدا بولماي باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرغۇچىلار ، ئۆزىنى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ سىرتىغا قويۇۋالغۇچىلاردۇر . ئەڭ يارىماس ئادەملەر بولسا ئۇقۇمۇشلۇق تۇرۇپمۇ ئەزمىلىك قىلغۇچىلار ، قۇرۇق خىياللارغا بېرىلىپ «پېشانەمگە نېمە پۈتۈلگەن بولسا شۇنى كۆرىمەن» دەپ تۇرغۇچىلاردۇر . چۈنكى ، ھەرقانداق دانىشمەنلىكمۇ ئىنسانىيەتكە مۇھەببەت قىلمايدىغان ، كۆز

① ف ، بېكون : «ھاياتلىق توغرىسىدا» ، شائخەي خەلق نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى 15 ـ بەت .

ئالدىدىكى چۈۋالچاقلىقنى تۈزۈش يولىدىكى ئىجادىي، ئەمەلىي ھەرىكەتلەرگە ئىنتىلمەيدىغان قىلىپتا بولسا كېرەكسىز بولۇپ چىقىدۇ. ھەرقانداق بىر ئورۇندا ئىشلىمەيلى، ئۆلۈغ ئىختىرا ياكى ئىجادىيەتنى ئەمەس، ئىنتايىن ئاددىي بىر تەسەۋۋۇرنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشنىڭمۇ تۈرلۈك توسالغۇلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى بىلىمىز. بەزى ئالاھىدە ياخشى پىلان، لايىھىلەر خېلى ئۇزاق يىللار ئارخىپتا ئۇخلاپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ، ھەتتا ئېتىبارسىز قارىلىپ مەڭگۈ ئاشۇ قاراڭغۇلۇقتا قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇ تامامەن تەدبىر قوللىنىش بىلەن پىلان، لايىھىنى قەغەز يۈزىدىن ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشقا جۈرئەت قىلىدىغان بىر ئادەمنىڭ يوقلۇقىدۇر. شۇڭا، ئىجادىي ھەرىكەتكە ئىجادىي تەپەككۇردىنمۇ بەك ئەھمىيەت بېرىپ، ھەرقاچان ھەرىكەتكە ئىنتىلىپ تۇرۇش — يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشتا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە يا بىلىم ئىگىلەش، يا پۇل تېپىش، گىزى كەلگەندە بۇ ئىككىسىنى بىرلەشتۈرۈپ رىقابەتتە يېڭىپ چىقىش ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان ھاياتلىق مەسىلىسى بولۇپ قالدى. سەن بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىدىنىڭ پېشىنى تۇتمىساڭ دەسسىلىپ خاراپ بولىسەن، سېنىڭ ئاجىز، بىچارە ئاۋازىڭنى كىم ئاڭلايدۇ!؟ شۇڭا بىلىمگە ئىشتىياقى بارلار بىلىم ئىگىلىشى، پۇل تېپىشقا ئىقتىدارى بارلار پۇل تېپىشى، پۇل تېپىش ئۈچۈن بىلىم - تېخنىكا ئۆگىنىشى لازىم. ئەڭ مۇھىمى كاللا ئىشلىتىپ ئىجادىي ئىش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش لازىم.

بۇنىڭدىن بۇرۇن سىزمۇ ۋەتەنداشلىرىڭىز ئالدىدا تۇرغان تۈزقەرزىنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئاشۇنداق ياخشى پىلان، لايىھىلەرنى كۆڭلىڭىزدىن كەچۈرگەن بولغىيتىڭىز؟ سىزنىڭ شارائىتىڭىز بەزى

ھاللاردا تېخى پەن ـ تەتقىقاتقا كىرىشىپ نەتىجە قازانغان ئالىم-لار ۋە بىرنەچچە مىڭ ھەتتا بىرنەچچە يۈز يۈەن بىلەن تىجارەتكە كىرىشكەن باي كارخانىچىلاردىن ياخشى بولغىيتتى؟ شۇنداق خىياللاردا بولۇپ تۇرۇقلۇق ھەمدە شارائىتىڭىز ئۇلاردىن ئوبدان تۇرۇقلۇق نېمىشقا سىز ئانا يەرگە شۇنچىلىك ئىش قىلىپ بېرەلمىدىڭىز؟ ئاساسلىقى سىز خىيال ياكى پىلانىڭىزنى ئەمە-لىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئالدىغا چىقىشقا سەل قارى-دىڭىز ياكى جۈرئەت قىلالمىدىڭىز. مانا مۇشۇ يېتەرلىك سا-ۋاق. بۇنداق ئىكەن، سىز غۇۋا خىياللارنى ئۇچۇق - يورۇق ئەمەلىيەتتە سىناڭ، قايغۇ ـ ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ ئورنىڭىز-دىن دەس تۇرۇپ خىيال ۋە پىلانىڭىزنىڭ بىرىنچى قەدىمىنى بېسىڭ. مەيلى سىزنىڭ سەۋىيىڭىز قانچىلىك بولسۇن، ئورنى-ڭىز قانداق بولسۇن، يۇرتىڭىز نە بولسۇن زادىلا ئىككىلەنمەڭ، چۈنكى «تالانت تىرىشچانلىقتا»، «تالانتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ھەل قىلغۇچى ئامىل تىرىشچانلىق. قەدىمدىن ھازىرغىچە نەتىجە قازانغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇغما قابىلىيىتى يۇقى-رى ئادەملەرلا ئەمەس. تۇغما قابىلىيىتى تۆۋەن بىر مۇنچە ئادەملەرمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ جاپالىق مەشىق قىلىپ ناھايىتى ياخشى نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئادەمدە قانچىلىك تىرىش-چانلىق بولسا، تۇغما قابىلىيەتمۇ شۇنچىلىك جارى بولىدۇ. تۇغما قابىلىيەتنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشى ۋە شەخسنىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىشى توغرا تاناسىپ بولىدۇ. بىر ئادەمدە ئون ئۆلۈش تۇغما قابىلىيەت بولسا، ئون ئۆلۈش ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ جاپالىق مەشىق قىلسا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى ئون ئۆلۈش تۇغما قابىلىيەت تولۇق تەرەققىي قىلىدۇ. ئەگەر ئىجتى-ھات بىلەن ئۆگىنىش، جاپالىق مەشىق قىلىش بەش ئۆلۈش

بولۇپ قالسا ، ئۇنىڭدىكى تۇغما قابىلىيەت پەقەت بەش ئۇلۇشتە توختاپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭدا بىر ئۇلۇشمۇ تىرىشچانلىق بولمايدىكەن ، ئۇنىڭدىكى تۇغما قابىلىيەت نۆلگە تەڭ بولىدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، بىر ئادەمدە يەتتە ئۇلۇش تۇغما قابىلىيەت بولۇپ ، ئۇ ئون ئۇلۇش ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنسە ۋە جاپالىق مەشىق قىلسا ، ئۇنىڭدىكى يەتتە ئۇلۇش تۇغما قابىلىيىتى بەلكىم تولۇقى بىلەن جارى بولىدۇ ـ دە ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا سىزدەك ئون ئۇلۇش تۇغما قابىلىيەت بار ئەمما تىرىشمايدىغان ئادەمدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . تاشپاقا بىلەن توشقاننىڭ مۇسابىقىگە چۈشۈشى ھەققىدىكى مەسەل ھەممىمىزگە ئىبرەتتۇر . »①

### 5 . زامانىۋى ئوبراز

يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ئارقىلىق ئوبرازىمىزنى زامانغا لايىقلاشتۇرۇش — روشەنكى ، بىزنىڭ گۈزەللىك تاللىشىمىزدۇر . پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئەنە شۇنداق گۈزەللىك تاللاش (ئىختىرا ۋە ئىجادىيەت ) بىلەن پەللىمۇپەللە ئۆرلىگەن . بىراق ئادەمنىڭ گۈزەللىك تاللىشى دۇنيادىكى ھەرقانداق شەيئىگە ئوخشىمايدۇ .

بىز تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياپيېشىل قارىغايلىقلارنى ، ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەرنى كۆرگىنىمىزدە ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن بولىمىز . بۇنىڭ ئەكسىچە قاقاس سايلار ، چۆللەر ۋە ناگان ـ ناگاندا ئۇچرايدىغان گىياھلارنى كۆرگىنىمىزدە بىر خىل زېرىكىشلىك ھېس قىلىمىز . دېمەك ، بىزنى جەلپ قىلغان بۇ خىل خىسلەت تەبىئەت گۈزەللىكى بولۇپ ، ئۇ ئەنە شۇ گۈزەل-

---

① گۇمۇرو : «تالانت ۋە تىرىشچانلىق » (ئالىملار ئىلىم توغرىسىدا » نىڭ خەنزۇچە نەشرى ، 4 ـ بېتىدىن ئېلىندى )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لىك تۇيغۇسى بىرەلىمەيدىغان قاقاس سايلار ، چۆللەر ۋە ئەگرى ـ بۈگرى دەرەخلەرگە بولغان سېلىشتۇرمىدىن ھاسىل بولغان . ئادەممۇ تەبىئەتتىكى گۈزەللىك ئالامەتلىرىگە ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە . لېكىن ، ئىنساننىڭ گۈزەللىكى تەبىئەتتىكى بۇنداق دەرەخ ۋە گىياھلاردەك تەبىئىي بولماستىن ، بەلكى ئۇنىڭ رەڭگى ـ رۇخسارىدىن باشقا ، جانلىق ۋە كونكرېت ھەرىكەت ، كارامەتلىرى ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ . يەنى ئۇ ئىنساننىڭ تاشقى قىياپىتىدىن باشقا ئىچكى دۇنياسىدىن بارلىققا كېلىدۇ . شۇڭا ، كىشىلەر تەبىئەتتىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن كۆپرەك ئادەملەر قىلغان ئۇلۇغ ئىش ۋە ياخشى ھەرىكەتلەرنى ھەقىقىي گۈزەللىك ھېسابلاپ ، ئىچىدىن ـ ئىچىگە كۆچۈرۈپ ماختايدۇ . بۇنداق ئۇلۇغ ئىش ۋە ياخشى ھەرىكەتلەر ئالدى بىلەن ئىنسان بولۇش مەسئۇلىيىتىنىڭ سەزگۈسى بولغانلىقتىن ، كىشىلەر قەلبىدە گۈزەللىك بولۇپ قېلىۋېرىدۇ .

ئادەمدىكى بۇنداق گۈزەللىك شۇنىڭ ئۈچۈن شۇنچە سېھرىي بولىدۇكى ، ئۇ ئالدى بىلەن ئەركىن قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە پەزىلىتىنىڭ بىرلىكى بولۇپ ، چاقماق چاققان ياكى گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەن تەرىزدە كىشىلەرنى چۆچۈتمەيدۇ ، بەلكى كىشىگە قاتتىق چۆچۈش بىلەن خۇشاللىقنى بىللە بېرىدۇ ، ئاجايىپ ئەپلىك چارىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان سېھرىي ھېكمەت ۋە زىلزىلىنى بىللە بېرىدۇ .

ئۇنىڭ كىشىلەرگە چۆچۈش بىلەن خۇشاللىقنى ، زىلزىلە بىلەن گۈزەللىكنى بىللە بېرىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، ئادەمدىكى گۈزەللىك ئاساسەن ئىچكى گۈزەللىك بولۇپ ، ئۇ تەرەققىيات دەپ ھېسابلاش مۇمكىن بولغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ قىسقىچە فورمۇلىسى ـــ ھوسۇللۇق يەر ، زامان تەلىپىدىكى سانائەت ھەمدە ئادەملەر بىلەن تاۋارلار ھەرىكىتىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت مىللەتنى بۈيۈك ۋە ساخاۋەتلىك قىلىدىغان ئۈچ نەرسىنى

ئالغا سۈرۈش مەقسىتىدە چاكىنىلىققا قارشىلىق كۆرسىتىش ، قاتاللىق ۋە جاھىللىقنى رەت قىلىش ، ھەرقانچە مىللەت بايرى- قىنى كۆتۈرۈۋالغان بولسىمۇ ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش- كە پايدىسىز بولغان قائىدە - يوسۇنلىرىمىزنىڭ قالاق تەرەپلىرى- گە ئاسىيلىق قىلىش ، ئۆز خاسلىقىمىزدىن ياتلىشىپ كەتكەن سۇس ۋە سىپايە تەرەپلىرىمىزنى تەبىئىتىمىزگە ياندۇرۇش ، ئاددىي - ساددا تەرەپلىرىمىزنى ئەللاشتۇرۇش ، تۇرمۇشىمىزدى- كى تېپتىنچ ياكى دەبدەبىلىك كۆرۈنسىمۇ ئىچى كاۋاك بولغان خۇراپىيلىقلارنى تۈزەش ، ئەجداد ۋە ئەۋلاد ئۈچۈن مىسقال تۆ- مۈردەك ئېغىرچىلىققا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان چىدىماسلىقنى تۈگىتىش ، بىزدە چوقۇنۇش ھاسىل قىلغان بولسىمۇ ، قالاقلىق ۋە نادانلىقىمىزنى ئاشۇرۇپ بېرىۋاتقان خاتا تەلەـماتلارنى يېڭىلا- ش ، ئىنسانلار ئارىسىدا زەئىپ ۋە چاكىنا ھايۋانلىق مۇناسىۋەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان چاكىنا ھەقدارلىقتىن ۋاز كېچىش ، خەلق ئۈچۈن سۇ ۋە ھاۋادەك زۆرۈر بولغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى بۇرمىلاش ، ئۆزئارا توسقۇنلۇق قىلىش ، رېكورت بۇزغۇچى ئو- غۇل - قىزلىرىمىزغا قارىتا قىزىل كۆزلۈك قىلىش ۋە بۇزغۇن- چىلىق قىلىش ، تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدىكى پايدىنى دەپ قېرىنداش- لىقنى خورلاش ، يارەنلىرىگە ئوشۇقچىلىق قىلىش بىلەن راھەت- لىنىش ، بەندىنىڭ گۇناھقا شېرىكلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ ۋە تەنداشلىرىنىڭ كىچىككىنە گۇناھلىرىغا ئەپۇچان بولماسلىق ، رەزىللەرگە پايپېتەك بولۇشنى ئارا كۆرمەسلىكتەك ئىچكى ئۇرۇ- راشنى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلاپ ، پەن - تېخنىكا ۋە ئالىيجاناب تۇرمۇش شەكلى ئورنىتىش ئۈچۈن ئىلمىي ھەقىقەتلەر دۇنيانىڭ قايسى بۇرجىكىدە بولسا قوبۇل قىلىش ، مىللىي مۇھىتنى قوبۇل قىلىنغان ھەقىقەتلەرنى تېخىمۇ پىششىقلاپ قايتىدىن ئىشلەپچى- قىرىدىغان «ئاشقازان» غا ئايلاندۇرۇش ··· قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەپ ، بىزنى ھازىرقى ھالىتىمىزدىن بىر دەرىجە ئۆستۈرىدۇ .

چۈنكى ئۇ ئۆز ھاياتىدا تەييار ئەقىدىلەر ۋە دەرىجىلەرگە چوقۇنمايدۇ، بەلكى ئۇلارغا قايتىدىن يېڭىچە مۇئامىلە قىلىپ، بارلىق كونا تەلىمات ۋە ئەقىدىلەرنىڭ ھازىرقى ھاياتىمىزنى قوغداش ۋە ئۆستۈرۈشكە بولغان پايدا - زىيانلىرى ئۈستىدە ئويلىنىدۇ. ئۇلۇغ پەيغەمبەر - ئەۋلىيالاردىن تارتىپ، دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان ئۇلۇغ ئالىملارغىچە شۇنداق ئەمەسمۇ؟ مۇستەقىل ئىدىيە، يېڭىچە بىر قاراش بىلەن تىرىشىپ ئىلگىرىلىمەيدىغان قايسى قېلىپۋاز ئىسلاھات، ئىسلاھاتنى مەنىۋى ئاساسقا ئىگە قىلغان تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن قورققان قايسى غىلاپ بەندىسى بۇنداق ئىجادىي ۋەزىپىنى ئۆتىدى دەيسىلەر؟ ئۇلار ھەتتا ئاتا مىراس قاراشلارنىڭ شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىپ، ئاتا مىراس قاراش ۋە تەلىماتلارنى زامان تەلىپىدە ئۆستۈرۈشنى بىلمەيدىغان جاھىل يادلامچىلار تەرىپىدىن قارىلانغان، ھەزىل قىلىنغان، زورلۇق كۈچى بىلەن تەقىپ قىلىنغان تەقدىردىمۇ ئىچكى كۈچكە ئىشەنگەن. ھەقىقەتنىڭ شېرىن چاقىرىقلىرىغا تايىنىپ، يەر - جاھانغا كارامەت ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ جاسارىتىنى تونۇتۇپ قويدىغۇ؟! «ساكيامۇنى شاھزادىلىقتىن بۇددىھالىقتا، مۇھەممەد غەيرىي مۇسۇلمانلىقتىن مۆمىنلىككە، ماركس گېگىلچىلىكتىن كوممۇنىزمغا ئۆتكەن. مەنسۇر ئەللاجىمۇ ئادەتتىكى كالام تەلىماتىدىن «ئەنەلھەققە ئۆتتى!»① مانا بۇلار ئاشۇنداق جاسارەت بىلەن بىزنى بىر دەرىجە ئۆستۈرۈش ئەمەسمۇ؟ يالغۇز بۇ يەردە نام - شەرىپى جاراڭلاۋاتقان بۇ ئۇلۇغلارلا ئەمەس، ئومۇمەن ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن بارلىققا كېلىدىغان بۇ گۈزەللىككە شەيدا كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان دەرىجىلەر بويىچە ئالدىن ئوقۇپ بىلگۈچى، ئالدىن بىلىپ بېشارەت بەرگۈچى،

---

① ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن: «تەپەككۇر دەرىخىدىن مېۋىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1993 - يىل 5 -، 6 - سان 100 - بەت.

ئالدىن ئىجاد قىلىپ جەمئىيەتكە يېڭى ھۆرلۇك سوۋغىسى تەقدىم
قىلغۇچى دانىشمەنلەر بولۇپ ، ئۇلار تەبىئەت ، جەمئىيەت ، رو-
ھىيەتتىكى قانۇنىي ھەقىقەتلەرنى مۇھەببەت ئوبيېكتى قىلغان .
ئۇلارنىڭ بۇ مۇھەببىتى نەپسى تەقەززاسىدىكى ھاۋايى ھەۋەسلەر-
دىن خالىي ھالدا دەردمەنلەرنىڭ تىلەكلىرىنى ئىجاۋەت قىلىش
ئۈچۈن كۆيىدۇ ، شۇ تۇپەيلى ئۇلار بۇ ھەقىقەتلەرگە قارشى
قېلىپبازلار كاللىسىنى بەرھەقتىن ئادىمىي شەيتانغا بەرگەن
نادانلارنىڭ تۇرلۇك رەشىك - ھاقارەتلىرى ئىچىدە ئازاب چېكى-
دۇ ، خاتا ئوبرازلاشتۇرۇشلار ئارقىسىدا گۆھەرنى دەسسەپ تۇر-
غان كور گادايلارنىڭ ، پۇل - ياماقلارغا بەنت بولۇپ كەتكەن
نادان بايلارنىڭ داقا - دۇمباق جاراڭلىتىپ ئالقىشلاشلىرىغا
ئېرىشەلمەيدۇ . ئەمما ، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلارنىڭ كېلەچەكتىكى
خەلق مەنپەئىتى بىلەن كۆتۈرۈلىدىغان ئوبرازى خۇنۇكلىشىپ
كەتمەيدۇ . گۈزەللىكنى ئۈستۈرگۈچى بۇنداق دانىشمەنلىكنىڭ
نېمىلىكىنى بىلگەن ۋە دەردىنى تارتقان ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر-
نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ، بۇنداق «دانىشمەن تۇن قاراڭغۇسىدا
ساڭا قېرىغان ياۋا توغراق دەرىخىدەك كۆرۈنۈشى مۇمكىن . تاڭ
شولىسى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالتۇن سۇمۇرغلۇقىنى ئاڭقىرالايسەن .
ھە ، ئۇ ئالتۇن سۇمۇرغ ! تەنھا . بىراق مىليون - مىليون
يۇلتۇزلارنى ياراتقۇچى قەلب كامالىتىنىڭ ئىنژېنېرى ! ئۇ دو-
زاخ ئوتىدا كۆيۈپ تۇرسىمۇ خالايىققا جەننەت دەرۋازىسىنى ئاچ-
قۇچى سىمائى قەيسەر ! ئۇنى ئىقلىمىنىڭ يىراق ئۇپۇقىدىن ياكى
مايىترى بىلەن ئىمامىمەدى ئاخىر زامان رىۋايەتلىرىدىن ئىزدىمە ،
ئۇ ئۆز قېشىڭدا ، ئۇنىڭ روھى ئۆز ئىزىڭدا جاھان كېزىدۇ»[1]
. شۇڭا ، ئادەم دېگەندە ئادەمگە لايىق كارامەت پەيدا قىلىدىغان
گۈزەللىك بولۇش كېرەك بولىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، بۇنداق گۈ-

---

[1] 113 - بەتتىكى ئىزاھات بىلەن ئوخشاش .

زەللىك نېمە؟ ئۇنى قانداق تاللايمىز؟

ئادەمدىكى بۇنداق گۈزەللىك ئەركىن قەلب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە، يۈكسەك پەزىلەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۇنىڭ تالانت ۋە تالانت باغۇەنلىرىنىڭ بىلىم، پىكىر قىلىش خاسلىقى جەھەتلەر-دىكى ناھايىتى كۆپ تەرەپلىمە يېتىشتۈرۈشى ئارقىلىق تاللىنىشلى بولسىمۇ، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنى تاللاش ئۇچۇن باشقىلارنى بوي ئەگدۈرۈش ھاجەت ئەمەس. ئۇ ئۆزىنى بويسۇن-دۇرغان ھامان دۇنياغا خوجا بولالايدۇ، «ئۆزىنى تولۇق بىلگەن-لەر ئەۋلىيا بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە ھەر ئادەم ئۆزىنى بىلىش ئاساسىدا ئۆز ھاياتىغا ئۇنۇملۇك تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىدىكى ئىجادىيلىققا خاس ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇش، ماددىي تەلپۇنۇشلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئىجادىيلىققا، ئىجادىي قابىلىيەتكە يات پسىخىك ئاجىزلىقلارنى يېڭىش، مۇشۇنداق جارى قىلدۇرۇش ۋە يېڭىش جەريانىدا رو-ھىي ئاسارەتتىن تولۇق ئازاد بولۇپ، ئۆز ئالدىغا تولۇق مۇستە-قىل بولغان پەزىلەت تۇرغۇزۇش، ئىجادىيەت تەرىپىدىن ئۆزىگە ئۆزى تولۇق خوجايىن بولۇشتىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، بۇنداق باشلىنىش ھاياتنىڭ بىردىنبىر بەخت بولغان ساغلاملىق، ئۆز-لۈكسىز ئالغا ئىنتىلىشنىڭ بەلگىسىدۇر.

دۇرۇس، ماددىي مەنپەئەت بولمىسا بولمايدۇ. زۆرۈر مەن-پەئەتلەرنى قوغدىمىسا بولمايدۇ، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمى-سا تېخىمۇ بولمايدۇ. بىز بۇ يەردە تەكىتلەۋاتقان ماددىي مەنپە-ئەت ئادىل دارامەت تەقسىماتىنى ئاساس قىلغان ھەققانىي ۋە نورمال ماددىي مەنپەئەت بولۇپ، ئىجادىيەت گۈزەللىكىگە قەدەم ھايات مۇكەممەللىكىنى بۇزماسلىق شەرتى بىلەن ئېيتىلىدۇ. چۈنكى چەكسىزلىككە ئىنتىلمەي تۇرۇپ ھاياتمۇ، ئۆسۈشمۇ، تەرەققىياتمۇ بولمايدۇ. بۇنىڭسىز ھالدا كۆز ئالدىدىكى زامانىۋ-لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش مۇمكىن ئەمەس.

— دائىملىق تەشۋىش ، ئەنسىرەش ، كۈرەش ، يوقسۇز - لۇق — بۇلار زۇرۇرىي شەرتلەردۇر ، — دەيدۇ ل . ن تو - لىستوي ، — ئەقەللىي بىرەرمۇ ئادەم بۇلار ھەققىدە ئويلاشتىن ئۆزىنى بىردەممۇ چەتكە ئالماسلىقى لازىم… ھالال ياشاش ئۈچۈن ئىنتىلىش ، ئىشىش ، ئورۇنۇش ، يېڭىلىش ، نىمىنىدۇر باشلاش ۋە تاشلاپ قويۇش ۋە يەنە باشلاش ، تاشلاپ قويۇش ، دائىم كۈرەش قىلىشقا چىداش كېرەك . بىغەملىك روھىي چۈشكۈن - لۈكتۇر . بۇ سۆز ئىجادىيەت گۈزەللىكىنى تاللىغان ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى كىشىلەرگە مۇستەقىل ئاڭلىتىش ، جەمئىيەت - نىڭ بىرەر تارمىقىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش جەھەتتە نەقەدەر جەسۇر بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . راست دېگەن - دەك ، ئادەمنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشى قانچە چوڭقۇر بولغانسېرى ھايات شۇنچە جانلىنىپ بارىدۇ ۋە ئەنە شۇ جانلانغان ھاياتقا سۆيگۈ تۇغۇلىدۇ .

ئۆزىمىزنى مۇشۇنداق ئىجادىي پائالىيەتكە مۇناسىپ چۈشە - نىش ئۈچۈن ، ۋۇجۇدىمىزنى ھەسەل ھەرىسىگە سېلىشتۇرۇپ باقايلى ، ھەسەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىدە 900 نېرون بولىدۇ ، ھەسەل ھەرىسى بۇ نېرونلارنىڭ ياردىمى بىلەن شۇنچە مۇرەك - كەپ پائالىيەتلەرنى بېجىرىدۇ . ئۇ تۈرلۈك گۈللەرگە قونۇپ ، گۈلنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يارامىلىق ھەسەل ماددىسىنى شوراپ ئېلىپ ، ئازماي ئۆز ئۇۋىسىغا قايتىپ كېلىدۇ ، يەنە تېخى شۇنچە كۆپ ھەرىلەر بىر پادىشاھنىڭ قوماندانلىقىدا خۇددى جەڭگىۋار ھەربىي قوشۇندەك رەتلىك ھەم ئۆزئارا دوستانىلىك بىلەن ھە - سەل يىغىش ۋەزىپىسىنى ئورۇندايدۇ . ئادەمنىڭ مېڭىسى ھە - سەل ھەرىسىنىڭ مېڭىسىگە قارىغاندا ، نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولۇپلا قالماي ، بىر مىليارد ھەسسە مۇرەككەپ بولىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ھەسەل ھەرىسى پەقەت ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىدىن ھە - سەل يىغىشنى ئۆگەنسە ، ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆگىنىپلا قالماي ، يۈكسەك دەرىجىدىكى تىل قابىلىيىتىنى تە-
رەققىي قىلدۇرۇپ ، باشقىلاردىنمۇ ئۆگىنىدۇ ھەمدە مۇھىتنى
ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرىدۇ . ئىنگلىز ئالىمى بې-
دىل تەلىماتى بويىچە قارىغاندا ، «ئادەملەر ئۆزىنى ئۆزى بىلىش
قابىلىيىتىگە ئىگە بولىدۇ . ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە دىققەت قىلا-
لايدۇ ھەم ئۆزىنىڭ ئاڭلىق ئادەملىكىنى بىلىدۇ . ئۆزىنىڭ ئاڭ
جەريانىنى بىلىپ يېتىپ ، ئەركىن تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ ھەمدە
پۇختا ئويلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ . شۇنداقلا ئادەم يەنە پاراسەت-
لىك بولىدۇ . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، پاراسەت دېگىنىمىز —
بۇرۇنقى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ، تەبىئىي تۇيغۇ (تەبىئىي ما-
يىللىق ) نى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ، كۆرۈنۈشتە ئوخشاشلىق
يوق يەردىن ئورتاقلىقنى تېپىپ ، بۇنداق قاراشنى كەلگۈسىگە
تەتبىقلايدىغان پائالىيەتتۇر . ئادەمنىڭ پۈتكۈل ھاياتىدا پاراسەت
بىلەن ئۆزىنى بىلىش ئېڭى بىرلىكتە ئىنسانىيەتنى ئۆزگىچە
ئىلگىرىلەش ۋە تەدرىجىي تەرەققىياتقا ئىگە قىلىدۇ» .①

ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزگىچە ئىلگىرىلەش ۋە تەدرىجىي تەرەققى-
ياتىدا شۇنداق بىر مۇھىم نۇقتا بولىدۇكى ، كوللى ھايۋانلار-
نىڭ ، جۈملىدىن ئادەملەر تېنىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىدا كى-
چىككىنە ئۆزگىرىش ياكى ياخشىلىنىش ئۈچۈن قانچە مىڭ يىل-
لاپ ۋاقىت كېتىدۇ ، بىراق ئادەمنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى تەدرى-
جىي تەرەققىياتىغا قارىغاندا ، نۇرغۇن ھەسسە تېز بولىدۇ . پۈت-
كۈل ئادەمنىڭ ھاياتىدا نېرۋا سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگى-
رىپ مۇھىتقا لايىقلىشىدۇ ھەمدە مۇھىتنى ياخشىلاپ ماڭىدۇ .
شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىزنى ئوراپ تۇرغان دۇنيانى بىلىشىمىز
تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدىغان دەرىجىدىكى سۈرئەت بىلەن ئۆ-

① بىدىل روسېلنىڭ «چوڭ مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى ۋە يوشۇرۇن قۇدرىتى» دېگەن
ئەسىرىدىن .

سوْپ باريدوْ . شوْنىڭ ئوْچوْن يالغوْز مەشهوْر شەخسلەرديلا ئەـ
مەس ، ميڭىسى ساق هەرقانداق ئادەمدە ئىجادىيەت گوْزەللىكىنى
تاللاشقا يېتەرلىك كوْچ ـ قوْدرەت بار بولىدوْ .
چوْنكى ، ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى هەربىر يېڭى ئوي ئوْزىدە
ساقلىنىۋاتقان كونا تەركىبلەرنىڭ يېڭىدىن قوْراشتوْرۇلوْشى بوـ
لوْپ ، ئوْ يىپيېڭى ماتېرىياللاردىن ياسىلىدىغان ماددىي مودېللارـ
غا ئوخشىمايدوْ . ئوْنىڭ ئىجاد قىلىشى ئوْچوْن ئىمارەت سالغاندـ
دەك تاش ، توپا ،... لارنى يوْتكەپ كېلىش هاجەت ئەمەس . ئوْـ
نىڭدا پەقەت كونا نەرسىلەرنى يېڭىدىن قوْراشتوْرىدىغان خىيال
بولسىلا كوْپايە . دوْنيانى قاپلاپ كەتكەن نەچچە مىڭ خىل غىزا
تاماقلار ، قورۇما كاۋاپلار پەقەت يېمەك ماتېرىياللىرىنىڭ ئوخـ
شاشمىغان قوْراشتوْرۇلوْشىدىنلا ئىبارەت . سىمسىز رادىئو ، تېـ
لېۋىزور ، ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ... لارنىڭ هەممىسى كونا
مېڭىدىكى كونا پىكىرلەرنىڭ يېڭىدىن قوْراشتوْرۇلوْشىدىن ئىباـ
رەت . بىز يوْيوْنىدىغان ئاددىي بىر جوْمەك سوغوْق سوْ ، ئىسسىقـ
سوْ ۋە ئوْلارنى قوشوْپ تەڭشەيدىغان ئوْلانمىدىن ئىبارەت ئوْچ
خىل كونا تەركىبنىڭ يېڭىچە قوْراشتوْرۇلوْشىدىن تەركىب تاپـ
قان بولسا ، تالالىق نەرسىلەر نەچچە ئون مىڭ يىلدىن بوْيان
مەۋجوْت بولوْپ كېلىۋاتقان مولېكوْلىلارنىڭ يېڭىدىن قوْراشتوْـ
رۇلوْشى نەتىجىسىدە هاسىل بولغان . نىلوڭ كوْموْر مولېكوْلىـ
سىنىڭ يېڭىۋاشتىن قوْراشتوْرۇلوْشى نەتىجىسىدە هاسىل بولـ
غان . قىسقىسى ، ئادەم مېڭىسىدە ئەقىلگە سىغمايدىغان دەرىجىـ
دىكى ئوْچوْرلارنى ساقلايدىغان قابىلىيەت بولغاندەك ، ئوْنىڭدا
يەنە مۇناسىپ كېلىدىغان يېڭى ئوْسوْل بىلەن ئوْچوْرلارنى يېڭىـ
ۋاشتىن قوْراشتوْرۇش قابىلىيىتى : يېڭى پىكىر ئىجاد قىلىش
قابىلىيىتى بولىدوْ . ئوْ خالىغىنىنى قىلالايدوْ . ئوْنىڭ چەكسىز
قوْدرەتكە ئىگە بولوْپ كېتىشى ئەنە شوْ سەۋەبتىن .
ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ ئىخچام كوْرۇنوْشىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قارايدىغان بولساق ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليون يىل ئىلگى-
رى ، ئۇزاق مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىيات نەتىجىسىدە يەر
شارىدا قورال ياساشنى بىلىدىغان ، ئەمگەك قىلالايدىغان ئىنسان-
لار بارلىققا كەلگەن . ئىنسانلار تىل ، تەجرىبە ھاسىل قىلىش
ۋە ئالدىنقىلارنىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق كەلگۈسىنى
مۆلچەرلىگەن ھەمدە مۇشۇ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى ئارقىلىق تەبى-
ئەت دۇنياسىنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان . تەبىئەتنىمۇ ، ئۆز جەم-
ئىيىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ بارغان . ئۈزلۈكسىز تۈردە تولۇپ -
تاشقان ئىشەنچ بىلەن گۈزەل كېلەچەكنى ياراتقان .

بۇلار نېمىنى كۆرسىتىدۇ ؟ چوڭ مېڭىمىزنىڭ جانلىقلار-
نىڭ نەچچە مىليون يىللاردىن بۇيانقى تەدرىجىي تەرەققىيات مى-
راسلىرىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئىلىم - پەن
تارىخىدا ئەقلىي جەھەتتىكى ئىرسىيەتنىڭ دەۋرلەرگە بۆلۈنىدى-
غانلىقىغا دائىر ھېچقانداق بىۋاسىتە ئىلمىي ئاساس تېخى مەلۇم
بولغىنى يوق ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات
جەھەتتە كېيىنرەك بىر قىسىم ئىرقلار ، قەبىلىلەر ، مىللەتلەر
پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ بىرنەچچە ئىجتىما-
ئىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بىراقلا ئاتلاپ ئۆتمەكتە . روشەنكى ،
شۇلارنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى ئۇلارنىڭ زامانىۋى جەمئىيەت مە-
دەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشىغا دەخلى قىلمىدى .

دېمەك ، مىليون يىللار داۋاملاشقان تەدرىجىي تەرەققىيات-
نىڭ يۇقىرى پەللىسى يەر شارىدىكى بارلىق ئىنسانلارغا چەكسىز
قۇدرەتكە ئىگە چوڭ مېڭىنى ئاتا قىلدى . پسىخىك جەريانلىرى-
مىزنىڭ ماددىي ئورگىنى بولغان چوڭ مېڭىمىز شۇنداق ئورگان-
كى ، يالغۇز بىر ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى توقۇلمىنى ئېلېكترون-
لۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قىلىپ ياسىغىلى بولسا ، ئۇنىڭ قىم-
مىتى ياپونىيە دۆلىتىنىڭ بىر يىللىق خام چوت پىلانىدىن 60
تىرىليون ئامېرىكا دوللىرى ھالقىپ كېتىدۇ . بۇ سان بىزگە

مېڭىمىزنىڭ قىممىتىنى بىلىشنىڭ چوڭ تەقەززالىق ئىكەنلىكىنى تونۇتسا ، تولۇق ئىشقا سېلىنغان چوڭ مېڭە ئىشلەپچىقارغان ئىدىيىنىڭ قىممىتىنى ، ھەتتا بۇنداق بىر دۆلەتنىڭ بىر يىللىق خام چوتى بىلەنمۇ سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇنىڭدىن دۇنيادا ئەقىلدىن ئارتۇق ئېتىبارغا لايىق ھېچقانداق نەرسىنىڭ يوقلۇقىغا ئىقرار بولىمىز . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەتتا مۇقەددەم چاغلاردا يېزىلغان «كەلىلە ۋە دېمنە» دېگەن ھىندى ھېكمىتىدىمۇ ئەقىل ۋە ئىقتىدار ئۇلۇغلىنىپ : «كىشىلەرنىڭ شان ـ شەرىپى مالدىن ئەمەس ، كامالەتكە يېتىشتىن كېلىدۇ . ئىلىم ۋە ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن كىشى پۇلسىز بولسىمۇ ھەمىشە ئەزىز بولىدۇ . بۇ خۇددى شىر زەنجىردە باغلاقلىق بولسىمۇ ، ھەيۋىسى كېمىيىپ كەتمىگەندەك بىر ئىش . ھۈنەرسىز ئادەم گەرچە زەردار بولسىمۇ خار ۋە قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ . بۇ خۇددى ئىت ھەر قانچە توق بولسىمۇ ۋە ئېسىل زىبۇزىننەتلەر بىلەن جابدۇپ قويۇلسىمۇ يەنىلا خار ۋە بى ئېتىبار بولغاندەك بىر ئىش» دېيىلگەن .

يالغۇز خاتىرە قابىلىيىتىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئادەم مېڭىسىنىڭ خاتىرە قابىلىيىتى كاتتا كۇتۇپخانىغا ئوخشايدۇ ، ئەگەر ئادەم ھاردىم ـ تالدىم دېمەي ئىزچىل ئۆگەنسە ، ئۆمرىدە ئالغان بىلىمى ئامېرىكا پارلامېنت كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنىڭ 50 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ . دېمەك ، ئادەم مېڭىسى بەئەينى قاچىلىسا ـ قاچىلىسا توشمايدىغان بىلىم خەزىنىسى بولۇپلا قالماي ، مۇۋاپىق ئىشلەتسە ھارمايدىغان ، توغرا ئۇسۇل بىلەن ئاچسا ـ ئاچسا تۈگىمەيدىغان قابىلىيەت كېنىدۇر .

ئادەم چوڭ مېڭىسىنىڭ بۇنداق زور قىممىتىنى ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ تەرەققىي قىلغان مۇرەككەپ ماددىلىق سۈپىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ ، ئۇنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى ۋە كۆپ تەرەپلىمە فۇنكسىيىسى ھازىرقى يەر شارىدا بار بولغان

www.uyghurkitap.com

ھەرقانداق ئېلېكترونلۇق ماشىنىدىن ھالقىيدۇ . چوڭ مېڭىنىڭ ئۇچۇر ساقلاش قابىلىيىتى ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە ھەر سې-كۇنتتا مىڭ تۈرلۈك يېڭى ئۇچۇرنى خاتىرىلەپ يەنە ئېشىپ قالىدۇ . ئۇنىڭ ھېسابلاش سۈرئىتى شۇنداق تېزكى ، بىر سې-كۇنتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە بىر ئادەمنىڭ چىرايىنى تونۇيدۇ ۋە تۆتتىن بىر سېكۇنتتا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى تەھلىل قىلىپ چىقالايدۇ . ئادەم مېڭىسى بىلەن ئېلېكترونلۇق مېڭە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ مۇھىم پەرق شۇ يەردىكى ، چوڭ مېڭە يالغۇز تۈز لىنىيە بويىچە تەدرىجىي خىزمەت قىلماستىن ، بەلكى بىرلا ۋاقىتتا ئۇچۇرلار ئۈستىدە پىششىقلاپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە شۇ جەرياندا ئومۇمىي مەزمۇنلارنى ئوتتۇرى-غا قويىدۇ . ئەمما ھازىر دۇنيادا بۇنداق قىلالايدىغان بىرمۇ ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى يوق . ئۇ ئۆز تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئەتراپىدا ئون تۈرلۈك نەرسە بولسا ، ئۇنىڭدىن ئاددىي بىر نەرسىنى پەرق ئېتەلىسىمۇ ، ئەمما ئۇ مۇنداق تونۇش پائالى-يىتىگە بىرنەچچە مىنۇت سەرپ قىلىدۇ . شۇنداقلا جىسىملارنىڭ تەخمىنەن تۈرلىرىنى پەرق ئېتەلىسىمۇ ، يەككە جىسىملارنى تو-نۇيالمايدۇ . ئېلېكترونلۇق مېڭىلەرنىڭ نوچىسى بولغان شاھمات ئوينىيالايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭىنى ئالساق ، ئۇ مەنتىقىلىق ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغانلىقتىن ، ئالدىن كىرگۈ-زۈپ قويۇلغان مېڭىش ئۇسۇللىرىنى تېزدىن تاپالايدۇ ھەمدە قارشى تەرەپكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئەڭ ئوبدان لايىھىسىنى تې-پىپ بېرەلەيدۇ . ئەمما ئۇنىڭ ئەقلىي دائىرىسى ئالدىن كىرگۈ-زۈپ قويۇلغان ئەندىزە بىلەنلا چەكلىنىدۇ . ناھايىتى روشەنكى ، شاھمات ئوينايدىغان ئېلېكترونلۇق مېڭە بىلەن شاھمات قوللان-مىسى ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلەنمەيدۇ . ئادەم مېڭىسىنىڭ مەنتىقىلىق تەپەككۇرى بولسا ، مول ۋە جانلىق بولۇپ ، ھەرقا-

چان يېڭىچە مېڭىش ئۇسۇللىرىنى يارىتالايدۇ . ئادەم ئېلېكترونـ
لۇق مېڭە شاھماتچى بىلەن نەچچە قېتىم شاھمات ئوينىغاندىن
كېيىنلا ئېلېكترونلۇق مېڭىنىڭ بىر يۈرۈش مېڭىش ئۇسۇللىـ
رىنى بىلىۋالىدۇ ـ دە ، دەرھال ئۇنى يېڭىش چارىسىنى تاپىدۇ .
بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى ، ئېلېكترونلۇق مېڭە ئەقلىـ
نىڭ داۋاملىشىشى ۋە ماددىيلاشتۇرۇلۇشىنىڭ ئىپادىسى . ئۇ
ئادەم مېڭىسىگە چەكسىز يېقىنلىشالىسىمۇ ، ئەمما ئادەم مېڭىـ
سىنىڭ ئىقتىدارىغا مەڭگۈ يېتەلمەيدۇ . ماشىنىلار ئادەمنىڭ
تەپەككۇرىنى دورىيالىسىمۇ ، لېكىن ئۇنى مەڭگۈ ئادەمنىڭ تەـ
پەككۇرى ئورنىغا قويغىلى بولمايدۇ ، چۈنكى ئۇ ئادەم مېڭىسىدە
بولىدىغان ئىجادچانلىقتا مەڭگۈ ئىگە بولالمايدۇ .
دۇنيادا تەسىرى كۈچلۈك باشقۇرۇش نەزەرىيىچىسى كېنىچ
ئوخما «چېگرىسىز دۇنيا» دېگەن ئەسىرىدە ھازىرقى ئادەمنىڭ
ئەقىل بايلىقى ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ : «بۈگۈنكى كۈندە
گۈللىنىۋاتقان دۆلەتلەر شۋېتسىيە ، كورىيە ، سىنگاپور ۋە ياپو-
نىيىلەرگە قارايدىغان بولسىڭىز ، ئۇلارنىڭ دۆلىتى كىچىك ،
بايلىق مەنبەلىرى يوق ، ئېسىل مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن
تىرىشچان خەلقنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك يەر شارىلاشقان ئىگىـ
لىككە قاتنىشىدىغان باتۇرانە ئىرادە بارلىقىدەك ئورتاق ئالاھىدىـ
لىكنى كۆرىسىز ، مول بايلىق مەنبەلىرىنىڭ بولۇشى بىر دۆلەتـ
نىڭ تەرەققىياتىنى ھەقىقەتەن ئاستىلىتىپ قويىدىكەن . چۈنكى
ئۇ يەردىكى تۆرىلەر يەنىلا پۇل ، مال مۈلۈك بارلىق مەسىلىلەرنى
ھەل قىلالايدۇ دەپ قارايدىكەن . ھەقىقىي تۇردە ئۆز ئارا باغلانغان
يەر شارىلاشقان ئىگىلىكتە ئۇتۇق قازىنىشنىڭ ئاساسلىق ئامىلى
بايلىق مەنبەلىرىدىن بازارغا يۈزلىنىپ كەتكەن . گۈللىنىش ئۈ-
چۈن سىز بازارغا كىرمىسىڭىز ئىلاج بولمايدۇ . چۈنكى بۈگۈنكى
كۈندە ئادەم بايلىق يارىتىدىغان بىردىنبىر ھەقىقىي قورال»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىسە ، ئامېرىكا ئالىمى روبېرت رىكنىڭ «ئامېرىكىلىقلار ۋە باشقا باي سانائەت ئەللىرىنىڭ يېڭى دۇنيا بازىرىدىكى رىقابەت قۇدرىتى ئەمدىلىكتە بىرەر جەھەتتە ئۈستۈنلۈكى بار شىركەتلەر ياكى سانائەتكە باغلىق بولمايدۇ ، بەلكى ، پۇقرالارنىڭ دۇنيا ئىگىلىكىدىكى قىممەتنى ئۆستۈرىدىغان يېڭى رولىغا باغلىنىشلىق بولىدۇ . بارلىق ئادەملەر ، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى بارغانسېرى ئۇلارنىڭ كارخانىچىلىرىنىڭ قىممەتنى ئۆستۈرىدىغان خىزمەتلەرنى تېپىش ۋە ئۇلارنى سەييارىمىزغا تەرەققىي قىلدۇرۇش قابىلىيىتىگە باغلىق بولىدۇ» دېگىنى ئادەمنىڭ ئەقىل بايلىقىدىكى ئاشۇ كانلارنى ئېچىش ئىلغار ئەللەردە قوماندانلىق نەزەرىيىلىرىگە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ، سىياسەتكە ئايلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . راست دېگەندەك ياپونىيىدە ئىلمىي ئۇنۋان ئالغانلارنىڭ سانى 69% كە يەتكەن . كورىيىنىڭ پايتەختىدىكى بالاغەتكە يەتكەنلەرنىڭ يېرىمى ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياكى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقانلار ئىكەن . ئۇلارنىڭ باي بولۇپ كېتىشى ئاھالىسىنىڭ سۈپىتى ئىكەن .①

قىسقىسى ، چىلگىدەك ئىنسان مېڭىسىدە ئالەمچە تۈيغۇ بار . بارلىق گۈزەللىك ئەنە شۇ تۈيغۇلار ئىچىدە بولىدۇ . بىزدىكى مۇشۇ تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئەقىل بۇلىقىدىكى ئەقىل ۋە ئۇنىڭدىن ئوخچۇپ تۇرىدىغان پىكىر ، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتلا بولىدىكەن ، بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزدا ، ئۇسۇل ـ چارىلىرىمىز ھامان قىيىنچىلىق ۋە توسقۇنلۇقلاردىن غالىب بولىدۇ . بۇنداق ياخشى روھ ۋە ساغلام ئەقىلگە تايىنىپ ھەممىنى قىلغىلى

---

① ج . ۋاس ، گودرودېن : «ئۆگىنىش ئىنقىلاۋىي» ، شاڭخەي سانلىيەن نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى ، 19 ـ بەت .

بولىدۇ . ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا تەربىيىلەنمەيدىكەن ۋە ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن قۇدرەت ئېچىلمايدىكەن ، ئۇمۇ گادايلىشىپ قالىدۇ . ئەقىل گادايلاشقان يەردە ھەممە نەرسە يېتىشمەيدۇ ، ماددىي نەرسىلەرنى تالىشىدىغان غوۋغا تۇگىمەيدۇ . «قالاق» ياكى «راۋاج تاپمايدىغان» دېگەن گەپ ئەنە شۇ يەردىن كەلگەن . شۇڭا ، مېڭىدىن پايدىلىنىپ ئىجادىيەت گۈزەللىكىنى تاللاش — ئۆزىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە خەلقى ئالدىدىكى بۇرچىنى بىلىدىغان ۋە ئۆز ئالدىغا باشقىلارنىڭ قەلبىدىن ئارامبەخش ئوت ياندۇرۇشنى ۋەزىپە قىلىپ قويغان ھەرقانداق كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى . «سەن قىلغاننى قىلالايمەن ، سەن قىلمىغاننىمۇ قىلالايمەن ، ئاق كۆڭۈل دىلكەشلىرىم بىلەن ئىناقلىق ساداسى ئىچىدە مۇسابىقىدە ئۇتۇپ چىقىمەن . مەيلى ھەرقانداق بولسۇن ، ھەقىقەتنىڭ ئىجازەتسىز ساياھەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ ئالغا باسىمەن» دەيدىغان جاسارەتمۇ ۋىجدانىي مەردانىلىكنىڭ ئىپادىسى .

www.uyghurkitap.com

# III باب ياشاشنىڭ سەنئەتلىكى ۋە سەنئەتكارلىق

## 1. ياشاشنىڭ سەنئەتلىكى

ئىجادىيەت مۇقەددەم چاغلاردا كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە مايىل تاللىشى ئىدى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ چاغلاردا بىزنىڭ يارىلىشىمىزدىن تارتىپ تاكى تۇرمۇشىمىزغىچە بولغان ئاجايىپ جەريانلار تامامەن سەنئەت شەكلىدە تەسۋىرلەنگەنىدى. بۇنداق تەسۋىرلەش گەرچە رىۋايەت ياكى ئەپسانە تۈسىنى ئالسىمۇ، تارىخنىڭ باشلىنىشى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكتىن، ئۇ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەر مەيلى قايسى مىللەتتە مەيدانغا كەلسۇن دۇنيا مىللەتلىرىگە ئورتاق بولغان مەدەنىيەت خەزىنىسىگە كىرىپ بىزنىڭ شۇ زاماندا تىلسىمات ھېسابلانغان سىرلىق نەرسىلەرنى بىر - بىرلەپ بىلىۋېلىشىمىزغا باشلامچى بولدى. ئۇيغۇرلاردا ئىجاد بولۇپ ئىسلامىيەتنىڭ نادىر ئەسەرلىرىدىن بولۇپ يېتىلگەن «قىسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ باش بۇرنىدىلا «جانابىي ھەق قۇدرەت قولى بىلەن رەسۇل سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ نۇرىنى ئېلىپ ... ئەرشنىڭ تۆۋرۈكىدە قويدى... پۈتۈن كائىنات ۋە جايلاردىن باھاسى ئىككى ئالەمنىڭ باھاسىدىن ئارتۇق بولغان بۇ گۆھەرگە كىمنىڭ خېرىدار بولۇشىنى، كىمنىڭ بۇ گۆھەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئادەمدىن تېخى نام - نىشان بولمىغان بىر چاغدا: «مەن ساقلىيالايمەن» دەپ غايىبتىن ئادەم بالىسىنىڭ ئاۋازى كەلدى... » دېگەن بايانلار ئارقىلىق ئاللانىڭ ئالدى بىلەن ئالەم ۋە ئادەم «ئالەمگە جىلۋە بېرىپ تۇرغۇچى»

سەنئەتكار بولغانلىقى ، ئاندىن «يەر يۈزىدە خەلىپە (ئورۇنبا-
سار ) يارىتىمەن» دەپ ، ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەي-
كىلىنى ياساپ ، ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەقىل ، روھ ، نەپس ،
كۆڭۈلدىن ئىبارەت تۆت نەرسىدىن يارىتىپ ، ئۆزى ياسىغان
ئالەمگە ئۇنىڭ داۋاملىق خەلىپە (ئورۇنباسار سەنئەتكار ) بولۇ-
شىنى بەلگىلىگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ . يەھۇدىي دىنىنىڭ
رىۋايەتلىرىگە نەزەر سالغىنىمىزدىمۇ ، ئالەمنىڭ يەھۋى سەۋەب-
لىك يوقلۇقتىن بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە بېرىلگەن بايانلار-
نى كۆرىمىز . بۇ رىۋايەتلەر بويىچە قارىغاندا ، يەھۋى ئۆزىنىڭ
بەدىئىي ئىجادىيىتىنى تەرتىپلىك ئېلىپ بارىدۇ . ئالدى بىلەن
ئالەمنىڭ كۆلەڭگىسىنى ھاسىل قىلىۋالغاندىن كېيىن ، خۇددى
بىر ئويمىگەر ئۆز ئەسىرىنى ئىنچىكىلەپ پۇتتۇرگەندەك ، ئۇ
كۆلەڭگىگە ئىنچىكىلەپ ئىش قوشۇپ ، ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل
دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ . بۇ يەردە گەرچە ئۇنىڭ ئادەم ياسىغانلىقى
تەپسىلىي بايان قىلىنمىسىمۇ ، دۇنيانىڭ باشقا تەرەپلىرىگە سەن-
ئەتكارلىق قىلىشنى ئادەمگە تاپشۇرغانلىقى مۇمكىنمۇ ؟

يۇنان ئەپسانىلىرىدە ئەھۋال تېخىمۇ شۇنداق ، «يۇنان ئەپ-
سانىلىرى ۋە رىۋايەتلىرى» نىڭ «پرومىتوس» بابىدا مۇنداق
رىۋايەت قىلىنىدۇ :

«ئاسمان بىلەن يەر يارىتىلدى . ئىككى قىرغاق ئوتتۇرىسى-
دا دېڭىزلار داۋالغۇشقا باشلىدى . سۇلاردا بېلىقلار ئوينىدى ،
ھاۋادا ئۇچار قۇشلار پەرۋاز قىلدى . يەر يۈزىدىكى جانۋارلارنى
ئىدارە قىلىدىغان روھ تېخى يوق ئىدى . ئەنە شۇ چاغدا بىر
ئالدىن سەزگۈچى پرومىتوس يەر يۈزىگە چۈشتى . ئۇ زېۋس
تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان تەڭرىلەرنىڭ پۇشتى بولۇپ ، يەر
ئانىسى گەييا بىلەن ئۇرانۇستىن تۇغۇلغان ئايپېتوسنىڭ ئوغلى
ئىدى . ئۇ بەك چېۋەر ۋە ئەقىللىق ئىدى . تەڭرىنىڭ ئۇرۇقى
توپا ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ بىر سىقىم

توپىنى قولىغا ئېلىپ ، دەريانىڭ سۈيىدە هۆل قىلىپ ، خىلمۇ خىل ئاماللار بىلەن يىمىرىپ يۇرۇپ تەڭرىلەرنىڭ — دۇنيانى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ شەكلىگە كىرگۈزدى . توپىدىن ياسالغان بۇ ئادەمسىياقلارغا جان كىرگۈزۈش ئۈچۈن ، ئۇ هەر خىل هايۋانلارنىڭ ياخشىلىقى ۋە يامانلىقىدىن نۇسخا ئېلىپ ، ئادەمنىڭ كۆكرىكىگە سولىدى . تەڭرىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ بىر ياخشى دوستى — ئەقىل - ئىدراك تەڭرىچىسى ئافېنا بار ئىدى . ئۇ تىتان ئوغلى ياسىغان بۇ مەخلۇقلارغا هەيران قېلىپ ، بۇ يېرىم تىرىك جانۋارلارغا روھ ۋە ئىلاهىي نەپسىنى پۈۋلەپ كىرگۈزدى .

ئەنە شۇنداق قىلىپ ، ئەڭ دەسلەپكى ئادەمزات يارىتىلدى ۋە ئۇزۇن ئۆتمەي يەر يۈزىنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە يېيىلىپ كەتتى » .

بۇ رىۋايەت بويىچە قارىغاندا ، پرومىتوس زېۋس تەرىپىدىن سۈرگۈن قىلىنغان تەڭرى پۈشتى سۈپىتىدە يەر يۈزىگە چۈشۈپ لايدا دۇنيانى ئىدارە قىلغۇچىلارنى ياساپ جان كىرگۈزىدۇ .... شۇنىڭ بىلەن ئادەمزات پەيدا بولۇپ ، دۇنياغا تاراپ كېتىدۇ . بۇ رىۋايەتنىڭ ئالدىنقى ئىككى رىۋايەتتىن پەرقى شۇ يەردىكى ، ئالدىنقى ئىككى رىۋايەتتە ئىلاھ دۇنيانى ياساپ بولۇپ ئالەم ياسىغان بولسا ، بۇنىڭدا يارىلىپ بولغان ئالەمنى ئىدارە قىلىشقا پرومىتوس يەر يۈزىگە چۈشىدۇ - دە ، شۇ هامانلا «تەڭرى ئۇرۇقى توپا ئىچىگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىپ » ، شۇ توپىدا لاي ئېتىپ تەڭرىلەرنىڭ — دۇنيانى ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ شەكلىگە كەلتۈرۈپ جان كىرگۈزۈش بىلەن ئادەمزاتنى پەيدا قىلىدۇ . بۇنىڭدا خۇدا بىلەن ئادەم تامامەن بىرلىككە كېلىپ قالىدۇ . ئاتالمىش يۇنان ئىلاهىي ئەمەلىيەتتە دۇنيانى ئىدارە قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئادەم سىياقىنى ۋە رولىنى ئالىدۇ .

روشەنكى، ئەپسانىلەرنىڭ توقۇلۇشىدىن بۇرۇنقى چاغلاردا مەيدانغا كەلگەن، ئۇنى كىشىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ئىلاھىيلاشتۇرۇپ بايان قىلغان، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدىكى مەدەنىيەت ھەر قانچە ئىپتىدائىي بولغان تەقدىردىمۇ رىۋايەت ۋە ئەپسانىلەردە ئىلاھىيلاشتۇرۇلغان ئادەمنى ياراتقان، ئادەمدىكى ئاڭ ئۆزىنىڭ ئاجىز دەۋرلىرىدە ئالدى بىلەن كونكرېت ماددىي شەكىلگە ئىگە نەرسىلەرگە چوقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىپ «توتېم» دەپ ئاتالغان.

كونكرېت ئېيتقاندا، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ئۇرۇقداشلار بەزى ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە باشقا تەبىئەت مەۋجۇداتلىرىنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى دەپ قارىغان ھەم ئۇلارغا چوقۇنغان، بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقاد — «توتېمغا چوقۇنۇش» كېلىپ چىققان، نەتىجىدە، ئۇلار چوقۇنغان ھايۋان مەسىلەن، ئېيىق، بۆرە، بۇغا، بۈركۈت، يولۋاس، شىر، مۇقەددەسلىك ھامىيسى ۋە سىمۋولى بولۇپ قالغان. ئوخشاش بىر توتېمغا چوقۇنىدىغان ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆز توتېمىغان ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇلارنى قوغدىشى شەرت دەپ قارالغان. شۇڭا، توتېم قىلىنغان ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ گۆشىنى يېيىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان، بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىنسا، ئۇرۇق ئەزالىرى زور بالايىئاپەتكە ئۇچرايدۇ دەپ قارالغان. ئۇلار ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان توتېم ئوبرازىنى مەدەن، تاش، ياغاچلارغا ئويۇپ ھەيكەل ياساپ، مۇراسىم مەيدانلىرىغا ئورنىتىپ، ھەر يىلى مەلۇم ۋاقىتتا بارلىق ئۇرۇق ئەزالىرىنى يىغىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا بولغان ئېتىقادى ۋە ھۆرمىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنىڭ بىلەن توتېملارنىڭ تەسىر دائىرىسى بارغانسېرى كېڭىيىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئومۇملاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئەڭ دەسلەپ ئىپتىدائىي ئىندىئانلار ۋە باشقا جايلاردىكى ئىپتىدائىي ئۇرۇق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

داشلار ئارىسىدا «ئىپتىدائىي تۇتېم مەدەنىيىتى» شەكىللەنگەن. دېمەك، تۇتېم ئېتىقادى سەنئەتنى ياراتقان ھەم ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن، سەنئەت تۇتېم مەزمۇنىنى بېيىتقان، تۇتېم ئوبرازىدىكى مول ھەم مۇكەممەل خۇسۇسىيەت سەنئەت ئوبرازىنىڭ قىممىتىنى ياراتقان، تۇتېم ئۇقۇمى بولمىغان بولسا كونكرېت «سىمۋول» لۇق قىممىتىدىكى سەنئەتمۇ بولمىغان بولاتتى.

ئالىملارنىڭ مەلۇمات بېرىشىچە، فرانسىيىنىڭ لاسپلدىن تېپىلغان «كالا مۈڭگۈزى تۇتقان قىز»، ئاۋستىرىيىنىڭ ۋىللىندورفىدىن تېپىلغان «ئايالنىڭ ھەيكىلى» دۇنيا ھەيكەلتىراشلىق تارىخىدىكى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ قەدىمكى ئادەم ھەيكىلى بولۇپ، بۇ ھەيكەللەر بۇنىڭدىن 40 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تۇتېم دەۋرىدە ياسالغان. دۇنيادىكى بەدىئىيات ئالىملىرى بۇ ئىپتىدائىي ھەيكەللەرنى «ئەڭ دەسلەپكى ۋېناس» دەپ ئاتاشقان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ «ساپ زوقلىنىش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى، ئىستېمال (بەلگە) مەقسىتىدە ياسالغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشتى. ئىپتىدائىي كىشىلەر بۇ ھەيكەللەرنىڭ ئاياللىق بەلگىلىرىنى ئالاھىدە كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق كۆپىيىشكە، مول ھوسۇلغا بولغان ئىنتىزارلىقىنى، جىنسىي ئاڭ پىسخىكىسىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ھەيكەللەر تۇتېم ئەقىدىسىدىكى ئەجدادقا «ئۇلۇغ ئانا» غا سىمۋول بولغان ۋە ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا ئۇنىڭ قىممىتى ئەجداد قىممىتى بىلەن باراۋەر تۇرغان. ئىنسانىيەت ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلگىرىكى بۇ «ئۇلۇغ ئانا» غا چوقۇنۇش سۇسلاشقان. ئاياللار ئەرلەرنى زوقلاندۇرغۇچىغا ئايلانغان. بۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئاڭ مەدەنىيەت دەۋرىگە خاس ئەخلاق قارىشى ۋە ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكىدە كۆرۈلگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى كەڭ مەنىدىكى سەنئەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولغان. ھەيكەلتىراشلار تەرىپى-

دىن مەخسۇس ياسالغان ، تار مەنىدىكى سەنئەت كاتېگورىيىسىگە تەۋە «ۋېناس» مۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 5 ـ ئەسىردە گرېتسىيىدە مەيدانغا كەلگەن .

بۇ پاكىتلار هاياتنىڭ بىرىنچى قەدىمىلا ئەمەلىي ئىشلىتىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان هەيكەلتىراشلىق ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا ئوخشاش سەنئەتلىك پائالىيەتتىن باشلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . تەبىئىيكى ، بۇ نەرسىلەرنىڭ تولىسى ئىنسانلارنىڭ پىلانلىق ئىجادىيەتلىرىگە كىرمەيدۇ ، لېكىن ئىجادىيەتتىن ئىبارەت گۈزەل تاللاش هەرىكىتىنىڭ باشتىلا رېئاللىقتىن هالقىپ ئۆتۈپ ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى ئوبراز يارىتىشتىكى قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىگە ، مەدەنىي تەرەققىيات دېگەننىڭ ئالغا كېتىۋاتقان ئىنسان ئەقلىنىڭ هەر قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان كەشپىيات ، ئىختىرالار ئىكەنلىكىگە گۇۋاهلىق بېرىدۇ . زامانىمىزدىكى ئارخېئولوگىيىلىك مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلگەن هايۋانلار ئوبرازى ۋە ئادەملەرنىڭ ئوزۇقلۇق يىغىش ، ئوۋچىلىق قىلىش ئەهۋاللىرى سۈرەتلەنگەن ئىپتىدائىي رەسىمچىلىك ، نەقىشچىلىك پەيدا بولغان نەقىشلەنگەن ئىلاهىيە ۋە پىل چىشىغا ئويۇلغان ئايال كىشىنىڭ باش سۆڭەكلىرى ئارقىلىق ئاياللارنى هۆرمەتلەپ «ئۇرۇق ئەجداد» ، «قوغدىغۇچى ئىلاهە» دەيدىغان تۇتېم سەنئىتى شەكىللەنگەن . مۇشۇ ئاساستا ئىپتىدائىي ئادەملەردە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى سىلىقداش ، ئۇنىڭغا رەڭ بېرىش ۋە تۆشۈك تېشىش ئارقىلىق گۈزەللىك ۋە رەڭ كۆزقارىشى پەيدا بولغان بەزىبىر زىننەت بۇيۇملىرى ئىشلەنگەن . «يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە كەلگەندە ، ئىشلەپچىقىرىش ساهەسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە تۇرمۇشنىڭ ياخشىلىنىشى بىلەن بىللە ئىپتىدائىي سەنئەت يەنىمۇ تەرەققىي قىلغان . مەملىكىتىمىزنىڭ شىئەن شەهىرى بەنپو كەنتى خارابىسىدىن ساپال ، تاش ، ئۇستىخان ، چىش ، قاشتېشى ، قۇلۇلە قاتارلىقلاردىن يا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالغان كۆپ خىل زىننەت بۇيۇملىرى تېپىلىپلا قالماستىن ، يەنە رەسىم ، نەقىش قاتارلىق سەنئەت بۇيۇملىرىمۇ تېپىلدى . ساپال قاچىلاردىكى رەسىملەردە كىشىلەرنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك يىغىش ، بېلىقچىلىق ، ئوۋچىلىق ، دېھقانچىلىق ئەمگەكلىرىدىكى تونۇش تەبىئىي ئوبرازلار ئىپادىلەنگەن . رەڭدار ساپال قاچىلارغا سىزىلغان رەسىملەردە چېپىپ يۈرگەن ياۋا بۇغا ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ بىر نېمىنى يۇتۇۋاتقان چوڭ بېلىق ۋە سەكرەۋاتقان پاقىلار ناھايىتى جانلىق ، ئەينەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ ، ئادەمنى جەلپ قىلارلىق كۆچكە ئىگە . رەڭلىك ساپال قاچىلارغا سىزىلغان ئادەم بېشى سۈرىتىدە باش يۇپيۇمىلاق ، ئۇچلۇق زىننەت بۇيۇمى ئېسىلغان ، قاشلىرى يىرىك ، قېنىق ، ئاغزى چوڭراق ، كۆزلىرى پۈرۈشۈپ كەتكەن ، بۇرنى ئۇچ بۇرجەك ، قۇلاقلىرىغا بىردىن كىچىك بېلىق ئېسىلغان قىلىپ سۈرەتلەنگەن ، بۇ ، ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئىپادىلىگەن . بەزى كەنتلەردىكى رەڭدار ساپال قاچىلارغا يەنە ئون نەچچە خىل بېلىقسىمان سىزىقچىلار سىزىلغان بولۇپ ، بەزى گېئومېتىرىيىلىك نەقىش گۈللىرى بېلىقسىمان سىزىقچىلاردىن تەدرىجىي ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن . مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا «ئادەم باشلىق ، يىلان تەنلىك» ، «ئەجدىھا تەنلىك ، ئادەم باشلىق» نەرسىلەر توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر بار ، بۇلار يىراق قەدىمكى زامان ئۇرۇقلىرىنىڭ توتېمى بولۇشى مۇمكىن . بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە بەنپو كەنتى ئۇرۇقى بېلىقنى تۇتېم قىلغان بولۇشى مۇمكىن ، ساپال قاچىلاردىكى گۈل ـ زىننەتلەر شەكىل جەھەتتە بىر خىل زىننەت بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇرۇق تۇتېمى بولۇشتەك مۇقەددەس مەنىگىمۇ ئىگە بولۇشى مۇمكىن . باشلانغۇچ جەمئىيەتتە ، ئۇرۇق ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشى ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى ،

بەنپو كەنتى ئۇرۇقى بىلىقنى تۇتىم قىلغانلىقى ئۇرۇق ئەۋلادلى-
رىنىڭ «ئۇزۇلمەي كۆپىيىپ بېرىشى» ، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام
قىلىشىغا بولغان تىلەكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .
مۇزىكا ۋە ئۇسسۇلمۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئەمگەك ۋە
تۇرمۇشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن . كوللېكتىپ ئەمگەك داۋامىدا ،
ئىپتىدائىي ئادەملەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز هالدا ئىشلەپچىقىرىش-
تىكى هەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ ، رىتىملىق ئاۋاز چىقىراتتى ،
بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنىڭ رىتىملىقلىقىغا بولغان تۇيغۇسى
كۈچەيدى ؛ شۇنىڭدەك ئۇنى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىرادىسىنى بىر-
لىككە كەلتۈرۈشكە ، غەيرىتىنى قوزغاشقا ۋە ھېسسىياتىنى ئىپا-
دىلەشكە ئىشلەتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئەمگەك ناخشىلىرى بارلىق-
قا كەلدى . ئىپتىدائىي ناخشا ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ ، كۆپ
هاللاردا ، جاراڭلىقلىقى ئوخشاش بولمىغان ئىككى - ئۈچ ئاھاڭ-
نىلا ئۇزۇلدۇرمەي تەكرار ئېيتىشۋېرەتتى ، ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن
قارىغاندا ، كۆپ خىل بولاتتى . يەنى ئەمگەك ناخشىسى ، ئوۋ
ناخشىسى ، جەڭ ناخشىسى ، مەدھىيە ناخشىسى ، مۇھەببەت ناخ-
شىسى بار ئىدى . ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ هايۋانلارنى
تۇتۇۋالغان چاغدىكى خۇشاللىقلىرىنى قايتا گەۋدىلەندۇرۇش ئۈ-
چۈن ، بەزىدە بۇنداق ئىپتىدائىي ناخشىغا ماسلىشىپ ، هايۋان
تېرىسىنى يېپىنىۋېلىپ ، هايۋانلارنىڭ هەرىكىتىنى دورايتتى ،
بۇنىڭ بىلەن ، ئادەم تېنىنىڭ ۋە قول - پۇتلارنىڭ رىتىملىق ،
قانۇنىيەتلىك ئۇسسۇل هەرىكىتى كېلىپ چىقتى . بۇنداق ناخشا ،
ئۇسسۇللارغا ماسلىشىپ ، ئىپتىدائىي ئادەملەر قوللىرىدا دۇم-
باق ، تاختاينى ، ئاغزىدا سۆڭەك سىۋىزغىنى تەڭكەش قىلىپ
چالدى ، شۇنداق قىلىپ ، قوللىرىدا مۇزىكا كېلىپ چىقتى .
ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىدە 10 دىن 30
خىلغىچە ئۇسسۇل ئېقىپ يۈرگەن ، هەربىر ئۇسسۇلنىڭ مۇقىم
ئىسمى ، چالىدىغان سازى ۋە ئاھاڭ - مۇقاملىرى بولغان ، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇلچىنىڭ قىياپىتى ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرى بەلگىلەنگەن. بۇلار ئىچىدە ئوۋغا چىقىش ئالدىدا ئوينىلىدىغان ياۋا كالا ئۇسسۇلى بولۇپ، ئۇسسۇلغا بەشتىن 15 ئادەم قاتناشقان، ھەربىر ئۇسسۇلچى بېشىغا مۈڭگۈزلۈك كالا باش تېرىسىنى (ياكى كالا بېشى سىزىلغان نىقابنى) كىيىۋېلىپ، قوللىرىغا ئوقيا ياكى نەيزە ئېلىپ، توختىماي ئۇسسۇل ئوينىغان، ئىندىئانلاردىن بىرەرى ئۇسسۇل ئويناپ چارچاپ قالسا، ئۇ ئېگىلىشىپ ياۋا كالىنىڭ يىقىلغان قىياپىتىگە كىرگەندە، مەيداندىكىلەر ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال بىرى كىرگەن، بۇنداق ئىخلاسمەنلىك ئارقىلىق ياۋا كالىنى ئاسانلا تۇتۇۋېلىشنى ئۈمىد قىلغان. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىدا «تاشنى ئۇرۇپ ئاۋاز چىقىرىپ، ھايۋانلار قىياپىتىدە ئۇسسۇل ئوينايدۇ» («قەدىمكى كىتابلا توپلىمى. ياۋ مۇراسىملىرى»)، «فۇشى ساز ياسايدۇ، شېننۇڭ ساز ياسايدۇ» («نەسەبنامە») دېگەن رىۋايەت ـ ئاپسانىلەر يېزىلغان. يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى رەڭدار ساپال داسقا چۈشۈرۈلگەن گۈل ـ نەقىشلەردىكى ئۇسسۇل سۈرەتلىرى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئۇسسۇلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەينەن تەسۋىرىدۇر. چىڭخەي ئۆلكىسى داتۇڭ ناھىيىسىنىڭ يۇقىرى سۇنجىياجەي كەنتىدىن يەر ئاستىدىن چىققان رەڭدار ساپال داسقا سىزىلغان ئۇسسۇل سۈرەتلىرىدە مۇنۇلار تەسۋىرلەنگەن: بەش ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ، بىر تەرەپكە قارايدۇ، باشلىرىنىڭ يان تەرىپىدە بىر سىزىقچە بولۇپ چاچقا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ ھەربىر گۇرۇپپىنىڭ يان تەرىپىدە ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر بىلىكىگە ئىككى سىزىق سىزىلغان، بۇ ئىككى بىلىكنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتىنى ئىپادىلىسە كېرەك. بىز بۇ سۈرەتتىن ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تېتىك، يارقىن ئۇسسۇل ھەرىكىتىنىڭ شۇ قەدەر يېنىك ـ رەتلىك، تەكشى، ماسلاشقان، كۆتۈ-

رەڭگۇ روھلۇق ، ئادەمنى مەپتۇن قىلارلىق دەرىجىدە گۈزەل ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز . بۇ قىممەتلىك سەنئەت بۇيۇمىدا ئانا جەمەت ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇش ئەھۋالى سۈرەتلەنگەن ، ئەينى زاماندىكى تەنتەنىلىك داغدۇغىلىق مۇراسىمى كۆرۈنۈشى ئىپادىلەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن . ئىپتىدائىي ناخشا ، ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن ۋە ئۇرۇقنىڭ ئەخلاقى ۋە ئاتا ـ بوۋىلىرىغا ئاتاپ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈش ، ئورۇش ئالدىدىكى سەپەرۋەرلىك ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنكى غەلىبىنى تەبرىكلەش ، مول ھوسۇلنى تەبرىكلەش ، مۇھەببەتنى ئىپادىلەش قاتارلىق كوللېكتىپ ھەرىكەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىللە گۈللەنگەن بولۇپ ، ئەمگەكنى مەدھىيىلەيدىغان ، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىدىغان ، جەڭگىۋارلىقنى رىغبەتلەندۈرىدىغان ، تۇرمۇشنى مەدھىيىلەيدىغان سەنئەت شەكلى بولۇپ قالدى .

كۆپلىگەن پاكىت چۈشەندۈردىكى ، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى سەنئەت ئوبرازلىرى ئارقىلىق ساقلىغان ، ئۇ ھەم كىشىلەرنىڭ تونۇش ئىقتىدارىنىڭ ئۆسكەنلىكى ، ھەم كىشىلەرنىڭ بىۋاسىتە ئەمگەك ئوبيېكتى ۋە ئەمگەك مېۋىسىدىن تۇرمۇش گۈزەللىكىنى ھېس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھېلىھەم سەنئەتنىڭ ئاساسىي مەنبەسىدۇر » .①

ناۋادا بىز بۇنىمۇ بۇگۈنكى ئادەملەرنىڭ چۈشەندۈرۈشى دەپ تۇرۇۋالساق ، شۇ چاغدىكى تۇتېم سەنئىتى ۋە دىنىي رىۋايەتلەردىن كېيىنلا باش كۆتۈرۈپ چىققان پەيلاسوپلارنىڭمۇ دۇنيانى بىر

① «جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخى» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 95 ـ 98 ـ بەتلەر .

خىل سەنئەت بۇيۇمى قاتارىدا چۈشىنىشى بىزگە قايىل قىلىش كۈچى بېغىشلىشى مۇمكىن . ئومۇمەن قىلغاندا ، شەيئىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرمەكچى بولغان پەيلاسوپلار-نىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئومۇمىي يەكۈنى — پۈتكۈل ئالەم ھەممى-دىن يۈكسەك بولغان مەلۇم بىر سەنئەتكارنىڭ بەدىئىي شەكىلدە ئىجاد قىلغان سەنئەت بۇيۇمى دېگەندىن ئىبارەت بولغان . دۇنيا-نىڭ تۇنجى ئۇستازى ئارىستوتېل : ئادەم ياساپ چىققان سەنئەت بۇيۇملىرى (مەسىلەن دۆلەت ) تەبىئىي بولۇپ ، سەنئەتكارلار تەبىئەتنىڭ ئۆزى بەزىدە ئورۇندىيالمايدىغان تاكامۇللۇق تەرەپلە-رىنى ئورۇندايدۇ ، دەپ قارىغان . دېمەك ، ئول زامان ئالىملە-رىدا سەنئەت دېگەن ئادەملەردىن بەرپاچىلىق پائالىيەتلىرىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئەكس ئەتتۈرىدىغان پائالىيەت بولغان . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، سەنئەت ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئاكتىـ-ۋال قابىلىيەتلىرىنىڭ يىغىندىسى بولغان . ئارىستوتېل مۇشۇن-داق ئۇلۇغ ھەقىقەتنى تەكىتلەپ يەنە : «گەپ سىغمايدۇكى ، تېببىي ئىلىم ، تەنتەربىيە ۋە ئومۇمىي سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتكار ، سەنئەت ئادەمنىڭ ئۆزاق پائالىيەتلىرى داۋامىدىكى ھەرقانداق ۋاقىت ، ھەرقانداق جايدىكى ئىجاد قىلغان بارلىق مەدەنىيەتلەرنى بەرپا قىلىش قۇد-رىتى ، سەنئەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ ئەخلاقى (بۇنداق دېسەم دېگەندەك مۇۋاپىق بولماسلىقى مۇمكىن ) ، پۈتكۈل ئىنسا-نىيەتنىڭ ئىجادىيەتلىرىدۇ »[①] يەنە پىپاگورنى بۇنداق قاراشنىڭ شۇ چاغدىكى ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن قىلىپ كۆرسىتىش مۇم-كىن . چۈنكى ئۇ شۇ چاغدا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئاتاقلىق ئەپلاتون-نىڭ قارىلاشلىرىدىن قورقماي ئۆزىنىڭ «ئادەم بارلىق شەيئى-

① ئارىستوتېلنىڭ سىياسىي قاراشلىرى» (ۋ . ل نىيومان ئەسىرى ) ، خەنزۇچە نەشرى ، 1 ـ توم 201 ـ بەت .

لەرنىڭ ئۆلچىمى » دېگەن قارىشىنى تەشۋىق قىلغان ھەمدە ئىن-
سانىيەتنىڭ ھاياتلىق ۋە بىلىمنىڭ ئاكتىپ ئىجادچىسى ، دۇنيا-
نىڭ سەنئەتكارى ، شۇڭا ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆلچىمى بويىچە
دۇنيانى يارىتالايدۇ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرغان . ئۇ ئادەمنىڭ
سەنئەتكارلىقىنى ۋە ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىنىڭ سەنئەتكار-
لىق دەرىجىسى بويىچە ئۆسۈپ بارىدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن
ئىنسانىيەتنىڭ پائالىيەت ۋە ھەرىكىتىنى سەنئەت تۈرىگە كىرگۈ-
زۈش لازىملىقىنى جەزملەشتۈرگەن . شۇ زاماننىڭ خېلى كۆپ
ئەمەلىيەتچى پەيلاسوپلىرى مەيلى شەرقتە ياكى غەربتە ياشىسۇن
ۋە ياكى يۇنان ياكى جۇڭگولۇق بولسۇن ، ئوخشىمىغان تىل ۋە
ئېتىقادلاردا تۇرۇپ ، پۈتكۈل تۇرمۇشنى خۇددى مۇزىكا چېلىش ،
ئۇسسۇل ئويناش ۋە ناخشا ئېيتىشقا ئوخشاش سەنئەت شەكلى ،
تۇرمۇش سەنئىتى بارلىق ئىجادىيەت شەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ ، دېگەن قاراشقا ئوخشىمىغان سەۋىيىدە ئورتاقلاشقان .
ئىپتىدائىي بولسىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنداق توغرا قارىشى تەشۋىقاتى
بىلەن قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەردە تۇرمۇشنى سەنئەت دەپ
چۈشىنىش ۋە ئۇنى ئۆز قولى بىلەن گۈزەللەشتۈرۈش پائالىيى-
تى ، تۈرلۈك ئىختىرالار ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ شۇ زامان
ئېتىبارىدىكى دەرىجىسى بارلىققا كەلگەن . تۇرمۇشقا كېرەكلىك
بولغان پەنلەرنى تۈرلۈك تار دائىرىلەرگە بۆلۈۋالماستىن ، ئو-
مۇملاشتۇرۇپ ئۆگىنىش ۋە ھەر كىم ئىقتىدارى يەتكەن دائىرد-
لەردە ئەتراپلىق ئىجاد قىلىش بىلەن شۇغۇللانغان ، پىپاگور
ماتېماتىكا ، گېئومېترىيە ، ئاسترونومىيە جەھەتلەردە كارامەت
كۆرسىتىپلا قالماستىن يەنە تىل ۋە بەدىئىيات تەتقىقاتى جەھەت-
تىمۇ بۆسۈپ چىقىپ تاكى ھازىرقى زامانغىچە دەستۇر قىلىن-
ۋاتقان گرامماتىكا ، فونېتىكا ، مۇزىكا ، مېترىكا (شېئىرنىڭ
ۋەزنى ، رىتىم ئۆلچىمى ھەققىدىكى پەن ) ، خاتىرىشۇناسلىق
قاتارلىق پەنلەردىمۇ نەتىجە ياراتقان . كۆپلىگەن شېئىر ۋە ئەسەر-

لەرنى يازغان ، ئويمىگەرلىك ، رەسساملىق نەزەرىيىسى ھەققىدە. مۇ مۇھىم نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئىرقشۇناسلىق ، ئىلاھىيەتشۇناسلىق ۋە كالېندارچىلىق جەھەتلەردىمۇ نەتىجە يا. راتقان . ئۇنىڭ پەندە شۇنچە كۆپ تەرەپلىمە ، ئەتراپلىق نەتىجە يارىتىش بىلەن ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسىنى كۆرگىلى چىققاندا كىيىدىغان ئۈتۈك ، كەمەر ، ئۈزۈك ۋە باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ ئۆز قولى بىلەن تىككەن ھەم ياسىغانلىقى ، ئۇنىڭ ۋە دەۋرداشلىرىنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرى بولسا ، گويا دىنىي رىۋايەتلەردىكى ھەزرىتى ئادەم ۋە ھەزرىتى ئادەمنى ياسىغۇچى سەنئەتكارنىڭ شاگىرتلىرىدەك ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى خۇددى بەدىئىي سەنئەت تەلىپىدەك ئۆز قولى بىلەن ياساپ كېتىۋاتقانلىقىنى ، ھەمدە ئۆزلىرى ئارىسىدا كامال تاپقان ئۇستىلىرىنى پىر تۇتۇپ ، پىرلىرىنى ئەۋلىيا ـ ئەزىملەر قاتارى ھۆرمەتلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا نامايان قىلىدۇ . بۇلار ئارقىلىق تارىخنىڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدا پۈتۈن جامائەتنىڭ سەنئەتكار ھېسابلانغانلىقىنى ، ئۇ چاغدا مەخسۇس كەسىپ بولغان سەنئەت ۋە مەخسۇس سەنئەتكار ھېسابلىنىدىغان كەسىپدار بولمىغانلىقى ، تارىخنىڭ راۋاجىغا ئەگىشىپ ، ئەقلى ۋە جىسمانىي ئەمگەكنىڭ ئايرىلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ ، مەخسۇس كەسىپ سەنئەت ۋە مەخسۇس كەسىپدار سەنئەتكار كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ياۋروپانىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى داۋىنچى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئوتتۇرا ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا بارلىققا كەلگەن فارابى ، برونى ، ئىبىن سىنا ، جالالىدىن رۇمى ، خارەزمى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقەرى ، ئەھمەد يۈكنەكى ، نەۋائىي قاتارلىق بوۋىلىرىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگەندىمۇ تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بەدىئىي تەلەپ بىلەن ئۆزى مېڭىپلا قالماي ، بەلكى ئىلمىي ئىزدىنىشلىرىدىمۇ تامامەن ياشاش ئېھتىياجىنى شەرھلىگەنلىكىنى ،

ئەمەلىي سەنئەتچىلىكنى قەدىرلەپ، ئىنسان گۈزەللىك تالىلىشى-
نىڭ يادروسى ئىجادىيەتنى دەۋر قىلغانلىقىنى بېكىتكىلى بولى-
دۇ. بىزنىڭچە، بۇ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئەكس
ئەتتۈرىدىغان تەبىئەت قانۇنلىرىنى كۆرۈۋالالمىغان تەقدىردىمۇ
ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلىپ، تەبىئىي تىپلارنى دوراپ
بولسىمۇ ئىجاد قىلىۋاتقان بىر خىل تارىخىي ئىزچىللىق بولسا
كېرەك. ھازىرقى زاماننىڭ مەدەنىي ئادەملىرىدە پەيدا قىلغان
مۇرەككەپ ئۇسۇللارنى قويۇپ تۇرۇپ، قەدىمىي ھەم ئاددىي
بولغان ئۇسۇل بويىچە قارىغاندا، تۇرمۇش بىلەن سەنئەتنىڭ
چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ مۇشۇنداق بىرلىك-
تىن يول تاللاپ ئېلىپ توختىماستىن ئىلگىرىلىگەنلىكىنى ناھا-
يىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى پەتنوس، چىنە،
تەخسىلەر ۋە باشقا قاچا ـ قومۇچلار ئۇزۇقلىنىش جەھەتتە تۇر-
مۇش بۇيۇمى بولسا، ئۇستىگە چېكىلگەن گۈللەر ۋە چىرايلىق
ياسىلىشى جەھەتتىن بەدىئىي بولغاندەك، ئۆيلەر يېتىپ ـ قو-
پۇشتا تۇرمۇش ۋاستىسى بولسا، ئۇنى ياساش جەھەتتىكى تۇر-
لۇك ھۈنەرۋەنچىلىك، تاملارغا چىقىرىلغان تۇرلۇك نەقىشلەر،
تۈۋرۈك ۋە جەگىلەرگە چېكىلگەن گۈللەر سەنئەتلىك بولغاندەك
بىر ئىش. ھەتتا بۈرۈنقى زاماندا سۇ توشۇش ۋە سۇ ساقلاش
ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن جۇگگو لوڭقىسىنىڭ بوگۈنكى كۈندە تۇر-
مۇش بۇيۇملىرىدىن دۇنياۋى سەنئەت بۇيۇمى بولۇپ ئايرىلىپ
چىققىنى تېخىمۇ قايىل قىلارلىق پاكىت. بىز بۇ يەردە قاچا ـ
قۇچا دېگەن ھۈنەر بىلەن سەنئەتنىڭ قوشۇلمىسى، ئۇ ھەقتە
يېزىلغان كىتابلار پەن ـ تېخنىكا كىتابى، بۇ ئىككى تەرەپتە
ئوخشاشلا ئىجادىيەت بار، بۇنداق ئىككى خىل ئىجادىيەت قوشۇ-
لۇپ تۇرمۇشتىن ئىبارەت سەنئەت خەزىنىسىنى گۈزەللەشتۈرۈپ
ماڭىدۇ، دېسەك خاتا بولامدۇ؟

خاتا بولمايدۇ، بۇنداق ئەمەلىيەت ۋە قاراش ئىزچىللىق

بولغانلىقتىن ئوتتۇرا ئەسىر نەزەرىيىچىلىرىنىڭ قەلىمىدىمۇ ئەمەلىيلىشىپ، ئادەم تۇرمۇشىنىڭ ئاساسلىق تەركىبلىرىلا ئەمەس، پىكرەنلىك تەرەپلىرىمۇ سەنئەت ياكى ھۈنەر قاتارىدا پۈتۈلگەن. شۇ زاماننىڭ داڭلىق ئالىملىرىدىن شەمسۇلئالى قابۇسنىڭ ئادەمنىڭ سۆزىدىن پىكرىگىچە بولغان ھەرىكەتلىرىنى سەنئەت ياكى ھۈنەر قاتارىغا قويۇپ سۆزلىگەنلىكى بۇنىڭغا مىسالدۇر:

ھۈنەرلەر ئارىسىدا قايسى ھۈنەر ياخشىراق؟ — دەيدۇ ئۇ، — ھۈنەرلەر ئارىسىدا «ناتىقلىق» (سۆز ماھارىتى) ياخشىدۇر. ئىنسان پۈتۈن مەخلۇقلار ئىچىدە ئون نەرسە بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ ئون نەرسىنىڭ بەشى ئوچۇق، بەشى مەخپىي، مەخپىيلىك ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، ئورتاق ھېس، تاشقى ئالەمدىن خەۋەرنى ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يەتكۈزىدۇ. ئىككىنچىسى، خىيال؛ بۇ خەۋەرگە شەكىل بېرىدۇ، ئۈچىنچىسى، پىكىر؛ ئۇ شەيئىنىڭ ئاقىۋىتىگە نەتىجە بېرىدۇ. تۆتىنچىسى، پەھىم (ئويلاش)؛ بۇ شەكىلگە بېرىلگەن نەرسىنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى پەھىم قىلىدۇ. بەشىنچىسى «ھاپىزە» ئەستە ساقلاش، پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان يىغىندا خەۋەرنى ۋە شەكىللەرنى ساقلايدۇ.

تاشقى جەھەتتىكى بەش نەرسىنىڭ بىرى ئاڭلاش؛ ئىككىنچىسى كۆرۈش؛ ئۈچىنچىسى تۇتۇپ بىلىش؛ تۆتىنچىسى تېتىش؛ بەشىنچىسى، پۇراش. بۇ نەرسىلەرنىڭ بەزىسى ھايۋاندىمۇ بولىدۇ، ئەمما، ئادەمدە بولىدىغان دەرىجىدە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەم گوياكى پۈتۈن ھايۋانات ئۈستىدىكى پادىشاھقا ئوخشايدۇ.[1] بۇ يەردە بايان قىلىنغان ئىنساندا بولغان ئون ئامىلنىڭ

---

① «قابۇسنامە» نىڭ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان نۇسخىسىدىن ئېلىندى.

خۇلاسىسى ئىنساننىڭ سۆزلەش خۇسۇسىيىتىدۇر . پەھىم ئىنـ-
سان سۆزىنىڭ قانداق مەنىسى بولۇشىغا قورالدۇر ، خىيال ئاڭـ-
لىغان نەرسىگە شەكىل بېرىشكە قورالدۇر ، باشقىلىرىنىمۇ شۇ-
لارغا قىياس قىلىش لازىم . شۇڭا ھەركىم تىرىشىپ تىلنى
سۆزلەش ماھارىتى بىلەن ۋە پاساھەت (ئوچۇق ، ئېنىق ، گۈزەل
سۆزلەش ) بىلەن بېزەش كېرەك .
بۇ چاغدىكى ياشاش سەنئىتى توغرىسىدىكى تەلىملەردىن
شۇنداقلار بۈگۈنكى ھاياتىمىزغا قارايدىغان بولساق ، يەنە بىر
سەنئەت دېگىزىنى كۆرىمىز . قاراڭلار ، ئۇيغۇر ، ئۆز بېكلەرنىڭ
پىچاق ، دوپپىلىرىغا ؛ تاجىكلارنىڭ كولتىلىرىغا ؛ ئۆزبېك ، ئۇيـ-
غۇرلارنىڭ ئەتلەس ، بەقەسەملىرىگە ؛ قازاق ، قىرغىزلارنىڭ
شىرداقلىرىغا ؛ پارس ۋە تۈرك خەلقلىرىنىڭ گىلەملىرىگە ؛ بار-
لىق دۆلەتلەردىكى مىللىي ئىمارەتلەرگە ··· ئۇلارنىڭ قايسىسى
ھۈنەر ئەمەس ، قايسىسى سەنئەت ئەمەس ؟
1984 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «ئۇيغۇر بىناكار-
لىق سەنئىتىدىن ئۆرنەكلەر » ، ئەللامە ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىـ-
مىننىڭ «غەربىي يۇرت تاشكېمىر سەنئىتى» دېگەن كىتابى
بىلەن ھىندى ۋە ئىتالىيە ئالىملىرى بىرلىكتە يازغان «ئوتتۇرا
ئاسىيا بۇددا سەنئىتى» دېگەن كىتابنى نەشر قىلىپ ، پۈتكۈل
ئىمارەتچىلىكنى سەنئەت دائىرىسىدە سۈرەتلىگەن بولسا ، ئۇنىڭـ-
دىن كېيىن شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى دالى كارىنـ-
گىنىڭ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلـ-
دى . بۇ ، شۇ ئاپتور ياشاۋاتقان ئامېرىكا مۇھىتىدىمۇ جاھاندار-
چىلىقنى سەنئەت دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن . يېقىندا
تۇردى قادىر نازىرى دەل ئۇيغۇر تۇرمۇشىنىڭ كارتىنىلىرىنى
سۈرەت بىلەن ئەتراپلىق ئىپادىلەپ بەرگەن ماھارىتى بىلەن دۇنـ-
ياۋى سەنئەتكار بولدى . 1988 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ خەلق نەشرىيا-
تى شې ۋېنچىڭنىڭ «پاراسەت سەنئىتى» دېگەن كىتابىنى نەشر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ ، ئەقلىي پائالىيەتلەرنىڭمۇ سەنئەتلىكىنى ئىپادىلىگەن . 1990 ـ يىلى گۇاڭشى لى جياڭ نەشرىياتى لۇشيەننىڭ «زامانىۋى ئادەملەرنىڭ قالتىس چارىلىرى» دېگەن كىتابىنى نەشر قىلغاندا ، ئۇنىڭغا يەنە «پۇل تېپىشنىڭ يۇكسەك سەنئىتى ، كارامەتلىك ئېلان سەنئىتى ، باشقىلارنىڭ قىلتاقلىرىنى ۋەيران قىلىش سەنئىتى ، ئەپلەپ غەلىبە قىلىشنىڭ سۆز ـ سەنئىتى» دېگەندەك قوشۇمچە ماۋزۇلارنى قويغان . بۇ مانا ئەمدى ھازىرقى زامان ئادىمىنىڭ پاراسىتى ھەققىدىكى مەجمۇئەلەر «ئالاقە سەنئىتى» «ئەرلەرنىڭ ھاياتلىق سەنئىتى» ، «ئەرلەرنىڭ جاھاندارچىلىق سەنئىتى» ، «ئەرلەرنىڭ سېھرىي كۈچ سەنئىتى» ، «ئەرلەرنىڭ ئۇتۇق سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك ئىجادىيەت سەنئەتى» ، «پاراسەتلىك يۇمۇر سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك ئوقۇش سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك باي بولۇش سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك ئىگىلىك تىكلەش سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك سېتىش سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك باشقۇرۇش سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك نۇتۇق سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك جەڭ سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك مۇھىم سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك مۇھەببەت سەنئىتى» ، «پاراسەتلىك نىكاھ سەنئىتى» قاتارلىق 30 نەچچە تەنها بۆلۈپ نەشر قىلىنىپ ، بۈگۈنكى دۇنيادا ئادەمنىڭ ھاياتلىق ۋە تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق بىر بالا تەربىيىلەش مەسىلىنى سەنئەتلىك ھەرىكەت ھېسابلىدى . بىزنىڭ ھازىرقى كۈندىمۇ ھەرىكەت ، شەكىل تەپەككۇر جەھەتلەردە تولۇق سەنئەت تەلىپىدە ياشاۋاتقانلىقىمىز بولماي نېمە ؟

مەدەنىيەت تارىخىمىزدا بەرپا بولغان ماددىي جەھەتتىكى بۇنداق بۇيۇملاردىن تاكى تەرەققىيات جەريانىدا ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ ۋە بېيىپ ماڭغان ئادەم پىسخىكىسى ، ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنىڭ تەسىرى ، بولۇپمۇ ئادەمنىڭ ئاڭلىق تۇردە مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئىگىلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل

بولغان ئىجادىيەت پىسخىكىسىدا كۆرۈلىدىغان ئالامەتلەر ئادەمنىڭ كارامىتىنى تەلەپ قىلىدىغان سەنئەت شەكلىدە بارلىققا كېلىدۇ. ھەربىرىمىز گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىمىزنى كۆزەتسەكمۇ، ئۆزىمىزنىڭ خۇددى سەھنىگە نومۇر كۆرسەتكىلى چىققان ئارتىستەك ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىمىزنى ۋە بۇ نومۇرلارنىڭ قاسىبىرىنى بۇزۇپ قويساق تۇرمۇش سەنئىتىگە نۇقسان يېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ ھەقتە ھازىرقى دۇنيانىڭ جاھاندارچىلىق سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئالدىنقى قاتاردا كېتىۋاتقان ئالىم كارنىگىنىڭ سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى:

— گەپ قىلىشمۇ بىر خىل سەنئەت، شۇنداقلا ئەقىللىق بولۇشنىڭ بىر خىل ماھارىتى، — دەيدۇ كارنىگ، — بۇنداق سەنئەتنى مۇنداق بىرنەچچە تۈرلۈك دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

1 .ئاڭلىغۇچىنى ئېنىق بىلىۋېلىش، شۇ ئادەمگە بېقىپ گەپ قىلىش؛

2 . دائىم سۆھبەت قىلىپ تۇرۇش، لېكىن ھەربىر قېتىمدا بەك ئۇزاق گەپلىشىپ كەتمەسلىك؛

3 . گەپ قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگىلا بېرىلىپ كەتمەسلىك؛

4 . ئاڭلىغۇچىنى زېرىكتۈرۈپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىش؛

5 .كۆڭلى تۈز بولۇش، گەپنى يورغىلاتماي ئۇدۇل ئېيتىش، زىل ھەم ئېھتىياتچان بولۇش؛

6 . يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەرگە ئىشىنىپ كېتىپ ئاساسسىز خەۋەرلەرنى تارقاتماسلىق؛

7 . گەپ قىلغاندا مەقسەت ئېنىق، پوزىتسىيە سەمىمىي ۋە خۇش ئاۋاز بولۇش.[1]

---

①كارنىگ: «سۆز ماھارىتى ۋە كىشىلىك ھايات»، خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 7 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئالىم يالغۇز گەپ - سۆزنىڭ سەنئەتلىك بولۇشىنى تەكىتلەپ قالماي يەنە ھەربىر ئادەمنىڭ ھېسسىيات ھەرىكىتىنى سەنئەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شەرتلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ :

كۆلۈش ئەڭ ئەرزان باھالىق دورا ، ئەگەر سىز بىرەر بەختسىزلىك ۋە غەم - قايغۇغا يولۇقۇپ قالسىڭىز ، قولىڭىزغا بىر دانە قېرىنداش ئېلىپ ، كۆڭلىڭىزدىكى غەشلىكنى بىر ۋاراق ئاق قەغەزگە بىر - بىرلەپ يېزىپ چىقىڭ ، ئاندىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ تالانتى ، ساغلاملىقى ، كۆڭلىڭىزنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلارنىمۇ يېزىپ چىقىپ ، يۇقىرىدىكىلەرگە سېلىشتۇرۇڭ ، شۇنداق قىلسىڭىز ، بۇ سېلىشتۇرما ئارقىلىق سىزدىكى خاپىلىق شۇ ھامان يوقىلىپ ، سىزدىكى خۇشاللىق گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلايدۇ .

— دوستلار غەم - ئەندىشە قىلماڭلار ، غەزەپلىنىپ يۈرمەڭلەر ، ئەگەر بىزدە بۇيۇك نەزەر ، ئالىيجاناب تۇرمۇش ، خۇشال - خۇرام كۆڭۈل بولسىلا ، مۇۋەپپەقىيەت مەنزىلىگە يېتىپ بارالايمىز ، ئاخىر .

يورۇقلۇق ۋە خۇشاللىق — مۇۋەپپەقىيەتنىڭ جېنى ، شادلىقنىڭ قەلبى .

شاد قەلب — مەڭگۈ تۈگىمەس زىياپەت ؛

شاد ھايات — قىممەتكە ئىگە ھايات !

ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئادەمنىڭ كۈندىلىك پائالىيەتلىرىنى تۇرمۇش سەنئىتى بويىچە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تەركىبىي قىسمى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇشنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ :

— ئۆزىڭىزنى دەڭسەپ كۆرىدىغان بىر جەدۋەل تۈزۈڭ ، ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۇنىڭغا بىر قۇر قارىتىۋېتىپ خىزمەتكە مېڭىپ ، كەچتە ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ كۆرۈپ ، شۇ كۈندە ئالغا باسالىغان - باسالمىغانلىقىڭىزغا قاراڭ . ئاندىن كېيىن ،

ئەتىجىگىزنى خاتىرە قىلىڭ ، مۇشۇ بويىچە يېرىم يىل ياكى بىر يىل داۋاملاشتۇرسىڭىز ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىسىز .

1 . مەن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بەش مىنۇت بۇرۇن ئورنۇمدىن تۇردۇممۇ - تۇرمىدىممۇ ؟

2 . مەن ئىشخانىغا بارغاندا بىر كۈنلۈك خىزمەتنى پىلانلاپ بولغانمۇ - بولمىغانمۇ ؟

3 . مەن خىزمەتنى پىلان بويىچە ئورۇندىدىممۇ - ئورۇندىمىدىممۇ ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنراق تۈگەتتىمۇ - يوق ؟

4 . خىزمەتنىڭ ئۈنۈمى بىلەن ۋاقىت ئوتتۇرىسىدا تەتۈر تاناسىپلىق بارمۇ - يوق ؟ (كۆپ خىزمەتكە ئاز ۋاقىت سەرپ قىلدىمۇ ياكى ئاز خىزمەتكە كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىندىمۇ ؟ )

5 . بۈگۈنكى كەچلىك غىزا ئادەتتىكىدىن مولراق بولۇشى كېرەك . چۈنكى بۈگۈن مەن ئىلگىرىلەپ پايدا ئالدىم دېيەلەيمەنمۇ - يوق ؟

6 . باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەندە ئۇنى مەندىن تېخىمۇ سەمىمىيەت ھېس قىلدۇرۇشۇم كېرەكمۇ - يوق ؟ نەتىجىسى قانداق بولىدۇ ؟

7 . قانداق قىلىپ پىكرىمگە قارشى چىققان ئۆچەكەشكۈچى بىلەن چىقىشىپ كېتىمەن ؟ مۇۋەپپەقىيىتى قانداق بولىدۇ ؟

8 . بۈگۈنكى بوش ۋاقتىم قانچىلىك بولىدۇ ، مەن ئۇنى قانداق ئۆتكۈزىمەن ؟

9 . بۈگۈن قانداق ھەرىكەتلەرنى قىلىمەن ، قايسى تەرەپتىكى ھەرىكەتكە دىققەت قىلىمەن ؟

10 . تۈنۈگۈنكى خاتىرەمگە قارىغاندا ، بۈگۈن تۈزىتىشكە

تېگىشلىك ھەرىكەت بارمىكەن ــ يوقمىكەن؟ تۈزۈتىشمۇ ــ يوق؟[1]

ئەنگلىيە ئالىمى رىيامۇنت، ھەتتا دۇنيا مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتنىمۇ سەنئەتلىك ھەرىكەت ھېسابلاپ، ئۆزىنىڭ «زامانىۋى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق تاكتىكىسى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ئىسلاھات سەنئىتىنى ئىگىلەش» دېگەن بابىدا: «مۇنتىزىملاشقان ھەرىكەتلەر ئۇنۇم بەرمىگەن چاغدا، غەيرىي مۇنتىزىم بولغان ئىسلاھات ھەرىكىتىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ نىشانى تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بولۇپ، ھەرگىزمۇ يېڭى تەڭپۇڭسىزلىقنى پەيدا قىلىش ئەمەس، بۇنداق بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مەۋجۇت ئەھۋالنى ساقلاپ قېلىشتىنمۇ بەتتەر بولىدۇ» دېگەن.

قارائىلار، راست دېگەندەك بىزنىڭ يەپ ــ ئىچىش، يېتىپ ــ قوپۇش، گەپ ــ سۆز، ئىش ــ ھەرىكىتىمىزدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىمىزگىچە، نازۇك ھېس ــ تۇيغۇلىرىمىزدىن دەھشەتلىك جەڭلەرگە كىرىشىمىزگىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈرلۈك پائالىيەتلىرىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بىر پۈتۈن ياشاش سەنئىتىنىڭ تەركىبلىرى بولۇۋاتامدۇ؟ بۇنداق ھالەت ئادەمزاتنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى رىۋايەتتىن تارتىپ تاكى بۈگۈنكى كائىنات سەپەرلىرىگىچە ئىزچىللىقنى ساقلاپ كېلىۋاتىدىغۇ؟

بىز ئادەتتە گەپ ــ سۆزىمىزدە ئۆزىمىزنى سەنئەتكار دېمەيمىز، ئىش ــ ھەرىكىتىمىزدە سەھنىدىكى ئارتىسقا ئوخشاشمايمىز. بىزنى قويىنغا ئالغان بىر پۈتۈن تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ دەريا ئېقىمىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ بارلىق تارماقلىرى بېرەكلەش ئارقىسىدا ئۆسۈپ ماڭىدۇ. ئۇ بىر پۈتۈنلۈكتە بىر يۆنىلىشكە قاراپ

[1] «كارنېگ ھېكمەتلىرى»، جۇڭگو دوستلۇق نەشرىياتى شىركىتى، خەنزۇچە نەشرى، 132 ــ بەت.

ئاققاندا، خۇددى دەرياغا ئوخشاش بىر خىل شەكىل بىلەن كۆرۈنسىمۇ، بۇنداق ئوخشاشلىق ئىچىگە بەيگىدە كېتىۋاتقان مىليونلىغان ئۆزگىرىشچان بېزەكچىلەرنى جەم قىلىدۇ ۋە بىر پۈتۈن تۇرمۇش ئېھتىياجىنىڭ مۇقىملىقى بىلەن مىليونلىغان بېزەكچىلەرنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭپۇڭ ھالغا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەم بىر بېزەكچى بېزەكچىلىك كامالىتى ئارقىلىق ئىنسانىي تۇرمۇشنىڭ تۆرىگە چىقساڭ، بېزەكلەشنى بىلمەسلىك ياكى بېزەكلەشكە قارشى ئادەملەرگە مەھكەم بولۇش نەتىجىسىدە پەگاھقا چۈشۈپ قالىمىز.

بىز تۇرمۇشنىڭ مەلۇم تەرىپىدە سەنئەتكارلىق قىلىشنى ئومۇمىي كەيپىيات ھەم ئومۇمىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرالمىغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، كېيىنكى كۈنلەردە ياشاشنىڭ سەنئەتكارلىرى كەملەپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ناھايىتى كۆپ ئاجايىباتلار ۋە مۆجىزىلەردىن قۇرۇق قالغان. بۇنداق قۇرۇق قېلىشلارنىڭ مىللەتلەردىكى ئىپادىلىرى ھەر خىل. بۇنى ھەربىر مىللەتنىڭ مۇھىتىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۇيغۇرلارنى ئالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا ئۆز ھاياتىنى قوغدايدىغان ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىغان قورال ـ سايمانلارنى ياساشتىن تاش ئادەملەرنى ياساشقىچە بولغان ئىپتىدائىي تۈتېم سەنئەتكارلىقىدىلا ئەمەس، مىڭئۆيلەرنى ئىجاد قىلىشتىن تارتىپ «ئون ئىككى مۇقام» غا قەدەر بولغان مۇكەممەل بەدىئىي شەكىل بىلەن ئۆز ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. IX ئەسىر بىلەن XIII ئەسىر ئارىلىقىدا تۇرپان بىلەن قەشقەرنى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلئاددە سېھرىي كۈچ بىلەن يېڭى ئېقىم تەرىقىسىدە مەيدانغا چىقىپ، جاھان ئەھلىنى ھەيران قالدۇرغان بولسىمۇ، كېيىنكى مەدەنىيەت تارىخىدا بىرمۇنچە جەھەتلەردە ئىدىيىدە داتلاشتى، بەزى ھاللاردا، ھەتتا ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ بەزى تەرەپلىرى-

www.uyghurkitap.com

نى چەتكە قاقتى ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە ، ھەتتا ئىدىيىۋى
ئەركىنلىك ئۈنچىۋالا بەك بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىمىغان قاراخانىي-
لار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ، ئەبۇناسىر فارابى ، يۈسۈپ خاس
ھاجىپ ، مەھمۇد قەشقەرىدەك كىگانت ئالىملىرىنى زادىلا تەكرار
ئىشلەپچىقىرالمايدىغان قاتماللىققا يۈزلىنىپ ، ئۆزلىرىنى ئۇلۇغ
ئىجادىيەتلەر بىلەن ئىسپاتلايدىغان ۋە دۇنياغا تونۇشتۇرىدىغان
مىڭلاپ چولپانلاردىن قۇرۇق قالدى .
ھازىرقى كۈندىكى ئەھۋالغا قارايدىغان بولسا ، ئۇيغۇرلار
ئەدەبىيات ـ سەنئەت كوچىسىدا ھە ـ پە قىلىپ يۈرسىمۇ ، ياشاش
سەنئىتىنىڭ نۇرغۇن تەرەپلىرىنى بېزەيدىغان ئەقىل كاناللىرىنى
ئېتىپ قويۇپ ، پەن تەرەققىياتىنىڭ يولىغا تەتۈر يېتىۋالغاندەك
كۆرۈنىدۇ . بارلىق پەنلەردە خۇددى ئەدەبىيات ـ سەنئەتتەك
كۆپلەپ ئادەم ئىجاد قىلىشقا تېگىشلىك ، ياشاشنىڭ ھەممە تەرەپ-
لىرىدە ئىجادىيەت سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېگىشلىك تۇ-
رۇپ ، ھەتتا ئۆزى ياشاۋاتقان تۇرمۇشنىڭ بەزى تەرەپلىرىنى
بېزەش يولىدا يارىتىلغان بەزى پەنلەرنىڭ نامىنىمۇ ئاتىيالماس-
لىقتەك ھازىرقى زامان خۇراپىيلىقنى چىقىرىپ تاشلىيالماسلى-
قى ئادەم تەبىئىتىدىكى سەنئەتكارلىقنى ئېچىشنىڭ بىزدە خېلى
بەك بىر تەرەپلىمە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇ ھالىتىمىز
بىلەن ئۆزىمىزنى دەۋرنىڭ جاھاننەماسى ئالدىغا قويغىنىمىزدا ،
ھەدەپ خۇراپىيلىق تەمەلىرىگە قول ئۇزاتقان جايلىرىمىزدىن
چۆچۈپ يانىمىز ـ دە ، كۆڭلىمىزدە : «ئەي تەڭرى ، سەنئەتكار-
لىق بابىدا كەم ئەقىللىق قىلغان گۇناھلىرىمىزنى ئەپۇ قىل ،
بىز ئەمدى تۆۋە قىلىمىز ، ئىلىم چولپانلىرىنى ئەمدى خارلىماي-
مىز . نادانلىقنىڭ يۈزىگە قارىمايمىز ، بىزگە پەننىڭ ھەممە
تۈرلىرىنى ئاتا قىل ، بۇرۇنقىدەك ئىجادىيەت قۇدرىتىنى بەر»
دېگىمىز كېلىدۇ . تارىخقا نەزەر سالساق ، 2000 يىلدەك تەرەق-
قىيات جەريانىدا ، ياشاشنىڭ سەنئەتلىكىدىن ئىبارەت بۇنداق

توغرا ھەم كلاسسىك بولغان ئىدىيىۋى ئەنئەنە ئوخشىمىغان تە-
رەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى ، ئوخشاشمىغان ئېقىمدىكى ئادەملەر
ئوخشاشمىغان تەرەپلەردىكى تەلپۈنۈشلەردە بولدى . «جاننى قۇ-
تۇلدۇرۇش» تەلپۈنۈشىدە بولغانلار دىنىنى قوغلىشىپ كەتتى ؛
«گۈزەللىك» تەلپۈنۈشىدە بولغانلا سەنئەتنى قوغلاشتى ؛ شەيئى-
لەرنىڭ ماھىيىتىنى ئېپىشقا ھەۋەس قىلغانلار پەننى قوغلاشتى .
بۇنداق قوغلىشىش گەرچە بىر خىل قوزغىلىشنىڭ ئۈچ تەرىپى
بولسىمۇ ، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى ئۆز دائىرىسىدە خېلى ئاچقان
بولسىمۇ ، لېكىن بۇ ئېقىملار ئۆز ئالدىغا ئايرىم - ئايرىم يول
تۇتۇپ ، خۇددى بىرى - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەن تار ئۆستەڭ-
لەر چوڭ دەريانىڭ سۈيىنى بۆلۈپ ئىچىپ يوق قىلغاندەك ،
ياشاش سەنئىتىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك رولىنى جارى قىلدۇرالمىدى .
بولۇپمۇ ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ ئىلىم - پەن ۋە ئەخلاقىي
روھقا ئىگە بولغانسېرى ھەرىكەتتە سەئەتكارلىق قىلىۋاتقان بول-
سىمۇ ، ئىدىيىسىدە سەنئەتكارنىڭ ئوبرازىغا ئوخشىمايدىغان بو-
لۇپ قالدى . ھەتتا تېخى پەندە ئىلگىرىلىگەنسېرى ئۇرۇشقاق ،
ئۆز گېپىنى يورغىلىتىدىغان ، مەسىلىلەرگە ئۇدۇلدىن - ئۇدۇل
قاراپ ، شەيئىلەرنى كۆزىتىشتە قاتماللىق قىلىدىغان بولۇپ كەت-
تى . شۇنىڭ بىلەن خۇددى زامانىمىزدىكى ئادەملەر پەلسەپە نام-
راتلىقى ، مەنىۋى قاتماللىق ، نوپۇس پارتلاش ، ئېنېرگىيە يې-
تىشمەسلىك ، مۇھىت بۇلغىنىش ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق
بۇزۇلۇش ، ئەيدىز ۋە راك كېسەللىكى قاتارلىق ئۆزلىرىنىڭ
ھاياتىغا تەھلىكە سالىدىغان ۋەقە ھەم كېسەللەرنى ئۆزلىرى پەيدا
قىلىپ قويۇپ ، يەنە كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتلەرنىڭ خۇمارىدا
ئاقىۋەتنى يۇقىرىدىكىلەردىنمۇ يامان بولىدىغان ئىشلاردىن قول
تارتمىغاندەك ئىش قىلدى . بۇنداق يامان ئادەت كۆپچەيگەنسېرى
ئىجادىيلىقنى بوغىدىغان بىر مۇنچە خوراپىي ئادەتلەرنىمۇ شە-
كىللەندۈردى . خوراپىي ئادەتلەر تۈپەيلى ئۇچۇرلار بوغۇلۇپ ،

شەيئىلەر ئارىسىدىكى باغلىنىشنى بايقاش ئاجىزلاشتى ، بولۇپمۇ فېئودال خۇراپىيلىق ئاساسىدا تۇرغۇزۇلغان مۇستەبىتلىك ، بىرلا پادىشاھقا باش ئۇرۇش ، كىشىلىك ھوقۇقنى تەرك ئېتىش كۈچىيىپ ، «ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇش» تىن ئىبارەت تۇمان جاھاننى قاپلاپ ، كىشىلەرنىڭ پسىخىكىسىدا ئۆزىنى ئۆزى بوغىدىغان ئاسارەتنى پەيدا قىلىپ ، سەنئەتكارلىقنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىدىكى سەنئەتكارلارنى بوغۇپ يۇرەكئالدى قىلىۋەتتى . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ روھى چۈشۈپ ، ياشاش سەنئەتچىلىكى پاسسىپ ھالەتكە چۈشتى .

## 2 . سەنئەتكارلىق

ياۋروپانىڭ ياشاش سەنئەتكارلىقى ئىنسانلار تەرەققىياتىنى «بىلىم پارتلاش» دەرىجىسىدە چاپسانلاتقاندىن كېيىن ، دىنىي رىۋايەتلەردىكى ئەرشى - كۇرسى ۋە ياكى مۇئەللۇق بىر بوشلۇقتا تۇرۇپ ، دۇنيانى كۆزىتىدىغان ئىلاھ نامىغا توقۇلغان تىلسىماتلار يېشىلىپ ، ئاجايىپ ئەتراپلىق سەنئەتكارلارنى بارلىققا كەلتۈردى . بۇ چولپانلار مەيلى ئۆزىنى بىلىش ۋە شۇ ئاساستىكى ئىجادىي پىكىر قىلىشتا بولسۇن ، بۇرۇنقىلارنىڭ ھەرقانداق تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىپ ، كىشىلەردە ئىلمىي ، ئاڭلىق ھالدا مۇكەممەللىككە قاراپ ئىنتىلىشتەك غۇرۇرنى تۇرغۇزدى . بۇ غۇرۇر سەنئەتكە مۇناسىۋەتلىك پەنلەرنىڭ قۇدرىتىدە تاۋلىنىپ چىققان بولغانلىقتىن ، ئىنسانىيەتكە شۇنداق ئىززەتلەرنى كەلتۈردىكى ، ئۇزاق ، جەريانلاردا خورلۇق كەلتۈرگەن پارچە - پۇرات ھەقىقەتلەردىن مىليون دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى . ئۇنىڭ بەرپاچىلىق پاراستىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئېلىپ ئېيتساق ، ئۇ ھەقىقىي پەننى ئىنكار قىلىش ھېسابىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىدىكىنى كۆرۈپ ئۆپكىسى يوقلۇق قىلىدىغان جاھانسازلىق ھۇنەرلىرى ، كونىلىقنى ساقلاپ جان ساقلاش يولىدا قىلىنىد-

غان تۇرلۇك نادانلىقلار ، ۋاقىتلىق ئۇستۇنلۇك ئۇچۇن مۇستە-
قىل پىكىردىن ۋاز كېچىپ ئاللىقانداق «تەلىمات» قا چوقۇنۇش-
لار ، «ھەق سۆزلىگەنلەرنىڭ ئۆمرى قىسقا» دەپ ھەقىقەت سو-
دىسى قىلىشلار ، «بىزنىڭ بولغان يېرىمىز مۇشۇ» دەپ كىشى-
لەرنى مەڭگۈ ئۆملەپ مېڭىشقا كۆندۈرۈشلەر ، «قايناقسۇ ئىچ ،
كۆڭلۈك تىنچ» دەپ جانانلىرىغا ئازار بېرىدىغان ۋە دوستىنى
رەنجىتىدىغان بەزمىلەردە قەدەھ كۆتۈرۈشلەر ، پەن ھەقىقەتلىرى
ۋە خەلق ئادالىتى ئۈچۈن چۇقان سالغان ۋاپادارلىرىغا ئىككى
يۈزلىمىلىك قىلىشلار ئاقمايدىغان بولدى .
زامانىمىزغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتقان ئۇ-
لۇغ چولپانلارنىڭ سەنئەتكارلىقىغا قارايدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ
كارامەت كۆرسىتىشىدە تالانت ، بىلىم ، خاسلىق ، تەجرىبە ۋە
ئىنسانىيەتكە مەسئۇل بولۇشتەك ناھايىتى كەڭ تەرەپلەر بولسى-
مۇ ، كاللىسىدا تۇرلۇك پەنلەرنى گىرەلەشتۇرۇپ ئۇنىۋېرسال
كۈچ ھاسىل قىلىش ، پەن بىلەن سەنئەتنى گىرەلەشتۇرۇپ ئىش
ئېلىپ بېرىشتا ئورتاقلىقنى نامايان قىلىدۇ . ھەربىر چولپان
شۇغۇللىنىۋاتقان پەن ياكى سەنئەتتە ئايرىم - ئايرىم ئىپادىلەن-
گەن بۇنداق ئايرىمىلىقتا پەن بىلەن سەنئەت خۇددى قوشكېزەك
باللاردەك بىرى - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ تەسىر كۆرسىتىپ
تۇرىدۇ . ئاللىلۇق ، ماركسىنىڭ ئەدەبىياتقا ، ئېينىشتېيىننىڭ
ئىسكىرىپكا چېلىش سەنئىتىگە بولغان قىزىقىشى ئۇلارنىڭ رې-
كور ياراتقان ئىجادىي پائالىيەتلىرىگە قىزىقىشىدىن قېلىشماي-
دۇ . بەدىئىياتنىڭ تۇرلۇك ساھەلىرىدىكى كىشىلىك ھاياتنى
چوڭقۇر سۈرەتلەيدىغان پەۋقۇلئاددە ۋاستىلەر ئىنسانىيەتنىڭ بۇ
ئىككى ئۇلۇغ چولپىنىدا تەپەككۇر ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمىنى
دەۋردىن ھالقىتىش جاسارىتىنى قوزغاپ ، ئۇلارنى ئەتراپىدىكى
قاتماللاشقان ئالىملارغا قاراپ ئولتۇرماي بۆسۈپ ئۆتۈپ كېتىش
ئامىتىگە ئىگە قىلغان . بۇلارنىڭ ئەكسىچە ، كېيىنكى كۈنلەردە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەنئەتكە سەل قارىغان چارلىز دارۋىن بىئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈشتە دۇنياۋى زىلزىلە پەيدا قىلغان بولسىمۇ، بەدىئىياتقان سەل قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز ئۆتۈقلىرىنىڭ كەمچىل بولۇپ قالغانلىقىغا پۇشايمان قىلغان. «30 ياشلارغا كىرگەن چاغلىدە-رىمدىمۇ، — دەيدۇ ئۇ، — بايرون... قاتارلىقلارنىڭ شېئىر-لىرىغا شۇنداق مەپتۇن بولغان ئىدىم (شېكسپىرنىڭ شېئىرلىد-رىغا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ تارىخىي تېمىلاردىكى سەھنە ئەسەرلىرىگە ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىمدىن باشلاپلا مەپتۇن ئىدىم). يەنە شۇنداق ئېيتالايمەنكى، رەسىم سىزىش ۋە مۇزىكىغىمۇ ناھايىتى قىزىقات-تىم. لېكىن، ھازىر مەن ئۇنداق ئەمەس، نۇرغۇن يىللاردىن بۇيان مەن ھەتتا بىر كۇپلېت شېئىرنىمۇ تۇگىتىپ ئوقۇمىدىم. مۇشۇ ئارىدا شېكسپىرنىڭ شېئىرلىرىنى يەنە بىر مەھەل ئو-قۇشقا كىرىشكەن بولساممۇ، بۇرۇنقىدەك لەززەت ئالالماي زېرىد-كىپ كەتتىم. مانا ئەمدى مەندىكى رەسىم ۋە مۇزىكىغا بولغان قىزىقىشمۇ تۇگەپ كەتتى... بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كاللام بەئەينى بىر خىل ماشىنىغا ئوخشاش بولۇپ قالدى، ئۇ پەقەت مېخانىك ھالدا سان - ساناقسىز پاكىتلار ۋە خام ماتېرىياللاردىن ئومۇمىي قانۇنىيەتلەرنىلا ئالالايدىغان بولۇپ قالدى. مەن سەنئەتكە بولغان ھەۋەسنىڭ تۇگەپ كېتىشى بىلەن قەلب جامىدىكى يەنە بىر قىسىم قابىلىيەت — تېخىمۇ ئالىي بولغان ئاڭ ھالىتىنى پەيدا قىلىدىغان بىر قىسىم قابىلىيەتنىڭ ئاجىزلاپ كېتىدىغانلىقىنى راستتىنلا بىلەلمىدىم. مېنىڭچە، مەندىن ئالىي ۋە تېخىمۇ ئەتراپ-لىق بىرلىككە كەلگەن ئاڭغا ئىگە ئادەم بولسا، ھەرگىز مېنىڭ ھازىرقى ھالىتىمدەك بولمايدۇ. ئەگەر مەن يەنە بىر قېتىم ئۆمۈر كۆرۈشكە مۇمكىن بولسا ئىدى، مەن ئۆزۈمگە: بىر ھەپتىدە جەزمەن بەلگىلىك ۋاقىت چىقىرىپ شېئىر ئوقۇش ۋە مۇزىكا ئاڭلاشنى ئۆزۈمگە پرىنسىپ قىلىپ بەلگىلىگەن بولات-تىم. شۇنداق قىلسام، مەندىكى ئاجىزلاپ كەتكەن ئاشۇ قابىلد-

يەت ئۇزۇلدۇرمەي ئىشلىتىلىش داۋامىدا ساقلىنىپ قالاتتى . ئەمەلىيەتتە ، مۇشۇنداق قىزىقىش ۋە قابىلىيەتنى يوقىتىپ قو ـ يۇش — بەخت ـ ئامەتنى يوقىتىپ قويۇش بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاقىلانىلىككە زىيان يەتكۈزى ـ دۇ ، ھەتتا تەبىئىتىمىزدىكى ھېسسىيات تەركىبىنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشى بىلەن ئەخلاقىي روھىمىزغىمۇ خەۋپ كەلتۈرىدۇ » . دارۋىننىڭ ساۋاقلىرى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى ، تۇرمۇشتىن ئىبارەت سەنئەت قامۇسىنىڭ قايسى ۋارىقى يىرتىپ تاشلانسا ، يەنە بىر ۋارىقىغىمۇ رەڭ چېچىلىپ كېتىدۇ . بىرىنچىدىن ، سەنئەت روھى كۆتۈرۈلگەن ھامان مېڭىمىزگە ئەسقاتمايدىغان بىرمۇنچە پەلسەپىۋى ۋە تارىخىي نەرسىلەر كىرىۋېلىپ تۇرمۇش ـ نىڭ لەززىتىنى تۆۋەنلەتكۈزۈۋېتىدۇ . ئاقىلانىلىك ھېسسىيات ، ئەخلاق تەرەپلەردىمۇ چېكىنىش كېلىپ چىقىدۇ . تۇرمۇشتىكى مۇنداق تەبىئىي تەلەپ ئىنسان تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەنلىك ـ تىن ، ئۇ تۇرمۇشتىكى تەلەپلەرنى قاندۇرىدىغان سەنئەتكارلىق ـ نىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتى بولۇپ ، ئادەملەرنىڭ مېڭىسىگە يو ـ شۇرۇنىدۇ ، شۇنداق بولغاچقا ، ئادەم مەيلى يېگانە ، مەيلى توپلا ـ شقان ھالدا بولسۇن سەنئەتكارلىق دائىرىسىگە كىرىپ كەتكەن . شۇڭا ، كۆپ ساندىكى ئادەملەر سەنئەتكارلىقتا نائۇستا بولسىمۇ ئۇنىڭ يېگانە ھەرىكىتى دەماللىققا سەنئەتكارلىقتەك كۆرۈنمىسى ـ مۇ ، ئۇ مەنسۇپ بولغان توپنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىنى نەزەردە تۇتقاندا ، نائۇستا ئادەممۇ سەنئەتكارلارغا مەنسۇپ بولىدۇ . تو ـ لىستوينىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ يا ـ شاپ تۇرۇش ھالىتى تولۇق سەنئەت بولۇپ ، بۆشۈك ناخشىسى «ئەللەي بالام ، ئەللەي» دىن تارتىپ دىنىي مۇراسىملار ۋە جامائەت سورۇنلىرىدىكى ئەدەپ ـ تەكەللۇپلارنىڭ ھەممىسى سەنئەت شەكلىنى ئالىدۇ . كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، سەنئەت بىز ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

شۇنداق بولغانلىقتىن ، «مەدەنىيەت» ئاتالغۇسى يېقىندا
فرانسۇزچە (civilsation) دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىقىپ ، تارىخ-
تىن بۇيان ئاتىلىپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئاتالغۇسىنىڭ ئورنىغا
چىقىپ ، ماددىي ھەم مەنىۋى مەدەنىيلىكنى ئىپادىلىگەن بولسى-
مۇ ، يەنە نۇرغۇن ئاپتورلار ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ۋە ئېستېتىكىغا ئائىت ئەسەرلىرىنى سەنئەت بابىغا مەنسۇپ
قىلىپلا قالماستىن ، ئىجتىمائىي باشقۇرۇشقا ئائىت ئەسەرلىرىگە
«رەھبەرلىك سەنئىتى» نەزەرىيىۋى تەتقىقات ئەسەرلىرىگە «تە-
پەككۇر سەنئىتى» دېگەندەك ناملارنى قويۇپ ، ياشاشنى سەنئەت-
لىك ھەرىكەت دەپ چۈشىنىدىغان ۋە ئۇنى سەنئەت دەرىجىسىدە
ئەتراپلىق گۈزەللەشتۈرۈپ ماڭىدىغان ئەنئەنىنىڭ پۇرىقىنى ساق-
لاپ قالغان بولسا ، خېلى كۆپ مىللەتلەر مەدەنىيەتنى مەدەنىيەت
سەنئىتى دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاپ ، مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ
كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى
تەكرار جەزمەنلەشتۈرگەن . ئەمەلىيەت — ماددىي ئەمەلىيەت ،
ئەقلىي ئەمەلىيەت ۋە ئەخلاقىي ئەمەلىيەت بىلەن سىياسىي ئەمە-
لىيەتتىن ئىبارەت . بۇنداق مەدەنىيەت سەنئىتى تۇرمۇشىمىزدى-
كى نېگىزلىك ئەمەلىيەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ،
دەپ چىڭ تۇرغان .

ئۇلارنىڭ نەزەرىيىدىكى ماددىي ئەمەلىيەت نوپۇس سانى ۋە
ئۇنىڭ ئورۇنلىشىشى ، بايلىقلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ، يېمەك-
لىكلەر ۋە مەئىشەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىستېمال قىلىنىشى ، تۇر-
مۇش ئۆلچەملىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەقلىي
ئەمەلىيەت مائارىپ دەرىجىسى ۋە بىلىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ،
تارقىتىلىشى ، شۇنداقلا تالانتلىق ئادەملەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەت-
لىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەخلاقىي ئەمەلىيەت «ساداقەتلىك» ،
«ئادىللىق» ، «ھېسداشلىق» ۋە «بەدەل بېرىش» ، «پىداكار-
لىق كۆرسىتىش» قاتارلىقلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش دەرىجى-

سى ، خوتۇن - قىزلارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى تىكلەش ، بالىلارغا غەمخورلۇق قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مەدەنىيەت سەنئىتىنىڭ سۈپەتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئەخلاقىي مەدەنىيەت ئەڭ مۇھىم بولۇپ ، ۋولتېرنىڭ ئېيتقىنىدەك ، ئەخلاق مەدەنىيىتىدىكى «ھېسداشلىق ۋە ئادالەت ئىجتىمائىيەتنىڭ ئۇلى بولىدۇ» .

ھازىرقى كۈندىمۇ يۈتكۈل ئىنسانىيەت ھاياتىنى بىر پۈتۈن سەنئەت ھېسابلاپ ، بىر پۈتۈن ياشاش سەنئىتىنى ئۇسسۇل سەنئىتى ، تەپەككۇر سەنئىتى ، يازغۇچىلىق سەنئىتى ، دىن سەنئىتى ، ئەخلاق سەنئىتىدىن ئىبارەت سەنئەتلىك پائالىيەتلەرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرۈۋاتقان پەيلاسوپلار بار . ئۇلار بىر پۈتۈن كىشىلىك تۇرمۇشنى تۇرمۇشنىڭ راۋاجى بويىچە ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە قاراپ ھۈنەر سەنئىتى ، بىناكارلىق سەنئىتى ، مۇھىت سەنئىتى ، نەققاشلىق ، رەسساملىق سەنئىتى ، ئەدەبىيات ، خەتتاتلىق سەنئىتى ، مۇزىكا - ئۇسسۇل سەنئىتى ، نانتىقلىق سەنئىتى ، تىياتىر ، كىنو ، تېلېۋىزىيە سەنئىتى... قاتارلىق سەنئەت تۈرىگە بۆلۈنگەندىن كېيىن ، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنى ھايات ئۇسسۇلى دەپ چۈشەندۈرىدۇ . ھايات ھەقىقەتەن ئۇستا بىر ئارتىس يۈكسەك قىزغىنلىقتا ئويناۋاتقان ئۇسسۇلغا ئوخشايدۇ . ئۇسسۇل ئويناش گەرچە كونسىرۋاتىپ ئەخلاقشۇناسلار ئالدىدا شاللاق ھەم ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغانلىقنىڭ ھەرىكەت كۆرۈنۈشىدەك تۇرسىمۇ ، لېكىن جىمجىت ياكى بۇرۇقتۇرما ھالەتتە تۇرغان ھاياتنى ئەركىن - ئازادە بولغان بىر بوشلۇقتا كۆتۈرۈش ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ ، ئۇ ھاياتنىڭ شادلىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە تىرگېدىيىلىك توختاش ھالىتىنىمۇ ، ھاياتتا يوشۇرۇنغان خەتەرلەرنىمۇ ئىپادىلەپ بېرىپ ، ئۆزىگە تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تولۇق مۇجەسسەملەيدۇ .

قىسقىسى ، ئۇسسۇل ئوينىغۇچىنىڭ قەددى - قامىتىنى

جىملىق ھالەتتىن ئەركىن جەۋلان قىلىدىغان جەسۇر ھالەتكە كەلتۈرۈپ، ئىچىگە پاتمايدىغان قىزغىنلىق بىلەن غەزەپ دول-قۇنلىرىنىڭ ھەرقايسىسىنى ئۆز نۆۋىتى كەلگەندە رىتىملىق ئەۋ-جىگە چىقىرىدۇ. جىددىي، مۇقەددەس ھالەت بىلەن داغدۇغىلىق ھالەتنى بىرلا سەھنىدە، ھەتتا بىرلا ئۇسسۇل ئەسىرىدە ئىپادى-لەپ بېرىپ، تۇرمۇشنى سەنئەت تەرىپىگە — ئۆرلەش تەرىپىگە بىر دەرىجە كۆتۈرىدۇ. بۇ خۇددى بىزنىڭ ھەربىر تەرەققىياتى-مىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاللىقانداق مەبۇدلارغا باش ئۇرۇپ يۈرگەن نادانلىقلىرىنى يېڭىپ ئۆرلىشىمىز بولىدىغانلىقىغا ئوخ-شايدۇ ئەمەسمۇ؟

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھاياتىنى يىغىنچاق ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلق ئارىسىدىكى سەنئەت مەكتىپىگە، ياشاش ئەنئەنىسىگە ئاي-لىنىپ كەتكەن دولان مەشرىپىنى ئالساق، ئۇ بۇنداق ھالەتنى تېخىمۇ روشەن ھەم جانلىق سۈرەتلەپ بېرەلىشى مۇمكىن. تازا زەن قويىدىغان بولساق، دولان مەشرىپى بەلگىلىك ئىچكى باغلى-نىش ۋە ئۆزىگە خاس مۇزىكىلىق تەرتىپىگە ئىگە بولۇپ، چوڭ-قۇر كۆزىتىپ تەھلىل قىلغاندا، ئۇنىڭ باتۇر ۋە ئەمگەكچان دولان خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىنى ياخشىلاش يولىدا ئىنتى-پاقلىشىپ ئېلىپ بارغان تۈرلۈك كۈرەشلىرىنى ھەمدە ئاشۇ كۈرەش غەلىبىلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ جانلىق تەسۋىرلىگەنلى-كىنى پەرەز قىلالايمىز. مىسال ئۈچۈن بىز بىر بىر دۆرە مەشرەپنى كۆزىتىپ باقساق، مەشرەپ باشلىنىدىغان چاغدا ئاۋۋال نەغمىچى-لەردىن بىرى ئىنتايىن يۇقىرى ئاۋازدا جاراڭلىق مۇقام توۋلاي-دۇ، بۇ مۇقام مەشرەپنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ، ئۇ تۈگىشى بىلەنلا نەغمىچىلەر تەڭلا داپ چېلىپ مەشرەپنىڭ چېكىتمە قىس-مىنى باشلايدۇ، چېكىتمە باشلانغاندىن كېيىن، كىشىلەر ئەر - ئايال ياكى خالىغان كىشىسى بىلەن بىر جۈپتىن بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. مەشرەپنىڭ بۇ قىسمى نىسبەتەن سالماق،

قەدەم ۋە ھەرىكەت يېنىك ، رەتلىك ، رىتىملىق بولىدۇ . ئەرلەر
قولى مەردانە قىياپەتتە نۆۋەت بىلەن ئوڭ ـ سولغا رىتىملىق
تاشلاپ ئۆزى بىلەن ئۇسسۇل ئوينىغۇچى تەرەپكە قاراپ ھەر ئۈچ
قەدەمدە بىر قېتىم يېرىم ئايلىنىدۇ ، ئاياللار بولسا ئەرلەرنىڭ
ھەرىكىتىگە ماسلاشقان ھالدا گاھى ئوڭ ، گاھى سول قولىنى
ئېگىز كۆتۈرۈپ ، گويا ئەرلەرگە مەشئەل يورۇتۇپ بېرىۋاتقاندەك
بىر قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ . ئۇسسۇل ئوينىغۇچىلارنىڭ سانى
مەيلى قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، پۈتۈن مەيداندى-
كى پۇت ۋە قول ھەرىكەتلىرى بىردەك بولۇپ ، كىشىلەرگە
خۇددى بىرلا كىشى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ . بۇ
دولاندىكى جانلىق تۇرمۇشنىڭ ئۇسسۇلدىن ئىبارەت سەنئەت
شەكلىدە ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى بولماي نېمە ؟

ئەمما ، ئاددىي تۇرمۇش بىلەن ئۇسسۇلدا ئىپادىلىنىۋاتقان
تۇرمۇشنىڭ بىرلا پەرقى شۇكى ، ئۇسسۇل ناھايىتى كۆپ قېتىم-
لىق قاتتىق مەشقلەردىن تاۋلىنىپ چىققان تىپىك ئوبراز بو-
لۇپ ، بۇنداق تىپىكلەشتۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرغۇچى سەنئەتكار
ناھايىتى مۇشكۇل جەريانلارنى بېشىدىن كەچۈرۈپ ، ئادەتتىكى
تۇرمۇشتىن بىر دەرىجە ھەمدە ئادەتتىكى تۇرمۇشتىن كىشىگە
گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئۆرلەش مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغان .
ئادەتتە نۇرغۇن كىشىلەر ئۇسسۇلنى كۆرگەندە خۇشال بولۇپ ،
چاۋاك چېلىشىپ بەرسىمۇ ، ئۇسسۇلنى ئىجاد قىلىش ۋە ئۆگى-
نىشنىڭ ئەڭ قاتتىق مەشىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ . چۈنكى
ئۇسسۇل ئىجادىيىتى ئالدى بىلەن تۇرمۇشنى توغرا كۆزىتەلەيدى-
غان سەزگۈرلۈكتىن باشقا ، تۇرمۇشنى تىپىك ئوبرازغا ئايلاندۇ-
رىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتكە تېخىمۇ موھتاج ، بۇنداق ئىجادىي
قابىلىيەت ئاسانلىقچە قولغا كەلمەيدۇ ، ئۇنداق ئاسان بولسا ئى-
دى ، بىزدە ھازىرقىدىن تېخىمۇ كۆپ ئۇسسۇل ئىجادكارلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەيدانغا چىقىپ ، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇ-رۇپ بېرەتتى . ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشمۇ ئادەتتىكى تۇرمۇشىمىز-دىن ھالقىيدىغان جاسارەتكە ئىگە . ئەگەر سىز سەھنە كۆزەتكۇ-چىسى بولغان بولسىڭىز ئىدى ، ئۇسسۇلچىنىڭ شادلىقنى ئىپادى-لەيدىغان بىر ئۇسسۇل شادىمان ئويناپ تۈگەتكەن بىلەن ئۇنىڭ كەشلىرىگە ھەتتا پۇتىدىن چىققان قانلارنىڭ ئېقىپ چۈشكەنلىكى-نى كۆرگەن بولاتتىڭىز .

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ياشاشنىڭ سەنئىتى خۇددى ئۇسسۇلدەك نورمال تۇرمۇشنى بارغانسېرى گۈزەللىككە ئۆستۇ-رۇپ ماڭىدىغان ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ ، پۈتكۈل تۇرمۇشىن-كى گۈزەللىكنى خۇددى ئۇسسۇل ئىجاد قىلىش ۋە ئويناشقا ئوخشاش تالانت ۋە جاسارەتكە ئىگە ئادەملەر ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز تۈردە ئىجاد قىلىدۇ . تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن جەھەتتە ئىز-دەنگۈچىلەر بىر پۈتۈن سەنئەت بولۇۋاتقان تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانىدا خۇددى قۇشلارنىڭ قانىتىغا ئوخشاش تەبى-ئەت ۋە ئىجتىمائىيەتتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىكى ئىجادىيىتى ئارقىلىق ئۆرلەش ھاسىل قىلىدۇ . بۇنداق ئىجادكارلارنىڭ ئەت-راپىدىكى كىشىلەر بولسا ، خۇددى دولان ئۇسسۇلىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۇسسۇل ھەركىتى بىرلىككە كېلىپ بىر كىشى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ھالەت ئەكس ئەتتۈرۈلگەندەك ماسلى-شىش رولىنى ئوينايدۇ . ھەتتا ، بۇنداق ئىككى خىل پەن نەتىجى-لىرى ئاساسىدا روھىي جەھەتتىمۇ ئىجتىھات بىلەن ئۆزى تاۋلا-پ ، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى ۋە ئادەتلىرىمىزنىڭ سۈپىتى بولغان ئەخلاقىي پەزىلىتىمىزنى بارغانسېرى كۆتۈرۈپ مېڭىپ ، بىزنىڭ ھايۋانلىقتىن ئىنسانلىققا توختىماي ئۆرلىگەن تەرەققىيات پەش-تاقلىرىمىزنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، بىزنىڭ ياشاش سەنئەتچىلىكىمىز ئەنە شۇنداق ئۇسسۇلنى ئۆگىنىشتىن

ئىبارەت .

توغرا ، بۇنداق گۈزەللىكنىڭ ئۆرلەش جەريانىنى پۈتۈنلەي ئاڭلىق ئىجادىيەت جەريانى دېگىلى بولمايدۇ . ئەمما ، شەيئىلەر- نىڭ ئىچكى باغلىنىشى بولغان تەبىئەت قانۇنلىرىنى كىشىلەر ئاددىي كۆز بىلەن كۆرۈۋالالمىغان بىلەن ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى رېئال ھەم كىشىلەر ھېس قىلىۋالالايدىغان دەرىجىدە جانلىق بولغاچقا ، ئادەتلەرنىڭ ئۇچۇر ئېلىش ۋە تارقىتىش ھەرىكىتى بۇنداق جەرياندا بەزىدە ئاڭلىق ، بەزىدە ئاڭسىز داۋاملاشقان . ئالايلۇق ، بىز سۆز قىلغاندا ، ئىش قىلغاندا ، تەسەۋۋۇر قىلغان- دا ، ھېس قىلغاندا ، پىلان تۈزگەندە ، تەشنا بولغاندا ، بەدىنىمىز بىر نەرسىگە تەگكەندە… ھەرقاچان بۇ يەردە ئۇچۇر ھاسىل بول- دۇ ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭ بىلەن بىزدە ئۆزىمىزنىڭ ھەرىكىتىنى تەبىئەتتىكى تەبىئىي تىپلار ۋە لايىھىلەر بويىچە تەڭشەپ تېخىمۇ ياخشى ھايات كەچۈرۈشكە ئىنتىلىش پەيدا بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ ئەنە قاراڭ ، تەبىئەت بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى قانداق ساقلا- يمىز ؟ تەبىئەتتىكى گۈزەل تەبىئىي تىپلار بويىچە ھاياتىمىزنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىنى قانداق گۈزەللەشتۈرىمىز ؟ بەختسىزلىك- تىن قانداق قۇتۇلىمىز ۋە بەخت ئىلاھىيىنىڭ نۇرىغا قانداق چۆمۈلىمىز ؟ ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ، ئەمما كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ ئالالمايدىغان ئامىللارنى قانداق بىلىپ ئالىمىز ؟ ئەگەر تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتە ئۆزگىرىپ تۇرى- دىغان تەبىئىي تەرتىپ بار دەپ پەرەز قىلساق ، ئۇنىڭدىن قانداق- سىگە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىمىز ؟ دېگەندەك سوئاللار بۇرۇنمۇ بول- غان ، ھازىرمۇ بار ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ ؟ يىراق ئەجدادلىرىمىز گەرچە ئەمگەك قوراللىرىنى ياسىغان چاغدىن باشلاپ ھەقىقىي ئادەملىك تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلغان بول- سىمۇ ، ئەمما تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ھەرد-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

كەتلەردە ئۇچۇر تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت بۇنداق
بىر تارىخىي ئىزچىللىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىجادىيەت ماھىيىتى
بولۇپ ئىپادىلىنىپ تۇرغان . ئەڭ دەسلەپكى ئىختىرالارنى ئادەم-
لەر ياراتمىغان ، بەلكى تەييار شەكىلدىن بايقىۋالغان . كىشىلەر
ئۇچلۇق تاش بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋاننىڭ گۆشىنى پارچىلىغى-
لى بولىدىغانلىقىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن ئۇچلۇق ۋە قىرلىق
تاشلارنى تېرىۋېلىپ ئىشلەتكەن ؛ ئورمانلارغا ئوت كەتكەندىن
كېيىن ، ئوتنىڭ ئادەمگە ئىسسىقلىق بېرىدىغانلىقىنى ۋە ياۋايى
ھايۋانلارنى قورقىتالايدىغانلىقىنى بايقىۋالغاندىن كېيىن ئوت
ساقلاشنى ئۆگەنگەن . دېمەك ، كىشىلەر تېخى ئىجاد قىلىدىغان
تېمىنى ئويتۇرىغا قويالمايدىغان چاغدا تەييار جاۋابنى بايقاپ ئال-
غان . بۇ چاغدىكى ئىجادىيەت ئاشۇ تەييار جاۋابلارنى ئىشلىتىش-
نىڭ يوللىرىنى پەرەز قىلىشتا بولغان . ئۇلۇغ ئىش شۇ بولغان-
كى ، بۇنىڭ بىلەن مېڭە تەرەققىي قىلىپ پەرەزلەردىن كېيىنكى
ئىختىرا ئىجادىيىتىنىڭ تېمىلىرى بارلىققا كەلگەن ؛ گاللراق
بولغان ئۇچلۇق ۋە قىرلىق تاشلارنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ
ئىتتىك قىلغىلى بولىدۇ ؟ بۇ تاشلارنى قولىمىزدا تېخىمۇ بىخە-
تەر ۋە پۇختا تۇتۇپ تۇرالايدىغان قىلىش ئۈچۈن قانداق قىلىمىز ؟
ئوتنى يامغۇر ياكى شامالنىڭ ئۆچۈرۈۋېتىمەسلىكى ئۈچۈن قانداق
قىلىمىز ؟ ئوتنى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە كۆچۈرۈش ئۈچۈن
قانداق قىلىمىز ؟ دېگەندەك ئادەم ئۆزى ياراتمىسا بولمايدىغان
ئىجادىيەت تېمىلىرى بارلىققا كېلىپ ، ھېچبولمىغاندا كىشىلەر-
نى بىرى - بىرىدىن دوراپ يۈرۈپ ئۆگىنىش ، كاللىسى يەتكەن
يەرگىچە ئويلىنىپ كۆرۈش دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن . بۇنداق
تەپەككۇر تىلدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانا مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تەرە-
پىدىن بارا - بارا ئۆسۈپ بېرىپ بەلگىلىك ئۇسۇلغا ئايلانغان .
مەسىلەن ، تەبىئىي تىپلارنىڭ نۇسخىسى ، ئەندىزىسى ئېلىنىپ ،

ئوخشاپ كېتىدىغان يەنە بىر شەيئى ئۆلچەملىك ياسالغان . تېخى-
مۇ ئىلگىرىلەپ ئوخشاش بولمىغان شەيئىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ
بىر سىستېما قىلىپ ياساش كېلىپ چىققان . بۇنىڭ بىلەن بىر
چاغدا ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى پاكىتلار ، كۆزىتىش-
لەر ۋە ماتېرىياللار توپلانغان . بۇ بىلىملەرنىڭ قوللىنىلىشى
كەشپىيات ، ئىختىرالارنىڭ يۈنىلىش خاراكتېرىنى ئۆستۈرۈپ ،
ئىجادىيەت تېمىسىنى ھەل قىلىش جەريانىنى تەرتىپكە ئىگە قىل-
غان . ئەمما ، تېمىلارنىڭ ئورنى ئۆزگىرىپ كەتكەن ، ئۇلار بىر
ئەسىردىن يەنە بىر ئەسىرگە ئاتلىغانسېرى مۇرەككەپلەشكەن ،
ھازىرقى كۈنگە كەلگەندە بولسا تەبىئىي ، ئىجتىمائىي ، روھىي
پەنلەر گىرەلىشىپ تۇرۇپ ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مۇرەككەپ
مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ۋە ھەل قىلىپ ، ئىنساندىن ئىبا-
رەت مېگىسىدە پۈتۈن دۇنيانى ئېلىپ يۈرىدىغان سەنئەتكارنىڭ
كارامىتىنى بۇرۇنقى تەسەۋۋۇرلىرىمىزدىكىدىن ناھايىتى نۇرغۇن
دەرىجىدە يۇكسەكلەشتۈرۈپ ، بارلىق پەنلەرنىڭ ھەر خىل ساھە-
لىرىدىكى خادىملارنى يەككە تۇرغاندا گويا تۇزۇپ قويۇلغان چال-
غۇنى زىل چالىدىغان ، بىرلىككە كەلگەندە بولسا سىمفونىيە
تەرتىپىگە بويسۇنىدىغان ماسلىششچان بىرلىكنىڭ دانالىرىدەك
قىلىپ قويدى .

قاراپ باقايلى ، ياشاشنىڭ سەنئەتكارلىقىنى ئۆرلىتىش يو-
لىدا تەبىئىي ، ئىجتىمائىي ، روھىي پەنلەرنىڭ تۇرلۇك ساھەلى-
رىدە ئىشلەۋاتقان ئىلمىي خادىملار ناۋادا ئاللىقانداق بىر ساھەنى
تۇتىيا بىلىپ ، يەنە بىر ساھەنى نەزەردىن ساقىت قىلسا ، ھېچ-
بولمىغاندا ياشلىق دەۋرىدىن كېيىن تەبىئىي پەنلەرگە نوقۇلراق
يۇزلىنىپ كەتكەن ئالەمشۇمۇل ئالىم دارۋىندەك پۇشايمان قىلى-
دۇ ياكى بارغانسېرى پىكرى گاللىق قىلىپ ، يېڭىلىق يارىتال-
مايدىغان ئەگەشمىچىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . ھەتتا توغرا كەشپى-

www.uyghurkitap.com

يات ، ئىختىرا ئىگىلىرىگە خۇسۇمەت قىلىدىغان جاھىل كۈچلەر تەرەپدارلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ . دۇنياغا مەشھۇر كلاسسىك ئەسەر «ئالەمنىڭ سىرى» نىڭ ئاپتورى ئېرنىست ھېككېل شۇ ئەسىردە بۇنداق ئىزچىللىقنى بۇزۇشقا قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ : «XIX ئەسىردە تەبىئەتنى ھەقىقىي بىلىش ساھەسىدە ، نەزەرىيە جەھەتتىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق ئىلگىرىلەشلەر بولۇپ قالماي ، بەلكى تېخنىكا ، سانائەت ، قاتناش جەھەتلەردىكى ئەمەلىي تەتبىقلاش جەريانىدىمۇ ئىنتايىن مول نەتىجىلەر قازىنىلدى . بۇ ئىككى ئىش پۈتكۈل ھازىرقى زامان مەدەنىي ھاياتىمىزغا روشەن تامغا باستى . لېكىن ، يەنە بىر جەھەتتىن ، مەنىۋى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىن ئىبارەت مۇنداق مۇھىم ساھەلەردە ئىلگىرىكى ئەسىرلەر بىلەن سېلىشتۇرغاندا ناھايىتى ئاز ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدۇق ياكى ھېچقانداق ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلمىدۇق ، ھەتتا كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرارلىق بەزىبىر ئېغىر چېكىنىشلەر يۈز بەردى . مۇنداق روشەن زىددىيەت كىشىلەردە ئىچكى جەھەتتىن پارچىلىنىپ ، ساختىلىشىپ ۋە بىمەنىلىشىپ كېتىدىغان ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان تۇيغۇ پەيدا قىلىش بىلەنلا قالماي ، بەلكى سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەلەردە زور بالايىئاپەت پەيدا قىلىدىغان خەۋپنىمۇ تۇغدۇرىدۇ . بۇ زىددىيەتنى ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ھەل قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان خەۋپنى يوقىتىش ئۆزىنى ھەققانىي ۋە قەلبى ئىنسانىيەتكە مۇھەببەت بىلەن تولغان ھېسابلايدىغان ھەربىر تەتقىقاتچىنىڭ گۈزەل ھوقۇقىلا ئەمەس ، بەلكى مۇقەددەس بۇرچى»[1]

---

① ئېرنىست ھېككېل : «ئالەمنىڭ سىرى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 2 - بەت .

بىز XX ئەسىرگىچە بولغان بارلىق كەشپىياتلارنى يەكۈن-لىگۈچى بۇ ئالىمنىڭ پىكرىنى ھىمايە قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

ئېرنىست ھېككىل مەنىۋى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي مۇنا-سىۋەتلەر دائىرىسىدە مەسىلە ھەل قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەنلەر-دىن شۇ ۋاقىت ئېتىبارى نارازى بولغانىكەن، بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ بۇ جەھەتتە گاللۋاڭلىق قىلىشىمىزنىڭ ئاقىۋىتى تېخىمۇ ياخشى بولمايدۇ.

چۈنكى، ئىجتىمائىي پەن ئادەم ۋە جەمئىيەتنى تەتقىق قى-لىپ، پەن ـ مەدەنىيەت، ئىقتىسادنى مەركەز قىلغان جەمئىيەت-نىڭ ئومۇمىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدى-غان ھەمدە شۇ ئاساستا جەمئىيەتتىكى تەرەققىيات ئامىللىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى ئاشۇرۇپ بارىدىغان ئەر-كىنلىك ئامىللىرىنى قوغداشنى ئۆز ئالدىغا ۋەزىپە قىلىپ قوي-غانلىقتىن، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى زامانىمىزدىكى ئىشلەپ-چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ يادروسى بولغان پەن ـ تېخنىكىنى ئۆ-گەنمىسە، ئىقتىساد ۋە پەن ـ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ نېگىز-لىك ئامىلى بولغان ئادەمنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرىدىغان تەبىئىي ۋە تېخنىكا پەنلىرىنى تۇرلۇك مائارىپ شەكىللىرىنىڭ مەركىزى قىلىش ئۈچۈن جان تىكمىسە، روھىي پەنلەرنىڭ ئىنسانىيەتتىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ۋە پۈتكۈل ئىجتىمائىي تىزگىن-لەش قاتارلىق نۇرغۇن تەرەپلەردىكى ئۇلۇغ رولىغا سەل قارايدى-غان سىياسىي ۋائىزلاردىن بولۇۋالسا، ئىدىيە جەھەتتە بارغانسېرى قاتاللىشىپ پۈتكۈل ئىجتىمائىي باشقۇرۇشنى قاتاللاشتۇرۇش-قا، ئىدىيە ئازادلىقى تەرەققىياتىغا قارشى خۇراپىيلىق تەرىپىگە ئېغىپ كېتىدۇ ـ دە، تەرەققىيات ئامىلىنى چۈشىنىپ تۇرۇپ قول قوشتۇرۇپ يۈرىدىغان جان باقار ياكى تەرەققىياتقا قەستەن توسالغۇلۇق قىلىدىغان خۇراپىيلاردىن بولۇپ قالىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— تەرەققىيات ئامىللىرىنى چۈشەنگەن ئادەم ، — دەيدۇ ئۇلۇغ ئالىم پ . ل . لاۋرووۋ ، — ئەگەر قول قوشتۇرۇپ ئۆزى ھېچبىر جىبىنى ئۇپراتمىسا ، ئۇ نەتىجىنىڭ ئۆز - ئۆزىدىن ۋۇجۇدقا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرسا ، ئۇ تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ، تەرەققىيات يولىدىكى ئەڭ مۇدھىش توسالغۇغا ئايلىنىپ قالىدۇ . — روشەنكى ، ئالىم بۇ يەردە ئىجتىمائىي پەن خادىملىرىنى نەزەردە تۇتقان . تەرەققىيات ئامىلىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تەرغىب قىلماي ، قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرۇۋالغۇچى تەرەققىياتنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغان يەردە ، تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ شۇنچە كۆپ سېھىر - ھېكمەتلىرى يوشۇرۇنغان تەبىئىي ۋە روھىي پەنلەردىن ئايرىلغان خاتا نەزەردىيىلەرنىمۇ تەرغىب قىلغۇچىلار نېمە بولىدۇ - ھە ! كەم دېگەندىمۇ تەرەققىياتنىڭ توسالغۇسىغا ئايلىنىدۇ - دە ! چۈنكى ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە پەقەت ئىلمىي بولغان توغرا ئىدىيە بىلەن ئاكتىپ ئارىلىشىش ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئاكتىپ پوزىتسىيە قوللىنىشلا پەن - تېخنىكىغا ، شۇ ئاساستا پۈتكۈل ئىقتىسادقا ھەقىقىي پايدا يەتكۈزىدۇ ، پەن - تېخنىكىنى جەمئىيەت ئۈچۈن زۆرۈرىيەتلىك ، خۇشاللىق ، قىزىقارلىق ، گۈزەللىك قىلىپ بېرەلەيدۇ .

تەبىئىي پەندە يېتىلگەن ھەقىقىي ئالىممۇ بەئەينى سەنئەتكاردەك تەسەۋۋۇر كۈچىگە ئىگە بولغاندىلا ئىجتىمائىي ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتتە قىلىنغان تەسەۋۋۇرلارنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشتا بارغانسېرى قۇدرەت تاپالايدۇ . ئۇلۇغ فىزىك ۋە پەيلاسوپ نيۇتون «كېلىشكەن تەسەۋۋۇر» لىرى ئارقىلىق بىلىنمىگەن ساھەلەردىكى سىرلارنى ئۈزلۈكسىز ئېچىپ تاشلىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم . نۇرغۇن فىزىك ، تېخنولوگ ، ماتېماتىكلارنىڭ بايان قىلىشىچە ، «تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى بولمىغان پەن تەتقىقات-

چىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، ھەرقانداق پەن ـ تېخنىكا خادىمىنىڭ ، پەيلاسوپنىڭ مۇكەممەل بىر ئىدىيە سىستېمىسى-نىڭ قۇرۇلمىسى يالغۇز بىلىمگە بولغان قىزىقىش بىلەنلا ئو-رۇندالمايدۇ ، بەلكى گۈزەللىككە ئىنتىلىش بىلەن ئورۇنلىنى-دۇ . ئۇ بۇنداق ئىدىيىنى تاماملاشتا ئىجادىيلىق جەھەتتە پۇتۇن-لەي سەنئەتكارغا ئوخشايدۇ .

ۋاللاسنىڭ ئېيتىشىچە ، ئەپلاتون بىلەن دانتىنىڭ ئىجادى-يەتلىرىمۇ ، ھازىرقى زاماندىكى تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئىجا-دىيەتلىرىمۇ سەنئەتكارلىق ئىنتىلىشىدىن كېلىپ چىققان .

دەۋرىمىزنىڭ پەنلەر گىرەلىشىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز كېلىۋاتقان ئۇنىۋېرساللىشىش دەۋرى بولۇپ قېلىشى-مۇ ئەنە شۇنداق مەڭگۈلۈك ئورتاق قانۇنىيەتنىڭ زامانىمىزدا تېخىمۇ بەك ئۇنۇمچان بولۇپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك . ئادەم ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا چوڭقۇرلىغان ئالىملارنىڭ ئۇنىۋېر - ساللاشتۇرۇش — ئىجادىيەت دېگەن يەكۈننى چىقىرىشىمۇ شۇ ھەقىقەتنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن بولسا كېرەك . بۇ ھال بىزنىڭ ياشاشتىن ئىبارەت بىر پۈتۈن تۇرمۇش سەھنىسىنى دەۋرىمىزگە يارىشا جانلاندۇرۇشتا ، بۇ سەنئەت ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساھەلەردە ئۇنىۋېرسال قابىلىيىتىمىزنى ئۈستۈرۈشنى نىشان-لاپ ، ۋۇجۇدىمىزدا پەن بىلەن سەنئەت روھىنى بىرلىككە كەلتۈ-رۈشنى تەلەپ قىلىدۇ ، ئەلۋەتتە .

بۇرۇنقى كىشىلىك ھايات تارىخى سەنئەت ياكى پەن كىلىش-كىسى يوق ئادەملەر تەرىپىدىن ئەمەس ، ئاساسلىقى ، ئىككى كىلىتكىسى تەڭ يېتىلگەن سەنئەتكارلار تەرىپىدىن يارىتىلغاند-كەن ، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ ياشاش سەنئىتىدىن ئىبارەت مۇن-داق ئىجادىيەت جەريانىنى ئېپتىدائىي ئادەملەرگە ئوخشاش پە-قەت يەپ - ئىچىش بىلەنلا باغلاپ قويىدىغان ئادەملەر ئەمەس ،

بەلكى تۇرمۇشنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىنى كەشتىلەيدىغان ئەقلى ئۆتكۇر ، قولى چېۋەر ئادەملەر جانلاندۇرىدۇ . بۇ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى ياراتقان ئۇلۇغ بىر تارىخىي ئەنئەنە . زاماندىمىز بۇنداق ھەقىقەت ئەنئەنىسى بويىچە ئىش تۇتۇشقا تېخىمۇ موھتاج . بىز زامانىمىزنىڭ بۇنداق موھتاجلىقىنى قاندۇرۇش ئۇچۇن ، ئوينايدىغان ئۇسسۇلنى دەۋرنىڭ ئىجادىي ئاڭغا قويغان تەلەپ رىتمى بويىچە ئويناشنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك . ئەلۋەتتە . ئۇنداق بولسا ، بىز بۇ يەردە ئۇسسۇل دەپ ئاتاۋاتقان ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ تۇرلىرى قانداق بولىدۇ؟ بۇ بىز ئىككىنچى قىسىمدا ئۆگىنىدىغان مەسلىدۇر .

# ئىككىنچى قىسىم

## سەنئەتكارلىقنىڭ ئومۇمىي بايانى

www.uyghurkitap.com

# سۆز بېشى

**پۈتۈن يەر - زېمىن ئادەمگە ئۆز ئىشىكىنى ئاچقان بولىدۇ، چۈنكى كائىنات يۈكسەك قەلبنىڭ ۋەتىنىدۇر.**

**- دېموكرىت**

ئىجادىيەت ياكى سەنئەتكارلىق ئىنسانلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئىنسان ھاياتىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارىدىغان بۈيۈك يولدۇر. ئىجادىي قابىلىيەت دەپ ئاتىلىۋاتقان ئىنتىلۇچان پىكىر ۋە ئىجادىي خاسلىق سەنئەتكارلىقنى بارغانسېرى يۈكسەلدۈرىدىغان مۇنار بولۇپ، ئۇ نورمال ئۆسكەن ئادەملەرگە ئورتاقتۇر. بىراق، كىشىلەر مۇنداق ئورتاقلىقنى خاتا پەلسەپۋى قاراشلار ھەم ئەزگۈچىلەرنىڭ ئادىي كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئەخمەق قىلىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى تۈپەيلى تونۇپ يېتەلمەي، ئۆزىدىمۇ گويا خان - پادىشاھلار ۋە ياكى ئەۋلىيا - ئەزىمەلەردەك كائىناتنى ئۆزىگە سىغدۇرالايدىغان چەكسىز بوشلۇق — ئادەم مېڭىسى بارلىقىنى ئىنكار قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇۋەپپەقىيەت پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغان. ئەمەلىيەتتە، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا ئەقىل دەرىجىسىدە پەرقلەر بولسىمۇ، ئەمما ھەممە ئادەمدە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئورتاق مەۋجۇتلۇقى شۈبھىسىز. ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ماھىيەتتىن مانا مۇشۇنداق ئورتاقلىقنى ئېچىشنىڭ خاتىرىسى، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا تەڭ. بۇ تارىخنىڭ مۇساپىسىدە بېسىپ ئۆتۈلگەن يوللار يېڭى پىكىرلەر ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى ھايۋاناتتىن ئايرىپ چىقىپ، دۇنيانى ئۆزىگە خىزمەت قىلدۇرغان يوللاردۇر. بۇنداق پىكىرلەر تېخى ئۇزاققا بارماي ئالەملەرنى ئىنسانىيەتكە خىزمەت

قىلدۇرۇش مۇمكىن ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەر ، مىللەتلەرنىڭ
ھەممىسى زامانىمىزنىڭ بىلىم ئىگىلىكىدە بۇ يولدا تېخىمۇ تېز
يۈگۈرەيدۇ . بۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە يەنىلا پۈرسەتنى قولدىن
بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن ، ئۆزىمىزدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قا-
بىلىيەتنى ئېچىش ، چېنىقتۇرۇش ، ئۆستۈرۈش بايرىقىنى كۆتۈ-
رۈپ ، زامانىمىزنىڭ رىقابەت ئېقىمىغا كىرىش ھەققىدە ئىخچام
توختىلىمىز .

www.uyghurkitap.com

# I باب ئىجادىيەت ياكى ياشاش سەنئەتكارلىقى

بىزدەۋاتقان سەنئەتكارلىق تۇرمۇشىمىزنى بېزەشنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكرېت ۋە ياكى تۈرلۈك ساھەلەردە قانات يايدۇرۇلۇشى ئىجادىيەت نامىدىكى تۈرلۈك ئەمەلىي پائالىيەتلەردۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئادەمنىڭ پىكرىدىكى گۈزەللىكنى قوغلىشىدىغان ئەنە شۇنداق ئىجادىيلىقتا تايىنىدۇ. گۈزەللىكنىڭ سۇبيېكتى بولغان ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئىجادىيەتتۇر. ئادەم ئۆزىنىڭ شۇ ماھىيىتىنى جەمئىيەتنى گۈزەللەشتۈرىدىغان پائالىيەتلەردە قانچە ئىپادىلىگەنسېرى، ئەمەلىيەت شۇنچە ئادىمىيلىشىدۇ. ئادەم ئۆزىمۇ شۇنچە كامىللىشىپ بارىدۇ. شۇ سەۋەبتىن يەنە كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىقتا قوشۇلۇپ كەلگۈسى جەمئىيەتنىڭ پاساھەتلىك يارىلىشىمۇ ئادەمنىڭ پىكرىدىكى ئىجادىيلىقتا تايىنىدۇ. ئىجادىيەت بىرەر پەن ياكى بىرەر كەسىپ دائىرىسىدە ئەمەس، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە مەۋجۇت بولمىسا بولمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئادەمنى ئۆزگىچە پىكىر قىلىشقا ئۈگىتىش دەۋرلەر تەرەققىياتىدا ئەڭ يۈكسەك ئورۇن تۇتىدۇ. مائارىپنىڭ ئاساسلىق مەقسىتىدىمۇ ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇش بولىدۇ. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى، ئىجادىيەت مېتودىكىسى، ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى ۋە ئىجادىي مائارىپ ئۇسۇللىرى تۇرمۇشىمىزدىكى ئەنە شۇنداق ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان يېڭى پەنلەر بولۇپ، ھەرقانداق ئادەم ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرىنى ئىگىلەپ ئالسا، بىر نەرسىدىن يەنە بىر نەرسىنى بايقاپ ئالىدىغان، ۋاقىت بىلەن ھېسابلىنىدىغان چەكلىك كىشىلىك ئۆمۈرنىڭ لەززىتىنى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزىدىغان ئەقىللىق ئادەمگە ئايلىنىدۇ، يەنە كېلىپ ئادەم پەن - تېخنىكىدىن ئىبارەت بىرىنچى دەرىجىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدە ئەڭ پائالىيەتچان ئامىل بولغانلىقتىن، ئادەم ساپاسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىدىكى ئەڭ مۇھىم تەرەپمۇ ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئۆسۈشىدۇر. بۇنداق ئىكەن، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇشنىڭ ئاساسىي

سۈپىتىدە بىز ئىجادىيەت ۋە ئىجادچان ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈش ھەققىدە چۈشەنچە ھاسىل قىلىشنى شەرت قىلىمىز .

## 1 . ئىجادىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتى

بىلىم بىلەن ئىجادىيەتنىڭ قايسىسى ئالدىدا تۇرىدۇ ؟ مەن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا يازغان «تالانتشۇناسلىق» دېگەن كىتابىمدا بىلىم بىلەن تالانتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئەتراپلىق بايان قىلىپ ، بىلىمنىڭ تالانت تەرەققىياتىدىكى رولىنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە ئىجادىي پىكىرنىڭ بىلىمدىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن ھەمدە ئىجاد قىلىش ئىنسان پائالىيىتىنىڭ يۇقىرى دەرىجىسى ، زامانىمىزدا ئىجادىيەت ھەققىي كۈچ ئىكەنلىكىنى ، بىلىم ھەرقانچە زۆرۈر بولغاندىمۇ ئۇنىڭ ئىجادىيەتنىڭ ئورنىنى ئالالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققانىدىم . شۇ تۇپەيلى 90 - يىللاردىمۇ ھەدېسىلا تارىخنى ۋاراقلايدىغان ۋە ئۇزاق - ئۇزاق زامانلار دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان تارىخىي ئالىملىرىمىزنى قايتا ئىشلەپچىقىرالمايدىغان تاقابىللىقىمىزدىن زېرىكىپ ، بىر ياكى بىر نەچچە ئادەم سۆز قىلسا مىڭلاپ ئادەملەر ئۇنى يادلاپ يۈرۈيدىغان ئوقۇتۇش مەنتىقىسىدىنمۇ بىزار بولۇپ يۈرەتتىم . چۈنكى بىزنىڭ ھەدېسىلا يادلاشنى تەلەپ قىلىدىغان ۋە يادلاپ ئالالايدىغانلار ئەلاچى بولۇپ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىگە تارىخ كۆپ قېتىملاپ جازا قوللانغانىدى . ئۆزىمىزنى توختىماي ماختاپ ئاخىرىدا بىرسىمىزمۇ نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەيدىغان بۇنداق ھالىتىمىز دۇنيا مىللەتلىرى ئالدىدا بىزنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان قىلىپ كۆرسىتىپ قويغانىدى . بىزنىڭ بۇنداق ھالىتىمىزنى ئېنىق كۆرۈپ يېتىپ ، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، زامانىۋىلىشىش تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالايدىغان يۈز مىليونلىغان يۇقىرى سۈپەتلىك ئەمگەكچى ۋە تۈمەنلىگەن مۇتەخەسسىس يېتىشتۈرۈش ھەققىدە ئىلگىرىلەپ تونۇش ھاسىل قىلغاندىن كېيىن تارىخنى يەنە بىر قېتىم ئەسلىدىم .

ئۇزاق قەدىمكى زامان تارىخنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيانقى 100 يىللىق تارىخنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك ، جۇڭگو تارىخىدا ئۈچ قېتىم بۆرۈلۈش بولدى . ئۈچ قېتىملىق بۆرۈلۈشتا ئۈچ ئۇلۇغ ئادەم مەيدانغا كەلدى . بۇلار

www.uyghurkitap.com

چىلىك سۇلالىسىنى ئاغدۇرغان سۇن جوڭشەن ، ئۈچ چوڭ تاغنى
ئاغدۇرۇپ ، يېڭى جوڭگونى قۇرغان ماۋزېدۇڭ ۋە جوڭگوچە
سوتسىيالىزمنى باشلىغان دېڭ شياۋپىڭ . بۇلار جوڭگو تارىخـ
ـدىكى ئاشۇ خورلۇقلارنى ئىجادىي پىكىرلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ
ئاخىرلاشتۇرغان كىشىلەردۇر . جياڭ زېمىن ئۇلارنىڭ شاگىرتى
بولۇش سۈپىتى بىلەن ئاشۇ تارىخىي جەرياندا جوڭگو خەلقىنىڭ
خورلۇققا قېلىش ئەھۋالىنى ئىلمىي يەكۈنلىگەن كىشى بولۇپ ،
ئۇ ھازىر شۇ خورلۇققا قارشى ئىلمىي پىكىرلەرنى ئىلگىرى
سۈردى . 1912 ـ يىلى سۇن جوڭشەن ئىككى ـ ئۈچ مىڭ يىل
داۋام قىلغان فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ جوڭخۇا مىنگونى
قۇرغان بولسىمۇ ، كېيىن ئىنقىلاب مەغلۇپ بولدى ، كۈچلۈك
جاھانگىر دۆلەتلەر مەملىكىتىمىزگە بېسىپ كىردى ، مىلىتاـ
رىستلار دۇنيانىڭ ئىلىم ـ پېنى بىلەن قوراللىنىپ ، جوڭخۇا
مىللەتلىرىنىڭ ئىجادىي قۇدرىتى ئارقىلىق ئۇلارنى يېڭىش ئىدـ
ـىيىسىدە بولماي ، كونا ئۇسۇل بويىچە ئۆزئارا سوقۇشۇپ بىرىسىـ
نى بىرسى مەغلۇپ قىلىش ئارقىلىق يېڭى پادىشاھ بولماقچى
بولدى . جاھانگىرلار بۇنداق قالاق فېئوداللىق ئۇرۇشلارنى ئۆزىـ
گە پۇرسەت بىلىپ بېشىمىزغا يېڭىدىن ئوق ياغدۇردى . ئەزەلـ
دىن بىزگە تەئەللۇق بايلىقلىرىمىزنى باشقىلار تارتىۋېلىۋاتقان
رېئاللىق بىزگە بىلىم ئۆگىنىشنىڭ شەرتلىكىنى جاكارلىدى .
ئەمما ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە ، باشقىلار ياراتقان بىلىملەرنى
ئۆگىنىش بىلەن قانائەت قىلىش ، ھەرقاچان قەدىمكى زامان ۋە
يىراق جايلاردىكى ئالىملار ئىجاد قىلغان كەشپىيات ، تەلىماتلارـ
نى تەكرارلاپ ، ھازىرقى كۈنگە پال ئېچىش ، ئۆزلىرى ئارىسىـ
دىن ئۆتكۈر پىكىرلىك دۇنياۋى ئالىملارنى يېتىشتۈرۈشكە ئەھـ
مىيەت بەرمەسلىكتەك پىسخىك كېسەلنى ، قالاقلىق ، نامراتـ
لىق ، مىللىي ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويۇشتەك ئاقىـ
ۋەتلەرنى ھامىي قىلىپ قويدى . بولۇپمۇ كونا بىلىملەر ھامان
باشقىلار تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان نەرسە بولغاچقا ۋە ئۇنىڭ
سىرلىرىنى ئىجاد قىلغۇچىلار بىزدىن ناھايىتى بۇرۇن بىلىپ
ئالغاچقا ، بۇ بىلىم ۋە ئىدىيىلەر بىرمۇنچە تەرەپلەردە بىزنىڭ
ئىدىيىلىرىمىزگە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ ، كۆزلىرىمىزنى ئېتىپ
قويدى . بىزنى تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە روھىيەتتىكى بىلىنمىگەن
ساھەلەردە كەشىپ قىلىش غۇرۇرىدىن ۋە ئىمكانىيىتىدىن مەھـ

رۇم قىلىپ، مىللەتتە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان
ئىجادچانلىقنىڭ ئاجىزلاپ كېتىشىگە، يوقىلىپ كېتىشىگە سە-
ۋەب بولدى. بىز باشقىلاردىن بىلىم كىرگۈزۈش بىلەنلا بولۇپ
كېتىپ، ئۆزىمىزنىڭ شانلىق مەدەنىيەت تارىخىدا ياراتقان ئۇلۇغ
ئالىملىرىمىزنى قايتا ئىشلەپ چىقىرالماي، خۇددى دېھقان ئې-
تىزنى قولدىن بېرىپ قويسا ئوتاقچى ياكى مەدىكار بولۇپ قالغان-
دەك، مەنىۋى جەھەتتىن ياللانما بولۇپ قالدۇق. ئۆزىمىز ئىجاد
قىلىپ دۇنيانىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئوخشاش ئىلمىي شەرەپلىرى-
نى قولغا كەلتۈرەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، ئۆزلىرىمىزدە مۇستە-
قىل ئىدىيە، ھەرىكەت كۈچلۈك بولمايلا قالماستىن، ھەر كۈنى
مىڭلاپ ئالىملارنىڭ نامىنى تەكرارلاپ يۈرسەكمۇ مۇستەقىل بىر
ئىدىيە ياكى دۇنياغا تەسىر كۆرسەتكۈدەك ئۆزگىچە بىر ھەرىكەت
قىلالمىغانلىقىمىزدىن، ئىجادچان مىللەتلەر بىزنى ھېچقاچان
ئۆزلىرى بىلەن تەڭ كۆرمەي «راۋاج تاپمايدىغان» دەپ كەمسىت-
تى. جىياڭ زېمىن مۇشۇنداق ئاچچىق ساۋاقنى كۆزدە تۇتۇپ
يۇقىرىدىكى پىكىردە بولۇش بىلەن بىللە يەنە بەرپاچىلىق مىللىي
تەرەققىياتنىڭ جېنى ئىكەنلىكىنى، بۇ جاندىن ئايرىلغان مىل-
لەتنىڭ بۈگۈندىن كېيىن دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدا پۇت دەس-
سەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتتى. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇ-
كى، بۇ جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى خورلۇقتىن ۋە
تارىخىي شەرەپلىرىگە ۋەكىل بولىدىغان ئۇلۇغ ئادەملىرىنى قاي-
تىدىن ئىشلەپچىقىرالمىغان خەلقلەر تارىخىدىن چىقىرىلغان ئىل-
مىي يەكۈن بولۇپ، بۇ يەكۈن بىكونىنىڭ «بىلىم — كۈچ»
دېگەن دۇنياۋى يەكۈنىدىن كېيىن چىقىرىلغان ئەڭ ئۇلۇغ دۇنيا-
ۋى يەكۈندۇر. ئىجادىيەت ئىنسانلارنىڭ بىردىنبىر خاسلىقى
بولۇپ، ئىنسانىيەت مانا مۇشۇ خاسلىقى بىلەن سەزگۈ ئەزالى-
رى، پۇت ـ قولى ۋە مېڭىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بۈگۈنكى
رەڭگارەڭ مەدەنىيەتلىك دۇنيانى بەرپا قىلدى. ئىنساندا مۇشۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خاسلىق بولمىغاندا ئىدى ، ھېلىمۇ ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ياشىغان بولاتتى .

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىغا قارايدىغان بولساقمۇ ، ئەھۋال ئەنە شۇنداق . ئۇيغۇرلار يىپەك يولىنىڭ باش بېكىتىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۆزىنىڭ جۇغراپىيە ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇددا دىنى ، ئىسلام دىنى ، خرىستىئان دىنىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ دىن ، جۇڭگو مەدەنىيىتى ، يۇنان مەدەنىيىتى ۋە ھىندى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت ، ئالتاي - ئورال تىل سىستېمىسى ، خەنزۇ - تىبەت تىل سىستېمىسى ، ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىدىغان ئەۋزەل مۇھىتتا تۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە تايىنىپ چارۋىچىلىق ، دېھقانچىلىق ، سودىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىقتىسادنى شۇ زاماننىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكۈزدى . ئۆزىنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ئاساسىدا باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلىپ ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىغا ، مىللىي ئېستېتىك زوقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرغان ھالدا ئۆز مەدەنىيىتىگە سىڭدۈرۈپ ئېلىپ شۇ زامان تارىخىدا ئۆزگىچە ئىجادىي يول تۇتتى .

كۇچا ، قاراشەھەر ، ئاقسۇدا ياشىغان ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا تۆمۈر ، ئالتۇن - كۈمۈش ئېرىتكەنلىكى ۋە ناھايىتى نازۇك توقۇلمىلارنى توقۇغانلىقى ، تۇرپاندا پاختىنىڭ V ، VI ئەسىرلەردە ، ئۈزۈمنىڭ VI ئەسىرلەردىلا جاھان بازىرىغا چىققانلىقى ، كۇچا ، تۇرپان ، خوتەندىن تېپىلىپ ئۈرۈمچى مۇزېيخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار (ھەر خىل نېپىز تاختايلارغا ئويۇلغان خەتلەرمۇ بۇنىڭ ئىچىدە ) ئۇيغۇرلار ھاياتىنىڭ باشتىنلا ئىجادىيەتكە تويۇنغانلىقىـ

نى ئىسپاتلاپلا قالماستىن ، باشقا مىللەتلەردىن ئۇيغۇر يېرىگە
كەلگەن ئەلچى ، ساياھەتچى ، ئارخېئولوگلار يېزىپ قالدۇرغان
خاتىرىلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز زامانىسىدىلا ئىجادىيەت بىلەن
كامال تاپقانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . بۇ ھەقتە ئىدىقۇت خانلىقىدا
ئەلچى بولۇپ تۇرغان ۋاڭ يەندى : «ئۇيغۇرلار قۇرۇلۇشلارنى ئاق
گەج بىلەن ئاقلايدۇ ، ئالتۇن تاغدىن (تەڭرىتاغلىرىنىڭ شەرقىي
تېزمىلىرىدىن بىرى ) ئېقىپ چىققان ساي سۇلىرى ئاستانە ئەت-
راپىدىكى ناھىيە ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشقا ۋە تۈگمەنلەرنى قۇ-
رۇشقا ئېلىپ كېلىندى . . . چالغۇ ئەسۋابلىرى ھەممىدىن
كۆپ ، پىپا ۋە كونخۇي 23 ــ 25 سىملىق چاڭغا ئوخشاش
چالغۇ ئەسۋابلىرى كەڭ تارقالغان . ئۇلار سۆسەر ، يۇڭ ، پاختى-
دىن ئاق گۈللۈك رەختلەرنى ئىشلەپچىقىرىدۇ . . . شەھەردە
ساراي بىنالىرى ۋە باغچىلار كۆپ ، ئادەملىرى ئاق تەنلىك ،
ئۇقۇملۇق ، مىجەز ـ خۇلقى توغرا ، ئۇلارنىڭ ئۇستا زەرگەرلى-
رى ئالتۇن ، كۈمۈش ، مىس ۋە تۆمۈردىن ئاجايىپ بۇيۇملارنى
ياسايدۇ . قاشتېشىدىن ئاجايىپ چىرايلىق بۇيۇملارنى ئىشلەيدۇ» ،
« . . . بۇ چاغلاردا ئۇيغۇر ئىدىقۇتى سىرتقا يىپەك ، يۇڭ ،
پاختا ، كەندىردىن توقۇلغان سۈپەتلىك شايى ، گۈللۈك ھەم
چاقماق يوللۇق سىلىق ۋە يىرىك تاۋار ـ دۇردۇن ، نېپىز
رومال ، تاغار ، خورجۇن ، ئاياللارنىڭ كۆڭلەكلىرى ۋە باشقا
بۇيۇملارنى چىقىرىدۇ» دەپ[①] يازسا ، بەش سۇلالە ۋەقەلىرىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان «كونا ھەقىقىي خرونىكا» دېگەن كىتابتا :
«ئۇيغۇرلار باش كىيىم ، چاپان ، كۆڭلەك ، ئاياغ ۋە بەلۋاغلارنى
ئالتۇن ، كۈمۈش ، پىل ئۇستىخانلىرى ، قاشتېشى ، يېشىل يا-

① شەرىپىدىن ئۆمەر : «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدىن ئوچېركلار»
7 ـ ، 8 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇت ، ئاق ياقۇتلار بىلەن بېزەپ ، تۈرلۈك رەڭلىك يىپەك يىپلار بىلەن كەشتە بېسىشقا ئىنتايىن ماھىر ئىدى . زەرگەرلىرى بولسا مېتاللىنى سوغۇق ئىشلىتىشتىن تاشقىرى ، ئۇنى ئېرىتىپ ، مەخسۇس قېلىپقا قۇيۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق ناھايىتى نازۇك سەنئەت بۇيۇملىرىنى ئىشلەيتتى ، بولۇپمۇ تۆمۈرچىلەر تازا پو-لاتتىن سوققان ۋە زەرگەر نەقىشلىگەن قىلىچ – خەنجەرلەر جۇڭگو ۋە غەرب ئەللىرىدە يۇقىرى باھاغا ئىگە ئىدى» دەپ يازىدۇ . دېمەك ، ئۇيغۇرلار يۇقىرىقى ئىجادىيەتلىرى بىلەن يايلاق ۋە قىشلاق مەدەنىيىتى ، ئۆي – جاي ۋە شەھەر مەدەنىيىتى ، يېمەك – ئىچمەك مەدەنىيىتى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە سودا مەدەنى-يىتى قاتارلىق مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس مىللىي ئۇسلۇب بىلەن ئۆز تارىخىنى يارىتىپ ، ئىنسانىيەت-نىڭ ئەڭ ئالىي پائالىيىتى بولغان ئىجادىيەتنىڭ بارلىق ساھەلى-رىدە ئىنسانىيەت تارىخىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇپ ، ئۆزلىرى-نىڭ بۇ دۇنيادىكى ئىززەت – ھۆرمىتىنى تۇرغۇزغان . بولۇپمۇ مەشھۇر تۈركشۇناس ھونگىر ئالىمى ژوزېپ تېئورى «ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ ئۇزۇن تارىختا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەدىمكى جۇڭ-گو ، ۋىزانتىيە ۋە پارس مەنبەلىرىدىكى تارىخىي پاكىتلار ئىسپات-لايدۇ . ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەلىرى بار ئىدى . ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىرايى-لىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بەدىئىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كەلگەن . . . ئۇلار مىلادىدىن 1000 يىل بۇ-رۇنلا ئۆزىگە خاس يىلنامىلەرنى ياراتقان» دەپ يازغاندەك ، مەدە-نىيەتنىڭ باش رولچىسى بولغان يېزىقنى مىلادىدىن خېلى بۇ-رۇنلا يارىتىپ ، ئوتتۇرا ئەسىردىلا ئاجايىپ زور دۇنياۋى ئالىملا-رنى بارلىققا كەلتۈرۈپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىگە مەدەنىيەت داھىيسى بولۇش بىلەنلا قالماي ، يىپەك يولى ئارقىلىق خەنزۇ ،

پارس ، ئەرەب ، ھىندى ، ياۋروپا خەلقلىرىگە پائال تەسىر كۆر-
سىتىپ ئۆز زامانىنىڭ يولباشچى مىللەتلىرىدىن بولغان .
دېمەك ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، مۇتەپەككۇر ئابدۇشۇكۇر
مۇھەممەتئىمىن «قاتلاملىق ئېستېتىكا» دېگەن كىتابىنىڭ XII
بابىدا ئېيتقاندەك : سەنئەتكار ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە
نىسبەتەن ئېيتقاندا ، «خەلقنىڭ تەربىيىچىسى ، دەۋر ۋىجدانىنىڭ
قايناق بۇلىقى ، ئىنساني تەپەككۇرنىڭ مۇقەددەس تۇغچىسى ،
تارىخنىڭ ئىلھامچىسى» بولۇپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر
بۆلىكى ئۆزىدە قانچىلىك سەنئەتكار ، ئالىم ، ئىختىراچى ، يازغۇ-
چى ، ھەكىم . . . لىرى بولغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىش كې-
رەك . ھەربىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، سەنئەتكار مىللىي
مەدەنىيەتنىڭ غۇرۇرى ، سەنئەتسىز ، سەنئەتكارسىز مىللەت ،
سەنئەتتى ئۆز قىممىتىنى ، سەنئەتچىسى ئۆز لاياقىتىنى تاپالمى-
غان مىللەت ، سەنئەتتە ئاداشقان ، سەنئەتچىلىرى ئاداشقان مىل-
لەت ، ئىنساني قەدىر ـ قىممىتىنى يوقاتقان ، پالاكەت ۋە
ئاپەتكە قۇربان بولۇشقا يۈزلەنگەن مىللەتتۇر .
ھازىرقى كۈندە شۇنچە مۇقەددەم مەدەنىيەت تارىخى بار
خەلقىمىز ئومۇميۈزلۈك ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە بولسا ، ھا-
زىرقىدىن نەچچە ئون ، يۈز ، ھەتتا نەچچە مىڭ ھەسسە قۇدرەتلى-
نىپ ، قالاقلىق ۋە نامراتلىق زەنجىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، جاھان
مەدەنىيىتىدە قانچىلىك گىگانت بولۇپ كېتەر ، بىزمۇ ئادەم
سانىمىز كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس ، ئىجادكارلىقىمىز بىلەن قانچى-
لىك پەخىرلىنىپ كېتەرمىز ـ ھە !
راست ، ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى بىلىم ئۈستىگە قۇ-
رۇلغان . XVII ئەسىردە فرانسىس بېكون «بىلىم — كۈچ» دېگەن
ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ئىنسانلار بۇ ھۆكۈمگە
تولۇقى بىلەن ئەمەل قىلغانىدى ، چۈنكى ، بۇ ھۆكۈم دەۋر ئېتى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بارى بىلەن شۇ ئەسىرنىڭ چاقىرىقى بولۇپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئاستا ـ ئاستا بولىدىغان دەۋرگە ئۇيغۇن ئىدى. ئۇ چاغلاردا تارىخىي يوسۇندا شەكىللەنگەن بىلىم سىستېمىسىنى كىتابىي يوسۇندا ئىگىلەش ئارقىلىق تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ۋە روھىيەت ساھەسىدە خىزمەت ئېلىپ بارغىلى بولغانلىقتىن، ئاتا مىراس بىلىملەرنى كىتابىي ئوقۇتۇش مەركىزىي ۋەزىپە بولغاندى. لېكىن بىلىم ئىگىلىكىدە بۇنداق كىتابىي ئوقۇتۇشنىڭ زامان تەلىپىنى قاندۇرالمايدىغان ۋە بىزنى كېلەچەككە ئېلىپ بارالمايدىغان ئاجىزلىقلىرى ئاشكارا بولۇشقا باشلىدى. ئىنسانلار جەمئىيىتى جاھالەت دەۋرى، مەدەنىيلىك دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، مانا ئەمدى ئىجادىيەت دەۋرىگە قەدەم قويىدى. ئادەملەر جاھالەت دەۋرىدە تەجرىبىگە، مەدەنىيلىك دەۋرىدە بىلىمگە تايانغاندى، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ئىنسانىيەتنىڭ ئاساسلىق پائالىيىتى بولغانلىقتىن، يېڭى بىلىم ئىجاد قىلالمايدىغان مىللەتلەر ھەرقانچە شانلىق تارىخىي كىتابلىرى بولغان تەقدىردىمۇ ھالاك بولىدىغان كەسكىن رىقابەتكە دۇچ كەلدى. لېكىن، بەزىلەر بىلىم ئىگىلىكى XXI ئەسىردىكى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ ھەقىقىي كۈچىنى ئىگىلىمەكچى بولىدىكەنمىز، دەۋر تەلىپىدە تەرىپلىنىشىمىزدە ئېغىش كېلىپ چىقىدۇ. سوئال شۇنداق ئاددىيكى: دۇنياغا بىلىم بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تەپەككۇرمۇ؟ ئىنسانلارنى باشقا مەخلۇقلاردىن ئۈلۈغ قىلغان نەرسە، تەپەككۇرمۇ ياكى تەپەككۇردىن ھاسىل بولغان مەلۇم دەۋرنىڭ بىلىمىمۇ؟ بىلىم بىلەن تەپەككۇرنىڭ زادى قايسىسى كۈچلۈك؟ ئەگەر بىز ئەمەلىيەتچى بولىدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئىنساننىڭ پىكىر ۋە ھەرىكىتىگە قوماندانلىق قىلىۋاتقان تەييار كىتاب ۋە ئەندىزىلەردىن باشقا، كىتاب ـ ئەندىزىلەردە يوق بولغان قوماندانلىق ئورگىنى مېڭە ۋە ئۇنىڭدىكى ھەربىر

ھەرىكەتنى كىتابنامىلاردىكىدىن پەرقلىق ئورۇنداۋاتقان ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېتىراپ قىلىمىز .

بۇنداق بولمىغاندا ، ئادەملەر كىتابتىن ئايرىلسا ئىچكى دۇنياسىدا ھۆكۈمدارى يوق مەھكىمىگە ئايلىنىدۇ ۋە تەرەققىيات پۈتۈنلەي كىتابنامىلەرگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ ــ دە ، بارلىق كىتابلار ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى ھازىرغا قەدەر بىلىش دەرىجىسىدىنىڭ خاتىرىسى بولغانلىقتىن ، كېلەچەككە قوماندانلىق قىلالمايدۇ ، ھېچبولمىغاندا يېڭىلانمىسا قوماندانلىق قىلالمايدۇ . قوماندانى يوق ھەرىكەت ياكى تەرەققىيات ئىنسان ھاياتىدا مەۋجۇتمۇ ؟ ياق ! ئادەم ھاياتى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى كىتابنامىلەر تېخى دۇنياغا كەلمىگەن چاغدىلا باشلانغان بولۇپ ، ئادەم ھاياتىدىكى تەرەققىياتنى ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيەت كەلتۈرۈپ چىقارغان . بۇ ئىككى خىل قابىلىيەتنى ئەقىل تەركىبىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ئالغا يېتەكلەپ ، بارلىق سۈپەت ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتلارغا سەۋەب بولغان .

ئالايلۇق ، ئالەم تۆرىلىپ ھازىرغىچە قانچە ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ ، ئادەمنىڭ يەر شارىدا ياشاپ كېلىۋاتقىنىغا ئىككى يۈز مىليون يىل بولدى . ئادەمنىڭ يەر شارىدا ياشاۋاتقان بىر مىليون خىلدىن ئارتۇق ھايۋانات ، 300 مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئۆسۈملۈك ، 100 مىڭ خىلدىن ئارتۇق مىكرو جانلىقلار ئىچىدىن ئەڭ كۈچلۈك ھۆكۈمران بولۇپ چىقىشىدىكى سەۋەب نېمە ؟ بۇ مەخلۇقلار بىلەن سېلىشتۇرما بولۇشتىن باشقا ، پەقەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەرگە ئالغاندا ، شۇنچە ئۇزاق تارىختا نېمىشقا پەقەت 8000 يىل ئەتراپىدىكى مەدەنىيەت ئىزى بىلەن ئېلىمىزدەك كاتتا ھەم مۇقەددەم دۆلەتنىڭمۇ 5000 يىللىق يازما تارىخىنىلا تاپقىلى بولىدۇ ؟ بۇنىڭدىن سەۋەب شۇكى ، ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزاق تارىختا تەپەككۇردا ئاجىز بولۇپ ، كۆپ

www.uyghurkitap.com

تەرەپلەردە باشقا هايۋاناتلارغا يېقىن هالدا ئۇيقۇدا ياتتى ، قەدىمكى يۇناندەك ئەقىلدە يېتىشكەن ، پاراسەتلىك ، كامىل هۆكۈمالار كېلىپ چىققان ئەلدە ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئاتىغان ئۇلۇغ مىللەتلەردىمۇ ئۇلۇغ دانىشمەنلەرنى ئۆلتۈرۈپ تاشلايدىغان ئەقىلسىزلىق تولىمۇ ئۇزاق هۆكۈم سۈردى ، قەدىمكى مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئىدىيىسى سۈپىتىدە سوقراتنىڭ «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەن سۆزى ئاهۆرمازادا قاياسىغا ئادەمگە قارىتا يېزىلدىيۇ ، ئەمما ، ئادەم ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆزىتىشتىن كۆپرەك تاشقى دۇنيادىكى ماددىي بايلىقلارغا بېرىلىپ كەتتى . پادىشاهلارمۇ ئۆزلىرىنى ئەبەدىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئېهراملار ياسىدى ، ئۆزلىرىنى تاش ئابىدىلەرگە يازدۇردىيۇ ، ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئەڭ زور بايلىق بىلەن نام قالدۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى بىلىپ يەتمىدى . ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيانىڭ ئومۇمىي ئىسلاهاتى ، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يەر شارى خاراكتېرلىك زامانىۋىلىشىش ، مەدەنىيلىشىشنىڭ دەستۇرى بولغان «قۇرئانى كەرىم» دە ئادەمدىن ئىبارەت ئىجادىيەتچىنىڭ هەقىقىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن ، «ئەقلىنى ئىشقا سېلىش ، تەپەككۇر قىلىش هەققىدە 300 ئورۇندا ، ئالەمنىڭ سىرلىرىنى كۆزىتىش ۋە تېپىش هەققىدە 700 ئورۇندا ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەن ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىش هەققىدە نەچچە ئون ئورۇندا» ۋەهيي[①] كەلتۈرۈلۈپ ، كۆز بىلەن كۆرۈش ، قۇلاق بىلەن ئاڭلاش ، قەلب جامىدا ئويلاش ئارقىلىق بىلىم ئېلىش ، ئەقلىنى سەگەك تۇتۇپ نادانلىقتا ، بىخۇدلۇقتا ، قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىشكە قارشى تۇرۇش چاقىرىق قىلىنغاندىن كېيىن ، پەقەت بىزنىڭ مەركىزىي ئاسيا

---

① «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 1987 ـ يىل 2 ـ سان .

رايونىدىلا مۇسا خارەزمىي ، ئەبۇ ناسىر فارابى ، ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى ، ئەبۇ ئابدۇللا روداكى ، ناسىر خىسراۋ ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ، رابغۇزى ، مەھمۇد قەشقەرى ، ئىمام بۇخارىي ، ئەھمەديەسىۋى ، جالالىدىن رۇمىي ، باھاۋىدىن نەقشىبەند ، نەجمىدىن كۇبرا ، سەككاكى ، لۇتفى ، ئابدۇراخمان جامى ، ئەلىشىر نەۋائىي ، مىرخاند ، خاندەمىر ، زاھىرىدىن مۇھەممەد بابۇر ، مىرزاھەيدەر ئۇلۇغبەكتەك بىرمۇنچە دۇنياۋى ئالىملار ۋە ئۇلارنىڭ شاگىرتلىرى بۇ چاقىرىقلارنى مىراس ئېلىپ ، دۇنيانىڭ سىرلىرى ھەققىدە ئىزدىنىپ ، تەبىئەت ۋە ئادەم تەپەككۇرىدىكى يوشۇرۇن بايلىقلارنى قېزىش جەھەتتە زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر پەقەت دىنىي كالاملارنى يادلاپ ئېلىپلا ، ئىسلامنىڭ ئۆزى مەدەنىيەت ، ئىلىم - پەن دولقۇنى ئىكەنلىكىنى بۇرمىلاپ ، ئۇنىڭ ئىزدىنىش ، تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى بۇيرۇق ھەم كۆرسەتمىلىرىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمىدى ، ھەتتا بەزىلەر كالاملارنى يادلاپ ئېلىپ ئۇنى ئەرەبلەرمۇ بىلمەيدىغان كونا تىل بىلەن قىرائەت قىلىش ۋە ئۆزى بىلگەنچە تەبىرلەش ، ۋەز - نەسىھەت قىلىش بىلەن خەلقنى جاھالەتكە باشلايدىغان «دىنىي ئېزىتقۇ» لارغا ، نىقابلانغان فېئوداللىق ھاكىمىيەتلەرگە پايپېتەك بولىدىغان مالايلارغا ئايلىنىپ كەتتى - دە ، ئۇ خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ دانىشمەن ئالىملىرىنى قايتا ئىشلەپچىقىرالماي ، جاھالەت بۇلۇتلىرىنىڭ جۇت تۇمانلىرى ئىچىدە تىمىسقىلاپ يۈردى . پەقەت XVIII - ئەسىردىن بۇيان بولۇپمۇ يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيان ئىنسانىيەت بۇنداق جاھالەت ، نادانلىققا قارشى كۈرەشكە ئاتلىنىپ كائىنات ، ھاۋا بوشلۇقى ، يەر ، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىرلار توغرىسىدا يېڭى ئىزدىنىشلەردە بولۇپ چاپسان - چاپسان ئالغا باستى . بۇنداق

www.uyghurkitap.com

چاپسانلىق شۇنداق يۇقىرى سۈرئەتتە بولدىكى ، ئىككى يىل بۇ-
رۇن كىشىلەر 12 يىللىق شاھمات ئويناش جەريانىدا ھەرقانداق
ئادەمدىن يېڭىلمەي كېلىۋاتقان دۇنيانىڭ ئەڭ مەشھۇر چېمپىيو-
نى كاسپاروۋنى يېڭىۋالغان چىپتېست « chiptest » ناملىق
كومپيۇتېرنى ئىشلەپ چىقىرىپ ، تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرغان
يۈز مىليونلىغان تاماشىبىننى ھەيران قالدۇردى . بۇنىڭ بىلەن
كىشىلەر چىپتېستقا ئوخشاش ئادەمدىنمۇ ئەقىللىق نەرسىلەر
مەيدانغا كېلىپ ئىنسانىيەتكە يېڭى بىر تەھدىت ئېلىپ كېلەرمۇ
دەپ ، دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈشتى . بۇ كومپيۇتېرنى ئىشلەپ
چىقارغان ئامېرىكىنىڭ بىر نەپەر مەملىكەتلىك فوندى تەتقىقات-
چىسى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، كىشىلەرگە تەسەللىي بەردى : «چېپ-
تېست ئەمەلىيەتتە ئۇنچىۋالا چاققان بولمىغان بىر خىل كومپ-
يۇتېر بولۇپ ، ئۇنىڭدا سىرلىق ئەقلىي ئىقتىدار يوق . چۈنكى
ئۇ ھەر نېمە دېگەنبىلەن ھەرىكەت قىلىدۇكى ، ئويلىيالمايدۇ .
ئۇ كاسسىپاروۋنى شاھماتتە يەڭگەندە ، ناھايىتى مۇرەككەپ سانلا-
رنى رەقىبىگە قارشى قانداق يۆتكەشنى خوجايىنىنىڭ ئورۇنلاش-
تۇرۇشى بويىچە يۆتكەش ئارقىلىق ئۇتۇپ چىققان . ئادەم مېڭى-
سى گەرچە شاھمات قەدەملىرىنىڭ بىر قىسمىنى توغرا ماڭغاز-
دىن كېيىن چارچاپ كەتكۈزۈپ قويسىمۇ ، ئەمما ئادەمدە چېپ-
تېستتا يوق ئالاھىدىلىك ـــ ئاڭ بار . چىپتېستنىڭكى «ئەقىل»
بىر قېتىملىق ھېسابلاشتىكى ئۈستۈنلۈك بولۇپ ، ھەرگىز تە-
پەككۇرنىڭ ئىپادىلىنىشى ئەمەس .» بۇ ① ئالىمدىن باشقا ناھايە-
تى كۆپ دوكتور ھەم مۇتەخەسسىسلەرمۇ بۇ ھەقتە بەس ـ
مۇنازىرە ئېلىپ بېرىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسانىيەت تەپەككۇر-
نىڭ ھازىرغىچە سېھرىي دۇنيا بولۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنى

① «ئىختىرا ۋە يېڭىلاش» ژۇرنىلى 1998 ـ يىل 1 ـ سان ، 18 ـ بەت .

ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ تولۇق بىلىپ ئاللمايۋاتقانلىقىنى جەزمـ
لەشتۈردى . ئەمەلىيەتتە كومپيۇتېرلار ھەر خىل ھۈنەرلەرنىڭ
بىر ـ ئىككى چېمپىيۇننى يەڭگەن بىلەن ئۆزىنى ئىشلەپچىقىرد
ۋاتقان خوجايىنلىرىنى يېڭەلمەيدۇ . چېپتېست ئۆزىنى ئىشلەپ
چىقارغان ئامېرىكىنىڭ ئەڭ چوڭ مىكرو يۇمشاق ماتېرىياللار
شىركىتىنى يېڭەلمەيدۇ . شۇڭا ، «نيۇ ـ يورك ۋاقىت گېزىتى»
، «چېپتېست شاھمات پادىشاھىسىنى يەڭگەن بىلەن ، مىكرو
يۇمشاق ماتېرىياللار شىركىتىنىڭ خوجايىنى بىرگىتىزنى يېڭە-
لەمدۇ ؟ دەپ سوئال قويدى . بۇنىڭدىن مەلۇمكى ، ئىنسانلىقنىڭ
ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ئالاقاچان شەكىللەنگەن بىلىم شەكلى
ئەمەس ، بەلكى مېڭىنى ئىشقا سېلىش بولۇپ ، دەل ئاشۇ مېڭە
بىزنىڭ تەپەككۇر ئارقىلىق ئىپتىدائىيلىقتىن مەدەنىيلىككە ئې-
لىپ كېلىپلا قالماستىن ، ئەجدادلار مۇمكىن بولمايدۇ دەپ
قارىغان دۇربۇن ، تېلېسكوپ ، رادىئو ، تېلېفونغا ئوخشاش ئاجا-
يىپ يۈكسەك تارقىتىش ئەسۋابى ۋە ئەسلىھەلىرىنى بارلىققا
كەلتۈرۈپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئىجادىي پىكىر ئارقىسىدا
ئىلگىرىلەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى . بولۇپمۇ ئەقىل زور
دەرىجىدە ئازاد بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئىجادىي پىكىر ھېچ-
قانداق ماددىي كۈچكە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان مۇھىم رول
ئالدى . 40 ـ يىللاردا ھەجمى گويا بىر بىنادەك چوڭلۇقتا ئىجاد
قىلىنغان كومپيۇتېر 70 ـ يىللاردا شىرەنىڭ ئۈستىگە قويغۇ-
دەك كىچىكلىدى ، 80 ـ يىللارغا كەلگەندە ئېلىپ يۈرۈشكە
بولىدىغان كومپيۇتېرلىق دەپتەرلەر بارلىققا كەلدى . بۇنىڭ بى-
لەن بىر چاغدا ، كومپيۇتېرلارنىڭ ئىش قابىلىيىتىمۇ ئۆسۈپ ،
ئۆگىنىش ماشىنىسىدىن 286 ، 386 ، 486 ، 586 ، . . .
لارغا تەرەققىي قىلىپلا قالماستىن ، تەننەرخ جەھەتتىمۇ شۇنداق
تۆۋەنلەپ كەتتى . ئىجادىي تەپەككۇر نەتىجىسىدە كومپيۇتېردا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارلىققا كەلگەن بۇنداق تەرەققىيات سۈرئىتىدىن ھاياجانلانغان بىر ئالىم «ئەگەر ماشىنىسازلىق سانائىتى كومپيۇتېردا بارلىققا كەلگەن تەرەققىياتتەك تېز تەرەققىي قىلىدىغان بولسا بىر پىكاپنى بىر قاپ گۈگۈتنىڭ پۇلىغا سېتىۋالغىلى بولاتتى» دېدى. ئىنسانلارنىڭ ئۇچۇر سانائىتىدىكى ئىجادىيىتى يالغۇز كومپيۇتېر تەرەققىياتى بىلەنلا توختاپ قالماستىن، يەنە تېخى يەككە كومپيۇتېرلارنىڭ دۇنياۋى تورىغا تەرەققىي قىلىپ، كىشىلەرنىڭ كۆپ قاتلاملىق ئۇچۇر ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان كۆپ فۇنكسىيىلىك ئۇچۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولغا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا.

مىسلى كۆرۈلمىگەن زامانىۋىلاشقان ئۇچۇر ئىنقىلابى ئىنسانلارنى چاقماق تېزلىكىدە ئۇچۇر جەمئىيىتىگە ھەيدەپ كىرىپ، ئۆتمۈشتىكى ئاز سانلىق كىشىلەر بىلىم ئىگىلەيدىغان مۇنار شەكلىدىكى ئۇچۇر تارقىتىشنى تور شەكلىدە يەر شارى بويىچە ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان شەكىلگە ئۆزگەرتتى. كىشىلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى كىرگۈزۈش، پىششىقلاش، چىقىرىش سەھنىسى قەغەز، قەلەم، كىتاب، گېزىت - ژۇرنال قاتارلىقلار دۆۋىلەنگەن شىرە ئەمەس، بەلكى كۆپ فۇنكسىيىلىك كومپيۇتېرلارنىڭ ئاخىرقى توچكىسىدىن تەركىب تاپقان ۋە دۇنيانىڭ ھەممە يېرى بىلەن ئالاقە قىلالايدىغان زامانىۋى ھەم يېڭىچە ئۇچۇر سەھنىسى بولۇپ قالدى. بۇنداق دەۋر بۆلگۈچى ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئەقىدە ئاڭنى تىزگىنلەيدىغان سەھنىدىن چېكىنىپ چىقىپ، «ئىجادىيەت ھەقىقىي كۈچ» دېگەن يېڭى ئاڭغا ئورۇن بەردى. بۇنداق ئىكەن، بىز «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئەقىدىدىن «ئىجادىيەت — كۈچ» دېگەن ئەقىدىگە كۆچۈشىمىز كېرەك.

بۇنداق قىلمايدىكەنمىز، «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئەقىدە

بىزنى بىلىمنى ئۆگىنىۋالساقلا ئىش پۈتىدۇ، دېگەن قاراشقا كەلتۈرۈپ قويۇپ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىجاد قىلىش بىلەن مىللىي ئوبرازىمىزنى تىكلەشكە توسقۇنلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، بىلىم دېگەننى ئالدىنقىلار ئىجاد قىلغان بولۇپ، تەييار نەرسىدۇر. بىزنىڭ بىلىم ئۆگىنىشىمىز بىر خىل ۋاستە بولۇپ، ئۇنى بىز ئىجاد قىلىشقا ۋاستە قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىمىز. بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە بىلىمنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ناھايىتى تېز بولۇپ، ئومۇمىي جەھەتتىن ھەر 20 ئايدا بىر قېتىم يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. ھۆكۇمالارنىڭ ئىسپاتلاپ بېرىشىچە، XXI ئەسىردە ماشىنا ئادەم دەۋرى ئەقلىي ئىقتىدار دەۋرىگە ئۆزگىرىدۇ. ھېسابلاش ماشىنىسى بۇ دەۋردە ھەربىر ئادەمنىڭ ھەمراھىسى بولۇپ قالىدۇ، كىمكى كومپيۇتېرغا خوجايىن بولسا، ماشىنا ئادەملەرنى كونترول قىلالىسا، دەۋرنىڭ خوجايىنلىرى قاتارىغا ئۆتىدۇ. ئەقلىي ئىقتىدارغا تايىنىپ بىلىم ئىشلەپچىقىرىش تېزلىشىپ كەتكەنلىكتىن، XXI ئەسىردە ھەر كىم ئوتتۇرا ھېساب بىلەن بەش يىلدا بىر قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇشقا، بىر ئادەم ھاياتىدا ئون قېتىم خىزمەت ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ ـ دە، ئۆمۈرلۈك كەسىپلەر تاماسى پۈتۈنلەي بىتچىت بولىدۇ. كېلەچەكتىكى مۇشۇنداق ئۆزگىرىش جەريانىدا بىلىم ئۆگىنىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ئىجاد قىلمىساق، داۋاملىق باشقىلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولىمىز، تېخىمۇ كۆپ ئىشلاردا پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىپ، قالاق ـ نامرات، باشقىلارنىڭ بوزەك ئېتىشىگە ئۇچرايدىغان ئاجىز ئادەملەردىن بولۇپ قالىمىز. ئالايلۇق، قەدىمكى جۇڭگودا تۆت چوڭ كەشپىيات يارىتىلغانلىقتىن، جۇڭگو تاكى مىڭ سۇلالىسىغىچە ھەر جەھەتتە دۇنيانىڭ ئالدىدا ماڭغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئىجاد قىلماي كىتابنامىلەرگىلا بېرىلىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكتىن ، بارغانسېرى ئارقىدا قېلىپ «شەرقىي ئاسىيانىڭ كېسەل كۆرپىسى» بولۇپ قالغان . بۇنداق يۈزلىنىش بىر خىل قانۇنىيەت سۈپىتىدە دۆلەت ، مىللەت ، شەخسلەر ئۈچۈن ئورتاق رول ئالىدۇ . دانىشمەن كارنىگىنىڭ «ھەقىقىي قىممەتكە ئىگە بولغىنى تۇخۇم ئەمەس ، بەلكى تۇخۇمنى چۈجىگە ئايلاندۇرغۇچى غازدۇر . مەيلى سىز مىسلىسىز بايلاردىن بولۇپ كېتىڭ ياكى بىرنەچچە ياماق پۇل بىلەن تۇرۇپ قېلىڭ ، ھەرگىز بۇلار بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ بايلىقىنى ئۆلچىگۈچى بولماڭ . ھەقىقىي بايلىق دېگەن سىزنىڭ سىرتىڭىزدا تۇرىدىغان ماددىلار ئەمەس ، بەلكى ئۆزىڭىزنىڭ ۋۇجۇدىدا تۇرغان يوشۇرۇن قابىلىيەتتۇر» دېگىنى مانا مۇشۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتكە تايىنىپ ئىشلەيدىغان كېلەچەكنى ئېچىپ بەرگەن ئۇلۇغ تەلىماتتۇر .

بولۇپمۇ يېڭى ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدۇر . بىلىم ئىگىلىكى بىلىمنى ئاساس قىلغان ئىگىلىك بولۇپ ، ئۇ بىلىمنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ، ئوبوروت قىلىنىشى ، تەقسىملىنىشى ۋە ھەزىم قىلىنىشى ئاساسىغا قۇرۇلىدىغان ئىگىلىكتۇر . شۇڭا ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ، پىششىقلىنىشى ، بىرتەرەپ قىلىنىشى ، تارقىتىلىشى ۋە تەتبىقلىنىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئەڭ ئاساسلىق بۇلىقى بولسا ، ئادەمنىڭ ساپاسى بۇ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نېگىزىدۇر، بىلىمنىڭ سالمىقى يۇكسەك دەرىجىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكتىن ، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئەڭ پائالىيەتچان بولغان ئادەمگە قويغان تەلىپىمۇ ئۆسۈپ كېتىدۇ . يەنى بىلىمدە ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىش ، يۇقىرى يېڭى تېخنىكا تېزلىكتە كەسپلىشىش بىلىم ئىگىلىكىنىڭ نېگىزلىك خۇسۇسىيىتى بولغانلىقتىن ، بۇ ئىككى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ياش تالانتلارنىڭ يېتىلىپ چىقى-

شىدا بولىدۇ . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، بىلىم ئىد-
گىلىكى دەۋرىدە يېتىلىپ چىقىدىغان تالانتلار يۇكسەك ئىجادىي
قابىلىيەتكە ئىگە بولۇشى شەرت بولىدۇ . بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ،
بىرىنچىدىن ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە دۆلەتلەر ئارىسىدىكى
رىقابەت دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ،
مىللەتلەرنىڭ ساپاسى ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بولۇپ ، بۇ رىقا-
بەتنىڭ ماھىيىتى ئىجادىي قابىلىيەت رىقابىتىدۇر . ئىككىنچى-
دىن ، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە بارلىق كەسىپلەر بەرپاچىلىقا
موهتاج بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىگىلىك بەرپاچىلىقى ، بىلىم بەرپا-
چىلىقى ، مەدەنىيەت بەرپاچىلىقى ، مائارىپ بەرپاچىلىقى ، پەن
ـ تېخنىكا بەرپاچىلىقى . . .غا موهتاج بولىدۇ . ھالبۇكى ، بۇ
جەھەتلەردىكى بەرپاچىلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى
شەرتى كىشىلەردە ئىجادىي قابىلىيەت بولۇشتۇر . شۇڭا ، بىلىم
ئىگىلىكى ئىجادىي قابىلىيەتكە موهتاج بولىدۇكى ، ئىجادىي قا-
بىلىيەت يېڭى ئەسىردىكى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ چاپسان تەرەققىي
قىلىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈ-
چى بولۇپ قالىدۇ .

شۇڭا ، كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئىجادىيەتنى دەسمى
قىلغاندىلا ، يېڭى ئەسىردە بارغانسېرى كۈچەيگىلى ، يېڭىلمەس
ئورۇندا تۇرغىلى بولىدۇ ، قاراڭلار ، ئاتوم ۋە ۋودروت بومبىلى-
رىنى ئىجاد قىلغان دۆلەتلەر بىلەن ئىجاد قىلمىغان دۆلەتلەرنىڭ
ئەھۋالىنى ؟ بۇنداق دېسەك بىلىمنى ئىنكار قىلىشقا بولامدۇ
دېگەن سوئال تۇغۇلىدۇ . توغرا ، بىلىمنى ئۆگەنمەي بولمايدۇ .
ئىجادىيەت دېگەنمۇ مول بىلىم ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ . ئەم-
ما ، پەقەت ئىجاد قىلغاندىلا يېڭى قۇدرەتكە ، يېڭى بايلىققا ، يېڭى
شان ـ شەرەپكە ئىگە بولۇپ ئېگىز چوققىلارغا چىققىلى ، ئالدىغا
كەتكەنلەرگە يېتىشۋالغىلى ، دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ ئىنسانىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تارىخىغا تۆھپە قوشقىلى بولىدۇ . ئىنسانلاردىكى بىرىنچى قې-
تىملىق ئازادلىق جىسمانىي جەھەتتە بولغان بولسا ، XX
ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا كومپيۇتېر مەيدانغا كەلگەندىن باش-
لاپ ئاساسلىقى ئەقلىي جەھەتتە بولماقتا . ئەقىل تەرەققىياتىنىڭ
بىرىنچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بولماقتا . بارلىق رىقابەت
تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ئەقلىي جەھەتتە بولماقتا . ھالبۇكى ،
ئەقىلنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى ئاساسلىقى يېڭى ئۇچۇر ئىجاد
قىلىش ، ئاندىن ئۇچۇرنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئادەمنىڭ ۋۇجۇ-
دىدىن سىرتتا تۇرىدىغان يېڭى ماددىي شەيئىگە ئايلاندۇرۇش
جەھەتتە ئىپادىلەنمەكتە . بۇرۇنقى «ئىشلەپچىقىرىش ، تېخنىكا ،
ئىلىم ـ پەن» پورمىسىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە «ئىلىم ـ پەن ،
تېخنىكا ، ئىشلەپچىقىرىش» پورمىسىغا ئۆزگىرىشى ئەنە شۇ سە-
ۋەبتىن بولۇپ ، بۇنى ئىلىم ـ پەن بىلىمى ۋە شۇ ئاساستىكى
ئىجادىيەت بولغاندا ، ئاندىن تېخنىكىدا يېڭىلاش ئېلىپ بارغىلى
بولىدۇ ؛ تېخنىكىدا يېڭىلاش بولغاندا ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلگىرى-
لەش بولۇپ تۇرمۇش پاراۋان بولىدۇ ، دەپ چۈشىنىش كېرەك .
ئۇچۇر جەمئىيىتىنىڭ سەل قاراشقا بولمايدىغان قانۇ ـ
نىيىتى — ئۇچۇر ئېقىمى ماددىي ئېقىمنى ھەرىكەتلەندۇ-
رۇشتىن ئىبارەت . ئۇچۇر ئېقىمىنىڭ ياخشى ـ ناچار بولۇشى
ئۇنىڭ مىقدارىدىلا ئەمەس ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇنىڭ يېڭىلىق
دەرىجىسىدە بەلگىلىنىدۇ . بىلىم باشقىلار ئىجاد قىلغان تەييار
نەرسە بولغانلىقتىن ، ئۇ پەقەت تەرەققىي قىلمىغان جايلار ئۈچۈن
كېرەك بولسىمۇ ، ئەمما باشقىلاردىن ئېشىپ كەتمەكچى بولۇۋات-
قان خەلقلەر ۋە رايونلار ئۈچۈن بۇ كۇپايە قىلمايدۇ . چۈنكى ،
باشقىلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئۇچۇر ئېقىمىنى ئىجادى-
يەت بارلىققا كەلتۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، يېڭى ئۇچۇر ئىجاد
قىلىش ، ئىجاد قىلىنغان ئۇچۇر ئېقىمى ئارقىلىق ماددىي ئېقىم-

نى يۇقىرى بالداقتا كۆتۈرۈش ھەرقانداق جەمئىيەت ۋە ھەرقانداق شەخس ئۈچۈن زۆرۈر ئېھتىياج بولۇپ، بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرماي ھېچكىم ئۆز قىممىتىنى يارىتالمايدۇ. شۇ تۈپەيلى ئۈچۈر جەمئىيىتى يەنە مۇقەررەر ھالدا ئىجادچان جەمئىيەتكە قاراپ چوڭقۇرلايدۇ ـ دە، بۇ يەردە ئىجادىيەت، ئىختىرا دېگەنلەر ئومۇمىي ئاھالىنىڭ نورمال پائالىيىتى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ھەربىر كىشى، ھەربىر مىللەت ۋە دۆلەت XXI

ئەسىر ئۇنىڭ بولىدۇ، بۇنىڭ بولىدۇ دەپ، XXI ئەسىرنىڭ خوجايىنى بولۇشقا ئالدىراشتىن ئاۋۋال ئۆزلىرىنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىنى ئىجادىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراش كېرەك. بۇ بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. ئۇنداق بولسا، ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ بارلىققا كەلتۈرگۈچى قابىلىيىتىنىڭ تەبىرى قانداق بولۇشى كېرەك؟

## 2. ئىجادىيەتنىڭ تەبىرى

«ئىجادىيەت» ئاتالغۇسى توغرىسىدا ھازىرغىچە تامامەن بىرلىككە كەلگەن تەبىر مەيدانغا كەلمىگەن بولسىمۇ، تارىخنىڭ ھەممە باسقۇچلىرىدا ئۇ ئىنسانچىلىقنىڭ نېگىزلىك نامايەندىسى، تارىخ تەرەققىياتىنىڭ پاراۋۇزى، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي ئازادلىق ئاساسىدىكى بارلىق ئازادلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ قۇدرەتلىك تايانچىسى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ھەربىر دەۋر ئۆزگىچە تەبىر بېرىپ كەلگەن. جۇڭگودا ئۇنى ياساش تېخنىكىسى ئورنىدا «تۇنجى بولۇپ ياساش»، «ئەلمىساقتىن [1] بۇيان يوق نەرسىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش»[2] مەنىلىرىدە تەبىرلىگەن بولسا، لاتىن تىلىدا ئىجادىيەت، قۇرۇش، ياساش، ئىشلەپچىقىرىش، مەيدانغا

---

① «خەننامە» شۇنىڭ تەرجىمىھالى 1 ـ قىسىم.
② «ئوكيانوس» تا شۇنداق تەبىر بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com

كەلتۈرۈش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان «creare» ئاتالغۇسى بىلەن ئىپادىلىگەن. ئىنگلىزلار شۇ مەنىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ ئىجادىي قابىلىيەتنى «creativity» دېگەن نام بىلەن ئاتىدى. قىتئەلەر بويىچە قارىغاندا، ياۋروپالىقلار ئىجادىيەتنى تالانت، پاراسەت، خاسلىق ئالامەتلىرى بىلەن تەبىرلەپ، ئىجادىيەت باشقىلارغا يول باشلايدىغان بىر خىل قابىلىيەت، ئۆزئارا مۇناسىۋەتسىز بولغان كۆزقاراشلارنى يېڭىۋاشتىن رەتلەيدىغان، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىدىغان ئومۇملاشتۇرۇش قابىلىيىتى، ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۇقۇمنى يېڭى بىر ئۇقۇمغا مەركەزلەشتۈرۈش قابىلىيىتى، ئىجادىي تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى، ئىجادىيەت بىر پسىخىك جەريان، ئىجادىيەت مۇددىئانىڭ نەتىجىسى دېگەندەك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق قاراشلارنىڭ ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈشى ۋە تېخىمۇ كۆپ ئالىملارنىڭ ئىزدىنىشى نەتىجىسىدە ئىجادىيەتكە مۇنداق تەبىر بېرىلدى: ئىجادىيەت ئادەمنىڭ پۈتكۈل جىسمانىي ۋە ئەقلىي قابىلىيەتلىرىنىڭ يۈكسەك مەركەزلەشكەن ھالىتىدىكى بىر خىل پائالىيىتى، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىق سۈپىتىدە قىلىۋاتقان ئەمگىكى ئىجادىيەت جەريانىدا ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. ئىجادىي قابىلىيىتى يۈكسەك بولغان گېنىئاللاردىمۇ ئىجادىيەتنىڭ مۇشۇنداق قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئىجادىي پائالىيەت ئادەمنىڭ ئىقتىدارى، پاراسىتى، ئىرادىسى، ھېسسىياتى، ئەخلاق ــ پەزىلىتى ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن زىچ باغلىنىدۇ.

ئىجادىي ئىقتىدار بولسا تۈرلۈك تەرەپلەردە تۈرلۈكچە ئىپادىلىنىدۇ. ئىجادىيەتنىڭ قاتلىمى ئومۇمەن بىخلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش، ئىختىرا قىلىش، ئىسلاھ قىلىش، چوڭقۇرلاش تىپلىرىدا بولىدۇ. بىخلىنىش تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز — ئىجادىيەت ئىقتىدارىنىڭ دەسلەپكى كۆرۈنۈشىدۇر. مەسىلەن،

ياش ـ ئۆسمۈرلەردىكى ئۆزگىچە ئىقتىدار ، ماھارەتلەرنىڭ كۆ-
رۈلۈشى ۋە نامايان بولۇشىنى كۆرسىتىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش
تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز — ھەر خىل ھۈنەر - تېخنى-
كىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىسىدا نىسبەتەن مۇكەممەل مەھسۇلات
ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ . ئىختىرا تىپىدىكى ئىجادىيەت
دېگىنىمىز — شەيئىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى-
نى ئىزدەشنى كۆرسىتىدۇ . ئىسلاھات تىپىدىكى ئىجادىيەت دې -
گىنىمىز — مەسىلىلەرنى چوڭقۇر بايقاش ۋە قېزىش ھەمدە
شۇ ئاساستا زور ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشنى
كۆرسىتىدۇ . چوڭقۇرلاش تىپىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز —
ئۇزاق مۇددەتلىك تەپەككۇر ھەم تەتقىقاتنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ
يېڭى ھەقىقەت ۋە پرىنسىپلارنى تۇرغۇزۇشنى ، يېڭى ئىلمىي
ئېقىم شەكىللەندۇرۇپ ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشنى كۆرسىتىدۇ .
مۇشۇنداق قاتلاملار بويىچە قارىغاندا ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى
تەتقىقات ، ئىلمىي ئېقىم شەكىللەندۇرۇشلەرنى ئۇزاق ئىزدەنگۈ-
چىلەر قىلىسمۇ ، ئالدىنقى قاتلام ئىجادىيەتنىڭ تەپەككۇر ئاساسى
ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدا ياكى ناھايىتى ياخشى تەربىيە
كۆرگەن 20 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئادەملەردە يېتىلىدۇ . ئىجادى-
يەت داۋامىدا ئىجادىي تەپەككۇر ئاساسلىق رول ئوينايدۇ . ئىجا-
دىي تەپەككۇر قابىلىيىتى سۇبيېكتنىڭ بىلىنمىگەن ساھەلەردە
ئىزدىنىش جەريانىدا ئىجادىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەتبىقلاپ ،
تەپەككۇر ئوبيېكتىنىڭ ماھىيىتىنى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىدېئال
ھالدا ئىگىلەيدىغان مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئالىي قابىلىيەت-
تۇر . ئەقلىي قابىلىيەت ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا رول ئويني-
غاندا ئەقلىي ئىقتىدار بولىدۇ . بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا ،
ئىجادىي تەپەككۇر كاللىسىدا بار بىلىملەردىن پايدىلىنىپ ئىسلاھ
قىلىش ، ئۆزگەرتىش ۋە يېڭى ئىجادىي ئىستەك ھاسىل قىلىش
قابىلىيىتى بولۇپ ، ئۇ خىزمەت ئۇسۇللىرىنى ياخشىلاش ، ئىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەپچىقىرىش ئۇنۇمىنى ئۆستۈرۈش ، يېڭى ھەقىقەت ، يېڭى ئۇ-سۇل ، يېڭى تېخنىكا ، يېڭى مەھسۇلات ئىختىرا قىلىش ، يېڭى نەزەرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ . ئەمەلى-يەت بويىچە كۆزەتكەندە ، يېڭى سىياسەتلەرنى بەلگىلەش ، مەسى-لەن «ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ، بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈمنى يولغا قويۇش» يېڭى نەزەرىيە نۇقتىئىنەزەرلەرنى شەكىللەندۈرۈش ، مەسىلەن ، «سوتسىيالىزممۇ بازار ئىگىلىكى-گە موھتاج ، نامراتلىق سوتسىيالىزم ئەمەس» قاتارلىقلار ؛ يېڭى مەھسۇلاتلارنى لايىھىلەش ؛ سانائەت ـ ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئىسلاھ قىلىش ، تېخنىكا يېڭىلاش ۋە ئىختىرا قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بولمىغان ئەمەلىيەت ساھەسىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر پائالىيەتلىرىدۇر .

ئىجادىي تەپەككۇر «قېلىپلاشقان تەپەككۇر» غا قارىتا ئېيتىلغان . قېلىپلاشقان تەپەككۇر تەييار بار بولغان نەزەرىيە ۋە ماددىي ھالەتتىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىشنىلا بىلىپ ، ئۇلار ئۈستىدە ياخشىلاش ياكى تەكرار ئىجاد قىلىشنى بىلمەيدىغان تەپەككۇر پائالىيىتىدۇر . ئىجادىي تەپەككۇر بولمىغاندا كىشى-لەردە شەيئىلەرنى ئۆز پېتىچە ساقلاشقا ئۇرۇنۇش كېلىپ چىقى-دۇ . ئەمما ، دۇنيانىڭ قانۇنى ئۆزگىرىش قانۇنىدۇر ، پەقەت ئىجادىي تەپەككۇرلا دۇنيانىڭ بۇ قانۇنىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ . بۇنى-داق قابىلىيەت ھەرقانداق ئادەمدە مەۋجۇت بولىدۇ . بىراق ، ھەممە ئادەم ئۇنى دائىم ئىشقا سالمايدۇ . ئەگەر ئۇ ئىشلىتىلمى-سە ياكى ئۇنى ئىشلىتىش قابىلىيىتى بولمىسا ، ئۇ يوشۇرۇن تۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ـ دە ، بارغانسېرى ئاجىزلاپ بارىدۇ . ئادەتتىكى ئادەملەردە قېلىپلاشقان تەپەككۇر ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقتىن ، ئۇلاردىكى ئىجادىي تەپەككۇر كۆمۈلۈپ بارىدۇ . بىز ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئارزۇلاپ يۈرگەن ئاتاقلىق ئادەملەر مانا مۇشۇنداق قېلىپلاشقان تەپەككۇر ئەندىزىلىرىگە جەڭ ئېلان قىل-

غان ئادەملەر بولۇپ ، ئۇلار ئىجادىي تەپەككۇر ئۇپۇقلىرىدا ناھا-
يىتى جەسۇر بولىدۇ . بىز گېنىئال ياكى ئالاھىدە تالانت دەپ
يۈرگەنلەر بولسا مانا مۇشۇنداق ئىجادىي تەپەككۇر بايلىقىنى
قېزىش ۋە ئۇنى ئىشقا سېلىشقا باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋالغان
ئادەملەردۇر . گېنىئاللار ياكى تالانتلاردىكى بۇنداق كۈچلۈك
قابىلىيەتنىڭ بىر قىسمى تۇغما ھالەتتىكى ئەقىل ئامىللىرى
ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ ، بىرقەدەر ياخشى بولغان ئىرسىيەت
گېنلىرى ئادەم جىسمانىيىتىدىن تەپەككۇرغا ئۆتۈشتىن ئىبارەت
سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ تارقىلىش شەكلى بىلەن تەپەككۇرغا ئۆتى-
دۇ ؛ يەنە بىر قىسمى ئۇلارنىڭ ئۆز ھاياتىدىكى تىرىشچانلىق ۋە
ئەستايىدىل كۆڭۈل قويۇشقا تايىنىپ ئىجادىي تەپەككۇرغا ئۆتى-
دۇ . دېمەك ، ئالاھىدە تالانتلار تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئىجادىي
تەپەككۇرنى ئۆزلىرىنىڭ تەپەككۇر ئادىتىدە مۇتلەق ئۈستۈن ئو-
رۇنغا ئىگە قىلغان ئادەملەردۇر . ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ماھىيى-
تى ئىجادىيەت تېمىسىدىكى ئوي - پىكىرلىرىنىڭ جەۋھەرلىرى-
نى تاللاش ، بۇرۇنقى نامۇۋاپىق ئوي - پىكىرلىرىدىن بۆسۈپ
ئۆتۈش ، يېڭى سەۋىيە بويىچە ئىجادىيەت تېمىسىغا ئەڭ مۇۋاپىق
كېلىدىغان پىكىرلىرىنى يېڭىۋاشتىن قۇراشتۇرۇش بويىچە ئىل-
گىرىلەشتۇر .

بەرپاچىلىققا كېلىدىغان بولساق ، بەرپاچىلىق ئەنە شۇ ئىجا-
دىيەت مەزمۇنىنى ئاساس قىلىپ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
پاراسەتنىڭ ئۇزاق مۇساپىلىق پائالىيىتىنى ئىپادىلەشكە قارىتىل-
غان بولۇپ ، ئۇ خۇددى ئۇزلۇكسىز ئىنقىلابقا ئوخشاش ، بىر
نەرسىنى ئىجاد قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، يەنە شۇ ساھەدە داۋام-
لىق ئىچكىرىلەپ ئىجاد قىلىنغان نەرسىلەرنى توختىماي ئۆستۈ-
رۈش ، شۇ تەپەككۇر يوللىرىدا يەنە ئوخشىتىش ئېلىپ بېرىپ
يېڭى ئىدىيە ، ئۇسۇل ۋە شەيئىلەرنى ئۇزلۇكسىز بارلىققا كەلتۈ-
رىدۇ . مەسىلەن ، ئېلىمىزدىكى ئۇيغۇر تېبابىتى ، خەنزۇ تېبابى-

تى، تىبەت تېبابىتى، موڭغۇل تېبابىتىنى ئالىدىغان بولساق، بۇ مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تېبابەتلىرىنى ساغلاملىق ھەققىدىكى پۈتكۈل تارىخىغا ئەڭ بىلىملەر بىلەن بەرپا قىلىنغاندىن كېيىن، توختاپ قالماستىن يەنە ئۇ ھەقتە نەچچە مىڭلاپ ھەكىملەر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئۆز مىللەتلىرىنىڭ نامىدا ئېلىمىز ۋە دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبىدىكى تېبابەت بىلىملىرىنى تەقدىم قىلغانلىقى؛ جايلارنىڭ ئۆز ئەھۋاللىرى بويىچە باشقا جايلاردا يوق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن دائىم ئۇنى ئۆستۈرۈپ مېڭىپ دۇنيا خەلقىگە ئۆز يۇرتى نامىدا تەقدىم قىلغانلىقى ئەنە شۇنداق بەرپاچىلىقتۇر. بۇنداق تەقدىم قىلىشتا بىر جاينىڭ ئورنىنى يەنە بىر جاي ئىگىلەپ كېتىشى، بىر مىللەتنىڭ ئىجادىيىتىنى يەنە بىر مىللەت ئورۇنداپ كېتىشى ناتايىن. مەسىلەن، ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئاق پېسىنى داۋالاش جەھەتتىكى بەرپاچىلىقنى ئالىدىغان بولساق، ئۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك بىلەن نەچچە مىڭ يىللىنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئاستانىسى قەشقەردە ساقلاندى ۋە بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگونىڭ كاتتا بىر رېكورتىنى ياراتتى، بۇ ئىجادىيەتنىڭ بەرپاچىلىق جەريانى باشقا مىللەتلەردە بولمىدى. شۇنداقلا خەنزۇ تېبابىتىنىڭ بۆرەكنى «جان يېرى» دەپ ئاتاپ ئۇنى چۆرىدەپ كېسەل داۋالاش ئۇسۇلىنىمۇ باشقا مىللەتلەر ئورۇنداپ كېتەلمىدى. بۇ داۋالاش ئۇسۇللىرى ھەر ئىككى مىللەتنىڭ ئۆزلىرىدە قانچە ئەۋلادلاپ داۋاملىشىپلا قالماي، يەنە كېلەچەك كۆزلەپ كېتىۋاتماقتا. شۇڭا، بىز بەرپاچىلىق دېگەندە ھەم ئىجادىيەتنى ئاساس قىلىمىز، ھەم ئۇنىڭ داۋامچانلىق مۇساپىسىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ۋاھىجا يېتىشىنى ۋە كېلەچەكتە ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرىدىغان ھۇزۇرلاندۇرغۇچى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مۇشۇنداق ھەر كۈنى داۋام قىلىدىغان، ئاخىر ئۈزۈلۈپ

قالمايدىغان بەرپاچىلىقنىڭ مەزمۇنى كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭ نېگىز-
لىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تۆۋەندىكىدەك كۆرستىش مۇمكىن:
بىرىنچى، ئۇنىڭ يادروسىدا يېڭىلىق تۇرىدۇ. بۇ ھەرگىز بىز
نەچچە ۋاقىتتىن بىرى چۈشىنىپ كەلگەن كونا شەيئىلەر ئۈستى-
دىكى يېڭىلاش، رېمونتلاش ئەمەس، بەلكى، ئادەتلەنمىگەن يې-
ڭى تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تەتبىقلاش ۋە ئۆزگىچە بىر ئەقلىنى
ئويلاپ چىقىش بىلەن تامامەن مۇستەقىل بولغان بىر پىلان
لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، يېڭى چۈشەنچىلەر بىلەن تولۇپ
تاشقان بىر نەزەرىيىۋى ئەسەرنى يېزىپ چىقىش، ئەجدادلاردا
مىسلى كۆرۈلمىگەن ئەمەلىي نەتىجە يارىتىشتۇر. ئىككىنچى،
ئۇنىڭ ماھىيىتى بۆسۈپ ئۆتۈشتە بولىدۇ. بەرپا قىلىش ئۇچۇن
كۆنۈككەن تەھرى ـ مۇنكىرلەردىن؛ كىشەنلەيدىغان رامكا ـ
نىزاملاردىن بۆسۈپ ئۆتۈش، كۆنۈككەن ئادەتلەردىن بۆسۈپ ئۆ-
تۈش كېرەك. بۆسۈپ ئۆتۈش بولمىسا، بەرپا قىلىش مۇمكىن
ئەمەس. ئۈچىنچى، بەرپاچىلىقنىڭ ئاساسى بىلىنگەن ئۇچۇرلار-
نى ئىگىلەپ ئىشلىتىشتە بولىدۇ. بەرپاچىلىق دائىم يېڭىلىق
قوغلىشىدۇ، بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. لېكىن ھەرگىز ۋارىس-
لىق قىلىشنى چەتكە قاقىدىغان يېڭىلىقنى، ھەممىنى ئىنكار
قىلىدىغان بۆسۈشنى ياقلىمايدۇ. ئۇ تامامەن ئىلمىي بولغان بىر
ئىجادىيەت پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر كىم ئىگىلىگەن
بىلىم ۋە ئۇچۇرلارنى چىڭ ئىگىلەشنى شەرت قىلىدۇ. تۆتىن-
چى، ئۇنىڭ مەقسىتى ئىگىلىك ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنى
يۇكسەلدۇرۇشتە بولىدۇ. بەرپاچىلىق بولغانىكەن، ئۇ جەزمەن
ئىجابىي ئېھتىياجىنى نەزەردە تۇتۇپ، جەمئىيەتكە پايدا يەتكۇ-
زۇش شەرت. شۇنداقلا بەرپاچىلىقنىڭ ھەرقانداق بىر باسقۇچىدا،
ھەتتا ئۇنىڭ دەسلەپىدىلا مۇنداق مەقسەت ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ،
شۇ ياخشى نىيەتنى بەرپاچىلىقنىڭ باشتىن ـ ئاخىرىغىچە ئىز-
چىللاشتۇرۇش كېرەك. دېمەك، بەرپاچىلىق يۇقىرىدىكى تۆت

خۇسۇسىيەت بىلەن پۈتۈنلەنگەن ئىجادىيەت جەريانى بولۇپ ئىپا-
دىلىنىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، ئۇنى دەۋرلەر تەلىپىدە سەن-
ئەتلىك ياشاش ئېھتىياجى ئۈچۈن ، ئاللىقاچان بىلىپ ئېلىنغان
ئۇچۇرلارنى تەتبىقلاپ ، مەلۇم بىر خىل قىممەتكە ئىگە يېڭى
شەيئىنى ، يېڭى ئىدىيىنى كەشىپ قىلىش ياكى بارلىققا كەلتۈ-
رۈش پائالىيىتى ، دەپ يىغىنچاقلاش مۇمكىن . بىراق ، بۇ تەبىر-
نىڭ كۆپلىگەن ئالىملار ئارىسىدا بېكىتىلىشى بىلەن مۇنازىرە
ئاخىرلاشمىدى . بەلكى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتتى . ئەھۋال-
نىڭ بۇنداق بولۇشى مۇنازىرىگە قاتنىشىۋاتقان ئالىملارنىڭ جا-
ھىللىقىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۇلارنىڭ كۆزىتىش نۇقتىلىرىدىكى
پەرقتىن كېلىپ چىقتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىجادىيەتكە ئىجا-
دىيەت نەتىجىسى نۇقتىسىدىن تۇرۇپ جاۋاب بەرسە ، بەزىلىرى
ئىجادىيەت جەريانىدىن ، بولۇپمۇ ئىجادىيەتنىڭ پسىخىك جەريانى-
دىن كۆزىتىش ئېلىپ بېرىپ جاۋاب بەردى . بەزىلەر ئىجادىيەت-
چىنىڭ ئۆزىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ جاۋاب بەرسە ، يەنە بەزىلەر
ئىجادىيەت مۇھىتىغا — ئىجادىيەتچىنىڭ جىسمانى ، مەدەنى-
يەت ، جەمئىيەت قاتارلىق مۇھىت ئامىللىرىنى ئاساس قىلىپ
تۇرۇپ جاۋاب بەردى . ئەمەلىيەتتىمۇ ئىنسانىيەت تۇرمۇشىدىكى
سەنئەتكارلىق (ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز تۇرمۇشىنى قۇرۇپ چىقىش
ۋە ئۇنى ھەربىر زامان تەلىپىدە ئۆستۈرۈپ مېڭىش جەريانىدىكى
ئىجادىيەت خىللىرى ) تۈمەنمىڭلاپ ساھەلەردە تۈرلۈكچە ئېلىپ
بېرىلغانلىقتىن ، كۆپ خىل ئىجادىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ . يەنە
كېلىپ ھەرقاندىق بىر ساھەدە ئىجادكارلىق شەرتىنى ھازىرلىغۇ-
چى ئادەمدە شۇ ساھەنىڭ تەلىپى بويىچە يېتىلدۈرۈلگەن ئەلا بىر
ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى بولىدۇ . بىز كۆزدە تۇتۇۋاتقان
ھەربىر ساھەدىكى ئىجادىي قابىلىيەت ھەر خىل ئەقلىي ئىقتىدار
قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئومۇملىشىپ ئۇنۇم بېرىشى نەتىجىسىدە ھا-
سىل بولىدۇ . تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرىنى ئۆستۈرۈش-

نىڭ ، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ نېگىزلىك يولى بو-
لىدۇ ، ئەمما تۇرلۇك ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرى ئەقلىي ئىقتى-
دار قۇرۇلمىسىغا ئوخشاشمايدىغان تەسىر كۆرسىتىپ ، ئادەم-
نىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئوخشاش بولمايدى-
غان رول ئوينايدۇ . شۇڭا ، ئىجادىيەتكە بىر خىل ئىقتىدار
نۇقتىسىدا تۇرۇپ تەبىر بېرىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدار تۇرلىرىگە
تەڭ قاراش توغرا بولمايدۇ . ئەمما ، ئىجادىيەت بىلەن بەرپاچى-
لىقنىڭ نېگىزلىك ئومۇملاشقان تەبىرى ئەنە شۇلاردۇر .
ئىنسانلار تەرەققىياتى ئەمەلىيەتتە ئاشۇ ئىجادىي پائالىيەتلەر
داۋامىدا ئىجادىيەت ۋە بەرپاچىلىق داۋامىدا رول ئالىدىغان ئەق-
لىي ئىقتىدار تەرەققىياتى بولۇپ ، ئادەمنىڭ تەرەققىياتى ھەربىر
ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىشقا باغلىق بول-
دۇ . ئادەمنىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىشقا قانداق شەكىل-
دىكى تەلىم - تەربىيە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ ؟ بۇنداق
تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئالدى
بىلەن ئاشۇ ئىجادى قابىلىيەت ياكى ئەقلىي ئىقتىدار توغرىسىدى-
كى ئۇقۇم ناھايىتى توغرا ئېنىقلىنىشى كېرەك . ئۇنداق بولسا ،
دۇنيا توختالغان ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار ئۇقۇمى
نېمە ؟

## 3 . ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىقى

1 ) ئىجادىي قابىلىيەت

ئىجادىي قابىلىيەت ئەقلىي ئامىللار بىلەن غەيرىي ئەقلىي
ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، بۇ ئىككى تەرەپ بىر -
بىرنى تولۇقلايدۇ . ئىجادىي قابىلىيەت تولۇق ئىشقا چۈشۈش
ئۈچۈن ئىككى تەرەپتىكى ئامىللارنىڭ ھېچقايسىسى كەم بولسا
بولمايدۇ . ئەقلىي قابىلىيەت كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىلەر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى قوشۇش ۋە بىلىم تەجرىبىلىرىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلە-
لەرنى ھەل قىلىش قابىلىيىتى بولۇپ، ئۇ كۆزىتىش قابىلىيە-
تى، دىققەت قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلە-
يىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتى قاتارلىق ئامىللارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ. ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن باغلانغان غەيرىي ئەقلىي ئا-
مىللار بىلىم ئېلىش تەشنالىقى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ، تەنقى-
دىي روھ، قىزىقىش دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، قىزىقىش دەرىجە-
سىنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، مۇستەقىللىق خاراكتېرى،
ئاقىللىق، ئىرادە مۇستەھكەملىكى، خوشال ـ خۇراملىق كەيپە-
ياتى، مەسئۇلىيەتچانلىق، تەۋەككۈلچىلىك روھى، بۈيۈك ئىس-
تەك ياكى غايىگە ئىنتىلىش روھى قاتارلىقلار بولۇپ، بىلىم
ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش مەزمۇنى يىغىن-
چاقلاپ ئېيتقاندا تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بىرىنچى. يۇكسەك ئەقلىي قابىلىيەت، ئەلالاشقان ئەقلىي قۇرۇلمىسىنى قوغلىشىش.

ئىجادىي قابىلىيەت ئەقلىي قابىلىيەت ئاساسىدا ئۆسۈپ غەي-
رىي ئەقلىي ئامىللارنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە شەكىل-
لىنىدۇ. شۇڭا يۇكسەك تەرەققىي قىلغان ئەقلىي قابىلىيەت
بولمىغان شارائىتتا ئىجادىي قابىلىيەتمۇ بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ
باش مەزمۇنى ۋە نېگىزى ئادەمنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئېچىش-
تىن، بولۇپمۇ كۆزىتىش قابىلىيىتى جەھەتتىكى ئۆتكۈرلۈك،
دىققەت قابىلىيىتى جەھەتتىكى كەڭلىك، خاتىرە قابىلىيىتى جە-
ھەتتىكى ئۇستۇنلۇك، تەپەككۇر قابىلىيىتى جەھەتتىكى ئۆزگە-
چىلىك ۋە جانلىقلىق، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى جەھەتتىكى مول-
لۇقنى ئېچىشتىن باشلىنىدۇ. بۇنداقتا كىشىلەرنىڭ ئۇنىۋېر-
سال ئەقلىي قابىلىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش ئارقىلىق ھەر
خىل ئىجادىي قابىلىيەت شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن ئاساس سېلىش

مۇمكىن .

ئەقلىي قابىلىيەتنى ئېچىشنىڭ يەنە بىر تەرىپى ئەقلىي قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش بولۇپ ، ئەقلىي قابىلىيەت قۇرۇل-مىسى ئۈچ قاتلامدىن تەركىب تاپىدۇ . بىرىنچى قاتلام ئومۇمىي قابىلىيەت بولۇپ ، بۇلار كۆزىتىش قابىلىيىتى ، دىققەت قابىلى-يىتى ، خاتىرە قابىلىيىتى ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر قابىلىيىتىدۇر . ئىككىنچى قاتلام ئالاھىدە قابىلىيەت بولۇپ ، بۇلار ئومۇمىي قابىلىيەت ئاساسىدا شەكىللىنىپ مەلۇم بىر جەھەتتە نەتىجە بېرىدىغان خاس قابىلىيەتلەردۇر . مەسىلەن ، مەشغۇلات قابىلىيىتى ، ئالاقە قابىلىيىتى ، باشقۇرۇش قابىلىيە-تى قاتارلىقلار . ئۈچىنچى قاتلام يۇقىرىدىكى ئىككى قاتلام - ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن ئالاھىدە قابىلىيەتلەر ئاساسىدا شەكىل-لەنگەن ئىجادىي قابىلىيەتتۇر . بۇ ئەقلىي قابىلىيەت تەرەققىيات-نىڭ ئالىي باسقۇچىدۇر . بىلىم ئىگىلىكى جەمئىيىتى كۆپ قاتلاملىق ھەم كۆپ قۇتۇپلارغا يېيىلىپ تەرەققىي قىلىدىغان جەمئىيەت بولغانلىقتىن ، تالانتنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسى كەڭ ھەم مەخسۇسلاشقان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ ، شۇنداقلا ئەقىل قۇرۇلمىسىنىڭ ئەنئەنىۋى جەمئىيەتتىن تېخىمۇ ئەلا بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇڭا ، تالانتلاردا ئومۇمىي قابى-لىيەت ئۈستۈنلۈكى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى گەۋدىلىك بىر ئىشنى قىلالايدىغان ، ئىجاد قىلالايدىغان ئالاھىدە قابىلىيەتمۇ بولۇشى كېرەك . شۇڭا ، بەزىلەر ئىسلاھاتچى ، تالانت ۋە ئىجاد-كار دېگەن ئادەملەرنى قوشۇپ تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىختىرا قىلالايدىغان ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تۇرمۇشنى ئۆزگەرتەلەيدىغان ئادەملەر دەپ پەرەز قىلىدۇ . بۇنداق قاراش بويىچە بىر ئادەمنىڭ قانداق نامدا ئاتىلىشى بىرىنچى ئورۇندا ئەمەس ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە قابىلىيىتىنى - ئارتۇقچىلىقىنى ئىج-تىمائىي ئۈنۈمى بار ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇشى مۇھىم ئورۇندا

تۇرىدۇ .

ئىككىنچى ، تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى ۋە خاسلىقى

ئاكتىپ تەپەككۇر پائالىيىتى ئىجادىيەتنىڭ ئاساسى ۋە بۇ- لىقى بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدە تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى ۋە خاسلى- قى ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . تەپەككۇرنىڭ جانلىقلىقى سۇبى- يېكتىنىڭ تارقىلىشچان تەپەككۇر قىلىشى بىلەن مەركەزلەشكەن تەپەككۇر قىلىشىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق تەپەككۇر پائالىيىتى كونكرېت ھەرىكەتكە كەلگەندە ، ئىجادىي ئىختىيارىلىقنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە تۈرلۈك ئۇچۇرلارنى توغرا ۋە دەل ۋاقتىدا ئىگىلەش ئارقىلىق تۈرلۈك ئىجادىيەت پۇرسەتلىرى- نى قولغا كەلتۈرۈش ھەمدە مەلۇم مەسىلىنى چۆرىدەپ ئەتراپلىق ئويلىنىش بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . تەپەككۇر- نىڭ خاسلىقى سۇبيېكتىنىڭ مەسىلىلەرنى ئويلاش نۇقتىلىرى ۋە مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارە ـ تەدبىرلىرى جەھەتتە يېڭى- لىق ، تەكرارسىزلىق ، ھەتتا بەزى چاغلاردا جەمئىيەت مەدەنىي- لىكىنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىدىن «چەتنەپ» كەتكەن تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئادەملەردە يۈرەكلىك گۇمانلىنىش روھى بولىدۇ .

بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە جەمئىيەت تەشكىلات ۋە شەخسلەر تەپەككۇر جەھەتتە جانلىق بولۇش تەلىپىگە يەتكەندە ، تېخىمۇ كۈچلۈك ئويغۇنلىشىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولۇپ ، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ، ئۆزگىرىۋاتقان مۇھىتقا ، ئادەم بىلەن مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئۆزگىرا تە- سىر قىلىشىغا ئويغۇنلىشالايدۇ . تەپەككۇر جەھەتتە خاسلىق بو- لۇش تەلىپىگە يەتكەندە بولسا ، ئەمەلىي كۈچكە ئىگە بولۇپ ، رىقابەت جەريانىدا باش كۆتۈرۈپ چىقالايدۇ ، يەنى مىڭلاپ ئادەم تالىشىپ ياشاۋاتقان تارچىلىق دۇنيادا ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك ئورۇن ھازىرلىيالايدۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىي خاسلىق

خاسلىق ھەققىدە بىز تۆۋەندە ئايرىم توختىلىمىز. يىغىپ ئېيتقاندا، ئىجادىي خاسلىق ئىجادىيەت جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان غەيرى ئەقلىي ئامىللار، يەنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن پسىخىك پەزىلەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ھەتتا بىز ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىمىزدا مەردلىك قىلىپ كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە يولۇققانلارنى «ئوغۇل بالا»، «يارامىلىق قىز» دەپ ماختىغاندەك، ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئۆزىنى ئايىماي ئوغۇل بالىچىلىق قىلىدىغان بۆرىدەك ئادەملەرگە، ئىش ھەرىكىتىدىكى چاققانلىق، سەمىمىيلىك، كەسكىنلىكى بىلەن ھۆسن ـ جامالىنى ئاي بولۇپ كۆرۈنىدىغان مەرد قىزلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. ئىجادىيەت خاسلىقىغا ئىگە ئادەملەر كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ئىشلارغا پاييىپتەك بولۇپ يۇگۇرۇپ يۈرۈشتىن، شۇ ئىشلارنى ئۆز ئىچىدە قىلىش بىلەن بىر چاغدا، ئىجادىيەت پائالىيىتىدىكى ئىنتىلىش ۋە ئىرادە ئەركىنلىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گۈزەل، ئالىيجاناپ، باي، باتۇر بولۇپ كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، بىلىم ئىگىلىكى يۇقىرى ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن تەڭ ئەڭ ئەلا خاسلىققا موھتاجكى، پەقەت ۋە پەقەت ئىجادىي خاسلىقلا شۇ ئادەمگە ئىززەت نەپسى، غۇرۇر ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئۈچۈن كەڭ سەھنە ھازىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، ئىجادىي خاسلىق شەخسلەر، تەشكىلاتلار، جەمئىيەتلەرنى ئۆز-گىچە تۇسكە كىرگۈزۈپ، ئۇلارنى ھەدېسىلا تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان «ئۆتمەس ماتا، زورلاپ ساتار» بولۇپ قېلىشتىن ساقلايدۇ. شۇڭا، كىشىلەردە ھەر كىم خاسلىقنى ۋە بۇ ئاساستا ئۆز دىلىدىكى ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان مۇشۇنداق ۋەزىيەت يارىتىشمۇ بىلىم ئىگىلىكىنىڭ شەرتى بولىدۇ.

2 ) ئەقلىي ئىقتىدار

ھازىرقى دۇنيادا ئەقلىي ئىقتىدار بويىچە نوپۇزلۇق ئەسەر «ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسى» نىڭ ئاپتورى، ھارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خوۋېرد گادنېر ئەقلىي ئىقتىدار ئۇقۇملىرىنى ناھايىتى ئېنىق يورۇتۇپ دۇنيانىڭ ئىلىم مۇنبىرىدە مەشئەل بولۇپ قالدى. ئۇ ئىجادىيەتكە ئالدىن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقلىي ئىقتىدارغا تەدبىر بەرگەندە، ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كەڭ تۈردە ئەينەك قىلغان ھەمدە بىئولوگىيە ئىلمى ۋە ئوخشاشمايدىغان مەدەنىيەت تۈرلىرىدىكى ئىدراكى بىلىش تەرەققىياتى بىلەن بۇ تەرەققىياتنى تەتبىقلاش جەھەتتىكى ئىلمىي نەتىجىلەردىن كەڭ تۈردە پايدىلىنىش ئارقىلىق بىزگە ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ كۆپ خىللىق مەنزىرىسىنى ئېچىپ بېرىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىيەت پائالىيىتى داۋامىدىكى ھەر خىل قابىلىيەتلىرىنىڭ مۇشۇنداق ئەقلىي ئىقتىدار تەركىبىگە كىرىدىغانلىقىنى نامايان قىلغان ھەمدە ئۇلارنى ئىنسانىيەتنىڭ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ۋە مەھسۇلاتلارنى ئىجاد قىلىش جەريانىدا ئىپادىلىنىدىغان، شۇنداقلا بىر خىل ياكى بىر نەچچە خىل مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئەتىۋارلىنىدىغان قابىلىيەتلەر دەپ قارىغان. مۇشۇنداق تەبىرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ياشاش سەنئىتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدىكى (ئىلىم - پەن ۋە بەدىئىيات تەتقىقاتى جەھەتلەردىكى) بولۇپمۇ بىئولوگىيە بىلەن ئىنسانشۇناسلىق جەھەتتىكى دەلىللەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانىيەتتىكى بىرسى - بىرسىگە ئوخشاش بولمىغان سەككىز خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى مۇھاكىمە قىلغان ھەمدە تىل ئىقتىدارى، سان - ساناق (مەنتىقە) ئىقتىدارى، جىسمانىيەت (ھەرىكەت) ئىقتىدارى، كۆرۈش (زامان، ماكان) ئىقتىدارى، مۇزىكا ئىقتىدارى، كىشىلىك مۇناسىۋەت (ئالاقە) ئىقتىدارى، ئىچكى (ئەسلىمە) ئىقتىدارى قاتارلىق



www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ نېگىزلىك يەتتە تۈرلۈك ئەقلىي ئىقتىدار كاتېگو-
رىيىسى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن ئومۇمىي
خاراكتېرلىك بىر خىل ئىقتىدار بار دەيدىغان كۆزقاراشنى ئاغ-
دۇرغان . ئادەمدىكى يەتتە خىل ئىقتىدارنىڭ پەقەت ئىككىسىلا
ئەنئەنىۋى مائارىپتا دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ ، قالغانلىرىغا دىققەت
مەركەزلەشمىگەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلىي
ئىقتىدارىنى تىل ئىقتىدارى ، جىسمانىي ھەرىكەت سېزىم ئىقتى-
دارى ، پەزىلەت ئىقتىدارى بويىچە ئىپادىلىگەندە تامامەن ئەمەلىي
پائالىيەتلەرنى چىقىش قىلغان . تىل ئىقتىدارىنىڭ — ئوقۇش ،
يېزىش ۋە سۆز ئارقىلىق ئالاقە قىلىش قابىلىيىتىنىڭ يازغۇچى-
لار ، شائىرلار ۋە ناتىقلاردا ؛ مەنتىقى سان - ساناق ئىقتىدارى-
نىڭ ئالىملار ، ماتېماتىكلار ، ئادۋوكاتلار ۋە سوتچىلاردا ؛ مۇزى-
كا ئىقتىدارىنىڭ مۇزىكانت ، رېژىسسور ، كومپوزىتورلاردا ؛ زا-
مان - ماكان ياكى كۆرۈش ئىقتىدارىنىڭ بىناكار ، ھەيكەلتى-
راش ، رەسسام ، دېڭىز نەقلىياتچىسى ۋە ئۇچقۇچىلاردا ؛ ھەرى-
كەت ياكى جىسمانىي ئىقتىدارىنىڭ سپورتچى ، ئۇسسۇلچى ،
ئاتلىتكا خادىملىرى ، تاشقى بۆلۈم دوختۇرلىرىدا ؛ ئالاقە ئىقتى-
دارى يەنى باشقىلار بىلەن بىللە تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ تەرغىباتى-
چى ، مال ساتقۇچى ، كېلىشتۈرگۈچىلەردە يۈكسەك تەرەققىي
قىلدۇرغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن . ئۇ ئادەمنىڭ ئىچكى ئەقلىي
ياكى ئەسلىمە ئىقتىدارىنى كۆزىتىش قابىلىيىتى ، ئۆزىنى چۈ-
شىنىش قابىلىيىتى ، ئادەمگە ئۇلۇغ بىۋاستە سەزگۈنى بەرگۈچى
قابىلىيەت ، ھەربىر كىشىنى ئۆزىدىكى ئىختىيارسىزلىقتا يوشۇ-
رۇن تۇرۇۋاتقان غايەت زور ئۇچۇر خەزىنىسىگە ئېلىپ كىرىدى-
غان قابىلىيەت دەپ چۈشەندۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەنە
بۇ ئىقتىدارلارنىڭ ھەربىر ئادەم مېڭىسىدە ئۆزىگە تېگىشلىك
ئورۇن ئىگىلىگەن بولۇپ ، مېڭىنىڭ ھەرقانداق بىر ئورنى زىيان
- زەخمەتكە يولۇقسا ، شۇ يەردىكى ئىقتىدار يوقىلىدىغانلىقىنى ،

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ خۇددى شامال تەگسە چوڭ مېڭىگە ئوكسىگېن يېتىشمەي ئادەمنىڭ سۆزلەش ياكى ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن . «بالىلار-نىڭ مېڭە تەرەققىياتى» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتور ج . م . ھايلى بولسا خوۋېرىد گادنېرنىڭ ئاشۇ قىياسىغا كۆرە چوڭ مېڭىنىڭ ئىش قابىلىيىتى بۆلۈنگەن رايونلارنى مۇنداق كۆرسەتكەن . ئاپ-تورنىڭ قارىشىچە ، «مېڭىنىڭ ماڭلاي پوستلاق قەۋىتى تەپەك-كۇر رايونى ئىكەن ، چېكە ياپرىقى چوڭ مېڭىنىڭ تىل مەركىزى ئىكەن ، ھەرىكەتچان پوستلاق پائالىيەتلەرنى تىزگىنلەيدىكەن ، چوققا ياپرىقى زامان ـ ماكان قابىلىيىتى رايونى ئىكەن ، گەجگە ياپرىقى كۆرۈش مەركىزى ئىكەن . كىچىك مېڭە بولسا پۈتكۈل بەدەن تەققى ـ تۇرقىنىڭ تەڭپۇڭلۇق ھالىتىنى ساقلايدىكەن ۋە بىزنىڭ ئۆگىنىپ بولغان ئىش قابىلىيەتلىرىمىزنى تەكرارلاشقا قوماندانلىق قىلىدىكەن . ئالىملار يەنە خوۋېرىد گادنېرنىڭ ئا-دەمنىڭ مېڭىسىدىكى ئاشۇ قابىلىيەتلەرنى قوشۇپ تامامەن يېڭى ئىجادىي ئۇقۇم تۇرغۇزىدىغان بىر خىل قابىلىيەتنى تاشلاپ كەت-كەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ . ئۇلار ئادەم مېڭىسىدە «ئۇلىغۇچى پوستلاق» بار ، شۇ ئوخشىمىغان رايونلارنى ئۇلاپ بىر پۈتۈن ئىش قابىلىيىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ دەيدۇ . خوۋېرىد گادنېر ئەقىلنىڭ ئەمەلىيەتتە نۇرلىنىش ھالىتىنى تەسۋىرلەپ ، كارو-لىنداۋ تاقىم ئاراللىرىدىكى بولىۋار ئۆسمۈرلىرىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ سەييارىلەردىكى ھادىسىلەرنى بايقىشى ، دېڭىز قاتنىشى جەھەتتە ھەددىدىن زىيادە ماھارەتلىك بولۇشى ، ئافرىقىدىكى بە-زى قابىلىيەتلىك ئۆسمۈرلەرنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ ئۇسسۇلغا ، ناخشىغا ئۇستا بولۇشىنى مەكتەپلەردىكى مەنتىقى ئوقۇتۇش بىلەن ئۇنداق تېز ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقاندا ، ئۇ مەكتەپلەر بېرەلمەيدىغان بىلىملەرنى ئەمەلىيەتتە ئۆگىنىشنى تە-كىتلىگەن . شۇنىڭ بىلەن ئۇ : بىز مەيلى ئەقلىي ئىقتىدارغا

قانداق تەدبىر بەرمەيلى ، بىز بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ
يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەملىك يازما ئۇسۇلى بىلەن بېكىتە ـ
لەيمىز ، دېگەن . بۇ دانىشمەن ئالىمنىڭ پىكرى بويىچە بولغاندا ،
ھازىرقى ياۋروپادا ئەۋج ئېلىپ كەتكەن ئەقىل سىناش پائالىيەتـ ـ
لىرى ھېچقانداق مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ . بۇنىڭ
ئۈچۈن ياۋروپانىڭ ، ئوكيانىيىنىڭ ياكى مەلۇم خەلقنىڭ ئەمەلـ ـ
يىتىدىن چەتنىگەن ، ئەمما ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتۈۋالغان مائا ـ
رىپ شەكىللىرىنى باشقا ئەل ۋە مىللەتلەرگە تېڭىش ، ھەربىر
خەلقنىڭ ئەقىل پسىخىكىسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەلىم ـ
تەربىيە شەكىللىرىنى دوراش خاتا . چۈنكى ئەقىل سىناشنىڭ
ئاساسلىق تايىنىدىغىنى ماتېماتىكا ئىقتىدارى بىلەن تىل ئىقتىد ـ
دارىنىڭ ئورتاق رولىدىن پايدىلىنىش بولۇپ ، بۇ پائالىيەت
ئىنسانىيەتنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى ئەقلىنىڭ مولڭۇقىنى ئىپادىلەپ
بېرەلمەيدۇ . بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى ، مەيلى
ئۆز شارائىتلىرى بويىچە يول تونۇش ، ئۇسسۇل ئويناش ، تاغقا
چىقىش ، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر قەبىلىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرى بول ـ
سۇن ، مەيلى تەربىيىچى ياكى ئۇسسۇلچىلارنىڭ تاۋلانغان ماھا ـ
رەتلىرى بولسۇن ، مەيلى سېھىرگەرلەرنىڭ كۆز باغلىشى بول ـ
سۇن ، مەيلى مۇزىكانتلارنىڭ نەتىجىلىرى بولسۇن بۇلارنىڭ
ھەممىسى تەرەققىي قىلغان ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ گەۋدىلىنىشى
بولۇپ ، بۇلار تەربىيىلەنسە ، ئۆز خاسلىقلىرىنى جەۋلان قىلدۇ ـ
رالايدىغان ساھەلەردە خۇددى يېتىلگەن ئالىملار ، ماھىرلاردەك
ئىقتىدارلىق ئىجادكارلارغا ئايلىنىدۇ ـ دە ، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ
تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىپ
تۇرىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە بىر
ئادەم يەنە بىر ئادەمدىن ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەتتىن تەقلىد
ئالىدىغان تەرەپلەر بولسىمۇ ، ھەرَبىر ئالىم ، ھەربىر مىللەت
ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ، ھەر ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر مىللەت ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىگە ئىشىنىش ، ئىنسانلار دۇنياسىغا ئۆز ئىجادىيەتلىرى ئارقىلىق ئۆزگىچە ئەقىل تەقدىم قىلىشقا جۈرئەت قىلىش ، باشقىلارنىڭ ۋە ئۆزلىرى ئارىسىدىكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەردىن ئايرىلغان ئايرىم كىشىلەرنىڭ «بىز ئىجاد قىلىشقا ماھىر ئەمەس ، باشقىلارنىڭ چاپىنىدا تەرلەش ، باشقىلار باشلىغان ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇشقا ماھىر» دەيدىغان پاسسىپ قاراشلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە باشقا مىللەتلەردە يوق مەھسۇلاتلارنى (مەنىۋى ، ماددىي ) ئىشلەپچىقىرىش ، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان تاۋارلارنى بازارغا سېلىش ، ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە زاماننىڭ تۈرلۈك بەيگىلىرىگە ئادەم تەييارلاش ، ئۆز ئالىملىرىنى ئاسراش ۋە ئۆستۈرۈش ئۆتكۈر رىقابەتلەردە ئۆزىنى ساقلاپ قېلىش ، كېلەچەكنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر . ھازىر بىز دۇنيادا دۇچ كېلىۋاتقان مۇسابىقىلەر كۆپ بولسىمۇ ، ئۆزىمىزدىكى يەتتە خىل ئەقلىي ئىقتىدارنى ئېچىشنىڭ قانۇن - قائىدىلىرى ۋە ئۇسۇل - چارىلىرىنى ئىگىلەش بارلىق مۇسابىقىلەردە يېڭىپ چىقىشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر . مائارىپ ئارقىلىق پەرزەنت تەربىيىلەش ، مىللەتكە يول ئېچىپ ماڭىدىغان مائارىپ ئەلۋەتتە مۇشۇ ئالدىنقى شەرتنى چۈشەنگەن ھالدا ئۆزگىچە يول تۇتىدۇ .

بولۇپمۇ ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىلىرىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك بولغان بىر تۈرلۈكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، باشقا ئەقىل ئامىللىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلىش ئارقىسىدا شەكىللىنىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ، ئەقلىي ئىقتىدارنى باھالايدىغان مۇۋاپىق ئۇسۇللارنى قوللىنىش ۋە ئەڭ ئەلا ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇلمىسىنى ئاساس قىلىپ بالىلارنىڭ يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ ئېچىلىشىغا ئىلھام بېرىش تەلىم - تەربىيىدىكى توغرا يولدۇر . مەسىلەن ،

بوۋاق ۋاقتىدا ئۇنىڭ شۇ ھەرىكەتنى قىلىشنى بىلىش ـ بىلمەس ـ
لىك جەھەتتىكى خاتىرە قابىلىيىتىنى سىناپ كۆرگەندە ، ئۇلار ـ
نىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىدىكى كۈچلۈك ـ ئاجىزلىق تەرەپلەرنى
بايقاش مۇمكىن . ئەقلىي ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغان بالىلار
ئادەتتە يېڭىچە ھەرىكەتنى تونۇپ ئېلىپلا قالماستىن ، بەلكى ئۇنى
ئۇنتۇپ قالمايدۇ ، ھەمدە شۇنداق ئاددىي ھەرىكەتلەرنى چوڭلار ـ
نىڭ ياردىمى بىلەن تېز ئۆگىنىپ ئەقلىي جەھەتتە ئېشىپ بارى ـ
دۇ . بالىلار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي
قابىلىيىتىنى تېخىمۇ مولراق مەزمۇنغا ئىگە بولغان ئۇسۇل
بىلەن كۆزىتىپ كۆرسەك (مەسىلەن ، ئۇلار تېپىشماق ئېيتىۋات ـ
قان ، مەزمۇنلۇق ئويۇنلارنى ئويناۋاتقان ، قىيىنراق ئىشلارنى
قىلىش ئۈچۈن ھەۋەس قىلىپ ئىچكى دۇنياسىنى ئاشكارىلاۋاتقان
چاغلاردا ) ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتلىرىنىڭ
تېخىمۇ تولۇق گەۋدىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . بەلكىم ئۇلار ـ
نىڭ بۇنداق مول پائالىيەتلىرى بىزگە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە قاي ـ
داق ئادەم بولالايدىغانلىق بەلگىلىرىنى نامايان قىلىپ ، ئەقلىي
ئىقتىدارىنىڭ ئالاھىدە ساھەلىرىدە مۇتەخەسسىسلەر بايقايدىغان بە ـ
زى تۈغما ئالاھىدىلىكلەرنى كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ قويۇشى
مۇمكىن . مەسىلەن ، مۇزىكانتنىڭ مۇزىكا سېزىمى مۇكەممەل
بولىدۇ . پەزىلەت جەھەتتە تۇغما ئۇستۇنلۇككە ئىگە بالىلار باش ـ
قىلارنىڭ مۇددىئاسىنى بايقايدۇ . ئالىم بولغۇسى بالىلار كىشىنى
ئويغا سالىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ ۋە مەلۇم دەرىجىدىكى مەسىلى ـ
لەرنىڭ تېگى ـ تەكتىنى سۈرۈشتۈرىدۇ ۋە باشقىلار . بۇنداق
بايقاش ۋە بايقالغان ئالامەتلەر بويىچە تەربىيىلەش ھەربىر يەردە
ئۆزگىچە كارامەتلىك ئادەملەرنى يېتىلدۈرۈشكە مۇناسىۋەتلىك
بولۇپ ، تىل ھەم ماتېماتىكا جەھەتلەردىكى مەنتىقىلىق ئۆلچەم ـ
لەر بىلەن مەكتەپلەردە يۈرگۈزۈلىدىغان ئۆلچەمدىن كەڭ ۋە
پايدىلىقتۇر . بۇنىڭ ئۈچۈن ئەقىل سىناش مۇسابىقىسىنى يولغا

www.uyghurkitap.com

قويغان ئەجنەبىيلەرگە چوقۇنۇشتىن كۆرە، دۇنيانىڭ مەزھەپلەر قارىشىغا بەنت بولمىغان بىتەرەپ ئالىملار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىخلاسمەن ئالىملىرى بايقىغان ئىلمىي ئۇسۇللار بويىچە ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش مىللىي ئىستىقبالغا تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلىدۇر. يەھۇدىيلار (جوھۇتلار) بىلەن ياپون خەلقى ئەنە شۇنداق ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈشتە ئۆزىگە ئىشەنگەن، ئەجنەبىيچىلىك بىلەن مىللىيەتلىكنى بىرلەشتۈرۈپ ئۆزلىرىنى دۇنياغا تونۇتقان مۇنەۋۋەر خەلقتۇر.

بۇنداق ئىكەن, ھەربىر خەلق، ھەربىر ئادەم ئۆزلىرىدىكى ئەقلىي ئىقتىدار تىپىنى، خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇش، ئۆستۈرۈش ۋە ئۇلۇغ نىشانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن دۇنيانىڭ ئورتاقلاشقان ئىلمىي نەتىجىلىرىنى ئىگىلەش، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭ تەلىم - تەربىيىسىدە تالانت خاسلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا تېخىمۇ ئەسقاتىدىغان كونكرېت كۆرسەتمىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ھەربىر پەرزەنتىنى ئۆزلىرىنىڭ كېلەچەك - ئىستىقبالىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن تەربىيىلەش كېرەك.

بۇ تەلەپ بويىچە ئىلگىرىلەش زامانىمىز تەلىم - تەربىيىسىنىڭ نىشانى، ھەرقانداق بىر ئەلدىكى خەلقلەرنىڭ ئىگىلىمىسە بولمايدىغان ماھارىتى بولۇپ، بۇنى زامانىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئىنقىلابى دەپ ئاتاش مۇمكىن. ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» دېگەن كىتابتا زامانىمىزدىكى ئەقلىي ئىقتىدار تەتقىقاتىنىڭ سەركىلىرىدىن بولغان خوۋورد گادنېرنىڭ يۇقىرىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تولۇق ھۆرمەت قىلىنغان بولۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ تىپلىرىنى بايقاش ۋە ئۆستۈرۈشتە دۇنياغا ئورتاقلاشقان نەزەرىيە كۆرسەتمىسى سۈپىتىدە ئاممىباب تونۇشتۇرۇلغان. بۇلار تۆۋەندىكىچە:

1. تىل ئەقلىي ئىقتىدارى تولاراق يازغۇچى، شائىر، ھۆججەت تۈزگۈچى، دراماتورگ، ناتىق، سىياسىي داھىي، تەھ-

ـرىر ، ئېلانچى ، مۇخبىر ، جۈملىدىن سۆز تېكىستى يازىدىغانلارـ
دا ئىپادىلىنىدۇ . تىل ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەردە مۇنداق
پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ : ئەندىزىگە ئىنتايىن سەزگۈ بولىدۇ ؛ رەتـ
لىك ، سىستېمىلىق سۆزلەيدۇ ؛ ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا ماـ
ھىر بولىدۇ ؛ ئاڭلاشقا ، ئوقۇشقا ، يېزىشقا ئامراق بولىدۇ ؛
زورۇقمايلا يازالايدۇ ؛ سۆز ئويۇنى ئويناشقا ئامراق بولىدۇ ؛
ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلارنى ئېسىدە تۇتۇش قابىلىيىتى ناھايىـ
تى ياخشى بولىدۇ . تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىش
ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك : ھېكايە ئېيتىش ؛ ئادەم ، يەر
نامىنى ئەسكە ئېلىش ئويۇنى ئويناش ؛ ھېكايە ۋە لەتىپە ئوقۇش ؛
ھېكايە ۋە لەتىپە يېزىش ؛ سۆزلىرى مول بولغان يۇمۇرلۇق
ئېتوت ئويناش ؛ خاتىرە ۋە زىيارەت خاتىرىسى يېزىش ؛ تېپىشـ
ماق تېپىش ، ھەرپلەرنى قوشۇپ يېزىش ئويۇنى ئويناش ؛ ئوـ
قۇش ۋە يېزىشنى باشقا پەنلەر ساھەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛
سىنىپ ژۇرنىلى چىقىرىش ، تەھرىرلەش ؛ مۇنازىرە ھەم مۇزاـ
كىرە قىلىش ۋە باشقىلار .

2 . مەنتىقە ــ ماتېماتىكا ئىقتىدارى تولاراق ماتېماتىك ،
ئالىم ، ئىنژېنېر ، ئوۋچى ، رازۋېدچىك ، ئادۋوكات ، جۈملىدىن
بوغالتىرلاردا ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەمـ
لەردە مۇنداق پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ : ئابستراكت تەپەككۇرغا
ئامراق بولىدۇ ؛ دەل ، توغرا بولۇشنى تەكىتلەيدۇ ؛ ھېسابلاپ
كۆرۈشكە ، تەشكىللەشكە ئامراق بولىدۇ ؛ مەنتىقىلىق قۇرۇلمىـ
نى تەتبىقلايدۇ ؛ كومپيۇتېرغا ۋە مەسىلە يېشىشكە ئامراق بولىـ
دۇ ؛ لوگىكىلىق شەكىل بىلەن تەجرىبە قىلىشقا ۋە خاتىرىنى
رەتلىك يېزىشقا مايىل بولىدۇ ؛ بۇ خىل ئىقتىدارنى كۈچەيتىش
ۋە ئىشلىتىش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك : مەسىلىنىڭ
يېشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ؛ ماتېماتىكىغا ئائىت ئېلېكتروـ
لۇق ئويۇنلارنى ئويناش ؛ سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ۋە ئوقۇش ؛ مەنتىقىلىق خۇلاسە چىقىرىشنى قوللىنىش ؛ ئۆز
ئىقتىدارىغا ئىلھام بېرىش ؛ تەجرىبە قىلىشقا ئۆزىنى ئىلھاملان-
دۇرۇش ؛ ئالدىن مۆلچەرلەش ؛ ماتېماتىكىنى باشقا پەنلەر ساھە-
سىگە سىڭدۇرۇش ۋە تەشكىللەشنى زېھىن قويۇپ ئۆگىنىش ؛
ھەربىر شەيئىگە ماكان بېرىش ؛ ئىشلارنى قەدەممۇ قەدەم قىلىش-
قا يول قويۇش ؛ دىدۇكسىيىلىك تەپەككۇرنى تەتبىقلاش ؛ كومپ-
يۇتېر ئارقىلىق جەدۋەل تۈزۈش ، ھېسابلاش ۋە باشقىلار .
3 . بوشلۇقنى كۆرۈش ئىقتىدارى تولاراق بىناكار ، رەس-
سام ، ھەيكەلتىراش ، دېڭىز نەقلىياتچىسى ، شاھماتچى ، نەزەرد-
يە فىزىكىلىرى ، ھەربىي ئىشلارنى پىلانلىغۇچىلاردا ئىپادىلىنى-
دۇ . بۇ خىل ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەردە مۇنداق پەزىلەتلەر
كۆرۈلىدۇ : سۈرەت ، گرافىك ۋە ھەر خىل جەدۋەللەر ئۈستىدى-
كى تەپەككۇر كۈچلۈكرەك بولىدۇ ؛ ئوخشىتىش ئېلىپ بارالايدۇ
ۋە دىلىدا مەلۇم ئوبراز تۇرغۇزالايدۇ . مۇكەممەل شەكىل سەز-
گۈسى بولىدۇ ؛ رەسىم سىزىش ، بوياقلارنى تەڭشەش ، ئويمى-
كەرلىك قىلىش ۋە ئاللىقانداق شەيئىلەرنىڭ سۈرەتلىرىنى سى-
زىشقا ئامراق بولىدۇ ؛ تۇرلۇك خەرىتە ، جەدۋەللەرنى كۆرۈپلا
پەرق ئېتەلەيدۇ ؛ ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسلىمە قىلالايدۇ ؛ رەڭ-
لەرنى ناھايىتى ياخشى پەرق ئېتىدۇ ؛ تەسەۋۋۇرلىرىنى تولۇق
ئىشقا سالالايدۇ .

بۇ خىل ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ، مۇنۇلارنى قىلىش
كېرەك : رەسىمگە قاراپ ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ؛ ئىرماپ -
چىرماپ يېزىش ، بەلگە قويۇش ؛ دىئاگراممىا ، خەرىتە سىزىش ؛
سەنئەتنى باشقا پەنلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛ مېڭىنىڭ سۈرىتى-
نى قوللىنىش ؛ تەسەۋۋۇر پائالىيىتىنى كۈچەيتىش ؛ ئۆزىگە
ئائىت سىن لېنتىسىنى كۆرۈش ياكى ئىشلەش ؛ تامغا چاپلانغان
سىرتقى غىدىقلىغۇچتىن پايدىلىنىش ؛ تەقلىدىي ئويۇن كۆرسى-
تىش ؛ ئۆيدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى يۆتكەش ئارقىلىق ئوخ-

شىمىغان كۆرۈنۈشلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈش ؛ ئالدىنئالا تەش-
كىللەنگەن نەرسىلەردىن ياكى نىشانى بېكىتىلگەن دىئاگراممى-
دىن پايدىلىنىش ؛ خام ماتېرىياللارنى جەملەش ؛ رەڭگىنى گەۋ-
دىلەندۈرۈش ؛ كومپيۇتېرلىق گرافىكتىن پايدىلىنىش ۋە باشقى-
لار .

4 . مۇزىكا ئىقتىدارى تولا ھاللاردا چالغۇچىلار ، كومپوزى-
تورلار ، رېژىسسورلار ، تاماشىبىنلار ، ئۈنئالغۇچىلار ، چالغۇ
ياسىغۇچىلار ، رويال ئاھاڭىنى تەڭشىگۈچىلەر ، ئەنئەنىۋى يېزىق
تىلى بولمىغان مەدەنىيەت ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ . مۇزىكا
ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەردە مۇنداق پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ :
ئاۋاز ، رېتىم ۋە تېمبىرگە ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ ؛ مۇزىكىدى-
كى كەيپىيات كۆچىگە ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ ؛ مۇزىكىدىكى
مۇرەككەپ قۇرۇلمىلارغا ناھايىتى سەزگۈر بولىدۇ ؛ ئۇنىڭدا
چېچەنلىك بىلەن چېۋەرلىك كۆرۈلىدۇ ؛ بۇ جەھەتتىكى ئۆگى-
نىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە تەتبىقلاش ئۈچۈن مۇنۇلارنى
قىلىش كېرەك : مۇزىكا چېلىش ؛ ناخشا ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛
مۇزىكا ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ باروك مۇزىكىسىنى قويغاچ ئۆگى-
نىش ؛ مۇزىكا قويغاچ بەدەن چېنىقتۇرۇش ؛ خور ئۆمىكىگە
قاتنىشىش ؛ مۇزىكا ئىجاد قىلىش ؛ مۇزىكىنى باشقا پەنلەر ساھە-
سى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛ مۇزىكا ئارقىلىق كەيپىياتنى ئۆزگەر-
تىش ؛ مۇزىكا ئارقىلىق بوشىشىش (ئۆزىنى قويۇۋېتىش ) ؛ مۇ-
زىكا ئارقىلىق مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ؛ ۋاقىت
جەدۋىلى ، شېئىر ، قەسىدە قاتارلىق بەزى كىچىك ئىشلار ئارقى-
لىق ئۆگىنىش ؛ كومپيۇتېردا نوتا ئىجاد قىلىش ۋە باشقىلار .

5 . بەدەننىڭ ھەرىكەت سېزىمى جەھەتتىكى ئەقلىي ئىقتى-
دارى تولا ھاللاردا ئۇسسۇلچىلار ، ئارتىسلار ، تەنھەرىكەتچىلەر
ۋە ھەرىكەت جەھەتتە مۇۋەپپەقىيەتتى كۆپ بولغانلار ، ئىختىرا-
چىلار ، تاشقى كېسەللەر دوختۇرى ، چامباشچىلار ، ئاپتوموبىل

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شوپۇرلىرى قاتارلىق كىشىلەر كۆرۈلىدۇ . بۇ جەھەتتىكى ئەقلىي ئىقتىدارى ئۈستۈن كىشىلەردە مۇنداق پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ : بەدەننى بىرقەدەر ئوبدان ئىدارە قىلالايدۇ ؛ ئوبيېكتىنى ئىدارە قىلالايدۇ ؛ ۋاقىتنى بىرقەدەر ئوبدان ئىگىلىيەلەيدۇ ؛ تەربىيە كۆرگۈچىلارگە خاس ئىنكاس قايتۇرىدۇ ؛ بىرقەدەر ياخشى ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ ؛ ھەرىكەت ئارقىلىق تازا ياخشى ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ ؛ تۇتۇپ بېقىش ، سىلاپ كۆرۈشكە ئامراق بولىدۇ ؛ قول ھۈنىرىگە ماھىر ، ئويۇن قويۇشقا ئامراق بولىدۇ ؛ قولى بىلەن مەشغۇلات قىلىشقا ئامراق بولىدۇ ؛ ئىش - ھەرىكەت ئۈستىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە ئامراق بولىدۇ ؛ قىلغان ئىشلىرىنى سۆزلىگەن ۋە كۆزەتكەن ئىشلىرىدىن ياخشىراق ئېسىدە ساقلايدۇ ؛ ماددىي مۇھىتقا بەك سەزگۈر بولىدۇ ؛ ئالدىراپ ئوينايدۇ ؛ دەم ئېلىش ۋاقتى بولمىسا خاتىرجەم بولالمايدۇ ؛ مېخانىك پىكىر قىلىدۇ ؛ بۇ جەھەتتىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە تەتبىقلاش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك : كومپيۇتېردا كودلاشتۇرۇلغان تەنھەرىكەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئۆگىنىۋاتقان ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرۇش ؛ ئۇسسۇل ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ ھەرىكەت ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ ئويۇن قويۇش ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكا جەھەتتە كۆپ ئەجىر قىلىش ؛ ھالەتنى كۆپرەك ئۆزگەرتىش ياكى كۆپرەك ئارام ئېلىش ؛ ھەرىكەتنى بارلىق دەرسلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛ سۆز ئۆزگەن ۋە سەيلە قىلغاندا كاللىدا دەرسلەرنى تەكرارلاش ؛ مودېل ، ماشىنا ، لېگو تېخنىكىسى ۋە قول ھۈنىرىدىن پايدىلىنىش ؛ چامباشچىلار ئارقىلىق زېھنىنى يىغىش ؛ مەكتەپ سىرتىدا تەكشۈرۈش ، ساياھەت قىلىشتىن پايدىلىنىش ؛ سىنىپتىكى ئويۇنلاردىن پايدىلىنىش ؛ دراما ۋە رول ئېلىپ چىقىشتىن پايدىلىنىش ؛ بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىش ، زوڭزىيىش ، چاۋاكلاش ، سەكرەش ، ئۆمىلەش ۋە باشقىلار .

6 . ئالاقە ئىقتىدارى تولا ھاللاردا سىياسىيئون ، ئوقۇتقۇچى ، ئۆلىما ، ئادۋوكات ، مال ساتقۇچى ، باشقۇرغۇچى ، جامائەت ئىشلىرى ئالاقىچىلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرىدا كۆرۈلىدۇ . بۇ جەھەتتىكى ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەردە مۇنداق پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ : سۆھبەتكە ماھىر بولىدۇ ؛ مۇناسىۋەتكە ۋە ئىناق ئۆتۈشكە ماھىر بولىدۇ ؛ باشقىلارنىڭ مۇددىئاسىنى سېزىۋالالايدۇ ؛ كىشىلەر بىلەن بىرگە بولۇشقا ئامراق بولىدۇ ؛ نۇرغۇن دوستلىرى بار بولىدۇ ؛ ئالماشتۇرۇشقا ماھىر ، گاھىدا ئىدارە قىلىشقا ماھىر بولىدۇ ؛ ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە ئامراق بولىدۇ ؛ «كېلىشتۈرگۈچى» بولۇشقا ئامراق بولىدۇ ؛ ئىجتىمائىي ۋەزىيەتنى «بايقاش» قا ماھىر بولىدۇ . بۇ جەھەتتىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك : ھەمكارلىشىش شەكلى ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئىجتىمائىي ئالاقە پائالىيىتىنى كۆپرەك قىلىش ؛ «شېرىكلىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇش» ماھارىتىنى تەتبىقلاش ؛ باردى - كەلدى قىلىش ۋە ئالماشتۇرۇش ماھارىتىنى تەتبىقلاش ؛ ھەمراھى بىلەن تېلېفوندا سۆزلىشىش ؛ ئۆگىنىشكە ئالاقىدار تەبرىكلەش يىغىنى ۋە ئولتۇرۇشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ؛ ئۆگىنىشنى قىزىقارلىق قىلىش ؛ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بارلىق دەرسلەر بىلەن بىرلەشتۈرۈش ؛ باشقىلار بىلەن سۆھبەتلىشىشتە ، ئۇلارنىڭ گەپ - سۆزى ۋە چىرايىغا دىققەت قىلىش ؛ جامائەت ئارىسىدا ئىشلەش ؛ باشقىلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئارقىلىق ئۆگىنىش ؛ باشقىلارغا خۇسۇسىي ئوقۇتقۇچى بولۇش ؛ سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىنى تەتبىقلاش .

7 . بىۋاسىتە سەزگۈ ئەقلىي ئىقتىدارى تولاراق يازغۇچى ، ئادۋوكات ، زېرەك بوۋاي ، پەيلاسوپ ، ئۆزىنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ئادەملەردە كۆرۈلىدۇ . بۇنداق ئىقتىدارى ئۈستۈن ئادەملەردە مۇنداق پەزىلەتلەر كۆرۈلىدۇ : ئۆزىنى بىلىش قابىلىيىتى

www.uyghurkitap.com

ئۇستۇن بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ قىممىتىگە ئىنتايىن سەزگۈر بولىدۇ؛ ئۆز ھېسسىياتىنى بەك چوڭقۇر چۈشىنىدۇ؛ ھايات ئادەمنىڭ مەقسىتىگە ئىنتايىن سەزگۈر بولىدۇ؛ ئۆز تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەلا سەزگۈر بولىدۇ؛ بىۋاسىتە سەزگۈ ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ؛ ئۆز - ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرىدۇ؛ ئۆز ئىقتىدارىنى ۋە يېتەرسىزلىكىنى ئىنتايىن چوڭقۇر بىلىپ ئالالايدۇ؛ ئىنتايىن ئىندىۋىدلاشقان ئادەم بولىدۇ (خاسلىققا باي بولىدۇ)؛ ئويلىغانلىرى ئاساسىي ئېقىم بىلەن ئوخشىمايدۇ؛ بۇ جەھەتتىكى ئۆگىنىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش ۋە تەتبىقلاش ئۈچۈن مۇنۇلارنى قىلىش كېرەك: خۇسۇسىي مۇكەدىشىش؛ ئۆزىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئۆگىنىشتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىش؛ سۆرۈشتۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىشقا؛ «شېرىكلىشىش ۋە تەڭ بەھرىمەن بولۇش» ھەم «ئويلاش ۋە ئاڭلاش» ئارقىلىق ئوي - پىكرىنى مۇلاھىزە قىلىش؛ ئىچكى دۇنياسىدا قايتا ئويلىنىشقا بىر ئاز ۋاقىت سەرپ قىلىش؛ تەنھا ئۆگىنىش؛ ئۆزىنىڭ بىۋاسىتە سېزىمىگە ئەگىشىش، باشتىن كەچۈرگەن ۋە خىيالىغا يەتكەن ئىشلارنى يېزىۋېلىپ قايتا ئويلاش ياكى مۇھاكىمە قىلىش؛ جامائەتكە ئوخشىمايدىغان ئەركىنلىككە يول قويۇش؛ كۈندىلىك تۇرمۇش خاتىرىسى قالدۇرۇش؛ ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئىگىلەش؛ خاسلىقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئۆگىنىش؛ سوئال سوراشنى ئۆگىنىش ۋە باشقىلار. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىقتىدارلارنىڭ ئۆسۈپ بېرىشى ئەقىل بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۆزئارا ئۆتتۈشمە بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنى بىز ئىجادىي ئىختىيارلىق تەركىبىگە قويۇپ ئۆگىنىمىز.

# V باب ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى

## 1. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ مەيدانغا كېلىشى

بۇ پەن ئامېرىكىلىق ئۇلۇغ ئىجادىيەتشۇناس ئوسبورىن، گوردۇن قاتارلىقلاردىن XX ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدا كەشىپ قىلىنىپ، ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ پسىخولوگى ماسلوۋ قاتارلىقلارنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن تولۇقلىنىپ ھازىرقى دۇنيانىڭ تالانت، ئالاھىدە تالانت يېتىشتۈرۈش ئىجادىيەت دەۋرىنىڭ رىقابەتلىرىدە ئۇزۇپ چىقىشتىكى قورالىغا ئايلاندى. بۇ نۇرلۇق چىراغنى ئومۇمىيۈزلۈك قولغا ئېلىش ۋە ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ ئىجادكارلارغا ئايلىنىش ئۈچۈن گەپنى ماسلوۋنىڭ تەلىماتىدىن باشلاش تېخىمۇ چۈشىنىشلىك بولىدۇ. چۈنكى، ماسلوۋنىڭ تەلىماتى مىڭلاپ ئاددىي ئادەملەرنىڭ دىلىغا چىراغ يېقىپ، ئىجادىيەت ۋە تالانت ئۈستىگە يېپىلغان سىرلىق پەردىلەرنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ تالانت كاتېگورىيىسىگە خۇددى ئالىم ـ ئەللامە، خان ـ پادىشاھلاردەك دادىللىق بىلەن مېڭىپ كىرىشىگە ئىلھام بەردى. ئۇزاقلاردىن بۇيان بىز ئىجادىيەت ھەققىدىكى ئىلمىي ئىزدىنىشلەرنىڭ نەتىجىلىرى يېزىلغان كىتابلارنى ئوقۇۋېتىپمۇ ئۆزىمىزنى ئۇلارنىڭ سىرتىدا قويۇپ كەلگەنىدۇق. «مەنمۇ نېمىشقا باشقىلارغا ئوخشاش بىر پىكىرنى ئوتتۇرىغا ئاتالمايمەن» دەيدىغانلىرىمىزمۇ ئاز بولغانىدى. بۇنداق بولۇشتا ئىجادىيەت بىلەن تالانت ئۈستىگە يېپىلغان سىرلىق پەردىلەر سەۋەب بولغانىدى. تالانت بوسۇغىسىدا ئۆمۈر بويى تەمتىرەپ يۈرىدىغان ۋە بىر ئادەم سۆزلىسە «ھەق راست» دەپ ئۆز كاللىسىنى ئىشلەتمەيدىغان ئادەم ئۆزىنى تۇرمۇشنىڭ ئىجادكارى ھې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سابلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ماسلوۋ كىشىلەر ئەزەلدىن باش چايقاپ كەلگەن بۇ مەسىلىگە جەزملەشتۈرۈپ جاۋاب بېرىپ ، بارلىق ئادەملەرنى ، ئەڭ ئارقىدا قېلىۋاتقان ئادەم ۋە خەلقنىمۇ تالانت ۋە ئىجادىيەت كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈشنىڭ مۇمكىنلىكىنى بېكىتتى .

ماسلوۋ بۇنداق تەلىماتنى يارىتىشتا ئۆزى تەتقىق قىلىۋاتقان پەزىلەت نەزەرىيىسىنى پسىخولوگىيە نەزەرىيىسى دائىرىسىدىن ئەمەلىي تۇرمۇش ئۇستىگە تەتبىقلىدى . ئۇ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ئېھتىياج نەزەرىيىسىنى ئىجابىي چۈشەندۈرۈپ ئۇمىدۋار بولدى . ئۇ : ئىنسانىيەتنىڭ بارلىق ئېھتىياجى ، جۈملىدىن ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇش ئېھتىياجىمۇ ماھىللاشقان بولىدۇ . ئىنسانلار نېگىزىدىن ئوبدان ، ئاق كۆڭۈل ، ھۆججەتكارلىقتىن خالى ، ھەقىقەت ئىزدەپ يۇقىرى ئۆرلەيدىغان بولىدۇ . ھەربىر ئادەم ئۆز ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مەيلى قايسى قاتلامغا يېتىپ بېرىشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا مۇھىت ياكى جەمئىيەت ۋە مەدەنىيەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ، دەپ قارىدى . ئۇ بۇ جەھەتتە ئۇلۇغ ئالىم فىرويىدنىڭ «ئىنسانىيەت ۋە جەمئىيەت مۇقەررەر ھالدا توقۇنۇشۇپ قالىدۇ . شۇڭا ، ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتسە ئاقىۋەتتە جىنسىي قالايمىقانچىلىق ۋە ئۆزئارا چىقىلىش ئاپەتتى كېلىپ چىقىدۇ .» دېگەن نۇقتىئىنەزىرىگە قارشى مەيداندا تۇردى . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەڭ غايىۋى بىر جەمئىيەتنى لايىھىلەشكە ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى رېئاللاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ زور ئىمكانىيىتىنى قاندۇرىدىغان مۇھىت تەلىپىگە يېتىپ بېرىشقا بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى . شۇڭا ئۇ كىشىلەرنى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆز - ئۆزىنى ئىلھاملاندۇرۇش ، ھەممە ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرىدىغان دەرىجىلەرنى يارىتىش كېرەك دەپ ئويلىدى .

ھەتتا ئۇ بۇ قارىشىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، خۇددى قەدىم-

كى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئويلىغان ، ئوتتۇرا ئەسىردە فارابى لايى-
ھىلىگەندەك بىر غايىۋى (ئوتوپىك ) جەمئىيەت جامائەتچىلىكىنى
تەسەۋۋۇر قىلىپ كۆردى . ئۇ : ئەگەر تاكامۇللاشقان گۈزەل
ئائىلىدىن مىڭلى ئادەم يوق بىر ئارالغا يۆتكەپ كەتكەندە ، ئۇلار
شۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرىنى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ . بۇنداق
بىر جامائەتچىلىك يوشۇرۇن تۇرۇۋاتقان غايىۋى «ئوتوپىك» جا-
مائەتچىلىك بولۇپ ، بۇ يەرنى «ياخشى كۆڭۈللەر مەملىكىتى»
دەپ ئاتاش مۇمكىن . بۇ مەملىكەتتىكى ئادەملەر ئورتاق ئەمگەك
تۈزۈمىدە كېلىشىپ ئىشلەيدۇ . بۇ جامائەتچىلىكتىكى ھەربىر
ئادەم مەدەنىيلىكنى قىزغىن سۆيىدۇ . ھازىرقى جەمئىيەتلەرگە
قارىغاندا تېخىمۇ ئەركىن تاللاش ئېلىپ بارالايدۇ . نېگىزلىك
ئېھتىياج ۋە دەرىجىدىن ھالقىغان ئېھتىياجلارغا ئەھمىيەت بېرى-
دۇ . بولۇپمۇ ھازىرقى جېدەلخور ئادەملەردەك بىر - بىرىگە
كاشىلا تۇغدۇرۇپ يۈرمەيدۇ . ئۆزلىرىنىڭ كىيىنىش ، ئوزۇق-
لىنىش ، سەنئەت ، خوتۇن - قىزلار ، ئېتىقاد ، پەلسەپە ، قىزى-
قىش ۋە ھەۋەسلىرى جەھەتتىكى كۆزقاراشلىرىنى باشقىلارغا
تېڭىپ يۈرمەيدۇ . ئۇلاردىكى تۇرمۇش تەرتىپى خۇددى بىر خىل
پاكلىقنى قوغدايدىغان ئېتىقاد شەكلىدە بولىدۇكى ، ئۇلار مۇ-
قىملاشقان ئاشۇ گۈزەل ھاياتقا كاشىلا تۇغدۇرىدىغان ئىشلارغا
قارشى تۇرىدۇ . كىشىلەر راستچىل بولىدۇ . باشقىلارغا ھۆكۈم-
ران بولۇشقا ، زوراۋانلىق قىلىشقا ، ھاكاۋۇرلۇق قىلىشقا ئاشىق
بولمايدۇ . خۇشامەتچىلىك بىلەن خۇشامەت قوبۇل قىلىش كىشى-
لەر سەسكىنىدىغان رەزىل قىلمىشلارغا ئايلىنىدۇ . مانا مۇشۇن-
داق جەمئىيەتتە ياشىغاندىلا ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئەڭ چوڭقۇر
قاتلامدىكى ئېھتىياجلار ـــ ئەڭ ئالىي بولغان ئېھتىياج ۋە ئۇنى
قاندۇرىدىغان تۇرمۇش ئۇسۇلى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ ، دەپ
قارىدى .

ماسلوۋ خىيالپەرەست ئادەم بولماستىن ، ئادەمدىكى يوشۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رۇن قابىلىيەتنى ئېچىشقا ئالدىراشنى شەرت قىلغان ئەمەلىيەت-
چىدۇر . ئۇ مۇشۇنداق ساغلام ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئەۋج
ئالدۇرۇپ ، ئادەمنى كىچىك ، تۆۋەن ، پەس كۆرىدىغان رەزىل-
لىكنى تۈگىتىپ ، ھەربىر ئادەمنى قىممىتىنى يارىتالايدىغان
قىلىشقا تۈرلۈك تەرەپلەردىن ئەقىل كۆرسەتكەن دۇنياۋى يېتەك-
چىدۇر . شۇڭا ، ئۇنى ئامېرىكىلا ئەمەس ، دۇنيادىكى ئىلغار
جامائەتچىلىكنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل بۇل-
قىنى ئاچىدىغان يېتەكچىسى سۈپىتىدە ھۆرمەتلىدى .

ئۇلۇغ غايىلەر بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئاق كۆڭۈللىرىگە سۆ-
يۈنگەن ماسلوۋ بارلىق ئادەمدە يوشۇرۇن ئىجادىيەت قابىلىيەت
بارلىقىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا ئىجادىي-
لىقنى «ئالاھىدە تالانت ئىجادىيلىقى» ۋە «ئۆزىنى ئۆزى رېئال-
لاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» دەپ ئىككىگە بۆلگەن . ئالدىنقىنى
ئالاھىدە تالانتلىقلار — داھىي - سەركەردىلەر ، ئالىم ، ئىختى-
راچى ، سەنئەتكار قاتارلىق ئالاھىدە شەخسلەرنىڭ ئىجادىيلىقى
دەپ قاراپ ، ئۇلاردا باشقىلاردا يوق بولغان ھاياجانلىنىش ۋە
قابىلىيەت بولىدىغانلىقىنى ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىنى
جەمئىيەتكە يېڭى قىممەت يارىتقان - ياراتمىغانلىق بىلەن باھالا-
شنى تەشەببۇس قىلدى . كېيىنكىسىنى ھەممە ئادەمدە بار دەپ
قاراپ ، جەمئىيەتتە يۇقىرى باھاغا ئىگە بولالمىسىمۇ ، ئۆزى
ئۈچۈن يېڭى قىممەتكە ئىگە نەرسىلەرنى ئىجاد قىلالايدىغان ئىجا-
دىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى . بولۇپمۇ بۇنداق
ئىجادىيلىقنىڭ مەلۇم مەخسۇس ساھەدە تەرەققىي قىلىپ چوڭ-
قۇرلىشىشى ئالاھىدە تالانت ئىجادىيلىقىغا ئۆزگىرىدىغانلىقىنى ،
مائارىپ تەربىيىسىنىڭ ھەر ئىككى خىل ئىجادىيلىق بىلەن ئوخ-
شاشلا باغلىنىدىغانلىقىنى ، ھۈنەر - سەنئەت ۋە كارخانىچىلىقنى
مەركەز قىلغان مائارىپ تەربىيىسىدە ئالدىنقىسىغا ئەھمىيەت
بېرىلسە ، ئومۇمىي مائارىپ تەربىيىسىدە كېيىنكىسىگە ئەھمى-

يەت بېرىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى .
هازىرقى زامان ئىجادىي مائارىپىنىڭ ئىجادچىلىرىدىن بول-
غان ئوسبورىن ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى قابىلىيەتلىرىنى مېخا-
نىزىم نۇقتىسىدىن تۆت تۈرگە بۆلگەن ھەمدە بۇلارنىڭ
مېڭىسى ساق ھەرقانداق ئادەمدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە بولىدى-
غانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ ، كۆزىتىش ۋە دىققەتنى يىغىش
قابىلىيىتى ، خاتىرە قابىلىيىتى ، تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم
چىقىرىش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت ئالدىنقى ئۈچ تۈرلۈكنى ئې-
لېكترونلۇق ماشىنا بىلەن ئورۇنداش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ ،
مۇستەقىل ئىجاد قىلىشتىن ئىبارەت تۆتىنچى تۈرلۈك قابىلىيەت-
نى پەقەت ئادەم ئۆزىدە ئېلىپ يۈرىدىغانلىقىنى ، ھەرقانداق
ئادەمدە تەربىيە ئارقىلىق بۇنداق قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنەلەيدى-
غانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ماسلوۋنىڭ قاراشلىرىنى تامامەن قو-
بۇل قىلدى ھەمدە بۇنداق قابىلىيەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئۈنۈم
بېرىشىدە ياش چېكى ، جىنسىي ئايرىما قاتارلىقلار ئاساسىي
ئورۇندا تۇرماستىن ، بەلكى تەشەببۇسكارلىق ئاساسىي ئورۇندا
تۇرىدىغانلىقىنىمۇ جەزملەشتۈردى .
ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، ماسلوۋ : ئىجادىي
قابىلىيەت مەخسۇس مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئامىتى ۋە ئىمتىيازى
ئەمەس ، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي ئىلگىرىلىشى-
دىكى مەنبە ؛ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى ، ھاياتلىق پەزى-
لىتىنىڭ تەسۋىرى . قىسقىسى ، ھەربىر ئادەمنىڭ ھەقىقىي
ھۆرمىتى ، دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن .
ماسلوۋ «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» نى
بىر ئايالنىڭ تۇرمۇشىدىكى جانلىق مىسال .ئارقىلىق تېخىمۇ
ئوبرازلىق چۈشەندۈرگەن بولۇپ ، بۇ ئارقىلىق بىز ئۇنىڭ ئىدى-
يىسىدىكى ئۇلۇغ بۆسۈشنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىپ ئالالاي-
مىز . ئۇ مۇنداق دەيدۇ : ئالايلۇق ، بىزنىڭ نەزىرىمىزدە «مائا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىپ تەربىيىسى كۆرمىگەن ، نامرات ، پۈتۈنلەي ئائىلىگە باغلاذـ
غان ئايال ۋە ئانا بولسۇن ، ئۇ قىلىۋاتقان ئادەتتىكى ئىشلارنىڭ
ھەممىسىدە ئىجادىيلىق بار . ئۇ ئۇستا ئاشپەز ، ئانا ، خوتۇن ۋە
ساھىبخان . ئازغىنە پۇل خەجلەيدىغان بۇ ئايالنىڭ ئائىلىسى
ئاللىقانداق بىلىنمەس خىسلەتلەر بىلەن ناھايىتى ئېسىل ياشاپـ
دۇ . ئۇنداق ئىكەن ، ئېسىل ئايال ساھىبخاندۇر . ئۇ تەييارلىـ
غان نازۇنېمەتلەر ، ئۇنىڭ داستىخان ، قازان ـ قومۇچ ، قاچا ـ قۇچا
ۋە ئائىلىدىكى سايمانلارغا بولغان ھەۋەس ـ قىزىقىشلىرى دائىمـ
لىقتۇر . ئۇ ، مۇشۇ ساھەلەردە پۈتۈنلەي ئۆزگىچە ، يېڭى ، ئەپـ
چىل ، ئادەمنىڭ يادىغا كەلمەيدىغان دەرىجىدە ئىجادىي قابىلىيەتـ
كە باي ئادەمدۇر . مەن بۇنداق ئادەمنى ھەقىقەتەن ئىجادىيلىقى
بار ئادەم دەپ ئاتايمەن . مەن ئاشۇنداق بىر ئايالدىن ۋە شۇنىڭغا
ئوخشاش باشقا ئادەملەردىن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان شورپىـ
نىڭ ئىككىنچى قاتاردا تۇرىدىغان رەسىملەردىن بەكرەك ئىجاـ
دىيلىقتا ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىم» . مۇشۇنداق ئاددىي
ئادەملەردىكى «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» نى
ئۇنۇملۇك ئېچىش ـ ئاچالماسلىق ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئىجادىي
قابىلىيەتنى كەڭ تۇردە قېزىش بويىچە دۇنيانى يېڭىلاش ـ يېڭىلىيالـ
ماسلىقتا مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ، بولۇپمۇ مەدەنىيەتتە ئارقىدا
قالغان خەلقلەردىكى چۈشكۈنلۈككە خاتىمە بېرىپ ، ئۇلارنىڭ
ئىلغار خەلقلەردەك ئۆزىنى زامان تەلىپىدە يېڭىلىشىغا ئومۇمـ
يۈزلۈك پىسخىك ھازىرلىق قىلىشنى ئالغا سۈرۈش ـ سۈرەلـ
مەسلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولۇپ ، ھەربىر ئادەمـ
دىكى باشقا ھېچكىمگە ئوخشىمايدىغان مۇنداق ئۆزگىچىلىك ،
يېگانىلىك ، چېچەنلىك ، يېڭىلىق ، گۈزەللىككە ئىنتىلىش جارى
قىلدۇرۇلسا ، ئۇلار جەزمەن تۇرمۇشىمىزدا ھازىرقى تەسەۋۋۇرـ
لىرىمىزدىن ھالقىغان تەڭدىشى يوق گۈزەللىك ۋە مەنىۋى كاماـ
لەت ھاسىل قىلىدۇ . چۈنكى «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش

ئىجادىيلىقى» ئۆز نىشانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى بىلەن چەكلە-
نىپ قالماستىن ، تۇرمۇش سەنئىتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىدە يې-
ڭىچە پوزىتسىيە ، يېڭىچە ئۇسۇل ، يېڭىچە تۇيغۇ ، يېڭىچە قىزد-
قىش ، يېڭىچە ھۇزۇرلىنىشتا بولىدۇ . بۇنداق «ئۆزىنى رېئال-
لاشتۇرۇش» گويا بالىلارنىڭ ساددا ئەمما رومانتىك قوغلىشىش-
لىرىغا ئوخشاش «كۆچ سەرپ قىلمايلا» يېقىنلىشىپ بېرىپ ،
ئادەمنى «ئىككىنچى قېتىملىق ساددىلىق» گىردابىغا ئېلىپ
كېلىپ ، خۇشاللىق ئىچىدىكى ئىجادىيلىقتا ، پىشىپ يېتىلگەن
تەبىئىي تۇيغۇغا يېتەكلەيدۇ ـ دە ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم تەبىئى-
يىتىدىكى قورقماسلىقنىڭ نامايەندىسى — «چوڭقۇرلاشقان مەن
ۋە ئۇنىڭ قىممىتى» نىڭ بىرىكىشى — ھايات شادلىقىنى
ئاشۇرغۇچى ئاتلىغۇچ — سېھرىي كۈچلەرگە باي تۇرمۇش پو-
زىتسىيىسىنى شەكىللەندۇرىدۇ . ئۆزى ئاددىي بولسىمۇ ، تۇر-
مۇشقا شۇنچە گۈزەللىك بېغىشلايدىغان بۇنداق نەتىجىنى تۆۋەن
مۆلچەرلەش مۇمكىنمۇ ؟

توغرا ، تۇرمۇشتىكى بۇنداق نەتىجىلەر ئادەتتە ئويلاپ كۆر-
مەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ كەتمەيدۇ ياكى چوڭ
ئىجتىمائىي زىلزىلە پەيدا قىلمايدۇ . ئەمما ، ئۇنىڭ ئادەم پەزىلى-
تىدىكى ئورنى مۆلچەرلىگۈسىز تالانت ئۇچقۇنلىرىدۇر . شۇڭا ،
ماسلوۋ : «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقى» نىڭ
ئەقلىي خۇسۇسىيەتلىرىنى يۇقىرىدىكى سۆزىگە ئۇلاپ مۇنداق
تەرىپلىگەن : «چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن مۇنداق ئېيتىش
كېرەك : ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش ئىجادىيلىقىنىڭ تەكىتى-
لەيدىغىنى خاراكتېر جەھەتتىكى دادىللىق ، باتۇرلۇق ، ئەركىن-
لىك ، قوزغىلىشچانلىق ، روشەنلىك ، بىرىكىشچانلىق ، ئۆزىنى
ئۆزى ئېتىراپ قىلىشتۇر . يەنى ئۇ مۇشۇنداق ئومۇمىيلىقتا ئىگە
ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش يولىدىكى ئىجادىيلىقنى پەيدا قىلا-
لايدىغان نەرسىلەر ، ئىجادىي تۇرمۇشتىكى ئۆزىنى ئىپادىلەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەرسىلەر ياكى ئىجادىي پوزىتسىيە ، ئىجادىي ئادەمنى تەكشىلەي-
دۇ . مەنمۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ياكى ياساپ چىقىلغان
مەھسۇلاتلارنىڭ خاراكتېرىنى تەكشىلىمەي ئۆزىنى ئۆزى رېئال-
لاشتۇرىدىغان ئىجادىيلىقنىڭ ئىپادىسى ۋە مەۋجۇت بولۇپ تۇر-
غۇچى پەزىلەتلىرىنى تەكشىلىگەنىدىم . ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇ-
رۇشنىڭ ئىجادىيلىقى خۇددى ھاياجانلانغان بىر ئادەم مەقسەت-
سىز ، پىلانسىز ھەتتاكى ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجىنىنى تارقات-
قاندەك ، پۈتكۈل تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە سىڭگەن ، چې-
چىلغان ، مەركەزلەشكەن بولىدۇ» .
دېمەك ، ماسلوۋ پۈتكۈل تۇرمۇشنى بىرخىل سەنئەت ئورنى-
دا قويۇپ ، ئۆزىنى رېئاللاشتۇرغۇچى ئىجادىيلىقنى سەنئەتكار-
لىق دەپ چۈشەندۈرگەن . ئۇنىڭ ئۇلۇغ غايىسى بويىچە قارىغاندا ،
ئومۇمىيلىقتا ئىگە بولغان «ئۆزىنى ئۆزى رېئاللاشتۇرۇش» ئى-
جادىيلىقنى تەربىيىلەپ ھەممە ئادەمنى تۇرمۇشتا گۈزەللىك يا-
رىتىدىغان سەنئەتكارغا ئايلاندۇرۇش ، ئاددىي ئادەملەرنىمۇ كى-
شىلەر نەزىرىدىكى «ئەۋلىيا» بولۇپ گەۋدىلىنىۋاتقان «ئالاھىدە
تالانت ئىجادىيلىقى» تەرەپكە يېتەكلەش ، ھەتتا شۇنداق ئادەملەر-
گە ئايلاندۇرۇش مۇمكىن . ئامېرىكىلىق ئالىملاردىن ۋەئېئىن
قاتارلىقلار ماسلوۋنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلۇپ كەتمىسىمۇ :
«ھەرقانداق ئادەم دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلە ۋە ئەھۋال ئالدىدا
قول قوشتۇرۇپ بۇيرۇق كۈتۈشتىن ئىبارەت ئىنكاس ئەندىزى-
سىنى چۆرۈپ تاشلىيالايدۇ» . ھەرقانداق ئادەم «غۇلاچ تاشلاپ
ئوتتۇرىغا چىقىپ مۇسابىقىلەرنى كۈتۈپ ئالالايدۇ» ھەمدە ئۆز-
گىچە ئۇسۇل ، مول يېڭىلىق يارىتىش ئۇسلۇبى ئارقىلىق ، پە-
قەت ئۆزىلا ئېرىشكە بولىدىغان ئالاھىدە نەتىجىلەرنى قولغا
كەلتۈرەلەيدۇ . مانا بۇ — مۆجىزە ، ھاياتلىق ھالىتىنىڭ بىر-
خىل يۇقىرى پەللىسى ، سەرخىللىقتا يارايدىغان پەزىلەتنىڭ ما-
ھىيەتلىك ئىپادىسى» دەپ قاراپ ، سەرخىللىق ياكى تالانت تاجى-

سىنىڭ ئاز ساندىكى نامى ئۇلۇغلارغىلا ئەمەس، نامى چىقمىغان كۆپ ساندىكى قېتىرقىنىپ ئىشلەيدىغان، ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، جەمئىيەتكە بەخت يارىتىشقا پايدىلىق تەرەپكە تەڭشەپ ماڭالايدىغان سەنئەتلىك ئادەملەرگىمۇ مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما، ئۇلارمۇ تالانت ياكى ئىجادىيلىقنىڭ ئومۇمىيلىقىدا چېكى تۇرىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، فىروييدنىڭ پەزىلەت نەزەرىيىسىگە ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ نەزەرىيىنى تونۇم جەھەتتە دادىل راۋاجلاندۇرغان كېللىۋ (Kelly. G. A) يەنە باشقا بىر جەھەتتىن ھەممە ئادەمدە ئالىملاردەك يوشۇرۇن قابىلىيەت بارلىقىنى ئىسپاتلاپ، ئادەتتىكى ئادەملەرنىمۇ ئالىم دەپ قارىدى. ئۇ بەلكىم ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئوت ئالغان، ھايۋاناتلارنى كۆندۈرگەن، كۆۋرۈك سالغان . . . دەك ئىشلارنى قىلغانلىقىمۇ دەۋر ئېتىبارىدا ئالىملىق، ئىختىراچىلىق بولغانلىقىنى ئەسلەپ كۆرگەن بولسا كېرەك، ئەمما، بۇ يەردە ئۇنىڭ ئۇنداق ساددا خىياللىرىدىن خەۋەر ئالالمىدۇق. ئۇ تامامەن يېتۈك بىر ئالىم بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمنىڭ مۇددىئاسى (غەيرىي ھايۋانلىق مۇددىئا) غا ئىشەنگەن ھالدا ماسلوۋ تەلىماتىدەك مۇھىم پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ پىكرىچە، كېلەچەككە كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتە ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىردىن ئالىمدۇر. كېلەچەككە كۆڭۈل بۆلۈش جەريانىدا ئۇلارمۇ ئالىملارغا ئوخشاش ئالدىن خەۋەر بېرىدىغان شەيئىلەرنى بايقايدۇ. ئۇ ئالدىن خەۋەر بېرىش، ئالدىن سېزىشتۇر. شۇڭا، كېللىۋ: «ئالدىن سېزىش يالغۇز ئۇنىڭ ئۆزى ئۈچۈنلا ئالدىن سېزىش ئەمەس، ئۇ كېلەچەكتىكى رېئاللىقنى تېخىمۇ ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن سېزىشتۇر. كېلەچەك كىشىلەرنى جەلپ قىلىپ تۇرىدۇ، «ئۆتمۈش» تە بۇنداق قۇدرەت بولمايدۇ. ئادەم ھەرقاچان كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى كۆزنەك قىلىپ تۇرۇپ كېلەچەككە تەلپۈنىدۇ،» دې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى . ئۇ : ھەربىر ئادەمنىڭ شەيئىلەرنى ئالدىدىن سىزىش ئۇسۇ-
لى شەخسىي قۇرۇلما ھاسىل قىلىش ـــ ئۇقۇم تۇرغۇزۇشتۇر ؛
شەخسنىڭ ئۇقۇم تۇرغۇزۇشى تەجرىبىلەرنى قۇرۇلمىلاشتۇ-
رۇش ، ئۇنى شەرھىيلەش ، مەنىلەشتۇرۇش ، ئۇنىڭغا مەنە ئېي-
تىش ياكى ھۆكۈمالىق قىلىش جەريانىدۇر ؛ مانا بۇ جەريان
تەجرىبىنى خام ئەشيا (مەسىلەن ، خىش ـ كېسەك ) قىلىپ
تۇرۇپ بىر ئۆي (كېلەچەك ) نى قۇرۇشتۇر ؛ بۇ يەردىكى پەرق
شۇكى ، ئىدىيىدە كېلەچەكنى قۇرۇلمىلاشتۇرۇش ھەرگىز ئۆي
سالغاندەك ئاددىي پاسسىپ بولمايدۇ ، بەلكى ، شەرھىيلەش ، مەنە
بېرىش ، كېلەچەك مەنزىرىسگە ھۆكۈمالىق قىلىشتەك جانلىق بو-
لىدۇ . بۇ جەرياندا بەزى ئاددىي ئادەملەردە ئالىملاردا يوق بايقاش-
لار بولىدۇ ، دەپ قارىدى . ئۇنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا ،
ئالىم بىلەن ئاددىي ئادەملەرنىڭ پەرقلىنىپ قېلىشى ھەربىر
ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرغۇزغان ئاشۇ ئۇقۇمنىڭ تەسىرىدىن بولۇپ ،
بەزىلەر دۇنيادىكى شەيئىلەر توغرىسىدا تەۋرەنمەس ئىشەنچكە
كېلىپ قالىدۇ ـ دە ، ئاشۇ ئىشەنچلىرىگە تامامەن بويسۇنىدۇ .
بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئاشۇ ئەقىدىلەر بىلەن ئادەتلەر
قوماندان بولۇپ قالىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار تار دائىرىلەردىكى
ناھايىتى دۇرۇس خەۋەرلەر ئىچىدە ياشايدۇ . ئەمما ، ئۇلار قائىد-
دىلىك ، ياۋاش دەپ ئاتالسىمۇ داھىي ، گېنېرال ، ئالىم ، ئىخ-
تىراچى ، سەنئەتكار ، بىناكار ، بەرپاچى بولالمايدۇ . يەنە بەزىلەر
ئۇنداق ئەمەس ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كېلەچىكى يۇقىرىدىكى-
لەردىن نۇرغۇن دەرىجىدە كەڭ بولۇپ ، ئۇلار ناھايىتى جانلىق ،
شوخ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ ، قائىدە ـ قانۇنلارغا تامامەن بەنت
بولۇپ كەتمەيدۇ . بۇنداق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشى رەڭدار ھەم
شوخشۇپ تۇرىدۇكى ، ھەرگىز بېكىنمە ھالەتتە تۇرلۇك قاماللار
ئىچىگە كىرىۋالمايدۇ . بىر ئادەمنىڭ ئېچىۋېتىلگەن بۇنداق تۇر-
مۇش تەجرىبىسىدە ئىجادچانلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈشى ۋە

ئىشلىشى بىلەن قاماللار ئىچىدە بېكىنمىچىلىك قىلىشى ، ئاللى-
قانداق نەرسىلەرگە بەنت بولۇپ تۇرۇۋېلىشى تامامەن ئۆزىنىڭ
ئۇقۇم تاللىشىدىكى ئىش بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ئاددىي ئادەمدىن
ئالىم بولۇشقا سەكرەش - سەكرىيەلمەسلىكىگە زور تەسىرلەر
بېرىدۇ . ناۋادا ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئۇقۇملىرىنى ئاشۇنداق
جانلىق ئىجادىي ھايات پەسلىدىن ، ئاكتىپ ياشايدىغان تۇرمۇش
ئۇسۇلىدىن ئىزدەپ ، كېلەچەككە تۆھپە قوشىدىغان ئىستەكلەر
بىلەن ئىنتىلىپ تۇرسا ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىپ
ئۇلۇغ قەدەملەرنى بېسىش مۇمكىن . ئالىملىق دېگەنمۇ مۇشۇن-
داق ئاكتىپ پوزىتسىيىنى يىلتىز قىلىپ بارلىققا كېلىدۇ .
ماختانچاق ۋە ماختاشنى كەسىپ قىلغانلار تەتقىقات ساھەسىدىن
غىل - پال كۆرۈنۈپلا چىقىپ كەتسە ، يېڭى - يېڭى گۈللەرنىڭ
بۇ سەھنىگە خۇشپۇراق تارقىتىپ كىرىپ كېلىشى مانا مۇشۇنداق
ئادەم بىلەن ئالىمنىڭ ئۆتۈشمە ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ . دېمەك ،
ئىجادىي مۇھىت ياخشى بولغان ھەرقانداق جەمئىيەتتە ئادەملەر-
نىڭ ئالىم بولۇپ كېتىشى تامامەن مۇمكىنچىلىككە ئىگە بولى-
دۇ .

ھازىرقى زامان ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ئەنە شۇنداق ئىلغار
قاراشلار ئارقىسىدا 1944 - يىلى گوردوننىڭ تېخنىكا ئىجادى-
يىتى بىلەن نېرۋا ئانالىزى (نېرۋىلوگىيە) غا تەڭ قىزىققان
بىر ئىختىراچى ئۈستىدە ئۈزۈلدۈرمەي كۆزىتىش ئېلىپ بېرى-
شىدىن باشلاندى . ئۇنىڭ تەجرىبە قىلىشىدىكى مەقسىتى ئىجادىي
پائالىيەتنىڭ پىسخىك جەريانىنى تەكشۈرۈش ، تەكشۈرۈلگەن نە-
تىجىنى تەتبىقلاش ئارقىلىق ئىجادىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈ-
نۈملۈك ، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىشقا بولىدىغان ئۇ-
سۇلنى بەرپا قىلىش ئىدى . ئۇ ، تەجرىبە ئارقىلىق ئىجادىي
پائالىيەت داۋامىدا تەكرارلىنىش خاراكتېرىدىكى بىرنەچچە خىل
پىسخىك ھالەتنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان ، يەنە بىر-

www.uyghurkitap.com

مۇنچە ئىختىراچى ئۇستىدە تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ، بۇنداق پسىخىك ھالەتلەرنىڭ ناھايىتى ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى بايقىغان . بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق پسىخىك جەريانىنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ مىكرولۇق كۆزىتىشكە قارىغاندا ماكرولۇق كۆزىتىشكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى ، يەنى بۇنداق پسىخىك جەريانلارنىڭ كوللېكتىپنىڭ ئىجادىي پائالىيەتىنى كۆزىتىشكە تېخىمۇ مۇۋاپىق كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان . شۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىمۇ كوللېكتىپ ئىجادىيەت ئۇسۇلىنىڭ بىر خىلى بولۇپ قالغان . ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ ئىنگلىزچە قىسقارتىلمىسى «ئورتاق» ، «بىرلىكتە» دېگەن سۆزلەرنىڭ باشتىكى ھەرپلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئىكەن . بۇنىڭ بىلەن ، ئىجادىي پائالىيەت دېگەن «شۇنداق قارىغاندا ئوخشىمايدىغان نەرسىلەرنى قوشۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەش بىلەن بىر چاغدا ، «كۆپلىگەن ئادەمنى قوشۇپ بىرلىككە كەلتۈرۈش» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدىكەن . پسىخولوگىيىدە بۇنداق ئۇسۇلنى ئاددىيلاشتۇرۇپ ئوخشىتىش ئۇسۇلى دەپ قوبۇل قىلغان . ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىچىلىرى بۇنداق ئوخشىتىش ئۇسۇلى ھەققىدىكى كونكرېت بىلىملەرنى ئىگىلەپ ، ئەمەلىيەت ئارقىلىق بۇ ئۇسۇلنىڭ تېما بەلگىلەشتىن تارتىپ تاكى تېمىنى ھەل قىلىشقىچە بولغان پۈتكۈل جەريانىنى توغرا بېكىتكەن . ئاندىن كېيىن بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەنە نەزەرىيە تەتقىقاتى جەريانىغا ئېلىپ كەلگەن . مۇشۇ تەرىقىدە كۆپ قېتىملاپ تەكرارلاش ئېلىپ بارغان . شۇنداق قىلىپ تولۇق تەجرىبە قىلىش ئاساسىدا پۈت تىرەپ تۇرالايدىغان قىياسنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇ قىياسلارنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىئىنەزىرى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ . بۇلار تۆۋەندىكىچە : (1) بارلىق ئادەمدە ئوخشاشلا يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەت بولىدۇ . (2) ئىنسانلار

پاراستىنىڭ ئىجادىيەت ھادىسىلىرى (ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە) نىڭ ئوخشاش بولغان پىسخىك جەريانى بولىدۇ. ئۇنى تەسۋىرلەپ بەرگىلى بولىدۇ. (3) ئىجادىيەت جەريانىدا ھېسسىياتنىڭ غەيرى ئەقلىي بولغان ئامىللار ئەقلىي بولغان ئۇيغۇنچان ئامىللاردىنمۇ بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. (4) بۇنداق پىسخىك جەريانىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق چېنىقتۇرغىلى ۋە ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. (5) شەخسىي بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيىتى جەريانىدا كوللېكتىپنىڭ ئىجادىيەت جەريانىنى تەقلىد قىلغىلى بولىدۇ.

بۇ يەردىكى تەلىمات ۋە پەرەزلەرنى ئەتراپلىق، تولۇق بېكىتىلگەن ھەقىقەت دېگىلى بولمىسىمۇ، ھازىرقى زامان تەتقىقاتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىسىنى ئىپادىلەپ، ئەمەلىي ئىستېمال نۇقتىسىدا تۇرغان نەزەرىيە سۈپىتىدە ئىلغار ئەللەردە قوللىنىپ، دۇنيانىڭ ئىجادىيەت نەزەرىيە چولپانلىرىدىن ئامېرىكىلىق ئوسبورىن، گوردون، فرانسىيىلىك دېھرىل، ياپونىيىلىك ئېنتىيەن پىڭدىڭ . . . لارمۇ ھەممە ئادەمدە يوشۇرۇن ئىجادىيەت قابىلىيەت بولىدىغانلىقىغا، بۇنداق قابىلىيەتنى ئېچىش - ئاچالماسلىق دۆلەت، مىللەت، شەخسلەرنىڭ ئىستىقبالىنى بەلگىلەيدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلماقتا. شۇڭا، بىز ھازىرقى سەۋىيىمىز بويىچە ئۇلارنىڭ قارىشىنى قۇۋۋەتلەپ، ھەركىمنىڭ ئۆزىدىكى ئىجادىيلىقنى ئېچىش ئارقىلىق، ئاددىي بىر ئادەمدىن كاتتا بىر ئادەم بولۇشقا ئىنتىلىش ھەققى بار دەپ قارايمىز ھەمدە تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەرنى كۆرسىتىشتىن ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ئەلا دېگەن تەشەببۇستا بولىمىز.

## 2. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى پەن - تېخنىكا تارىخىدىكى زور

كەشپىيات ۋە ئىختىرالارنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى ئۇستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىدىغان، ئىجاد قىلىشنىڭ ئۇسۇل - چارىلىرىنى يەكۈنلەپ ئوتتۇرىغا قويىدىغان بىرخىل تەلىمات. ئۇنىڭ مەقسىتى كىشىلەرنىڭ كاللىسىدىن ئىجادىيەت، ئىختىرا ھەققىدىكى سىرلىق تۇيغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇلارغا پەن - تېخنىكا دەرۋازىسىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇزۇپ، ھەربىر ئادەمنى ئۆز خىزمەتلىرىدە ئىجادىي تەسەۋۋۇرلاردا بولىدىغان جۇشقۇن پىكىرلىك ئادەملەرگە ئايلاندۇرۇپ، ھەربىر خەلق ئۆزلىرى ئارىسىدىن ئۇلۇغ ئالىملارنى دەۋر ئېتىبارىدا مەيدانغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بۇگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىشتىكى مەقسىتىمىز بولسا، ئۆز ئادەملىرىمىزگە ئىجادىيەت ۋە ئىختىرالارنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى قانداق قىلىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، ئىجادىيەت ۋە ئىختىرا قانۇنىيەتلىرىنى قانداق تەتبىقلاشنى ۋە ئۇنۇملۇك بولغان ئىجادىيەت ھەم ئىختىرا ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، يۇقىرى ئۇنۇملۇك ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشنى بىلدۇرۇپ، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ماددىي ھەم مەنىۋى بايلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت.

تېخىمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، پەن - تېخنىكا خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى زور دەرىجىدە قوزغاپ، پەن - تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھەممە كىشىنى ئۆگىنىش ۋە مەشىق قىلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىنلىكىگە ئىشەندۈرۈپ ۋە ئىجادىي ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ئىختىرا ئارقىلىق زور بايلىق يارىتىپ مىللەتكە ئەسقاتىدىغان زور بىر تۈركۈم تالانتلىق ئالىملار، كارخانىچىلار، ئوقۇتقۇچىلارنى بارلىققا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئىجادىيەتنىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى تېخى مۇكەممەل دەرىجىدە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ھازىر بۇ ساھەدە ئىجادىيەتشۇناسلىققا ئائىت پەن ئالىملىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە ئىجادىيەت جەريانىنى ئېچىپ بېرىدىغان تۈرلۈك نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئۇلانما تەسەۋۋۇر نەزەرىيىسى، تەقلىد قىلىش نەزەرىيىسى، بىۋاسىتە سەزگۈ نەزەرىيىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش نەزەرىيىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتىدۇ. لېكىن، ئۇ بىر ئىلمىي سىستېما بولۇش سۈپىتى بىلەن شەكىللىنىش ۋە مۇكەممەللىككە قاراپ مېڭىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ پەننى يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن بىر ئارىلىق پەن دەپ قارىماقتا.

ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ئاساسلىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەنلەر تالانتشۇناسلىق، پسىخولوگىيە، پېداگوگىكا، تەپەككۇر پەنلىرى، مېڭە فىزىئولوگىيىسى، نەسلشۇناسلىق، ئىرسىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق، باشقۇرۇش ئىلمى، تۆرەلمەشۇناسلىق، پەنشۇناسلىق ۋە ئىلىم ـ پەن ـ تارىخى، سىستېما نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى، ئىنفورماتسىيە قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. بەزىلەر سىستېما نەزەرىيىسى، تىزگىنلەش نەزەرىيىسى ۋە ئىنفورماتسىيە ۋەكىللىك قىلىدىغان ھازىرقى زامان پەنلىرىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسى بىلەن مېتودولوگىيىسىنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئاتىسى قاتارىغا قويىدۇ. تالانتشۇناسلىق، پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە، تەپەككۇر پەنلىرى ۋە مېڭە فىزىئولوگىيىسى قاتارلىقلارنى ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئانىسى قاتارىغا قويىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭدا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىنمۇ مول بولغان مەزمۇنلار بار. ئۇ، ئاتا ـ ئانىسىدا يوق ئالامەتلەرنىمۇ ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان.

ئىنتايىن ئىخچاملاپ ئېيتقاندا، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىيىسى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك تۆت قىسىمدىن تەركىب تاپقان .

بىرىنچى قىسمى ، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسى . بۇ قىسىمدا ئاساسلىقى ، مۇشۇ پەننىڭ مەزمۇنى ، ئوبيېكتى ، ۋەزىپىسى ، تارىخى ، يۆزلىنىشى ، پرىنسىپلىرى ، ئۇسۇللىرى ۋە ئىجادىيەتنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتى تونۇشتۇرۇلىدۇ . بۇ ئارقىلىق بۇ پەننىڭ نەزەرىيە سىستېمىسى بېكىتىلىدۇ .

ئىككىنچى قىسمى ، ئىجادىيەت پسىخىكىسى . بۇ قىسىمدا ئاساسلىقى ئىلھام ، بىۋاسىتە سەزگۇ ، تەسەۋۋۇر ، ئىرادە ، ئىجادىي تەپەككۇر قاتارلىق جەريانلاردىكى پسىخىك توسالغۇلارنى چىقىرىپ تاشلاپ ، بىرخىل ئېسىل پسىخىك پەزىلەت يېتىشتۈرۈش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ .

ئۈچىنچى قىسمى ، ئىجادىيەت مېخانىزمى . ئىجادكارنىڭ ئىجادىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى جەريانىدا بىرمۇنچە ئىچكى قانۇنىيەتلەر بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىجادىيەت جەريانىنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا ئالاھىدە قانۇنىيەتلەر بولىدۇ . بۇ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەپ ئالغاندا ئىجادىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك قىلغىلى بولىدۇ . بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، كىشىلەر ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئىجادىيەتنىڭ بىر يۈرۈش تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىققان بولۇپ ، بۇ ئۇسۇللارنى ئىگىلەپ ئالغاندا بىر قاتلاملىق ئىجادىيەتتىن كۆپ قاتلاملىق ئىجادىيەتكە سەكرەپ ئۆتكىلى بولىدۇ ؛ بۇنىڭدىن باشقا ئىجادىيەتلەرنى تۈرلەرگە ئايرىشمۇ ئىجادىيەت مېخانىزمىدا تەتقىق قىلىنىدىغان مۇھىم مەزمۇندۇر . ئەدەبىي ئىجادىيەت ، ئىلمىي باشقۇرۇش ، ئىختىرا قىلىش ۋە يېڭىلاش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىجادىيەتتۇر . ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوخشاش بولمىغان قانۇنىيەت ۋە ئالاھىدىلىكى بار .

تۆتىنچى قىسمى ، ئىجادىي مائارىپ . ئىجادىي مائارىپ ئاساسلىقى ئىجادىي ئادەملەرنى تەربىيىلەش ۋە ئىجادىيەتچىلەر بۇ-

لىقىنى ئېچىشنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىدۇ . چۈن-
كى ، ئىجادىي پائالىيەتلەردىكى پائالىيەتچان ئامىل ئىجادىيەت
سۇبيېكتى بولۇپ ، ئىجادىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۇ-
چۈن ئىجادىي ساپاسى بار زور بىر تۈركۈم تۈرلۈك تالانتلارنى
يېتىشتۈرۈش ۋە بۇنداق ئادەملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە زۆرۈر
بولغان بىرقەدەر ئەۋزەل ئىجادىي شارائىتلارنى يارىتىش كېرەك
بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىجادىي مائارىپ ئىجادىيەت قۇرۇلۇ-
شىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولىدۇ .

دېمەك ، يۇقىرىدىكى تۆت قىسىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەت ناھايىتى زىچ بولۇپ ، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىدا بۇ تۆت قى-
سىمنىڭ قايسىبىرى كەم بولسا بولمايدۇ . ئىجادىيەت نەزەرىيە-
سى بۇ پەننىڭ غولى ۋە باش پرىنسىپى بولىدۇ . ئەگەر بۇ قىسىم
بولمىسا ، بۇ پەننىڭ يادرولۇق مەزمۇنى بولمايدۇ ؛ ئىجادىيەت
مۇھىتى ئىجادىي ئىقتىدارنى يېتىشتۈرۈش ۋە جارى قىلدۇرۇش-
نىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ ؛ ئىجادىيەت پسىخىكىسى ئىجادى-
يەت سۇبيېكتىنىڭ تۈرلۈك پسىخىك ھالەتلىرى ۋە ئىجادىيەت
خاسلىقىنى بايان قىلىدۇ ؛ ئىجادىيەت مېخانىزمى ئىجادىي پائالى-
يەتلەر داۋامىدىكى تۈرلەرگە ، باسقۇچلارغا ئايرىشنىڭ قانۇنىيەت-
لىرى ۋە ئىجادىيەتنىڭ تۈرلۈك تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى بايان
قىلىپ ، تۈرلۈك ئىجادىيەت ۋاستىلىرىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇ-
رىدۇ ؛ ئىجادىي مائارىپ بىر تەرەپتىن ئىجادىي تالانتلارنى تەربى-
يىلىسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ئىجادىي تالانتلارنىڭ ئۆز رولىنى
جارى قىلدۇرۇشقا ۋە كارامەت كۆرسىتىشىگە ئەۋزەل بولغان
ئىجادىي مۇھىت يارىتىدۇ . ھالبۇكى ، ئىجادىيەت مېخانىزمى يەنە
ئىجادىي مائارىپنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# تالانت

## VI باب ئىجادىيەتنىڭ قابىلىيەت ۋە ساپا تەلىپى

ئامېرىكىنىڭ 1995 - يىلى «دەۋر» ژۇرنىلىدا بەرگەن خەۋىرىگە ئاساسلانغاندا، ئامېرىكا ئالىملىرى دۇنيا بويىچە ھەرقايسى ئەللەر خەلقلىرىنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى ئۈستىدە ئون نەچچە يىل تەتقىقات ۋە سىناق ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 110، ياپونىيىلىكلەرنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 103، ئامېرىكىلىقلارنىڭ زېھنىي بۆلۈنمىسى 100 ئىكەنلىكىنى بېكىتكەن. ئەمما، جۇڭگو نەسلىدىن بولغان پروفېسسور چىن شىن شەرق ئەللىرىنىڭ ئىجادچانلىقى غەرب ئەللىرىنىڭكىدىن تۆۋەنلىكىنى كۆرسەتكەن، ماشىنا، پاراخوت، ئايروپىلان، راكېتا، ئاتوم، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى، تېلېگراف ماشىنىلىرى، ئېلېكترلىك ھېسابلاش ماشىنىسى، تېلېۋىزور، بىئولوگىيە تەتقىقاتىدا كەشىپ قىلىنغان DNA . . . قاتارلىقلار غەرب ئەللىرىدە ئىجاد بولۇپلا قالماستىن، نوبېل مۇكاپاتى ئالغانلارنىڭمۇ غەرب ئەللىرىدە كۆپ، شەرق ئەللىرىدە ئازلىقىنى كۆرسىتىپ، گەپ يالغۇز زېھنىي بۆلۈنمىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىدە ئەمەس، ئۇنى جارى قىلدۇرۇشتا دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئاخىرقى يەكۈندە غەربتە ئىجادىيەت ۋە ئالىملارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى بىلەن نوبېل مۇكاپاتىغا ئىگە بولغانلارنىڭ كۆپلۈكىنى ئۇلارنىڭ مائارىپ تەربىيىسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ ۋە پەن - تەتقىقات ساھەلىرىدە زور تۈركۈملەپ ئىجادچان تالانتلىقلارنى تەربىيىلىگەنلىكىگە مەنسۇپ قىلغان. بىزنىڭ ئىجادىيەت

ئۈستىدە ئىشلەيدىغان قابىلىيەت بىلەن ساپانى ئۆگىنىشىمىزمۇ دۇنيا ئورتاقلاشقان مۇشۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيىتىمىزگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈندۇر .

## 1 . قابىلىيەت

مەلۇمكى ، ھەرقانداق تالانت ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆگىنىش ، خىزمەت ، تۇرمۇش جەريانىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن ئىجادچانلىققا ئوخشاشلا موھتاج بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار جەزمەن ئالدىنقىلار قالدۇرۇپ كەتكەن مەلۇم بىلىم سىستېمىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلىشتىكى ئاساسى ۋە تالانتقا ئايلىنىشتىكى كاپىتالى قىلىش كېرەك . شۇڭا ، بىز قابىلىيەت بىلەن ساپانى مانا مۇشۇنداق ئوبيېكتىپ ھەقىقەت ئاساسىدا چۈشىنىمىز .

پسىخولوگىيىدە ساپا ئۇقۇمى ئادەمنىڭ تۇغما فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ، ئاساسلىقى نېرۋا سىستېمىسى ، مېڭە ئالاھىدىلىكى ۋە سەزگۈ ئەزالىرى بىلەن ھەرىكەت ئەزالىرى جەھەتتىكى پەرقلەرنى كۆرسىتىدۇ . شۇ ۋەجىدىن ئۇ پسىخىك پائالىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ . بۇنداق ماددىي ئاساستىن ئايرىلغاندا پسىخىك تەرەققىياتتىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ . قابىلىيەت دېگەن ئادەمنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخىك ساپاسى ئاساسىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ ، مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇنلىيالايدىغان ياكى مەلۇم خىزمەتنىڭ ئەھدىسىدىن چىقالايدىغان ماھارىتى بولۇپ ، ئۈچ مەنىدىن ئىپتىلىدۇ : (1) پسىخولوگىيىدە ، قابىلىيەت ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدۇ . ئادەتتە ئادەمنىڭ مەلۇم پائالىيەتنى ئورۇندىيالايدىغان ماھارىتى ياكى مەلۇم بىر تۈرلۈك ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالالايدىغان ئاساسلىق شەرتلەرنى كۆرسىتىدۇ . پسىخولو-

www.uyghurkitap.com

گىيىدە ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئومۇمىي قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە قابىلىيەت دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەتتىكى ئادەمدە بولىدىغان نېگىزلىك قابىلىيەتلەرنى، مەسىلەن، كۆزىتىش قابىلىيىتى، خاتىرە قابىلىيىتى، دىققەت قابىلىيىتى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى، ئىجادىي قابىلىيەت قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. كېيىنكىسى ئادەمنىڭ ئالاھىدە ساھەدە پائالىيەت قىلىش ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، رەسساملاردا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك رەڭ پەرق ئېتىش قابىلىيىتى بولىدۇ، كومپوزىتورلاردا كۈچلۈك رىتىم تۇيغۇسى ۋە ئاھاڭ تۇيغۇسى بولىدۇ. (2) فىزىئولوگىيىدە، قابىلىيەت ئادەمدىكى ساغلاملىق ئامىللىرى بىلەن جىسمانىي كۈچ ئامىللىرى تەسىرىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى ئادەمنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىدىكى بۆلەكلەرنىڭ ماسلىشىش قابىلىيىتى ۋە ئىممۇنېتت قابىلىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كېيىنكىسى بەدەننىڭ چىداملىق دەرىجىسى، ئېغىرلىق كۆتۈرۈش قابىلىيىتى، سۈرئىتى، ئېلاستىكلىق دەرىجىسى، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى، تەپەككۇر قابىلىيىتى، تۇرغۇنلۇق ۋە پائالىيەتچانلىق قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. (3) پەلسەپىدە، قابىلىيەت ئادەمنىڭ ئوبيېكت خاراكتېرلىك پائالىيەتلىرى ئىچكى ئاساسلىرىنىڭ ئومۇمىي يەكۈنىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيانى بىلىش قابىلىيىتى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش (ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ) قابىلىيەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئادەمنىڭ تەپەككۇر ساپاسى، مەدەنىيەت جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلىنىشى ۋە ئادەمنىڭ قىممەت قارىشى، كىشىلىك ھايات قارىشى، دۇنيا قارىشى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، قابىلىيەتنى يۇقىرىقى ئۈچ تۈرلۈك مەزمۇنغا ئاساسەن مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

قابىلىيەت ياكى هۈنەر هەر كىشىنىڭ تۇغما ساپاسى ــــ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ساپاسى ئاساسىدا تەلىم ـ تەربىيە هەم تىرىشچانلىق ئارقىسىدا شەكىللىنىدىغان پاراسەت ۋە ماھارەت. ـتۇر . ئۇ ، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش داۋامىدا بىرخىل پائالىيەتچانلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ . بۇنداق پائالىيەتچانلىق ئا. دەمنى بىلىمنى ئاڭلىق تەتبىقلاش ئالاھىدىلىكى بىلەن ھايۋاندىن ئايرىپ تۇرىدۇ ، قابىلىيەت بىلىم ، كۆزقاراش قاتارلىقلار بىلەن زىچ باغلىنىدۇ . ئەمما بىلىمنىڭ ئۆزىلا قابىلىيەتكە تەڭ بولماي. دۇ . بىلىم كۆپ بولغاندا قابىلىيەت تېز ئۆسىدۇ . قابىلىيەت بىلىمنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش ئارقىلىق چىنىقىش داۋامىدا مۇستەھكەملىنىدۇ . شۇڭا ، قابىلىيەت بىلەن بىلىمنىڭ مۇناسى. ۋىتى ئۆزئارا باغلىنىدىغان ھەم پەرقلىنىدىغان مۇناسىۋەتتۇر . ئۇلار ئۆزئارا بېقىنىش ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈش مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ .

ئىجادىيەت ئۇستىدە قابىلىيەتنىڭ زامانىۋى سەۋىيىسى ــــ ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ساپاسىغا ماس كېلىدىغان سە. ۋىيىسى ئاساس قىلىنىدۇ .

## 2 . زامانىۋى قابىلىيەت

زامانىۋى قابىلىيەت ــــ ھازىرقى زامان ئىجادىيەت دەۋرى شارائىتىدىكى ئىجادچان ئادەملەردە بولىدىغان يېڭىچە قابىلىيەت. نى كۆرسىتىدۇ . ئۇ بىر تەرەپتىن ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ مەز. مۇنىنى ئۆزىگە ئاساس قىلغان ھالدا ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن زىچ باغلىنىدۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ئومۇمىي قابىلىيەتنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتىكى راۋاجلىنىشى بولۇپ ، ئىجادچان ئادەملەر. نىڭ ئالاھىدىلىكىدە ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىدە ئىپادىلىنىدۇ ، ئومۇمىي قابىلىيەت بىلەن سېلىشتۇرغاندا زامانىۋى قابىلىيەت

www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە : (1) ۋارىسچانلىق . زامانىۋى قابىلىيەت جەمئىيەت تارىخىدا ئىنسانلار قابىلىيىتىدە ئىپادىلەن- گەن ئىلغار ئىدىيە ۋە يارامل‍ىق مەدەنىيەت ، پەن - تېخنىكا بىلىملىرى ، شۇنداقلا قىممەت قاراشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىدۇ ھەمدە ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلارنى تەتبىقلايدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ . (2) مىللىيەتلىك . زامانىۋى قابىلىيەت ئىنسانى- يەت قابىلىيىتىدىكى ئورتاقلىقتىن باشقا يەنە ئېنىق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ ، مىللەت روھى بىلەن سۇغىرىلىدۇ . ئۆز مىللىتىنىڭ خىسلىتى ، ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى گەۋ- دىلەندۇرۇپ ، ئۆز مىللىتىنىڭ غۇرۇرى ۋە سالاھىيىتىگە يارىشى- دىغان قابىلىيەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلىنى يېتىشتۈرۈش بىلەن ئۆز مىللىتىنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ . شۇ ئاساستا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار سەۋىيىسىنى قوغلىشىدۇ . مىللىيەتلىك ئىجادچانلىق بىلەن زىچ باغلانغان بولسىمۇ ، ئۇنى ھەرگىز ئابستراكت بولغان ئىرق ئالاھىدىلىكى دەپ چۈشەنمەستىن ، بەلكى ، ئۇزاق مۇددەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنىڭ كىشىلەر خاسلىقىغا ئېلىپ كەلگەن ئۇر- غۇپ تۇرىدىغان بىرخىل پەزىلەت ئورتاقلىقى دەپ چۈشىنىشىمىز كېرەك . XX ئەسىردىكى مەدەنىي مائارىپ دولقۇنلىرى بىزنىڭ يېڭىلىق يارىتىش روھىمىزغا ناھايىتى مول مەزمۇنلارنى قوشقان بولسىمۇ ، ئەمما ، بىزدىكى دوگما ئىدىيىلەر ، ھېسسىياتپەرەس- لىك ، بولۇپمۇ بىكارچىلىقتا ، راھەت - پاراغەتكە ، ھۇرۇنلۇققا ، بىپەرۋالىقتا ، قۇرۇق گەپبازلىقتا كۆنۈكۈشلەر بىزدىكى ئىجادى- يەت ئىدىيىلىرىنى مۇزلىتىپ ، ياش غۇنچە باللىرىمىزنىمۇ دورىمۇچۇققا ئايلاندۇرۇپ ، ياش - قىرانلىرىمىزنى سۆرەلمىلەر- گە ئايلاندۇرۇپ ، ئەڭ بۇيۇك ئىستېبدات بەلگىسى بولغان قىممەت- لىك كاتتىلىرىمىزنىمۇ قورساق كويىدىكى تەمەخورلارغا ئايلان- دۇرۇپ ، قانچىلىغان زور ئىشلار ۋە ئاجايىپ پالۋان ئادەملىرى-

مىزنىمۇ ناچارلىقنىڭ قۇربانى قىلىنۋەتتى . شۇڭا ، بىز ئۇنىڭ مىللىيەتلىكىنى يەنە ئىجادچانلىقىقا قارشى ئىدىيە ۋە يامان ئادەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىش دەپمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك . (3 ) دەۋرچانلىق . زامانىۋى قابىلىيەت دەۋر تومۇرىنىڭ سوقۇشى ۋە تىنىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ، دەۋرىمىز ئىجادىيەت دەۋرى بولغانلىقتىن ، ئالدى بىلەن دەۋرنىڭ مۇشۇ ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ۋە دەۋرنىڭ ئالغا راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . (4 ) بۆسۈشچانلىق . زامانىۋى قابىلىيەت ئەسلى بار قابىلىيەت بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ ، ئۇ كۈچلۈك ئىجتىھات بىلەن يول ئېچىش ، بۆسۈپ ئۆتۈش ، بۇرۇنقى ھالىتىنى يېڭىلاپ ئالغا ئۆتۈپ كېتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە . (5 ) ئۇنىۋېرساللىق . زامانىۋى قابىلىيەت كۆپ تەرەپتىن ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىپ ، ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتىشقا موھتاج بولىدۇ . ئۇنىڭ قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ئۇنىڭغا ئاددىي مەزمۇن قوشۇش ياكى كېمەيتىش بولماستىن ، بەلكى دىئالېكتىكا پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن قوبۇل قىلغان مەزمۇنلارنى سېلىشتۇرۇش ، مېغىزىنى تاللىۋېلىپ شاكىلىنى تاشلىۋېتىش ، جەۋھىرىنى قوبۇل قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتۇر .

زامانىۋى قابىلىيەتنىڭ دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ ، مەزمۇنى ئىنتايىن مول . ئومۇمەن ئېيتقاندا ، قانچىلىك ساھە بولسا شۇلارغا مۇناسىپ كېلىدىغان شۇنچىلىك قابىلىيەت بولىدۇ ھەمدە ئادەمگە ساھەگە قاراپ ھەرخىل بولىدۇ . مەسىلەن ، كارخانا رەھبىرىنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسى تەدبىر بەلگىلەش قابىلىيىتى ، تەدبىرنى ئىشقا ئاشۇرۇش قابىلىيىتى ، ئىقتىسادىي پىلان تۈزۈش قابىلىيىتى ، رىقابەتلىشىش قابىلىيىتى ، يېڭىلىق ياردىتىش قابىلىيىتى ، تەشكىلىي قوماندانلىق قابىلىيىتى ؛ تەشكىلىي مەسلىھەت بېرىش قابىلىيىتى ، تىزگىنلەش ، ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتى ، كىشىلەرنى چۈشىنىش ۋە ئىشلىتىش قابىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىتى ، ھوقۇق بېرىش قابىلىيىتى ، ئالاقە قىلىش قابىلىيىتى ، ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلىشىش قابىلىيىتى ، خەۋپ ـ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ كېتىش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىجتىمائىي ئالاقە خادىمى ۋە ئۇنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمىسى بولسا ، ئىجتىمائىي ئالاقە قابىلىيىتى ، تۈرلۈك مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەش قابىلىيىتى ، سۆز ۋە يېزىش قابىلىيىتى ، ئىقتىسادىي ئۇچۇرلارنى ئىگىلەش قابىلىيىتى ، ئىنكاس قايتۇرۇش قابىلىيىتى ، تەھلىل قىلىپ ھۆكۈم قىلىش قابىلىيىتى ، خۇلاسىلەش قابىلىيىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

دېمەك ، زامانىۋى قابىلىيەت ئەنە شۇنداق ھەربىر ساھە ۋە كەسىپلەردىكى ئادەملەردە ئۆزگىچە ئىپادىلىنىدىغان ماھارەتلەر بولۇپ ، ئىجادىي قابىلىيەت ئاشۇ قابىلىيەتلەرنىڭ يۇكسەك پەللىسىدۇر .

ئىجادىي قابىلىيەت بىر ئادەم ، بىر مىللەت ، بىر دۆلەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ بولۇپ ، ئۇ تالانتنىڭ ساپاسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە بولۇپلا قالماستىن ، مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ ساپاسى ، كېلەچەك ئىستىقبالىنى ئۆلچەشنىڭمۇ مۇھىم مەزمۇنىدۇر . شۇڭا ، ئىجادىيەتتە نەتىجە قازىنىپ زامان رىقابەتچىلىرى ئالدىدا قىزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن دانا رەھبەرلەردىن تارتىپ ئەقلىيلىق پۇقرالارغىچە ھەممە كىشى ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئاشۇ قۇرۇلمىسى بويىچە ئۆزلىرىگە تەلەپ قويۇشى كېرەك .

## 3 . ساپا

ساپا ئۆزىنىڭ تۇغما ئىكەنلىكى بىلەن چوڭ مېڭە پوستلىقى-

نىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك شەكىلدىكى مۇسكۇل پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنى بىز نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆپ ھاللاردا جىسمانىيەت جەھەتتە چۈشىنىپ كەلگەنىدۇق. بۇ يەردە تامامەن مەدەنىيەت ساپاسى ياكى ساپا مائارىپىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان ئىجادىيەت ساپاسى ئۈستىدە توختىلىمىز.

ساپا ئادەمنىڭ تېنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇ ئاساسلىقى تۇغما مېڭە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئومۇملاشقان خۇسۇسىيىتىدۇر. ساپا ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇ ئەقىل تەرەققىياتىغا ئاساس يارىتىپ بېرەلەيدۇكى، ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ. ساپا پسىخىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك، لېكىن ئۇ پەقەت پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئالدىنقى شەرتى بولىدۇكى، پسىخىكىنىڭ يېتىلگەنلىكى ۋە تەرەققىياتىغا تەڭ بولالمايدۇ. بىز ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆگەنگەندە، ئۇنىڭ تۇغمىلىق ئاساسىدىكى تەرەققىياتىنى — مۇھىت ۋە مائارىپ تەربىيىسىدە يېتىلگەن يۇقىرى سەۋىيىنى نەزەردە تۇتىمىز.

بۇ مەسىلىدە ئالدى بىلەن شۇنى بىلىش كېرەككى، بىلىم، قابىلىيەت، ئىجادىي قابىلىيەت، ساپا، خاسلىق ئامىللىرى ئىجادىيەت ئۈستىدە بىر - بىرىگە زىچ باغلىنىپ كەتكەن ئامىللار بولۇپ، بۇلار بىر - بىرىگە شۇنچە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇشىغا قارىماي ئۆزئارا پەرقلىنىدۇ. ھەر بىر ئىجادىيەتچى ئۆزىنىڭ ساپاسىنى ھەقىقىي تۈردە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەم پەرقلەرنى ناھايىتى زىللىق بىلەن پەرقلەندۈرۈش، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىۋالماسلىق لازىم.

ئىجادىي قابىلىيەت بىلىمنىڭ قابىلىيەتكە ئايلىنىشىدا، بولۇپمۇ قابىلىيەتنىڭ ساپاغا ئايلىنىشىدا مۇھىم تۈگۈن بولۇپ، ئۇ ئىقتىدار بىلەن خاسلىق ئوتتۇرىسىدا كۆۋرۈك بولىدۇ. ساپا خاسلىققا تەڭ بولمايدۇ، ئەمما ساپا دېگەن بىر خىل خاسلاشقان

www.uyghurkitap.com

پەزىلەت بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىجادىي قابىلىيەت كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم رول ئوينايدۇ . بۇ يەردە ئۈچ مەزمۇن بار :

بىرىنچى ، قابىلىيەت ۋە بىلىمگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ساپا ئادەمدە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان ۋە خاسلىشىپ كەتكەن ئىچكى پەزىلەت بولۇپ ، ئۇ قابىلىيەت بىلەن بىلىمنىڭ ئۇزاق مۇددەت ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئۆزلىشىشى نەتىجىسىدە ئادەمنىڭ خاسلىق پەزىلەتلىرىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولۇپ قالىدۇ . ئۇنى ناھايىتى ئېنىق بولغان نورما ۋە چەك بىلەن ئۆلچەش تەس بولىدۇ . باشقا شەرتلەر ھازىرلانغاندا ، ئادەمنىڭ بىلىم خەزىنىسى قانچىكى مول بولسا ، ئۇنىڭدىكى ئىجادىيەت ساپاسى شۇنچە ئۆسۈپ بارىدۇ . ئۆزى ئىجاد قىلماقچى بولغان ساھەگە مۇناسىۋەتلىك پەنلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئارىلىق پەنلەر ھەققىدىكى بىلىمى ناھايىتى كەڭ بولسا ، ئۇ ئادەمدە مۇستەقىل ئىجادىي قاراشنىڭ مەيدانغا كېلىش ساپاسى ئۈستۈن بولىدۇ . قابىلىيەت دېگەن پەقەت ئادەم سۇبيېكتىنىڭ بىلىمنى ئۆگىنىش ، چۈشىنىش ، ئىگىلەش ۋە تەتبىقلاش ئارقىسىدا يېتىشكەن ماھارەت دەرىجىسى بولۇپ ، ھەمىشە ئوخشىمىغان سۈپەت ۋە كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى بولۇپ ئاشكارا ئىپادىلىنىدۇ . بۇنى بىر قەدەر توغرا بولغان نورما ۋە چەك بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ . لېكىن ، بىلىم سىستېمىلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ تەرەققىيات ئاساسىنى كېڭەيتىش جەريانىدا ، قابىلىيەت بىلەن ساپانى ئۈستۈرۈشكە دائىم دىققەت قىلىش ، كۈچلۈك قابىلىيەت ، يۇقىرى ساپانىڭ بىلىملەرنى ئۈنۈملۈك ئىگىلەشكە بولغان پائال رولىغا ، بولۇپمۇ ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈش بىلەن ئىجادىي پەزىلەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە بولغان پائال رولىغا دائىم دىققەت قىلىش ـ قىلماسلىق ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە . بىلىم بولسا ئەجدادلار ئىجاد قىلغان ھەمدە جەمئىيەت

تارىخنىڭ تاسقاشلىرىدىن ئۆتۈش جەريانىدا چۆكمە بولۇپ توپلا-
نغان ئۇچۇر سىستېمىسى بولۇپ ، ئۇ ئىجاد قىلىنىپ تۇرلۇك
مەدەنىيەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ، كى-
شىلەر سۇبيېكتىنىڭ سىرتىدا ئوبيېكتىپ هالدا مەۋجۇت بولۇپ
تۇرىدۇ ، ھەمدە ئىجادىيەتچىلەر بىلىشكە تېگىشلىك ۋە ئەمەلىيەت-
تىن ئۆتكۈزۈشكە تېگىشلىك ئوبيېكت شەكلى بولۇپ قالىدۇ ،
بۇ ناھايىتى مۇقىم بولغان نورما ۋە چەك بىلەن ئىپادىلىنىپ
تۇرىدۇ . شۇنىڭ ئۇچۇن بىلىمنىڭ ئوبيېكت ھالىتى قابىلىيەت-
نىڭ سۇبيېكت ھالىتىگە كۆچۈرۈش ، قابىلىيەتنىڭ سۇبيېكت
ھالىتى ساپانىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى ( بىلىم ئوبيېكتى ۋە قابى-
لىيەت سۇبيېكتى بىر گەۋدە بولغان ) ھالىتىگە ئۆزگىرىش جەر-
يانىدا كىشىلەرنىڭ ئىجادىيەتچانلىقى تەبىئىي ھالدا زور رول ھەم
زور ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ .
ئىجادىيەتچانلىقى ئاجىزراق ئادەملەردە ئوبيېكتىپ بىلىم
ھەقىقىي تۈردە سۇبيېكتىپ قابىلىيەتكە ئايلىنالمايدۇ ، يەنى نۇر-
غۇن بىلىملەرنى ئۆلۈك يادلىۋالغانلىقتىن ، ئۇ بىلىملەر يەنىلا
ناتونۇش ئوبيېكت ھالىتىدە تۇرۇپ يادلىۋالغۇچىنىڭ ھەقىقىي
بايلىقىغا ئايلىنالمايدۇ . بۇنىڭ ئۇچۇن بەزىدە «بىلىمى يۇقىرى
قابىلىيىتى تۆۋەن» لىك كېلىپ چىقىپ ، كىشىلەرنىڭ نورمال
تەرەققىياتىنى بەند قىلىۋالىدىغان ئىدىيىۋى بوغچا ۋە مەنىۋى
يۈك بولۇپ قالىدۇ ؛ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئاللىقاچان شە-
كىللىنىپ بولغان مەلۇم سۇبيېكت قابىلىيەتلەرنىڭمۇ ئىجادچان-
لىقنىڭ كەمچىللىكىدىن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا ئۆزلەشكەن
ئىچكى پەزىلەتكە ، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ئەلا ساپاسىغا ئايلىنىشى
تەس بولىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بەزى چاغلاردا يەنە «قابىلىيىتى
كۈچلۈك ، ساپاسى تۆۋەن» لىك كېلىپ چىقىپ ، بۇ كىشىلەر-
نىڭ جەمئىيەتنىڭ ساغلام قەدىمى بىلەن نورمال تەرەققىي قىلى-
شىنى بەند قىلىۋالىدىغان قارىمۇ قارشى ئامىللار ۋە ئەكسى

www.uyghurkitap.com

كۆچلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. مەدەنىي مائارىپ ساھەسى ۋە پۈتكۈل بىلىم ساھەسىنىڭ بىلىم، قابىلىيەت، ساپالارنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىگە بولغان تونۇشى ۋە ساپا تەربىيىسىگە بولغان ئېتىبارىنى قوزغىشى مائارىپ ئىدىيىسىدىكى زور ئىسلاھات بولۇپ، بۇ ئىسلاھات ئىجادچانلىق ئامىلىنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ پائالىيەت ساھەسىدە جارى قىلدۇرىدىغان، سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئاكتىپ رولىنى گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ.

ئىككىنچى، ئادەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن ئىلىم ساپاسىنى ئىجادىي ھالدا گەۋدىلەندۇرىدۇ. چۈنكى، مەدەنىيەت ھازىرقى كۈندە بەزى ئادەملەر بىلەر ـ بىلمەس تۇۋلاپ يۈرگەن «كۆپۈك مەدەنىيەت» ياكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاش، ۋە ياكى ئەجنەبىيلەر نېمە قىلسا شۇنى دوراش ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەبىئىتىدىن ئېيتقاندا، ئالدى بىلەن بىر خىل ئىجادچانلىق، ھاياتلىقنى ساقلاش ئۈچۈن مىللىي روھنى ئۇرغۇتۇش، زامان قەدىمىدىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن كۈچىيىش، كۆتۈرۈلۈشنى نىشان قىلغان بىر خىل پۈرسەتنى قولغا كەلتۈرگەن ئىجادچانلىق روھىغا باي ئالىيجاناب ھەرىكەت بولۇپ، مانا مۇشۇنداق مەدەنىيەت ساپاسى بىزنى زاماننىڭ ھەقىقىي ياشاش ئەھلىگە ئايلاندۇرىدۇ. ئىلمىي ساپا ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، ئادەمگە ئەھمىيەت بېرىش روھى بولۇپ، ئاساسلىقى ياشاش ياكى ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت ئەقلىي پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ھايات قىممىتىنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىغا، ئادەمنىڭ ئەركىنلىكىگە ۋە باراۋەرلىكىگە، شۇنداقلا ئادەم بىلەن جەمئىيەت، تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇققا كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. بەزىلەر بۇنداق كۆڭۈل بۆلۈشنى «مەڭگۈلۈك كۆڭۈل بۆلۈش» دەپ ئاتايدۇ. ئىلمىيلىكنى زامان تەلىپىدە تۇرغۇزۇش، مىللەت رو-

ھىدىكى خەلقنى قەدىرلەش، مېھرىبانلىق، ھەقىقە ئىشىنىش، ئەتراپتىكىلەر بىلەن كېلىشىپ ياشاش، ئاقىل - دانالاردىن ئۆگىنىش، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش، ئەدەپلىك، ھايالىق بولۇش قاتارلىق ئېسىل ئەنئەنىلەرنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا زامانىۋى ئاڭنى سىڭدۇرۇش، مەسىلەن، مۇستەقىللىق غۇرۇرى تۇرغۇزۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، ئەركىن - باراۋەر بولۇش، مېھرىبان، كەڭ قورساق بولۇش، دېموكراتىيىلىك قانۇنى ئىدارە قىلىشنى ياقلاش، باراۋەر تۇرۇپ رىقابەتلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىلمىي روھ خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى، شۇنداقلا مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولۇپ، مەدەنىيەت ساپاسى ناچار بىر مىللەت ئالىيجاناب ئىلمىي روھ تۇرغۇزالمايدۇ. ئالىيجاناب ئىلمىي روھ تۇرغۇزىدىغان مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى جەزمەن مۇنەۋۋەر بولۇش شەرت قىلىنىدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت ساپاسى بىلەن ئىلىم ساپاسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىدە ئىنسانىيەتنى تارىختىن بۇيان مۇكەممەللىككە كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەڭ ئالىي قابىلىيەت — ئىجادىي قابىلىيەت ئەڭ مۇھىم رول ئوينايدۇ.

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مائارىپ جەمئىيەتتىن كەلگەن كۆپ خىل مۇسابىقىلەرگە، مەسىلەن، يۇقىرى يېڭى پەن - تېخنىكىنىڭ مۇسابىقىسىگە، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتلەرنىڭ توقۇنۇشىغا، تەبىئىي پەن مەدەنىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي پەن مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشىغا، خەلقئارا ئىقتىساد مەدەنىيىتىنىڭ شىددەتلىك رىقابىتىگە، بازار ئىگىلىكى تۈزۈمىنىڭ ئورنىتىلىشى ۋە ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان مەدەنىي ئىسلاھاتلارنىڭ مۇسابىقىلىرىغا ئۇچرىدى. بۇ مۇسابىقىلەردىن باشقا يەنە «كۆپۈك مەدەنىيەت» نىڭ يامراپ كېتىشى ئارقىسىدا پەيدا بولغان ماددىي تەشنالىقنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، ئەخلاق مىزانلىرىنىڭ بۇزۇلۇشى، كىشىلىك ھايات قىممىتى بىلەن غايىسىدىكى تۆۋەن-

لەش ئەھۋاللىرىغىمۇ ئۇچرىدى. بۇ مۇسابىقىلەر ۋە ئەھۋاللار ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدا ئۇچراۋاتقان بىرمۇنچە مەسىلىلەر، مەسىلەن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى، بايلىق مەنبەلىرىنىڭ كىرىزىسقا يولۇقۇشى، مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى، راھەتپەرەسلىكنىڭ ئۆسۈپ كېتىشى، ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ئىشقۋازلىق ۋە زوراۋانلىقنىڭ يامراپ كېتىشى قاتارلىقلار پەن - تېخنىكىغا تايىنىش بىلەنلا ھەل بولۇپ كەتمەيدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە، ئا- دەمنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ۋە ئەخلاق سەۋىيىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈ- شىگە، كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت توقۇنۇشلىرى جەريانىدا ئەقىل- غا مۇۋاپىق ئىلمىي قىممەت تاللىشى ئېلىپ بېرىشقا، ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە، دۆلەتنىڭ ئىستىقبا- لىغا، مىللەتنىڭ گۈللىنىش - ئاجىزلىشىشىغا، ئىنسان تەبىئ- تىنىڭ كېتىپ بېرىشىغا قارىتا چوڭقۇر ھەم مەڭگۈلۈك كۆڭۈل بۆلۈشىنى قوزغاشقا تايىنىدۇ. بۇنچىۋالا مۇرەككەپ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىغا دەۋر تەييار بىر جاۋاب ھازىرلاپ بەرگىنى يوق، بەلكى دەۋر ئاتا قىلغان ئىجادىيەت ۋەزىپىسى ۋە مەدەنىيەت ۋەزىپىسى بار. شۇڭا، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئۇ- چۇن، مەدەنىيەت ساپاسى تەربىيىسى جەريانىدا ئىجادىيەتچىلەر- نىڭ ساپا قۇرۇلمىسى ۋە قابىلىيەت تەلىپىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، زور بىر تۈركۈم ئاساسى پۇختا، قابىلىيىتى كۈچلۈك، ساپاسى يۇقىرى، ئىجادىي قۇدرەتكە ۋە ئىجادىي خاسلىققا باي ئىجادچان تالانتلارنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. روشەنكى، بۇ مەدەنىيەت ۋە ئىلمىي روھنىڭ تەقەززالىقى بو- لۇپ، بۇ تەقەززالىقنى بۇرۇنقى ئادىتىمىز بويىچە ئاز سانلىق زىيالىيلارنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش مەسىلىسى دەپ قاراشقا، ھەتتا ئاز ساندىكى ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرنىڭ مەنىۋى تۇرمۇش مە-

سىلىسى دەپ قاراشقا بولمايدۇ ، بەلكى ، پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنى- ۋى تۇرمۇش مەسىلىسى ، ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ، تەقدىرى ۋە سەرگۈزەشتىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا نادانلىق ، بىخۇدلۇق ، بىپەرۋالىق قاتارلىقلارغا ۋە باشقىلارنىڭ ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ نام - مەنپەئىتى ، ئىززەت - ھۆرمىتىگە دەخلى قىلىدىغان قىلمىشلارغا ئىسپات قىلىش دەپ قاراش كې- رەك . شۇنىڭدىلا ئەتىدىن كەچكىچە قۇرۇق گەپ قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ ھاياتىغا زامىن بولىدىغان ۋالاقتەگكۈرلەر فور- مىسىدىكى ئاتالمىش «تالانتلار»نى ئىجادچانلىققا ئىگە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، كلاسسىكلار نەزەردە تۇتقان «ساپا» غا نىسبەتەن كىشىلەر ئىجادىي ھالدا يېڭى مەزمۇنلارنى ئاتا قىلدى . كلاس- سىكلاردا بېكىتىلگەن «ساپا» نىڭ تەبىرى كىشىلەرنىڭ ئىرسى- يىتىدىكى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك ياكى ئاناتومىيىلىك جىسمانىي ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىش بىلەن چەكلىنەتتى . ھا- زىرقى زامان پېداگوگىكا نۇقتىسىدا ئېيتىلىۋاتقان ساپا — ئادەمنىڭ تۇغما ئالاھىدىلىكلىرى ئاساسىدا ، مۇھىت ۋە تەلىم - تەربىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ھەر ئادەمنىڭ بىلىش ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت پائالىيىتى ئارقىلىق يېتىلدۇرگەن بىرقەدەر مۇقىم بولغان جىسمانىي ھەم روھىي تەرەققىياتىدىكى نېگىزلىك پەزد- لەتلەردۇر . جەمئىيەتنى جەمئىيەت قىلىپ تۇرغان بۇ نېگىزلىك پەزىلەتلەر ئادەمنىڭ غۇرۇرى ، روھى ، ئەخلاقى ، مەردلىكى ، ئىلمىيلىكى ، سالامەتلىكى ، كەسپى ، گۈزەللىك قارىشى قاتار- لىق تەرەپلەرگە تۇتاشقان بولۇپ ، ئەقلىگە كەلگەندىن كېيىنكى ئۆگىنىش ھەم مەشىق ئارقىلىق ئېرىشكەن بۇنداق جىسمانىي ھەم روھىي تەرەققىيات پەزىلەتلىرىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئادەمنىڭ ساپاسى بىلىم ھەم قابىلىيەتلىرىدىن ئايرىلالمايدۇ ، بەلكى ، بىلىم ھەم قابىلىيەتلەر ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز ھالدا ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەمنىڭ نېگىزلىك پەزىلەتلىرىدىكى ئىدراك ، ھېسسىيات ، ئاڭ ، ھەرىكەتلىرىنىڭ بىرلىككە كەلگەن گەۋدىسىگە ئايلىنىپ تۇرىدۇ . مەدەنىيەت ساپاسى ھەققىدىكى تەلىم ـ تەربىيىنى كۈچەيتىش دېگەندە ، كىشىلەرنىڭ ھەقىقىي تۇردە ھاياتلىق مەدەنىيىتى دېگەننى چۈشىنىشنى ، زامانىمىزنىڭ ئادىمى بولۇش ئۈچۈن زامانىمىزنىڭ ئەلمى ـ تەلىمىنى چۈشىنىشنى ، باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ، ئۇلار بىلەن ھەمكارلىشىش ، جەمئىيەت ۋە تەبىئەت بىلەن ئىناق بىللە ياشاش ، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ، ئەڭ مۇھىمى زامان ئېتىبارىدا ئىجاد قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش ئارقىلىق بىر قەدەر ئاساسى بولغان مۇقىم ، ئومۇمىي مەدەنىيەت ساپاسى يېتىلدۇرۇشنى ، ئەتراپلىق تەرەققىي قىلىش ئاساسىدا قىزىقىش ، ھەۋەس ، ئارتۇقچىلىق ۋە خاسلىق ئۆزگىچىلىكلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ ، كەسىپ ئۆگىنىش بىلەن بىر چاغدا تالانتقا ئايلىنىپ تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك ئىرادە ۋە يېڭى بىلىملەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ، ئىجاد قىلىشقا ماھىر بولۇشتەك توغرا ئۇسۇللارغىمۇ ئىگە بولۇشنى نەزەردە تۇتىمىز .

## 4 . ئىجادىي ساپا

بىزنىڭ ئىجادىي ساپا قۇرۇلمىسىنى ئۆگىنىشىمىزدىكى مەقسەت ـــ ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى ۋە ئىجادىي قابىلىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى مەزمۇنداشلىق مۇناسىۋىتىنى ئىگىلەش ، ساپا ماتارىيېى بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۆزئارا تولۇقلاش جەھەتتىكى نەزەرىيە پرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ، مىللەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتى ئۈچۈن جۇشقۇنلۇق ۋە ھاياتىي كۈچ پەيدا قىلىش پاراستىگە ئىگە بولۇشتىن ئىبارەت .

ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ساپا قۇرۇلمىسى ئومۇمەن

ئادەتتىكى تەن ھەم پسىخىكا تەرەققىيات ساپاسى بىلەن ئالاھىدە
تەن ھەم پسىخىك ساپا تەرەققىيات ساپاسىدىن ئىبارەت ئىككى
مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئۇلارنىڭ تەن ھەم پسىخىكا
تەرەققىيات ساپاسى ئادەتتە باشقا تىپتىكى تالانتلار بىلەن ئادەتتىـ
كى ئادەملەرنىڭ تەن ھەم پسىخىكا تەرەققىيات ساپاسىغا يېقىن
كېلىدۇ ، ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بۇنداق ساپا ئاساسـ
لىقى تۇغما بولغان ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىك بىلەن تۇغۇلغانـ
دىن كېيىن ئۆگىنىش ئارقىسىدا ئېرىشكەن ئۆزىنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشىدىكى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان نېگىزـ
لىك پەزىلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئىجادىيەت تىپىدىكى
تالانتلار يېگانە تۇغۇلۇپ قالغان تەڭرىنىڭ ئەركە بالىسى ئەمەس ،
شۇنداقلا دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن بىزار بولىدىغان پەرىشتىـ
لەرمۇ ئەمەس ؛ چۈنكى ، تۇغما ھالىتىدە شۇنداق ئۇستۇنلۇك
بولۇپ ، تەن ھەم پسىخىكا تەرەققىياتى ئاجايىپ تولۇق بولغان
ساغلام ھەم ئەقىللىق (ئەۋلىيا سۈپەت ) بالىلارنىڭمۇ تەلىم ـ
تەربىيە ۋە تىرىشچانلىقتىن خالىي ھالدا ئىجادىيەت تىپىدىكى
تالانتلارغا ئايلىنىشى مۇمكىن ئەمەس . ئىجادىيەت تىپىدىكى تاـ
لانتلارنىڭ يېتىلىشىدىكى ئاچقۇچ ئالاھىدە تەن ھەم پسىخىكا
تەرەققىيات ساپاسى بولۇپ ، بۇلار ئاساسلىقى تۇغۇلغاندىن كېـ
يىنكى ئۆگىنىش ، چېنىقىش ئارقىلىق يېتىلدۈرگەن ئىجادىي
قابىلىيەت ۋە ئىجادىي خاسلىققا ئىگە بولغان بۈيۈك غايە ، ئۆتكۈر
ئىدىيە ، ياخشى ئەخلاقىي پەزىلەت ، پەن ـ مەدەنىيەت تەربىيىلىـ
نىشى ، شەيئىلەرنىڭ قانۇنىيىتى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان بىلىم
تەشنالىقى ۋە ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ، مەسىلىلەرنى بايقاش
ھەمدە تىرىشىپ ئۇ مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ۋە ھەل قىلىش
ئۆتكۈرلۈكى ، سۇلماس ئىنتىلىش روھى ، شۇنداقلا يۇقىرىدىكى
نېگىزلىك شەرتلەر ئاساسىغا قۇرۇلغان ئۆزىگە بولغان يۈكسەك
ئىشەنچ ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى قاتارـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . مانا مۇشۇلار ئىچىگە يوشۇرۇنغان روھىي ۋە ئىجادىي قابىلىيەتلەر ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ئىجادىيەتتىكى ھاياتىي كۈچى بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقىنى شەكىللەندۈرىدىغان يادرولۇق ئامىللاردۇر . ئىجادىيەتتە ھاياتىي كۈچكە ۋە ئىجادىيەت خاسلىقىغا باي بولغان تالانتلار مۇقەررەر ھالدا ئىجادىيەتنى ساغلام پەزىلەتنىڭ مېغىزى ، كۈچلۈك ۋەتەندەپەرۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ساغلام پەزىلەتنىڭ تايانچىسى ، ئىنسانىيەت تەقدىرىگە مەڭگۈ كۆڭۈل بۆلۈشنى ساغلام پەزىلەتنىڭ ئىچىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ تۇرۇپ ، مۇشۇلار ئاساسىدىكى ئومۇمىي تەرەققىيات قۇرۇلمىسى ئارقىلىق خاسلىق تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ، خاسلىق تەرەققىياتى ئارقىلىق ئومۇمىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئىجادىيەت تىپىدىكى ساپا قۇرۇلمىسىنى بەرپا قىلىدۇ .

كۆزىتىش قابىلىيىتى ، خاتىرە قابىلىيىتى ، تەپەككۇر قابىلىيىتى ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ، دىققەت قابىلىيىتى قاتارلىقلار ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ئومۇمىي قابىلىيىتىگە نىسبەتەن نېگىزلىك تەلەپلەر بولۇپ ، مۇشۇ ئاساستا ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارغا يەنە بىرلىكنى قولغا كەلتۈرۈپ ئايرىملىقنى ساقلاپ قېلىش ، تارقاقلاشتۇرۇش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش ، ئۇلاش ۋە پارچىلىۋېتىش قاتارلىق كۆپ قىرلىق مۇستەقىل تەپەككۇر يوللىرى بولۇش ، تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش قابىلىيىتى ، تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى يۆتكەش قابىلىيىتى ، باھالاش ۋە ھۆكۈم چىقىرىش قابىلىيىتى ، مۆلچەرلەش ۋە رېئاللاشتۇرۇش قاتارلىق مەشغۇلات قابىلىيىتى بولۇش ، شۇنداقلا تىل قاتارلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى ئۇتۇقلۇق تەتبىقلاپ تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ، مەركەزلەشتۈرۈش ، تەشكىللەش ، ماسلاشتۇرۇش قابىلىيىتى ، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى

قاتارلىق قوراللارنى ئۇتۇقلۇق تەتبىقلاپ ئۇچۇر ئاخباراتلارنى توپلاش، بىرتەرەپ قىلىش، ئالماشتۇرۇش قابىلىيىتى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. مۇشۇ ئىجادىي قابىلىيەتلەر ئىچىدە، ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر پەزىلىتى ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتى ھەمىشە تۇرغۇن تەپەككۇر يوللىرى، ئادەتلەنگەن تەپەككۇر يوللىرىدىن چەتنەيدۇ، ئادەمدە ساقلىنىۋاتقان غاپىللىق، قاشاڭلىق، قاتاللىقلار بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، تەپەككۇر پائالىيىتى داۋامىدىكى كەڭلىك، چوڭقۇرلۇق، ئۆتكۈرلۈك، ئۇنۇمدارلىق، تەتقىقاتچانلىقتەك ئېسىل تەپەككۇر پەزىلەتلىرىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئەھمىيەت ۋە قىممەتكە ئىگە بولغان نىشاننى قوغلاشقان ئۇزاققا سوزۇلغان تەتقىقات بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپى بىلەن ساپا قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدا بەزى بىرىكىش، جورا بولۇش، تەسىرلىنىش، چەتنەش ئۆزگىرىشتەك مەزمۇنداش مۇناسىۋەتلەر بولىدۇ. باشتىن ئاخىرغا سۈرۈشتۈرۈلگەندە، ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپى يۇقىرى ساپالىق تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپىنىڭ مەركەزلەشكەن ئىپادىسى بولسا، ئاخىرىدىن باشقا سۈرۈشتۈرگەندە، يۇقىرى ساپالىق تالانتلارنىڭ ساپا قۇرۇلمىسى نېگىزىدىن يەنە ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈنلۈك بويىچە بىرىكىش مۇناسىۋىتىدىن باشقا، ھەر تەرەپنىڭ ئۆزىدىكى ئامىللار، قاتلاملار ۋە تارماق سىستېمىلارمۇ يەنە ئۆز ئالدىغا كۆپ ئامىللار، كۆپ قاتلاملار، كۆپلىگەن تارماق سىستېمىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، گەۋدىلىك گىرەلىشىش شەكلىدىكى جورا بولۇش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلىنىش مۇناسىۋىتى ئاساس-

لىقى ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپى ئەمەلگە ئاشقان هامان مۇقەررەر هالدا ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ساپا قۇرۇلمىسىدا مۇناسىپ تەسىرلىنىش بولىدىغان، ئەمەلگە ئاشمىغاندا، ئەكسىچە ئەھۋال بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى چەبدەس ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى ئاساسلىقى ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ قابىلىيەت تەلىپى بىلەن ساپا قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدا تامامەن بۆلۈنگەن بىر خەن-دەك بولمايدىغانلىقىنى، ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى ئىچكى دۇنياغا ئۆزلەشكەن هامان ئىجادىيەت ساپاسىغا ئۆزگىرىدىغانلى-قىنى، ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ساپاسى زاهىرلىقتا ئاشكارا بولغان هامان ئادەمنىڭ ئىجادىيەت قابىلىيىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدى-غانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى تەرەپ مانا مۇشۇنداق زىچ باغلاز-غان مەزمۇنداش مۇناسىۋەتتە تۇرغاندا، ئاندىن ئىجادىي قابىلى-يەت يېتىلدۇرگەندە يۇكسەك مەدەنىيەت ساپاسى تەلىم - تەربى-يىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا يەنە، مەدەنىيەت ساپاسى تەلىم - تەربىيىسى جەريانىدا ئىجادىي قابىلىيەت يېتىلدۇرۇشكە ئەهمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن ساپا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپ بولغاچقا، ھەممە ئادەمنىڭ ئاشۇ تەلەپ-لەر بويىچە تەربىيىلىنىپ كېتىشى ناتايىن، لېكىن، ھەر كىم ئۆزىدىكى ئالاھىدىلىكلەر بويىچە ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ۋە ئاجىزلىق تەرەپلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ، كۈچلۈك تەرەپنى تەرەققىي قىلدۇ-رۇش ئۈچۈن ساپا قۇرۇلمىسىنىڭ ئاشۇ نەزەرىيە پرىنسىپلىرىنى بىلىش مۇھىم رول ئوينايدۇ. بولۇپمۇ مەدەنىي مائارىپ سېپىدە ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنىڭ ساپا قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى مۇشۇنداق تەربىيىلىنىش ئەندىزىلىرىنى ئىگىلەش، مەدەنىيەت، مائارىپنىڭ ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئېچىش ئۇستۇنلۇ-

كىنى نۇقتىلىق يېتىلدۈرۈپ ، ئاجىزلىقلارنى تەدرىجىي تۈگى‐
تىش ، مۇشۇ ئاي ، مۇشۇ كۈنلەردە جانغا ئەسقاتىدىغان بىر ئەۋلاد
ئىجادىيەت تىپىدىكى تالانتلارنى تەربىيىلەشتە تولىمۇ مۇھىم
ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## VII باب ئىجادىي ئىختىيارلىق يېتىشتۈرۈش

ئىجادىي ئىختىيارلىق ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ ئىجادىي ئىختىيارلىقنى تونۇشى تولىمۇ تۇتۇق بولۇپ، ئۇنى قانداق قوزغاش، يېتىلدۈرۈشنى ئىگىلەش يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش، ئىجادىيەت خاسلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجادىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇنداق ئىكەن ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق دېگەن نېمە؟ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت جەريانىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىچۇ؟


### 1. ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق

ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق ئاتالغۇسىنى ئۇلۇغ نېرۋىلوگ، پسىخولوگ فرويىد (1856 — 1939) دوختۇرلۇق ۋە پسىخولوگىيە ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، ئىختىيارلىق (Conscious) ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئۆزىنى ۋە مۇھىتنى تونۇيالايدىغان قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەمنىڭ دىققىتى مەركەزلەشكەن پسىخىك جەرياننى ئەسكە ئالغىلى بولىدۇ. ئەس ئەمەلىيەتتە پسىخىكىلىق قۇۋۋەت پائالىيىتىنىڭ بىر خىل لەيلەش سەۋىيىسىدۇر. ئىختىيارسىزلىق (unconscious) بولسا ئادەم پسىخىكىسىنىڭ چۆكمە ھالىتىدۇر. ئىختىيارسىزلىق ئېپتىدائىي قوزغىلىش ۋە مايىللىق تۇغۇلغاندىن كېيىنكى تۈرلۈك ئارزۇ - ئارمان ۋە نەپسى تەلەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئىجتىمائىي ئۆلچەملەر يول قويمىغانلىقتىن قانائەتلەندۈرۈلمەي

ئىختىيارسىزلىق دەرياسىغا باستۇرۇلۇپ قويۇلغان . ئۇلارنى ھەر كىم ئېسىگە ئېلىپ تۇرالمىسىمۇ ، لېكىن ئۇلار يوقىلىپ كەتمەيدۇ ، بەلكى ئىختىيارسىزلىق ئىچىدە پائال ھەرىكەت قىلىپ قانائەت ھاسىل قىلىشنى قوغلىشىپ يۈرىدۇ . شۇڭا ، ئىختىيارسىزلىق كىشىلەر تەجرىبىلىرىنىڭ ئىنتايىن زور ئىسكىلاتىدۇر ؛ ئۇ ئۇنتۇلغان ناھايىتى كۆپ ئارزۇ ـ ئارمان ، نەپسى تەلەپلەردىن تەركىب تاپىدۇ . بۇ يەرگە ئۇنتۇلغان نەرسىلەر ئۆز ۋاقتىدا ئىختىيارلىقتىن ئۆتكەن ، ئەمما ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا زادىلا ئەسكە ئالالمايدىغان نەرسىلەر جۇغلانغان . ئىختىيارلىق بىلەن ئىختىيارسىزلىق ئارىلىقىدا يەنە بىر خىل ئىختىيارلىق ئالۋونى (Preconsciuos) بولۇپ ، دەماللىقتا ئىختىيارلىقتا كەلتۈرگىلى بولمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىختىيارسىزلىق دېڭىزىدا ئۈزۈپ يۈرگەن يەلكىنىنى دىققەتنى يىغقاندا خىيالغا كەلتۈرگىلى ، ئەستايىدىل ئويلانسا ياكى ھېچقانداق قوچۇشلار يوق چاغدا ئەسكە ئالغىلى بولىدۇ . شۇڭا ، ئىختىيارلىق ئالۋۇنى يەنىلا ئىختىيارلىق تەركىبىگە كىرىدۇ . بۇ يەردە فىروئىدنىڭ تەلىماتىنى تونۇشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى چوڭ بولمىغاچقا ، بىز ئىجادىيەت تەلىپىدىكى ئىككى تەرەپنىڭ ئۆتۈشمە ھالىتىنى نەزەرگە ئالدىمىز .

قىسقىچە ئېيتقاندا ، ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆتۈشمىسىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سىستېما بولۇپ ، بۇ پائالىيەتلەرنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئادەم مېڭىسىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پائالىيەتلىرى تەقەززالىقىدا بولىدۇ . ئادەمنىڭ ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ھەم فىزىئولوگىيىلىك ، ھەم پسىخىك پائالىيەت بولىدۇ . ئىختىيارسىزلىق پائالىيىتى بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيىدىكى پسىخىك پائالىيەت ، ئىختىيارلىق پائالىيىتى بىرقەدەر يۇقىرى سەۋىيىدىكى پسىخىك پائالىيەت بولۇپ ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سۈپەت پەرقى

بولىدۇ، ھەمدە ئۇلار ئۆزئارا ئۆتۈشىدۇ. ئادەمنىڭ ئۇيغۇنلىشىش ھەرىكىتى بىلەن ئالىي دەرىجىلىك ئىجادىيەت پائالىيىتى تامامەن مۇشۇ ئىككى خىل پىسخىك سەۋىيىسىنىڭ ھەمكارلىق پائالىيىتىگە تايىنىدۇ، ئادەمنىڭ خاسلىقىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن تەرەققىياتىمۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش ۋە ئۆزئارا تەقەززا قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇنداق باغلىنىشلىق مۇناسىۋەتنى مۇنداق خەرىتىلەشتۈرۈش مۇمكىن:




ئىختىيارلىق، ئىختىيارسىزلىق بىلەن خاسلىق قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزئارا باغلىنىش خەرىتىسى

ھازىرقى زامان مېڭە فىزىئولوگىيىسىنىڭ ئوڭ مېڭە (ئەجدادىي مېڭە) سول مېڭە (ئۆزلۈك مېڭە) تەلىماتى بويىچە قارىغاندا، ئىختىيارسىزلىق ئوڭ مېڭىگە تەئەللۇق بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئۇزاق زامانلار داۋام قىلغان ئەجدادلار تارىخىدىن مەڭگۈلۈك يادىكارلىقلارنى بىزگىچە ئېلىپ كەلگەن، ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان سىرلارنى ھازىرقى زامان پەنلىرى تولۇق شەرھلەپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. ئىختىيارىي پائالىيەتلەر گەرچە خاسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە يېتەكچىلىك ئورۇندا تۇرسىمۇ، لېكىن ئىختىيارلىق ۋە خاسلىق ئىختىيارسىزلىق ئارقىلىقلا شەكىللە-

نەلەيدۇ. ئىختىيارلىقنىڭ ئادەم ھەرىكىتىنى تەڭشەپ كېتەلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئىختىيارلىقنىڭ مەزمۇنى پەقەت نېگىزى جەھەتتىن ئىختىيارلىق قاتناشمىغان مۇرەككەپ نېرۋا پائالىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسىدىن ئىبارەت. مەلۇم مەنىدە شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىختىيارلىقتىكى نەرسىلەر پەقەت بىلىپ ئېلىنمىغان نېرۋا پائالىيىتى دېڭىزدىكى «كىچىك ئارال» دىن ئىبارەت.

شۇڭا، ئىختىيارلىق بىلەن ئىختىيارسىزلىقنى شەرھلەپ بېرىشمۇ ناھايىتى مۇرەككەپ مەسىلە بولۇپ، بۇ يەردە بىز پەقەت ئىجادىي ئىختىيارلىق — ئىجادىيەت ئېھتىياجى — ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى ئېنىقلاش، ئىختىيارسىزلىقتىكى يوشۇرۇن ئىجادىي بايلىقنى ئېچىش نۇقتىسى بولغان ئوڭ ۋە سول مېڭە تەلىماتى، چۈش بايلىقى توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە ئېلىش بىلەن چەكلىنىمىز.

## 2. ئىجادىي ئىختىيارلىق

ئادەمنىڭ پسىخىكىسى ئىختىيارلىقتىكى نەرسىلەر بىلەن ئىختىيارسىزلىقتىكى نەرسىلەرنىڭ مۇرەككەپ ئۆتۈشمىلىرى ئارقىلىق ھاسىل بولغان مۇرەككەپ مەنىۋى سىستېما بولۇپ، بۇلار ئوخشاشلا چوڭ مېڭىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەقەززالىقىدا بولىدۇ. ئىختىيارسىزلىق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە تاشقى مۇھىتتا يۈز بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا بىلمەسلىك ۋە سەزمەسلىكنى كۆرسەتسە، ئىختىيارلىق ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ۋە ۋۇجۇدىنىڭ سىرتىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشلەرگە قارىتا ئومۇمىي سەزگۈ ۋە بىلىشتە بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئىجادىي ئىختىيارلىق دېگىنىمىز مانا شۇنداق ئىجادىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئۇچۇر ۋە ئىجادىي پائالىيەتلەر، ئىجادىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسۇللىرى، ئىجادىيەت جەريانلىرىغا بولغان ئومۇمىي سەزگۈ ۋە بىلىشتۇر. ئىجادىي ئىختىيارلىقى كۈچلۈك بولغان ئادەم ئىجادىيەتكە مۇناسىۋەتلىك ئاشۇ مەزمۇنلارغا قارىتا سەزگۈر بولۇشنىڭ ئۈستىگە ئويلاشقا تەشەببۇسكار بولۇشنى تەكىتلەيدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئىجادىي ئىختىيارلىقنى ئىجاد قىلىشنى ئويلاش ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپلىقى، ئىجاد قىلىش ئارزۇسى دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ھازىرقى خىزمەتلىرىمىزگە ئاجايىپ زور قۇلايلىقلارنى ئېلىپ كەلگەن كومپيۇتېرنىڭ ئىجاد قىلىنىشىنى مىسالغا ئالساق، بۇرۇن ئىجاد بولغان ھېسابلاش ماشىنىسى گويا يوغان بىر ئۆيدەك بولۇپ، بۇنى مەخسۇس تەربىيە كۆرگەن بىر مۇنچە ئادەم بىرلىكتە ئىشلەتكەندىن باشقا ھېچكىم ئۇنى يالغۇز ئىشلىتەلمەيتتى. دۇنيادا بىرىنچى بولۇپ شەخسلەر ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېرنى ئىجاد قىلغان جولبوس «بۇ نېمىدېگەن ئاۋارىچىلىق، بۇنى نېمىشقا شەخسلەر ئېلىپ يۈرۈپ ئىشلىتىدىغان چاققان بىر نەرسىگە ئايلاندۇرمايمىز؟ خەپ توختاپ تۇر، ھەممە ئادەم ئىشلىتىدىغان كومپيۇتېرنى ئۆزۈم ئىجاد قىلمايدىغان بولسام!» دېگەن مۇددىئاغا كەلگەن. ئۇنىڭدىكى مۇشۇ مۇددىئا — ئىجادىيەت ئارزۇسى ئۇنى دائىم تەپەككۇر قىلىشقا، كۆڭلىدىن چىقارماي ئويلىنىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا ھەيدىگەن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىجادىيەتنى ئورۇندىغان. ئۇنىڭ بۇنداق ئەپچىل كومپيۇتېرنى ئىجاد قىلىش مۇددىئاسىنىڭ ھاسىل بولۇشى ناھايىتى كۈچلۈك ئىجادىي ئىختىيارلىقنىڭ بولۇشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ھەر قانداق ئىجادىيەت نەتىجىسى ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، كىشىلەر ھەمىشە ئەڭ ئاخىرقى ئىجادىيەت نەتىجىسىنى كۆرۈپ، ئىجادىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىجادىيەت ئارزۇسىغا سەل قارايدۇ. ئىجادىيەت ئارزۇسى ۋە ئىجادىيەت ئۇسۇلى ئىجادىيەت جەريانىدا گەۋدىلىنى-

دىغان نەرسە بولۇپ ، ئىجادىيەت جەريانىنى شەخسەن ئۆزى بې-
شىدىن كەچۈرمىگەن ، پەقەت ئىجادىيەت نەتىجىسىدىن بەھرىمەن
بولغان ئادەم ئۇلارنى ھېس قىلالمايدۇ . مەلۇم مەنىدىن شۇنداق
ئېيتىشقا بولىدۇكى ، بىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت نەتىجىسىنى بار-
لىققا كەلتۈرەلىشىدە ، ئىجادىيەت ئارزۇسى ئىجادىيەت ئۇسۇلى-
دىنمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ ، بولۇپمۇ ئىجادىيەتنىڭ دەسلىپىدە
شۇنداق بولىدۇ . چۈنكى ، ئىجادىيەت ئارزۇسى ئۇنى مەسىلىلەر-
گە ئائىلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان ، مەسىلىلەرنى بايقايدىغان قىلى-
دۇ ؛ ئىجاد قىلىشنى ئويلايدىغان ئارزۇ ئىجادىيەت جەريانى ئۈ-
چۈن بىر خىل سەپەرۋەرلىك بولىدۇ ، ھەرقانداق كاتتا ئادەم
بولغان تەقدىردىمۇ ناۋادا ئۇ ئىجاد قىلىشنى ئارزۇ قىلمىسا ،
ئۇنىڭدا ھەرقانچە ئىقتىدار بولغان تەقدىردىمۇ ھېچنېمىگە دال
بولمايدۇ . بەزى نامى ئۇلۇغ ، سۈپرىسى قۇرۇق ئادەملەر ئەنە
شۇنىڭ دەلىلى بولۇپ ، ئۇلار دەسلىپىدە سەممىي ، ساددا كۆڭ-
لى بىلەن ئاددىي پۇقرالار ئۈچۈن بەخت يارىتىش يولىدا ئىجاد
قىلىش ئارزۇسىدا بولغان ، كېيىنكى كۈنلەردە ماختانچاق ، مەن-
سەپ - مەرتىۋىلىرىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان غوجا كۆرە ، ھەتتا
شۆھرەتپەرەس بولۇپ كەتكەنلىكتىن سۈپرىسى قۇرۇق بولۇپ
قالغان ، ئىجاد قىلدىم دېگەن نەرسىلىرىمۇ ۋاقتى ئۆتكەن قۇرۇق
نەرسىلەرگە ئايلانغان . بۇ جەھەتتىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ھەم-
مىمىز ئۈچۈن تەربىيىدۇر ، ئەلۋەتتە . ئىجادىي ئىختىيارلىق
ئىجادىي خاسلىق تەركىبىدە تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلە بولۇپ ،
ئۇنىڭ يادروسى ئىجادىيەت مۇددىئاسىدۇر . ئۇ گەرچە خاسلىق
تەركىبىدە بولسىمۇ ، لېكىن خاسلىقنىڭ باشقا ئامىللىرىغا قارى-
غاندا تېخىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . چۈنكى ، خاسلىق دېگەن
ناھايىتى يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا ، ئادەمنىڭ ئالاھىدە ھەرىكەت ۋە
تەپەككۇرىنى بەلگىلەيدىغان پسىخىك پائالىيەت سىستېمىسى بول-
غانلىقتىن ، بۇنداق بەلگىلىمە ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ بىر نەرسى-

گە بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يولىدىكى مۇددىئاسى، قىزىغىنلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئومۇمىي تەركىبى ئىچىدە مۇددىئا ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ قايىاقا قاراپ ھەرىكەت قىلىشىنى بەلگىلەيدىغان يەنى خىزمەت پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدىغان ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى بىز ئاممىبولنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئۈچ قاتلاملىق جەدۋىلىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئىجادىي قابىلىيەت

| | | |
|---|---|---|
| ساھە ماھارىتى مۇنۇلارنى<br>ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:<br>1. بۇ ساھەگە تەۋە بىلىمى<br>2. ئېگىزلىك ماھارىتى<br>3. ئالاھىدە ئىقتىدارى<br>تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەقەززالىقىدا بولىدۇ:<br>1. تۇغما ساپاسى<br>2. مۇنتىزىم ۋە مۇنتىزىم بولمىغان مەشىق<br>3. ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت | ئىجادىيەت ماھارىتى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:<br>1. تونۇم ئۇسلۇبى<br>2. خىزمەت ئۇسۇلى<br>3. ئىجادىيەت ئۇسۇلىنى تەتبىقلاش قابىلىيىتى<br>تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەقەززالىقىدا بولىدۇ:<br>1. مەشىق<br>2. ئىجادىيەت ئەمەلىيىتى<br>3. خاسلىق ئالاھىدىلىكى | ئىجادىيەت مۇددىئاسى مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:<br>1. خىزمەتكە تۇتقان ئېگىزلىك پوزىتسىيىسى<br>2. بۇ ۋەزىپە بىلەن مەشغۇل بولۇشنىڭ ئاساسىغا بولغان تونۇشى<br>تۆۋەندىكىلەرنىڭ تەقەززالىقىدا بولىدۇ.<br>1. ئىچكى مۇددىئاسىنىڭ دەسلەپكى سەۋىيەسى<br>2. مۇھىت تەقەززالىقىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى<br>3. تاشقى بېسىمغا تاقابىل تۇرۇش قابىلىيىتى |

جەدۋەلدىن مەلۇمكى، ئىجادىي قابىلىيەت ئۈچ قاتلاملىق ئوتتۇرا قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان ناھايىتى مۇرەككەپ قابىلى-

يەت سىستېمىسى بولۇشىغا قارىماي ، ئاخىرىدا بېرىپ خىزمەت پوزىتسىيىسى — ئىجادىيەت پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان قىزغىنلىق ئىنتىلىشى بولۇپ كۆچ كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، ئىجادىيەت مۇددىئاسى بولمىسا ، ئىجادىيەتتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس . ھالبۇكى ، خاسلىقنىڭ باشقا ئامىللىرى ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، ئىرادە كۈچىنى ئالساق ، ئۇ پەقەت ئىجادىي پائالىيەتنىڭ داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىشىنىڭ كاپالىتى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى ئېچىشتا ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى گەۋدىلەندۇرۇش ، بولۇپمۇ ئىجادىيەت خاسلىقىنى ھاسىل قىلىش جەريانىدا ئىجادىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان ھالەت مۇددىئاسى بىلەن مۇناسىۋەتى ئەڭ زىچ بولغان مۇددىئا ئالاھىدىلىكى يەنى ئىجادىي ئىختىيارلىقنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان مەزمۇنلارنى گەۋدىلەندۇرۇش كېرەك .

ئىجادىيەت مۇددىئاسى ھالەت مەنسۇپلۇقى بىلەن ئالاھىدىلىك مەنسۇپلۇقىغا ئىگە . ھالەت مەنسۇپلۇقى ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى كونكرېت ھالەتلەرنىڭ بەلگىلەيدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . مەسىلەن ، بىر ئىجادكارنىڭ باھارنىڭ گۈل - چېچەكلىرىنى كۆرگەندە باھارنىڭ گۈزەللىكىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەسەر ئىجاد قىلغۇسى كەلسە ، يەنە بىر كىشىنىڭ سائەتنى توختاپ قېلىپ مەجلىس ئاچىدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولسا ، ۋاقىتقا زادىلا دەخلى قىلمايدىغان يېڭىچە بىر سائەت ئىختىرا قىلغۇسى كېلىدۇ . مانا بۇلار ھالەت مۇددىئاسى ، بىۋاسىتە مۇددىئانىڭ ھالەت مەنسۇپلۇقى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن . لېكىن ، ھالەت مۇددىئاسىنىڭ پەيدا بولۇشى بەزى پسىخىك پەزىلەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك . بۇ پسىخىك پەزىلەتلەر ئىجادىيەت مۇددىئاسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساسىنى تۇرغۇزىدۇ . مانا بۇلار مۇددىئانىڭ ئالاھىدىلىك مەنسۇپلۇقى بولۇپ ، ھەيران قېلىش ھېسسىياتى ،

بىلىم ئېلىش تەشنالىقى، ئىزدىنىش خاراكتېرى، تەشەببۇسكارلىق، ئاكتىپلىق، بايقاش قابىلىيىتى، مەسىلىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈككە ئوخشاش مۇشۇنداق بەزى ئامىللاردىن تەركىب تاپقان بىر قەدەر مۇقىم ئالاھىدىلىكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ھەيران قېلىش ھېسسىياتى كۈچلۈك بىر ئادەم ھەيران قالمايدىغان ئادەمگە قارىغاندا، قىزىقارلىق، ئادەتتىكىلەر ئويلاپ يېتەلمەيدىغان شەيئىلەرنى تېخىمۇ بەكرەك بايقاپ ئالالايدۇ؛ بىر سەزگۈر ئادەم بىخۇد ئادەمگە قارىغاندا مەسىلىلەر ۋە كەمچىلىكنى تېخىمۇ بەك تاپالايدۇ؛ ئىزدىنىش خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەم يۈزەكى ئىشلار بىلەن قانائەتلىنىدىغان ئادەمگە قارىغاندا جاۋابلارنى تېخىمۇ بەك ئاسان تاپالايدۇ. قىسقىسى، يۇقىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئادەملەر بىرقەدەر ئاسانلىقچە كۈچلۈك ئىجادىي مۇددىئا ھاسىل قىلالايدۇ.

ئىجادىي ئىختىيارلىقى بار بىر ئادەم كۈچلۈك ئىجادىيەت ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ، پائال ھەم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىجاد قىلىدىغان روھتا بولىدۇ. ئىجادىي ئىختىيارلىقنى يېتىلدۈرۈش دېگىنىمىز ئاساسلىقى ھەيران قېلىش ھېسسىياتىنى سەگەكلەشتۈرۈش، پائالىيەتچانلىق، تەشەببۇسكارلىق، بەرپاچىلىق، مەسىلىلەرگە بولغان سەزگۈرلۈكنى كۈچەيتىش، ئىزدىنىشچانلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىجادىيەت مۇددىئاسىنى قوزغاش، ئىجادىيەت ھەۋىسىنى يېتىلدۈرۈش، ئىجادىيەت قىزغىنلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش، ئىجادىيەت ئادىتى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت.

### 3. ئىجادىي ئىختىيارلىقتا ئەقىل بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ رول ئېلىشى

ئەقىل بىلەن ئەقلىي ئىقتىدارنىڭ ھەر ئىككىسى ئادەم

مېڭىسىدە بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدە بەزى پەرقلەر بار . ياۋروپالىقلار ئەقلىي ئىقتىدار (intelligence) دېگەن سۆزنى لاتىن تىلىدىكى «legere» دېگەن سۆزدىن قوبۇل قىلغان بولۇپ ، بۇ سۆزنىڭ مەزمۇنى تاللاش ۋە بىر تەسىرات قالدۇرۇش ئۈچۈن توپلاش ، بىرىكتۈرۈش دېگەننى ئىپادىلەيدىكەن ، بۇنداق بولغاندا ، ئەقلىي ئىقتىدار چۈشىنىش ، ئىدراك قىلىش ۋە بىلىش ئۈچۈن تاللاش بىلەن مەشغۇل بولۇش دېگەن مەنىنى بېرىدۇ . تاللاش ئەمەلىيەتتە بىر خىل ئىش قابىلىيىتى ياكى ماھارەتتۇر .

شۇنداق بولغاندا ، ئەقىل بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار بىر مېڭىدە ھەرىكەت قىلىدىغان ئىككى ئۇقۇم بولۇپ ، ئۇلار ئۆزئارا باغلىنىدۇ ، ھەم پەرقلىنىدۇ . ئوخشىتىش بىلەن ئېيتقاندا ، ئەقلىي قابىلىيەت بىلەن ئەقلىي ئىقتىدار كۈچ بىلەن ئىش قابىلىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ . ئەقلىي قابىلىيەت چوڭ مېڭە نېرۋىلىرىنىڭ ئۇچۇر پائالىيىتىدىكى ئالماشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈشلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك رول ئوينايدىغان كۈچ بولىدۇ . ئۇ مۇشۇنداق ئالماشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈش جەريانىدا خىزمەت ئۆتەشكە توغرا كېلىدۇ ، ئالماشتۇرۇش ۋە يەتكۈزۈشتىن بۇرۇنمۇ ئۇنىڭدا مۇشۇنداق ئىش قابىلىيىتى بولىدۇ . مۇشۇ ئىش قابىلىيىتى ئەقلىي ئىقتىداردۇر . ئەقلىي قابىلىيەت ۋېكتورلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ ، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر . ئەقلىي ئىقتىدار بولسا سانلىق كۆپەيگۈچى بولۇپ ، ئۇ ئىش ئۈنۈمىنىڭ قانچىلىك بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان يوشۇرۇن قابىلىيەتتۇر . تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەبىر بەرگەندە ، ئەقلىي ئىقتىدار دېگىنىمىز ئەقلىي قابىلىيەتنىڭ بەلگىلىك ماكان ۋە زاماندا توپلىنىشى ، ھەمدە ئىنتېگرال شەكىلدە مىقدارلىشىدۇر . شۇ سەۋەبتىن تەپەككۇر قىلغۇچى ۋە ئەقىلنى جۇغلاپ ئىشقا سالغۇچى ئاساسلىق ئەزا — مېڭىنى ئەقلىي ئىقتىدار سىستېمىسى

دەپ قاراشقا بولىدۇ . دېمەك ، ئادەمنىڭ چوڭ مېڭە نېرۋا سىس-
تېمىسى خۇددى مەلۇم ئالاھىدە ئىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان
ئۇچۇرلارنى بىرتەرەپ قىلغۇچى ماشىنىغا — تەپەككۇر ماشىنى-
سىغا ئوخشايدۇ . چوڭ مېڭە نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئۇچۇرلارغا
ئىش قوشۇشى تەپەككۇرنىڭ پسىخىك جەريانى بولۇپ ، چوڭ
مېڭە مەركىزىي نېرۋىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نېرۋىلار ،
تەسىرلەنگۈچى ئەزالار ، ئۈنۈم بەرگۈچى ئەزالار قاتارلىقلار-
دىن تەركىب تاپقان تىزگىنلەش سىستېمىسىدۇر . يەنى ئا-
دەمنىڭ ئۇچۇرلارغا ئىش قوشىدىغان ئەڭ ئاساسلىق ماددىي
ئورگىنى — ئادەم مېڭىسىدىن ئىبارەت ئەقلىي ئىقتىدار
سىستېمىسىدۇر . ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش ئىلمىي ئاساسلىقى
تەپەككۇر مەشىقىنى ئاساس قىلىپ ، مېڭىدىكى ئەقلىي ئىقتى-
دارنى ئۆستۈرۈش — يوشۇرۇن بايلىقنى ئېچىش ئۈچۈن خىز-
مەت قىلىدۇ . بۇ پەن تەپەككۇر پەنلىرى ئىچىدە بۇرۇنقىلارغا
ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش مەرتىۋىسىدە تۇرى-
دۇ . ئۇ ھەم تەپەككۇرنىڭ تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىغا بىرلەشتۈ-
رۈپ تەپەككۇرنىڭ قائىدىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ ، ھەم تەپەك-
كۇر نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشتىكى تەپەك-
كۇرنىڭ تېخنىكىلىق مەشقلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ . بۇرۇن
مەملىكىتىمىزدە خەلقىمىز ناھايىتى ئىشچان بولسىمۇ ، تەپەككۇر
مەشقلىرى توغرىسىدىكى پەنلەر ناھايىتى ئۇزاق ئوقۇتۇلمىغان-
لىقتىن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ تەپەككۇر قائىدىلىرىنى چۈشىنى-
شى يېتەرلىك بولمىغان ، تەپەككۇرىمىزنى مەشىق قىلدۇرىدىغان
تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىمىز گادايىنىڭ ئاچ قورساق ھالىتىدەك
قاغجىراپ كەتكەن ئىدى . 80 ـ يىللاردىن باشلاپ بۇ ھەقتە
دۇنياۋى قوزغىتىشلار بولۇپ ، ئىلغار ئەللەرنىڭ تەپەككۇر قائى-
دىلىرى ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى

كەڭ تۈردە تەتبىقلاپ كىرگۈزۈلدى . بىز بۇلارنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «تالانت بوسۇغىسى» دېگەن كىتابىمىزدا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۇق . ھازىرقى سانلىق مەلۇماتلاردىن قارىغاندا ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىش بويىچە مەشىققە كىرگۈزۈلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكىر قىلىش قابىلىيىتى ئادەتتىكى ئۆگىنىشتە ئېرىشكەن نەتىجىسىگە قارىغاندا 2 ـ 3 ھەسسە ئۆسكەن ، بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ زېھنىي قۇۋۋىتىمۇ ئۆسۈپ بارغان . بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان ئېلىمىزنىڭ خەنزۇلار مائارىپىدا تەپەككۇر مەشىقىنىڭ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك قانۇنىيەتلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش تەرتىپى بويىچە باشلانغۇچ ، ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەردە كەڭ تۈردە ئوقۇتۇلماقتا . بولۇپمۇ ئەقلىي قابىلىيەت تەركىبىدىكى كۆزىتىش ، خاتىرە ، دىققەت ، تەپەككۇر ، تەسەۋۋۇر مەشىقلىرىنى تۈرلەر بويىچە قانات يايدۇرۇشتىن ئۇلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش بويىچە كۆپ تەرەپلىمە ئىزدىنىپ ، ئەقلىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئۆزگىچە سەزگۈلىرى ھەربىر ئوقۇغۇچىدىكى ئۇستۇنلۇك بويىچە ئەمەلىي مەشىقلەرگە يېتەكلەنمەكتە . بۇ شىنجاڭ مىللەتلىرى مائارىپىدا جىددىي ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ئىلغار ئۇلگىدۇر .

ئەقىل بايلىقى بىلىم ئىگىلىكى نامىدا ئاتىلىۋاتقان ئەقلىي ئىقتىدار ئىگىلىكىدە نېگىزلىك بايلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن بىز ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇدىيىتىمىزنى ساقلاش ۋە زامان تەلىپىدە ئۆستۈرۈشتىكى خەزىنىمىزدۇر . ئالىملار بۇ بايلىق ئۇستىدە تەلىملەر بەرگەندە ، ئادەم كاللىسىدىكى ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئەقلىنى خۇددى دېڭىزدەك چەكسىزلىك ھالىتىدە تەسۋىرلەيدۇ . ئىختىيارلىق بىلەن ئىختىيارسىزلىقنى بىر تەرىپى دېڭىزغا چوقۇنۇپ تۇرغان مۇز تاغقا

ئوخشىتىپ، دېڭىز ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قىسمى زاھىرە، دېڭىزغا چۆكۈپ تۇرغان قىسمى پىنھان بولىدۇ دەيدۇ. مەسىلەن، نىرىئولوگ فىروييد «ئىختىيارلىق خۇددى مۇز تاغنىڭ زاھىرە چوققىسى بولۇپ، دېڭىزغا چۆكۈپ تۇرغان قىسمىنىڭ قانچىلىك چوڭقۇرلۇقتا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ» دېگەن. شۇڭا، بىز ئىختىيارلىقىمىز ئارقىلىق پىنھان تۇرغان ئىختىيارسىزلىقىمىزغا تەسىر يەتكۈزۈپ «يوشۇرۇن ئامىللار» نى ئاشكارىلاشقا، بۇنىڭ بىلەن ھاياتىمىزنى تەڭشەش ۋە ئۇنى كۈچەيتىشكە موھتاج بولىمىز.

پسىخولوگىيىدە تەكىتلىنىدىغان ئىختىيارلىق ئاڭلىق يۈرگۈزۈلىدىغان پسىخىك پائالىيەتنى — ئوبيېكتىپ دۇنياغا بولغان ئاڭلىق ئىنكاسنى كۆرسىتىدۇ. ئىختىيارسىزلىق بولسا بىلىنەر - بىلىنمەس يۈز بېرىدىغان، ئىختىيارلىق بولمىغان پائالىيەتنى كۆرسىتىدۇ. فروييدنىڭ قارىشىچە، ئىختىيارسىزلىق تەبىئىيلىككە ياتىدىغان بىر خىل ئىنتىلىش بولۇپ، ئۇ يوشۇرۇن ھالەتتە ئىختىيارلىققا ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىيارسىزلىق پسىخىك پائالىيەتنىڭ نېگىزلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى، ئادەمنىڭ مۇددىئالىرىنىڭ بۇلىقىدۇر.

ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى ئېچىشتىكى ئاساسلىق ئۇسۇل ئاشۇ ئىختىيارسىزلىق بىلەن ئۆتۈشمە ھاسىل قىلىپ، ئىختىيارسىزلىقتىكى غايەت زور قۇۋۋەتنى تەتبىقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشتۇر.

ئىختىيارلىق بىلەن ئىختىيارسىزلىقنى كومپيۇتېرغا ئوخشاتساق، چوڭ مېڭىمىز كومپيوتېرنىڭ قاتتىق دېتاللىرىغا، ئىختىيارسىزلىقىمىز كومپيۇتېرنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىغا توغرا كېلىدۇ؛ زاھىرلىنەلەيدىغان ئاڭ — ئىختىيارلىقىمىز بولسا كومپيۇتېرنىڭ مەشغۇلاتچىسى بولىدۇ. ئۇچۇر تارقىتىش ئالىملىرى-

نىڭ كۆرسىتىشىچە ، ئىنسانلار مېڭىسىدە بىر خىل ئاپتوماتىك مۇلازىمەت مېخانىزمى بولۇپ ، پەقەت سىز نىشانىڭىزنى ئۇنىڭ تەرتىپىگە كىرگۈزۈپ كېتەلىسىڭىزلا ، ئۇ شۇ هامان ئاپتوماتىك هەرىكەتكە كېلىدۇ ، نىشانىڭىزغا ئاپتوماتىك يول باشلايدۇ ، هەمدە مەقسەتكە يەتمىگۈچە توختاپ قالمايدۇ . شۇڭا ، ئىنسانلار مۇشۇ ئاپتوماتىك سىستېمىنى ئىگىلىۋېلىشى كېرەك . «ئادەم-نىڭ يوشۇرۇن قابىلىيىتىنى ئېچىش» دېگەن مانا مۇشۇ . بۇنداق ئىكەن ، ئىختىيارلىق بىز ئاللىقاچان بىلىپ ئالغان ئىقتىدار — قۇۋۋەت ؛ ئىختىيارسىزلىق بىز تېخى بىلىپ ئالالمىغان ئىقتىدار - قۇۋۋەتتۇر . بىلىنگەن ئىقتىدارغا تايىنىپ بىلىنمىگەن ئىقتىدارنى ئې-چىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىزدۇر . ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، ئىن-سانىيەتتىكى سىرلارنىڭ كۆپ قىسمى ئىختىيارسىزلىقتا يوشۇرۇنغان بولۇپ ، ئۇ ، بايلىقنى ئېچىشتىكى بىرىنچى ئاچقۇچتۇر .

كانادا ئالىمى سەيلىنىڭ «خىيالىمىزدىن تەرەققىياتقىچە» دېگەن كىتابىدىكى كۆرسەتمە بويىچە قارىغاندا ، ئادەم مېڭە پوستىلىقىغا يوشۇ-رۇنغان تەپەككۇر قۇدرىتىنى ئاتوم يادروسىغا يوشۇرۇنغان فىزىكىلىق قۇۋۋەتكە تەڭلەشتۇرۇش مۇمكىن . ئادەم مېڭىسىدىكى يوشۇرۇن قابى-لىيەت ۋە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ چېكى ئېنىقسىز بولۇپ ، ئادەم ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ يۈرگەن بىلەن تېخى ئۆزىدىكى پاراسەت چېكىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيدۇ . شۇڭا ، ئىنسانىيەتتە ئۆزىنىڭ پاراسەت چېكىگە مەڭگۈ تەلمۈرۈپ تېگىگە يېتەلمەيدىغان قىزىقارلىق هادىسە يۈز بېرىدۇ . شۇنداقلا هەر نېمە دېگەنبىلەن ئۆز مېڭىسىنىڭ بىر قىسمىنىلا ئىشقا سېلىپ كۆپ قىسمىنى ئۇخلىتىپ قويىدۇ . شۇڭا بىز ئىنسانلار ئۆز كامالىتىمىزگە يېتىش ئۈچۈن تەبىئەت ئاتا قىلغان بۇ ئىلتىپاتنى تولۇق تونۇپ يېتىپ ، ئەقىل بۇلىقىمىزنى ئاچىدىغان تەپەككۇر مەشىقىنىڭ قائىدە ۋە تېخنىكىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ ۋە ئىجاد قىلىپ ، مېڭىمىزنى خۇددى تەنتەربىيە ئارقىلىق بەدىنىمىزنى چېنىقتۇرغاندەك

چېنىقتۇرۇشىمىز كېرەك. ئويلاشقا، ئىجاد قىلىشقا ئىرىنچەكلىك قىلمايدىكەنمىز، ئۆزىمىزنى تالانت ياكى ئالاھىدە تالانتقا ئايلاندۇرۇپ، ھەر قوۋم ئۆز ئارىمىزدىن ئۇلۇغ ئالىملارنى مەيدانغا چىقىرىپ ھەقىقىي ئىنسانلىق غۇرۇرى بىلەن ئېپتىخارلىنالايمىز.

## 4 . سول ۋە ئوڭ مېڭە فۇنكسىيىسى

ئىجادىيەت تېپىدىكى تالانتلارنى يېتىشتۈرۈشتە بىزنىڭ سىياسىي ۋە سۇبيېكتىپ قىزغىنلىقىمىزنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ قىزغىنلىقلارنى پەن ئاساسىدا، بولۇپمۇ پەندە ئېچىلغان يېڭى تەلىماتلار ئاساسىدا جارى قىلدۇرۇش مۇتلەق شەرتتۇر. چۈنكى، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشتا بىز غايە، ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتلەردە تەكىتلەيدىغان بىر مۇنچە تەرەپلەر بولسىمۇ، بۇلار پەقەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي قۇرۇلمىسى جەھەتتىن تەبىئەت قانۇنلىرىغا مۇتلەق رىئايە قىلىدىغان ئادەم ئالەمدىكى مۇقەررەرلىكلەرگە قىزغىن ھەم ئاكتىپ ئۇيغۇنلاشقاندىلا ئاندىن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش، ئۆستۈرۈش مۇددىئاسىغا يېتەلەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئىجادىيەت قابىلىيىتىنى ئېچىشتا تايىنىدىغان تۈرلۈك تەلىماتلار بار، ئەلۋەتتە. بىزنىڭ ئىجادىيەت پرىنسىپى، ئىجادىيەت ئۇسۇلى، ئىجادىيەت ماھارىتى جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان ئۇسۇللىرىمىز مەلۇم نۇقتىلاردىن ئالغاندا يېڭى تەلىمات بولۇپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىجادىيەتشۇناسلار، پسىخولوگلار، تالانتشۇناسلار ئوتتۇرىغا قويىدىغان پرىنسىپ، ئۇسۇل، ماھارەتلەر ھەم يېڭى تەلىماتلار قاتارىغا كىرىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە چوڭ مېڭە (مېڭىنىڭ

ئالىي ئورگىنى ، پسىخىك پائالىيەتلەرنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى ) گە بېرىپ تاقالغانلىقىدىن ، چوڭ مېڭە ھەققىدىكى يېڭى بايقاش ۋە تەلىماتنى بىلىش ئۈزلۈكسىز بايقىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ تۇرىدىغان كىچىك تەلىماتلارغا قارىغاندا ، بىزنى تېخىمۇ توغرا يولغا باشلايدۇ ۋە باشقا كىچىك تەلىماتلارغا يېتەكچى بولىدۇ . ئەمما ، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى ، چوڭ مېڭە ئۈستىدىكى تەتقىقات ئەسلىدە ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈ-شى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىش ، چوڭقۇرلاش نەتىجىسىدە ئىجادىيەتشۇناسلىققا ئۆزلەشتۈرۈلگەن . يەنە كېلىپ بۇنىڭ ئىجادىيەتشۇناسلىققا تەتبىقلىنىشىمۇ ئۇنى ئىجاد قىلغان بىئولوگ ، فىزىئولوگ ، دوختۇر ، نېرۋىلوگلاردىن كۆپرەك تالانتشۇناس ، ئىجادىيەتشۇناسلار تەرىپىدىن ئورۇنلاذ-غان .

چوڭ مېڭە ھەققىدىكى يېڭى تەلىمات ئامېرىكا نېرۋا فىزد-ئولوگى دوكتور روگېر ۋولكوت سىفررۇ باشچىلىقىدا كانادادا تۇغۇلغان ئامېرىكىلىق نېرۋا فىزىئولوگى داۋىد ھونتېر ھۇبېل ، شۋېتسارىيە نېرۋا فىزىئولوگى تورستېن نىلس ۋىيسىلدىن ئى-بارەت ئۈچ كىشىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ ، ئۇلار XX ئەسىرنىڭ 70 يىللىرىدا بۇ تەلىماتنى كەشىپ قىلىپ ، 1981 ـ يىلى بىرلىكتە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن . بۇ تەلىماتنىڭ تۈپ مەزمۇنى : سول مېڭە ئاساسلىقى تىل ، سان ـ ساناق ، ھېسابات ، مەنتىقە ، تەرتىپ جەھەتتىكى تەپەككۇرنى باشقۇرىدىغان ئەقلىي مېڭە ؛ ئوڭ مېڭە رەسىم ، گرافىكلارنى تونۇش ، ئوبرازلىق خاتىرە قالدۇرۇش ، قاپىيە ، رېتىم ، مۇزىكا ، تەسەۋۋۇردەك سەنئەت ۋە ھېسسىيات تونۇملىرىنى باشقۇرىدىغان ھېسسى مېڭە . سول ، ئوڭ مېڭە بىرقانچە مىليارد نېرۋا تالالىرى ئارقىلىق ئۆزئارا باغلىنىپ

تۆرىدۇ . نورمال ھەرىكەت قىلغاندا ، ھەر دەقىقىدە بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە 40 مىليارد قېتىم ئۇچۇر ئالمىشىپ تۇرىدۇ ، مۇشۇ ئاساستا سول ۋە ئوڭ مېڭە بىر - بىرىنى ئۆزئارا تولۇقلاپ ، زىچ ماسلىشىپ ، فۇنكسىيە جەھەتتە ئۆزئارا تولۇقلايدىغان ھەمدە ئالماشتۇرۇش مېخانىزمى ئۇنۇمىگە ئىگە بولغان بىر تۇتاش تىزگىنلەش سىستېمىسى ھاسىل قىلىدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت . بۇ تەلىمات كىشىلەرنىڭ ئوڭ مېڭە ھەققىدىكى تونۇشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپلا قالماستىن ، تېخىمۇ مۇھىمى ئوڭ مېڭە فۇنكسىيىسىنى تۆۋەن مۆلچەرلىگەن قاراشلىرىنى تۈزىتىپ ، ئوڭ مېڭىنىڭ ئوبراز ، ماكان ، زامان ئۈستىدىكى ئىدراكى تونۇم سىستېمىسى ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ تاشقى دۇنيانى ئىدراك قىلىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن ، بەلكى يەنە تەسەۋۋۇر ، بىۋاسىتە سەزگۈگە ئوخشاش غەيرىي مەنتىقە تەپەككۇر شەكلى بىلەن ئىجادىي تەپەككۇر ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىپ ، يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم فىزىئولوگىيىلىك ئاساس ۋە يېتەكچى ئىدىيە يەتكۈزۈپ بەردى . دېمەك ، بۇ تەلىمات ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ مېڭىسىنى تونۇپ يېتىش ئاساسىدا ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش ئۈچۈن ناھايىتى زور تەرەققىياتلارنى ئېلىپ كەلدى . 90 - يىللارغا كەلگەندە ، چۈنشەن ماۋۇشىيوڭ دېگەن بىر ياپونىيىلىك دوكتور كۆپ يىللىق ئىزدىنىش ئارقىلىق سول ۋە ئوڭ مېڭە فۇنكسىيىسى ھەققىدە يېڭى بىر تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى مۇنداق يىغىنچاقلاش مۇمكىن .

بىرىنچى ، سول مېڭە مەنتىقى ھەم ھېسسىي بولىدۇ . ئۇ تىل ، ھېسابلاش ، مەنتىقە ، ئانالىز قىلىش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزگەندە يەنە خوشلۇق ، خاپىلىق ، قايغۇ ، شادلىق ھېسسىياتلىرىغىمۇ ئىگە بولىدۇ . ھەمدە سول مېڭە بىر ئادەم تۇغۇلغاندىن

كېيىن قوبۇل قىلغان بارلىق ئۇچۇرلارنى ساقلايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئۆزلۈك مېڭە» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئىككىنچى ، ئوڭ مېڭە بىۋاسىتە سېزىش ، ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش ، ماكان ، زامان ، گرافىكلارنى پەرق ئېتىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە بولۇشتىن باشقا ، ئەجدادلانىڭ ئىرسىيەت ئۇدۇمى بويىچە ئەۋلادلارغا قالدۇرغان پۈتكۈل ئۇچۇرلارنى ساقلاشتىن ئىبارەت ئېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر فۇنكسىيىگە ئىگە . ئۇ «ئەجدادىي مېڭە» دەپ ئاتىلىدۇ .

ئۈچىنچى ، سول ، ئوڭ مېڭە گەرچە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل تۇرۇپ ، ئۆز ئالدىغا ئوخشىمايدىغان فۇنكسىيە يۈرگۈزسىمۇ ، بولۇپمۇ ئۇچۇر ساقلاش جەھەتتە «ئۇجۇر - بوجۇرىغىچە ئېنىق ئايرىلىپ» تۇرسىمۇ ، لېكىن ئۇلار قانچە مىليارد «مېڭە ئۆسۈكچىسى» نېرۋا تالالىرىدىن تەركىب تاپقان كۆۋرۈكلەر ئارقىلىق ئۇلىنىپ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارالايدۇ .

تۆتىنچى ، سول مېڭە «ئۆزلۈك مېڭە» بولۇپ ، ئۇ نېگىزلىك پائالىيەت ۋە قانداق ئۇچۇلارنى ساقلاش جەھەتتە ئۆزىدىكى ئەقلىلىق بىلەن ھېسسىيلىققا تايىنىپ ئۆزىنى باشقۇرىدۇ . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ ئىختىيارلىق مېڭە بولىدۇ ؛ ئوڭ مېڭە بولسا «ئەجدادىي مېڭە» بولۇپ ، تۇغما ھالەتتە تۇرىدۇ . ھېسسىياتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۇچرىمايدۇ ، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئىختىيارسىز مېڭە بولىدۇ . ۋاقىت جەھەتتىن پەرەز قىلغاندا ئوڭ مېڭە ساقلايدىغان ئۇچۇر مىقدارى (تەخمىنەن بەش مىليون يىللىق ) سول مېڭە ساقلايدىغان ئۇچۇر مىقدارى (50 يىل ھېسابلىغاندا ) دىن 100 مىڭ ھەسسە كۆپ بولىدۇ ، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا ، ئوڭ مېڭىنىڭ ئۇنۇمى سول مېڭىدىن 100 مىڭ ھەسسە ئۈستۈن بولىدۇ .

بەشىنچى ، ئوڭ مېڭە ساقلايدىغان ئەجدادلارنىڭ ئىرسىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇدۇمى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار ھەر قاچان ھەر قانداق يەردە ئەۋلادلارغا يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ، قانداق قىلىش كېرەكلىكى ، قانداق قىلماسلىق كېرەكلىكى ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىپ تۇرىدۇ . ئوڭ مېڭە ئوبرازلىق خاتىرە قالدۇرۇپ سۆزلىمەيدىغان بولغاچقا ، تەبىئىي مايىللىقتا ئائىت بەزى شەرتسىز رېفلېكسلار ھەققىدە بىۋاسىتە بېشارەت بەرگەندىن باشقا ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كۆرسەتمە بېرىدىغان ئۇچۇرلار ئالدى بىلەن سول مېڭىگە ئۆتۈپ ئۆزلەشكەندىن كېيىن ئاندىن ئىشقا كىرىشىدۇ ؛ سول مېڭىمۇ بەزىدە تۇغۇلغاندىن كېيىن ئېرىشكەن ۋە قاتتىق تاسقاشتىن ئۆتكۈزۈپ ئەۋلادلارغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك ئىكەن دەپ قارىغان ئەڭ قىممەتلىك ئۇچۇرلار ئوڭ مېڭىنىڭ «ئەجدادىي مېڭە» ئۇچۇر خەزىنىسىنىڭ ساقلىنىشىغا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ .

ئالتىنچى ، سول ۋە ئوڭ مېڭىدە گەرچە شۇنچە كەڭ «ئۆسۈكچە» يوللىرى ئارقىلىق ئالماشتۇرۇش بولۇپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بۇنداق ئالماشتۇرۇشلارنىڭ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى كەمدىن - كەم بولىدۇ . چۈنكى ، بىرىنچىدىن كۆپ ساندىكى ئادەملەر ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇنداق مول مىراسقا ۋارىسلىق قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى تېخىچە بىلمەيدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، سول ۋە ئوڭ مېڭىلەرنىڭ ئالماشتۇرۇشى ئالاھىدە مۇھىت ۋە شەرت ئاستىدا ئاندىن ئېلىپ بېرىلىدۇ ، ئاندىن ئۇنۇم قازىنىدۇ .

ناھايىتى قىزىقارلىق ئىش شۇكى ، خۇددى يۇقىرىدا قەيت قىلىنغاندەك ، چوڭ مېڭە ئۈستىدىكى بۇ تەتقىقات ئادەمنىڭ ساغلاملىق ۋە ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىنىلا مەقسەت قىلغان بولۇپ ، بۇ تەلىماتنى ئىجاد قىلغۇچى ئۇنى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشقا تەتبىقلاشنى زادىلا ئويلاپ كۆرمىگەنىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ بۇ يېڭى تەلىماتى ئىجادىيەتشۇناسلارغا زور خۇشاللىق ئېلىپ كەل-

دى . ئىجادىيەتشۇناسلار بۇ تەلىماتنى ئىنسان مېڭىسىدىكى يو-شۇرۇن بايلىقنى ئېچىشنىڭ ئاچقۇچى دەپ قارىدى . ئۇنى تەتبىق-لاش جەھەتتە ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات ئېلىپ باردى . نەتىجىدە ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتشۇناسلىقتا «شۇنداقلىقنى بىلسىمۇ ، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان» نەرسىلەرنى شەرھلىشىدە ئىشى ئۇڭدىن كەلدى ـ دە ، ھەممە ئىش رەت ـ رىتىگە چۈشۈپ كەتتى . يىغىپ ئېيتقاندا ، فىزىئولوگىيە ۋە پسىخولوگىيە بىر-لىكىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ مېڭىنىڭ سول ۋە ئوڭ قانىتى ھەققىدىكى تەلىماتنىڭ دوختۇرلۇق ساھەسىدە كەشىپ بولۇنغى-نىغا قارىماي ، ئىجادىيەت قۇرۇلۇشىدا مۇنۇ قاراشلار ئىجادىي پائالىيەتنىڭ قانۇنىي مىزانلىرىغا ئايلاندى :

بىرىنچى ، ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش ئوڭ مېڭە بىلەن زىچ باغلىنىدۇ ، ئىجادىيەت مىسلى كۆرۈلمىگەن شەيئىلەرنى بار-لىققا كەلتۈرىدىغان ئىش بولغانلىقتىن ، سول مېڭە «ئۆزلۈك مېڭە» نىڭ ئۇچۇر خەزىنىسىدىن تەييار جاۋاب تېپىشى ناھايىتى تەس بولغاچقا ، ئىجادىيەت جەريانىدا ئۇچرىغان قىيىن مەسىلە-لەرگە «ئەجدادىي مېڭە» دىن مەسلىھەت سوراش ، «ئەجدادىي مېڭە» ئۇچۇر خەزىنىسىدىن جاۋاب ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ئىجادىيەتنىڭ ئوڭ مېڭە بىلەن باغلىنىشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال بولىدۇ . بۇنداق ئەھۋالدا ئىجادىي قابى-لىيەتنى ئېچىشنى سول مېڭە بىلەن ئوڭ مېڭىنى ھەمكارلاشتۇ-رۇشنى قانداق ئېلىپ بېرىش ۋە «ئەجدادىي مېڭە» ئۇچۇر خەزى-نىسىدىكى ئۇچۇرلاردىن پايدىلىنىپ ئىجادىي پائالىيەتلەرنى قان-داق قانات يايدۇرۇشنىڭ ئېپىنى ئىگىلەش دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ .

ئىككىنچى ، ئىجادىي قابىلىيەت ھەممە ئادەمدە بولۇپلا قال-ماي ، ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى پەرقمۇ ئاز بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىنسانىيەتنىڭ بەش مىليون يىللىق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريا-
نىدا توپلىغان چوڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش داۋامىدىكى
مول پاراسىتى «مىراس» سۈپىتىدە ئەۋلادلارنىڭ ۋارىسلىق قى-
لىشىغا قالدۇرۇلۇپ، ھېچ ئادەمگە يان باسماستىن ھەر بىر
ئادەمگە تېگىشلىك نېسىۋىسىنى بېرىدۇ. كېيىنكى كۈنلەردە ھەر
بىر تارماقتا كۆپەيگەن ئۇچۇرلارغا كەلسەك، ئۇنىڭ تىلغا ئالغۇ-
چىلىكى يوق بولۇپ، ئومۇمەن ئىپتىقاندا پەرق ئانچە زور بولماي-
دۇ.

ئۈچىنچى، ئىجادىي قابىلىيەت بىلەن يوشۇرۇن قابىلىيەت
بىر خىل قىممەتلىك بايلىق بولۇپ، ئۇنى ئېچىش شەرت. ئوڭ
مېڭە تىلسىز بولغاچقا، ئۇ ساقلاۋاتقان زور مىقداردىكى ئەجداد-
لاردىن مىراس قالغان ئۇچۇرلار يوشۇرۇن قابىلىيەت بولىدۇ.
لېكىن بۇ ئۇچۇرلار «مېڭە ئۆسۈكچىلىرى» ئارقىلىق سول مې-
ڭىگە يەتكۈزۈلۈپ ئۆزلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن رول ئوينايدۇ،
مانا مۇشۇ ئەھۋال ئېچىشقا بولىدىغانلىقىنىڭ ئاساسى. ئەگەر
بۇنداق يوشۇرۇن قابىلىيەت ئېچىلمىسا تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق
ئىش بولىدۇ.

تۆتىنچى، ئىجادىيەت قىلىشتا يوشۇرۇن كۈچ چەكسىز بول-
سىمۇ، ئەمما سول ھەم ئوڭ مېڭە تەڭ ئېچىلغاندا چوڭ مېڭى-
نىڭ فۇنكسىيىسى ئاندىن تولۇق جارى بولىدۇ. «ئەجدادىي
مېڭە» ساقلاۋاتقان بەش مىليون يىلدىن بۇيان توپلىغان پاراسەت
جەۋھىرى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، يوشۇرۇن قابىلىيەتنى چەك-
سىز دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئوڭ مېڭە گەپ قىلالمىغانلىق-
تىن، ئوڭ مېڭىدە ساقلىنىۋاتقان ئەجدادلارنىڭ ئىرسىيەت ئۇ-
دۇم خەۋەرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «مېڭە ئۆسۈكچىلىرى»
ئارقىلىق سول مېڭىگە يەتكۈزۈلۈشى شەرت، سول مېڭىدە
«ئىش قوشۇپ بىر تەرەپ قىلىنىپ» ئىجادىي قابىلىيەتكە ئايلى-

نىشى شەرت . شۇنىڭ ئۈچۈن سول ھەم ئوڭ مېڭە بىرلا چاغدا ئېچىلغاندا ، چوڭ مېڭىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ .

بەشىنچى ، ئىلھام . ئىجادىيەت ئومۇمەن تەييارلىق ، كېڭىشىش ، ئويغىنىش ۋە ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت باسقۇچتىن ئۆتىدۇ . ئويغىنىش باسقۇچى ئىلھام دەپمۇ ئاتىلىدۇ . ئۇنىڭ كونكرېت ھالىتىنى ئېيتساق ، كېڭىشىش باسقۇچىدا تولۇق كېڭىشىپ بولغاندىن كېيىن ، تەپەككۇر يۇكسەك مەركەزلەشكەن ۋە لەرزىگە كەلگەن ھالەتتە تۇرىدۇ ، تەپەككۇر قىلىنىۋاتقان مەسىلە ئاللىقاچان ئاساسىي جەھەتتىن پىشىپ يېتىلىسىمۇ ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا تامامەن پىشىپ يېتىلىپ بولمىغان بولىدۇ ، مۇشۇنداق چاغدا مەلۇم قوزغىتىشقا ئۇچرىغان ھامان تەپەككۇر قىلىنىۋاتقان مەسىلە خۇددى بىر سېغىنىپ كۆرگىمىز كېلىپ كەتكەن ئادەمنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا ئۆزىمىزنى ئاتقاندەك مېڭىمىزدە چاقناپ كۆرۈنىدۇ ، مانا مۇشۇنداق يورۇش ھالىتى ئىلھام دەپ ئاتىلىدۇ . ئىلھامنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ۋە قاياقتىن كېلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئۇزاقتىن بۇيان ئۇنىڭغا بىرقەۋەت سىرلىق پەردە يېپىلىپ قالغان . مېڭە ھەققىدىكى بۇ يېڭى تەلىمات مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ، ئىلھام «ئۆزلۈك مېڭە» مېڭە ئۆسۈكچىلىرى ئارقىلىق «ئەجدادىي مېڭە» (ئوڭ ) ئۇچۇر خەزىنىسىدىن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە كېرەكلىك بولغان ئىجادىي ئۇچۇر ئىزدىگەن ، ھەمدە شۇ ئۇچۇرلار يەنە بىر قېتىم مېڭە ئۆسۈكچىلىرىدىن ئۆتۈپ «ئۆزلۈك مېڭە» (سول ) نىڭ ئۆزلەشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى ئارقىلىق ئەمەلىي ئۇسۇلنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە قايتىپ كەلگەن ئاشۇ مامىنتۇر ، دەپ چۈشەندۈرۈشكەن بولدى .

ئالتىنچى ، ئەقىلنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل

دۇنيادا بىرىنچى دەرىجىلىك ئىجادىيەت ئۇسۇلى دەپ تەرىپلەنگەن . ئەمما ، بۇ ئۇسۇلنى قوللانغاندا نېمە ئۈچۈن گۇمانى ھەم قىيىن مەسىلىلەر قىسقا مۇددەت ئىچىدە يېڭى ھەم ئۆزگىچە ھەل قىلىنىش ئۇسۇلىغا ئېرىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىگەنىدى . ھەممىمىزگە مەلۇم ، ئەقىلنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۇسۇلى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن بىر خىل مەجلىس مۇھىتىدا ئېلىپ بېرىلغاندا ئاندىن ئۈنۈم بېرىدۇ . بۇنداق مۇھىتتا ھېچكىمنىڭ ھېچكىمگە قارشى پىكىر قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ ، مەجلىس جەريانىدا يەنە مېھمان قوبۇل قىلىشقا ، تېلېفون ئېلىشقا ۋە باشقا ھەرقانداق ئىشقا كۆڭۈلنى بۆلۈشكە بولمايدۇ . مانا بۇ دەلمۇ دەل سول مېڭە بىلەن ئوڭ مېڭە دىئالوگ قىلىدىغان (گەپلىشىدىغان) مۇھىتتۇر .

بۇ ئالىم ئۆزىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك داۋالاش ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن «ئەجدادىي مېڭە» دىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشنىڭ بىر يۈرۈش ئەمەلىيەت ئۇسۇللىرىنى لايىھىلەپ بەرگەن .

«خىيال سۈرۈش» شۇ ئۇسۇللار ئىچىدىكى بىرىدۇر . خىيال سۈرۈش ياكى چوڭقۇر خىيالغا پېتىش دېگىنىمىز سول مېڭىنىڭ قوزغىلىشىنى ئىختىيارسىز ھالدا تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق سول مېڭىنى تىنچلاندۇرۇپ ، قۇلاقنىڭ دىققەتنى يىغىپ «ئوڭ مېڭە» ساداسىنى ئاڭلاشقا يول ئېچىش بولۇپ ، بۇنداق قىلغاندا ، ئەجدادلار نەچچە مىليون يىللار مابەينىدە جۇغلىغان پاراسەتنىڭ بېشارىتىگە ئىگە بولۇش مۇمكىن .

چوڭقۇر خىيالغا پېتىش نامازخانلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ تىنچلىنىشىغا ياكى ئۆسمۈرلەرنىڭ قىزىققان نەرسىلەرگە مەستخۇش بولۇپ ھەممىنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ئوخشاش ئىش بولۇپ ، ئاساسلىقى ئىجادىيەتتە ھەل قىلىدىغان مەسىلىلەرنى خىيال قىلغانچە پۈتۈن ئېسى - مەيلىنى شۇ مەسىلىگە يىغىش-

تۇر . بىزنىڭ جەزبىدار ئويۇنلارنى كۆرگەندە ، راھەتلىنىپ
ۋاننىدا ياتقاندا ، كېلەچەك گۈزەللىكىگە ھاياجان بىلەن تەلپۈن-
گەندە ، مۈگدىگەندە ۋۇجۇدىمىزدا ئەكس ئەتكەن راھەتلىنىش ۋە
خىيالىمىزنى يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ، دىلغا ئارام بېرىدىغان ،
ئارزۇلىرىمىز ئەكس ئېتىدىغان بىر ئىشنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئى-
گىلەشمۇ بىرخىل خىيال سۈرۈشتۇر . بۇنداق خىياللار ھەرخىل
ئەھۋاللاردا يۈز بەرسىمۇ ، ئۇلاردىكى ئورتاقلىق سول مېڭىنىڭ
قوزغىلىشىنى تۆۋەنلىتىش ، سول مېڭىنى تىنچلاندۇرۇشتۇر .
ئالىملارنىڭ سىناق قىلىپ كۆرسىتىشىچە ، سول مېڭە مۇشۇن-
داق تىنچلانغاندا ، ئوڭ مېڭە ناھايىتى جانلىنىپ تەن ۋە روھقا
پايدىلىق ھورمون ئاجرىتىپلا قالماستىن ، ئەۋلادقا پايدىلىق ئۇ-
چۇرلارنى تارقىتىدىكەن . شۇ تۈپەيلى چوڭ مېڭىدە ئىجادىي قابى-
لىيەتنى ئېچىشقا ناھايىتى پايدىلىق شارائىت يارىتىلىدىكەن .
بۇنداق چاغدا ئوڭ مېڭىنىڭ دەرۋازىسى كەڭرى ئېچىلىپ «ئەج-
دادىي مېڭە» دىكى ناھايىتى زور ، مول ئىرسىيەت گېنلىرى
ئۇچۇرلىرىدىن ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىگە جاۋاب چىقىرىپ
بېرىدىكەن . يۇنان ئالىمى ئارخىمېدنىڭ ۋاننىغا چۈشۈۋېتىپ
لەيلەش قانۇنىيىتىنى كەشىپ قىلىشى ؛ نېمىس خىمىكى كېكۇل
(فرېدرىخ ئاۋگوست ) نىڭ تام مەش ئالدىدا ئوت سۇنۇپ ئولتۇ-
رۇپ مۈگدەپ قالغاندا مەشتىن كۆتۈرۈلگەن ئۇچقۇنلارغا خارا-
مۇش قاراپ تۇرۇپ بىنزول $C_6H_6$ ھالقىسىنى بايقىشى ؛ ئىتالىيان
ئالىمى گالىلېينىڭ چېركاۋدا دۇئا تىلاۋەت قىلىۋاتقان ئالاھىدە
ئەھۋالدا چېركاۋغا ئېسىقلىق تۇرغان چىراغقا سىنچىلاپ قاراپ
تۇرۇپ ماياتنىكنىڭ تەۋرىنىش قانۇنىيىتىنى بايقىشى ئەنە شۇن-
داق چوڭقۇر خىيالغا پېتىش نەتىجىسى ئىدى .

چوڭقۇر خىيالغا پېتىشنىڭ ئاساسلىق ئىككى خىل ئۇسۇلى
بولۇپ ، ئۇنىڭ بىرى ئۆزىنى قويۇۋېتىش مەشقى ، يەنە بىرسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر تىنىشتۇر. ئۆزىنى قويۇۋېتىش دېگەندە، ئەڭ مۇھىمى پۈتۈن بەدەننى ئەركىن راھەتلىنىشكە قويۇۋېتىپ، كۆڭلىدە دېمەكچى بولغان سۆزىنى ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدۇ، مەسىلەن، «ئىسسىڭ قولۇم، ئىسسىڭ» ياكى «تىنىق ئەركىنلەشسۇن، ئەركىنلەشسۇن» دېسە بىر دەمدە راست دېگەندەك قول ئىسسىيدۇ، ياكى تىنىق (نەپەس) ئەركىنلىشىدۇ. يەنى ئۆزىنى ئەركىن ئازادە قويۇۋېتىپ، جىمجىت ئولتۇرغان ھالدا ئۆزى ئويلاۋاتقان ئىشقا كاللىسىنى يۈكسەك مەركەزلەشتۈرىدۇ، شۇ خىيالنى سۈرگەنچە خۇددى باشقا ھېچقانداق ئىشنى ئويلىمايدىغان ئادەمدەك بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ، مۈگدەك باسقاندەك تاتلىق ئۇيقۇ خىيالى بىلەن ئىختىيارسىز ھالغا كەتكەندەك بىر ۋەزىيەتنى ئۆزىدە شەكىللەندۈرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدا ئوڭ مېڭە ئالاھىدە جانلىنىپ، تەن ھەم قەلبكە پايدىلىق ماددا (ھورمون) ۋە ئەۋلادلارغا پايدىلىق ئۈچۈرلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

چوڭقۇر تىنىش دېگەندە، ئادەتتىكى تىنىش (نەپەسلىنىش) نىڭ كۆكرەكتە ئورۇندىلىدىغان ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەم ئادەتتە جىددىي ھەرىكەتتە بولۇۋاتقاندا تېز تىنىدۇ ۋە ھاسىراپ تۇرۇپ بۇرۇن ئارقىلىق كۆكرەككە شۈمۈرگەن ھاۋانى تېز تىنىق بىلەن چىقىرىۋېتىدۇ. خىيالغا پاتقاندا بولسا، بۇنىڭ ئەكسىچە، ئالدى بىلەن يۇقىرىدىكى ئۆزىنى قويۇۋېتىش ئۇسۇلى بويىچە پۈتۈن بەدەننى ئەركىن قويۇۋېتىپ، خۇددى بىرلا ئاللاغا سېغىنىپ ناماز ئوقۇۋاتقان ئادەمدەك ئىككى قولىنى تىزىغا قويۇپ بەجايىكى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە ئاستا ـ ئاستا چوڭقۇر تىنىپ، ھەربىر تىنىقنى قورساقنى كۆتۈرگۈدەك دەرىجىدە تولدۇرۇپ تىنىش بىلەن كاللىدا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىرلا خىيالغا ماسلاشقان ئازادە تىنىق رىتىمى شەكىللەندۈرۈلىدۇ. مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر تىنىش (ھەربىر تىنىق قورساقنى تولۇق

كۆتۈرۈۋېتىپ قايتىش ) مۇ ئوڭ مېڭىنى جانلاندۇرۇپ تەن ۋە قەلبكە پايدىلىق ماددا بىلەن ئەۋلادلارغا پايدىلىق ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىدۇ . دېمەك ، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل بىلەن خىيالغا پېتىش ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەندە ، تەن ۋە روھنىڭ ساغلاملىقى ئۇچۇن ئىنتايىن پايدىلىق بىر ۋەزىيەت شەكىللىنىپلا قالماستىن ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ ئېچىلىشى ئۇچۇنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق بولغان بىرخىل ئازادىلىك شەكىللىنىپ ، مەقسەتلىك ھالدا ھەل قىلماقچى بولغان مەسىلىنى چوڭقۇر خىياللار يولىغا ئېلىپ كىرىپ ، مېڭىدە تەن بىلەن روھقا پايدىلىق ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىپلا قالماستىن ، ئوڭ مېڭىنىڭ دەرۋازىسىنى داغدام ئېچىپ «ئەجدادىي مېڭە» نىڭ كاتتا ، باي بولغان ئىرسىيەت ئۇچۇرلىرىدىن ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان جاۋابلارنى تېپىپ بېرىدۇ .

## 5 . چۈش بايلىقى

چۈش بايلىقى ياكى ئۇنى ئېچىش — چۈش كۆرۈۋاتقان مېڭىدە ئىختىيار ھالدا ئۈزۈپ يۈرگەن قابىلىيەتلەرنى ئىختىيارىلىق ھەرىكەت ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ، ئۇلاردىكى قۇۋۋەتنى نىشانلىق ئىشلىتىشتۇر . ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ بۈيۈك ئالىملىرىدىن فرويىد «چۈش» ، «چۈش» دېگەن ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن بىز بۇ ھەقتە بۇنداق دېيىشكە ئاساسسىز ئىدۇق . ئۇ مۇشۇ ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئادەمنىڭ چۈشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ھەرىكەتلىرىنى قۇۋۋەتنىڭ ئالمىشىش قانۇنى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ، ئادەمنىڭ مەقسىتى ئۆز روھىدىكى مۇقىملىق ، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش ۋە ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى يوقىتىش بولۇپ ، «راھەتلىنىش» ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرىدىكى ئىش قابىلىيىتىنىڭ نېگىزلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پرىنسىپى ، بۇ پرىنسىپ ئادەمنىڭ جىددىيلىكىنى يوقىتىش ئۇ-سۇلى ئارقىلىق راھەتلىنىشكە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى ئىپادىلەي-دىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى . بولۇپمۇ چۈش كۆرۈشنى ئا-دەم پسىخىكىسىنىڭ مۇھىم قىسمى ، چۈشنىڭ تۆرەلمە ئالغا ئۆتۈپ ئۇنىڭدىكى بايلىقنى ئاشكارىلايدىغان ئىجادىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

فرويىد ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مۇنچە پسىخولوگلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە ، ئادەم پسىخىكىسى مۇكەممەل بىر گەۋدە يەنى پسىخىكا بىر سىستېما . ئۇ ئىختىيارسىز پائالىيەت بىلەن ئىخ-تىيارىي پائالىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ . ئىختىيارسىز پائالىيەت ئىختىيارىي پائالىيەتنىڭ ئاساسى بولىدۇ . ئىختىيارىي پائالىيەت-مۇ ئۇنداق ياكى مۇنداق سەۋەب بىلەن ئىختىيارسىز پائالىيەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ . ئىختىيارلىق ھالىتىدى-كى پائالىيەتنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى ئاساسلىقى چوڭ مېڭە ياپراقچىسىدا بولۇپ ، ئۇ تېرە ئاستى نېرۋا مەركىزى بىلەن ئاناتومىيىلىك باغلىنىدۇ ، ھالبۇكى ، چۈش ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى پائالىيەت داۋامىدا ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان پسىخىك ھادىسە بولۇپ ، ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى ئاساسلىقى تورسىمان قۇرۇلما بىلەن كۆرۈش دۆڭچىسىدە بولىدۇ . تەدرى-جىي تەرەققىيات داۋامىدا ئادەمنىڭ تېرە ئاستى نېرۋا مەركىزى ، بولۇپمۇ تورسىمان قۇرۇلما بىلەن كۆرۈش دۆڭچىسى يەنە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەرەققىياتقا ئىگە بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئادەم-نىڭ چۈشى ھەرگىز ئىختىيارىي پائالىيەت بىلەن قىلچە مۇناسى-ۋەتسىز بولغان ئىختىيارسىز پائالىيەت ئەمەس ، بەلكى ئىختى-يارسىز پائالىيەت ئىختىيارىي پائالىيەت تەرەپكە قاراپ ئۆزگىرى-ۋاتقاندا مەيدانغا چىقىدىغان ئۆتكۈنچى ھالەت بولۇپ ، چۈش مەز-زىرىسىنى ھېس قىلىپ بولغاندىن كېيىنلا يەنە ئۇنىڭدىكى ئىخ-

تىيارىي پائالىيەتكە مۇنداق ياكى ئۇنداق تەرىزدە تەسىر كۆرسە-تىدۇ .

مەنىۋى پائالىيەتنىڭ سەگەك تۇرغان ئىختىيارلىق ھالىتى ، يەڭگىل ئۇيقۇ ھالىتى ۋە نورمالسىز ئۇيقۇ ھالىتى (چۈش كۆ-رۈش ھالىتى ) دىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھالىتىنىڭ رولىدىن قارىغاندا ، چۈش كۆرۈش (نورمالسىز ئۇيقۇ ) سەگەكلىك بىلەن ئۇيقۇ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەت بولۇپ ، ئۇ ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئۇنىڭ رولى ئاساسلىقى ئادەمدىكى قۇۋ-ۋەتنى ساقلاش ، رىغبەتلەندۈرۈش ، مەسلىھەت بېرىش تەرىپىدە بولىدۇ .

قۇۋۋەت ساقلاش تەرىپىنى ئالساق ، كۈندۈزلۈكى ئادەمنىڭ ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلىرى (ئاڭلىق پائالىيەتلە-رى ) ئادەمدىكى زور قىسىم قۇۋۋەتنى خورىتىپ تاشلايدۇ (قوز-غىلىش جەريانى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغانلىقتىن ) ، بۇ قۇۋۋەت ئۇيقۇ ئارقىلىق تولۇقلىنىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئادەم ئۇخلىغاندا ، بىرسى ـ بىرسىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئىككى خىل بىئوخىمىيىلىك ماددا ــ قالقانسىز بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنى بىلەن ھىدروكسىل ئامىنىنىڭ ئۆزئارا تەسىرىدە زور مىقداردا قۇۋۋەت تولۇقلىنىپ ، كۈندىلىك نېرۋا پائالىيىتىنىڭ خورىتىش چىقىمى تولۇقلىنىدۇ .

چۈشنىڭ رىغبەتلەندۈرۈش رولىنى ئالساق ، ئادەمنىڭ رې-ئال تۇرمۇشىدا تۇرلۇك ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىزلىق ھەرد-كەتلىرى بولىدۇ . ئەمما ، بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇتتۇق-لۇق بولىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، چۈش چوڭ تەبىئەت ئىن-سانلارغا ئاتا قىلغان ناھايىتى گۈزەل تەشۋىقات ئورگىنى بولۇپ ، بۇ ئورگان ئادەمنىڭ جەبىر ـ زۇلۇملارنى يېڭىپ ، بەختنى قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن قەيسەرانە كۈرەش قىلىشىغا مۇھىم ھەرىكەت-

لەندۇرگۇچى كۈچ بولىدۇ. بۇنىڭغا بۈيۈك شائىر گېيوتېنىڭ بىر سۆزىنى نەقىل قىلىش مۇمكىن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئادەم تەبىئىتىدە ئەڭ ئەلا بىر قابىلىيەت بار، ئۇ ئادەم ئۈمىدسىزلىنىپ كەتكەندە تۇيۇقسىز كۈچ كۆرسىتىپ قوللاش ئېلىپ بارىدۇ. مەن ئۆز هاياتىمدا بىر نەچچە قېتىم ئازابلىنىپ ئۆزۈمنى تاشلىغان هالدا كۆز يېشى قىلغاندا، چۈش تۈرلۈك جەلپ قىلارلىق ئۇسۇللار بىلەن ماڭا تەسەللى بەردى. مېنى شۇ كېچىدە قايغۇدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئەتىسى سەھەردىكى ئەركىن - ئازادىلىككە ۋە خۇشاللىققا ئىگە قىلدى.» گېيوتېدىن باشقا ئالىملارنىڭ چۈش كۆرۈپ ئازابتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرىنى تاپقان گەپ - سۆزلىرى بولۇپلا قالماي، ناهايىتى كۆپ ئالىملارنىڭ چۈش كۆرۈش ئارقىلىق ئۆمۈر بويى هەل قىلالماي كەلگەن ئىجادىيەت تېمىلىرىنى هەل قىلغانلىقى هەققىدە قىلغان بايانلىرى يېتەرلىكتۇر.

چۈشنىڭ مەسلىھەت بېرىش رولىنى ئالىدىغان بولساق، ئادەم ئېڭى (ئىختىيارلىقى) جەمئىيەتنىڭ تەقەززالىقىدا تۇرغانلىقتىن، ئۇنىڭ بىلىشىدە ئېغىپ كېتىش هادىسىسى پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئىككى جىنس مۇهەببەتلەشكەندە بەزىدە چىرايىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قېلىش كېلىپ چىقسا، بەزىدە بايلىققا بېرىلىپ كېتىش كېلىپ چىقىپ، ئىنسان مۇهەببىتىنىڭ پاكلىقىنى ساقلىيالمايدۇ. چۈش بولسا ئىختىيارسىز پائالىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرلارنى پىششىقلىشى ئارقىلىق بىرخىل هەرىكەت پىلانى ياكى لايىهىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەمنىڭ ئىختىيارىي پائالىيىتىنى يەنە بىر قۇر ئويلاپ كۆرۈشكە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن، بەزىلەر ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ كېسەلدىن ساقىيىپ كېتىشى ياكى ئۆلۈپ كېتىشىنى چۈشىدىن كۆرۈپ ئالدىن مۆلچەر قىلىدۇ. بەزىلەر مۇهەببەت ئوبيېكتلىرىنىڭ

باشقىلار بىلەن يۇرگەنلىكىنى چۈشىدىن كۆرۈپ تەكشۈرۈشىنى كۈچەيتىدۇ ياكى ئۇزاقراق سىناپ كۆرىدۇ. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، چۈش ئەمەلىيەتتە كىشىلەرنىڭ ھەرىكەت پىلانىنى تۈزۈشكە مەسلىھەتلىك رولىنى ئوينايدۇ.

دېمەك، چۈش دېگەن (ئادەم يادىغا كەلتۈرەلەيدىغان چۈش) بىرخىل پسىخىك ھادىسە. ئۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارلىق پائالىيىتى رىياسەتچىلىكىدە ئىختىيارسىز پائالىيەتلەرنىڭ ئۇيقۇدا ئېلىپ بارىدىغان ھەر خىل پسىخىك مەشغۇلاتى، ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزمى چوڭ مېڭە تورسىمان قۇرۇلمىسى بىلەن پوستلاق ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تەسىر، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىش قابىلىيىتى ئادەمنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەتلىرىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. چۈش ئادەمنىڭ كەلگۈسى ھەرىكەت تەييارلىقى بىلەن ھەرىكىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان كۆرسەتمە. شۇنىڭ ئۈچۈن، چۈشنىڭ ماھىيىتى — ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئېتىدىغان ھالقىغۇچى ئىنكاستۇر.

شۇڭا، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ھەرقانداق بىر ئىجادىيەتتە چۈش رول ئويناپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت قىممىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق بولۇشى ئىجادىي ئوينىڭ تولۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئەلا دەرىجىدىكى ئەركىن پسىخىك ھالەتكە موھتاج بولۇپ، مۇنداق ئەلا پسىخىك ھالەتنى كىشىلەر «ئىلھام» دەپ ئاتايدۇ. ئادەم چۈش كۆرگەندە ئەنە شۇنداق ئىلھام پەيدا بولۇپ، چۈشنىڭ ئاخىرىدا (خاراموش ئويغاق ھالەتتە) ئىلھام تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، ئەركىن قەلب — پسىخىك ھالەت (چۈش ۋە چۈشنىڭ ئاخىرىدىكى ئىختىيارىي تىرىشچانلىق بىلەن مەسىلە ھەل قىلىدىغان ھالەت يوق چاغ) ئىلمىي بايقاش ۋە ئىختىرالار، بەدىئىي تەسەۋۋۇرلاردا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئولوۋېينىڭ

مېڭە نېرۋا پائالىيىتىنىڭ خىمىيىلىك تەركىبىنى بايقىشى، دىكارتىنىڭ ماتېماتىكا بىلەن پەلسەپە بىرلەشكەن يېڭى پەننى شەكىللەندۈرۈشى، گوئودئۇيارنىڭ گۈڭگۈرتلۈك كاۋچۇكنى بايقىشى، ئالبېرت سىزىن كېئورگىنىڭ كۆپ قېتىملىق بايقاشلىرى، نيۇتوننىڭ كۆپ قېتىملىق بايقاشلىرى، مېندلېيېۋنىڭ ئېلېمېنتلار دەۋرى جەدۋىلىنى بايقىشى، خوۋەنىڭ كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى چۈش كۆرۈۋاتقاندا ياكى چۈش ئاخىرلىشىپ خاراموش ئويغاق تۇرغاندا شۇ ئالىملارنىڭ كاللىسىغا زاھىر بولغان. چۈش كۆرۈۋاتقاندا ئىلھام كېلىپ قىيىن مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىۋەتكەن مىساللار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ پاكىت چۈشنىڭ ئىجادىيەت ۋە ئەقلىي ئىقتىدار سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭ ئاددىي بىر تەبىئىي ھادىسە ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئېرىشىدىغان بىرلىك پسىخىك قابىلىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىختىيارىي پائالىيىتى بىلەن ئىختىيارسىز پائالىيىتىنى بىردەك ماسلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنى ماسلاشتۇرۇش جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋزەل ئورۇنغا ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلار، شائىرلار، يازغۇچىلار ھەرقاچان ئۆزىنىڭ چۈشلىرىگە ئۆزى ئەڭ قىزىقىدۇ. ئەمما، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقىرىدىكىلەر بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجادىيەت يولىغا قەدەم قويۇشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. بۇنداق بولغانلىقتىن، ئىجادىي قەدەم بېسىشقا تەمشەلگەن بارلىق پۇقرالاردىن تارتىپ سىياسىيونلارغىچە، پەيلاسوپلاردىن تارتىپ ھەربىيلەرگىچە، باللاردىن پېشقەدەملەرگىچە، ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچىلارغىچە ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ چۈشىدىن

بەھىر ئېلىش كېرەك بولىدۇ. شۇنداقلا چۈش كۆرۈشتىن ئىبارەت بۇ قابىلىيەتنى تەبىئەت ھەربىر ئادەمگە بەرگەنلىكتىن، ھېچكىم ئۇنىڭدىن باش تارتىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

بولۇپمۇ چۈش بىرمۇنچە پىسخىك مەشغۇلاتلارنىڭ مەھسۇلى بولغانلىقتىن، بۇ مەشغۇلاتلار تەبىئىي ھالدا تەپەككۇر پائالىيىتىگە ئۇلىنىپ تۇرۇپ نەتىجە بېرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، بىز ئۇنىڭ تەپەككۇر، ئەڭ مۇھىمى ئىجادىي تەپەككۇر بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان ئىلھام ئىكەنلىكىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىمىزدىكى چۈش بايلىقىنى ئېچىشىمىز كېرەك. ئالىملار چۈش بايلىقىنى ئېچىشتا، ھەربىر ئادەم ئۇنى ئالدى بىلەن كەڭ مەنىدە چۈشىنىپ، ئۆزىنىڭ پىسخىك پائالىيىتىدىكى تۆت جەھەتتە چوڭقۇرلاشنى، شۇ ئارقىلىق ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەيدۇ.

ھەرىكەت جەھەتتە: ئادەم ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەت داۋامىدا ئالدىنىپ قالىدىغان ۋاقىتلار بولىدۇ. بۇنداق چاغلاردا ھەرىكەت نىشانىنى تاللاش جەھەتتە خاتالىق كۆرۈلىدۇ. چۈش بولسا ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتتىن ھالقىغان يۈكسەك پاراسەت مەشغۇلاتى ئارقىلىق ئىختىيارلىق پائالىيىتىدە كۆرۈلگەن خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئادەمگە پايدىلىنىشقا بولىدىغان يېڭى بىر ھەرىكەت لايىھەسىنى ئىما قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم چۈش كۆرگەندە كۆرسىتىلگەن بۇنداق «ھەرىكەت كۆرسەتمىسى» گە دىققەت قىلىش كېرەك. چۈشنىڭ ئاساسلىق شەكلى ئوبراز ۋە سىمۋولدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ چۈشىدىكى سىمۋولنى توغرا چۈشەنگەندىلا، ئاندىن چۈش ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىگە بېرىۋاتقان «مەسلىھەت پىكرى» نى توغرا كۆزىتىپ ئالالايدۇ.

كەيپىيات جەھەتتە: چۈش ناھايىتى زور تەشۋىقى رىغبەتلە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇرۇش رولىغا ئىگە . ئالايلۇق ، بىز ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىمىزدىن تۇرغاندا ، ئۇخلىيالماي قالمىغان بولساقلا روھ-لۇق ، دىدىل ، زېرەك ، غەيرەتلىك بولىمىز . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، چۈش تورسىمان قۇرۇلمىدىكى كۆك داغلار ئارقىلىق زور مىقداردا قالقانسىز بۆرەك ئۈستى بېزى ھورمۇنى ئىشلەپچى-قىرىپ ئادەمنىڭ كەيپىياتىنى قوزغايدۇ ۋە ئەركىن - ئازادىلىك-كە ئىگە قىلىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، قىيىنچىلىقلار ۋە ئەمەلىي پائالىيەتلىرىمىز جەريانىدىكى ئوڭۇشسىزلىقلار ئۈستىدىن غەلى-بە قىلىشنى ئۆگىنىپ ئېلىشىمىز ، چۈشنى جەسۇرلۇق بىلەن كۆرەش قىلىشىمىزدىكى بىرخىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئور-نىدا كۆرۈشىمىز كېرەك .

بىلىش جەھەتتە : چۈش ئارقىلىق ئادەم ئۆزىنى بىلىشكە ، ئۆزىنىڭ خاسلىقىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى بىلىشكە مۇۋاپىق بولىدۇ ؛ شۇنداقلا چۈش ئارقىلىق تاشقى دۇنيانىڭ باغلىنىشى ۋە قانۇنىيىتىنى بىلىشكىمۇ بولىدۇ . بىراق ، چۈش تاشقى دۇنيانى بىلىش جەھەتتە ئىختىيارلىقتا يەتمەيدۇ ، ئەلۋەت-تە . ئەمما بەزىدە چۈشمۇ ئادەمنىڭ شەيئىلەر ئارىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى ئېچىپ تاشلاشقىمۇ ياردەم بېرەلەيدۇ . بىراق بۇنىسى كەمدىن - كەم ئۇچرايدۇ .

ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، ئىجادىيەتنىڭ مەركىزىي ھالقىسى ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرلارغا ھامى-لىدارلىق بولۇش خىزمىتىدە ، ئۇيقۇ ، ئۇيقۇغا يېقىن كېلىدىغان چۈشتە بولىدۇ ، ئۇلار ئىختىيارلىق ھالىتىدىكى پائالىيەتلەرنىڭ يۇزلىنىشىنىڭ كاشىلىسىدىن يىراقتا تۇرغانلىقتىن ، ئۇلار ئىجا-دىيەتچىنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ھالقىلىق پەيتتە مۇھىم ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئالىدۇ . ئەنگلىيە كىمبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى خوگېنسىن ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ئىجادىي تە-

پەككۇرغا باي ئالىملارنىڭ خىزمەت ئادىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندا ، بۇلاردىن 70 پىرسەنت ئالىم ئۆزلىرىنىڭ چۈشىنىڭ ياردىمىگە تايانغانلىقىنى ئېيتقان . 69 نەپەر ماتېماتىكنىڭ 74 پىرسەنتى «ئۇيقۇ ئادەتتە ھەل قىلالمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن . پەندە ئەلا نەتىجە قازانغان ئالىملارنىڭ 83 پىرسەنتىنىڭ ئىجادىي خىزمىتى ئىلھام ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشقان . ئېينىشتېيىن ئۆزىنىڭ ئىجادىيەت فورمىسىنى تەجرىبە - بىۋاستە سەزگۇ - ئۇقۇم ياكى قىياس - لوگىكىلىق ئەقلىي پەن - نەزەرىيە دەپ بېكىتكەن ھەمدە ئىلمىي ئىجادىيەتنىڭ ئاچقۇچى بىۋاستە سەزگۇ ۋە ئىلھام دەپ قارىغان . بىۋاستە سەزگۇ ۋە ئىلھام توغرىسىدا بىز «تالانت بوسۇغىسى» دېگەن كىتابىمىزدا خېلى كەڭ توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن ، بۇ يەردە پەقەت ئىلھامنىڭ ئىخچام تەسۋىرى ھەم ئۇنىڭ چۈش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەمدە باسقۇچلىرىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن كۇپىنى ئۈزىمىز .

بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا ، ئىلھام ئادەم پىسخىكىسىنىڭ ئەڭ ئەلا ھالىتى بولۇپ ، ئۇ چۈش بىلەن زىچ باغلىنىدۇ . بەزىدە ئىلھام بىلەن چۈش گىرەلىشىپ چۈشتىكى ئىلھامنىڭ پارتلىشىنى پەيدا قىلىدۇ ؛ بەزىدە ئىككى تەرەپ ئۇلىشىپ تۇرۇپ چۈشنىڭ ئىلھام كەلتۇرۇپ چىقىرىش ھالىتىنى شەكىللەندۈرىدۇ .

ئەمما ئىلھام پەقەت ۋە پەقەت ئادەمدىلا كۆرۈلىدىغان پىسخىك ھادىسە (چۈش كۆرۈش ئادەمدىلا ئەمەس ، ھايۋانلاردىمۇ بولىدۇ) . ئادەمدىكى پىسخىك ھادىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن ئېيتقاندا ، ئۈچ خىل شەكىل بىلەن كۆرۈنىدۇ . بۇلار پىسخىك پائالىيەت ، پىسخىك ھالەت ۋە پىسخىك خۇسۇسىيەتتىن ئىبارەت . پىسخىك پائالىيەت ئادەم پىسخىكىسىنىڭ ئا-

ساسلىق شەكلى بولۇپ، ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بۇلار بىلىش پائالىيىتى ۋە ئىستەك پائالىيىتىدىن ئىبارەت. پسىخىك پائالىيەت ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ھەرىكەت ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ھەرقاچان ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرىدۇ. پسىخىك خۇسۇسىيەت بىرقەدەر مۇقىم بولۇپ، ئادەم پسىخىكىسىنىڭ تۇرغۇنلۇق ھالىتىدۇر. ئۇ پسىخىك پائالىيەتنىڭ يىغىنچاقلانغان ۋە تۇراقلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر. پسىخىك ھالەت ئەنە شۇ ئىككى تۈرلۈك پسىخىك ھادىسە ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچ بولۇپ، ئۇ بىۋاستە ئادەمنىڭ ئىجادىيەت ۋاقتىدىكى پسىخىك مەنزىرە ۋە پسىخىك پائالىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ. ئىلھام مانا مۇشۇ ئۆتكۈنچى ھالەتتە كۆپلەپ مەيدانغا كېلىدۇ ھەمدە تۈرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە كۆرۈلىدۇ. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىرخىل پىنھان تەپەككۇر شەكلى — غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر بولسىمۇ، ئەمما ئىلھام تەپەككۇرى ئابستىراكت تەپەككۇر، ئوبرازلىق تەپەككۇرغا ئوخشاش ئادەمنىڭ ئەقلىي بىلىشىدە تەييارلىنىدىغان ئالىي بىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئىلھامدا ئەقلىي بىلىش يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇنىڭ سەنئەتكارلار ۋە ئالىملاردا — تۈرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەممە تەرىپىدە كۆرۈنۈشى باسقۇچلۇق بولۇپ، بۇ ھەقتە ئالىملاردىن ۋاللاس 1926 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان ئىجادىيەتنىڭ تۆت باسقۇچلۇق تەلىماتى ئەڭ نوپۇزلۇق قاراش دېيىلىدۇ. ۋاللاسنىڭ قارىشىنى ياقلايدىغان ۋە ئۇنى تولۇقلايدىغان ئالىملارنىڭ قاراشلىرىنى خۇلاسىلىگەندە، بۇ باسقۇچلارنى تۆۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن:

بىرىنچى، تەييارلىق باسقۇچى. بۇ باسقۇچتا كۈچلۈك ئىجتىمائىي ئېھتىياجنىڭ تۈرتكىسى ياكى سەنئەتكارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى كۈچلۈك ئىزدىنىش ۋە بىلىم ئېلىش تەشنالىق-

ـنىڭ تۇرتكىسىدە ناھايىتى كونكرېت بولغان بىر تۈرلۈك ئىجادى-
يەت نىشانى پەيدا بولىدۇ . بۇنداق نىشان ھەرخىل سەنئەتكارلار-
نىڭ ئىزدىنىش ساھەلىرىگە قاراپ ئۇلارنىڭ دىققەت ، خاتىرە ،
ئىدراك ، تەسەۋۋۇر ، تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئاشۇ كونكرېت
نىشانغا يىغىدۇ - دە ، بۇ چاغدا ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ
ئىشتىياق بىلەن شۇ ئىجادىيەت نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن
چاپچىپ تۇرىدۇ . بۇنداق شوخ پسىخىك ھالەت يىراقتىن ئېيتقان-
دا ، ئادەمنىڭ ئۆمۈرۋايەت ئۆگەنگەن بىلىم - پاراستىنى ئىشقا
سالسا ، يېقىن تەرەپتىن ، مەسىلىلەرنىڭ چېكىنى ئايرىيدۇ .
ماتېرىيال توپلايدۇ ھەمدە مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان تاكتىكا
تاللايدۇ . يەنى شۇ چاغقىچە كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرۈپ كېلىۋاتقان
نەرسىلەرنى ئىجادىيەت نىشانىغا سېلىشتۇرۇپ يېڭىۋاشتىن بې-
كىتىدۇ . ئۈنۈمسىز قاراشلارنى چۆرۈپ تاشلايدۇ . بۇنداق سې-
لىشتۇرۇپ يېڭىۋاشتىن بېكىتىدۇ . ئۈنۈمسىز قاراشلارنى چۆ-
رۈپ تاشلايدۇ . بۇنداق مەسىلىلەر ئادەتتە ئىختىيارلىق ھالىتى-
دىكى مەنتىقىلىق تەپەككۇر بىلەن ھەل قىلىنغانلىقتىن ، سەن-
ئەتكار ئويلا - ئويلا بىر باشقا چىقالماي ئامالسىز قالغاندا ، بۇ
مەسىلىنى ۋاقتىلىق تاشلاپ قويۇشقا مەجبۇر بولىدۇ ياكى ۋاقتى-
لىق «ئۇنتۇپ كېتىدۇ» .

ئىككىنچى ، ھامىلىدارلىق باسقۇچى . ئىجادىيەتچى مەسىلى-
نى ۋاقتىلىق تاشلاپ قويغاندا ، گەرچە ئىختىيارلىق پائالىيىتى
ئارقىلىق مەسىلىنى ھەل قىلالمىسىمۇ ، ئەمما ئۇنىڭ مېڭىسىدە
ئىختىيارسىز ھالەتتىكى پائالىيەت ئىختىيارلىق ھالەتتىكى پائا-
لىيەتنىڭ ئورنىنى بېسىپ ، ئۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن
ئۈزلۈكسىز مەشغۇل بولىدۇ . ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدىكى بۇن-
داق پائالىيەتنى ئېنىق چۈشىنىپ ئالغىلى بولمايدۇ . ۋاللاسنىڭ
قارىشىچە ، مەسىلىنى ئويلاپ باشقا چىقالمىغاندا ، مېڭىنى ئارام

www.uyghurkitap.com

ئالدۇرۇش ، يەنە داۋاملىق شۇ مەسىلىنى ئويلىغاندىن كۆرە ئۇنى
قويۇپ تۇرۇپ باشقا ـ باشقا مەسىلىلەرنى ئويلاش كېرەك (باشقا
ئالىملارنىڭ بۇ مەسىلىگە قارىشىدا ئوخشىماسلىقلار بار ، يەنى
ئۇلار مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇپ بولۇپ داۋاملىق بىر مەسىلە
ئۈستىدە ئويلىنىش كېرەك ، دەپ قارايدۇ ) . باشقا مەسىلىلەرنى
ئويلاپ كېتىۋېتىپ ، ئەڭ ئاخىرىدا تۇيۇقسىز بىرىنچى مەسىلىگە
قايتىش ۋە ئۇنىڭغا قارىتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنى قو-
شۇپ بىر ـ بىرلەپ ھەل قىلىش كېرەك . لېكىن ئىجادىيەتتە
مەسىلىنىڭ بىراقلا ھەل بولۇپ كېتىشى كەمدىن ـ كەم ئۇچراي-
دۇ . كونا بىلىم رامكىلىرى يېڭى ئىجادىيەتكە توسالغۇ پەيدا
قىلىدۇ . يەنى ئىجادىيەتچىنىڭ كاللىسىغا كونا ئۇقۇم ، فورما ،
ئەندىزە ، تەلىمات ، ئوبراز ، تەجرىبە قاتارلىقلار كىرىۋېلىپ ،
ئۇنى يېڭى ئىجادىيەتتە دەماللىققا بىر پىكىرگە كەلگىلى قويماي-
دۇ . شۇڭا ، ئىجادىيەتچىنىڭ بۇ باسقۇچتىكى ئاچقۇچلۇق ۋەزى-
پىسى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىختىيارىي تەسەۋۋۇر
ھەم تەپەككۇردىن تولۇق پايدىلىنىپ كونا بىلىم رامكىلىرى پەيدا
قىلغان ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ پايدىسىز تەرەپلىرىدىن قۇتۇلۇش
بولىدۇ . شۇڭا ، بۇ چاغدا ئالدىراپ كېتىشتىن كۆرە مېڭىنى
ئارام ئالدۇرۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن ياخشىراق .

ۋاللاسنىڭ قارىشىچە ، مېڭىنى ئارام ئالدۇرۇشتا ، ئاساس-
لىقى ئىككى خىل ئۇسۇل قوللىنىشقا بولىدۇ . بىرىنچىسى ،
ئۆزىنى ئەركىن ـ ئازادە قويۇۋېتىپ مۇزىكا ئاڭلاش ، پاكىز
يەردە ئاپتاپ سۇنۇش ، ئىلمان سۇدا يۇيۇنۇش . . . قاتارلىق
بەدەنگە ئالاھىدە راھەت بېرىدىغان ئىشلارنى قىلىش ؛ ئىككىنچى-
سى ، سەيلە ـ تاماشا قىلىش ، گۈللۈك ياكى باغلاردا ئايلىنىش ،
سۇ ئۈزۈش ، بۇلبۇل ، تورغاي ، تۇمۇچۇقلارنىڭ سايراشلىرىنى
ئاڭلاش قاتارلىق يېڭىل ، خۇشياقىدىغان ھەرىكەتلەر بىلەن شۇ-

غۇللىنىش .

ئۈچىنچى ، كۆڭلى يورۇش باسقۇچى . بۇ باسقۇچتا ۋاقىتـ
لىق تاشلاپ قويۇلغان مەسىلە — ئادەم كاللىسىدىكى ئىجادىي
تەسەۋۋۇر ئۇزاق مۇددەت كاللىنىڭ ئىختىيارسىزلىق دۇنياسىدا
ئەركىن لەيلەپ يۈرگەندىن كېيىن ، تاسادىپىي بىر سەۋەب بىلەن
تەپەككۇر بىلەن ئۇلىنىدۇ ـ دە ، ئادەمنىڭ كۆڭلىدە ۋاللىدە
يورۇش ھاسىل قىلىدۇ . دېمەك ، بۇنداق كۆڭۈل يورۇش ئادەمـ
نىڭ ئۆز كاللىسىدا خېلى بۇرۇنلا ئۇيۇپ قالغان بىلىم ، ئۇقۇم ،
تەلىمات ، تەجرىبە . . . لەردىن بۆسۈپ ئۆتۈش ئاساسىدا يېڭى
ئوبراز ۋە ئۇقۇملارنى بىرىكتۈرۈشتىن ئىبارەت بولىدۇ . بۇنداق
بىرىكىش — ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئىختىيارسىز ھالدىكى يېڭى
پىكىرنىڭ ھاسىل بولۇشى ئادەمنىڭ شۇ چاغدىكى پسىخىك ھالدـ
تىنىڭ ئىنتايىن ياخشى تۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ ، ئالىم
ياكى سەنئەتكار سەيلە قىلىۋاتقان ، مۇزىكا ئاڭلاۋاتقان ، مۇنچىدا
راھەتلىنىپ يۇيۇنۇۋاتقان ، تىياتىر ياكى كىنو كۆرۈۋاتقاندا گويا
بۇلۇتلار ئارىسىدىن قۇياشنى كۆرگەندەك قىن ـ قىنىغا پاتماي
خۇشاللىنىپ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىدۇ . ئەمما ، بۇنداق كۆڭلى
يورۇش تەبىئىي مەيدانغا كېلىدۇكى ، ھەرگىز ئىرادە كۈچىنىڭ
بۇيرۇقى بىلەن كەلمەيدۇ . ئادەمدىكى بۇنداق كۆڭلى يورۇش
ئىجادىي تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۇلىنىشى
بولۇپ ، تەسەۋۋۇر بىلەن تەپەككۇرنىڭ بۇنداق مەشغۇلاتى بىرـ
دەك ئىختىيارسىزلىق ھالىتىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ . پسىخولوگىيە
نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، بۇنداق كۆڭلى يورۇش ئادەمنىڭ بۇرۇنـ
قى ئۇيۇپ قالغان بىلىم ، ئۇقۇم ، تەجرىبىلەردىن ئايرىلىشى
نەتىجىسىدە يېڭى بىرخىل ئوبراز ۋە ئۇقۇمنىڭ بىرىكىشى بوـ
لۇپ ، نېگىزلىك پسىخىك مەشغۇلات يەنىلا تەھلىل قىلىش ۋە
ئۇنىۋېرساللاشتۇرۇش بولىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچى ، تەكشۈرۈش باسقۇچى . يورۇش باسقۇچىدا مېڭىدە پەيدا بولغان نۇر (ئىلھام) نىڭ مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان لايىھىنى توغرا ۋە ئەڭ ئەلا دەرىجىدە تاللىيالىمىغانلىقىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . مەسىلەن ، ئىلھام كەلگەندە شارت ـ شۇرت يېزىۋالغان ئەسەرنى ئىملا ۋە سۆز ـ جۈملە جەھەتتىن تەھرىرلەپ تۈزىتىشكە توغرا كېلىدۇ . شۇنىڭغا ئوخشاش ، ھەرقانداق بىر ئىجادىيەتتە ئىختىيارسىزلىقنىڭ مەھ- سۇلى بولغان ئىلھام ھالىتىدىكى لايىھىنى ئىختىيارلىق ھالىتى- دىكى لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىپ باھالاش ياكى ئىلمىي تەجرىبە ئارقىلىق تەكشۈرۈش كېرەك بولىدۇ . چۈنكى ئىلھام ھالىتىدە تەسەۋۋۇر ناھايىتى جانلىق ، تەپەككۇر ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ ، بۇلار تېزلا كېلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ . ئىجادىيەتچى ئۇ چاغدىكى پىكىرنىڭ ئۇششاق تەرەپلىرىنى مۇپەسسەل خاتىرىلەپ ئالالمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، تەكشۈرۈپ تولۇقلاش ناھايىتى زۆ- رۈردۇر . ئەقلىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈشتە تەپەككۇر ، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇر ئەنە شۇنداق مۇھىم بولغانلىقتىن ، زامانىمىز- نىڭ ئالاھىدە ئۇسۇللىرى بىلەن ئۇنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ . يۇقىرىدا بايان قىلىنغان نۇقتىلار ئىجادىي تەپەككۇرنىڭ ھاسىل بولۇشىدىكى ئاساسلىق شەرتلەر بولۇپ ، تۆۋەندىكى تەپەككۇر مەشىق ئۇسۇللىرى بولسا ، ئۇلارنىڭ تولۇق- لىغۇچىسىدۇر .

نەزەر دائىرىسى ۋە تەپەككۇر يوللىرىنى ئېچىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل ئاساسلىقى شەيئىلەرنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرىنى ، پايدى- سىز تەرەپلىرىنى ، قىزىقارلىق تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق كۆرۈشنى تەكىتلەيدۇ . يات ـ يالاڭ نەرسىلەرنىمۇ كاللىسىغا سىغدۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ تار نەزەر دائىرىسىدە تۇرۇۋالماسلىقىنى ، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ باشقا تەرەپلەرنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقى-

نى تەكىتلەيدۇ .

ئەتراپلىق ئويلىنىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل تەپەككۇر يوللىرىنى كېڭەيتىش ئاساسىدا سىستېمىلىق ھەم ئەتراپلىق ئويلىنىش ، ھەر ئىشنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش ، ھەر نېمىنىڭ چوڭ ـ كىچىك تەرەپلىرىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ .

ئاقىۋەتنى ئويلىنىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل ئاقىۋەت ۋە شۇ ئاقىۋەت تۈپەيلى داۋام قىلىدىغان زەنجىرسىمان ئىنكاسنى نەزەردە تۇتۇشنى تەكىتلەيدۇ . مەسىلەن ، ئېنېرگىيە كرىزىسى بولسا ، شۇ تۈپەيلى كېلىپ چىقىدىغان ئىشلەپچىقىرىش توختاپ كېتىش ، ئىشچىلار ئىشسىز قېلىش ، مال باھاسى ئۆرلەش قاتارلىق بىر يۈرۈش مەسىلىلەرنى ئويلاشنى تەكىتلەيدۇ .

ئىستەك ھەم ھەقىقىي نىشاننى نەزەردە تۇتۇش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇلغا ئەمەل قىلغاندا تەپەككۇرغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىپ ، مەسىلىلەرنى ئىجادىي ھەل قىلىش بويىچە چوڭقۇرلىغىلى بولىدۇ . مەسىلەن ، بىر موماي پوپايكا توقۇۋاتقاندا ئۇنىڭ نەۋرىسى يىپىنى چۇۋۇۋېتىپ خاپا قىلدى دەيلى ، موماي ئۇنى چەكلەش ئۈچۈن سالاسۇن ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويىدۇ . نەۋرىسى ئۇنىماي يىغلايدۇ . لېكىن ، نەۋرىسىنى سالاسۇنغا سولاپ قويۇش ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى ياكى نىشانى ئەمەس . بەلكى ، بالا بىلەن پوپايكا يىپىنى ئايرىپ تاشلاش بولغانلىقتىن ، ئۇ نەۋرىسىنى سىرتتا قالدۇرۇپ ، ئۆزى سالاسۇن ئىچىگە كىرىپ ئولتۇرۇۋالغاندا ، ھەم پوپايكىنى ئامان ئېسەن توقۇيالايدۇ ھەم نەۋرىسىنى پەس قىلالايدۇ . بۇنىڭ بىلەن مەسىلە ئىجادىي ھەل بولىدۇ . بۇ ئۇسۇل مانا مۇشۇنداق ھەقىقىي مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەدبىرنى جانلىق قوللىنىشنى تەكىتلەيدۇ .

مەركىزىي نۇقتىغا دىققەت قىلىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل

مەسىلە كۆپ ، ھەل قىلماق تەس بولغاندا ، ئۇنىڭ ئاسانلا سەل قارىلىپ قالىدىغان مەركىزىي ھالقىسىنى چىڭ تۇتۇشنى تەكىت. لەيدۇ . مەسىلەن ، قاتناش بىخەتەرلىكىگە دىققەت قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەتەر چىقىدىغان نۇقتىلارنى تەكشۈرۈپ بېكىتىپ ، ئۇ يەرلەرگە شەرتلىك بەلگىلەرنى تۇرغۇزغانغا ئوخشاش .

ئىمكانىيەت ئىزدەش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل ئىمكانىيەت ئىز. دەپ مەسىلە ھەل قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ . مەسىلەن ، بىر نەچچە تۈرلۈك ئۇسۇل ـ چارە قوللانغاندا ھەل بولمىغان بىر مەسىلىنى باشقىچە بىر يول بىلەن ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىپ ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇنىڭدىكى ئاچقۇچ كۆنۈككەن تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئىز. دىنىشتۇر . بۇ خۇددى دوختۇر مۇرەككەپ كېسەلگە يولۇققاندا ، ئادەتتىكى ئۇسۇللار بىلەن داۋالاپ ساقايتالماي ، ئالاھىدە چارە قوللانغانغا ئوخشايدۇ .

باشقىلارنىڭ پىكرىنى ئويدان ئويلاپ كۆرۈش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل بىر مەسىلىگە ھۆكۈم چىقىرىش ياكى قارار چىقىرىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ پىكرىنى ھەر تەرەپلىمە ئويلاپ كۆرۈش ، باشقىلارنىڭ پىكرى ئاساسىدا تېخىمۇ كۆپلەپ ئەقىل تېپىپ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە مەسىلە ھەل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ .

زىددىيەتلىك تەرەپنى نەزەرگە ئېلىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا ، ئادەتتىكىلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش بى. لەنلا قالماستىن ، قارىمۇقارشى بولغان ، زىددىيەت قىلىپ قار. شى تەرەپتە تۇرۇۋاتقانلارنىڭ پىكىر ـ ئىختىلاپلىرىدىكى تەرەق. قىيات ئۆزگىرىشلىرىنى نەزەرگە ئېلىشنى ، ئىككى تەرەپنىڭ قايسى تەرەپلىرىنى ماسلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقى ۋە قايسى تە. رەپلىرىنى ماسلاشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى بايقاپ ، ئىككى تە. رەپ مۇناسىۋىتىنىمۇۋاپىق ھەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئويلىنىش ئۇسۇلى . بۇ ئۇسۇل باشقىلار بىلەن پىكىر ئىختىلاپ بولۇپ قالغاندا ، قارشى تەرەپنىڭ مەيدانىغا ئۆتۈپ ، «ئەگەر ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولۇپ قالغان بولسام قانداق قىلار ئىدىم» دېگەن ئويغا كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ . مۇنداقتا زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۇرۇپ توقۇنۇشۇپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ .

www.uyghurkitap.com

# VIII باب ئىجادىيەت ياكى سەنئەتكارلىقنىڭ تۈرلىرى

ئىجادىي پائالىيەتلەردە ئورتاق قانۇنىيەت بولىدۇ، بۇ ئىجادىيەت ئورتاقلىقىدۇر. بۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، تۈرلۈك ئىجادىيەتلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆزگىچىلىكى بولىدۇ، بۇ ئىجادىيەتنىڭ خاسلىقىدۇر. ئىجادىيەتشۇناسلىقتا ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقى بىلەن خاسلىقى بىرلىكتە تەتقىق قىلىنىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ ئورتاقلىقى دېگىنىمىزدە ئاساسلىقى، ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ۋە ئالىملار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ ئورتاقلىق تەرىپىنى نەزەردە تۇتىمىز. ئىجادىيەتنىڭ خاسلىقى دېگىنىمىزدە ئوخشاش بولمىغان ئىجادىيەت تۈرلىرى ۋە بۇ ساھەلەردە ئىجادىيەت قىلغۇچىلارنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى نەزەردە تۇتىمىز.

## 1. ئىجادىيەتتىكى ئورتاقلىق

ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت ئوخشاشمايدىغان ئىككى ساھە بولسىمۇ، لېكىن بىرمۇنچە ئۇلۇغ سەنئەتكار ھەم ئالىملارنىڭ ھەر ئىككى ساھەدە ئوخشاشلا مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلىقى بۇ ئىككى خىل ئىجادىيەتتە ئورتاقلىق مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ. تالانتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، بىر سەنئەتكار ياكى ئالىمنىڭ قازانغان مۇۋەپپەقىيىتى قانچە زور بولسا، بۇنداق ئورتاقلىق ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئىجادىيەت تارىخى ۋە ھازىرقى كۈندىكى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ گىرەلىشىش ئەھۋالىنى نەزەرگە ئالغىنىمىزدا، بەدىئىي ۋە

ئىلمىي ئىجادىيەتلەر ۋە بۇ ساھەدىكى ئىككى خىل ئىجادكارلاردا بەزى ئورتاقلىقلارنىڭ بارلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز .

ھازىرچە بۇ مەسىلىنى ئالىملار بىلەن ئەدىبلەرنىڭ ئۆز ساھەسىدىن ھالقىش ئالامەتلىرى ئارقىلىق چۈشىنىش مۇمكىن . ئالايلۇق ، ئېينىشتېيىننىڭ خىزمىتىدە مەلۇم سەنئەت تەرتىپى ئىزچىللاشقان . ئۇ ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ ئورتاق مۇددىئا بىلەن ئورتاق مەنبەگە ئىگە ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگەن . ماتېماتىك سۇبوچېنىڭ ئۆسمۈرلۈك چېغىدا تارىخ ، ئەدەبىيات ھەۋەسكارى ، خۇسۇسەن كلاسسىك شېئىر ھەۋەسكارى بولغان . خىمىك ياڭ شىشيەن ۋاقتى يەتسىلا كلاسسىك شېئىرلارنى ئوقۇپ تۇرغان ، چۈنكى ئۇ ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ، بولۇپمۇ شېئىر - داستانلارنى ئوقۇپ تۇرمىسا بولمايدۇ ، دەپ قارىغان . XIX ئەسىردىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ماتېماتىكى ھامىلتونمۇ شېئىر يېزىشقا تولىمۇ ئامراق ئىكەن . ئۇ گېئومېتىرىك ئۇقۇملارنى ئىجاد قىلىشنى شېئىر يېزىشقا ئوخشايدۇ ، دەپ قارىغان . دېمەك ، ئالىملارنىڭ بەدىئىيات ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتكە قىزىقىشى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە ئىلھام بەرگەن . ئالىملارغا ئوخشاشلا ، ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەرمۇ ئىلىم - پەنگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن . لۇشۈن دەسلەپتە كانچىلىق مەكتىپىدە ئوقۇغان ، كېيىن ياپونىيىگە بېرىپ تىببىي ئۆگەنگەن ، ئاندىن كېيىن بىر مەزگىل فىزىئولوگىيە ۋە خىمىيە ئوقۇتقۇچىسى بولغان . ئۇ كىچىك چېغىدىلا «مېتال ھەققىدە» ، «جۇڭگو گېئولوگىيىسى ھەققىدە» ، «جۇڭگو كان مەھسۇلاتلىرى تەزكىرىسى» ، «ئىنسانلارنىڭ تارىخى» ، «ئىلىم - پەن تارىخىدىن دەرسلىك» قاتارلىق نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەر ۋە ئىلىم - پەن تارىخىغا دائىر ئەسەرلەرنى يازغان . بۇ ئەسەرلەر ئۇنىڭ تەبىئىي پەن ۋە ئىلىم - پەن تارىخى جەھەتتىكى مەلۇماتىنىڭ ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرگەن . مانا بۇلار ئۇنىڭ كېيىنكى ئەدەبىي ئىجادىيىتىنى يۇكسەلدۈرۈش رولىنى ئۆتىگەن . روسىيىلىك يازغۇچى چېخوۋ ئۆز دوستىغا يازغان خېتىدە : «تېببىي پەننى ئوقۇغانلىقىم بىلەن تەتقىق قىلغانلىقىمنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى پائالىيىتىمگە ناھايىتى زور ياردىمى بولدى . چۈنكى ، ئۇ مېنىڭ كۆزىتىش دائىرەمنى كېڭەيتتى . ماڭا مول بىلىملەرنى بەردى . . . تەبىئىي پەن بىلەن ئىلمىي ئۇسۇللارنى پۇختا بىلگەنلىكىم ئۈچۈن ، ھامان ئېھتىياتچان ، ھوشيار بولۇپ كەلدىم . مۇمكىنقەدەر ئىلمىي ئاساستا مۇھاكىمە قىلغىلى بولىدىغانلىكى ئىشلارنى ئىلمىي ئاساستا يازدىم . ئۇنداق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان يەرلىرىنى زادىلا يازمىدىم» دېگەن .

تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىجادكارلارنىڭ قارشى تەرەپتىن بەھر ئېلىشىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئورتاقلىق بار . بۇنداق ئورتاقلىقنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ يازغۇچى ۋە ئالىملار ئۆزاقلاردىن بۇيان ھېس قىلىپ كەلگەن ۋە ھازىرمۇ ھېس قىلىدۇ . خۇددى فرانسۇز يازغۇچىسى فىلوبىر ئېيتقاندەك ، ئىجادىيەتتە «ئالغا ئىلگىرىلىگەنسېرى بەدىئىيلىك شۇنچە ئىلمىيلىشىپ بارىدۇ ، ئىلمىيلىكمۇ شۇنچە بەدىئىيلىشىدۇ ، بۇ ئىككىسى تاغ باغرىدا ئايرىلىسمۇ ، تاغنىڭ چوققىسىغا بارغاندا قوشۇلىدۇ» . ھازىرچە بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىن ئانالىز قىلىش مۇمكىن . ئالدى بىلەن بۇ پەنلەرنىڭ بىلىش خاراكتېرىگە نەزەر سالساق ، تەبىئىي پەنلەر ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى بىلىش پائالىيىتىدىن ئىبارەت . ئۇلار ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيىتى بىلەن تەرتىپىنى ئىپادىلەيدۇ . ئوخشاشلا بەدىئىي ئىجادىيەتمۇ رېئاللىقنى غايەت زور دەرىجىدە كۆزىتىش كۈچىگە ئىگە . بالزاكنىڭ «ئىنسان كومېدىيىسى» ناملىق ئەسىرىنى ئالساقلا ، ئۇ ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە . ماركس «كاپىتال»

غا ئۇنىڭدىن كۆپ نەقىللەرنى كەلتۈرگەن . ئېنگېلس ئۇنى ماخ-
تاپ : «ئىنسان كومېدىيىسى» بىزنى فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ،
خۇسۇسەن پارىژدىكى يۇقىرى تەبىقىنىڭ داڭلىق رېئالىستىك
تارىخى بىلەن تەمىنلىگەن . . . ئۇنىڭدىن ھەتتا ئىقتىسادىي جە-
ھەتتىكى ئىنچىكە تەپسىلاتلار (مەسىلەن ، ئىنقىلابتىن كېيىنكى
كۆچمە مۈلۈك بىلەن مۇقىم مۈلۈكنىڭ يېڭىۋاشتىن تەقسىم
قىلىنىشلىرى ) دىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىم ، شۇ چاغدىكى بارلىق
كەسپىي تارىخشۇناسلاردىن ، ئىقتىسادشۇناسلاردىن ۋە ستاتىستى-
كىشۇناسلاردىن ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمدىنمۇ كۆپ بولدى» دې-
گەن .

دېمەك ، ئىلىم - پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى
ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ . بىراق ، ئىلىم - پەن ئۇنى
ئاساسەن بىلىم ساھەسىدىن ئىزدەيدۇ ، ئەدەبىيات - سەنئەت
بولسا ھېسسىيات ساھەسىدىن ئىزدەيدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ،
ھەقىقىي ئىلىم - پەن بىلەن سەنئەتنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئىنسان-
لارغا بەخت يارىتىپ ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈم ھاسىل قىلى-
دۇ . XIX ئەسىردىكى رۇسىيىلىك ئىنقىلابىي دېموكراتچى ،
پەيلاسوپ ، يازغۇچى ۋە ئەدەبىي ئوبزورچى چېرنىشۋېسكىي مۇن-
داق دەپ ياخشى ئېيتقان : «ئىلىم - پەن رېئاللىقنى چۈشىنىش
ۋە چۈشەندۈرۈشنى ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى
تەتبىق قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا بەخت يارىتىشنى ئۆز مەق-
سىتى قىلىشى ، رېئاللىق بەخش ئەتكەن گۈزەللىك خۇشاللىقى-
دىن بەھرىمەن بولالمىغان كىشىلەرنى ئىمكانقەدەر بۇنداق قىم-
مەتلىك رېئاللىقتىن بەھر ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدىغانلى-
قى ھەم بۇ ئارقىلىق ئىنسانلارغا بەخت يارىتىدىغانلىقىنى چۈ-
شەندۈرۈشتىن تارتىنمايدىغان بولۇشى كېرەك» .

بۇ پەنلەردىكى ئىجادىيەتلەرنىڭ ئۆتتۈشمە ھالىتىگە نەزەر
سالىدىغان بولساق ، بەدىئىي ئىجادىيەت رېئاللىقنى چوڭقۇر كۆ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زېمىنىش كۆچمىگە ئىگە، شۇڭا بەدىئىي ئىجادىيەتلەرمۇ بەزىدە ئىلمىي كەشپىياتلارنى شەكىللەندۈرىدۇ ۋە ھەتتا ئىلمىيلىك جەھەتتە ئىلىم - پەننىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ. گوركىي مۇنداق دېگەن: «ئەڭ ئۇلۇغ سەنئەتكارنىڭ بىرى بولغان بالزاك . . . ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىلىق پائالىيەتلىرىنى كۆزىتىش نەتىجىسىدە بىر روماندا ئادەم ئورگانىزمىدا ئىلىم - پەن تېخى بايقىمىغان بىر خىل سۇيۇق ماددىنىڭ كۈچلۈك رول ئوينايدىغانلىقىنى، بۇنى ئادەم ئورگانىزمىنىڭ پسىخىكىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ بىرنەچچە يۈز يىل ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئالىملار ئادەم ئورگانىزمىدا ئىلگىرى مەلۇم بولمىغان ئاجرالما سۇيۇقلۇق — ھورمۇن بېزىنى بايقىغان ھەمدە ئىنتايىن مۇھىم ئىچكى ئاجرالما تەلىماتىنى ئىجاد قىلغان. دېمەك، ئالىملار بىلەن بۈيۈك ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىي خىزمەتلىرى ئارىسىدىكى بۇنداق ئۇيغۇنلۇق دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.»

دېمەك، قارىماققا كىشىلەر ئىلمىي ۋە بەدىئىي ئىجادىيەتلەرنى زادىلا مۇناسىۋىتى يوقتەك ئاددىي چاغلاپ يۈرگەن بىلەن، ئالىملار ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئىلمىيلىك ئېھتىماللىقلىرىنى تولۇق نەزەرگە ئېلىپ كەلدى. ھازىرقى كۈندە، ئالىملارنىڭ كېيىنگە قولاق سالغان ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت، ئالىملار بىلەن سەنئەتكارلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇنىيەتلەرگە ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن «زۆرۈرىيەت ئالىمى» دىن «ئەركىنلىك ئالىمى» گە ئۆتۈپ، ئەركىنلىك ئالىمدە ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئىقتىدارىنى ئىشقا سېلىشى لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ بىلەن تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى دۇنياغا كەلدى. بۇ ئەسەرلەر بارغانسېرى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە تارتماقتا.

ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ شۇنچە ئېتىبارلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سەۋەب شۇكى، ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەرگە بولغان قىزىقىشلىرىنى قوزغىغاندىن تاشقىرى، يەنە ئۇلارنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى بېيىتىدۇ ۋە ئۇلاردا ئىلمىي ئاساستىكى مول تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنى تۇرغۇزىدۇ. دېمەك، ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەن ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئىجادكارلارنىڭ فانتازىيە ئەسەرلىرىنى قىزىقىپ ئوقۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

تازا سەپسالىدىغان بولساق، بۇرۇن يېزىلغان فانتازىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەردە بۇگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلانغان ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى ئەينى چاغلاردا فانتازىيە ئارقىلىق ئالدىن مۆلچەرلەنگەن. ھازىر يېزىلىۋاتقان بىرمۇنچە فانتازىيە ئەسەرلىرىدە كەلگۈسى، پەن - تېخنىكا مەنزىرىسى ئالدىن كۆرسىتىلگەن. شۇڭا، بۇنداق ئەدەبىي ئەسەرلەرنى پەن - تېخنىكىنىڭ ئىدىيىۋى خەزىنىسى دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بەزى خېلى بۇرۇن يېزىلغان فانتازىيىلىك ئەسەرلەرنىڭ ئۆزاققىچە ئۆلمىگەنلىكىنىڭ سىرى مانا شۇنىڭدىدۇر.

لېكىن، شۇنىمۇ كۆرسىتىشكە تېگىشلىككى، ھازىر بەزى ئىلمىي فانتازىيە ئەسەرلىرى «فانتازىيە» نامى بىلەن ساختا نەرسىلەرنىمۇ تەشۋىق قىلىۋاتىدۇ. بەزى يازغۇچىلارنىڭ پەن بىلىملىرى كەمچىل بولغانلىقتىن، «فانتازىيە» نامىدا خىيالىي توقۇپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا يول قويغىلى بولمايدۇ.

دېمەك، تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئىجادىي پائالىيەتلەردە بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان ئورتاقلىقلار بار. بۇنداق ئورتاقلىق ئىجادىي تەپەككۇردا ئىپادىلىنىدۇ، يەنى ئىجادىيەت جەريانى ئىجادىي تەپەككۇر جەريانى بولىدۇ. ئېلىمىزدىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ئىجادىيەت جەريانى تەييارلىق، ئەمەلىيەت ۋە خۇلاسىلەش باسقۇچلىرىغا بۆلۈنىدۇ. لېكىن، ئىجادىيەت جەريا-

www.uyghurkitap.com

نى يېڭى مەھسۇلاتلارنى پىششىقلاپ چىقىرىدىغان ناھايىتى مۇرەككەپ جەريان بولغاچقا، ئۇنىڭدا بېكىتىپ قويۇلغان مۇقىم قېلىپ بولمايدۇ، ئۇنىڭ جەريانى ئىجادىيەتنىڭ ئوبيېكتى، تۈرلىرى، خاراكتېرى، ئىجاد قىلغۇچىنىڭ سۇبيېكتىپ ۋە ئوبيېكتىپ شارائىتلىرى قاتارلىق ئامىللارنىڭ تەقەززاسىدا بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادكار ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن ئىجادىيەت لايىھەلىرىنى تۈزۈپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغاندىلا، ئىجادىي پائالىيەتلەردە مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايدۇ. شۇڭا تۆۋەندە ئىجادىيەتنىڭ تۈرلىرى بىلەن تونۇشىمىز.

## 2. پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى

تەبىئىي پەن ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئەمما، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى بىزنىڭ مۇشۇ پلانېتىدا تەتقىق قىلىنغاچقا، تەبىئىي پەن تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلىشقا قاتنىشىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ پەزىلەت ياكى ئىلمىي ئەخلاق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. بۇ مەسىلىنىڭ تېگىنى سۈرۈشتۈرگەندە كىم ئۈچۈن ئىشلەش مەسىلىسى بولغاچقا، سىنىپىلىكى يوق پەنلەرنى تەتقىق قىلغۇچىلارمۇ سىنىپىلىككە ئىگە بولىدۇ. گېتلېرغا قورال ياساپ بەرگەنلەرمۇ ئالىم دەپ ئاتىلىدۇ. ئەمما، ئۇلار ئۇرۇش جىنايەتچىسى. سوتسىيالىستىك جۇڭگودا ياشاۋاتقان ئالىملار خەلق ئۈچۈن ئىشلەش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزغان. ئەمما، بۇنداق بىر دۇنياغا قاراشنى مەڭگۈ چىڭ تۇتۇش ۋە تاۋلاش، خەلققە بەخت يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى مۇستەھكەملەش شەرت بولىدۇ.

پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دۇنياغا قارىشىنى قويۇپ تۇرۇپ، نوقۇل تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت تەرىپىنى نەزەردە تۇتقاندا، پەن - تېخنىكا ئىجادىيىتى دۇنيانى

بىلىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. پەن ـ تېخنىكا ئەنە شۇ دۇنيا-ـ
نى بىلىشنىڭ جەريانى ھەم يەكۈنى. شۇڭا، ئالىم ۋە ئىنژې-ـ
نېرلارنى ئىجاد قىلىش، كونا بىلىملەردىكى خاتالىقلارنى تۈزە-ـ
تىش ۋە بىلىملەرنى تەرتىپلەشتۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
ئىجادىي ئەمگەكچىلەر دەپ ئاتاشقا بولىدۇ. بىز ھەر كۈنى دېگۈ-ـ
دەك ئاڭلاپ تۇرىدىغان «ئالىم» دېگەنلەر مول ۋە پۇختا بولغان
كەسپىي بىلىمگە ئىگە، پەن ـ تەتقىقات ئۇسۇللىرىنى قاتتىق
تەلەپ بىلەن تەتبىق قىلالايدىغان، بىلىمگەن ساھەلەرگە داۋام-ـ
لىق چوڭقۇرلايدىغان، پەن ـ تېخنىكىنىڭ مەلۇم ساھەسىدە
يېڭى، ئىجادىي قىممىتى بار تۆھپىلەرنى قوشقان پەن ـ تېخنىكا
خادىملىرىدۇر.
پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى ئىجادىي تەپەككۇر مەزمۇنىدىن
ئېيتقاندا، باشقا ئىجادىيەتلەر بىلەن ئوخشاش جەريانلارنى بېشى-ـ
دىن كەچۈرىدۇ، ئاساسلىقى مەسىلە سېزىش، سەزگەن مەسى-ـ
لىنى تەھلىل قىلىش، پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇش، ئوتتۇرىغا
قويغان پىكىرنى تەكشۈرۈش ۋە تاللىۋېتىشتىن ئىبارەت بەش
باسقۇچتىن ئۆتىدۇ.
بىرىنچى، مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش
ئۈچۈن، شۇنىڭغا لايىق بىلىم ۋە تەجرىبىلەرنى توپلاش باسقۇ-ـ
چى. مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانلىق — ۋەزىپىنىڭ
يېرىمىنى تاماملىغانلىققا باراۋەر. بۇنىڭدا مەسىلە ئىزدەشتىكى
سەزگۈرلۈكنى جارى قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بارلىق ئىل-ـ
مىي ئىجادىيەتلەرنىڭ جەريانى مەسىلىدىن باشلىنىدۇ. فرانسۇز
ئالىمى گارودىنىڭ كۆرسىتىشىچە: «ئەقىل ـ ئىدراك ئۆزىگە
يارىشا تارىخقا ئىگە. بۇ تارىخ ئوخشاش مەسىلىگە ئۇزلۇكسىز
جاۋاب بېرىشتىن ئىبارەت تارىخ ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرىغا قويۇل-ـ
غان مەسىلىلەردىن ئىلھاملىنىش تارىخى».
ئىككىنچى، مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا پۈتۈن زېھنىنى
مەركەزلەشتۈرۈپ، ماتېرىيال توپلاش ۋە ماتېرىيال تولۇقلاش

باسقۇچى . بۇ ئىككى باسقۇچ ئاساسىي جەھەتتىن بىلىم توپلاش باسقۇچى بولۇپ ، لوگىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتىگە موھتاج ، بۇ ئىككى باسقۇچ كەشپىياتنى ، يەنى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىنىڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى ئىگىلەشنى ھەم ئىلگىرى سۈرىدۇ ، ھەم توسايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرىدۇكى ، ئۇنىڭدا تەتقىق قىلغۇچىنىڭ دىققىتى مەلۇم مەسىلىگە مەركەزلىشىدۇ ۋە بۇ مەسىلىدە توپلانغان ماتېرىياللار بىلەن بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزلەشتۈرۈشكە مەركەزلىشىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن توسىدۇكى ، ئۇنىڭدا تەتقىق قىلغۇچىنىڭ تەپەككۇرى كۆپىنچە نەق نۇقتىئىنەزەرلەر بىلەن چەكلىنىپ قېلىپ ، شۇ يېتىچە تۇرۇپ قالىدۇ . لېكىن ، ئىجادىيەتنىڭ ۋەزىپىسى كونا نۇقتىئىنەزەرلەرنىڭ خاتا تەرەپلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ ، يېڭى يول ئېچىشتۇر . ئۈچىنچى ، قارىماققا تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىنى تاشلاپ قويىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ، باشقا تەرەپ ۋە باشقا ساھەگە بۇرۇلۇش قىلىپ ئىزدىنىش باسقۇچى . بۇ پىكىر تۇغۇلىدىغان باسقۇچتۇر . بۇنىڭدا تەپەككۇر جانلىقلىقىنى جارى قىلىش ، تەجرىبە يۆتكەش ، ياندىن تەپەككۇر قىلىش ۋە ئۇلانما تەسەۋۋۇر قىلىش قاتارلىق ئىجادىي قابىلىيەتلەرنى تەتقىق قىلىشقا تۇغرا كېلىدۇ .

تۆتىنچى ، ئۆزلەشتۈرۈش باسقۇچى . بۇ كەشپىيات باسقۇچىدۇر . بۇنىڭدا بەزىدە ئېنىق ئىدىيە پەيدا بولماستىن ، بەلكى دەسلەپكى قەدەمدىكى قىياسلار ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن . بۇ باسقۇچتا بىۋاسىتە سەزگۈ ، ئىلھام ، تەسەۋۋۇر قاتارلىق غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇر ۋە گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ .

بەشىنچى ، تەكشۈرۈش باسقۇچى . بۇنىڭدا باھالاش قابىلىيىتى تەتبىق قىلىنىدۇ .

بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئىلمىي ئىجادىيەتلەر جەريانى گەرچە پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمىسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغان جايلىرى بولىدۇ . مەسىلەن ، ئىجادىيەت جەريانىدىن قارى-

غاندا ، بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن ئىلمىي ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەم-مىسى ماتېرىيال توپلاش جەھەتتىن ئوخشايدۇ . مەيلى سەنئەتكار ياكى ئالىم بولسۇن ، ھەممىسىنىڭ ئىجادىيىتى نۇرغۇن جاپالىق ئەمگەك سەرپ قىلىپ ماتېرىيال توپلاشنى شەرت قىلىدۇ .

پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيەت جەريانى يۇقىرىقىدەك ئورتاقلىققا ئىگە بولسىمۇ ، نوقۇل تېخنىكا ئىختىرا قىلىش نۇقتىسىدىن ئالغاندا ، پەن ئىجادىيىتىگە ئوخشىمايدۇ . شۇڭا ، بىز تېخنىكا جەھەتتىكى ئىجادىيەتنى ئىختىرا دەپ ئاتايمىز .

ئىختىرا قىلىش ئادەتتە تېخنىكا ئىجادىيىتىگە قارىتىلغان بولۇپ ، ئۇ كەشپىياتنىڭ ئارقىسىدا تۇرىدۇ . دۇنيادا تېخنىكا ئۇقۇمى ئۇستىدە چۈشەنچىلەر ھەر خىل بولۇپ ، ئەپلاتون ، ئا-رىستوتېل ، توماس ئاكۋىنا ، فرانس بېكون قاتارلىق مۇتەپەك-كۇرلار بۇنىڭغا ساپ پەنلەرگە ئوخشىمايدىغان ئەمەلىيەت تۇغرۇ-سىدىكى پەن ، دەپ قارىغان . ئەمما ، تېخنىكا دېگەن ئاتالغۇ كېلىپ چىققان Tehne دېگەن گرېكچە سۆزگە قارىغاندا ، بۇ سۆز Tehnology (تېخنىكا) ۋە Tehnigue (ماھارەت) دېگەن ئىككى تۈرلۈك مەنىدە ئېيتىلىدۇ . تارىختا كۆپرەك ئالىملار بۇ ئىككى تۈرلۈك ئاتالغۇنى ئوخشاش مەنىدە قوللىنىپ كەلگەن . ئەمما ، ھازىرقى كۈندە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس . ياۋروپا ، ئامېرىكا ئەللە-رىدە تېخنىكا ئالاھىدە بولغان تۈرلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى-نى ، ماھارەت ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى كۆرسىتىدۇ . ھالبۇ-كى ، ماھارەتنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى تېخنىكىدىن كەڭرەك بولىدۇ . ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدە ئەھۋال يەنە باشقىچە بولۇپ ، ماھارەت ئەمگەك ئۇسۇلنى كۆرسەتسە ، تېخنىكا بۇ ئۇ-سۇللارنىڭ قوللىنىلىشىنى كۆرسىتىدۇ ھەمدە بەزى تەسۋىرىي خاراكتېرى بار تەتقىقاتلارمۇ ئىلمىي تەتقىقاتلاردىن پەرقلەندۈرۈ-لۈپ ، تېخنىكا ساھەسىگە كىرگۈزۈلىدۇ . لېكىن ، پەن بىلەن تېخنىكا پەقەت سانائەت قۇرۇلۇشى پەنلىرىدە ، بولۇپمۇ قۇرۇ-لۇش ئەمەلىيىتىدە پەرقلەندۈرۈلۈپ ، تەبىئىي پەنلەر ساھەسىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زىچ باغلىنىپ كەتكەچكە ، «پەن ـ تېخنىكا» دېگەن ئاتالغۇ پەيدا بولمىغان ، بەزىدە تېخى «پەن» دېگىنىمىزدە «تېخنىكا» نىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ .

ھەرقانداق پەن نەزەرىيە ھەم تەجرىبە قىسىملىرىغا بۆلۈنىدىغاندەك ، نەزەرىيە ھەم تېخنىكىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىم بولىدۇ ھەمدە تېخنىكىنىڭ زوئولوگىيە ، ئاسترونومىيە قاتارلىق بىرمۇنچە پەنلەرگە ئوخشاش تەسۋىرىي قىسمى بولىدۇ . ئەمما ، تېخنىكا ئەمەلىيەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان ، تېخنىكا خادىملىرى ئىشلارنى تەجرىبىگە تايىنىپ ھەل قىلىش پوزىتسىيىسىدە تۇرىدىغان بولغاچقا ، تېخنىكا ئۇسۇلى ئىلمىي ئۇسۇللارغا ئوخشىمايدۇ . مەسىلەن ، مودېللىق تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى پەقەت تېخنىكىدىلا قوللىنىلىدىغان ئۆزگىچە ئۇسۇلدۇر . ھازىر تېخنىكا ئۇسۇلى ئاللىقاچان سىستېمىلاشقان «تېما تاللاش ، ماتېرىيال توپلاش ، قىياس تۇرغۇزۇش ، تەجرىبە قىلىش ، نەتىجىلەرنى باھالاش» تىن ئىبارەت مودېلغا ئايلاندى ھەمدە ئۇسۇللارنى تەتبىقلاش جەريانىدا تەجرىبە كۆلىمىدىكى ئىلغار مودېللارنى ئۇزلۇكسىز كېڭەيتىش ۋە ھەرقاچان خىراجەت ھەم خوراشنى نەزەرگە ئېلىش پوزىتسىيىسىدە تەرەققىي قىلمۇاتىدۇ . مېتودولوگىيە جەھەتتە بۇ ئۆزگىچىلىكلەر تېخنىكىنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، تېخنىكىنى پەرقلەندۈرۈشتە مۇھىم ئاساسقا ئايلانماقتا . بۇنىڭدىن باشقا ، تېخنىكا ئۇسۇلى زور تۈركۈملەپ يۈكسەك سىستېمىلىشىشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولغانلىقتىن ، بۇ ھال ھەرقانداق تېخنىكا تەتقىقاتىنى تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىش نىشانىغا ئىگە قىلماقتا . بۇ ئۆزگىچىلىكمۇ پەن بىلەن تېخنىكىنى بىر تاياقتا ھەيدەشنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىختىرا تېخنىكا جەھەتتە يېڭى شەيئىلەرنى پەيدا قىلىپ ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە :

بىرىنچى ، ئىستېمالچانلىق . ئىختىرا كۆپ ھاللاردا تۇر-
مۇشتا ئۇچرىغان رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش — ئېھتىياج-
نى قاندۇرۇش يولىدىكى تەسەۋۋۇرنىڭ نەتىجىسى بولغاچقا ،
ھەرقاچان ئەمەلىي بولغان ئىجادىيەت مەقسىتى ۋە نىشانى بىلەن
باشلىنىدۇ ھەمدە ئىختىرا قىلىنغان تېخنىكا ۋاقتى - سائىتىدە
خەلقنىڭ بىر ئېغىرچىلىقنى يەڭگىللىتىپ قويىدۇ . ئۇ كۈندى-
لىك تۇرمۇش ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە باغلى-
نىپ ، كىشىلەرنىڭ ئۇسسىغان يېرىگە بېرىشتىن تارتىپ ياكى
چوڭ - چوڭ ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىش ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ
تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاتوم بومبىسىنى ياساشقىچە تەسىر
كۆرسىتىدۇ . دېمەك ، ئىختىرالار خۇددى چاللار ھارغاندا ئېلىپلا
تايىنىپ ماڭىدىغان ھاسىغا ياكى باللار يىغلىسا ئاغزىغا سېلىپ
قويىدىغان كەمپۈتكە ئوخشاش ئىستېمالچانلىققا ئىگە بولۇپ ،
ناھايىتى تېزلىكتە جانغا ئەسقاتىدۇ .

ئىككىنچى ، يېڭىلىق . كۆكتات ياكى مېۋىلەرنىڭ باش بۇر-
نى چىققاندا ، بىراۋ بىراۋغا «يېڭىلىق» دەپ ئارزۇلاپ تۇتقاندى-
دەك ، ئىختىرا تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۇرلۇك ساھەلى-
رىگە يېڭى سوۋغىلارنى تەقدىم قىلىدۇ . ئىككىنچى تۇرلۇك
قىلىپ ئېيتقاندا ، ھەربىر ئىختىرا مۇۋەپپەقىيىتى ياسىلىش
پرىنسىپى ، قۇرۇلمىسى ، قۇۋۋىتى ۋە تېخنىكا ئالاھىدىلىكى
جەھەتلەردىن ھېچبولمىغاندا بۇرۇن ياسالغان نەرسىلەردىن پەر-
قلىنىدۇ . مەسىلەن ، جەمئىيەتنى يېڭى مەھسۇلاتلار بىلەن تە-
مىنلەيدۇ ، تۇرمۇشقا كىرەكلىك يېڭى سانائەت بۇيۇملىرىنى ،
يېمەك - ئىچمەكلەرنى ، كىيىم - كېچەكلەرنى ، دورا - دەرمەك-
لەرنى پەيدا قىلىدۇ . مائارىپنى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشى-
نىسى ، ئېلېكترلىك ساياھەت ئەسلىھەلىرى قاتارلىق نەرسىلەر
بىلەن تەمىن ئەتكەندەك ھەممە ساھەلەردە ئۆزىگە بازار ئاچىدۇ .
يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تاپىدۇ ، سانائەت ۋە ئىلمىي ئەسلى-
ھەلەرنى يېڭى ماتېرىياللار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ . مانا مۇشۇنداق

www.uyghurkitap.com

ھەممە تەرەپتىن كېڭىيىپ ماڭىدىغان ئىختىرالار تېخى ئۆزىگە دەرىجىدىن ھالقىغان دۇنياۋى بازار ئېچىپ، ئارقىدا قالغان خەلقلەرنى ئويغىتىدۇ.

ئۈچىنچى، ئىقتىسادچانلىق بارلىق ئىختىرالارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى رېئال تۇرمۇشتىن ئورۇن ئېلىش بولغاچقا، ئۇ ھەرقاچان ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئېرىشىدۇ. ئۇ، ئۆز تارىخىي باسقۇچلىرىغا كۆرە، تاۋارلىق سۈپىتى بىلەن بازارلارغا كىرىپ ئورۇن ئېلىپ، تاۋار سىستېمىسىغا ئۇيغۇنلاشقان بىر يۈرۈش پائالىيەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ ھەربىر تېخنىكىنىڭ پەيدا بولۇشى تۇرمۇشنىڭ شۇ ساھەسىدىكى ئېغىرچىلىقنى يەڭگىللىتىش بىلەن بىللە، ھەتتا يېڭى بازارلارنىڭ ئېچىلىشىغا، يېڭى خام ئەشيالارنىڭ تېپىلىشىغا سەۋەب بولۇپ تاۋارلارنى ئەرزانلاشتۇرۇۋېتىدۇ، تۇرمۇشنى ماددىي جەھەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. يەنە كېلىپ، ئىختىرا كىشى قىلغىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە بولماستىن، تىرىشچاق كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش. ئۇنىڭ بىرىنچى قەدىمى بىپەرۋالىقنى تۈگىتىپ، ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئىنچىكە كۆزىتىشتىن باشلىنىدۇ. بىز پەقەت كۆڭۈل بۆلگەن شەيئىنى ئىنچىكە كۆزىتىپ بولۇپ، بۇ ھەقتە كۆڭلىمىزگە زاھىر بولغان ئوي - پىكىرىمىزنى ئەستايىدىل خاتىرىلەش ئاساسىدا ئۆز لايىھىمىزنى تۈزۈپ چىقساق، بىزمۇ ئىختىرا تەرەپكە ماڭىدىغان بولىمىز. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 50 - يىللاردىن ھازىرغىچە بولغان سانلىرىغا كۆز يۈگۈرتكىنىمىزدە، شىنجاڭدىكى ھەممە نەرسە تۈرلۈك ژانىرلاردا يېزىلغان ئەسەرلەر بىلەن تەسۋىرلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇنىڭدا بەزى ساۋاتسىز قوشاقچىلاردىن تارتىپ يېتىلگەن تالانتلىق شائىرلارغىچە، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى باشلىغانلاردىن تارتىپ رومان ئاپتورلىرىغىچە ھەربىر ئەدىبنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىمىز. تېخنىكا ئىختىرا قىلىشمۇ خۇددى شۇنداق.

سەيلە قىلىشاتقان، كارىۋاتتا ئوڭدا ياتقان، ماشىنىدا كېتىۋاتـ
قان، ھەتتا ھاجەتكە بارغىنىڭىزدا ئېسىڭىزگە كەلگەن ئىجادىيەت
لايىھىسىنى ئالتۇن كالىلىڭىزغا ئىشىنىپ ئۇنتۇپ قالمايمەن دېـ
مەي، كۆتمەك قەلىمىڭىزدە يېزىۋالسىڭىز، ھەتتا سىزنىڭ ئۇ
ئىجادىيەت لايىھىڭىز راۋۇرۇس بىر پىلان بولماي ئاددىي، ئەخـ
مىقانە بولسىمۇ، باھالاشنى كېيىنكە قالدۇرۇپ خاتىرىلىۋېلىپ،
شۇنداق لايىھىلەر بىرنەچچە، ئون نەچچە بولغاندا سېلىشتۇرۇپ
كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى مۇۋاپىق ياكى بىرقەدەر
مۇۋاپىق بولىدۇ، ئۇنى ئەتراپلىق ئويلاپ پىششىقلىغىنىڭىزدا
ئىجادىيەتنىڭ ئىككىنچى قەدىمىنىمۇ باسقان بولىسىز. ئىشەنـ
مىسىڭىز ھازىر بىرمۇنچە يازغۇچى، ئالىملارنىڭ يانچۇقىدا خەـ
يالىغا كەلگەننى دەرھال يېزىۋالىدىغان دەپتىرى ياكى لېنتىغا
ئېلىۋالىدىغان مىكرو ئۇنئالغۇسى بار.
ئىشلىتىلمىگەن مېڭىنىمۇ دات باسىدۇ. بۇنىڭغا ئەتراپىدـ
مىزدىكى ھەممە ئادەم ئىقرار. سىز ھە دېسە گەپ ساتىدىغان،
ھەتتا باشقىلارغا تەلىم بېرىشكە ئىنتىلىدىغان، ئەمما كاللىسى
بىلەن قەلەمنى ئىشقا سالمايدىغان ھۇرۇنلارنى دورىماي، ئىجادىـ
يەت يولىدا مېڭىپ باقسىڭىز، ماڭغاندىمۇ چىدام بىلەن ھەم
بىرقەدەر تاقەتلىك روھ بىلەن ماڭسىڭىز، ئۇزاققا بارماي نەپ
ئالماي قالمايسىز. ھېچبولمىغاندا، ئىجادىيەت ۋە ئىختىراغا
پايدىلىق ئويۇنلارنى ئويناپ كۆرسىڭىز ئىجادىي قابىلىيىتىڭىز
ئۆسىدۇ. زېھىن سىناش ئويۇنلىرى بولسىمۇ ئويناپ كۆرسىڭىز
كۆڭلىڭىز ئېچىلىپ زېھنىڭىز ئۆتكۈرلىشىدۇ. بۇ جەھەتتە ئالـ
غان تەسىراتلار بويىچە ئىجادىيەت لايىھىلىرىڭىزنى ئائىلىڭىزدىـ
كىلەر بىلەن مۇزاكىرىلىشىپ كۆرسىڭىز، بالا ـ چاقىلىرىڭىز
بىلەن تېخىمۇ ئىناق بولۇپ قالىسىز. بۇنىڭ بىلەن سىز ئاتا
ـ بوۋىلىرىمىزدىن قالغان «بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوـ
قۇش» بىلەنلا قالماي، بىر چالمىدا ئۈچ ياكى تۆت پاختەك
سوقالايسىز.

دۇرۇس ، ھەممە ئىختىرا يۇقىرىدا دېگەنلىرىمىزدەك ئاددىي گەپ بولماستىن ، مۇشەققەتلىك جەريان . ئۇ ھەرقاچان قىيىن ئاچالاردىن ئۆتىدۇ . ناۋادا سىز راستىنلا ئىختىرا قىلىشقا نىيەت قىلسىڭىز ، ئەتراپلىق تەييارلىق قىلمىسىڭىز بولمايدۇ . بولۇپمۇ چوڭراق ئىختىرالار ئاچالدىن پايدىسىز يولغا ، ھەتتا باي بولىمەن دەپ نامراتلىق يولىغا ، بىر ئۆمۈر ھەپىلىشىپ نەتىجە چىقىرالمايدىغان يولغا كىرىپ قالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ، سىزدە ئىجادىي قابىلىيەت ۋە ئىجادىيەت قانۇنىيەتلىرى ، ئۇسۇللىرى ھەققىدە بىلىم تەييارلىقى بولۇشى كېرەك . بىز بۇ يەردە ئەنە شۇ ئاچالدىن ئىجادىيەتنىڭ ئامەتلىك يوللىرىغا ، باي ۋە باياشات بولىدىغان يولغا مېڭىپ كېتىشىڭىزنى تىلەپ ، زامانىمىزنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت ، ئىجادىيەت ھەم ئىختىرا ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئالدى بىلەن پۈختا ئىگىلەپ ئېلىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلماي تۇرالمايمىز .

## 3 . ئىجتىمائىي پەن ياكى ئىنسانچىلىق تەتقىقاتى

ئىجتىمائىي پەن ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ . شۇڭا ، فىلولوگىيە ياكى ئىجتىمائىي پەنلەرنى ئىنسانچىلىق پەنلىرى دەپ ئاتاشمۇ مۇمكىن .

تەبىئىي پەن تەتقىقاتى بىلەن تېخنىكا ئىختىرا تەتقىقاتى ماددىي مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسلىق ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى بولۇپ ، بۇنىڭغا سەل قاراش ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۇرلۇك قۇلايسىزلىق ۋە تۇرغۇنلۇق ئېلىپ كېلىدۇ . ئەمما ، بىر - بىرىگە ياندىشىپ ماڭىدىغان بۇ ئىككى خىل تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت ھېچقانداق چاغدا ئىدېئولوگىيە ياكى ئۇستقۇرۇلما ساھەسىدە ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلەيدىغان ئىجتىمائىي پەن — ئىنسانچىلىق تەتقىقاتىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ . ئەگەر پەننى دۇنيانى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدا پەرۋاز

قىلىپ ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشاتساق، ئىككى تەرەپنىڭ بىرى بولمىسا، قۇشنىڭ بىر قانىتى سۇنغان بولىدۇ ـ دە، تەرەققىيات ئەلچىسى ئۇچالمايدۇ. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى نەتىجىلىرى گەرچە تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلىرىدە بارلىققا كەلگەن كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەردەك ماددىي شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقمىسىمۇ، ئىدىيىگە يېتەكچىلىك قىلىپ ئىنسانچىلىق مىزانلىرىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىش خاراكتېرى بىلەن پەن ـ تېخنىكا تەتقىقاتى ۋە ئىجادىيىتىدىنمۇ مۇھىم ھەم تەخىرسىز ئورۇندا تۇرىدۇ.

چۈنكى، ئىجتىمائىي پەن ــ ئىنسانچىلىق پەنلىرى ئادەم بىلەن ئادەم مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلغاچقا، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرلىقىنى ھەممە تەرەپتىن قىلىدۇ. ھەتتا ئۇ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىش، ئۆز كەسپىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش مەسىلىلىرىنىمۇ ھەل قىلىپ، ئالىملارنىڭ ئىلمىي ئەخلاقىدىن تارتىپ تاكى بارلىق ئىلمىي خىزمەتچىلەرنىڭ ۋىجدانى، مەسئۇلىيىتى، ۋەزىپىسى ۋە خىسلەتلىرىگىچە ئىلىم بېرىش بىلەن ئۆز كاتېگورىيىسىدىكى ئىجتىمائىي پەن ۋە فىلولوگىيە خادىملىرىنى تەربىيىلەپلا قالماستىن، تەبىئىي پەن ۋە تېخنىكا پەنلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى بارلىق كىشىلەرنى ئىلمىي ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىلىم ـ پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئىشلەۋاتقانلارنى ئۆزىنى جەمئىيەتكە نېمە بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچەيدىغان پرىنسىپلار بىلەن قوراللاندۇرىدۇ.

شۇڭا، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى باشقا ئىجادىيەتلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا ئىجادىيەتلەرگە ئوخشىمايدىغان تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، مەۋھۇملۇق. ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى مەيلى نەزەرىيە ئاساسى جەھەتتىن ۋە ياكى ئىستېمال تەتقىقاتى جەھەتتىن بولسۇن بىرقەدەر مەۋھۇم، ھەتتا «سىرلىق» دەرىجىگە بېرىپ يېتىدۇ. بەزىلەر ئېھتىمال دۇنيانىڭ چەكلىك ياكى چەك-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سىزلىكىنى، ئادەمنىڭ ماھىيىتىنى، جەمئىيەتتىكى بىرلىك ۋە زىددىيەتلەرنى، ھەتتا نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇرۇنقى ۋەقەلەرنى تەتقىق قىلىشنىڭ نېمە پايدىسى بار، دەيدىغاندۇر.

پايدىسى بار. چۈنكى، ئىنسانلارنىڭ بارلىق ئىجادىي پائالىيەتلىرى شۇ ئىجادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى، قىممەت قارىشى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ جەھەتلەردە ئىدىيە ۋە مۇددىئانىڭ قانداق بولۇشى بىلەن ئىجادىي ئىقتىدار بۇلىقىنىڭ ئېچىلىشىدا چوڭ پەرق بولىدۇ. سەن ئىجادىيەتنى قانداق ئېلىپ بارىسەن؟ تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنى ئۆز ئارا باغلانغان، ھەرىكەتچان، تەرەققىي قىلىدىغان بىر سىستېمىدا قويۇپ تەكشۈرەمسەن؟ مانا بۇلار ماھىيەتلىك مەسىلە بولۇپ، ھەربىر كىشىنىڭ پوزىتسىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. سەن ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالامسەن - يوق؟ ئادەمدە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بولامدۇ - بولمامدۇ؟ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىق بولسا قانچىلىك بولىدۇ؟ سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىقنى نېمىگە تايىنىپ جارى قىلدۇرىمىز؟ مانا بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ھەممىسى ئىجادىي پائالىيەت بولۇپ، بۇ مەسىلىلەر ئاۋۋال ھەل قىلىنمىسا، تەبىئىي ۋە تېخنىك پەنلىرىدىكى ئىجادىيەتمۇ نىشان كۆرسەتكۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ ياكى مەنئۇۋى مەنبەسى يوق بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئىككىنچى، مەنئۇۋىلىك. ئىجتىمائىي پەن — ئىنسانچىلىق ئىجادىيىتىنىڭ مەھسۇلى مەنئۇۋى بولىدۇ. مەيلى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ لايىھىلىرى، ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلارنىڭ باغلىنىشلىقى ھەققىدىكى ئانالىز ياكى تارىخىي پاكىتلاشلاردىكى زور بۆسۈشلەر، پىسخىك تەجرىبىلەر ئۈستىدىكى مۇھىم ئىسپاتلاشلارنىڭ ھەممىسى مەنئۇۋى مەھسۇلاتتۇر.

ئۈچىنچى، تارىخ تەكرارلانمايدۇ. تارىخنىڭ مۇنداق رەھىمسىزلىكى ئىجتىمائىي پەن تەجرىبىلىرىگە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ماكرولۇق پىلانلاردا خاتالىق كۆرۈل-

گەن ھامان مۆلچەرلەش قىيىن بولغان زىيانلار كېلىپ چىقىدۇ . بولۇپمۇ جەمئىيەتتىن ئىبارەت بۇ زور ماشىنىنىڭ ھەرىكىتىدە ئۆزىگە خاس ئىچكى مېخانىزم بولغانلىقتىن ، بۇ مېخانىزملارغا خىلاپلىق قىلىنسا ، ئۇنى تۈزەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غايەت زور كۈچ كېتىدۇ . مانا بۇلار ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ دەلىللەش خاراكتېرىنى بېكىتكەن بولۇپ ، دەلىللەش بۇ ساھەدى-كى تەتقىقاتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدە ئاساسلىق رول ئوينايدۇ . بىزنىڭ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز ئەنە شۇ سەۋەبتىندۇر .

تۆتىنچى ، جانلىقلىق . ئىجتىمائىي پەن — فىلولوگىيە پەنلىرى تەتقىقاتى جانلىقلىقتىن ئايرىلالمايدۇ . ھالبۇكى ، ئادەم پائالىيەتچان ئامىل بولۇپ ، ئادەمنىڭ ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە جايلاردىكى ھالىتى ئوخشاش بولمايدۇ . يەنە كېلىپ ئادەمنىڭ ئىدىيىسى بىلەن قىلىقى مىللىي مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ-لا قالماستىن ، يەنە شەخسنىڭ ئۆزگىچە ساپاسى ، كۆرگەن تەلىم - تەربىيىسى ، ئائىلە شارائىتى ۋە پەۋقۇلئاددە پسىخىك ھالىتى قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ . شۇڭا ، يەر يۈزىدىكى ئادەم-لەر بىر - بىرىگە زىنھار ئوخشاش بولمايدۇ . مۇشۇنداق ئوخ-شاشمايدىغان پسىخىكا ۋە خاسلىقلاردا ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تىندۇرمىلىرى ، ئەجدادلىرىنىڭ ئۇدۇم - ئادەتلىرى بولۇپلا قالماستىن ، ئالاھىدە ۋاقىت ، شارائىتلارنىڭ بولىدۇ . شۇڭا ، ئادەمنى تەتقىق قىلىدىغان ئىجتىمائىي پەندە بەلگىلىك جانلىقلىق بولىدۇ . ئىجادىيىتىمۇ تەبىئىي پەننىڭ ئىجادىيەتلىرىدەك قېلىپلا-شقان بولمايدۇ . ئەمما ، بۇنىڭلىق بىلەن ئىجتىمائىي پەن ئىجاد-يىتىدىمۇ ئىلمىيلىك يوق دېگىلى بولمايدۇ . ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشىدىمۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك قا-نۇنىيەت بولىدۇ . شۇنىمۇ بىلىش لازىمكى ، مەلۇم قانۇنىيەتلەرنى كەشىپ قىلىش ئىجادىيەتكە تەۋە بولۇپلا قالماستىن ، ھەتتا مۇ-قىم ، نوقۇل ، مەلۇم ئالاھىدە ساھەلەردىكى ئىجادىيەت ۋە ئىختى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـرالاردىن تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ .
يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتى توغرىلىق بىلەن ئېلىپ بېرىلسا ، بارلىق ئادەملەر- نىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزىنى تونۇش دەرىجىسىنى ئۈستۈرەلەيدۇ . شۇ ئارقىلىق ماددىي مەدە- نىيەتنى كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ دەرىجىدە تېز راۋاجلا- ندۇرۇشقا ئاساس سالىدۇ . شۇڭا ، ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىگىلەپ ، تۇرمۇش ۋە قۇرۇلۇشىمىزدىكى رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا سەل قاراشقا بولمايدىغان ئۇلۇغ خىز- مەتتۇر .
ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدا يەنە شۇنىمۇ تولۇق نەزەرگە ئالماي بولمايدۇكى ، ئىجتىمائىي پەن ھەرقاچان ئۆزگىرىپ بې- رىۋاتقان جەمئىيەت تومۇرىنىڭ سوقۇشىغا ئەگىشىپ ئۆرلەپ ماڭىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھازىرقى كۈندە ئىجتىمائىي پەن تەتقى- قاتىنىڭ زامانىۋىلىشىش مەسىلىسىنىمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ، ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ زامانىمىزدىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشى بو- يىچە تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك . چۈنكى ، پەن تەتقى- قاتىنىڭ جاۋاب بېرىدىغىنى ۋە ھەل قىلىدىغىنى ئىنسانلار ئەمە- لىيەت ۋە بىلىش داۋامىدا ھەل قىلالمىغان ۋە ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىلەردۇر . ئىلىم ـ پەن خادىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەر دەۋرنىڭ تەلىپىنى قانچە چوڭقۇرلاپ ئەكس ئەتتۈرسە ، ئىلىم ـ پەن تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئىنسان- لارنىڭ ئەمەلىيەت ۋە بىلىش سەۋىيىسىنى شۇنچە يېڭى تەرەققى- يات باسقۇچىغا كۆتۈرىدۇ . تەبىئەت دۇنياسىغا سېلىشتۇرغاندا ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تارىخىي خاراكتېرى دەۋرنىڭ قىياپىتى- نى تېخىمۇ كۈچلۈك تۈردە ئەكس ئەتتۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، تەتقىقات تېمىسىنىڭ زامانىۋىلىششى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسى ، سۈپىتى ، قىممىتى ۋە ئۈنۈمىنى مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلەيدۇ . ئىجتىمائىي پەن تەتقىقات تېمىسىنىڭ زامانىۋىلى-

شىشىنى تۈۋەندىكى تەرەپلەردىن ئويلاش مۇمكىن .

بىرىنچىدىن ، دەۋرىمىزنىڭ تارىخى قەدىمكى تۇرلۇك پەنلەر بۇرۇن تەتقىق قىلغان ياكى ناھايىتى ئاز تەتقىق قىلغان بەزى ئۇنىۋېرسال يېڭى تەتقىقات تېمىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى .

مەسىلەن ، تەدبىر تۈزۈشنى ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە مەسىلىھەتچىلىك تەتقىقاتىنى ئالىدىغان بولساق ، بۇلار زامانىمىزدىكى پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئوتتۇرىغا قويغان ئۇنىۋېرسال تەتقىقات تېمىسىدۇر . ئىلىم ـ پەن ، ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنىڭ كۆلىمىنىڭ بارغانسېرى زورىيىپ بېرىشى يۇكسەك ئۇنىۋېرساللىق خاراكتېرى ۋە ئۆزگىرىشچانلىقى تەدبىر تۈزۈشتە كەتكۈزۈپ قويۇلسا زور تەسىر قوزغايدىغانلىقىنى ۋە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن . شۇڭا ، تەدبىر تۈزۈشنىڭ ئاساسىي ئۇسۇلى ، تەرتىپى ، يولغا قويۇش كاپالىتى ۋە مەسلىھەتچىلىك تەشكىلىي پائالىيەتلىرىنىڭ شەكلى گەۋدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە . شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە باشقا بىرمۇنچە يېڭى مەسىلىلەر بۇرۇن تەتقىق قىلىنمىغان مەسىلىلەردۇر .

ئىككىنچىدىن ، يېڭى پەنلەرنى تەتقىق قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك . يېڭى پەنلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ئۇيغۇنلىشىش ، كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ھەققىدىكى بىلىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ، يېڭى نەزەرىيە ۋە ئۇسۇل شەكىللەندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ . يېڭى پەنلەر ئۇستىدىكى تەتقىقاتنى پائال قانات يايدۇرۇش ئىجتىمائىي پەنلەردە تەتقىقات تېمىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم تەرىپىدۇر .

ئۇچىنچىدىن ، ئەنئەنىۋى پەنلەر تەتقىقاتىدا يېڭى تېمىلارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قېزىش ، مۇقەددەم تېمىلارنىمۇ دەۋر يۈرىقىغا ئىگە قىلىش كېرەك .

مەسىلەن : ھازىرقى زامان تۇرمۇشىنىڭ يېڭى تەرەققىياتىغا

ئويغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ بۇ يېڭى تەرەققىياتلارنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تونۇشىغا ئەگىشىپ، زامانىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ بىلىم سىستېمىسى ۋە قۇرۇلمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارماقتا. ئەنئەنىۋى پەنلەرنىڭ ئوبيېكتىدا يېڭى ئالاھىدىلىكلەر پەيدا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەنئەنىۋى پەنلەرنىڭ ئىنسانلارنىڭ بىلىم سىستېمىسىدىكى ئورنى ۋە رولىمۇ ئۆزگەرمەكتە. شۇڭا، ئەنئەنىۋى پەنلەر ئۆزلىرىنىڭ بىلىش ئوبيېكتىنى، ئورنىنى ۋە رولىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭىۋاشتىن تونۇپ يېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇقۇم كاتېگورىيىسى ۋە نەزەرىيە سىستېمىسىنى يېڭى ئەھۋال ۋە تەلەپكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشى لازىم. مۇقەددەم مەسىلىلەرگە قارىتا زامانىمىزنىڭ تۇرمۇشى ۋە پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ يېڭى تەتقىقات يولى تېپىش، يېڭى ئىزدىنىشلەردە بولۇش، يېڭى يىغىنچاقلاش ۋە يەكۇنلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، تارىخىي ۋە مۇقەددەم مەسىلىلەر تەتقىقاتىدا جانلىق، ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كەيپىيات شەكىللىنىدۇ.

تۆتىنچىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆزگىچە ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىش كېرەك. بىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىز غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى كىرگۈزگەندە، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ بىزگە بولغان چىرىتىشىگە قارشى تۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىمىزدىكى جەھەتلەرنى قېزىشىمىز، ھازىرقى زامان پەن ـ تېخنىكىسى بىلەن ئېلىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئۆزئارا بىرلەشكەن ھازىرقى زامان جۇڭگو سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك.

## 4 . ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى

جانلىق ئوبراز ئارقىلىق تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى باشقا ئىجادىيەتلەر بىلەن ئور-تاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىللە يەنە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە .

ئالدى بىلەن بەدىئىي ئىجادىيەت (ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ) جەريانى تۆت باسقۇچقا بۆلۇنىدۇ . بۇلار ماتېرىيال توپلاش ، پىكىر يۈرگۈزۈش ، پىلان ياكى تېزىس تۈزۈش ، پىلان ياكى تېزىسنى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت .

بۇ باسقۇچىلارنى مۇنداق كۆرسىتىش مۇمكىن :

ماتېرىيال توپلاش ــــ ئىجادىيەتنىڭ زۆرۈر شەرتىدۇر . مەسىلەن ، ماكارېنكو تۇرمۇشتىكى قىزىقارلىق ئىشلارنى تەس-ۋىرلىگەن ھېكايىسىنى ئېلان قىلىنماي قايتۇرۇۋېتىلگەنلىكى سە-ۋەبىدىن قەتئىيلىك بىلەن تۇرمۇشقا چوڭقۇر چۆكۈپ ، ماتېرى-يال توپلىماقچى بولغان . شۇ مەقسەتتە ئۇ بالىلار تەربىيە يۇرتىدا 13 يىل تەربىيىچىلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان . 1935 ـ يىلى 40 ياشقا كىرگەن ماكارېنكو بۇ ماتېرىياللاردىن بىرنەچچە ئاي ئىچىدە رومان يېزىپ چىققان . بۇ رومان مائارىپ تەتقىقاتىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن مەشھۇر پېداگوگىكا پوئېمىسى «پې-داگوگىكا پوئېمىسى» دۇر .

پىكىر يۈرگۈزۈش ــــ ئىجادىيەتتىكى ئەڭ ئاچقۇچلۇق مە-سىلىدۇر . ئۇ ھەمىشە ئىلھامدىن ئىبارەت غەيرىي لوگىكىلىق تەپەككۇرغا موھتاجدۇر . مەسىلەن ، تولستوي دوستىغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ مەشھۇر رومانى «ئاننا كارېنىنا» نى يېزىپ

www.uyghurkitap.com

چىقىش جەريانىدىكى پىكىر يۈرگۈزۈش باسقۇچى ئۈستىدە توختىلىپ : «. . . قايغۇ ـ ھەسرەتتە ھېچنېمىنى يازمىدىم ، ئازابلىنىپ ئىشلەۋاتىمەن ، ئۇرۇغ چاچمىسام بولمايدىغان بۇ ئېتىزلىقنى چوڭقۇر ھەيدەپ يۇمشىتىشتىن ئىبارەت خىزمەتنىڭ ماڭا نەقەدەر قىيىنغا چۈشكەنلىكىنى سىز زادىلا تەسەۋۋۇر قىلالمايسىز . دېمەكچىمەنكى ، ھەجمى تولىمۇ چوڭ بۇ رومانىم («ئاننا كارېنىنا» نى كۆرسىتىدۇ) نىڭ كەلگۈسىدىكى شەخسلەرنىڭ قانداق سەرگۈزەشتلەرگە يولۇقىدىغانلىقىدىكى ئېھتىماللىقلارنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ۋە قايتا ـ قايتىلاپ ئويلىنىۋاتىمەن . بۇ ئېھتىماللىقلارنىڭ بىرەرسىنى تاللاپ چىقىش ئۈچۈن ، مىليونلىغان كەچۈرمىشلىرى ئۈستىدە ئويلىنىشنىڭ ئۆزى ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن قىيىن ئىكەن ، مېنىڭ ھازىر ئىشلەۋاتقىنىم مانا مۇشۇ . . .» دېگەن .

پىلان ياكى تېزىس تۈزۈشتىن ئىبارەت ئۈچىنچى باسقۇچقا مىسال ئالساق ، بالزاك «كىشىلىك كومېدىيىسى» دېگەن زور ھەجىملىك پارلاق ئەسەرنى يېزىشنىڭ پىلانىنى تولىمۇ ئەتراپلىق تۈزگەن .

بۇ زور ھەجىملىك ئەسەر 96 رومان ، پوۋېست ۋە ھېكايىنى ، 2000 دىن ئارتۇق شەخسنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، ئۇ «قائىدە ـ يوسۇن تەتقىقاتى» ، «پەلسەپە تەتقىقاتى» ۋە «تەھلىل تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمغا بۆلۈنگەن . بۇنىڭ ئاساسىي تېمىسى «قائىدە ـ يوسۇن تەتقىقاتى» دىن ئىبارەت بولغان . بالزاك قائىدە ـ يوسۇن قىسمىنىڭ پىلانى ئۈستىدە توختىلىپ : «. . . بارلىق ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنى ئىنكاس قىلىش مەقسىتىدە ھەربىر تۇرمۇش مەنزىرىسىنى ، ھەربىر قىياپەتنى ، ھەر بىر ئەركەك ۋە خوتۇن ـ قىزنىڭ مىجەز ـ خاراكتېرىنى ، ھەربىر تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ، ھەربىر كەسپتىكىلەرنى ،

ھەربىر ئىجتىمائىي ئورۇندىكىلەرنى، فرانسىيىدىكى ھەربىر ئۆلكىنى ... تەسۋىرلەپ يېزىشىم كېرەك» دېگەن.

تۆتىنچى باسقۇچ، پىلاننى ئەسەرگە ئايلاندۇرۇش. بۇ باسقۇچ ئەسەرنىڭ ياخشى ياكى ناچار بولۇشىنىڭ ئاچقۇچلۇق باسقۇچىدۇر ھەمدە ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ دەرىجىسىمۇ ناھايىتى زور دەرىجىدە مۇشۇ باسقۇچتا بەلگىلىنىدۇ. «بوۋارى خانىم» ناملىق مەشھۇر ئەسەر بىلەن XIX ئەسىردە دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ مۇنبىرىگە چىققان فرانسىيىلىك بۈيۈك يازغۇچى فىلوبېر ئەسەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن يېزىشتا، ئەسەرنىڭ ژانىرىغا ئەھمىيەت بېرىشتە، ئەسەرنىڭ قولىيازمىسىنى زېرىكمەستىن قايتا ـ قايتا ئۆزگەرتىشتە مەشھۇر بولغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى گوركىيغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن. فىلوبېر دوستىغا ئەۋەتكەن خېتىدە بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى بۇ باسقۇچنىڭ تولىمۇ جاپالىق بولىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ: «بۈگۈن نېمىشقا خاپا بولغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيمەن، بەلكىم رومانىمنىڭ سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن، بۇ روماننى يېزىپ چىقىشنىڭ ئۆزى ماڭا تاغنى يۆتكەشتىنمۇ مۈشكۈل چۈشتى. شۇ سەۋەبتىن بەزىدە يىغلىغۇم كېلىدۇ. ئەسەر يېزىش ئۈچۈن ئادەمدە ئاجايىپ غەيرەت بولمىسا بولمايدىكەن، لېكىن مەن پەقەت ئادەتتىكىدەكلا ئادەممەن. بۈگۈن بېشىم قاتتىق ئاغرىپ، كەيپىسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنىڭ تۈپەيلىدىن تۆت سائەت ئىچىدە بىر قۇرنىمۇ يازالمىدىم. بۇنىڭ ئەكسىچە، بۇرۇن يازغانلىرىمدىن 100 جۈملىدەك ئۆچۈرۈپ تاشلىدىم. بۇ خىزمەت ھەقىقەتەن تەس خىزمەت ئىكەن! سەنئەت! ھەي، سەنئەت! سەن زادى جاننى ئالىدىغان جەبرائىلمۇ، نېمىشقا مۇنداقسەن؟» دېگەن.

دەرۋەقە، ئىجادىيەت جەريانىنى يۇقىرىقىدەك تۆت باسقۇچقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۆلۇش ئۇنىڭ ئاساسىي جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىك بولۇپ، ئىجادىيەت قانۇنىيىتىنى مۇھىمى پسىخولوگىيە دائىرىسىدىن تەتقىق قىلىش ھېسابلىنىدۇ. ئەمەلىي ئىجادىيەت جەريانىدا بۇ باسقۇچلار بىر ـ بىرىدىن ئېنىق ئايرىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ھېسسىياتنى چۆرىدىگەن هالدا تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە:

بىرىنچى، ئوبرازچانلىق. ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئوبراز يارىتىشتۇر. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقىرىقى تۆت باسقۇچلۇق ئىجادىيەت جەريانىدىن مەلۇمكى، ئۇ پەن ـ تېخنىكا ئىجادىيىتى ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى بىلەن ئوخشاش ئەمەس، چۈنكى، پەن ـ تېخنىكا ۋە ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى، ئاساسلىقى لوگىكىلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى ئاساسلىقى ئوبرازلىق تەپەككۇرغا تايىنىدۇ.

ئۇنداقتا ئوبراز قانداق بولىدۇ؟ بىر تەرەپتىن، رېئاللىق تۈسىنى ئالىدۇ. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ كونكرېت مەنزىللىرىنى تەسۋىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئوبراز تۇرمۇش ھادىسىلىرىنىڭ كونكرېت ۋە جانلىق ئىپادىسىدەك تۈس ئالىدۇ ـ دە، ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئۆزىنى رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش قايىنىمىغا كىرىپ قالغاندەك، يارىتىلغان ئوبرازلار بىلەن هال ـ مۇڭ بولۇۋاتقاندەك ياكى ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بىر شارائىتتا تۇرغاندەك ھېس قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەكس ئەتتۈرگەن ئەھۋاللار ئاپتورنىڭ سۈبيېكتىپ ئانالىزى، تاللىشى، ئىش قوشۇپ ئۆزگەرتىشىدىن ئۆتكەنلىكتىن، ئاپتورنىڭ بەلگىلىك ئۇقتىسىنەزىرى ۋە پوزىتسىيەسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئوبرازلار بەلگىلىك ئىدىيىۋى خاھىشچانلىققا

ئىگە بولۇپ، كىتابخان ياكى تاماشىبىنلاردا ئىدىيىۋى تەسىرات ۋە ھېسسىيات ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئىككىنچى، ھېسسىياتچانلىق. ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى ئوبرازلار ئوخشاش بولمايدۇ. مۇزىكا، رەسىم، نەقىش، ھەيـ. كەل، ھېكايە ۋە شېئىر قاتارلىقلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوبراز يارىتىش ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. ئەمما، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر نۇقتىدا ئورتاق بولىدۇ. بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىـ. سىدە ئىجادىيەتچىنىڭ كۈچلۈك ھېسسىياتى بولىدۇ. ئىجادىيەتـ. چى بەلگىلىك ئىدىيە، نۇقتىئىنەزىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا مول تۇرمۇش دېتاللىرىغا ئۆزلىرىنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتىنى قوشۇپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا ئۇچرايدىغان نۇرغۇن ئوبرازـ. لارنى يارىتىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىگە ئىجادىـ. يەتچىنىڭ ھېسسىياتى سىڭىپ كېتىدۇ. دۇرۇس، باشقا ئىجادىـ. يەت تۈرلىرىدىمۇ ھېسسىيات بولىدۇ. لېكىن، ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى جەھەتتىن باشقا ئىجادىيەت تۈرلىرىگە زاـ. دىلا ئوخشىمايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، يارىتىلغان ئوبرازلارـ. نىڭ ھېسسىياتى ئاپتورلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن كۆرگۈچىلەرـ. نىڭ ھېسسىياتىنى يۇغۇرۇپ، ئۇلارنى ئورتاق بىر ئىدىيە ۋە تىلغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىدىن ناھايىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئۈچىنچى، يەككىلىك. ئىجادىيەتچىنىڭ ئۆزىنى ئىپىپ ئېيتقاندا، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى كۆپ ھاللاردا يەككە ھالدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھازىرقى كۈنگىچە ناھايىتى ئاز ساندىكى ئەسەرلەرنى بىرنەچچە كىشى ھەمكارلىشىپ ئىجاد قىلغاندىن باشقا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئەسەرلەر يالغۇز بىر ئادەم تەرىپىـ. دىن ئىجاد قىلىندى. يەنى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجادىيەتچىلەرنىڭ غايە، ھېسسىيات، تۇرمۇشىنىڭ ئاشكارىلىنىـ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شى بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىقا ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ «يەككە» لىكىنى بەلگىلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھال ئىجتىمائىي پەن ئىجادىيىتى بىلەن پەن ــ تېخنىكا ئىجادىيىتىدىكى «ئۆتكەلدىن ھەمكارلىشىپ ئۆتۈش» بىلەن ئوخشاش بولمايدۇ.

ئوخشاش تېما ئوخشاش بولمىغان ئاپتورلارنىڭ قولىدا باشقا ــ باشقا ئىجادىيەت بولۇپ چىقىدۇ؛ ئوخشاش بولغان بىر تۇرمۇش دېتالىنى ھەربىر ئاپتور ئۆزگىچە ئۆزلەشتۈرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات ــ سەنئەت ساھەسى رەڭگارەڭ گۈل بولۇپ ئېچىلىدۇ. مەسىلەن، رابىيە ــ سەئىدىنىنىڭ ۋەقەسى ئەھمەد زىيائىينىڭ قەلىمىدە دىداكتىك داستان بولۇپ چىققان بولسا، مۇھەممەت ئېلى زۇنۇنىنىڭ قەلىمىدە دراما بولۇپ چىققان.

كىشىلەرنى قالاق تۇزۇملەرنى ئۆزگەرتىشكە، يېڭى ماتېرىيال مەنبەلىرىنى ئېچىشقا، يېڭى تېپتىكى بازارلارنى ئېچىشقا مەجبۇرلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئات بىلەن چېپىشتىن ماشىنا بىلەن چېپىشقا، ھەتتا تېخى قۇشلاردەك ھاۋادا ئۇچۇشقا قادىر بولۇپ، بەختلىك جەمئىيەت قۇرۇشتا مىسلى كۆرۈلمىگەن ماددىي ئاساسلارغا ئىگە بولىدۇ.

ئىجادىيەتنىڭ يۇقىرىدىكى تۈرلىرىدىن باشقا يەنە شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش بىز بايان قىلغان بىرنەچچە تەرەپ بىلەن چەكلەنمەيدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشنىڭ دائىرىسى قانچىلىك ۋە قانچە تۈرلۈك بولسا، ئىجادىيەتنىڭمۇ دائىرىسى ۋە تۈرلىرى شۇنچىلىك ۋە شۇنچە تۈرلۈك بولىدۇ. مەسىلەن، ئىگىلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئالىدىغان بولساق، ئىگىلىك باشقۇرغۇچى ئىشچى ــ خىزمەتچىلەرنىڭ خاسلىقىنى بايقاش ۋە بۇ جەھەت-

تىكى ئىجادىي بۇلاقنى ئېچىش، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش بىلەن تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈشتە ئىجادىي بولۇشى، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى توغرا باھالىشى، يەنى ئوخشاشمىغان تەسەۋۋۇر، لايىھە، پىلان، تەكلىپ قاتارلىقلاردىن توغرىسىنى تاللاپ ئېلىشى ۋە ياخشى ئىش قىلىش نىيىتىدىكى ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ نامۇۋاپىق لايىھىلىرىگە كەڭ قورساقلىق قىلىشى، باشقۇرۇشنى كۆچەيتىشتە ئىجادىي بولغان تەشكىلىي تۈزۈملەرنى قوللىنىشى كېرەك. دېمەك، ھەرقانداق بىر ساھەدە ئىجادىي ئىشلىمىسە بولمايدىغان ئىشلار بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت تۈرلىرىنىڭ سانىمۇ كۆپ بولىدۇ. سودا - سانائەت، ئارمىيە، دوختۇرلۇق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۆزىگە خاس ئىجادىي پائالىيەتلەر بولىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت تۈرلىرىنى پەقەت ۋە پەقەت ھازىرقى سەۋىيىمىزدە يۇقىرىقىدەك تۈرلەر بويىچە بايان قىلىمىز.

ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە يەنە شۇنداق بىر مۇھىم قاراشنى توغرىلىۋېلىش كېرەككى، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىدە نەزەرىيە بىلەن يېزىش ئەمەلىيىتى بىردەك مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزىلەر: «ئەدەبىيات - سەنئەتتە نەزەرىيە ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. نەزەرىيە ئىجادىيەتنى يېتەكلەيدۇ» دەيدۇ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس. يازغۇچىنى مىسالغا ئالساق، ئىجادىيەت — يازغۇچىنىڭ تۇرمۇشنى ئۇزاق مۇددەت كۆزىتىشى ۋە ئىگىلىشىنىڭ نەتىجىسى، يازغۇچى نەزەرىيىنى بىلمەي تۇرۇپمۇ ئەسەر يازالايدۇ، لېكىن پىشقان يازغۇچىنىڭ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى ئىگىلەپ، تارىخنى يورۇتۇپ بېرىشى ئۈچۈن توغرا، ئىلمىي نەزەرىيە ئاساسى بولمىسا بولمايدۇ. ئىلمىي نەزەرىيىدىن ئايرىلغان، ئەجدادىنىڭ تارىخنى بىلمىگەن، پەن - مەدەنىيەت جەھەتتىكى

www.uyghurkitap.com

مىللەت بىلىملىرىدىن خەۋەرسىز ھەرقانداق يازغۇچى ئىدىيىسى چوڭقۇر ، بۈيۈك يازغۇچى بولالمايدۇ . باشقا ساھەلەردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش . ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەرقانداق تۈرىدە نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت ، پەن بىلەن ھېسسىياتنى ئىپادىلەش زىچ بىرلەشكەندە بۈيۈك ئەدىب ـ سەنئەتكار مەيدانغا كېلىدۇ .

# IX باب ئىجادىيەتنىڭ قاتلاملىرى

يۇقىرىدىكى بايانلىرىمىزدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئىجادىيەت دېگەن تەبىئەتنىڭ ئىلتىپاتى ياكى مەلۇم تالانتلىق شەخسلەرنىڭ يۈگەنسىز ئاتلاردەك خالىغان بىر يەرگە يۈگۈرۈپ بېرىشى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيەت ۋە ئىجادىيەت داۋامىدا ئىجادىي قابىلىيەتنى يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان ئەمگەك نەتىجىسى. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئالىملاردا ئىنتايىن كۈچلۈك ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ، مول بىلىم، ئىلمىي تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ۋە كۆزىتىش قابىلىيىتى بولىدۇ؛ ئۇلار باشقىلاردىن دادىلراق كېلىدۇ؛ ئۇلار ئىدىيىلىرىنى چۈشەپ يۈرمەيدۇ، بەلكى مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىدۇ، كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى خىياللارنى ئىنسانىيەتكە بەخت كەلتۈرىدىغان گۈزەللىك ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئەمەلىيەتكە ئىنتىلىدۇ؛ ئۇلاردا ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان ھەيران قېلىش ھېسسىياتى بولۇپ، ئۇلار ئىجاد قىلغان نەرسىلىرىدىن مەڭگۈ قانائەت تاپمايدۇ. بۇ ئالامەتلەر بارلىق ئالىملاردا ئورتاقتۇر. ئەمما، ئالىملاردىكى ئىجادىيەتكە بولغان مۇنداق كۈچلۈك مۇددىئا، مۇستەقىل تەپەككۇر، ھەيران قېلىش ۋە ھەر نېمىدىن قانائەت قىلماي ئىنتىلىشنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئىلىم ـ پەن تارىخىدىكى ئىجادىيەتلەرنىڭ قاتلاملىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئالايلۇق، مىسلى كۆرۈلمىگەن قائىدىلەرنى ئىجاد قىلىش بىر خىل ئىجادىيەت بولسا، بىرەر پەننى بىرقەدەر تولۇقلانغان ياكى

رەسمىي پەن دەپ ئاتىغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈزۈشمۇ بىر خىل ئىجادىيەت بولىدۇ؛ يېڭى بىر نەزەرىيە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق بىرەر پەندە ئىسلاھات ھاسىل قىلىش ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئۇيغۇنلىشالايدىغان بىر خىل تەتقىقات ئۇسۇلى تۇرغۇزۇش پەندىكى بىر خىل ئىنقىلاب بولىدۇ؛ ئايرىم بىر پەندىكى ئىسلاھاتنى پۈتكۈل ئىلىم - پەن بىلىملىرى سىستېمىسىدىكى ئىسلاھاتقا ئايلاندۇرۇش ئىلىم - پەندىكى ئۇلۇغ بىر ئىنقىلاب بولىدۇ. ئالدىنقى بىر خىل ئىجادىيەتنى بۆسۈش دەپ ئاتاش توغرا كەلسە، كېيىنكى بىرنەچچە خىلنى زور بۆسۈش دەپ ئاتاش كېرەك بولىدۇ. كېيىنكى بىرنەچچە خىلىنى زور بۆسۈش زور ئىجادىيەت دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، ئىجادىي قابىلىيەتلەر زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ھەم ئادەتتىكى تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىدىغان قابىلىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ لېكىن، ئومۇمىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىي قابىلىيەت ئوتتۇرىسىدا ئاتلاپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ھاڭ يوق، ئىجادىي قابىلىيەت ئومۇمىي تەپەككۇرنىڭ تەرەققىياتى بولۇپ، ئۇ ھەرقاچان ئومۇمىي تەپەككۇرنى ئاساس قىلىپ پەللىمۇ پەللە ئۆرلەيدۇ. بەزىدە ئادەتتىكى تەپەككۇر جەريانىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۆگىنىش جەريانىدا كىتابقىلا ئېسىلىۋالماسلىق، كىشىلەر نېمىدەپ يېزىپ قويغان بولسا «ھەق راست» دەپ توۋلىماسلىق، رامكىلارنى بۇزۇش، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش قاتارلىقلارمۇ مول ئىجادىيلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، مۇشۇنداق نورمال تەپەككۇرلاردىمۇ ئىجادىي قابىلىيەت بولىدۇ. ناھايىتى يۈكسەك زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئىجادىي تەپەككۇرلاردا بىلىنىش يۈكسەك ئىجادىي قابىلىيەتلەردە ئىشلەيدۇ. ئىجادىيەتتىكى بۇنداق پەرقلەرنى تالانت تەتقىقاتىدىكى مۇھىم ھالقا بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ھەر خىل ئىجادىيەتلەرنى باھالاش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشتە مۇھىم رول ئوي-

ناپلا قالماستىن ، ئىجادىيەتنىڭ تۆۋەن بالداقلىرىدىن يۇقىرى بالداقلىرىغا ئۆتۈشىمىزگە ، تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتلىرىمىزنى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجادىي قابىلىيەتلەرگە ئۆستۈرۈشىمىزدە ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا ، ئادەتتىكى تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئۇنداق ئىكەن ، ئىجادىيەتنىڭ قاتلاملىرى قانداق بولىدۇ ؟

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەزمۇنلار بويىچە قارىغاندا ، ئىجادىيەت ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ، ئىسلاھات خاراكتېرلىق ، ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرلىق بولۇپ ، تالانت شۇ ئىجادىيەت قاتلاملىرىدا كۆرسەتكەن نەتىجىلىرىگە قاراپ ھەرىكەتچان ھالەتتە تۇرىدۇ . پسىخولوگىيىدە ئىجادىي قابىلىيەتنى تەتقىق قىلىش ئۇزاقتىن بۇيان ناھايىتى ئاز ساندىكى ئالىم ۋە سەنئەتكارلار دائىرىسىدە توختاپ قالغانلىقتىن ، تالانتنىڭ داۋاملىق ئۆسۈپ بېرىشىغا داغدام يول ئېچىلمىغانىدى . ھازىرقى تەتقىقات نەتىجىلىرىدە ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تەربىيىلىنىش ۋە چېنىقىش نەتىجىسىدە ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ دا- ۋاملىشىپ تۇرىدىغان قابىلىيەت ئىكەنلىكى ، ئۇنىڭ ھەرگىز بىراۋلاردا تولۇق بولىدىغان ، بىراۋلاردا زادىلا بولمايدىغان نەرسە بولماستىن ، بەلكى ئالاھىدە تالانتلاردىن ئادەتتىكى ئادەملەرگىچە (ئەقلىدىن ئازغان كېسەل ۋە تۇغما گالۋاڭلاردىن باشقا ) ھەممە ئادەمدە بار بولغان ئومۇمىي نەرسە ئىكەنلىكى ، ئادەملەر ئوتتۇ- رىسىدا پەقەت كونكرېت ئىجادىي قابىلىيەت ، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە كۆرسەتكەن تەسىرىدىلا پەرق بولىدىغانلىقى ئېنىقلاندى . شۇنىڭ ئۈچۈن ، بىز ئىجادىيەتنىڭ قاتلاملىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تالانتىمىزنى نورماللىقتىن ئالاھىدە دەرىجىگە كۆتۈرۈشنىڭ كو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يىدا بولۇشىمىز كېرەك.

ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ئىجادىيەت دېگىنىمىز پۈتۈنلەي يېڭى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىجادىيەت بولۇپ، ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ سىياسىدا ياكى ئىقتىساد، مەدەنىيەتلىرىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك، بىۋاستە يۈكسىلىش ھاسىل قىلىدۇ. بۇنداق ئىجادىيەتلەر بىرەر ساھە بىلەن چەكلىنىپ قالمايدۇ. قەدىمكى جۇڭگودا بارلىققا كەلگەن قەغەز، كومپاس، مىلتىق دورىسى، يىپەك، دارۋىننىڭ تەرەققىيات نەزەرىيىسى، ئېينىشتېيىننىڭ نىسبىيلىك نەزەرىيىسى، ھور ماشىنىسى تېخنىكىسى، ئېلېكتر ماگنىت نەزەرىيىسى، تېلېفون، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، سۈنئىي ئاقسىل پروتېئىنازىسى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىنسانىيەتكە كەڭ دائىرىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئىجادىيەتلەر بولۇپ، بۇنداق ئىجادىيەتلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇنداق بولىدۇ: بىرىنچى، ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگۈچىلەر ناھايىتى سەگەك ھالدا ئۆزىنى مۇرەككەپ ئىجتىمائىيەت ياكى ئىلمىي مۇھىت ئىچىگە قويىدۇ؛ ئىككىنچى، ئۆزىنى يۈكسەك جىددىيەت ئىچىدە رىقابەتچىسى بىلەن تاقابىللىشىشقا، ئۇزاق مۇددەت بوشاشماي جاپالىق ئىزدىنىشكە مەجبۇرلايدۇ؛ ئۈچىنچى، بۇنداق ئىجادىيەتلەردە خېيىمخەتەر چوڭ بولغانلىقتىن، ئىجادىيەتچى يېتىم قېلىشتىن قورقمايدۇ، تۈرلۈك تەھدىتلەر ئالدىدا جاسارەتلىك بولىدۇ؛ تۆتىنچى، ئىجادىيەت جەريانىدا بۆسۈپ ئۆتىدىغان يوللار ياكى ئۇسۇل - چارىلەر كۆرسىتىپ قويۇلمىغانلىقتىن ئىجادىيەتچى تېخىچە مۇنتىزىملاشمىغان يۈكسەك ئەقلىي ئىقتىدار پائالىيىتى بىلەن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ چىقىدۇ.

ئىسلاھات خاراكتېرلىق ئىجادىيەت دېگىنىمىز ئىجادىيەتچىنىڭ مەلۇم بىلىش ئوبيېكتىغا قارىتا مۇۋاپىق باھا بېرىش ياكى

مەلۇم بىر شەيئىنى ئۇنۇملۇك ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلىشنى كۆر-
سىتىدۇ . ئىسلاھات خاراكتېرلىق ئىجادىيەتتە نېگىزلىك قائىدى-
لەر بۇزۇپ تاشلانمىسىمۇ ، ئەمما جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ مە-
لۇم تەرىپىدە بىۋاستە ئۇنۇم بېرىدۇ . ئىككىدىن ئارتۇق مەھسۇ-
لات ، ئىش قابىلىيىتى ، ئۇسۇل ياكى قائىدىلەرنى بىر گەۋدىگە
ئايلاندۇرىدىغان بىرىكتۈرۈش ئۇسۇلى ، شۇنداقلا ئىخچاملاش ئۇ-
سۇلى ، ئەندىزىلەش ئۇسۇلى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق ئىسلاھات
خاراكتېرلىق ئىجادىيەتلەردە دائىم قوللىنىلىدىغان ئۇسۇللار-
دۇر . ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتا ئېيتقاندا ، ئەسلىدە بار بولغان
ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى مەلۇم ھالقىلارنى يېڭىلاش ، ھۈ-
نەرنى ئىسلاھ قىلىش ، ئۈسكۈنىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، ئۇ-
سۇللارنى ياخشىلاش ، مەھسۇلاتلارنىڭ چىدامىلىقىنى ئۆستۈ-
رۈش ، مەھسۇلات بازىرىنى كېڭەيتىش ، باشقۇرۇش تۈزۈمىنى
ئەلالاشتۇرۇش ، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش ، ئىشلەپچىقىرىش دەۋ-
رىلىكىنى قىسقارتىش قاتارلىقلار ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ئى-
جادىيەت بولۇپ ، بۇنداق ئىجادىيەتلەردە ناھايىتى پۇختا ، سىس-
تېمىلىق نەزەرىيە بولۇشى ناتايىن بولىدۇ - يۇ ، ھەمىشە بىر
چارە ئۈمۈمىيۈزلۈك قوللىنىلسا بولىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ - دە ،
ئەمەلىيەتتە مەسىلە ھەل قىلىدۇ . مۇنداق ئىجادىيەتلەرنىڭ خۇ-
سۇسىيىتى مۇنداق بولىدۇ : بىرىنچى ، ئىجادىيەتچى تۇرلۇك لو-
گىكىلىق تەپەككۇر ئۇسۇللىرى (ئابىستراكت يىغىنچاقلاش ،
دىدوكسىيىلەش ، ئىندۇكسىيىلەش ، تەھلىل قىلىش ، ئۈمۈملا-
شتۇرۇش ) نى قوللىنىپ ئىجادىي ئاڭ پەيدا قىلىشقا ماھىر
بولىدۇ . ئىككىنچى ، مەخسۇس بىر نەرسىنى ياخشىلايدۇ ۋە
مۇكەممەللەشتۈرىدۇ . ئۈچىنچى ، ئىجاد قىلغان نەتىجىسى رېئال
ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ . كىشىلەرنىڭ كۆزىگە ئۇدۇللراق كۆرۈ-
نىدۇ ۋە ئەتراپتىكىلەر ئۇنى قوبۇل قىلىدۇ . تۆتىنچى ، ئىجادى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەتچىلەرنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىغا قويۇلغان تەلەپ بىر دەك بولماي-
دۇ . بىلىمى ئۇنچىۋالا سىستېمىلىق بولمىغان ئادەملەرمۇ بۇنداق
ئىجادىيەتلەرنى قىلىپ كېتەلەيدۇ .

ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت دېگىنىمىز ئادەم-
نىڭ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىشى ، ئۆزىنىڭ ئۇزلۇكسىز باي-
قاشلىرى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش قىممىتىنى
پاكىتلاپ بېرىدىغان ۋاستىسىدۇر . روشەنكى ، ئادەمنىڭ ئىجا-
دىي پائالىيىتى ئۆزى ياشاۋاتقان تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن ئايرى-
لالمايدۇ ، ئىجتىمائىيلاشقان ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ رېئاللىشىشى
ئاشۇ شارائىتلاردا باھالىنىدۇ . شۇڭا ، ئىجادىيەت ساھەسىدە
ئىپتىلىدىغان ئۇيغۇنلىشىشنىڭ ماھىيىتى ئادەمنىڭ ئۆزى تۇرۇ-
ۋاتقان مۇھىتقا بولغان ئۇيغۇنلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنداق
لايىقلىشىش ئادەمدىن ئۆزى تۇرۇۋاتقان شارائىتقا قارىتا شەخسەن
ھۆكۈم چىقىرىش ، پائالىيەتچانلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇش ،
مەسىلىلەرنى ئاكتىپ ھەل قىلىشنى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا
يەنە ئوبيېكتىپ شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ئىجادىي پائالىيەتلەر-
گە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىدۇ . بۇنداق ئۇيغۇنلىشىش ئاساسلىقى
شۇ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شارائىتقا قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى
ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىدىن ئىبارەت بولىدۇ . ئوبيېكتىپ
شارائىت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى بۇنداق مۇناسىۋەتنىڭ قانۇ-
نىيىتى تەخمىنەن مۇنداق بولىدۇ :

ئادەم مۇستەقىل ، رىغبەتچان ، ئۆزىگە ھۆددىگەرلىك بىلەن
تەپەككۇر قىلغانسېرى شۇنچە يۇقىرى گۈزەللىك ، باشقىلاردىن
ھالقىغان پاراسەت ، ئۇزلۇكسىز تۇردە داۋاملىشىدىغان ئىجادىي
ھەرىكەتكە يۈزلىنىدۇ ؛ ھامان ياشىغاندىكىن ئالدىنقى قاتاردا
ياشاي دەيدىغان ئاكتىپ پوزىتسىيە ۋە كىشىلەر ئارىسىدىن تۆت-
نىڭ بىرى بولۇپ باش كۆتۈرۈپ چىقىدىغان ئىجادىيەت نىشانىغا

ئىگە بولغانسېرى ، ئىجادىي پائالىيەتنى ھاياتنىڭ ماھىيىتى دەپ
قارىغانسېرى ، دەۋر يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ ، ئەۋلاد-
لارغا : «بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز قالتىس ئىدى ، جۇمۇ» دېيدىغان
تەسىرات قالدۇرۇشقا ئالدىرىغانسېرى شۇنچە جاسارەتلىك بو-
لۇپ ، مۇھىت شارائىتلىرىدىن كەلگەن تۈرلۈك قۇلايسىزلىقلار-
نى يېڭىپ ، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت پادىشاھلىقىنىڭ
چوڭقۇر ئوردىلىرىغا كىرەلەيدۇ . ئەگەر ئوبيېكتىپ شارائىتقا
مۇنداق مۇئامىلىدە بولمىغاندا ، ئادەمدىكى ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن
قابىلىيەتلىرىنى ئېچىش جاسارىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ ، ئەسلىدە
ناھايىتى كۈچلۈك ئىجادىيلىققا ئىگە بولسىمۇ ، كېيىنچە مۇنداق
ئاكتىپ پوزىتسىيە تاشلىۋېتىلگەندە بولسا ، ئادەمدىكى يوشۇرۇن
قابىلىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى ھاياتىي كۈچلەر بوغۇلۇپ
كېتىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن بولسا كېرەك ، ئامېرىكا شائىرى
ئېلىئوت نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن چېغىدا مۇنداق دېگەن :
«بۇ مۇكاپات ماڭا ناھايىتى بۇرۇن بېرىلىپ قالدى . نوبېل
مۇكاپاتى بىر ئادەمنىڭ ئۆز گۆرىگە كىرىش بېلىتى ئىكەن . مەن
نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن تۈزۈك بىر ئىش قىلالمى-
غان ئادەمنى كۆرمىدىم» . «ياللا !» قاراڭلار ، نوبېل مۇكاپاتى
ئالغانلارنىڭ شۆھرەتلىك تۇرۇپ ، ئۇلۇغ رىغبەتنى يوقات-
قان ھامان سەپتىن چۈشۈپ قالغىنىنى ! بۇ ، «مەن دېگەن مۇن-
داق ئادەم» دەپ ، ئۆزىنى دۇنياغا ، ھېچبولمىغاندا ئەتراپىدىكى-
لەرگە تونۇتۇپ قويماقچى بولغان ئادەمدە ئۈيغۇنلىشىش ئىجادى-
يىتىگە ، ئۆز ھالىتىدىن ھالقىپ كېتىشكە زور ئىشتىياق بو-
لۇش كېرەك ، بىرەر ئىجادىيەت نەتىجىسى بىلەن ماختانچاقلىققا
يۈزلەنسە تۈگىشىدۇ ، دېگەن گەپ .

ئۈيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەت كەڭ ھەم تار مە-
نىدە بولۇپ ، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئوب-

يېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋە بايقاش جەريانىدۇر . بۇنداق جەرياننىڭ ھەربىر باسقۇچىدا بۇنداق خاراكتېر ئىنسانىيەتنى زىددىيەت بىلەن تولغان دۇنياغا تېخىمۇ ئوبدان ئۇيغۇنلىشىپ ، ئۆز تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قىلىدۇ . جانلىقلىق ۋە ئۇيغۇنچانلىق پەزىلىتى ئالاھىدە تالانتلار ، تالانتلار ۋە ئىجادىيەتكە ماھىر ئادەملەردە ئالاھىدە ئۈستۈن بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇ ئىنساننىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتىدۇر . ئىنسانىيەتنىڭ بۇنداق خۇسۇسىيىتى بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىنقىلاب خاراكتېرىدىكى ۋە ئىسلاھات خاراكتېرىدىكى ئىجادىيەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . دېمەك ، ئىجادىيەت بىر پارچە شېئىر ، بىرەر ماقالە ، بىرەر تەتقىقات نەتىجىسى . . . ئومۇمەن بىلىنمىگەن ساھەلەر دېڭىزىدا مەلۇم ئارال پەيدا قىلالايدىغان ھەرقانداق پائالىيەتتىن تاكى پۈتكۈل دۇنيادا زىلزىلە پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغ كەشپىياتلارغىچە داۋاملىشىدۇ . ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ مۇنداق ئىككى ياقلىمىلىق رولىدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئۇ يېڭى ساھەلەرنى كېڭەيتىپ ، دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى مۇنداق يېڭى ساھەلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بېيىتىپ بارىدۇ . مۇنداق تەرەققىيات جەريانىدا بىز كۆرۈپ تۇرغان ۋە ئاڭلاۋاتقان نەرسىلەر كەلگۈسىدە ئىجاد بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئالدىدا ناھايىتى كىچىك بولىدۇ . بۇ ھال بىزنىڭ رېئاللىقىمىز بىلەن كېلەچىكىمىز ئوتتۇرىسىدا بىر خىل پەرق ھاسىل قىلىپ ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ يېڭى بۇلىقىنى مەڭگۈللۈك ئۇلغايتىپ تۇرىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئىجادىيەت قاتلىمىدىكى ئۈچ دەرىجە توختىماستىن يۇقىرىغا ئۆرلەپ ، بىزگە ئىجادىي قابىلىيەت بۇلىقىنى تېخىمۇ كۆپلەپ ئېچىشنى شەرت قىلىدۇ .

تار مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئۇيغۇنلىشىش خاراكتېرىدىكى ئىجا-

دىيەت ئىنسانىيەت ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك شەكلى بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى ئومۇمىي مە-سىلىلەرنى ھەل قىلغاندا جارى قىلدۇرىدىغان ئىجادىي ئىش قابىلىيىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇنداق ئىجادىي ئىش قابىلىيىتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ. ئالايلۇق، بالىلار ئويناۋاتقان توپ كارد-ۋاتنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ كەتكەندە، توپنى ئېلىش ئۈچۈن بىر بالا كارىۋاتنى يۆتكىمەكچى، بىر بالا كارىۋات ئاستىغا ئۆمىلەپ كىرمەكچى، بىر بالا تاياقچە بىلەن ئىتتىرىپ چىقارماقچى بول-سا، بۇ بالىلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۆيغۇنچان قابىلىيەت بولغان بولىدۇ. ئەمما، مۇشۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، كۆپ كۈچ سەرپ قىلماستىن، توپنى تاياقچە بىلەن ئىتتىرىپ چىقىرىشنى ئويلىغان بالىنىڭ ئۆيغۇنلىشىش قابىلىيىتى ئۈستۈن بولغان بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىر ئىشقا ھەربىر ئادەمدە ئۆيغۇنلىشىش قابىلىيىتى بولىدۇ، ئۇ پەقەت ئۆيغۇنلىشىش دە-رىجىسى جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئەمما، ھەممىمىزنىڭ تەبىئىتىدە بار بۇنداق ئىجادىيلىقنى ئاز ساندىكى ئۇلۇغلارغا مەنسۇپ قىلىۋې-تىدىغان خاتا تەشۋىقات بىزدە ئۆزىمىزنى پەس كۆرۈش، ياندىكى-لەرنى سەل چاغلاش، يىراقتىكىلەرگە چوقۇنۇش، ياندىكىلەردە پاراسەت ئۇرغۇپ تۇرسا دىققەت نەزىرىنى سالماسلىقتەك بىمەنە كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ناۋادا بىز ئۆزىمىزنى ھۆرمەت-لەشنى، كۆز ئالدىمىزدىكى شارائىتلارغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆيغۇنلىشىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، باشقىلارغا تىزلىنىپ تە-زىم قىلىشتىن روھىمىزنى ئازاد قىلساق، بىزمۇ ئىجادىيلىق يولىغا ماڭالايمىز ھەمدە ئىجادىيلىق ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپلا قالماس-تىن، تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلالايمىز. بىزگە ئىجادىيەت سىرلىق بولۇپ تۇيۇلۇۋاتقان يەردە ياپونىيىلىك-تە 6 مىليون ئىختىراچى پەيدا بولغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ 3 مىل-

يون 500 مىڭى بىزدە كەمسىتىلىۋاتقان خوتۇن - قىزلاردىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغ ئىجادىي كىشى-لەرگە ئايلىنىش مۇمكىنلىكى بولماي نېمە؟

كىشىلەرنىڭ قابىلىيەتلىرىدە يۇقىرى - تۆۋەنلىك بولىدۇ، خاسلىقلىرىدا پەرق بولىدۇ. ئەمما، ئەڭ مۇھىمى، ھەربىر ئادەمنىڭ قابىلىيەت يادروسى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ۋە ئىجا-دىيەت خاسلىقى جەھەتتە ئۆزىنى بىلىشى، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ۋە خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۆزىنى نىشان-لىق تەربىيىلىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قابىلىيەت قۇرۇلمى-سى ۋە خاسلىق ساپاسىنى بارغانسېرى يۇقىرى دەرىجىلىك ئىجا-دىيەت ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا ماھىر بولۇشتۇر.

ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ قاتلاملىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ شۆھرەت قازانغان تايلورنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئالاھى-دە تالانتقا ئايلىنىش ئۈچۈن، ئىجادىي قابىلىيەتلىرىنى، ئاساس-لىقى، ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۈچ خىل ئامىل تەرەپتە ئۆستۈرۈشى كېرەك بولىدۇ. بۇلار ئەقلىي ئامىل، مۇددىئا ئامىلى، خاسلىق ئامىلىدىن ئىبارەت. ئاددىيلاشتۇرۇپ ئېيتقان-دا، ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆپلەپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەقلىي ئامىل دېگىنىمىز كۆزىتىش، خاتىرە تەسەۋۋۇر ۋە ئۇلانما تەسەۋ-ۋۇر، بىۋاسىتە سەزگۇ، باھالاش، تەپەككۇر ۋە تارقاقلاشتۇرۇش تەپەككۇرى بىلەن مەركەزلەشتۈرۈش تەپەككۇرىدۇر. ئىجادىي قابىلىيەتكە كۆپلەپ تەسىر كۆرسىتىدىغان مۇددىئا ئامىلى دېگى-نىمىز رىغبەت، ئىجاكارلىق، پەم - پاراسەت، ئورتاق قانۇنىيەت-لەرگە بولغان قوغلىشىش، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش تەشنالى-قى، كەشپىيات يارىتىش تەشنالىقىدۇر. خاسلىق ئامىلى دېگى-نىمىز مۇستەقىللىق، زىيادە تولۇق ئىشەنچ، بىر مەسىلىگە بولغان كۆپ خىل چۈشەنچىنى كاللىسىغا سىغدۇرۇش كامال-

تى ، كەسپ ئۇستىدىكى ئۆزىگە ئىشىنىش ، مۇشۇ ئۈچ تەرەپتە كەم جايلىرىنى تولۇقلاپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرغاندا ، ئالاھىدە تالانتقا يېقىنلىشىش ئىمكانىيىتى ئۆزلۈكسىز ئۆسۈپ بارىدۇ .

بىرىنچىدە ، ئىجادىي قابىلىيەت دېگەن ئىجادىي پائالىيەتلەر داۋامىدا ئىپادىلىنىدىغان يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولۇپ ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ناھايىتى كۆپ پسىخىك ئامىللاردىن تەركىب تاپىدىغان مۇرەككەپ قۇرۇلما بولغاچقا ، ئۇنىڭدا ھەم ئىجادكارنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان نىشانىنى قوغلىشىش ئىستىكى ، ئىزدىنىش قىزغىنلىقى ، مۇستەھكەم مەقسەتچانلىق ، باتۇرلۇق روھى ، مۇستەقىللىق ۋە جاسارەت قاتارلىق ھەرىكەتلەندۈرۈش ئامىللىرى بولىدۇ ، ھەم ئىجادىي تەپەككۇر (ئىجادىي تەسەۋۋۇر ، بىۋاسىتە سەزگۈ تەپەككۇرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) ، كۆزىتىش ، خاتىرە قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدار ئامىللىرى بولىدۇ . تاللىۋالغان نىشانغا بولغان قوغلىشىش ئىستىكى كىشىلەرنى ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئىتتىرىدىغان غايەت زور ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولىدۇ . تاللىۋالغان نىشان قانچە چوڭ ، ئۇلۇغ ، يۈكسەك ، ئىجتىمائىي قىممىتى يۇقىرى بولغانسېرى ، ئىجادكارنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ۋە ئىجادىيلىقىنى جارى قىلدۇرىدىغان يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى شۇنچە تولۇق ھەرىكەتلەندۈرىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ تۆۋەن دەرىجىسىدىن يۇقىرى دەرىجىسىگە قاراپ ئۆزىنى چېنىقتۇرغۇچىلار ، بولۇپمۇ ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقى جەھەتتە چېنىقتۇرغۇچىلار ئادەتتىكى تالانتتىن ئالاھىدە تالانتقا قاراپ تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن .

بۇنىڭغا تەبىئىي پەن ساھەسىدىن چارلىز دارۋىننى مىسالغا ئېلىپ ئۆتەيلى :

www.uyghurkitap.com

— پەنگە قىزغىن مۇھەببەت باغلىدىم ، — دەيدۇ ئۇ
«تەرجىمىھالىم» دېگەن كىتابىدا ، — ھەرقانداق مەسىلە ئۈستىد-
ـدە ھارماي ـ تالماي ئويلاندىم ، قىلچىمۇ بوشاڭلىق قىلمىدىم ،
پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئىجتىھات بىلەن كۆزەتتىم ۋە توپلى-
ـدىم ، يەنە كېلىپ مەنتۇى دۇنيالىرىمنى ساغلاملاشتۇردۇم . كى-
ـشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى ، ئاشۇنداق قىلىش بىلەن
مەن ئادەتتىكى بىر ئىقتىدارغا ئىگە تۇرۇقلۇق كىشىلەرنىڭ
مەلۇم مۇھىم ئىلمىي مەسىلە ئۈستىدىكى قاراشلىرىغا ناھايىتى
زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسەتتىم .
دارۋىننىڭ سۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى ، ئۇنىڭ قابىلى-
ـيىتى ئەسلىدە ئادەتتىكى تالانتلاردا بولىدىغان قابىلىيەتلەر بو-
ـلۇپ ، ئۇنىڭ ئەمەلىيەت ئۈستىدىكى ئاشۇ تىرىشچانلىقلىرى ئۇنى
ئالاھىدە تالانتقا ئېلىپ بارغان . ئۇنىڭدا بەزى خاسىيەتلىك تالانت
خاسلىقلىرى بولغان . ئەمما ئۇنى دارۋىن : «مېنىڭ باشقىلاردىن
ھالقىپ كەتكەن جايلىرىم : باشقىلاردا ئاسانلا سەل قارىلىدىغان
شەيئىلەرنى سېزىپ ئېلىش ھەمدە ئۇلار ئۈستىدە ئىنچىكە كۆزى-
ـتىش ئېلىپ بېرىش» ، «زادىلا زېرىكمەستىن يۇكسەك تەپەككۇر
ئەركىنلىكىنى ساقلاش ، ناۋادا ئۆزۈم ھەرقانچە كۆنۈپ قالغان
قىياسلار بولسىمۇ ، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۇنىڭدىكى ئەمەلى-
ـيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان تەرەپلەردىن ۋاز كېچىش» تىن ئىبا-
ـرەت دەپ يەكۈنلىگەن . شۇنىڭ بىللە ئۆزىنىڭ تىل ۋە
باشقا جەھەتلەردىكى ئاجىزلىقلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن پاش
قىلىپ : «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىدىيىسىنى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئىخ-
ـچام يورۇتۇپ بېرەلمەيمەن . . . مېنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىمدا
قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان بىر ئاجىزلىق بار ، بۇ ئاجىزلىق
مېنى ئۆزۈمنىڭ چۈشەنچە ۋە قىياسلىرىمنى دەسلەپتە ئىپادىلى-
ـگەندە خاتا بولمىسىمۇ ، راۋان بولمايدىغان قىلىپ قويغان» دې-

گەن . دېمەك ، دارۋىن ئۆزىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت قۇرۇلمىسىدىكى ئىجادىي تەپەككۇر قابىلىيەتلىرى ۋە خاسلىق پەزىلەتلىرىنى بەش قولدەك بىلىپ ، ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرسا ، ئاجىزلىقنى تولدۇرۇپ ماڭغان . بۇ ، ئۇنىڭ تەبىئىي پەن ساھەسىدە زوررۇر بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى ، قەتئىي ئىزدىنىش روھى ، جانلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسلۇبى ، يېڭى پىكىر ۋە ئۇلارنى تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىش ماھىرلىقى قاتارلىق سۈپەتلەرنى ئۆستۈرۈپ ، ئالاھىدە تالانت دەرىجىسىگە يېتەلىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب .

بەدىئىيات ساھەسىدىن بالزاكنىڭ قابىلىيەت ۋە خاسلىق سۈپەتلىرى توغرىسىدا ئېيتقانلىرىنى مىسالغا ئېلىپ ئۆتەيلى :

— يازغۇچىلار بارلىق ھادىسىلەر ، بارلىق ھېسسىياتلار بىلەن تونۇشۇشى كېرەك ، — دەيدۇ ئۇ ، — ئۇنىڭ قەلبىدە شەيئىلەرنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان بىر «ئەينەك» بولۇشى كېرەك ، ئۇزلۇكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ئالەمنى ، شەيئىلەرنى كۆرۈپلا قالماستىن ، بەلكى ئۆتمۈشتىكى شەيئىلەرنىمۇ ئويلىيالىشى كېرەك . مەلۇم تاللاشتىن ئۆتكەن تىل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ تەسىراتلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشى ، شائىرانە ئوبرازلارنىڭ پۈتكۈل سېھرىي كۈچلىرى ئارقىلىق ئۇلارنى گۈزەللەشتۈرۈشى ياكى ئەڭ دەسلەپكى تۇيغۇلاردىكى جانلىقلىقنى ئۇلارغا ئاتا قىلىشى كېرەك . . . ناھايىتى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەردە توغما بولغان ئۆتكۈر كۆزىتىش قابىلىيىتى بار ، ئەمما ئۇلار ئۆزىنىڭ پىكرىنى جانلىق شەكىللەر بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ماھىر ئەمەس ؛ بەزى يازغۇچىلارنىڭ تىلى ئاجايىپ گۈزەل ، ئەمما ئۇلاردا ھەممىنى بايقايدىغان ۋە ئەستە قالدۇرالايدىغان كۆزىتىش قابىلىيىتى ۋە ئۆگىنىپ ھارمايدىغان روھ كەمچىل ، مۇشۇنداق ئىككى خىل ئىقتىدار بىر ئادەمنىڭ بەدىئىي

كۆرۈش ۋە تېگىش سەزگۈسىنى ھاسىل قىلىدۇ . بۇ يولدا بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ماھارەت بولسا ، يەنە بىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى تەپەككۇر بولىدۇ ؛ بىرىنىڭ قولىدا ساز تۇرسىمۇ كىشىنى جەزبىلىك ھالغا كەلتۈرۈپ ياش ئاققۇزىدىغان ياكى كىشىنى چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلىدىغان ئالىيجاناب كۈيلەرنى چالالمايدۇ ؛ يەنە بىرىدە مۇزىكا بولمىغانلىقتىن ، ئۆزى ناخشا قىلىپ ئوقۇيدىغان داستانلارنى يازىدۇ .

دىمەك ، بالزاك ھەم ئەدىب ، ھەم پەيلاسوپ بولۇش سۈپىتى بىلەن بەدىئىيات ساھەسىدىكى ئىجادكارلاردا بولىدىغان ئىجادىي قابىلىيەتنىمۇ ئاساسلىقى ، ئىجادىي تەپەككۇر بىلەن ئىجادىيەت خاسلىقى جەھەتتە كۆرسەتكەن .

قىسقىسى ، ھەرقانداق ئۇلۇغ ئالىم ياكى يازغۇچىدىمۇ تەپەككۇر ياكى خاسلىق جەھەتتە ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىك بولىدۇ .

ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر قۇرۇلمىسى ۋە خاسلىق سۈپەتلىرىدىكى ئارتۇقچىلىق ۋە كەمچىلىكلەرنى توغرا بىلىپ يېتىپ ، ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئاجىزلىقلىرىنى تۈگىتىپ ئالىم ياكى سەنئەتكار بولىدۇ . ئادەتتىكى تالانتلاردا ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ نۇرغۇن ئامىللىرى بولۇپلا قالماستىن ، بەزىلىرىدە ھەتتا شۇ ئالىم ۋە سەنئەتكاردا يوق ئارتۇقچىلىقلارمۇ بولىدۇ . سەنئەتكار ، ئالىملاردىكى ئالاھىدە ئارتۇقچىلىقلار كۆپ ھاللاردا ئۇلار ھەل قىلغان ئىجادىيەت تېمىلىرىنىڭ نېمىلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، قانداق ھەل قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ . ھەربىر تېمىنى قانداق ھەل قىلىش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا بولۇپ ، ئەگەر بىر كىم ئالىم ، سەنئەتكارلاردا يوق بىر چارىگە ئىگە بولغان ھامان شۇ تېما ساھەسىدە ئالىم ، سەنئەتكارلاردىن ئۆتۈپ كېتىدۇ . شۇڭا ،

ھەر كىم ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئالىم ، سەنئەتكارلاردا بار ئارتۇقچىلىقلارنى شۇ پېتى ئىگىلەيمەن دەپ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلماي ، ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىققا لايىق بىر يول تۇتسا ھەمدە ئۇنى دائىم ئىجادىي قابىلىيىتىنىڭ يادروسى بولغان ئىجادىي تەپەككۇر ھەم خاسلىق جەھەتتىكى كېرەكلىك ئامىللارنى تاللاپ ئېلىپ تولۇقلىسا ، چېنىقتۇرسا بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى تولۇق ئىشقا سالالايدۇ ، ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىنى يارىتالايدۇ . ئەڭ ئاخىرىدا ئالاھىدە تالانتلار يولىغىمۇ ماڭالايدۇ . شۇڭا ، ھەربىر ئادەم ئىجادىي قابىلىيەتنى «سىرلىق» دەيدىغان قورقۇنچنى تاشلىۋېتىپ ، ئۆزىدىكى بۇ بىباھا بايلىقنى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك .

جياڭسۇ ئۆلكىلىك تالانت ئىلمىي جەمئىيىتى تەرىپىدىن چىقىرىلىدىغان «تالانت» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل 2 ـ سانىدا «ئىشچى ، ماگىستىر ، دوكتور ، پروفېسسور» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ ، ئاپتور ماقالىسىدە 1991 ـ يىل 1 ـ ئايدا بېيجىڭدىكى خەلق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن جۇڭگو دوكتورلىرى» ناملىق ئوردېن تارقىتىش يىغىنىدا شۇ شەرەپكە ئىگە بولغان پروفېسسور گو جىنسۇڭنى تونۇشتۇرغان . بۇ ئادەم 1964 ـ يىل 5 ـ ئايدا تيەنجىندە ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ، ئائىلە تەركىبى ئۇستۇن دېگەن گەپ بىلەن ئالىي مەكتەپكە كىرەلمەي ئىشچى بولغان بولۇپ ، 1972 ـ يىلى ئىكاھلانغان ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ خەۋەرلىشىش بۆلۈمىنىڭ بىر ئېغىز زەيكەش ئۆيىدە 13 يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن . ئۇ ئىشچى بولغان كۈنىدىن باشلاپ ئۇزلۇكسىز ئۆگىنىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ ، 1979 ـ يىل 9 ـ ئايدا دۆلەتلىك ئىمتىھانغا قاتنىشىپ ، تيەنجىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ سىستېما قۇرۇلۇشى تەتقىقات ئىنىستىتۇتىغا ئاسپىرانتلىققا ئۆتـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەن . 1981 ـ يىل 12 ـ ئايدا ماگىستىرلىق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ۋە نەتىجىسى ياخشى بولغانلىقتىن ، مەكتەپكە ئوقۇت- قۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان . 1981 ـ يىلى دوكتورلۇق سىنىپىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەن ۋە ئۇستازى پروفېسسور ليۇ باۋنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىتىشى بىلەن ئىلگىرىلەپ «دۆلەت ئېنېرگى- يىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئۇچۇر سىستېمىسى» ناملىق دوك- تورلۇق ئىلمى ماقالىسىنى يېزىپ ئەلا نەتىجە قازانغان . ئۇ ، بۇ ماقالىسىدە تۇنجى بولۇپ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن ئې- نېرگىيە ئەندىزىسى ۋە ئۇچۇر سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشنىڭ لايىھىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇشنىڭ ئۇسۇلىنى ئوتتۇرىغا قويغان . بۇنى ئالىملار كۆرۈپ : كۆزقارىشىدا مۇستەقىل ئۆزگىچىلىك بار ، نەزەرىيە ھەم ئەمەلىي قوللىنىش قىممىتى بار ، شۇڭا دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىنىڭ ئۈلگىسى قىلىشقا بولىدۇ ، دەپ قارىغان . 1987 ـ يىل 6 ـ ئايدا دوتسېنت گو جىسۇڭ رەسمىي دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان . 1980 ـ يىلى مەكتەپ پارتكومىغا ئاساسىي قۇرۇلۇش تەتقىقات راسخوتىغا پۇتۇنلەي ئۆ- زى ھۆددە قىلىدىغان ئۇچۇر ۋە تەتقىقات ئورنى قۇرۇشقا دوكلات يېزىپ تەستىقلاتقان . شۇ يىلى شاگىرتلىرى بىلەن «دۆلەت ئېنېرگىيىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى مۆلچەرلەش ، تەھلىل قى- لىش تورى سىستېمىسى» نى ئورۇنداپ ، دۆلەت پەن ـ تېخنى- كىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپات ئالغان . بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئون تۈرلۈك تەتقىقات تېمىسىنى تۈتۈپ ، ئالتە تۈردە ئۆلكە ھەم دۆلەت دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ ، تەتقىقات ئورنىنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە ئۇنى نەچچە 100 مىڭ يۈەنلىك سايمان ـ ئۈسكۈنىلەرگە ئىگە قىلىپ ، پۈتۈن مەكتەپ بويىچە تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن . ئاپتور ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەندە ، ئۇ ئۆزىنىڭ

مۇنداق ئالاھىدە تالانتقا ئايلىنىشىدىكى جەريانلارنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن : «مەن كۆپ قېتىملاپ مەغلۇب بولدۇم ، ئەمما زادىلا تەن بەرمىدىم . قانچە قېتىم مەغلۇب بولسام ، شۇنچە قېتىم ئورنۇمدىن تۇرۇپ جەڭگە ئاتلاندىم . بۇ جەرياندا مەن بەل قويۇۋەتمەي تىرىشقان ئادەمنىڭ ھامان ئۇتۇق قازانماي قالمايدى-غانلىقىغا ئىشەندىم » . راست ، ھەرقانچە ئۇر چېچىپ تۇرىدىغان شەرەپمۇ مەڭگۇ دەۋران سۈرىدىغان ئالەمگە ، ئىنسانىيەتنىڭ يې-ڭىلىق يارىتىش روھىغا سېلىشتۇرغاندا ، گويا بىر تامچە سۇ ياكى غايىب بولىدىغان بۇلۇتتۇر . ھەرقانچە چوڭ نوپۇزمۇ بۇنداق تىرىشچان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا نىسپىيدۇر . مانا بۇ گو جىسوڭ-نىڭ يېتىلىش جەريانى ، بۇ جەريان زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلاي-دىغانلا بولسا ، ئادەتتىكى ئادەمنىڭ تالانتقا ، تالانتنىڭ ئالاھىدە تالانتقا تەرەققىي قىلالايدىغانلىقىغا ، چوڭ شەرەپ ، نوپۇز ئىگە-لىرىگە يېتىشىپلىش مۇمكىنلىكىگە بىر مىسال ئەمەسمۇ ؟

ھازىرقى دۇنيادا «ئەقلىي نورماللىقنىڭ ئەقلىي زىيادىلىك-كە ، تالانتنىڭ ئالاھىدە تالانتقا كۆتۈرۈلۈش ئىمكانىيىتىگە بول-غان قاراش ئومۇمىيۈزلۈك جەزملەشكەن بولۇپ ، بۇ مەسىلىگە بولغان تەتقىقات ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرىنى تەتبىقلاش جۇشقۇن راۋاجلانماقتا . ئامېرىكا ۋە ياپونىيىلەردە ئۇ تۇرلۇك شەكىللەر بىلەن قانات يايغان . ئەڭ قىزىقارلىقى ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيى-تىدە ئېچىلغان «ئىشتىن سىرتقى ئىختىرا ـ ئىجادىيەت ئىنىس-تىتۇتى » بولۇپ ، بۇ مەكتەپ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ۋە يېشى ھەر خىل ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىپ ئوقۇتقان . ئوقۇغۇچىلار ئا-رىسىدا ئىنژېنېرلار ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ، شۇنداقلا ئاددىي ئىشچى ھەم باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ ، ئۇلار بىردەك ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈپ تالانت بابىدا ئۆسۈشنى مەقسەت قىلىپ مەكتەپكە كىرگەن . ئۇلارغا پاتېنت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلمى ، مۆلچەرشۇناسلىق ، ئۇچۇرشۇناسلىق ، ئىختىراچىلىق تا-
رىخى ۋە ئىجادىيەت پسىخولوگىيىسى قاتارلىق پەنلەردىن دەرس
ئۆتۈلگەن . ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنى يې-
زىش ۋە مۇنازىرىدىن ئۆتۈش ئۇسۇلىمۇ باشقىچە بولۇپ ، ئومۇ-
مەن ئوقۇغۇچىلار ئۆگەنگەن بىلىملىرى ئاساسىدا بىرەر مەسىلە-
نى ئىجادىي يول بىلەن ھەل قىلغان . مۇشۇ تەرىقىدە ئېلىپ
بېرىلغان ئوقۇشتا ئۇلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتنىكى ئۆسۈش دە-
رىجىسىنى ھېسابلاپ كۆرگەندە ، ئۇلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلە-
رىدىكى ئۇنۇم توققۇز ھەسسە ئۆسكەن . ئەزەربەيجان خەلقىنىڭ
بۇ ئىجادىيىتىنى كۆرگەن بەزى دۆلەتلەرمۇ ئۇلاردىن ئۆگىنىپ
شۇنداق مەكتەپلەرنى قۇرغاندا ، يەنىلا ياخشى ئۇنۇم قازانغان .
دۇنيادىكى بۇ تالانت سەپەرلىرى بىز ئۈچۈنمۇ بىر كۆرسەتمە
ئەمەسمۇ ؟

زامانىمىزنىڭ ئالىملىرى تالانت ئۆستىدىكى بۇنداق دولقۇن-
لۇق سەپەرنى پۈتكۈل ئاھالىنىڭچە كېڭەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
تەكىتلەپلا قالماستىن ، ئۇنى تېخىمۇ توغرا ، ساغلام راۋاجلاندۇ-
رۇپ ، ئارقىدا قېلىۋاتقان مىللەتلەرنى ھۆرمەتكە ئىگە قىلىش ،
نامرات خەلقلەرنى باي قىلىش ، راۋاج تاپمايۋاتقان رايونلارنى
تەرەققىي تاپقان رايونلارغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ، «تالانت» دەپ
ئاتىلىۋاتقان ئىقتىدارلىقلار بىلەن ئالاھىدە تالانتنى پەرقلەندۈ-
رۈپ ، تېخىمۇ كۆپ كىشىلەرنى ئالاھىدە تالانت دەرىجىسىگە
كۆتۈرۈشنى ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانلىق كامالە-
تى ئۈچۈن ۋىجدانى ئىجاد قىلىشىغا ئىلھام بېرىشنى تەكىتلەي-
دۇ . شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىقتىدارنى تىرىشىپ ئۆستۈرگەن-
دىلا ئاندىن ئالاھىدە تالانتقا ، غايەت زور ئىجادىي قابىلىيەتكە
ئىگە بولغان خۇسۇسىيەتكە ئۆزگىرىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرى-
دۇ . ئالاھىدە تالانت دەرىجىسىگە كۆرتۈرۈلۈشنىڭ بىرەر تۇر-

لۇك ھەل قىلغۇچ يولى ئۇستىدە ئىزدىنىشنىڭ ھاجەتسىزلىكد-
نى ، ئۇنى ھەر كىم ئۆزىدىكى بىرەر تۇرلۇك گەۋدىلىك ئارتۇق-
چىلىقىغا (ئۆزىنىڭ ئىقتىدار تىپىغا ) يانداشقان باشقا قابىلىيەت-
لىرىنى بىر پۇتۇن گەۋدە ھالىتىدە راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق
قولغا كەلتۇرۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# X باب ئىجادىيەت پۇرسىتى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى نېگىزلىك مەسىلىلەر

بىز ئىجادىيەت ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، قاتلاملىرى ھەققىدە مەلۇمات ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى قانداق باشلاش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرىدىغان پۇرسەتنى ئىگىلەش ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشقا موھتاج بولىمىز. چۈنكى ئىجاد قىلىدىغانلىرىمىزنىڭ تەبىئىتىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئېھتىياجلاردىن بىرى كۆڭلىمىز خالىغان ئىجادىيەتنى تاللاش ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇپ، تۇرمۇشىمىزنى بىر بالداق ئۈستۈرۈشكە ئىنتىلىش بولۇپ، بۇنداق ئىنتىلىش پەقەت ئىجادىيەت پۇرسىتىنىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىكى نېگىزلىك مەسىلىلەرنى بىلگەندىلا، رەسمىي ئىجادىيەت بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، ئىجادىيەت پۇرسىتى دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭ شەكىللىرى قانداق بولىدۇ؟

## 1. ئىجادىيەت پۇرسىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى

ئىجادىيەت پۇرسىتى دېگەن ئىزدەنگۈچىلەر ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتى جەريانىدا ئويلا ـ ئويلا تىلىكىگە يېتەلمەي، تۇيۇقسىز مەلۇم بىر خىل ئۇسۇلنى بايقاپ ئېلىپ، مەلۇم بىر خىل شەيئىنى كەشپ قىلىش ئارقىلىق ئىلمىي بايقاشنى بارلىققا كەلتۈردىغان تاسادىپىي ۋەقەنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئىجادىيەت پۇرسى-

تى ئومۇمىي مەنىدىكى پۇرسەتتىن پەرقلىنىدۇ، يەنى ئادەتتىكى ياخشى چاغ، ياخشى پۇرسەت ۋە ئوڭدىن كېلىپ قالغان ئامەتلەر تاشقى ئامىللار بىلەن كىشىلەرنىڭ تاسادىپىي ماس كېلىپ قېلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. ئىجادىيەت پۇرسىتى بولسا، مەلۇم بىر خىل ئوبيېكتىپ ھادىسە بىلەن ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتى، تەجرىبىسى، ھۆكۈمى ۋە ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشى قاتارلىق ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا تاسادىپىي بىرلىشىشى ئارقىسىدا شەكىللىنىدۇ. ئۇ ئادەتتە تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

بىرىنچى، توغرا يۆنىلىشلىك پۇرسەت. توغرا يۆنىلىشلىك پۇرسەت دېگىنىمىز ئىزدەنگۈچىلەر مەلۇم بىر پەن ۋە ئۇنىڭ يۆنىلىشى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، توساتتىن ئۆزىنىڭ تەتقىقات تېمىسىغا ئىلھام بولىدىغان بىر شەيئىگە يولۇقۇش بىلەن بىر خىل ئىلمىي بايقاشقا يېتىپ بارىدىغان ئىجادىي پائالىيەتتۇر. ئالايلۇق، بىئولوگ جۇشې ئۈجمە يوپۇرمىقى يېمەيدىغان يۇقىرى ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە يېڭى پىلە قۇرتى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان پىلە قۇرتلىرىنى تاللاپ ھىندىستاننىڭ ئابدىملىك پىلە قۇرتى بىلەن شالغۇتلاشتۇرۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمىغان. ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، كەچقۇرۇندا چۈلۈك پەرۋانىسىنىڭ چىراغ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈشى، ئۇنىڭدا توساتتىن چۈلۈك پەرۋانىسى بىلەن ئابدىملىك پەرۋانىسى ئۇرۇقداش تۇرسا، ئۇلارنى نېمىشقا شالغۇتلاشتۇرۇشقا بولمايدىكەن، دېگەن ئويىنى پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىممىتى بىرقەدەر يۇقىرى ھەم ئۈجمە يوپۇرمىقى يېمەيدىغان بىر خىل يېڭى پىلە ئۇرۇقىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان.

ئىككىنچى، تەتۈر يۆنىلىشلىك پۇرسەت. تەتۈر يۆنىلىشلىك پۇرسەت دېگىنىمىز ئىزدەنگۈچىلەر ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا

www.uyghurkitap.com

كۆتۈلمىگەن ياكى تاسادىپىي بىر ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن بىر خىل ئىلمىي بايقاشقا يېتىپ بارىدىغان ئىجادىي پائالىيەتتۇر. ئالايلۇق، ئىتالىيان ئاناتومىيە ئالىمى گالۋان يېشىل پاقىنىڭ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرۈپ، يېشىل پاقىنىڭ كۆز ئالمىسىنىڭ شەكلى، تۈزۈلۈشى، ئىقتىدارى قاتارلىقلارنى تەجرىبە قىلىش ۋە كۆزىتىش جەريانىدا توساتتىن بىر خىل فىزىكىلىق ھادىسە چىقىرىپ تۇرغان. ئۇ، بۇ ئاجايىپ فىزىكىلىق ھادىسىگە بەك قىزىقىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەجرىبە قىلىش ۋە كۆزىتىش جەريانىدا توساتتىن بىر خىل فىزىكىلىق ھادىسە ئىزدىنىش ئارقىلىق دۇنيادا تۇنجى بولۇپ «توك» بايقىغان كىشىگە ئايلانغان. دېمەك، توكنى بايقىغۇچى فىزىك بولماستىن، ئاناتومىيە ئالىمى بولۇشتىن ئىبارەت بۇ مۆجىزە شۇ زاماننىڭ مۇنازىرە تۇگۇنى بولۇپ قالغان.

ئۈچىنچى، تۈز يۆنىلىشلىك پۇرسەت. تۈز يۆنىلىشلىك پۇرسەت دېگىنىمىز. ئىزدەنگۈچىلەر ئىلىم - پەن تەتقىقاتىدا كۈتۈلمىگەن ياكى تاسادىپىي بىر ھادىسىنى بايقاش بىلەن يېتىپ بارىدىغان، مۆلچەرىدىكى ساھە ۋە ئۆزىنىڭ تەتقىقات يۆنىلىشىدىن سەل - پەل چەتنەپ تۇرىدىغان ئىلمىي بايقاشنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان ئىجادىي پائالىيەتتۇر. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئەسلىدىكى تەتقىقات تېمىسىنىڭ قىسمەن مۆلچەرىنى ئۆز ئىچىگە ئالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، تېخى مۆلچەرلىمىگەن تەتقىقات ساھەسى ياكى «يېڭى تەتقىقات تېمىسى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئالايلۇق، 1928 - يىلىنىڭ بىر كۈنى ئامېرىكىنىڭ باكتېرىيە مۇتەخەسسىسى پىلېمىن كەسپداشلىرى بىلەن پاراڭلاشقاچ ئۆزى يېتىشتۈرگەن ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيىنى كۆزىتىۋېتىپ، بىر ئىشقا ھەيران قالغانلىقىدىن ۋارقىرىۋەتكەن. ئۇ ئەينەك شىشىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن يېشىل زەمبۇرۇغ ئۆسۈپ قالغانلىقىنى،

ئەتراپتىكى ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيىلىرى توساتتىن ئېرىپ كېتىپ، تامچە ـ تامچە شەبنەم سۈيىگە ئوخشاپ قالغانلىقىنى بايقىغان. خلورومىتسېتىن جەزمەن باكتېرىيىنى يوقىتالايدۇ! پىلېمىن شۇ خۇشاللىق بىلەن ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيىنى تەكرار يېتىشتۈرۈش بىلەن خلورومىتسېتىن ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى كۆپ قېتىم ئىسپاتلاش ئارقىلىق پېنتسىللىننى كەشىپ قىلىپ، باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچقان.

تۆتىنچى، يات يۆنىلىشلىك پۇرسەت. يات يۆنىلىشلىك پۇرسەت ئىزدەنگۈچىلەر ئىلىم ـ پەن ئەمەلىيىتىدە توساتتىن مەلۇم بىر ھادىسىنى بايقاش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن، ئەسلىدىكى تەتقىقات تېمىسىنىڭ يۆنىلىشى ياكى بار بولغان نەزەرىيىلەر بىلەن قارىمۇ قارشى بولغان بىر خىل ئىجادىي پائالىيەتتۇر. مەسىلەن، كوپېرنىك بىر قېتىم «چارەك ئەسۋابى» ۋە «يۇلتۇز تۇتۇش ئۇسكۇنىسى» قاتارلىق ئەسۋاب ـ ئۇسكۇنىلەر ئارقىلىق يەر شارىنىڭ قانداق ئايلىنىدىغانلىقى (يەر مەركىزى تەلىماتى) نى كۆزەتكەن چاغدا، «يەر شارىنىڭ قۇياشنى چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقى» نى بايقىغان. يەنە «يەر شارى ئالەمنىڭ مەركىزى بولماستىن، ئېغىرلىق مەركىزى ۋە ئاي ئوربىتىسىنىڭلا مەركىزى» ئىكەنلىكىنى بايقىغان. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مېركۇرىي، ۋېنېرا، مارس، يوپىتېر، ساتۇرن، ئۇران، نېپتۇن، پلوتون، گەردىشى قاتارلىقلارنىڭمۇ ئېللىپس شەكىللىك ئوربىتىنى ياقىلاپ قۇياشنى دەۋر قىلىپ ئايلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان. بۇ ئارقىلىق، ئۇ «قۇياش مەركىزى تەلىماتى» بىلەن «يەر مەركىزى تەلىماتى» نىڭ بىر ـ بىرى بىلەن قارىمۇ قارشى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغان ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئىختىراسى ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمىغا ئايلانغان .

## 2 . ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇرۇشتىكى ئىگىزلىك ئۇسۇل

بىرىنچى ، لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن ئوبرازلىق تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش . لوگىكىلىق تەپەككۇر كىشىلەرنى لوگىكا قانۇنىيىتى بويىچە شەيئىلەرنىڭ ئېھتىماللىقا ئايلىنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ئوبرازلىق تەپەككۇر بولسا ، كىشىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبىسى ئارقىلىق شەيئىلەرنىڭ ئېھتىماللىقا ئايلىنىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ . ئىزدەنگۈچىلەر لوگىكىلىق تەپەككۇرنى ئىلمىي نەزەرىيىسىنىڭ تولۇقلىمىسى قىلىشى ، ئىككى خىل تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشى كېرەك . شۇنداقتا ئىزدەنگۈچىلەر ھەر ئىككى تەرەپتىن مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ . 1928 ـ يىلى داڭلىق خىمىك ۋولېر خىمىيە تەجرىبىسى قىلغاندا ، سىئانىد كىسلاتاسى بىلەن ئامىياكنى ئارىلاشتۇرغاندىن كېيىن توساتتىن بىر كاربون ئاتومى ، بىر ئوكسىگېن ئاتومى ، ئىككى ئازوت ئاتومى ۋە تۆت ھىدروگېن ئاتومىدىن تەركىب تاپقان ئاق رەڭلىك ماددىغا ئېرىشكەن . ۋولېر ئۆزى ئېرىشكەن بۇ ماددىنىڭ لىيبىگ ئىسىملىك بىر ياشنىڭ بايقىغان ئاتوم تورى بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىگە ، بىراق ئۇ ماددىنىڭ رەڭگى كۆك ئىكەنلىكىگە دىققەت قىلغان . لوگىكا جەھەتتىن ئېيتقاندا ، «ئاق رەڭلىك ماددا» نىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس . ئەمما ، ئۇ ئەمەلىيەتتە بارلىققا كەلگەن . ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن ، ئۆزى ئېرىشكەن ماددا ئورېيا ئۆزى

تېبابەتچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەندە ئادەمنىڭ سۈيدۈكىدىن ئاجراتقان ماددا بىلەن ئوخشاش ماددا، دەپ ھېسابلىغان. ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ سۈنئىي بېرىكمە ئورېيا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئوڭۇشلۇق كەشىپ قىلغان. ۋولېرنىڭ «بىۋاسىتە تۇيغۇسى» ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان. شۇنى قىياس قىلىشقا بولىدۇكى، ۋولېر ئەگەر لوگىكىلىق تەپەككۇر يۆنىلىشى بويىچە بويلاپ مېڭىۋەرگەن بولسا، ئۇنداقتا ۋولېر دۇچ كەلگەن بۇ ئىجادىي پۇرسەت ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىپ، «سۈنئىي بىرىكمە ئورېيا» نى كەشىپ قىلىش ئۈچۈن «قاراڭغۇ» لۇق ئىچىدە تېخىمۇ كۆپ يىل ئىزدەنگەن بولاتتى.

ئىككىنچى، ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش بىلەن مول تەسەۋۋۇرنى ئۆزئارا تولۇقلىما قىلىش. كۆزىتىش مۇئەييەن مەقسەتنى كۆزلەپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىدراك قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. تەسەۋۋۇر بولسا ئادەم مېڭىسى ئىدراكلاپ بولغان ئوبرازنى پىششىقلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن يېڭى ئوبرازنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدىن تەپسىلىي كۆزىتىشنىڭ ئەرزىمەس تاسادىپىي ئىشلار ئارقىلىق مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. فىرەيمېن پېنتسىلىننى بايقاش ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بىردىنبىر تۆھپەم كۆزىتىشكە سەل قارىمىغانلىقىمدا».

دارۋىننىڭ ئوغلى دارۋىن ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېگەن: «نۇرغۇن كىشىلەر كۆز ئالدىدىكى تەتقىقات بىلەن ئالاقىسى بولمىغان يۈزەكى ئىشلارغا يولۇققاندا ئەستايىدىل ئويلىماي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ. مۇنداق چۈشەندۈرۈشلەر ھېچقانچە مەسىلە ھېسابلانمىسىمۇ، دادام دەل مۇشۇ ئىشلارنى تۇتقان ھەم مۇشۇ ئىشلارنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان». مول تەسەۋۋۇر تاسادىپىي ئىشلارنى كۆزىتىش ئاساسىدا ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەر،

نەزەرىيە ۋە ئۇسۇللاردىن بۆسۈپ ئۆتۈشتۇر . ئېينىشتېيىن مۇنداق دېگەن: «تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى دۇنيادىكى بارلىق نەرسىلەرنى يىغىنچاقلايدۇ ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ھەمدە بىلىمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا بۇلاق بولىدۇ . جىددىي ئېيتقاندا ، تەسەۋۋۇر قابىلىيىتى ئىلىم ـ پەن تەتقىقاتىدىكى ئەمەلىي ئامىل» . ئەگەر تەسەۋۋۇر يېتەرلىك بولمىسا ، ئەنئەنىۋى نەزەرىيە ۋە كۆزقاراش بىلەن چەكلىنىپ قالسا ، ئىجادىي پۇرسەتكە ئېرىشىش ناھايىتى تەس بولىدۇ . بۇنىڭدىن ئىنچىكىلەپ كۆزىتىش ئىجادىي پۇرسەتكە ئېرىشىشنىڭ «باشلىنىش نۇقتىسى» ئىكەنلىكىنى ، مول تەسەۋۋۇرنىڭ بۇ «باشلىنىش نۇقتىسى» نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

ئۈچىنچى ، «ئىلھام» تۇتۇۋېلىش سەنئىتىنى ئۆگىنىش . ئىلھام دېگىنىمىز ئىزدەنگۈچىلەر مەلۇم بىر مەسىلىنى ئۇزاق مۇددەت ئىزدىنىپ ھەل قىلالمىغاندا ، تاشقى دۇنيانىڭ يېڭىچە بىر غىدىقلىشى بىلەن چوڭ مېڭە پوستلىقىدا مەلۇم بىر باغلىنىشنىڭ ۋاقىتلىق تېشىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدىغان بىر خىل ئىجادىي تەپەككۇرنى كۆرسىتىدۇ . ئىجادىي ئىلھام مېڭىدە ئۇچۇرلارنىڭ ۋاقىتلىق باغلىنىشى ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئىجادىي تەپەككۇر بولغانىكەن ، ئۇ ئىجادىي پۇرسەتنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىدۇر . شۇڭا ئۇنى دىققەتنى يىغىپ تۇرۇپ كۆڭۈلگە پۈكۈۋالمىسا ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە غايىب بولۇپ كېتىدۇ . ئۇنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ياخشى چارىسى قەغەز ، قەلەمنى يېنىدىن ئاجراتماي كاللىسىدا لىپپىدە پەيدا بولغان يېڭى ئوي ـ پىكىرلەرنى تېزدىن خاتىرىلىۋېلىشتىن ئىبارەت . ئەگەر قەغەز ، قەلەم بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا «جانلىق» تەدبىر قوللىنىش لازىم . ئامپىر بىر كۈنى پارىژ كوچىسىدا كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز ئىلھاملانغان ، ئۆز يېنىدا قەغەز ،

قەلەم ۋە ھېسابلىغۇچ بولمىغانلىقتىن ، ئۇ دەرھال باشقىچە چارە ئويلاپ كوچىنىڭ ياقىسىدا توختىتىپ قويۇلغان ئات هارۋىسى-نىڭ كەينى تاختىيىنى دوسكا قىلىپ ئۆز ئىجادىيىتىنى يېزىپ تاماملىغان .

تۆتىنچى ، بىلىم زاپىسىنى ئۈزلۈكسىز كۆپەيتىشنى ئاساس قىلىش . زاپاس — مىقدار ئۆزگىرىشى ، سەكرەش بولسا سۈ-پەت ئۆزگىرىشىدۇر . زاپاس سەكرەشنىڭ ئاساسى ۋە سەۋەبى ، سەكرەش بولسا زاپاسنىڭ كېڭىيىشى ۋە نەتىجىسى . شۇڭا ، ئىجادىي پۈرسەتنىڭ بارلىققا كېلىشى مول بىلىم زاپىسىدىن ئايرىلالمايدۇ . باسىد : «ئىزدەنگۈچىلەر ساھەسىدە پۈرسەت بى-لىم ئىگىلىگەن كىشىلەرنىلا ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ياخشى ئېيت-قان . ئاتاقلىق ماتېماتىك خۇا لوگېڭمۇ : «ئەگەر ئىلىم - پەندە كەشپىيات يارىتىشنىڭ تاسادىپىي پۈرسەتلىرى بولىدۇ دېيىلسە ، ئۇنداقتا بۇنداق تاسادىپىي پۈرسەت ئۆگىنىپ تەربىيىلەنگەن كى-شىلەرگە ، مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا ماھىر كىشىلەرگە ، چى-داملىق روھقا ئىگە كىشىلەرگىلا مەنسۇپ ، ھەرگىز ھورۇن كىشىلەرگە مەنسۇپ ئەمەس» دېگەن . دېمەك ، ئۈزلۈكسىز بىلىم ئېلىپ ئۆز مېڭىسىدىكى زاپاس بىلىم مىقدارىنى تىرىشىپ ئا-شۇرغاندىلا كۈچلۈك ئىقتىدار ، يۇقىرى قاتلاملىق بىلىم تورىنى شەكىللەندۈرگىلى ، شۇ ئاساستا تەتقىق قىلىنىۋاتقان تېما ياكى يۆنىلىش بىلەن ئازراق چېتىشلىقى بار «غەلىتە» ھادىسىلەرگە يولۇققان ھامان ئىجادىي پۈرسەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ . نېمىس ماتېماتىكىسىنىڭ شاھى دەپ ئاتالغان گائۇس ماتېماتىكىلىق بىر تېئورېمىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپ يىل ئەجىر سىڭدۈرۈپ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن . بىر كۈنى بىر كىتابتىن بىر جۈملە سۆزنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىدا گويا چاقماق سوقۇپ چاقنىغاندەك بىر ئوي پەيدا بولۇپ ، ئۇنىڭ پىكىر يوللى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنى يورۇتقان ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يېڭى بىر تەسەۋۋۇر ئۇرغۇپ ، تەتقىق قىلىنۋاتقان مەسىلىسى ئوڭايلا ھەل بولۇپ كەت-كەن . ئۇ ، بۇ كامالەتكە يەتكەن چاقماقتەك «ئىجادىي پۇرسەت» نى ئەسلىدىكى بىلىمى ۋە ئۆزىنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۇرگەن نەرسە بىلەن ئۇلىنىدىغان «ئۆتكۈزگۈچ سىم» غا ئوخشاتقان . ئويلاپ باقايلى ، ئەگەر گائۇسنىڭ مېڭىسىدە ھەر جەھەتتىكى ئەتراپلىق بىلىم ۋە كەسپىي جەھەتتىكى چوڭقۇرلاشقان بىلىم زاپىسى بولمىغان بولسا ، گەرچە «ئۆتكۈزگۈچ سىم» ئىنتايىن چەستەيي بولغان تەقدىردىمۇ يەنە قانداق نەرسىگە ئۇلىنالايدۇ .

## 3 . ئىجادىيەت پۇرسىتىنى ئەمەلىيەتكە ئايلان-دۇرۇشتىكى نېگىزلىك پوزىتسىيە

ئىجادىيەت ئادەمنىڭ ئىنتىلىشچانلىقىغا قاراپ يېقىنلىسا ، ئېرىنچەكلىكىگە قاراپ يىراقلاپ كېتىدىغان ھەرىكەتچان نەرسە بولۇپ ، ئۇنىڭ پۇرسىتىنى ئىگىلەش ھەربىر ئادەمدىكى تەشەب-بۇسكار پوزىتسىيىگە باغلىق . ئەمما ، بىر مۇنچە ئادەملەر ئىجا-دىيەت پۇرسىتىنى مۇنداق چۈشەنمەستىن ، ئۇنى تەقدىرگە باغلاپ قويىدۇ . باشقىلارنىڭ ئىجاد قىلغانلىقىنى كۆرگەندە «ئۇلارنىڭ پېشانىسى ئوڭ» دېسە ، ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلالمىغانلىقىنى «پېشا-نەم تەتۈر» دەپ يەكۈنلەيدۇ ـ دە ، ئىجادىيەت پۇرسىتىنى تەشەب-بۇسكارلىق بىلەن ئىگىلەشنىڭ كويىدا بولمايدۇ . ئەمەلىيەتتە ئىجادىيەت پۇرستى غەلىبىگە يېتىپ بارىدىغان يولغا ئوخشايدۇ . ھەيكەلنى كۆرۈنۈشى ، ئادەمنى بولسا قىلغان ئىشلىرى بېزىگەن-دەك ، ھەيكەلگە ئوخشاش ئورنىدىن مىدىرلىمىغان ئادەم بۇ غالىب-بىيەت يولىنىڭ ئاخىرىغا يېتىپ بارالمايدۇ . شۇڭا ، ئىجادىيەت پۇرستى غالىبىيەت يولىغا ئىنتىلگۈچى ئەقىللىق ھەم ھەرىكەت-

چان ئادەملەرگە مەنسۇپتۇر .

بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى ، دۇنيادا باش كۆتۈرگەن تالانتلارنىڭ
كۆپچىلىكى «بېشىغا ئامەت قۇشى قونغان» لار ئەمەس ، بەلكى
«بەختى كاج» دەپ ئاتالغان ، ئەمما ھەقىقەت ئۇچۇن پىداكارلىق
كۆرسەتكەنلەر بولغان . زامانىمىزنىڭ دانىشمەن ئاپتورلىرىدىن
گارنىگنىڭ تىلىدا «ئىنسانىيەت پاراستىنىڭ بۈيۈك نۇرى» دەپ
ئاتالغان لىنكولىن شۇنداق ئادەملەرنىڭ مىسالىدۇر . ئۇ كىچىك
ۋاقتىدا بەسى مۇشكۇل كۈن كەچۈرگەن . ئىشىك ، تۈڭلۈكىنىڭ
تايىنى يوق بىر كەپىدە يېتىپ ـ قوپقان . ئۇنىڭ ئۆيى تېخى
ئەتراپىنى كۆز يەتمەس جىمجىت تەبىئەت ئوراپ تۇرغان يېگانە
بىر يېزىدا بولۇپ ، يېزا باشلانغۇچ مەكتىپى ئۇنىڭ ئۆيىدىن ئون
نەچچە چاقىرىم يىراقلىقتا بولغان . ئۇ ، شۇ يىراقتىكى مەكتەپكە
بېرىپ ئىجتىھات بىلەن ئوقۇشقا كىرىشكەن بولسىمۇ ، ئائىلىسى-
نىڭ شۇنچىلىك ئاددىي مەكتەپكىمۇ ئوقۇش خىراجىتى تۆلەشكە
قۇربىتى يەتمىگەنلىكتىن ، بىرىنچى سىنىپتا ساۋاتىنى چىقىرى-
ۋېلىپلا چىقىپ كېتىپ ، تامامەن ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشكە كى-
رىشكەن . ئوقۇيدىغان كىتابلىرىنى ھەتتا 100 چاقىرىم يىراق-
لىقتىكى جايلارغا بېرىپ ئارىيەت ئېلىپ ئوقۇغان ، ئاخشاملىرى
يورۇتۇشقا چىراغ پۇلى تاپالماي ، ئوت يورۇقىدا بېرىلىپ كىتاب
كۆرگەن ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزەرىگە يولۇقمىغان نام-
رات ئائىلىدىن ئامېرىكىنىڭ باش خانى كېلىپ چىققان . دې-
مەك ، ئىجادىيەتنىڭ پۇرستىنى قولغا ئېلىشنىڭ تەشەببۇسكار-
لىق ھوقۇقى ھەر ئادەمنىڭ ئۆز قولىدا بولۇپ ، «پۇرسەت كەل-
مىدى» دەپ قورۇقتىن ـ قۇرۇق كۈتۈپ ئولتۇرغانلارغا ئۇ
مەڭگۈ كەلمەيدۇ . يەنە كېلىپ ئىجادىيەتنىڭ پۇرستىنى دەل
ۋاقتىدا چىڭ تۇتمىغانلارنىڭ ئالدىدىنمۇ قېچىپ كېتىدۇ . شۇ
مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ يەنە دەل ۋاقتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن زايا كېتىدىغان شۇڭە قەدىردۇر .

— قالتىس بىر ئىجادىيەت پىلانى بار بىر يازارمەن دوستۇم بار ئىدى ، — دەيدۇ بىر ئەقىل ئىگىسى ، — ئۇنىڭ شۇ ئىجادىيەت پىلانىنى بىر باشقا چىقارغۇدەك ماھارىتى ۋە ئەقىل ـ ئىدراكىمۇ بار ئىدى . ئۇ ، شۇ پىلانىنى ئورۇندىيالىغان بولسا ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يازغۇچىلىق ئوبرازى تىكلىنىپ قالاتتى . لېكىن ، ئۇ بازار ئىگىلىكىنى بىر تەرەپلىمە چۈشەنگەن-لەرنىڭ كەينىدىن تىجارەت يولىغا مېڭىپ كەتتى . قەلەمنى تاش-لاپ قويۇپ ، ئالدى بىلەن «ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزۇش» قا كىرىشىپ كەتتى .راست دېگەندەك ، بىر نەچچە يىلدىلا مىليو-نېرلار قاتارىغا كىرىپ كەتتى . بىراق ، بەختكە قارشى شۇ پۇل قىزىقچىلىقىدا ئۇنىڭ تېنىمۇ ئاجىزلاپ ، قەلەمدىن ئىبارەت كۆچلۈك ئەمگەككە كارغا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى . ئۇ ئامال-سىزلىقتىن ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك دوختۇر دوستىغا ئىلتىجا قىلى-دى : «قەدىرلىكىم ، بايلىقىمنىڭ يېرىمى سېنىڭ بولسۇن ، ماڭا بىر يىل ھاياتلىق ئاتا قىلغىن ، خەيرىيەت بولسۇنكى ، مەن ئۆز كۆڭلۈمدە ئەڭ مەمنۇن بولغان ئىجادىيەت پىلانىمنى ئورۇندىۋا-لاي» . دوستى بېشىنى چايقىدى . يازارمەن دوستىغا يەنە يالۋۇر-دى : «بولدىلا ، پۈتۈن بايلىقىم سېنىڭ بولسۇن ، قولۇڭدىن كېلىدىغان بارلىق ئاماللار بىلەن ماڭا يېرىم يىللىق ئۆمۈر ئاتا قىل !» دوختۇر يەنە بېشىنى چايقىدى . چۈنكى ، ئۇنىڭ كېسىلى ئاللىقاچان ئېغىرلىشىپ ، جان ھەلقۇمىغا يېقىنلاشقانىدى . شۇ-نىڭ بىلەن ئۇ كۆپ يىللار كۆڭلىگە پۈكۈپ يۈرگەن ئىجادىيەت پىلانىنى — يۈرىكىدىكى خەلققە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى ۋۇ-جۇدقا چىقىرالمىدى . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ قەدىر-لىك ئىشى ۋە بىباھا ۋاقتىنى ئىجادىيەت پاراسىتىگە ئىگە ئادەمگە نىسبەتەن ئەرزىمەس بىر نەرسىگە — «چەكلىك بايلىق» قا

تېگىشىۋەتتى . بىراق بۇ بايلىق ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنيادا باھاسىز شىپالىق دورا بولۇپ ، مىڭلاپ كىشىلەرنىڭ دىلىنى غەپلەت ھەم ماددىي نەپسى تەلەپتىن نۇرانە ئەتىگە باشلايدىغان قەدىرلىك ھايا- تىنى بىر - ئىككى ئاي ، ھەتتا بىر - ئىككى كۈن ساقلاشقا قادىر بولالمىدى .

بۇنداق ئۆلۈمنىڭ كېلىشى ئاخىرەتكە كېتىۋاتقانلار ئۈچۈنلا ئەمەس ، تىنچ تۇرمۇشتا «بۈگۈن كۈن ئۆتسە ئەتە خۇدايىم بار» ، «ئالدىراپ نېمە قىلاتتۇق ، خۇدايىمنىڭ كۈنى تولا» دەپ ، ئاز- غىنا ماددىي نەرسىلەر ياكى ھۇزۇر - ھالاۋەتنىڭ قۇلىغا ئايلانغان كىشىلەر ئۈچۈن نېمىدېگەن جاراڭلىق سىگنال - ھە !

دېمەك ، ئىجادىيەت بابىدا سېتىۋالغىلى بولمايدىغان بىر نەرسە بار دېيىلىسە ، ئۇ ئالدى بىلەن تەشەببۇسكارلىق ، پەيتنى قولدىن بەرمەسلىك روھىدۇر . دۇنيادا مۇتلەق بېكىتىلگەن ياكى كاپالەت قىلىنغان ھېچقانداق ئىش يوق . ئۇتقۇچى بىلەن ئوتتۇر- غۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق قابىلىيەتنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ۋە ئوي - پىكىرلىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىدىنلا ئەمەس ، ئا- ساسلىقى ئۆزىنىڭ ئوي - پىكرىگە ئىشەنچ قىلىپ ، مەلۇم خەتەر- گە بەختەش تەۋەككۇل قىلىش غەيرىتىنىڭ بار - يوقلۇقىدا بولىدۇ . ئىجادىي قابىلىيەتنىڭ دۈشمەنلىرى ئىچىدىكى ھەرقان- داق چوڭ دۈشمەن ئاللىقانداق بىر نەرسىنىڭ ئالامەتلىرىنى چۈشىنىشنى ساقلاپ ئولتۇرۇشتەك تەمەخورلۇقتەك چوڭ بولماي- دۇ . «ئۈجمە پىش ، ئاغزىمغا چۈش» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز ، پۇرسەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ ، ئىزدىنىپ قولغا كەلتۈرمەيدىغان ياكى ئىجادىيەت پىلانىنى ئار- قىغا سۈرەيدىغانلار ، ئەنە شۇنداق ئۈجمىنى ئۆزى ئىغاتماي ، ئۇنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئاغزىغا چۈشۈشىنى كۈتۈپ مەغلۇپ بولىد- غانلاردۇر . تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگىنىپ ، كۆڭۈل قويۇپ

ئىزدىنىپ تۇرىدىغانلار بولسا، ئۇجمىنى ئۆزى ئېغىتىپ يەپ
ھوزۇر ئالىدىغانلار — ئىجادىيەت پۇرسىتىنى قولىدا تۇتۇپ
ماڭىدىغانلاردۇر. بىز ئادەتتە «ۋاقىت — پۇل»، «ۋاقىت —
ئالتۇن»، «ۋاقىت — بايلىق» دېگەن سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرد-
مىز. ئىجادىيەتچىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ۋاقىت ھەققىدىكى
بۇ كۆزقاراشلار قەدىرلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇ غەلىبە
ۋە ھاياتتۇر. شۇڭا، ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر
ساھەسىدە كەشىپ قىلىمەن دېگەن ئادەم ۋاقىتنى دېھقانلار ھەر-
بىر تال ئاشلىقنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ، ئۇنىڭ بىكارغا زايا
بولۇشىدىن ئەنسىرەش، ئىلىم — پەن ۋە سەنئەتكارلىق تارىخىدا
ئۆتكەن بۈيۈك ئالىم ۋە سەنئەتكارلارنى ئۈلگە قىلغان ھالدا پارچە
— پۇرات ۋاقىتلارنى تېجەپ بىر پۈتۈن ۋاقىتقا ئايلاندۇرۇش،
كۆز ئالدىدىكى راھەت — پاراغەتكە بېرىلىدىغان ۋاقىتنى چىدام
بىلەن ئىجادىيەتكە يىغىنچاقلاش، ۋاقىتنى ئىلمىي تۇردە ھېساب-
لاپ ئۇنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قال-
دۇرماسلىق ئارقىلىق ھەر ۋاقىتنى بايلىققا ئايلاندۇرۇش ھەم
ئاشۇ تېجەلگەن ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ ھاياتنى ئۇزارتىش رو-
ھى بويىچە ئىش قىلىش كېرەك. قاراڭلار! «ھايات يالغۇز ياش
بىلەنلا ئۆلچەملەنمەيدۇ، 24 يىل ياشىغانلارمۇ بولغان، 100 گە
كىرگەن قېرىلارمۇ بولغان، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ قېرىلار
ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئۆز خەلقى بىلەن بىر تەن ۋە بىر جان بولۇپ
كەتكەن ئوت يۈرەك 24 ياشلىقلار بولسا ئۇنتۇلمىدى. ئۇلار
خەلقىنىڭ يۈرىكىدە ئۇزاق يىللار ياشايدۇ».①

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرىدىن ئېلىندى.

# ئۈچىنچى قىسىم

## ياشاش سەنئەتكارلىقىدا توسقۇنلۇق ۋە تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان ئامىللار

ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخى ئىسپاتلاپ
بەردىكى ، ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە
بارلىققا كەلگەن يېڭى ئىجادىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى بۇرۇن بار
بولغان نەزەرىيە - تەلىماتلار بىلەن سىغىشىپ كېتەلىسىمۇ ،
خېلى بىر قىسىملىرى ، بولۇپمۇ بۆسۈش خاراكتېرلىكلىرىنىڭ
يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىققا ئۆتۈش جەريانى بىرقەدەر مۇرەك-
كەپ بولىدۇ . بۇ جەرياندا ھەربىر يېڭى كەشپىيات ئەنئەنىۋى
كۆزقاراشلار بىلەن قارشىلاشقانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ گەرچە مىڭلى-
غان كىشىلەرگە بىر سىنىتمۇ پۇل خەجلەتمەي ياردەم بېرىدىغان
ئىنقىلابىي كۈچ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ ، قالاق كۈچلەر-
نىڭ كاشىلا قىلىشى ، قارشىلىق قىلىشىغا ئۇچرايدۇ . بۇنىڭ
بىلەن ، بۇنداق يېڭى نەزەرىيىلەرنىڭ جامائەتكە تونۇلۇشى كېچى-
كىپ كېتىدىغان ، ئىشلىتىلىشى چەكلىمىگە ئۇچرايدىغان ، مىل-
لەتتە بارلىققا كېلىش ئالدىدا تۇرغان تۆرەلمە پەنلەر كۆمۈلۈپ
كېتىدىغان ، ھەتتا ئۇ يېڭى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئالىملار
بىگۇناھ قامىلىدىغان ، ئۆلتۈرۈلىدىغان ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ .
مانا بۇ ھەقىقەتكە قارشى ئىلمىي تەڭلىكىدۇر . نىكولاي ئىۋانو-
ۋىچ لوباچېۋسكىنىڭ غەيرىي ئېۋكلىد گېئومېترىيىسى ، كو-
پېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى ، كانتورنىڭ توپلاش نەزەرى-

يېسى ، مايېرۋە جوئىلنىڭ ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى ، ئاۋۇگادرونىڭ مولېكۇلا نەزەرىيىسى ، مېندېلېنىڭ ئېرسىيەت تەلىماتى ، سىمتىنىڭ جانلىقلار يەر قاتلاملىرى تەلىماتى ، جۇڭگونىڭ چىن شىخۇاڭ دەۋرىدە تىرىك كۆمۈلگەن ئالىملارنىڭ تەلىماتلىرى ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 340 — 278 - يىللاردا يەنى جۇڭگونىڭ يېغىلىق دەۋرىدە ئۆتكەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر چۈيۈەننىڭ ھەققانىي شېئىرلىرى تارىختا ئەنە شۇنداق بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرىغان . بۇنداق تەڭلىكلەر سەنئەتكارلىق ، ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق . بۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ ، ئاساسلىقى كۆپلىگەن نادان كىشىلەرنىڭ سەنئەتكارلىقنىڭ باشلىمى بولغان تەتقىقات ۋە ئىجادىيەت دېگەننىڭ تەكرارلىنىش جەريانىدىن ئۆتىدىغانلىقىنى بىلمىگەنلىكى ۋە ئەزگۈچىلەرنىڭ خاتا نەزەرىيىلەر بىلەن قوغداپ كېلىۋاتقان ئۆز مەنپەئەتلىرىنى ساقلاش يولىدا دەۋر ئېتىبارىدىكى يېڭى كەشپىيات ھەققەتلەرگە دۈشمەنلىك قىلىشىدىندۇر . ئىنگلىز تىلىدىكى ئىلمىي تەتقىقات «research » دېگەن سۆزنىڭ باش بوغۇمى re «يەنە بىر قېتىم» ياكى «قايتىلاش» دېگەن مەنىنى بەرسە ، seart دېگەن «ئىزدىنىش» «ئاقتۇرۇش» دېگەن مەنىنى بېرىدۇ . ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ ، «تەكرار ئىزدىنىش» دېگەن بولىدۇ . بىزدىكى ئىزدىنىش ياكى تەتقىق قىلىش دېگەنلەرمۇ ئاشۇ مەنىدە ئېيتىلىدۇ . دېمەك ، سەنئەتكارلىق دېگەندە بىر قېتىمدىلا غەلىبە قىلىدىغان ئىش بولمايدۇ . بەزى تەرەپلەردە ھەتتا بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرى يېتىشمەيدىغان تېمىلار بولىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، سەنئەتكارلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش ، ياشاش سەنئەتكارلىقىمىزنىڭ بارلىق ساھەلىرىدىكى ئىجادىيەت مېۋىلىرىنىڭ يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارىلىنىشقا قۇلايلىق شارائىتلارنى يارىتىش ئۈچۈن ، ئىلمىي تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان نادانلىق تەۋەسىدىكى ئامىللارنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىش ۋە ئۇلارنى چىقىرىپ تاشلاش تەرەققىيات قۇرۇلۇشىمىزنى تېزلىتىشنىڭ ئېھتىياجىدۇر .

# XI باب تاشقى ئامىللار

ئىجادىي مۇھىت ئادەتتە ئىجادىيەتچىگە تەسىر كۆرسىتەلەيدىغان تاشقى دۇنيا ۋە سۇبيېكتنىڭ تاشقى دۇنيانى ھېس قىلىشىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپتىن ھاسىل بولىدۇ . شۇنداق بولغاچقا سەنئەتكارلىققا كېلىدىغان تەڭلىكسىمۇ مۇشۇ ئىككى تەرەپتىن كېلىدۇ . ئۇشبۇ بايانىمىزدىكى تاشقى دۇنيا — ئوبيېكتىپ شارائىت تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىن تەركىب تاپىدۇ . ئادەمنىڭ ئىجادچانلىقىغا ئاساسلىقى ئىجتىمائىي ئامىللار بەكرەك تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن ، بىز بۇ يەردە ئالدى بىلەن مۇشۇ نۇقتىلىق مەسىلە ئۈستىدە ئەقلىيلىشىمىز . ئىجتىمائىي ئامىللار ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئامىللىرىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى ئەخلاقىي مەنتىقە ئارقىلىق ئادەمگە تۈيدۇرماي ئۆزگەرتىش تەسىرىنى كۆرسەتسە ، ئىجتىمائىي تۈزۈم ئامىللىرى رېئال قانۇنىي كۈچى بىلەن مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئالىدۇ . ئەمما ، ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە ھامىي بولۇپ ، يا سەنئەتكارلىقنى ئالغا سۈرىدۇ ، يا سەنئەتكارلىقنى توسىدۇ .

## 1 . ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت ئامىللىرى

ياشاش سەنئەتكارلىقنى ھەر تەرەپلىمە ئەۋج ئالدۇرۇپ ، يېڭى مەدەنىيەتنى ۋە ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش دۇنيا ۋە ئېلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى ئومۇمىي يۈزلىنىش بولۇپ ، بۇ يۈزلىنىشكە ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتىكى بىرمۇنچە خۇرا-

www.uyghurkitap.com

پىي نەرسىلەر ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. ئىجادىيەت قۇرۇلۇشى ئەنە
شۇنداق خۇراپىي نەرسىلەرنى ئىجادىيەتكە تەڭلىكە پەيدا قىلىدۇ
دەپ قاراپ، ئۇلارنىڭ قايسى تەرەپلەردە قانداق تەڭلىكە پەيدا
قىلىدىغانلىقىنى تېپىش ۋە ئۇلارنىڭ هازىرقى زامان ئىگىلىك
تىكلەش ۋە مەدەنىيەت ھەرىكىتىگە توسقۇن تەرەپلىرىنى ئىسلاھ
قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. ئالايلۇق، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامان
مەدەنىيىتى دۇنيانىڭ ئەڭ مۇقەددەس مەدەنىيەت سىستېمىلىرى
بولغان مىسىر، يۇنان، روما، ئالتاي، ھىندى مەدەنىيەتلىرى
بىلەن مۇسابىقە ھالىتىدە ئالغا باسقان بولسىمۇ، شۇ پارلاق
مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئۇزاق داۋام قىلغان فېئودال
ئىستېبداتلىق زۇلۇمى، تەبىئىي ۋە تارقاق ئىگىلىكنىڭ تەسىرى
مەلۇم دائىرىلەردە يەنە كونىلىقنى ساقلاش، ئەنئەنىلەرنى قارىغۇ-
يۇق ئەگكۈشتەر قىلىۋېلىپ، ئۇنى يېڭىلىق بىلەن ئۆستۈرمەس-
لىك، ھەر نەرسىگە تۇرغۇنلۇق بىلەن قاراش، پارىخورلۇققا
كۆزىنى قىسىش، بىراۋلارنىڭ زورلۇق - زومبۇلۇقىغا سۇكۇنات-
تا تۇرۇش، ئوقۇمۇشلۇق تۇرۇپمۇ ئۆز ئەقىل - ئىدرىكى بىلەن
گەپ قىلماي دەرىجىسى ئۈستۈنلەرنىڭ رايى بويىچە ئادالەت تارا-
زىلىرىنىڭ دەستىسىنى سۇندۇرۇش، يېنىدىكى تالانتلىق يارەن-
لىرىدىن ھەسەت قىلىپ يىراقتىكى سۆلەتۋازلارغا خۇشامەت قى-
لىش، ئىستىقبال ئۈستىدە دادىل تەپەككۇر قىلماسلىق، تۆۋەن
دەرىجىلىكلەر ئالدىدا ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ جاھانغا پاتماي كەتسە،
يۇقىرى دەرىجىلىكلەر ئالدىدا شۇ ھامانلا ئۆزىنى ئارتۇقچە كەم-
سىتىش، تۆۋەن سەۋىيە ھەم تۆۋەن قابىلىيەت بىلەن ياشاشتىن
نومۇس قىلماسلىقتەك پاسسىپ تەسىرلەرنى قالدۇرۇپ، ئاخىرى-
دا بېرىپ ھەممە ئادەم بىرلا نەرسىگە باش ئۇرۇش، ئۆزىنىڭ
خاسلىقىنى ئومۇمغا قوشۇۋېتىشتەك كىشىلەرنىڭ ئىجادىي رو-
ھىنى ئۆلتۈرىدىغان تۇرلۇك ئىللەتلەرنى پەيدا قىلغان. پۈتكۈل
مىللەتتىكى يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىشقا سېلىش ئۇ-

چۈن ، ئېلىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە توغرا مۇئامىلە قىد-
لىش ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ تەرەپلەرنى جارى قىلە-
دۇرۇش ، پاسسىپ قالاق نەرسىلەرنى چىقىرىپ تاشلاش زۆرۈر ،
ئەلۋەتتە . ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى تۈرلۈك تەلىماتلىرىنى ئو-
مۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتتە ياشاش سەنئەت-
كارلىقىغا تەئەللۇق پەيدا قىلىدىغان ئامىللارنى تۆۋەندىكىدەك
كۆرسىتىش مۇمكىن :

**بىرىنچى ، مەدەنىي مىراسلارغا تۇتقان ناموۋاپىق پوزىتسىيە**

روشەنكى ، مەدەنىيەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مىراسلار
مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر مىل-
لەتنىڭ ناھايىتى زور مەنىۋى بايلىقى . بىر مىللەتتە ئۆزىنى
ھۆرمەت قىلىدىغان جۇرئەت ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان قورقۇمسىز-
لىق ۋە مىللەت ئاھالىسىنى ئۆزىگە تارتىپ مۇجەسسەم تۇتۇپ
تۇرالايدىغان ئۇستۇنلۇك غۇرۇرى ، ھايا ، نومۇس ، ئىنسابتىن
تەركىب تاپقان ئىنسانىي خىسلەتتىن قوشۇلغان مەدەنىيەت ئەنئە-
نىسى بولغاندىلا ، ئۇ مىللەت شۇ ئاساستا ئۆزىنى سۆيىدۇ ، ئۆزد-
نى قەدىرلەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن مىللىتىنى ، دۆلىتىنى قوغداپ
دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ . ئەگەر بۇنداق ئەنئەننى يوقىتد-
دىكەن ، بۇنداق مىللەتتە ئۈمىد بولمايدۇ . مىللىي قېرىنداشلار
ئارا بىرى بېرىسىگە خىيانەت قىلىدىغان ئەخلاقى جەھەتتە پۇتۇن-
لەي چىرىكلەشكەن مىللەت بولسا ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان مىللەت-
تۇر . ھالبۇكى ، مىللەتتىكى مۇنداق ئۆزىنى ھۆرمەتلەش ، ئۆزد-
گە ئىشىنىش ، ئۆزىنى قەدىرلەش ، ئۆزىنى سۆيۈش ۋە ئاھالىسد-
نى ئۆزىگە مۇجەسسەملەش مەدەنىيەتتىكى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىگە
بولغان توغرا تونۇش ، مىللىي خاسلىقنى چۈشىنىشتىن بىخلد-
نىپ چىقىپ تەرەققىي قىلالايدۇ . ئۇلۇغ ئالىم گېگېلنىڭ :
«كىمكى ئەجدادلار ياراتقان بايلىقلارنى بىلمىسە ، دېمەك ئۇ گۇ-

زەللىكتىن بىخەۋەر ياشايدۇ»① دېگىنى ئەنە شۇدۇر.

مىللىي مۇھىتىمىزغا نەزەر سالساق، بىز ئەجدادلىرىمىزدىن ئۇدۇم قالغان مىللىي ئىناقلىقنى ئەلا بىلىش، ئەقىل ۋە ئىلىمنى ئۇلۇغلاش، قانائەت بىلەن يامان نەپسىنى يېڭىش، دىلنى خىيانەت ۋە ئاداۋەتتىن پاك قىلىش، ئەمگەكنى قەدىرلەش، يېڭىلىقتا يۈزلىنىش ۋە مەدەنىي مائارىپنى قارىغۇلۇقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇلى قىلىش، چىدامچىلىق ۋە ئېغىر - بېسىق بولۇش، گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتنى ئىنسان گۈزەللىكى دەپ بىلىش، توغرا يولىيورۇقتا ئەمەل قىلىپ، مىللىي تەرەققىياتقا ھەۋەس قىلىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، پەن ھەم تازىلىقتا ئېتىقاد دەرىجىسىدە ئەقىدە قىلىش، مىللەتنىڭ تالانتلىق ئادەملىرىنى قەدىرلەش قاتارلىق مەدەنىيەت ئەنئەنىمىزنى راۋاجلاندۇرغان، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋروپانى جاھالەت بۇلۇتلىرى قاپلىغان كۈنلەردە ئەقىلنى يېڭى بىلىم بىلەن نۇرلاندۇرغان، ئىقتىدارنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزگەن، قەلبىمىزدىن ناپاكلىقنى تازىلاپ، روھىمىزنى ساغلاملاشتۇرغان كۈنلەردە ئەبۇناسىر فارابى، ئەبۇرەيھان بىرۇنى، مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلىشىر نەۋائىي... لارغا ئوخشاش گېنىيلار (ئالاھىدە تالانتلار) نى مەيدانغا چىقىرىپ، ئىلىم - پەننىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ئاجايىپ ئۇتۇقلارنى قازاندۇق. ھازىرقى كۈندە ئەقلىمىزنى ئۆتكۈر قىلىشتا بىزگە ئاشۇ گېنىيلارنى (ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قالغان كلاسسىك ئەسەرلەرنى) ئوقۇشتىن ۋە ئۇلارنى زامان روھىدا يېڭىلاشتىن ياخشىراق ۋاستە يوق. بىز ئۇ ئۇلۇغ بوۋىلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن دەستۇرلىرىنى ئوقۇساق، ئۆزىمىزنى گويا ئاشۇ زامانلاردىكى ئارسلانلار

① گېگېل: «تەپەككۇر گۈلشەنى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 345 - بەت.

ئارىسىدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ روھىمىز يېنىكلەپ قالدى-
دۇ ، ئۇلارنىڭ روھىدىن تەسىرلىنىپ ۋىجداندىن ئاداشقان يەر-
لىرىمىز مەنىۋى شىپالىققا ئىگە بولىدۇ . مەيۇسلۇك ، ئۈمىد-
سىزلىكتىن كۆتۈرەڭگۈ ھەم تېتىك ھالەتكە كېلىپ قالىمىز .
قىسقىسى ، ئۇلار بىزنىڭ روھىي دۇنيايىمىزنى ئۆستۈرۈش ئۇ-
چۇن پامىر ، ئالتاي ، كوئىنلۇن ، تەڭرىتاغلىرىدىكى بۇلاق سۇ-
لىرىدەك يېقىملىق ھالدا ۋۇجۇدىمىزغا سىڭىپلا قالماستىن ،
ئارىمىزدىكى ھەر زامانىنىڭ مەدەنىيەت بۇلاقلىرىدىن چىقىپ ئىن-
سانىيەت مەدەنىيەت قايىنىمىغا كېتىۋاتقان ئەزىم دەريادەك داۋام-
لىشىپ بېرىشىمىزغا ئاساس بولىدۇ .
يالغۇز بەدىئىي ئەدەبىيات جەھەتتىكى داۋامچانلىقنى مىسالغا
ئالساق ، ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇقەددەم تارىخى-
مىزدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ناھايىتى مۇستەھكەم ئۇيغۇر
شېئىرىيىتى ئەنئەنىسى ئاساسىدا ئىسلامىيەت پەلسەپىۋى شېئىر-
لىرىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ ، شېئىر بىلەن تىياتىر شەك-
لىنى ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ، شەرق ، غەرب مەدەنىيە-
تىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ ، ئالاھىدە بولغان پەلسەپىۋى
شېئىرىي دراما شەكلىنى ياراتتى . بۇنىڭ يېڭىلىق يارىتىشتىكى
ئەھمىيىتى ئەدەبىي ژانىرلارنى يېڭىلاش كاتېگورىيىسىدىن ھال-
قىپ ، كېيىنكى دەۋرلەردە بىز ئۇيغۇرلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى
تۈرك مىللەتلەرنىڭ ئىپىك شېئىرلىرىنىڭ تىياتىرلىشىش خا-
ھىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى .
بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ شېئىرلىرىمىزدا ئاز - تولا پىششىقلاپلا
سەھنىگە ئېلىپ چىققىلى بولىدىغان درامانىڭ خۇسۇسىيەت ئۆ-
سۈپ باردى . خەلقنىڭ تومۇرى ۋە يۈرىكىدىن ئۆتۈپ ، ئۇيغۇر-
لاردا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشايدىغان بۇنداق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەن-
ئەنىسى توختىماي داۋام قىلىپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس خاسلىق
جەريانىمىزنى شەكىللەندۇرۇپ ، XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە

XIX ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە ، يەنە بىر يۈكسەك پەللىگە كۆتۈ-
رۈلدى . ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆزىنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى»
بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ خەمسىچىلىك ئەنئەن-
ىسىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇپ ، ئۇنى باش داستاندىن داستانلار
سېكىللىگىچە بېيىتتى ، جۈملىدىن ، ئىنسانىي ئەركىنلىك ۋە
ئىنسانىي مۇھەببەت كۈيلىنىدىغان ئەرەب رىۋايىتى «لەيلى —
مەجنۇن» نىڭ سۇژىتىغا مۇراجىئەت قىلغاندا ، ئۇنى ئاددىيلا
تەكرارلاپ قويۇش بىلەن چەكلەنمەي ، XIX ئەسىر ئۇيغۇر ھاياتى-
نىڭ رېئاللىقى بىلەن يۇغۇرۇپ ، لەيلى تىمسالىدا كىشىلىك
ئەركىنلىكى بوغۇلغان قەشقەر قىزلىرىنىڭ ئاھ — پەريادىنى ،
مەجنۇن ۋۇجۇدىدا بولسا ، زىندانغا بەند قىلىنغان ئۇيغۇر يىگىت-
لىرىنىڭ غەزەپ — يالقۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى . يېقىنقى
دەۋرگە كەلگەندە بىزنىڭ بەزى پېشقەدەم شائىرلىرىمىزمۇ ئۆزد-
ىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرنى ئۆرنەك قىلىپ ، چامىنىڭ يېتىشىچە
ئىشلەپ ئۆز مېۋىسىنى خەلققە كۆرسەتتى . مەسىلەن ، «گۆر
ئاغزىدىن يانغاندا» (رومان ، نەشر قىلىنمىغان ) . «يۈسۈپ —
زىلەيخا» (داستان ) ، «لەيلى ۋە مەجنۇن» (ئوپېرا ) قاتارلىق
يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ شۆھرەت قازانغان نىمشېھىت ئارمىيە
ئېلى سايرامى ئىلىغا كېلىپ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىغا قاتناشقاند-
ىن كېيىن ، «پەرھات — شېرىن» رىۋايىتىگە ئاساسەن «مىڭ-
ئۆي ۋە پەرھات — شېرىن» دېگەن داستاننى يېزىپ چىقىپ
«ئىلى گېزىتى» دە ئېلان قىلدى ھەمدە ئۆز خىراجىتى بىلەن
بۇ داستاننى كىتابچە قىلىپ 3000 نۇسخا باستۇردى . ئالدىنقىلا-
ر ئەنە شۇنداق يول ئېچىپ بېرىپ ، مۇنەۋۋەر ئۈلگىلەرنى تىكلەپ
بەردى . مانا بۇلار بىزنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدا ئېغىزدىن — ئې-
غىزغا كۆچۈپ يۈرىدىغان ، قېرى — ياشلارنىڭ ھەممىسى بىلىد-
ىغان ئېپىك داستانلار ، شۇنداقلا ئۇيغۇرلارنىڭ سەھنىدىكى ئې-
سىل سەھنە ئەسەرلىرى بولۇپ قالدى . ئەگەر ئۇيغۇرلاردا ئا-

شۇنداق مۇستەھكەم ئۇيغۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىسى بولمىسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالاھىدە بولغان پەلسەپىۋى شېئىرىي دراما شەكلىنى يارىتالمايتتى. كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ ئەنئەنە بىلەن يۇقىرىدا بايان قىلغان كۆپ ھەم كۈچلۈك ئۇيغۇر خاسلىقىغا ئىگە ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى ھەم ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى «ھەممە بىلىدىغان» دەرىجىدىكى سەنئەتپەرەس ئۇيغۇرلار مەيدانغا كېلىپ، بۈگۈنكىدەك تەڭرىتاغنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىن جۇڭگوغا، ئوتتۇرا ئاسىياغا، دۇنياغا بەدىئىيات جەھەتتىكى تالانتى بىلەن جەۋلان قىلىپ تۇرىدىغان ئۇيغۇرلار بولمايتتى. شۇنىڭغا ئوخشاش، ياپونلۇقلارمۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆزىنىڭ ئەجدادلىرى تارىخىدىن مىراس قالغان ھەربىر مۇھىم مەدەنىي مىراسلارنى ئېتىراپ قىلىپ ئۆستۈرۈش ئاساسىغا قۇردى. ھازىرقى كۈندىكى ياپونىيە گەرچە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بارلىق جەۋھىرى قاتلاملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما، ھەربىر ياپونىيىلىكنىڭ نەزىرىدە ياپون مىللىتىدىن بولغانلىقىغا پەخىرلىنىش ھېسسىياتى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇلار بۈيۈك ئۆتمۈشتىن ھازىرقى يۈكسەك سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىگە شۇنداق ئىشىنىدۇكى، ھەرقانداق مىللەتتىن مەدەنىيەت قوبۇل قىلىۋاتقاندا، ھەرگىز ئۇلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىۋېلىش خىيالىدا بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىشنى تېخىمۇ ئويلىمايدۇ. ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت ئەسلىمىلىرىدە «بىز ھەممىدىن ئۈستۈن» دېگەن خىيال بىلەن شۇنداق تولۇق ئىجاد قىلىدۇكى، دۇنيادىكى قانداق بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش ياكى مەدەنىيەت فورمىسىنى دوراپ يۈرمەيدۇ. ئەگەر ئۇلاردا ئەنە شۇنداق ئۆزلىرىنىڭ ئېتىقاد مەبۇدلىرىغا ۋە مىللىي گۈزەللىك تاللاش ئەنئەنىسىگە قاتتىق ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئىلگىرىلەش ئەنئەنىسى بولمىسا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىدە بۈگۈنكىدەك باتۇرلۇق، ھەرىكىتىدە ئۆزگىچە مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسلۇب ، كىيىم - كېچەك ، يېمەك - ئىچمەك ، يۈرۈش -
تۇرۇشلىرىدا گويا تىياتىر سەھنىسىدىكىدەك بەدىئىي بولغان
مىللىي گۈزەللىك بولمىغان بولاتتى . دېمەك ، ھەربىر مىللەت-
نىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە شۇ ئاساستا ئۆسۈپ چىققان ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ، مىللىي ھېسسىيات ۋە مىللىي غۇرۇرنى ئۆستۈرۈ-
دىغان ئىجادىيەت روھى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ جېنى ، بۇ جاندىن
ئايرىلىپ قالغان ھەرقانداق دۆلەت ۋە مىللەت مەۋجۇت بولۇپ
تۇرالمايدۇ . ئۆزىنى قەدىرلىمىگەن ، ئۆزىنى سۆيمىگەن ، ئۆزى-
نىڭ شانلىق تارىخى ، ئۇلۇغ ئىجادىيەتلىرى ، جەمئىيەتكە قوش-
قان تۆھپىلىرى ، بىباھا مەدەنىيەت مىراسلىرى ، ئالىم ، مۇتە-
پەككۇر ، قەھرىمان ئەجدادلىرى بىلەن پەخىرلەنمىگەن ، ئىپتى-
خارلانمىغان دۆلەت ، مىللەتمۇ ئوخشاشلا گۇمران بولىدۇ . بۇ
ئىنسانىيەتنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئەمەلىي كۈرەشلىرى داۋامىدا
ئىسپاتلانغان يىمىرىلمەس ھەقىقەت .

— 1946 - يىلى مەن بىر ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى
بولۇپ كېمبىرىج ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن ۋاقتىمدا ، — دەيدۇ
دوكتور ئابدۇسالام ، — ئۆزۈم بىلەن بىر قاراردىكى ئەنگلىيە-
لىك ئوقۇغۇچىلاردىن يېشىم چوڭراق ، بىلىمىم ئۇلاردىن كۆپ-
رەك ئىدى . لېكىن ئۇلار نيۇتون ، ماكسۋېل ، دارۋىن ، دىراك-
لارنىڭ يۇرتىدىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن تەكەببۇرلۇق قىلاتتى .
ئۆتمۈشنى ئەسلىسەڭلەر ، سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردىمۇ ئىبنى
ھېسام ، ئىبنى سىنا ، ئەل بىرونىدەك كىشىلەر ئۆتكەن ئەمەس-
مىدى ؟[1] دانىشمەن ئۇستازنىڭ بۇ سۆزى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىسىنى
يوقاتقان ، مىللەت غۇرۇرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان مەدەنىيەت
ئەربابلىرىنى يوقاتقان ياكى داۋاملىق ئىشلەپچىقىرالماي مىللىي

---

① «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى» پەن -
تېخنىكا نەشرىياتى نەشرى ، 37 - بەت .

ۋىجدانلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ دۇنيادا ئەنە شۇنداق تەكەببۇرلار ئالدىدا خارلىنىپ بويۇن قىسىپ قالىدىغانلىقىغا يۇكسەك ئەقلىي بېشارەتتۇر.

ئۆزىمىزنى مىسالغا ئالايلۇق، بىز بۇيۇك ئەنئەنىلىرىمىزدە ئەتراپلىق چىڭ تۇرالمىغان ۋە ئۇنىڭ مېغىزىنى يوقىتىپ قويۇپ شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىش بىلەن باشقىلارنىڭ دېپىغا ئۇسسۇل ئوينىغان، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئىلىم - پەن مەشئىلى ئالىملىرىمىزنى يادىمىزدىن چىقىرىپ قويغان، مىللەتكە ئۇمۇرتقا بولىدىغان يېگى گېنئاللىرىمىزغا خىيانەت قىلىپ، دىنىنى مەنسەپكە چىقىپ بايلىق توپلاشنىڭ دەسمايىسىگە ئايلاندۇرۇۋالغان جاھالەت پىرلىرىغا تۇتۇپ بېرىپ تىرىكتاپلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، كوندىلىقنى ساقلاش، ۋەتىنىمىزنىڭ ئىستىقبالى ئۇچۇن ھوشيار پالۋانلارنى تەربىيىلەيدىغان ئانىلارنى ساۋاتسىز قالدۇرۇپ، ئەرلەرنى «يېرىم خۇدا» دەپ ئايالنى قۇل قىلىش كەيپىياتلىرىغا بېرىلگەن كۇنلەردە ئاجايىپ پاجىئەلەرگە يولۇقتۇق. بۇنداق پاجىئە كۇچىيىپ ئاپاق خوجا دەۋرىگە كەلگەندە، مىللەت بويىچە ئىرادىدە بوشاش، روھىي جەھەتتە چۇشكۇنلىشىش بولدى.

«... ئاپاق خوجا زامانى — بىزنىڭ ئەمگەكچان ئەجدادلىرىمىز ئۆز تەقدىرىنى ئەمگەكتىن ئەمەس، تەقدىر پېشانە (تەركىدۇنيالىق) دىن كۆرۈشكە كۆچكەن غەپلەتلىك زامان بولدى. بىز ئۇ زاماندا خەلق، مىللەت پايدىسىغا چىپىلغان بىرەر ئېرىق - ئۆستەڭ، ئاۋات قىلىنغان بىنام، ئەھيا قىلىنغان ئورمان، ياسالغان يول، كۆۋرۇك، كولانغان كۆل، سېلىنغان ئىمارەت، راۋاجلانغان ھۇنەر، ئاۋات قىلىنغان بازار، مەھەللە... دېگەنلەرنى ئاڭلىمىدۇق... ئۇنىڭ ئەكسىچە، سانسىزلىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قابىل، ئەڭ گۇزەل چاغلىرىنى تىلەپ يەيدىغان قەلەندەرچىلىككە — لاماكانچىلىققا سەرپ قىلدى...» ئۆمۈر بويى ئىش - ئەمگەك قىلمايدىغان «دىۋانىخان»

لاردىن بولۇپ كېتىشنى نومۇس ئەمەس شەرەپ، ھارام ئەمەس ھالال كۆرىدىغان، بىلىدىغانلاردىن بولۇپ كېتىشكەن كىشىلەر بارا ـ بارا كۆپىيىپ، ئۇستىمۇ ئالتۇن، ئاستىمۇ ئالتۇن بايلىق بىلەن تولغان ئەزىز زېمىندىن پايدىلىنىشنى بىلمىدى. بۇنىڭ بىلەن يۇرتىمىز پۈتۈن دۇنياغا قەلەندەر تارقىتىدىغان، چېكىملىك نەشە، ھوشۇقلۇق قىمار، جەندە ـ كۇلالىق ئابدال كۆپ چىقىدىغان، تارىلىدىغان قەلەندەرلەر ماكانىغا ئورۇن بولۇپ قالدى.[①] ئەجنەبىيلەر بىزنىڭ چۈشكۈن ھەم نادانلىقىمىزنى پىنھان بايلىقلىرىمىزنى بۇلالايدىغان پۇرسەتكە ئايلاندۇرۇۋېلىپ، ئۇزاقتىچە ئۆز بايلىقىمىزنى ئۆزىمىزگە بالا قىلىپ قويدى. بۇنداق چۈشكۈنلۈكنى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا ناھايىتى زور بەدەللەرنى بېرىپ ئۆزگەرتكەن بولساقمۇ، ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭدۇرۇۋەتكەن تەسىرىنى تەلتۆكۈس تۈگىتەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن، تاكى ھازىرقى كۈندىمۇ بىزنىڭ بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيدىغان ئىچكى نىزا، قەلەندەرچىلىك، بەڭگىلىك ۋە ئۇششاق ئوغرىلىق ئاندا ـ ساندا باش كۆتۈرۈپ، مىڭلاپ ۋىجدانلىق كىشىلىرىمىزنىڭ قەلبىدە بۇلۇقلىما ھاسىل قىلىپ: «ئاھ، خۇدا، بىزنى نېمىشقىمۇ بۇنداق ياراتقانسەن؟» دېگەن ئېچىنىشلىق پىغاننى پەيدا قىلماقتا.

بۇنداق سېلىشتۇرمىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىدىيە، ئەخلاق، ئۆرپ ـ ئادەت، سەنئەت، تۇرمۇشلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ، بۇ نام كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھالدا ئۆتمۈشكە گۇۋاھلىق بېرىدىغان، رېئال ھاياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان، كېلەچەككە داۋام قىلىدىغان ھەرىكەتلىك

① شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1994 ـ يىل 7 ـ ئىيۇن ساندىن ئېلىندى.

جەريان سۈپىتىدە تۇرىدۇكى، ھەرگىزمۇ ئىختىيارىي ئېلىپ تاشلىنىۋەتسە بولىدىغان بىر خىل قاتما جىسىم ھالىتىدە تۇرمايدۇ. بۇنداق ئەنئەنىۋى تارىخىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش پۈتكۈل مىللىي ھاياتقا تۈپلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ھەرقانداق مىللەت ۋە دۆلەت ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى تاشلىۋېتىشكىمۇ، ئۇنىڭغا شۇ پېتىچە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشقىمۇ بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنى تولۇق تاشلىۋېتىدىكەن، مىللەتنىڭ تارىخى ئۈزۈلۈپ تاشلىنىدۇ، مىللەتنىڭ خاسلىقى ئىنكار قىلىنىدۇ، بۇنداق مىللەت ئۆز خاسىيەتلىرىنى ساقلاپ قالالمايدۇ؛ ئەگەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە مەھكەم ئېسىلىۋالىدىكەن، ئۇنىڭ كونىراپ كاردىن چىققان تەرەپلىرى، زامان تەرەققىياتىغا توسقۇن بولىدىغان شاكال تەرەپلىرى مىللەتنىڭ زامانىۋى مەدەنىيەت ئاشقازىنىدا ھەزىم بولمايدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئۇ مىللەت بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ، باشقا مىللەتلەردىن ئىلغار مەدەنىيەت ئامىللىرىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلىدىغان جاھىللىققا يۈزلىنىدۇ، ھەتتا ئىسلاھات ۋە يېڭىلىق يارىتىشنى ئىنكار قىلىدۇ. تەبىئىيكى بۇنداق مىللەت دۇنياۋى رىقابەت دولقۇنىدا مەغلۇپ بولۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە بارلىققا كەلتۈرگەن مەھمۇد قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن ئىبارەت ئىككى ئالىمى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسلام دىنى ئومۇملىشىشتىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپىسىنىڭ تارىخىي ئاساسلىرىنى ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەتتۇرۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئىران تەرەپلەردە ئىلىم - پەن تازا گۈللەنگەن چاغدا دۇنياغا كېلىپ، ئىنسانىيەتنىڭ ئېسىدىن مەڭگۈ كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان بۈيۈك ھەقىقەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ئەبۇ ناسىر فارابى، ئىبىن سىنا، ئۆمەر ھەييام، ئەبۇ رەيھان بىرونى، ئوبۇلقاسىم فىردەۋسى قاتارلىق ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدى-

www.uyghurkitap.com

يىلىرىنىمۇ ئەتراپلىق راۋاجلاندۇرۇپ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېـ
ئولوگىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى . ئۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى
مەدەنىيەت جەۋھىرى بولۇپ ، ئۇلار ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدېئو-
لوگىيىسىنىڭ ئىزچىللىقىغا ۋەكىلدۇر . بىزنىڭ شۇ چاغدىن
هازىرغىچە داۋام قىلىۋاتقان پۈتكۈل تارىخىي هاياتىمىزدا هەرقاي-
داق كاتتىلىرىمىز شۇ جەۋھىرى ئىدىيىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە
ئۇنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كېلىۋاتقانلىقتىن ،
ئۇنى ئىنكار قىلىش ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۇل تېشىنى مىدىر-
لىتىۋېتىش بولىدۇ . ئۇ ئىدىيىنى زامانىمىزغا يارىشا جارى قىل-
دۇرماي چوقۇنۇش پەيدا قىلىشمۇ ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ .
شۇڭا ، مۇشۇ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى هازىرقى زامان مەنىۋى
مەدەنىيىتىمىزنى قۇرۇشتىكى ئاكتىپ ئامىلغا ئايلاندۇرۇش ئۇي-
غۇر خاسلىقىنى ساقلاشنىڭ بىر ئاساسى . شۇنىڭغا ئوخشاش ،
دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئۇستازلىرىدىن بولمىش كوڭزى ئىدىيە-
سىمۇ جۇڭگو مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى . بۇ ئۇلۇغ زاتقا
قانداق مۇئامىلىدە بولۇشمۇ جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە قاي-
داق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى بولۇپ ، بۇنى يوققا چىقىرىش
ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ باشلىمىسىنى ئىنكار قىلىشقا
ئېلىپ بارىدۇ . گەرچە ، كوڭ ئۇستازنىڭ ئاساسلىق ئىدىيىسىدە
كونىلىقنى ساقلاپ قېلىش ، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەپ ـ يوسۇنلى-
رىنى قوغداش خېلى سالماقنى ئىگىلىسىمۇ ، لېكىن ئۇ بەرىبىر
خەنزۇ مىللىتىنىڭ بىر پۈتۈن تارىخىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىلى
بولۇپلا قالماستىن ، 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان
جۇڭگودىكى مىللەتلەرگە ، جۇڭگونىڭ ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە
كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ ، خەنزۇ مىللىتىنى ئۇلۇغلۇق غۇ-
رۇرىغا ئىگە قىلىۋاتقان ئىدىيە بولغانلىقتىن ، بۇ ئىنكار قىلىن-
سا ، جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە دەز كېتىدۇ . توغرا ، ئۇ-
نىڭ ئىدىيىسى هازىرقى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ .

بىراق، مۇنداق مۆتىۋەر ئۇلۇغ زاتنىڭ ھەر تەرەپلىمە قىممەتكە ئىگە ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىنىۋېتىپ باشقا تەرەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىشمۇ تارىخنى ئۈزۈپ تاشلاشتۇر. چۈنكى، بىر خىل ئىدىيەنىڭ قىممىتى بارمۇ - يوق دېمەي، ئىجتىمائىي قىممەت سىستېمىسىدىن ئايرىلىپ تۇرۇپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە گەپ قىلىدىكەنمىز، بۇنداق گەپنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى بولمايدۇ. كۇڭ ئۇستازنىڭ ئىدىيىسى كۆپ مەنبەلىك ۋە ناھايىتى كۆپ قاتلاملىق ئىدىيىۋى مەزمۇن بولۇپ، ئۇنىڭغا ئىلمىي تاللاش ئېلىپ بارغاندا يەنە سوتسىيالىزمغا خىزمەت قىلىدىغان مەزمۇنلارنى تاللىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەمما، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلدۇق دەپ ئۇنىڭغا توغرا پوزىتسىيىدە مۇئامىلە قىلماي، ئۇنى ھەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈش، ئۇنىڭغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىپ، ھەر زاماندا شۇنداق مىللىي مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى بەرپا قىلىشقا سەل قاراش، ئەجدادلارنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى ئاساس قىلىپ دادىل تەپەككۇر قىلماستىن، ئۇلارغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، ئىنسانىيەت ۋە مىللەت تارىخىدا بارلىققا كەلگەن ئەللامىلەردىن ھالقىپ كېتىشكە جۈرئەت قىلالماسلىق، ھەتتا ئۇستازى دەرس بەرگەن كىتابتىن نېرى كېتەلمەي، ھەر نېمىنى كىتابنامىلەر بويىچە ئۆلچەش، قىسقىسى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزىنى ئىلغاپ قوبۇل قىلماي، شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىش ئادەتلىرى ياشاش سەنئەتكارلىقىغا تەڭلىكە ۋە توسالغۇ ئېلىپ كېلىدۇ.

بىزنىڭ تارىخىمىزدا ئەسىرلەپ داۋاملىشىۋاتقان ئەرەبىي كىتابلارنىلا ئوقۇپ مەنە ئېيتىش، ئېتىقادىنى يۇمشاق كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئېغىزدىلا دەپ قويىدىغان ئەقىدىلەرگە ھەتتا بىر بۇلۇڭدا دۈرۈت ئوقۇپ جەننەتكە كىرمەكچى بولىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تاپاۋەت دەسمىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىش ؛ پەن ئۇستىدە ئۆگىنىش ، ئىزدىنىش ، ئىجاد قىلىشنىڭ كالامۇللادىكى ئىبادەتنىڭ كاتتىسى تەپەككۇر دېگەن ئەقىدىگە ئۇيغۇنلىقىنى ئىنكار قىلىپ ، مىللەت-نى ھەقىقىي تۇردە ئۆستۇرىدىغان زامانىۋى مائارىپچىلارغا «جە-دىت» دەپ ھۇجۇم قىلىپ ، ئۆمرىنى قولىغا قەلەم ياكى كەتمەن ئالماي پەتىۋا سۇرۇش بىلەن ئۆتكۇزۇش ، مۇنەۋۋەر ئالىم ، مۇتە-خەسسىسلەرگە رەشىك بىلەن مۇئامىلە قىلىپ ، ئۆمرىدە خەلققە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرمەيدىغان يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تارىخىي ئالىملار ۋە دەۋرىمىزدە بىزگە گۆھەر كىتابلىرى بىلەن تەلىم بېرىۋاتقانلارنىڭ نام ـ شەرەپلىرى ، كىتاب تەلىمات-لىرى بىلەن قىلچە تونۇشلۇقى يوق ئاتالمىش «ئۆلىما ـ نازىن-لار» غا قول باغلاپ تۇرۇش ، ئىمانىنى بىلىمدىن ، پەندىن ، ئەمىلى ياخشى ئىش ـ ھەرىكەتتىن ، بىرلىك ، ئىتتىپاقلىقتىن ئايرىپ تاشلاشلار ئەنە شۇنداق تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان ناتوغرا پوزىتسىيەلەرنىڭ قىسمەن كۆرۈنۈشلىرىدۇر .

ئىككىنچى ، ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە نوپۇزلۇقلارغا باش ئۇرۇش خاھىشى

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى ، ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەرنىڭ ئوب-يېكتىپ ھەقىقەتنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرگەن نادىرلىرى ئىنسا-نىيەتنىڭ مۇھىم بايلىقى . ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ۋە يۇكسەك تالانت ـ ماھارىتى بىلەن ئىلىم ـ پەننىڭ مايسىلىرىنى يېتىلدۇ-رۇپ ، پۇتكۇل ياشاش سەنئىتى ئۇچۇن يېتەكچى بولۇۋاتقان ئى-لىم ـ پەن نوپۇزلۇقلىرىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ قىممەتلىك بايلىقى . شۇنداق بولغاچقا ، ئالىملار ئىجتىمائىي قىممەت ئىدىيىسىنى تىلغا ئالغاندا ، ئىجادىيەتنىڭ ئىنسانىيەتكە زىيان كەلتۇرمەيدى-غان بولۇشىنى شەرت قىلىش بىلەن بىر چاغدا ، تارىخىي سىناق-لاردىن ئۆتكەن توغرا ئەنئەنىۋى ئىدىيەلەر ئاساسىدا بولۇشىنىمۇ

تەكىتلەيدۇ . مەسىلەن ، سەنئەتكارلىق تەتقىقاتىدا دۇنيادا كۆزگە
كۆرۈنگەن ياپونىيە ئالىمى ئىنتىيەن فېڭدىڭ ئۆزىنىڭ «ئىجادى-
يەت پسىخولوگىيىسى» دېگەن ئەسىرىدە مۇنداق دەيدۇ : «ئۆت-
مۈشتىكى قىممىتى بار نەرسىلەرنىمۇ قەدىرلەش ، ساقلاش ۋە
ئۇلارغا ۋارىسلىق قىلىش كېرەك . ئىجادىيەت — ئۆتمۈشتىكى
بىلىم ھەم مەدەنىيەت جۇغلانمىسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ .
ھالبۇكى ، چوڭقۇرلاشقان ئەنئەنىلەرنى قانچىكى ئاساس قىلغان
ئىجادىيەت مەھسۇلاتىنىڭ قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ . ئى-
جادىيلىق يېڭىلىق ۋە ئۆزگىچىلىككە ئەھمىيەت بېرىشى كې-
رەك . لېكىن ، ئىجتىمائىي قىممەتكە قارىمىسا بولمايدۇ . كى-
شىلەر يېڭىلىققا قانچىلىك ئەھمىيەت بەرگەن بىلەنمۇ ئەسكى -
تۈسكى نەرسىلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى ئۈمىد قىلمايدۇ . ئۆز-
گىچىلىك جەھەتتىمۇ جىنايەت سادىر قىلىشنى ۋە جەمئىيەتكە
بۇزغۇنچىلىق قىلىشنى ياقتۇرمايدۇ .» بىز ئالىملارنىڭ بۇ سۆز-
لىرىنى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك ، ئەلۋەتتە . ئەمما كوند-
راپ كەتكەن ، ھازىرقى ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزغا پايدىلىق ئىجادى-
يەت بىخلىرىغا قارشى قاتمال ئەقىدىلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن
ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەر ، ئۆزىنى جاھاننى ئالدىقىنىدا ئويىندىتالاي-
دىغان نوچى ھېسابلاپ ، يېڭىدىن دۇنياغا كېلىۋاتقان ئىجادكار-
لارنى ئەرزىمەس خەس ھېسابلايدىغان ، قۇرۇق نامىنى داۋراڭ
قىلىپ ، ھەتتا ئىلىم - پەن ساھەسىدە ئىگىلىۋالغان ئەمەل -
مەرتىۋىلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ قىممەتلىك ئىجادىيەت نەتىجى-
لەرگە شۇبھى بىلەن تىكىلىپ تۇرۇۋالىدىغان ئىلىم زومىگەرلى-
رى بولسا ياشاش سەنئەتكارلىقىغا تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان مۇ-
ھىم ئامىلدۇر . ئەگەر بۇنداق قاتمال ئەقىدە ۋە ئىلىم زومىگەر-
لىرىگە چوقۇنۇش كەيپىياتى شەكىللەنسە ، يېڭىدىن مەيدانغا كەل-
گەن ئىلمىي ھەقىقەتلەرنى جەمئىيەت تەرەققىياتىغا خىزمەت
قىلدۇرغىلى بولمايدۇ . چۈنكى بۇنداق ئىلىم زومىگەرلىرى بى-

لەن قاتمال ئەقىدىلەر بىرىنچىدىن ، كىشىلەرنى «ھەممىنى بىلىپ بولدۇق» ، «بىز دېگەن دۇنيادىكى ھەممىنى ھەل قىلىدىغان ئۇلۇغ نەزەرىيىنىڭ ئېتىقادچىسى» دېگەن خىيالغا كەلتۈرۈپ ، ئۇلارنى ئەللەي ئېيتىپ ئۇخلىتىپ ، نادان كىشىلەرنى تېخىمۇ نادان قىلىۋەتسە ؛ ئىككىنچىدىن ھەرقانداق ھەقىقەتنىڭ نىسپىي ھالدا ئۆسۈپ بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىپ ، يېڭى تەسەۋۋۇر ، يېڭى قىياسلارنى بوغۇپ ، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقان ھەقىقەتلەرنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقىپ ، ئىلمىي بولمىغان باشقۇرغۇچىلار ۋە تەنقىدچى نوچىلارنىڭ قاراملىقىنى ئاشۇرۇپ ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى بۇرۇختۇمىلىققا چۈشۈرۈپ قويىدۇ .

ئالايلۇق ، 1951 ــ يىلى ئامېرىكىلىق ئىرسىيەتشۇناس مىكلىنتوك «ئۆزگىرىشچان ئەۋلاد» يەنى ئىرسىيەتتىكى يۆتكىلىشچان تەركىب توغرىسىدىكى يېڭى نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇنىڭ بىلەن كىشىلەر جانلىقلار توغرىسىدىكى سىرلار ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە بولدى . بۇ نەزەرىيە بىر پۈتۈن جانلىقنىڭ قانداق قىلىپ تاق ھۈجەيرىلەردىن تەرەققىي قىلىپ چىققىدىغانلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن ، ھەتتا نېمە ئۈچۈن بەزى ھۈجەيرىلەر (راك ھۈجەيرىسىگە ئوخشاش ) نىڭ توساتتىن تېزلىكتە ئۆسۈپ كېتىدىغانلىقى ھەققىدىكى مەسىلىلەرنىمۇ ھەل قىلدى . بىئولوگىيە جەھەتتىكى بۇنداق چوڭ ئۇتۇق گەپ ــ سۆزسىز قارشى ئېلىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ ، بۇ يېڭى نەزەرىيە بۇرۇن بار بولغان رەڭلىك تەنچىلەر ئىرسىيىتى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنىڭ چەتكە قېقىشى بىلەن سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىدى ، ھەتتا بەزىلەر بۇ نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويغان نەق مەيداندىلا «ھۇ ، ئالىجوقا» ، «سېپى ئۆزىدىن ساراڭ» دەپ تىللاپ چەتكە قاقتى ، شۇنىڭ بىلەن تاكى 1961 ــ يىلىغىچە بېسىلىپ كەتتى ، پۈتكۈل 60 ــ يىللاردا بۇ

بىچارە ئايال توختىماستىن ئىلىم ساھەسىگە ھەقىقەتكە قايتىپ
كېلىش ھەققىدە مۇراجىئەت قىلىپ تۇردى . 60 ـ يىللارنىڭ
ئاخىرلىرىدا بەزىلەر ئۆزگەرگۈچى تەنچىلەرنى بايقاشقا باشلىدى
ۋە 70 ـ يىللاردا بۇنداق كەشپىياتچىلار كۆپلەپ ئوتتۇرىغا چىق-
تى . شۇنىڭ بىلەن مىكلىنتوكنىڭ نەزەرىيىسىگە ئىشىنىدىغانلار
غولداپ ماڭدى . ئاخىرى ئۇ 1983 ـ يىلى دۇنيانىڭ ئېتىراپ
قىلىشىغا ئېرىشىپ نوبېل مۇكاپاتى ئالدى . دېمەك ، مىكلىنتوك
ساقمۇساق 32 يىل كونا ئەنئەنىۋى نەزەرىيىنىڭ تەسىرى بىلەن
بېسىلىپ كەتتى . بۇ نەزەرىيىنىڭ شۇنچە ئۇزاق بېسىلىپ كېتىد-
شى ئەمەلىيەتتە بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ ئىجادىي قابىلىيەت سى-
نىقىدىن ئۆتەلمەيۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلىدى . مۇشۇنداق ئۇزاق
جەرياندا ، ئىجادىي قابىلىيىتى ئاجىز كىشىلەر ئەسلىدە بار بول-
غان رەڭلىك تەنچىلەر ئىرسىيىتى توغرىسىدىكى كونا نەزەرىيە-
سىنى بىئولوگىيىلىك بىلىملەرنىڭ يۇقىرى پەللىسى ۋە ھەممى-
نى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل قىلىۋېلىپ ، بۇ زاماندىكى مەسىلى-
لەرنىڭ ھەل قىلىنىش ئۇسۇلى بىز ئادەتلەنگەن ئۇسۇللارغا
ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى . ئۇلار ئىجاد قىلمىدى ياكى
قىلالمىدى ، پۈتۈن كۈچى بىلەن كونا قېلىپلارنى ، ۋاقتى ئۆتكەن
نەزەرىيىلەرنى ئۆزگىرىپ بولغان يېڭى ئەھۋالغا تېڭىش بىلەن
گۇپپاڭچىلىق قىلدى . كاللىسى قاتماللىقتا يۇزلەنگەن بەزى يو-
غان ئەربابلار ياكى ئايرىم مۇتەخەسسىسلەر بولسا ، پۈتۈن كۈچى
بىلەن ئۆزلىرىنىڭ بۇرۇن ئىگىلىۋالغان بىلىم ۋە تەجرىبىلىرى-
نى مەھكەم قوغداپ ، بىئولوگىيىدە ئۆز كۆزقاراشلىرىغا ئوخ-
شىمايدىغان كۆزقاراشلارنىڭ مەيدانغا چىقىشىنى توستى . ئىرا-
دىسى بوش ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرمايدىغان بەزى ئالىملارمۇ :
«ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ كونا نەزەرىيىلىرىنى بىردىنبىر توغرا
دەپ چۈشەندۈرۈپ تۇرۇۋالغان تۇرسا ، باشقىلار قانداقمۇ ئۇلار-
نىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پايدىلىق ئىختىرا ، ئىجادىيەتلەرنى قىلا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لايمىز ؟ » دەپ بوشاڭلىق قىلدى . ئۇلارنىڭ ئىناۋىتى ئۇستۇن ، ھوقۇقى چوڭ بولغانلىقتىن ، مىڭلاپ كىشىلەر ئەيمىنىپ ئۇلارغا ئەگەشتى ، ھەقىقەتكە بولۇشۇپ بېرىدىغانغا ئادەم ئاز بولدى ، ھەقىقەتنى ، يېڭىلىقنى قوغلاشقان مەرد ئادەملەرگە تەڭلىكە ، توسالغۇ كۆچەيدى . كىشىلەر شۇنىڭ بىلەن ئىلىم تەرەققىياتى 30 نەچچە يىل بوغۇلۇپ ، ئاللىقاچان يېزىلغان ۋە رېئاللىقتىكى جانغا ئەسقاتىدىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدىغان كونا دەرسلىك ، ماتېرىيال ، سان ـ سېفىرلار ئەتراپىدا چۆرگىلەپ يۈردى .

مۇشۇنداق ئاچچىق ساۋاقلار شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى ، ئايرىم نوپۇزلۇق مۇتەخەسسىسلەر تەكرارلايدىغان «مۇتلەق مۇشۇنداق بولىدۇ ، باشقىچە بولۇش مۇمكىن ئەمەس ، مۇشۇ قائىدە بويىچىلا ئىش قىلىش كېرەك ، مۇشۇ نەزەرىيىگىلا ئەمەل قىلىش كېرەك . . . » دەيدىغان گەپلەر ۋە كونىلىقنى ساقلايدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ئۇلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلىپ ، يېڭى دانىشمەن پىكىرلەرنى توسۇشى سەنئەتكارلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق بولۇپ ، بۇنداق ئاقىۋەت كۆپ ھاللاردا ئەنئەنىۋى ئىدىيىنىڭ خۇراپىي تەرىپىگە ھەم چىرىگەن ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىغا باش ئۇرۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ . شۇڭا ، ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ھەرقاچان مۇنۇ ئىدىيە ئالغا سۈرۈلۈشى كېرەك : «مەدەنىي تەرەققىيات دېگەن نېمە ؟ بۇ ئالغا كېتىۋاتقان ئىنسان ئەقلى ھەر قەدەمدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتقان دائىمىي كەشپىياتلاردۇر ؛ تەرەققىيات سۆزىنىڭ ئۆزىمۇ شۇنىڭدىن كېلىپ چىققان . »[①]

---

① ۋ . گيوگو : «تەپەككۇر گۈلشەنى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى ، 382 ـ بەت .

ئۈچىنچى، پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىك

دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەتلىرىدە بەزى نەر-سىلەرنى ياخشى كۆرۈش ھەتتا ئۇلارغا مۇقەددەسلىك تاجىسىنى كىيدۈرۈپ قويۇش، بەزى نەرسىلەردىن ھەزەر قىلىپ، قارىقو-يۇق چەتكە قېقىش ھەتتا ئاداۋەت ساقلاپ ئۇلارغا ئۆچەكىشىش ئەھۋالى بولىدۇ، بۇنداق پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىك تەسىرىدە بەزى نەرسىلەر ئۇلۇغلىنىپ، بەزى نەرسىلەر يامان ئاتلىق بو-لۇپ كېتىدۇ. بۇ قىلىقلارنىڭ شۇنداق قىلىۋاتقان مىللەتلەردە بازىرى بولغان بىلەن ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن ئۇنچىۋا-لا پايدىسى بولمايدۇ. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولغان ئىلىم – پەننى دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەر ئورتاق يارى-تىدۇ.

ئالايلۇق، ياۋروپالىقلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى پەيشەنبە كۈنى بىلەن قارا رەڭدىن ھەزەر قىلىدۇ، خەنزۇلار قاپاق تارتى-شىش، قاغا – قۇزغۇنلارنىڭ سايراشلىرىدىن ھەزەر قىلىدۇ، ئۇيغۇرلار مازايى – ماشايىقلاردىن ۋە ھۇۋقۇش سايراشتىن ھەزەر قىلىدۇ. قول بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ ئولتۇرۇشنى پېش-كەللىك ئېلىپ كېلىدۇ، دەپ قارايدۇ، دۇنيادىكى نۇرغۇن كى-شىلەر سەككىز ساننىڭ تەكرار يېزىلىشىنى بەخت سىمۋولى دەيدۇ.

ھەتتا شۇنداق ئاداۋەتچىلىكمۇ بولىدۇكى، بەزىلەر ئۆز مىل-لىي مۇھىتىدا ياكى دىنىي ئېتىقاد مۇھىتىدا تارقالغان بىر خىل يامان كەيپىياتنىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل بىر مىللەتنىمۇ ئىنكار قىلىپ تاشلايدۇ. شۇ قاتاردا شۇ مىللەتنىڭ توغرا تەلىمات يارىتقان ئالىملىرىنى يوققا چىقىرىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇنداق ئاداۋەت-چىلىكىنى راستقا چىقىرىش ئۈچۈن بەزى جىنايى قىلمىشلارنى ئاقلاپمۇ قويىدۇ. بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان چايىم بېر-مانتىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «ئەتراپىمىزدا ھازىرمۇ نۇر-

www.uyghurkitap.com

غۇن يامان كۆزلەر پارقىراپ تۇرىدۇ . بەزىلەر يەھۇدىيلاردىن بىزار بولىدۇ ، دۇرۇس ، ئىتالىيانلاردىن ، ئىرلاندىيىلىك-لەردىن ، شوتلاندىيىلىكلەردىن ، ۋىللسلاردىن ، گىراكلەردىن ، تۈركلەردىن ، رۇسلاردىن ، پولەكلەردىن ، خوتوندۇرلاردىن ، ئە-رەبلەردىن ، ئېفىئوپىيىلىكلەردىن بىزار بولىدىغانلارمۇ بار . ئەمما ، كىشىلەرنىڭ يەھۇدىيلاردىن بىزار بولۇشىنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى ۋە تارىخىي يىلتىزى چوڭقۇر . بەزىلەرنىڭ يەھۇدىيلار-دىن بىزار بولۇشى ئۆز مىللىتىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بىر خىل ئاداۋەتچىلىكتىن بولۇپ ، ئۇلار ئەزەلدىن يەھۇدىي دېگەننى كۆرۈپمۇ باقمىغان ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇچراشمايدۇ ، شۇنداق تۇرۇقلۇق يەھۇدىي دېگەننى ئاڭلىسىلا ئۇلارنىڭ قۇيقا چاچلىرى دىك تۇرۇپ كېتىدۇ . يەھۇدىيلارنى ئۆچ كۆرۈش بى-لەن باشقا خەلقنى ئۆچ كۆرۈشنىڭ ئوخشىمايدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ، پەقەت دەرىجىسىدىلا پەق بار ؛ يەھۇدىيلارنى ئۆچ كۆرىدىغانلار يېقىندىن بۇيان جىمىپ قالدى دېيىلسە ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە كۆپ گەپ قىلىشقا بىئەپ ئەھۋاللاردا قېلى-ۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ ، نۇرغۇن سىياسىي ئوبزورچىلار 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا ناتسىستلار 6 مىليون ئەمەس ، 3 مىليون ، 600 مىڭ يەھۇدىينى ئۆلتۈردى ، ئۆلگەن يەھۇدىيلار پەقەت ئۇرۇشتا يارىدار بولغانلار ئىدى ، دەيدۇ . بۇ قاراپ تۇرۇپ ناتى-سىستلارنىڭ گۇناھىنى ئاقلاش ئەمەسمۇ ؟ ئەگەر بىز يەھۇدىيلار-نى دىنىي ئېتىقاد تۇپەيلى ۋە ياكى ياۋروپالىقلارنىڭ ئۇلارغا ئۇزاققىچە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئاڭسىز قوبۇل قىلىپ يا-مان كۆرۈۋاتىمىز دېسەك ، بىزنىڭ مىللىتىمىز شۇنداق ئورۇنغا چۈشۈپ قالسا ياكى باشقىلار بىزنى شۇنداق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويسا قانداق قىلارمىز ؟ يەھۇدىيلار ئۆزىگە توپ ئېتىۋاتسا ، ئۇنىڭغا قارشى ئوقمۇ ئاتماي تاش ئاتىدىغان ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئالتۇن - كۈمۈش كۆتۈرۈپ بېرىپ قورال سېتىۋېلىۋات-

قان مىللەتلەر يەھۇدىيلار ۋە ئىلغار مىللەتلەردىكى يۇكسەك
ماھارەتنى ئۆگەنمەي ، يەنە تەلۋىلىك بىلەن ئۇلاردىكى بىلىم
پاراسەتكىمۇ ئاداۋەت ساقلاپ يۈرسە قانداق بولىدۇ ؟ 2 ـ دۇنيا
ئۇرۇشىدا ناتسىستلارنىڭ ئۆزىنى ئەلا ئىرق ، دۇنيانىڭ رەھبىرى
ھېسابلاپ غالجىرلىشىش بىلەن يەھۇدىيلاردىن باشقا يەنە 2 مىلـ
يون رۇس ۋە باشقا مىللەتلەر ئۇرۇش قۇربانى بولدى . قۇربان
بەرگەن مىللەتلەر ھەرقاچان ناتسىستلار ۋە ئۇلارنىڭ دۇمباقچىـ
لىرىدىن ئۆچ ئېلىش نىيىتىدە بولۇپ كەلدى ، بۇنىڭ بىلەن
پۈتكۈل ئىنسانىيەت خاتىرجەم بولالمىدى . ھازىرقى كۈندىمۇ
تارىختا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان مىللەتلەر زىيانكەشلىك قىلغۇـ
چى مىللەتلەرگە ئاداۋەت تۇتىدۇ . زىيانكەشلىك قىلغۇچىمۇ «بىز
باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ خاتا قىلدۇق دېمەستىن ، ھەرقاـ
چان زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلاردىن ھەزەر قىلىدۇ . بۇنداق
ئىكەن ، بىز 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى فاشىزمدىن قانداق ساۋاق
ئېلىشىمىز كېرەك ؟ ساۋاق شۇكى ، يەھۇدىيلار 5000 يىل ماـ
بەينىدە بىرمۇ دۇشمەننى ئەپۇ قىلمىدى ، بۇنىڭدىن پۈتۈن دۇنيا
تىنچىمىدى ، بۇنداق ئىكەن ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت بويىچە ھەرقانـ
داق مىللەت باشقا مىللەتلەر زىيانكەشلىك قىلسا ئىنسانىيەتكە
جىنايەتكار بولىدۇ . ئەگەر ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەلۇم قىسمىنى
قۇربان قىلىۋېتىشكە بولىدۇ دەپ قارىسا ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت
خەۋپكە ئۇچرايدۇ ، ئۆزىمۇ دۇشمەنلىك بولۇپ مىللەت ئەزالىرىـ
نى خەۋ پتە قالدۇرىدۇ ، تەبىئىيكى بۇنداق ئاداۋەتچىلىك ئىنساـ
نىيەت مەدەنىيەت تارىخى ئۇچۇن ناھايىتى زور توسقۇنلۇقتۇر .

پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىك تۇپەيلى يەنە ئۇنداق يامان
ئاقىۋەتلەر بولىدۇكى ، بەزىلەر ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئادەت ياكى
باشقا ئاداۋەتلىرى تۇپەيلىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولـ
غان ئىلىم ـ پەنگىمۇ خاتا قاراشتا بولۇپ قالىدۇ . مەسىلەن ،
بىزنىڭ ئىسلامىيەتتىكى بەزى چالاموللا خۇراپىيلار تەبىئەت ۋە

www.uyghurkitap.com

سانائەت ھەققىدىكى نۇرغۇن پەنلەرگە بولغان مۇئامىلىدە شۇنداق
قىلدى . ئۇلار ھازىرقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنىڭ كۆپ ھاللاردا
خرىستىئان رايونلىرىدا ئالدىن تەرەققىي قىلىۋاتانلىقىنى نەزەر-
دە تۇتۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۇلاردىن ئارقىدا قېلى-
ۋاتقانلىقىنى ئاداۋەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ ئاللانىڭ «سەن
زېمىندىكى نېسىۋەڭنى ئۇنتۇما»[1] دېگەن ۋەھىسىنىمۇ ئۇنتۇدى -
دە ، زېمىندىكى نېسىۋىنى قولغا كەلتۈرۈلىدىغان بۇ پەنلەرنى
«كاپىرلارنىڭ پەنلىرى» دەپ جۆيلۈپ ، ئۆزلىرى يەۋاتقان ئاش
- نان ، كىيىۋاتقان كىيىم - كېچەك ، يېتىپ - قوپۇۋاتقان ئۆي
- جاي ، قۇرۇقلۇق ۋە ھاۋا ، سۇ قاتنىشىدا ئىشلىتىۋاتقان قات-
ناش قوراللىرى ، ھەر كۈنى دۇنيادىن خەۋەر بېرىۋاتقان تېلېۋى-
زور ، رادىئو . . .قاتارلىقلارنى خۇدايىم سەۋەبسىز تاشلاپ بېرى-
ۋاتقاندەك ئىسلام دىنىنى بۇ دۇنيالىق تەلەپ خاھىشلاردىن ئاي-
رىلغان ئاخىرەتلىك دىن قىلىپ كۆرسىتىپ ، مۇسۇلمانلارنىڭ
بۇ پەنلەردىن ئوزۇق ئېلىشىغا توسقۇنلۇق قىلدى . ھەمدە بەخت
- سائادەتنى ئاللانىڭ ئادەمنىڭ تىرىشچانلىقىغا مەنسۇپ قىلغان-
لىقىنى ئىنكار قىلدى . بۇنىڭ بىلەن ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمانلار
بۇ دۇنيالىق بىلەن ئۇ دۇنيالىقنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىلىم
- پەن ئۆگىنىشتىن ئىبارەت قانۇنىي يولدىن چەتنەپ ، ئىسلام
بىلەن ئىلىم - پەننى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويۇپ ، بۇ دۇنيالىق
نېسىۋىنى تاللىشىدىغان قورالنى تاشلىۋەتتى - دە ، بۇ ئاداۋەتچى-
لىك ئاخىرى بېرىپ ئۆزىنىڭ پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپقاندەك رول
ئويناپ ، ناھايىتى كۆپ مۇسۇلمانلارنى نادان ، گاداي قىلىۋەتتى .
يەنى تەبىئەت ئۆز بايلىقىنى پەقەت ئۆزى ئۈستىدە تەكشۈرۈش
ئېلىپ بارغان ئەقىللىق ئادەملەرگىلا كۆرسەتكەنلىكتىن ، ئىسلا-
مىنىڭ ھەر ئىككى دۇنيالىقنى كۆزلەيدىغان ئەسلىنى ئۇنتۇپ ،

[1] «قۇرئان كەرىم» ، سۈرە قەسەستىن ئېلىندى .

دىنىي بۇ دۇنيانىڭ قۇرۇلۇش شارائىتلىرىدىن ئايرىلغان دۇئا-
گۇيلۇققا ئايلاندۇرۇۋالغان ، بىر - بىرسىگە هايات ۋاقتىدا كۆ-
يۈنمەي ، ئۆلۈپ كەتكەندە گۆر ئاغزىغا بېرىپ دۇئا - تىلاۋەت
قىلىدىغان نادان مۇسۇلمانلارغا ھېچنېمە بەرمىدى ، ناھايىتى
كۆپ مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۇ دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىشىپ سەۋەب
قىلىش ئاجىزلاپ ، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ سەييارىمىزغا ئىلىم
- پەن بىلەن دىنىي ئېتىقادىنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا يۈرۈش
قىلىۋاتقان مىللەتلەرگە يېتىشەلمىدى . بۇنداق زىيانكەشلىكنى
يەنە كىملەردىن كۆرۈش كېرەك ؟
دىققىتىمىزنى يەنە خرىستىئان تەرەپكە ئاغدۇرىدىغان بول-
ساق ، بۇ دائىرىدىكى بەزى ئالىملارمۇ شۇنداق ئاداۋەتچىلىك
بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەن تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھ-
پىلەرنى قوشقان ئۇلۇغ ئالىملارنىڭ تۆھپىلىرىنى تۇر-
لۇك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن ئىنكار قىلدى ياكى ئۇلارنىڭ
ئۇلۇغ ناملىرىنى چۆكۈرۈپ ئەمەلىيەتتىن چەتتىدى . بۇنداق بىر
تەرەپلىمىلىكنىڭ تىپىك بىر ئىپادىسىنى مۇسۇلمانلار دۇنياسى-
دىن نەزەرىيە فىزىكىسىدا نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاكىستان-
لىق دانىشمەن ئابدۇسالام ناھايىتى يىغىنچاق پاش قىلىپ ، پۈت-
كۈل ئىلىم - پەن دۇنياسىغا نەسىھەت قىلغان . بىز بۇ ئۇلۇغ
زاتنىڭ بۇ ھەقتىكى ناھايىتى چوڭ بىر ھەق - ناھەق مەسىلىسى-
نى دۇنيانىڭ ئىلىم مۇنبىرىدە قورقۇمسىزلىق بىلەن ئېچىپ
بەرگەنلىكىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز ئۈچۈن ،
«ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىجادىيەت قۇد-
رىتى» نىڭ 7 — 12 - بەتلىرىنى ئۆزۈن كۆرمەي ئوقۇپ
چىقايلى .
ئەنە ، ئاتالمىش پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىكنىڭ ئىلىم -
پەن تارىخىدىكى بۇزغۇنچىلىقنىڭ بىر كۆرۈنۈشى ، ئۇلۇغ ئۇستاز
ئابدۇسالام كۆرسەتكەن ئاشۇ جەرياندا ئىلىم - پەن تارىخى ھەق-

www.uyghurkitap.com

قىدە شۇنچە ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى يازغان بەزى ئالىملار ۋە
خان ـ پادىشاھلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن . بەزى ئەربابلارمۇ
ئاداۋەتچىلىكتىن ئۆزىنى تارتماي مۇسۇلمان بولسىمۇ پۈتۈن دۇن-
يا خەلقى ئۈچۈن بەخت كەلتۈرۈۋاتقان ئالىملارنى ، شەرقلىق
بولسىمۇ غەربكە كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئىلىم چولپانلىرى-
نى كۆرسىمۇ كۆرمەسلىككە سالغان . ھازىرقى كۈندىمۇ ئاشۇن-
داق ئىدىيىلەر بەزى دۆلەت ۋە مىلللەتلەردە كۆرۈلىدۇ . باشقا
مىللەتلەردىكى ئىلمىي ھەقىقەتلەر قاراپ تۇرۇپ كىچىكلىتىلى-
دۇ ، تىلغا ئالمايدۇ ياكى ئۆزىنىڭ قىلىۋالىدۇ . بۇنداق ئىشلار-
نىڭ بەزىلىرى ئۇلۇغ ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ھەقىقىي ھۆرمىتى ،
دىنىي ئېتىقاد ۋە تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقلارغا ئاساسەن كېلىپ
چىققان بولسىمۇ ، ئەمما ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ھاجەتسىز پەرز-
كارلىقنى كۆككە كۆتۈرۈشنىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق . ئۆزلى-
رى ياخشى كۆرگەن پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتلىرىنى باشقىلارغا
تېڭىشنىڭ ياكى ئۆزلىرىنىڭ پايدىلىق ئادەتلىرىنى زورمۇزور
ئۆزگەرتىپ ، باشقىلارنىڭ قىلىقلىرىنى دوراپ يۈرۈشنىڭمۇ قىلى-
چە پايدىسى يوق . مەسىلەن ، تۇغۇلغان كۈننى ھەر مىللەت ئۆز
ئادىتى بويىچە خاتىرىلىسە بولىدىغان تۇرسا ، بەزى شاللاق ئادەم-
لەر خرىستىئان مۇخلىسلىرىدەك شام ياندۇرۇپ ئۆتكۈزىدۇ
ھەمدە ئۆزىنىڭ دۇنياغا داڭلىق تائاملىرى تۇرسا ، ياۋروپالىقلار-
نىڭ تورتلىرىنى بازاردىن قىممەت سېتىۋېلىپ ، ئۆزلىرىنىڭ
شۇنچىلىك نەرسىنىمۇ ياسىيالمايدىغان نائۇستا ياكى دۆتلۈكىنى
ئاشكارىلايدۇ . بۇنداق قىلىقلارنىڭ قايسى مىللەتكە نېمە پايدىسى
بار ؟

ياشاش سەنئەتكارلىقى دېگەن ھاياتنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى
جەھەتتىكى تەبىئىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بې-
رىلىدىغان ئىجادىي پائالىيەت بولغانلىقتىن ، ئۇ تۇرمۇشقا نېمە
ئېھتىياجلىق بولسا ، شۇنى گۈزەللىك ئۆلچىمىگە سېلىپ ئىش-

لەپچىقىرىدۇ . ئارتۇقچە پەرزكارلىق ۋە ئاداۋەتچىلىك بولسا ،
ياشاشنىڭ مۇنداق تەبىئىي ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان
ياسىمىلىق بولۇپ ، ئۇنداق نەرسىلەرگە قانچە بېرىلگەنسېرى
كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ۋە ئىش ھەرىكىتىنى بوغۇپ قو-
يۇش بىلەن ئىجادىيەتنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ . تەجرىبە -
ساۋاقلاردىن شەكىللەنگەن ئۆچ كۆرۈش بولغان تەقدىردىمۇ ئۇمۇ
ئىلىم - پەننىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ زاماندىن قېلىپ ،
شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە ئادەملەرنىڭ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا ئىزدىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ . ئالايلۇق ، قەدىمكى
جۇڭگودا شەمشەر سوقىدىغانلار شەمشەر پۈتكەندە ، «شەمشەر
ئىتتىك بولىدۇ» دەپ ئادەمنىڭ چېچى ، قېنى بىلەن سۇغىرىدى-
كەن ، بۇ ئادەت ، بىر خىل ئۇسۇل شەكلىدە بېكىتىلىپ كەتكەند-
ىكتىن ، ناھايىتى ئۇزاققىچە جۇڭگودا كاربونلۇق قىزىتىپ بىر
تەرەپ قىلىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ
بولغان .

ئاداۋەتچىلىك كۆپ ھاللاردا كونا ئادەتكە بېرىلىپ كەتكەن
كىشىلەرنىڭ پەيدىلىق بىر يېڭىلىققا قارشىلىق كۆرسىتىشىدۇر .
چۈنكى يېڭى ئىجادىيەت ماھىيەتتە ئىنقىلابىي بولغاچقا ، ئەڭ
ئاۋۋال كونا ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھەدەپ ماختاۋاتقان خۇراپىي
نەرسىلىرى بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ . يەنە كېلىپ ، كونا
ئادەتنى كىشىلەر ناھايىتى ئۇزاق جەرياندا يېتىلدۈرگەنلىكتىن ،
ئۇ كەڭ دائىرىلىك ھەم جاھىللىق خاراكتېرگە ئىگە بولىدۇ .
بۇنىڭ بىلەن دەسلەپتە يېڭى بىر ئىجادىي پىكىر خېلى كۆپ
كىشىلەرگە خۇددى بالايى - قازا كەلتۈرىدىغان ئاپەتتەك كۆرۈ-
نۈپمۇ كېتىدۇ . ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن يېڭى نەرسىلەرگە ئۆچە-
كەشكەن كىشىلەرنىڭ دېگەنلىرى راست بولۇپ كەتمەيدۇ . ئوي-
لاپ باقايلى ، شوخلا ئەسلىدە ئاسىيادا ئۆسىدىغان بىر خىل كۆك-
تات ئىدى ، كېيىنچە ياۋروپاغا تارقالدى . ئۇنىڭ ياۋروپاغا تارقى-

www.uyghurkitap.com

لىپ، ياۋروپالىقلارنىڭ يېمەكلىكىگە ئايلىنىشى ئەنە شۇنداق ئاداۋەتچىلىك ۋە پەرز تۇتۇش بىلەن بۇنداق پايدىسىز پەرزنى بۇسۇپ ئۆتۇشتەك جەرياندىن ئۆتتى، ئېلىمىزدە كەرەپشىنىڭ يوپۇرمىقىنى پۇتاپ تاشلىۋەتسەك، ياۋروپالىقلار ئۇنىڭ تىنىسىنى تاشلىۋەتتى، دېمەك، بىر خىل كۆكتاتنى يېيىشتىكى بۇنداق چەك ھەر ئىككى خەلققە پايدىلىق بولمىدى، بۇنى بۇزغاندا ھەر ئىككى جايدىكى كىشىلەر بەھرىمەن بولىدىغان كەرەپشىنىڭ ھەممە يېرىنى يېيىشتەك ئەلا ئۇسۇل ھاسىل بولدى. شۇڭا، مىللىي مەدەنىيەتتىكى يامان كۆرۈشنى رەت قىلىش ھەمىشە ئىجادىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۇننىڭ بىرىنچى بولۇپ قىسقۇچپاقىنى يېگەن ئادەمنى مەدھىيىلىگەنلىكى ئەنە شۇنداق كونا ئادەت ئاساسىدىكى ئاداۋەتچىلىكنى يەڭگەن مەدەنىيەت ئىجادچىسىغا يۈكسەك باھا بەرگەنلىكى ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈندە بىز شىنجاڭدا يۈرۈپ بىز يەپ باقمىغان بىرمۇنچە دېڭىز يۇسۇنلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرىنى يەۋاتىمىز. ئىچكى ئۆلكىلەردىن كەلگەن خەنزۇلار ئاتا - بوۋىسى زادى كۆرۈپ باقمىغان ئۇيغۇر تائاملىرىنى يەۋاتىدۇ. بۇنىڭ قايسى مىللەتكە نېمە زىيىنى بار؟

دېمەك، مەدەنىيەت ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق بايلىقى بولۇپ، ھەرقانداق دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا سىڭىشىش ئارقىلىق تەرەققىي قىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ھەرقانداق دەۋرنىڭ مەدەنىيىتى تارىخىي ئەنئەنىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىشتىن ئايرىلالمايدۇ. بولۇپمۇ يۈكسەك پەن - تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئۆزئارا قوبۇل قىلىش پائالىيىتى ناھايىتى كۈچەيىپ كەتكەنلىكتىن، مىللىي مەدەنىيەتلەرنىڭ مىللەت، دۆلەت چېگرىسىنى ئاتلاپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ ئورتاق بايلىققا

ئايلىنىش ھاياتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ . دۇرۇس ، ھازىرمۇ ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئۆز ئالدىغا مەدەنىيەت خاسلىقى بار ، لېكىن ھازىرقى كۈندە ئىجتىمائىي ھايات خەلقئارالىشىپ كەتكەنلىكتىن ، خاسلىق ئومۇملۇق ئىچىدە بولىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن ئورتاق مەدەنىيەت پسىخىكىسى ۋە ئورتاق مەدەنىيەت قىممىتى ھاسىل بولىدۇ . بۇ ھال ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى چەتكە قاقمايلا قالماستىن ، بەلكى ئۆلارنىڭ مەدەنىيەت خاسلىقىنى تېخىمۇ بېيىتىش ، تەرەققىي قىلدۇرۇش ، گۈللەندۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك بولىدۇ . مەدەنىيەت دېگەن تۆرىلىشىدىنلا تەبىئەتتىن ئەمەس ، تەبىئەت ياراتقان ئادەمدىن تۆرەلگەچكە ، ئۇ مەڭگۈگە ئۇدۇم قوغلىشىپ پۈشتىغا تارتىپ تۇرىدۇ ، شۇ تۇپەيلى ، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە مەنسۇپ ھالدا خىزمەت قىلىش دەرىجىسى ئۆسۈپ بارغانسېرى ئابرۇيي جەھەتتە ئۆسۈپ ، ئۆزىنى ياراتقان مىللەتنى يۈكسەك ئابرۇيغا ئىگە قىلىش بىلەن شۇنچە مىللىي خاسلىققا ئىگە بولىدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق مىللەت باشقىلارنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى تاللاپ قوبۇل قىلساق يوقىلىپ كېتەرمىزمىكىن دەپ قورقۇشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ . بۇ يەردىكى ھالقىلىق مەسىلە پەقەت شۇ مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ھەزىم قىلىپ ئۆزىنىڭ خاسلىقىغا يارىشا يېڭىلىق يارىتىشنى بىلىشتە . بولۇپمۇ ئارقىدا قالغان خەلقلەر ئۈچۈن بۇنداق قوبۇل قىلىش ئۇنىڭ دۇنياۋى مەدەنىيەت بەيگىسىدە ئۇتتۇش - ئۇتتۇرۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ھالقىلىق مەسىلە بولۇپ ، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ تارىختىكى بىر - ئىككى تۇرلۇك ئارتۇقچىلىقىنى تۇتىيا بىلىۋېلىپ ، تەبىئىي پەن ، ئىجتىمائىي پەن ، ئىستېمال ۋە تېخنىكا پەنلىرى ، مىللەت ھەم تارىخ پەنلىرى جەھەتلەردە يۈكسەك نەزەر بىلەن كەڭرى تەربىيىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ ھازىرقى زامانغا يارامىلىق كاتتا - كاتتا بىلىمدانلىرىنى ، كەشپىياتچىلىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارمايدىكەن ، ئۇ بارغانسېرى مەنىۋى جەھەتتە گاداي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللەتلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . ئۇ ئەگەر ئۆز مىللىي مەدەنىيە-
تىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن مەيۇسلىنىپ ، ئۆز مەدەنىيىتىنى
پەس كۆرۈش ، ھەتتا ئەنئەنىسىنى قارغاپ ، ئەجدادلىرىنى يامان
ئاتلىق قىلىپ ، مىللىي ھۆرمەتكە بولغان ئېھتىياجىنى ، ئۆزىگە
بولغان ھۆرمەتنى يوقىتىدىكەن ، تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتلەرگە قا-
لىدۇ . بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، يەنە بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى
بىرەر ئەجنەبىي ئارقىسىدىن ئەگىشىش يولى بىلەن شانلىق بىر
كۈنگە ئېرىشمەكچى بولغان خىيالپەرەس تەنتەكلەر تازا ئۇچىغا
چىققان ئەخمەقلەردۇر . شۇڭا ، ياشاش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج
ئالدۇرۇش ئۈچۈن ، بارلىق ئاداۋەتچىلىك ، پەرزكارلىقنى چۆ-
رۈپ تاشلاش ، مىللىي مەدەنىيەتتىكى خۇراپىي بوخچىلارنى چۆ-
رۈپ تاشلاپ ، ئۇنىڭدىكى ئىلگىرىلەشنىڭ مەشئىلىنى قولغا ئې-
لىش ، بۇنىڭغا باشقا مىللەتلەردىن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆگى-
نىشنى قوشۇپ مىللەت تەرەققىياتىغا ، مىللىي ھۆرمەتكە ئېھتىياج
تۇرغۇزۇش ، شۇ ئارقىلىق پۈتكۈل مىللەتنىڭ يەن ـ مەدەنىيەت
ساپاسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ ، دۇنياغا يارىشىملىق ، ئىن-
سانىيەتنىڭ مەدەنىيەت گۈلزارىدا كۆلۈپ تۇرالايدىغان مىللەت
بولۇش ئۈچۈن ئىجتىھات بىلەن ئىجادچانلىقنى يېتىشتۈرىدىغان
ئۆگىنىش ئىنقىلابىنى قوزغاش كېرەك .

تۆتىنچى ، ئىدىيىۋى ئۇسۇل

ھەر مىللەتنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ ئىجادىيەت ، ئىخ-
تىرا ئۇستىدىكى پىكىر قىلىشىدا ئوخشىماسلىقلار بولىدۇ .
مىللەتلەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىدىكى ئىدىيىۋى ئۇسۇلنىڭ بۇز-
داق ئوخشىماسلىقى ـــ ئىجادىيەتتىكى ئوخشىمىغان ئالاھىدى-
لىكنى پەيدا قىلىدۇ ، يەنى بىر تەرەپتىكى ئىجادىيەتكە پايدىلىق
بولسا ، يەنە بىر تەرەپتىكى ئىجادىيەتكە پايدىسىز بولىدىغان ،
ھەتتا بەزى ئىدىيىۋى ئۇسۇللار ئىجادىيەتنى بوغۇپ قويىدىغان

ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئائىلۇق، ئۇيغۇر مەدەنىيە-
تىدە بىر پۈتۈنلۈكنى ئاساس قىلىپ كۆزىتىش ئېلىپ بارىدىغان
ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكتىن، «داۋالاش جەھەتتە بەدە-
نىڭ بىر پۈتۈنلۈكنى يەنى مىزاج ۋە خىلىت ئۆزگىرىشلىرىنى
نەزەرگە ئېلىپ ئىچكى جەھەتتە داۋالاش بىلەن يەرلىك ئورۇننى
كۆزدە تۇتۇپ تاشقى جەھەتتىن داۋالاش (جەرراھىيە يەنى ئوپې-
راتسىيە قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) نى بىرلەشتۈرۈپ ئې-
لىپ بېرىش»[①]تىن ئىبارەت ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە باشقا تەبىئىي
پەنگە ئائىت ئىدىيىلەر شەكىللىنىپلا قالماستىن، بەدىئىي سەن-
ئەت جەھەتتە ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق
تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى مۇزىكا قامۇسى «ئون
ئىككى مۇقام»، يەنى «ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقى قانۇنىيىتىگە مۇۋا-
پىق ئىشلەنگەن، مۇئەييەن كۈي شەكلى ئاساسىدا قېلىپلاشتۇ-
رۇلغان ۋە بىر يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئون ئىككى پارچە مۇزىكى-
لىق ئەسەر»[②]شۇنداقلا «قىزىل مىڭئۆيى»، «بېزەكلىك» كە
ئوخشاش بىر پۈتۈن مىللىي ھاياتنى ھەر تەرەپلىمە ئەكس ئەتتۈ-
رۈپ بېرىدىغان رەسىملىك ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەن. ياۋرو-
پالىقلار كۆپ ھاللاردا پارچىلاپ كۆزىتىش، ئىنچىكىلەپ ئىچكى-
رىلەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى ئۇسۇلغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇلار
يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەندەك، ئىسلامىيەت دۇنياسى ئارقىلىق پۈت-
كۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىلىم - پەن ئىدىيىسى بىلەن ئۇچراشقان.
بۇنىڭ بىلەن زامانىمىزدا قوللىنىۋاتقان ياۋروپاچە داۋالاش ئۇسۇ-
لى ۋە يېقىنقى زامان تەبىئىي پەنلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.
قەدىمكى زاماندا جۇڭگولۇقلار تۆت چوڭ كەشپىياتنى ياراتقان.

① «ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسى» 2 - جىلد 3 - بەت.
② ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر خەلق كلاسسىك مۇزىكىسى، ئون ئىككى مۇقام، ھەققىدە» 2 - بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىللىتىق دورىسىنى پوچاڭزا ياساشقا ، قەغەز بىلەن مەتبەئەنى بۇتساتۋانىڭ رەسىمىنى ۋە بۇددا نومىلىرىنى بېسىشقا ، كومپاسنى ھاۋا رايىنى ئۆلچەشكە ؛ ياۋروپالىقلارچۇ؟ مىللىتىق دورىسىنى قورال ـ ياراغ ياساش ، كان ئېچىشقا ؛ كومپاسنى دېڭىز سەپىرىدە يول تونۇشقا ، مەتبەئەچىلىكنى ئاۋۋال ئىنجىلنى بېسىشقا ، ئاندىن قانۇن ، ئەمىر ـ پەرمانلار ، كىتاب ـ ژۇرناللارنى بېسىشقىلا ئىشلەتكەن ، دېمەك ، ھەر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدىكى ئوخشىماسلىق سەنئەتكارلىقنى ئوخشاشمايدىغان يۆنىلىشلەرگە ئېلىپ كېتىدۇ ، بۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق مىللەت ئۆزۈمبىلەرمەنلىكنى ئاز قىلىپ ، مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ 1115 يىل بۇرۇنقى مەشھۇر ئالىمى ئەل كېيىندىنىڭ «ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىش بىز ئۈچۈن نومۇس ئەمەس ،» «ھەقىقەتنىڭ مەنبەسى قەيەردە بولۇشتىن قەتئىينەزەر بىز ئۇنى قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇنى ئۆزىمىزنىڭكىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك . ھەقىقەتنىڭ پەللىسىگە چىققانلار ئۈچۈن ، ھەقىقەتنىڭ ئۆزىدىن قىممەتلىك ھېچقانداق نەرسە بولمايدۇ . ھەقىقەت ئىزدەنگۈچىنىڭ ئىناۋىتىنى ۋە ئورنىنى زىيانغا ئۇچراتمايدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەستىن چىقارماستىن ، پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى بىر تەرەپلىمە ئاجىزلىقلارنى يېڭىشكە ، ھەقىقەت قەيەردە تېپىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئەڭ توغرا ئىدىيىۋى ئۇسۇللارنى ئىگىلەشكە ، ئىجادىي پائالىيەتلەرنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆستۈرۈشكە تەييار تۇرۇش كېرەك .

بولۇپمۇ بىر مىللەتنىڭ سەنئەتكارلىق سېپىنى تەنقىدچىلىك ئىگىلەپ كەتمەسلىكى ، شۇبھىلىنىشنى چەتكە قاقىدىغان ئىلىم زومىگەرلىكى ئىگىلەپ كەتمەسلىكى كېرەك . بۇ نۇقتىنى شۇنىڭ ئۈچۈن تەكىتلەيمىزكى ، ئەركىن پىكىرگە يول قويۇشتىن ئىبارەت ئىلغار ئىجادىيەت ئىدىيىسىگە قارشى بولغان گەپ قىلىپ بولغۇچە تەنقىدلەش روھىنىڭ تەكتى بىلىم گادايلىقىدىن

كېلىپ چىققانلىقتىن، ئۇ ئىنسانىيەت مەنىۋى دۇنياسى ئۈچۈن زەربە، مىللىي مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن بۇدۇشقاقتۇر. بار شەيئىلەردىن شۈبھىلىنىشكە قارشى تۇرىدىغان ئىلىم زومىگەرلىكى بولسا، شۇ مىللەتتىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان مىڭلاپ ئالىملارنىڭ ئەقىل جەۋھىرىنى ئېچىپ مىللىي مەدەنىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىشقا سېلىشقا قارشى شۇملۇقتۇر.

ئۆزىمىزدىكى بەزى ئادەتلىرىمىزگە قاراپ باقايلۇق، بىز ئادەتتە يېڭى خىزمەتلەر ئۈستىدە، بولۇپمۇ زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇھىم مەسىلىلەرنى ۋە قىياسەن پىلانلارنى مۇزاكىرە قىلىدىغان بەزى يىغىنلارنىڭ بىر هازا تالاش - تارتىش قىلغاندىن كېيىن تۇتامى يوق بىر خاتىمە دوكلاتى بىلەن ئاياغلىشىۋاتقانلىقىنى، مەسىلە هەل بولمىغانلىقتىن، يەنە بىر قېتىم يىغىن ئېچىپ قايتا مۇزاكىرە قىلىشنى قارار قىلىش بىلەن ئاياغلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. بۇنداق يىغىنلارغا هەتتا ئالىملار، ئالىملاردىنمۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان باشلىقلارمۇ قاتنىشىدۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا مول ئۈنۈم هاسىل قىلالمايدۇ؟ بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى شۇكى، بۇنداق يىغىنلاردا ئوبيېكتىپ ئەھۋالغا قارىتا پىكىر قىلغۇچى بىرىنچى ئادەم مەيدانغا چىقىپ گەپ قىلغاندا، هەتتا ئۇنىڭ پىكرى ئۆزگىچە ئىجادىيلىققا ئىگە، چىگىش مەسىلىلەرگە قارىتا يېڭى دادىللىققا ئىگە بولسىمۇ، ئوبيېكتىپلىقتىن چەتنەپ سۇبيېكتىپ سۆزلەيدىغان، ئىلمىي ئىزدىنىشتىن كونا جۇۋىنى تاراقلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە شۇ تاپتا ئۆز ئىرادىسىنى باشقىلارغا تاڭماقچى بولغان بىلەرمەنلەر تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ، ئىككىنچى ئادەم يەنە بىر قېتىم جۈرئەت قىلىپ پىكىر بەرگەن تەقدىردىمۇ بىلەرمەنلەر ئۇنىڭغىمۇ يول قويمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق، ئەل قايغۇسىدا توغرا، چوڭقۇر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات-

قا ، جامائەت پاراۋانلىقىغا پايدىلىق بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا تەمشەلگەنلەرنىڭ رايى يانىدۇ ـ دە ، ئەڭ ئاخىرىدا باشقىلارنى كەسكىن تەنقىد قىلالايدىغان ئورۇن ، مەرتىۋىگە ، باشقىلارنى بېسىۋەتكەندەك نوپۇز كۆچىگە ئىگە بىرسى چىقىپ ئۆزىنىڭ پىكرىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ پىكرىنى باشقىلارنىڭ يېڭى ، ئۆزگىچە دادىل ، ئىلمىي بولغان پىكىرلىرى ئورنىغا دەسسىتىدۇ . بۇنىڭ بىلەن كېلەچەكنى كۆزلەپ ئالغا باسىدىغان پىلانلار مەغلۇپ بولۇپ ، بىر ئىزدا توختاش كېلىپ چىقىدۇ . مانا بۇ چېكىدىن ئاشقان تەنقىد روھىنىڭ نەتىجىسىدۇر .

ھەرقانداق ئىلىم ـ پەن مۇۋەپپەقىيىتى ئەسلىدىكى بار بىلىملەر ئاساسىدا يول ئېچىپ مېڭىش ، ئىجاد قىلىش روھىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇرسا ، ئىلىم ـ پەننىڭ ھاياتىي كۈچىمۇ ئەنە شۇنداق يول ئېچىپ مېڭىش ، ئىجاد قىلىشقا باغلىق بولۇپ ، ئۇ پەقەت ئەسلىدىكى رامكىلارنى بۇسۇپ ئۆتكەندە ھاسىل بولىدىغان تۇرسا ، بۇنداق چېكىدىن ئاشقان تەنقىدچىلىك بار يەردە قانداقمۇ ئىلىم ـ پەن گۈللىنەلىسۇن ؟ بىزدىكى بۇنداق چېكىدىن ئاشقان تەنقىدچىلىك بىزگە يېڭى ـ يېڭى پىكىردە بولۇشنى رەت قىلىش ، بۇرۇن قىلمىغان ئىشلارنى تەتقىق قىلىش ، سىناق قىلىش روھىغا قارشى ئاددىيلىقنى ھامىي قىلىپ قويغان . بىزنىڭ بۇنداق ئاددىيلىقىمىزنىڭ مىزانى بويىچە ، بىزدىكى ئەقىللىق ئادەملەر ياخشى ـ يامانلىقتا ئەڭ تېز سۇرئەت بىلەن ھۆكۈم قىلالايدىغانلار ۋە راست ـ يالغانلىقنى ئايرىپ چىقالايدىغانلار بولىدۇ ، بۇنداق تېزلىك تەلىپى بويىچە ، ئەقىللىق ئادەملەر ماھىرلىق بىلەن مەسىلىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلار ، ئىشنى پۇختا ئويلىنىۋېلىپ قىلماي ، يېڭى پىكىر ، پىلان قويغۇچىلاردىن قۇسۇر چىقىرىشقا ئۇستا ئادەملەر بولىدۇ . بىزمۇ ئۆزىمىزنى قوغداپ جان ساقلاشنىڭ كويىدا پەيتى كەلگەندە ئاشۇنداق ئەقىللىق ئادەملەر قاتارىغا كىرىپ كېتىمىز ـ دە ، ئۆزىمىزنى

ئەقىللىق ھېسابلاپ ، باشقىلارنىڭ پىكرىدىن ، پىلانىدىن قوشۇر
ئىزدەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزىمىز . جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تۈپ
مىزانى جەمئىيەت پاراۋانلىقىغا ھەسسە قوشۇپ تۇرۇپ جەمئىيەت-
تىن ھەق ئېلىش بولسىمۇ ، بىز ئاشۇنداق چۈتۈچىلىق بىلەن
ئۆتكۈزگەن ۋاقىتلىرىمىزغا «كۈن ئۆياققا ، پۇل بۇياققا» دەپ
ھۆكۈمەتتىن پۇل ئالىمىز . بۇنداق ھەق ئېلىشنىڭ ھېساباتى
ھەرقاچان ھەقىقىي قانۇن ياكى خەلق ئادالىتىنى قوغدايدىغان
قاتتىق سىياسەت ئارقىلىق نەقلەشتۇرۇلۇپ تۇرۇلمىغاچقا ، بىز
يەنە قىزىرىپ تۇرۇپ يېڭى تەپەككۇر ، يېڭى سىناقلارنى گۇمانلى-
نىدىغان ، مازاق قىلىدىغان ئوبيېكتقا ئايلاندۇرۇۋالىمىز ، يېڭى-
دىن دۇنياغا كەلگەن ئىجادىي پىكىر ۋە بىرەر ئىختىرا نىشانىدا
ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەجرىبە ھەرقاچان تۇتۇقراق ، مۇكەممەل
ئەمەس ، سىستېمىلىق بولمىغاچقا ، بىزنىڭ بۇنداق تەنقىدچىلى-
كىمىز راستقا چىقىدۇ - دە ، ئېنىقلىنىشقا ، تولۇقلىنىشقا ،
تاكامۇللىشىشقا ، سىستېمىلىق يورۇتۇلۇشقا تېگىشلىك يېڭى پى-
كىر ، لايىھە شۇنىڭ بىلەن دەپنە قىلىنىپ كېتىدۇ . بىزدە نى
- نى ئارسلانلار ، نى - نى دانا ئالىملار بىزنىڭ مۇشۇ چېكىدىن
ئاشقان تەنقىدچىلىك كېسىلىمىزنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى ،
تەنقىد قورقۇنچىسى بىلەن شۇنچە راستچىل خەلقىمىزنىڭ ئارى-
سىدىمۇ بىر - بىرىنى قاقشىتىدىغان يالغانچىلىق ئەۋج ئېلىپ
كەتتى . بەزىلىرىمىز مۇشۇ قۇربانلار ۋە يالغانچىلىقلار بەدىلىگە
ئېگىز كۆسلارغا چىقىپ ئولتۇردۇق . بىزنىڭ بۇ خۇي - پەيلى-
مىز تېخى تولۇق ئوڭشىلىپ كەتمىگەچكە ھازىرمۇ جەمئىيەتكە
پايدىلىق يېڭى پىكىرلەردىكى بىرمۇنچە ئادەملەر كۈتۈلمىگەن
پېشكەللىكلەردىن قورقۇپ ، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى
تىنچ» دەپ قۇلىقىنى يوپۇرۇپ ، ناھەق ئىشلارغا ئاغزىنى يۇمۇپ
يۇرىدۇ . نۇرغۇن ئاددىي ئادەملەر مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان
تەنقىدچىلىك ئاستىدىكى ئاددىي ئەقىدىلەرگە ئىشىنىپ كەتكەچ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كە ، تۆۋەن تۇرمۇش ، تۆۋەن سەۋىيىگە مەمنۇن بولۇپ ، تەكىينى ئېگىز قويۇپ ئۇخلاپ يۈرىدۇ . ئەمما جانلىق تۇرمۇش دۇنياسىدىكى ھەربىر شەيئى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ ، بىزدىن بۇنداق چېكىدىن ئاشقان تەنقىدچىلىك ئەقىدىسىنى ھەرقانچە تۇتىيا بولسىمۇ ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلماقتا ، راست ئەمەسمۇ ؟ بۇنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا نېمە پايدىسى بار ؟ ئەجەبا ، بىز مۇشۇنداق جانلىق ئەمەلىيەت ئالدىدىمۇ «ئىجاد قىلماي تەنقىدچىلىك قىلدۇق» ، «قايسىمىزنىڭ دەرىجىسى يۇقىرى بولسا ، شۇ چىقىپ يېڭى پىكىرلەرنى تەنقىدلەشتە ئالدىدا ماڭدۇق» دېگەن ئاددىي مۇقام بىلەن گۆر ئاغزىغا كېتەمدۇق ؟

دۇنيانىڭ قانۇنى ئۆزگىرىش قانۇنىدۇر . ھەرقانداق ئەقىدە ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭىلىنىدۇ ، قاتمال ئەقىدىلەرنىڭ تۇۋرۈكى سۇنماي قالمايدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ئالىم ـ سەنئەتكارنىڭ ۋەزىپىسى تۇرمۇشىمىزدىكى ئاشۇنداق پەرزكارلىق ۋە ئادەتچىلىك ئاساسىدىكى چېكىدىن ئاشقان تەنقىدچىلىك ئەقىدىلىرىدىن گۇمان قىلىش بولىدۇ ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىمۇ شەيئىلەرنى چوڭقۇر چۈشىنىش ، تونۇتۇش ، ياخشىلاش ، مۇكەممەللەشتۈرۈش قابىلىيىتى بولىدۇكى ، ھەرگىز كونىغا ئېسىلىۋالىدىغان زەئىپلەرگە باش ئۇرۇش قابىلىيىتى بولمايدۇ .

بەشىنچى ، ماكان قارىشى

ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ياشايدىغان ماكانلىرى ئوخشىمىغان تەبىئىي شارائىتلاردا بولغانلىقتىن ، ئۇلارنىڭ تەقى ـ تۇرقىدىن تارتىپ تاكى تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىگىچە ئوخشىمايدىغان ئۇسۇللاردا داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز . ياشاش سەنئەتكارلىقى ئەنە شۇنداق ئوخشىمايدىغان تەبىئىي شارائىتلاردىكى كىشىلەر تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش بولغانلىقتىن ، بۇنداق تەبىئىي شارائىتلار ئۇلارنىڭ ئىجادىيەت قابىلى-

يەتلىرىگىمۇ بەلگىلىك ، ھەتتا تۇپلۇك تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ . ئالايلۇق ، بىز ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان ياشاپ كېلىۋاتقان تەبىئىي مەنزىرىلەرنى نەزەرگە ئالساق ، ئاۋۋال ئالتاي ، تەڭرىتاغ ، قاراقۇرۇم ، كوئىنلۇن ، چوڭ ـ كىچىك ھىنگان ، تىلەۋ تاغلىرى ئەتراپىدا چارۋىچىلىق قىلغانلىقتىن ، تۇرمۇشتا ھەر خىل دالىلاردا ۋە بورانلىق قىيالاردىمۇ ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىغان ، دالا تۇرمۇشىدا ئاش پىشۇرۇشقا ناھايىتى ئەپلىك بولغان ئۈچ پۇتلۇق داڭقاننى ئىشلەتكەن ؛ ئورخۇن ، ئىلى ، تارىم ، ئىرتىش ، توشقان ، دولان ، تۈمەن ، يەكەن ، قاراقاش ، يورۇڭقاش دەريالىرى ۋە بايقال ، سايرام ، باغراش ، بالقاش ، ئىسسىق كۆل ، كاسپى دېڭىزىنىڭ بويلىرىدا ياشىغانلىقتىن ، كەلكۈننىڭ قىرغاقنى ئېلىپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، ئۈچ پۇتلۇق بۇقا ياساپ ، بۇقا ئارىسىنى شاخ ـ شۇمبىلار ۋە تاش توپىلار بىلەن تولدۇرۇپ چوڭ چېقىندا قىلىش بىلەن تېرىلغۇ زېمىنلىرىنى ۋە ئۆي ـ جايلارنى ساقلىغان ؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا ئۈچ پۇتلۇق يالغۇز ئوغۇل ياساپ ، ياردەمچى يوق يالغۇز كىشى ئۇنىڭغا تايىنىپ ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئاشۇرغان ، كېيىنكى كۈنلەردە بولسا ، دۇنيادىكى باشقا خەلقلەرنىڭ تۆت پۇتلۇق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشىغا قارىماي ھەتتا ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلىرىنىمۇ ئۈچ پۇتلۇق ياسىغان . بۇنداق ئالامەتلەر ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۈركىي قېرىنداشلىرى ئارىسىدا بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا ھېلىمۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ . ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تۇرمۇش ، سۇدىن مۇداپىئەلىنىش ، ئەمگەك ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ، ئولتۇرۇپ ـ قوپۇش جەھەتلەردىكى ئۈچ پۇتلۇقلارغا تايىنىش ئىدىيىسى ماتېماتىكىدىكى «ئۈچ نۇقتا بىر ۋە بىرلا تەكشىلىكتە ياتىدۇ» دېگەن ئاكسىئوما ، يەنى ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ بىر مۇقىملىقنى ساقلىيالايدىغانلىقى ھەققىدىكى قانۇنىيەتكە ئاساسەن كېلىپ چىققان . جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر تۇرمۇشىدا ئەكس ئەتكەن مۇنداق قانۇنىيەت يۈسۈپ خاس
ھاجىپنىڭ ئىجتىمائىي كۆزقارىشىغىمۇ تۈپلۈك تەسىر كۆرسەت-
كەن . شۇڭا ، «قۇتادغۇبىلىك» تە يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتكۈل
ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى مانا مۇشۇ تەبىئىي
پەن — ماتېماتىكىدىكى ئۈچ نۇقتا بىر تەكشىلىكنىڭ مۇقىملى-
قىنى ساقلايدىغانلىق قانۇنىيىتى ئۈستىگە قويۇپ ، ئىجتىمائىي
بەخت - سائادەتنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ
تەدبىرلىرىنى ، ئۈچ تۈۋرۈكنى يورۇتقان .
مەسىلەن ، «قۇتادغۇبىلىك» تە ، بىرىنچى شەخس — قا-
نۇن - ئادالەتنىڭ سىمۋولى كۈنتۇغدى ئېلىگ بولۇپ ، ئۇ پادى-
شاھدۇر . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇنى بەخت - سائادەتنى مۇقىم-
لاشتۇرۇشنىڭ بىرىنچى تۈۋرۈكى ، دەپ قارايدۇ . ئۇنىڭغا : قۇ-
ياشقا ئوخشاش ھەممىگە تەڭ نۇر چاچىدىغان ، ئۈچ پۈتلۈق ئو-
رۇندۇققا ئوخشاش راۋۇروس قىڭغايمايدىغان ، بىر قولىدا شې-
كەر ، بىر قولىدا زەھەر كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ، پەزىلەتلىك ،
قوماندان - ئەسكەرلىرى خىل ، ئەمەلدار - ۋەزىر ، كاتىپ ،
خەزىنىچى ، خىزمەتچىلىرى سادىق - توغرا ، ساپ ، ئاچ كۆز
- پەسكەشلىكتىن خالىي ، ھەربىي ئىشلارنى كۈچەيتەلەيدى-
غان . . . بەخت - سائادەتنى ئومۇمىي خەلق بىلەن شەخسلەرنىڭ
بىرلىكىدە ساقلىيالايدىغان ئادەم بولۇش شەرتىنى قويىدۇ .
«بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئىككىنچى
تۈۋرۈكى ئەقىل - بىلىم بولۇپ ، ئۇ ئۈچىنچى شەخس ئۆگدۈل-
مىشتۇر . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىل بىلەن بىلىمنى جەمئىيەت
تەرەققىياتىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق
ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسىنى تەربىيىلەش ، پادىشاھدىن ئاددىي
ئەمەلدارغىچە ھەممىسى دۆلەت ئىشلىرىنى ئىلىم بىلەن باشقۇ-
رۇشنى شەرت قىلىدۇ .
«بەخت - سائادەت» نى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى تۈۋ-

روكى «ئاقىۋەت ۋە قانائەت» تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى
بولۇپ ، ئۇ تۆتىنچى شەخس ئودغۇرمىشتۇر ، يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ بۇ ئارقىلىق ئادەمنىڭ ئۆسۈشى ، شەيئىلەرنىڭ يېڭىلىند-
ىشى مۇقەررەر ھادىسە ، ئادەم ئۇچۇن ئېيتقاندا ، مال ، بايلىق ،
دۇنيا ، راھەت - پاراغەت ، بەخت - سائادەتلەرمۇ مەڭگۈلۈك
بولالمايدۇ . بۇنداق ئاقىۋەت بىر قانۇنىيەت ئىكەن ، ئۇنىڭ بىر-
دىنبىر شەرتى مۇقەررەرلىكنى تونۇشتۇر . تونۇغاندىن كېيىن ،
ئۇنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر شەرتى ئادەم ئۆزىنى تىزگىنلەش ،
«قانائەت» تىن ئىبارەت ئەخلاق ئۆلچىمى ئارقىلىق ، شەخسىي
مەنپەئەت ، ئاچ كۆزلۈك ، دۇنياغا ھېرىسلىق ، پايدا - مەنپەئەت-
ىنىڭ كويىغا كىرىپ بارلىق ھاۋايى ھەۋەس ، بۇزۇقلۇقلارغا
بېرىلىشتىن ئۆزىنى توختىتىپ ، ئۆز ھاياتىنىڭ خاتىرجەم ،
بەختلىك ئۆتۈشىگە قانائەت قىلىش ، ئۆلۈمنى ياد ئېتىشنى ئىل-
گىرى سۈرگەن . مۇشۇلار ئارقىلىق ئۇ «ئاقىۋەت» — ئۇ
دۇنيا ، «قانائەت» — بۇ دۇنيا ئىشلىرىنى بىرلىكتە ئېلىپ
بارغاندىلا ، ئاندىن بەخت - سائادەتنى مۇقىملاشتۇرغىلى ۋە تې-
خىمۇ كۆپ بەخت - سائادەتكە ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى جەز-
مەنلەشتۇرگەن .

دېمەك ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىنىڭ ھايات مەنزىللىرىدە
بېسىپ ئۆتكەن جۇغراپىيە شارائىتلىرى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى
ئۈچ پۇتلۇقلار ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا ، بۇنداق
جۇغراپىيىلىك ھادىسىنىڭ خەلق تۇرمۇشىدىكى تەسىرى يۈسۈپ
خاس ھاجىپتا ئۈچ بۇرجەكلىك مۇقىملىق ئىدىيىسىنىڭ پەيدا
بولۇشىغا سەۋەب بولغان . بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا دۇنيادىكى ھېچ-
قانداق مىللەت ئالىمىدا كۆرۈلمىگەن ئىجادىيەت ئىدىيىسى شە-
كىللىنىپ تاكى بۈگۈنكى كۈنگىچە پۈتكۈل مىللىي مۇھىتقا ،
مىللىي مۇھىتتىن ھالقىپ ئىنسانىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان
بۈيۈك ئىدىيە بارلىققا كەلگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىرمۇنچە ئالىملار جۇغراپىيىلىك ئامىللارنىڭ ئادەمنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تېخىمۇ چەزمەنلەشتۇرمەكتە ، مەسىلەن ، ياۋروپا زېمىنىدا تار جىرالار ۋە دېڭىز ياقىلىرىدىكى ئاراللار كۆپ بولغاچقا ئۇلاردا چارۋىچىلىق راۋاجلانغان . ئادەملىرى گۆش ، سۈتكە ئوخشاش يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەن . دېڭىز كېزىشتىن قورقماي سودا قىلىپ تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ، تەۋەككۈلچىلىك قىلىشتىن يانمايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن . شەرقنىڭ يېرى كەڭ ، ھاۋاسى مۆتىدىل ، نوپۇسى كۆپ بولغاچقا ، يېزا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلغان ، ئادەملىرى يەرگە ئەجىر سىڭدۈرۈشكە ئادەتلىنىپ ، ئەمگەكچان ، ئاددىي - ساددا بولۇش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن . شۇنداق بولغاچقا ، بۇ ئىككى رايوندا يېتىلگەن ئالىملار ، يازغۇچىلار ، ھەكىملەرنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىدا ، ئىجادىيەت نەتىجىلىرىدە ئاجايىپ زور پەرقلەر بار . بەزى ماشىنا - سايمانلار ھەرقايسى جايلارنىڭ جىددىي ئېھتىياجى بويىچە بارلىققا كەلگەچكە ، ھەتتا شەرقتە بارلىرى غەربتە يوق ، غەربتە بارلىرى شەرقتە يوق . مانا بۇ ماكان ئامىللىرىنىڭ بەزى ئىجادىيەتلەرگە توسقۇنلۇق ئېلىپ كەلسە ، بەزى ئىجادىيەتلەرگە قۇلايلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق سەنئەتكار ئۆزى تۇرۇۋاتقان ماكان ۋە ئۇ ماكاندىكى خەلق تۇرمۇشىدا خاسلىق بولۇپ ئىپادىلىنىۋاتقان ئامىللارغا سەل قارىماستىن ، شۇ خاسلىق ئامىللىرىنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئاساسىدا ئىجاد قىلىشقا ، ئۇ ئىجادىيەتلىرىنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى ئىنسانلارغىمۇ بەھىر بېرىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك .

ئالتىنچى ، دىنىي ئامىللارغا سەل قاراش

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، دىن بىر خىل مەدەنىيەت

سۈپىتىدە ئىجادىي پائالىيەتلەرگە مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئالدى بىلەن ئىجادىيلىق ئىجادىي پائالىيەت ساھەلىرىگە قاراش ئوخشاش بولمايدۇ، دىن، سەنئەت ۋە ئىلىم - پەن ساھەسىدە جارى بولىدىغان ئىجادىيلىق پەرقلىق بولىدۇ. دىن ۋە سەنئەت ساھەسىدە بىۋاسىتە كۆزىتىش ۋە تەسەۋۋۇر قابىلىيىتىنىڭ تەسىرى ناھايىتى گەۋدىلىك بولسا، ئىلىم - پەن ساھەسىدە مەنتىقىلىق تەپەككۇرنىڭ رولى گەۋدىلىك بولىدۇ. ئومۇمەن ئېتىقادتا، دىن قوزغىلىش، ئىلھام ۋە ئەقلىيلىقنى، سەنئەت ئىلھام بىلەن سەكرەشنى تەلەپ قىلىدۇ، ئىلىم - پەن شەرھىلەش، كەشىپ قىلىش، تەدرىجىي چوڭقۇرلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلىم - پەن جەھەتتىكى ئىختىرا، كەشپىياتلاردىمۇ ئىدىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەردە توساتتىن سەكرەش ھاسىل بولىدىغان، تاسادىپىلىقتا ياتىدىغان نەرسىلەر بولسىمۇ، لېكىن مەيلى قايسى خىلدىكى ئىجادىي پائالىيەت بولسۇن، ئىجادىيەت پائالىيىتىنىڭ باشلىنىشىدا ئوخشاشلىق ئاز بولىدۇ، يەنى پۈتكۈل ئىجادىيلىقتىن قارىغاندا، ئورتاق نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇپ، شەخسىي خاسلىق تۈسىنى ئالىدۇ... شۇڭا، مۇشۇنداق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئاۋۋال ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەت داۋامىدا ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرالايدىغان ساھەنى تاللىۋېلىش كېرەك. ئاندىن قالسا، دىنىي تۈس ۋە ئۇنىڭغا بولغان چۈشەنچە شۇ مۇھىتتا ياشاۋاتقان بارلىق تۈرمۇش سەنئەتكارلىرىغا تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەلسەپە ۋە پسىخىكا تارىخىي نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، ھەربىر رايوندىكى كىشىلەرنىڭ ئىجادچانلىقىنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش كېرەك.

ھازىرقى زاماندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دىنىي رايونلارغا ۋە ئۇ يەرلەردە بارلىقا كېلىۋاتقان ئىجادىيەتلەرگە قارايلۇق، خرىستىئان مەدەنىيىتى ئادەملەرنىڭ ھاياتلىق ئۈچۈن تەبىئەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلەن كۆرەش قىلىپ، مال ـ بايلىقتا ئېرىشىشنى ھالال ھېساب-
لىغانلىقتىن، خرىستىئان ئېتىقادىدىكى ئادەملەر ئىگىلىك يارد-
تىشقا، تەبىئەتتىكى نەرسىلەرنى پىششىقلايدىغان زاۋۇتلارنى ئا-
ساس قىلغان سانائەت قۇرۇشقا، شۇ ئاساستا تۈرلۈك ئىگىلىك
يارىتىلغان پەن ـ تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بەر-
گەن.

بۇددىزم تەرىقەتچىلىك مەدەنىيىتىدە يول قويۇش، رەھىم-
دىل بولۇش، جاھاندارچىلىقنى ئاساس قىلىش مىزان قىلىنغان-
لىقتىن، جۇڭگودا يېقىنقى زامان ئىلىم ـ پېنى، مېتالچىلىق،
پەن ـ تېخنىكا كارخانىچىلىقى راۋاجلىنالمىغان.

ئىسلام مەدەنىيىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئالىم-
لار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر»، «ئىلىم ـ ھېكمەت مۇئى-
مىنلەرنىڭ يوقىتىپ قويغان جەۋھىرىدۇر. مۇئمىن ئۇنى جۇڭ-
گودا بولسىمۇ تاپسۇن» دېگەن مۇقەددەس ھەدىسىگە ئەمەل قى-
لىنغان ۋە ئالىملاردىن ئىبارەت «ئاللانىڭ ياراتقانلىرىنى چۈشى-
نىدىغان ئالىيجاناب ئادەملەر» نىڭ گېپىنى ئاڭلىغان كۈنلەردە
ئىجادىيەت گۈللەنگەن، زامان ئېتىبارىدىكى سودا ـ سانائەت
يۈكسەلگەن بولسىمۇ، مىلادى 1350 ـ يىلىدىن كېيىن، بولۇپ-
مۇ ئىسلامىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ جەمئىيەتشۇناسى ۋە تارىخچىسى
ئىبنى خەلدۇنلار «بىزنىڭ دىنىي ئىشلىرىمىزدا فىزىكىنىڭ
قىلچىمۇ مۇھىم ئەمەسلىكىدە شەك ـ شۈبھى يوق» دېگەندىن
كېيىن، ئىلىم ـ پەنگە سەل قاراش باشلانغان. «ئىلىم ۋە
پاراسەتتە يېتىم قېلىش، قۇدرەتلىك ئىسلام ئىمپېرىيىسى،
تۈركلەرنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيىسى، ئىراننىڭ سەپەۋى ئىمپېرد-
يىسى ۋە ھىندىستاندا بابۇرىلار قۇرغان موغۇل ئىمپېرىيىسىگە-
چە داۋام قىلغان. «قۇرئان كەرىم» نىڭ 520 ئايىتىدە شەرىئەت
ئەھكاملىرى بايان قىلىنغان. 750 ئايىتى (قۇرئاننىڭ تەخمى-
نەن سەككىزدىن بىرى) دە، مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى تەتقىق

قىلىش ۋە ئۇنى تونۇش ھەمدە ئەقىل ـ پاراسەتتىن پايدىلىنىپ ،
ئىلىم ـ پەن ساھەلىرىنى جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر تەركى-
بىي قىسمى قىلىش توغرىسىدا تەشۋىق ـ تەرغىب قىلىنغان »①
بولسىمۇ ، ئىسلامىيەت ئىچىدىكى چالا موللىلارنىڭ بىلىم تۇسى-
نى ئالغان پەتىۋالىرى ئىلىم ـ پەنگە توسالغۇ بولغان . بۇ
پەتىۋالار دەستىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەربىر مۇ-
سۇلماننىڭ مەيلى ئۇ ئەر ياكى ئايال بولسۇن ، ئىلىم ئۆگىنىشنى
پەرز قىلغان» لىقى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ، خۇراپىيلىق ئەۋج
ئالغان ، بۇرۇن «ئى پەرۋەردىگارىم ! ئىلمىمنى زىيادە قىلغىن !» (
«قۇرئان . سۇرەنامە» 11 ـ بەت ) دەپ ئىلىم ـ پەن پەرۋانىسى
بولۇۋاتقان خەلق ئارىسىدا قارا قورساقلىق ئەۋج ئېلىپ ، ئىلىم
ـ پەنگە قارشى شۇملۇقلار باش كۆتۈرگەن . «ئىستانبۇلدىكى
رەسەتخانىنى پارتلىتىش ۋەقەسى بۇنىڭ تىپىك مىسالى ، رەسەت-
خانىنى موراد Ⅲ دېڭىز ئارمىيە توپچىلىرىغا بۇيرۇق بېرىپ
پارتلاتتى . XVI ئەسىردە ئالا ئوددىن مەنسۇر قىن ـ قىنىغا
پاتمىغان ھالدا بۇ ۋەقەنى شېئىر مىسرالىرى ئارقىلىق ئوردا
شېئىرلار توپلىمىغا كىرگۈزدى . ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى ،
ئۇلۇغبەگ ئاسترونومىيە جەدۋىلى تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ
بولغانمىش ، كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئەمدى ئۇنىڭغا چۈشمەس-
مىش . ئاندىن كېيىن ۋىليام ئېتون دەۋرىگە بارغاندىمۇ مۇنداق
چېكىنىش توختىمىدى . 1800 ـ يىلى ئوسمان ئىمپېرىيىسى
ۋاقتىدا ئوردىدا تۇرۇشلۇق برىتانىيە ئەلچىسى (كونسۇلى ) مۇن-
داق دەپ يازغان : «دېڭىزچىلىقنى ۋە كومپاسنى ئىشلىتىشنى
ئويلىشىدىغان ھېچ كىشى يوق . . . بېرىش ـ كېلىش پىكىر
قىلىشنى كېڭەيتىدۇ ۋە پاراسەتنى ئويغىتىش مەنبەسىدۇر . لې-

---

① «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم ئىجادىيەت قۇدرىتى» شىنجاڭ پەن
ـ تېخنىكا نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 17 ـ ، 20 ـ ، 21 ـ بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىن ، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى تەكەببۇر ھېسسىيا-
تى . . .چەت ئەللىكلەر بىلەن بولغان ئالاقىگە قىزغىنىش كەيپى-
ياتىدا بولۇشى ، ئۆزلىرىنى ئۆزلىرى توسۇپ قويۇۋاتىدۇ . بىر-
سىنىڭمۇ سالاھىيىتى ئەمەلدارلىققا توشمايدۇ ، توشقانلار سەپەر
قىلماقچى بولسا ، قاتتىق تەكشۈرۈلىدۇ ، شۇنداق قىلىپ ئادەت-
تىكى ئىلىم ـ پەن بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنى كىشىلەر تونۇ-
مايدۇ . كېمە ياساش ، زەمبىرەك ياساش ۋە شۇنىڭدەك ئۇ خىل
تېخنىكا ئىشلىرىدىن باشقا ، ئاساسىي پەنلەر بىلەن شۇغۇللىنى-
دىغان كىشىلەرنى ساراڭ قاتارىدا كۆرىدۇ .» «ئۇلار ئۆزلىرىگە
قايتىلاپ پىششىقلاپ ئىشلەشكە ھاجەتسىز بولغان ، كېرەكلىك
ۋە قىممەتلىك تاۋارلارنى يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغان ئادەملەر بىلەن
سودا قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ .»①

ئىسلام دۇنياسىدا ئاشۇنداق خۇراپىيلىق ئەۋج ئالغاندا ،
بىزنىڭ يۇرتىمىزدىمۇ شۇنىداق خۇراپىيلىقنىڭ ۋەكىللىرى
ئىلىم ـ پەنگە قارشى جاھالەتنىڭ پىرلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا
چىقىپ ، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىلىم چولپانلىرىمىز ئىجاد
ئەتكەن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنىڭ ئورنىغا ئاھالى-
مىزنىڭ كۆپ قىسمى باشقىلارنىڭ تىلى ئارقىلىق ئاڭلىسىمۇ
مەزمۇنىنى چۈشەنمەيدىغان خۇراپىي سوپىلارنىڭ تەركىدۇنياچى-
لىقنى تەرغىب قىلىدىغان كىتابلارنى دەسسىتىپ ، مەدەنىيەت
جەۋھەرلىرىمىزنىڭ زامان تەلىپىدە ئۆسۈشىنى توسۇپ قويدى .
بولۇپمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىمنى ئۇلۇغ ، ئەقىل ـ
ئىدراكنى بۈيۈك بىل ، بۇ ئىككىسى ئىنسان مەرتىۋىسىنى يۇقى-
رى كۆتۈرىدۇ . بىلىمنى نېمىشقا بىلىم دېگەنلىكىنىڭ مەنىسىنى
بىل ، چۈنكى بىلىم ئىگىسىدىن كېسەل يىراقلىشىدۇ . بىلىم
مەشئەلدۇر ، مەشئەل يورۇسا كىشى كېچىدىمۇ يولدىن ئازماي-

① يۇقىرىقى كىتاب 22 ـ بەت .

دۇ . ئىشنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بىلەن ئىشلە ؛ زامانەڭنى
بىلىم بىلەن مۇستەھكەملە . بىلىم ئال . ئۆزۈڭگە تۆردىن ئورۇن
هازىرلا ، ھەرقانچە بىلسەڭمۇ يەنە ئۆگەن ، يەنە ئىزدەن ، ئالەمدى-
كى ھەممە ياخشىلىق بىلىمدىن كېلىدۇ . بىلىم بىلەن كىشىلەر
ئاسمانغا يول ئاچالايدۇ . جاھان تۇتقۇچى ئەر پاراسەتلىك بولسا ،
جاھان مۇستەھكەم ، مەملىكەتنى كۈچلۈك بولىدۇ . مۇشۇ ئىككى-
سى بىرلەشكەن كىشى كامالەت تاپىدۇ ، كامىل كىشى ھەممە
نېمەتكە ئىگە بولىدۇ » دېگەن ئىدىيىسىنى ۋە بۇ ئاساستا ئۈزلۈك-
سىز ئۆسۈپ بارغان دۆلەتنى قانۇننى مىزان قىلغان ھالدا ئەقىل-
لىق ، تالانتلىق ئادەملەرگە تايىنىپ باشقۇرۇش ، مائارىپنى دۆ-
لەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى قىلىش ئىدىيىسىنى چۆرۈۋېتىپ ،
پۈتۈنلەي ئۇ دۇنيالىقنى كۆزلەپ دۇئاگۇيلۇق قىلىش ، مازار ـ
ماشايىخلارغا تىزلىنىپ يىغلاپ ، ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەد-
بىرلىرىنى كۆرمەيدىغان خۇراپىيلىقنى ئىلگىرى سۈرۈپ ، ھا-
زىرقى زامان تەرەققىياتىدىن ، زامانىۋى ھاياتتىن ئايرىلغان بۇز-
داق قالاقلىق ، خۇراپاتلىق ۋە باشقا نۇقسان ـ ئىللەتلەرگە ئوت
ئاچىدىغان ، ئانجان يۇرتىمىزنىڭ پىراقىدا ئۆرتىنىپ ، يىلاندەك
تولغىنىپ كېتىدىغان ئوت يۈرەك ئالىم ـ ئەللامىلەرنى قىرىپ
يوقىتىپ ، شەنىمىزگە داغ تەگكۈزىدىغان قارا قورساق مۇناپىقلا-
رنى بورداپ ، خەلقىمىزنىڭ بۇ دۇنيالىق ھەققى ـ ھۆرمىتىنى
تۆكتى . بۇنداق خورلۇققا چىداپ تۇرالمىغان قايسىبىر دانا :
«غۇرۇرۇڭ بىلەن قەددىڭنى كۆتۈر ، ئۆزۈڭگە ھۆرمەت قىل»[①]
دېگۈدەك بولسا ، ئۇنىڭ بېشىدا ھەر كۈنى ئوت كۆيۈپ تۇردى .
بۇنىڭ بىلەن بىزدىن دۇنيا دەرىجىسىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بىرمۇ
ئالىم ئوتتۇرىغا چىقماي ، باشقا خەلقلەر ئالدىدا قىزىرىپ تۇرىدى-
غان بولۇپ قالدۇق . ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانى تەسلىم ئەيلەتكەن

① جامال ئادۇلناسىر : يۇقىرىقى كىتاب 36 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

ئەبۇناسىر فارابى ، ئەبۇرەيھان بىرۇنى ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ،
مەھمۇد قەشقەرى ، نەۋائىيلارمۇ بىزدىن چىققان ئەمەسمىدى ؟
مانا بۇ ئىسلامىيەتنى بۇ دۇنيالىق ھاياتىمىزنىڭ بەختى ئۈچۈن
كۈرەش قىلىشتىن ئايرىۋەتكەن خۇراپىيلىقنىڭ ئىجادىيەت قۇد-
رىتىمىزگە كۆرسەتكەن تەسىرى ، كىشىلەر دىنىي كۆرپىلەر
ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ ، ھەدېسىلا خۇدادىن تېخىمۇ كۆپ نېمەت-
لەرنى تىلەيدىغان دۇئاگۇيلۇققا ئايلاندۇرۇۋالغان ھامان ئىلىم - پەن
ئىجادىيىتىدە چېكىنىش كېلىپ چىقىدىغانلىقىنىڭ ، ئۆلۈپ كەت-
كەن ئەۋلىيا - ئەنبىيا ، ئۆلىما - نازىنىنلارنى ھەرقانچە ئۇلۇغ-
لىغان بىلەن ، ھايات ئالىملارنى قەستلەيدىغان شۇملۇقتىن قول
ئۈزمەيدىغان ، بارغانسېرى پىكىردە گاللىشىپ ، ئەخمەقلىشىپ ،
ئىقتىدارسىزلىشىپ كېتىدىغانلىقىمىزنىڭ تارىخىي شاھىدى .
قىزىقى شۇكى ، بىزدە ئاشۇنداق كۈنلەرنى كۆرۈپمۇ يەنە تويمايدى-
غان قاششاقلىق بار . شۇڭا ، بىر چالا موللا بىرنەچچە ئېغىز
ئەرەبچە سۆزنى «مەنە ئېيتتىم» دەپ سۆزلەپ قويسا ، ئۇنىڭ
بىلەن بىزنىڭ تەقدىر - تەرەققىياتىمىزنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭ
ئەمەسلىكىنى ئويلىماي ، «ھەق راست» دەپ تۇرۇۋاتقان نادانلىق-
تىن تولۇق قۇتۇلالمىدۇق . بۇنداق نادانلىق ئىسلامىيەت ئۈ-
چۈن ، خەلقىمىز ئۈچۈن ، ھازىرقى كۈندە ئېلىپ بېرىۋاتقان
زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن ھاقارەت ! بىزنىڭ تاللىشىدىغىنىمىز
زامان ئېتىبارىدىكى ئىجادىي ئىقتىدار بولۇشى كېرەك . ئەلۋەتتە .
بۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىجتىھات ، ئىرادە كېرەككى ، خۇرا-
پىيلىق ، ئۈمىدسىزلىك ، چۈشكۈنلۈك كېرەك ئەمەس . بۇ جە-
ھەتتىكى تەجرىبىلەرنى دۇنياۋى سەۋىيىدە يەكۈنلىگەن ئالىم ئاب-
دۇسالام بىزنىڭ بىچارىلىقتىن ئىجادىي ئىقتىدارغا ، ھۆرمەتكە
ئۆتۈشىمىز ئۈچۈن مۇنداق تەلىم بېرىدۇ : «ئۇلۇغۋار ۋە قەيسەر
ئىرادە بولسىلا ، پۈتۈن زېھنىي كۈچى بىلەن ئىشقا كىرىشسە ،
ئەلۋەتتە ئىقتىدار پەيدا بولىدۇ . تىنماي كۈرەش قىلىدىغان بەد-

ـدىسگە ئاللا ئەنە شۇنى ئاتا قىلىدۇ»[1]

## 2 . ئىجتىمائىي تۈزۈم ئامىللىرى

ئادەم ھەرقانداق كامالەت ئىگىسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ھەرقايسى دەۋر شارائىتلىرىدا ، شۇ دەۋر شارائىتىدىكى مەلۇم مودېللارنى قوغلىشىدىغان مەزگىلـ لەردە ، ھەرقايسى رايون ۋە دۆلەتلەرنىڭ تۈزۈم ، سىياسەت ، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسىدە ياشايدۇ . ئادەملەر دەۋرگە ، تۈزۈم ۋە سىياسەتلەرگە «مەن مۇنداق نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىمەن» ، دەپ تەلەپ قويالمايدۇ ، بەلكى دەۋر ھەم تۈزۈم ، سىياسەتلەر ئۆزلىرىنىڭ شارائىتلىرى ۋە مەقسەتلىرىگە ئاساسەن «بۇنى ئىجاد قىلما» دەپ ئادەمگە تەلەپ ياكى چەك قويىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، ئادەملەر ئەڭ پائالىيەتچان ئىجـ تىمائىي مەۋجۇدات بولۇشىغا قارىماي ، ئۆزىنىڭ پائالىيەتچانلىـ قىنى ئاشۇ مۇھىت ئىچىدە جارى قىلدۇرىدۇ . شۇڭا ، ياشاش سەنئەتكارلىقىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئۈچۈن ، دەۋر ھەم تۈزۈم قاتارلىق ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ ئىجادىيلىققا پايدىسىز تەرەپلىـ رىنى تېپىپ تۈزىتىشكە ، شۇ ئارقىلىق ئىجادىيلىققا پايدىلىق ئامىللارنى كېڭەيتىش ، ئۆستۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇنى تۆ- ۋەندىكىدەك كۆرسىتىش مۇمكىن :

### بىرىنچى ، ئىستىبداتلىق ۋە چىرىكلىك

بۇنىڭغا بىز ئۆز ئېلىمىزنىڭ ئەھۋالىدىن جاۋاب تاپىدىغان بولساق ، قىسقىچە تارىخىي كۆرۈنۈش شۇكى ، جۇڭگو مەدەنىيىـ تى ناھايىتى قەدىمكى زاماندىلا دۇنيانىڭ ئەڭ كاتتا ھەم مۇستەـ قىل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ قەد كۆتۈرگەن . يۇناندىن

---

① يۇقىرىقى كىتاب 39 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ھېراكلىت چىققان بولسا، جۇڭگودىن لاۋزى مۇناسىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ يوق دېيەرلىك دىئالېكتىكا ئاساسلىرىنى ياراتقان. يۇناندىن سوقرات باش كۆتۈرگەن بولسا، جۇڭگودىن ئۇلۇغ مائارىپچى كۇڭزى ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، جۇڭگونىڭ مائارىپ تالانتىنى نامايان قىلغان.

قەدىمكى زامان ئېتىبارىدىكى مۇستەھكەم گېئومېترىيە سىستېمىسى ئېۋكلىد گېئومېترىيىسىدەك يەنە بىر خىل گېئومېترىيە ئىجاد قىلالمىغان بولسىمۇ، ئەمما ماتېماتىكىدا زور ئۇتۇق قازانغان. سۇڭ دەۋرىدىكى مەتبەئە تېخنىكىسى، شىمالىي سۇڭ دەۋرىدىكى مىلتىق دورىسى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى كومپاسلار تېخى XV، XVI ئەسىرلەردە ياۋروپاغا تارقىلىپ زور تەسىر كۆرسەتكەن. لېكىن بۇ نەرسىلەر كېيىنكى كۈنلەردە ياۋروپادا ئاجايىپ تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، ئۆزى ئىجاد بولغان جۇڭگودا شۇنچىلىك رول ئوينىيالمىدى. XV، XVI ئەسىرلەردىن كېيىن ياۋروپا شىددەت بىلەن تەرەققىي قىلىپ كېتىۋاتسا، جۇڭگو ئارقىدا قالدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟

بۇ مەسىلىگە ئەڭ ئاۋۋال بىرقەدەر توغرا جاۋاب بەرگەن كىشى جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ داھىيسى سۇن جۇڭشەن بولۇپ، يولداش شياۋفاڭ ئۆزىنىڭ «سۇن جۇڭشەننىڭ جۇڭگو ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەدەنىيەت كۆزقارىشى توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە سۇن جۇڭشەننىڭ پۈتكۈل تارىخنى ئومۇملاشتۇرۇپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق «جۇڭگوغا، ئالىملارغا زامىن بولغان» مەسىلىگە قارىتا توختالغان قارىشىنى مۇنداق تونۇشتۇرىدۇ:

دىنىي جەھەتتە، ياۋروپا دىنىي ئېتىقادتا كۈچلۈك بولسا، جۇڭگولۇقلار سۇس بولغان. «ياۋروپالىقلارنىڭ يۈرىكىدە جەننەت بار»، مەسىلەن، «رۇس ئىمپېراتورى يوھان دىنىنىڭ ئېپىسكوپى ئىكەن، مۇستەبىتلىككە قۇللۇق دەيدىغان، دىنغا

ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ دىلىدا كۆپىنچە ئاياللار ۋە پادىشاھ بار » . بۇلارنىڭ ئەكسىچە ، جۇڭگولوقلاردا دىنىي ئېتىقاد يوق دېيەرلىك بولغاچقا ، چىڭ پادىشاھى بۇتساتۋا ، لاما دېگەن ناملار بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ ئېتىقادىنى ئۇندەككە كەلتۈرەلمىدى » .

خەلق ئادىتى جەھەتتە ، يېقىنقى زاماندىكى ياۋروپا ئەللىرىدە ئىلىم ـ پەنگە ئەھمىيەت بېرىش ، ئەمەلىي ئۇنۇمنى تەكىتلەش بولسا ، جۇڭگولۇقلاردا «جىن ـ شاياتۇنلارغا ئىشىنىش» مال ـ مۈلۈكنى ئىسراپ قىلىپ يوقىتىش بولدى . «غەرب ئەللىرىدىكى كىشىلەر پايدىسىز ئىشنى قىلمايدىكەن . بىزنىڭ جۇڭگولۇقلار جىن ـ شاياتۇنغا ئىشىنىپ ، يىل بويى نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ، داقا ـ دۇمباق چېلىپ ، پوجاڭزا ئېتىپ يۇرۇپ ئىسراپخورلۇق قىلىدۇ . ھېسابلاپ چىقىدىغان بولساق ، مەملىكەت بويىچە ھەر يىلى مىليون ـ مىليونلاپ دەپنە ـ دۇنيا كۆل بولۇپ تۆگەيدۇ . شۇنچە قىممەتلىك بايلىق بىلەن زادى پايدىسى يوق ئىشلارنى قىلىش ، لازىملىق مال ـ مۈلۈكنى لازىمى يوق ئىشلارغا تۇتۇپ بېرىش ، كاتتا زىياپەتلەردە بۇزۇپ ـ چاچقاننى ئاز دەپ ، ئەپيۇن چېكىش ئىشلىرىنى ۋەتەننى ئالدىغا قويۇپ تۇرۇپ مەنئى قىلماق لازىمدۇر » .

سىياسىي جەھەتتە ، يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگودا مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈردى . ياۋروپادا بولسا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ھۆكۈم سۈردى . «جۇڭگونىڭ سىياسىينىڭ تەرەققىياتى ياۋروپادىن بۇرۇن ئىدى . ئەمما 200 يىلدىن بۇيان ، ياۋروپانىڭ سىياسىيسىدىكى تەرەققىيات جۇڭگوغا يېتىشەلمەيلا قالماستىن ، بەلكى جۇڭگودىن ئېشىپ كەتتى» . بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىك تۈزۈمى جۇڭگونىڭ ئىستىبداتلىق تۈزۈمىدىن ئۆتۈپ كەتتى .

يۇقىرىقى نۇقتىلاردىن مەلۇمكى ، سۇن جۇڭشەن بىرىنچى بولۇپ جۇڭگو خەلقىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جەڭ قىلغان ئۇلۇغ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

داھىي بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىلىم - پەننىڭ ھەم دۆلەتنىڭ
ئارقىدا قېلىشىنى ئىستىبداتلىق بىلەن چىرىك تۈرمۇش ئىستى-
لىغا يىغقان . ئېلىمىزدىكى كۆپلىگەن ئالىملارمۇ ئۇلۇغ سۇن
جۇڭشەننىڭ قارىشىغا قوشۇلىدۇ . كونكرېتراق ئېيتقاندا ، جۇڭ-
گونىڭ بۇنداق ئارقىدا قېلىشىدىكى سەۋەب — جۇڭگونىڭ تار-
قاق ئىگىلىكتىن ئۇزاققىچە ئۇزۇپ چىقىپ كېتەلمەسلىكىدىن
باشقا ، ئاساسلىقى چىن ، خەن ، مىڭ ھەم چىڭ سۇلالىلىرى
دەۋرىدىكى ھوقۇقنى مەركەزگە توپلىۋالغان مۇستەبىت تۈزۈمى-
نىڭ مىسلىسىز كۈچىيىپ كېتىشى ئارقىسىدا پەن - مەدەنىيەت-
كە يۇقىرى بېسىملىق سىياسەت يۈرگۈزگەنلىك بولۇپ ، ئىس-
تىبداتلىق ئىلىم - پەننىڭ راۋاجلىنىشىنى توسۇپ قويغان .
تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ، ئەمىنىيە جەنگو دەۋرلىرىدە ئۆلىما
- نازىنىلار ئەركىن يايراپ ، ھەممىسى بەس - بەس بىلەن
بىلگەنلىرىنى دەيدىغان ، كۆڭزىچى ، موزىچى ، تەرىقەتچى ، قانۇن-
چىلار ئۆز كۆز - قاراشلىرى بويىچە مۇنازىرىگە قاتنىشىدىغان ،
دوختۇر - ھەكىملەرمۇ ئارتۇقچىلىق - كەمچىلىكلىرىنى سې-
لىشتۇرۇپ ئۆگىنىپ ، ئۆزئارا بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان
بولغاچقا ، ئىلىم - پەن ئەتراپلىق تەرەققىي قىلغان . لېكىن ،
چىن شىخۇاڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىلى جۇڭگونى
بىرلىككە كەلتۈرۈپ ، بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ، يەنى
مىلادىدىن ئىلگىرىكى 213 - يىلى ھوقۇقنى مەركەزگە توپلىغان
فېئوداللىق تۈزۈمنى كۈچەيتىش ئۈچۈن كۆڭزىچىلارنىڭ كۆڭزى
رەتلەپ چىققان «كىتابنامە» ، «يوسۇننامە» ، «نەزمىنامە» ،
«پالنامە» دېگەن كىتابلارنى ئوقۇشنى مەنئى قىلىپ ، ئۇ كىتاب-
لارنى 30 كۈنگىچە ھۆكۈمەتنىڭ كۆيدۈرۈشكە تاپشۇرمىغانلار-
نىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇغان ۋە ياندۇرقى يىلى بۇ بۇيرۇققا
قارشى چىققان لۈشىڭ ، خۇشىڭ قاتارلىق تالىپلارنى تەكشۈرۈپ
تۇتۇپ ، ئۇلارغا ئەگەشكەن 460 دىن كۆپرەك تالىپنى شيەنياڭدا

تىرىك كۆمگەن . خەن سۇلالىسىغا كەلگەندە ، خەن ۋۇدى ھەممە ئېقىملارنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، يالغۇز كۇڭزى ئېقىمغىلا چو- قۇنۇشقا پەرمان چۈشۈرگەن . تاڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە بۇنداق ئىستىبداتلىق پەسىيىپ ئىلىم - پەندە ۋە دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرىدا ناھايىتى زور گۈللىنىش بولغانلىقى ، مىڭ ، چىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىگە كەلگەندە يەنە دەھشەتلىك مەدە- نىيەت ئىستىبداتلىقى دۆلەتنى قاپلاپ كەتكەن ، شۇ تۈپەيلى پۈ- تۈن جۇڭگو يەنە چېكىنىپ دۇنيانىڭ ئارقىسىدا قېلىپ ، مىللەت- نىڭ ئابرۇيىنى تۆكۈۋەتكەن .

جۇڭگودا يۈز بەرگەن بۇنداق ئۆرلەش ۋە پەسلەشنى پۈتكۈل ئىلىم - پەن تارىخى تولۇق ئىسپاتلايدۇ . ئىستىبداتلىق يۈرگۈز- گەن چىرىك كۈچلەرنىڭ ئۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى ، ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى بولۇپمۇ يېڭى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرى تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەرنى خەلق ئاممىسىغا توغرىدىن - توغرا ئوتتۇرىغا قويغانلىقتىن ، بۇنداق ھەقىقەتلەر خەلق ئام- مىسىنى خۇشال قىلىش بىلەن بىر چاغدا ، چىرىگەن كۈچلەرنىڭ مەنپەئىتىگىمۇ تەھدىت بولۇپ قالىدۇ ، ئۇلار شۇ رەسۋاچىلىقتا چىداپ تۇرالماي يېڭى ئىختىرا ، كەشپىيات ۋە ئۇلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئالىملارغا زىيانكەشلىك قىلىش ئارقىلىق ئاممىنى ئالداپ نادانلاشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ . بۇنداق توقۇنۇش ھەمىشە يېڭى ئېچىلغان ھەقىقەتلەر بىلەن چىرىك كۈچلەر پايدىلىنىۋاتقان كونا نەزەرىيىنىڭ توقۇنۇشى بولۇپ ئىپا- دىلىنىدۇ . مەسىلەن ، XVI ئەسىردە پولشا ئاسترونومى كوپېر- نىكنىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان قۇياش مەركەز دېگەن تەلىمات خرىستىئان ئىلاھىيىتىدىن ئىبارەت چىرىك كۈچلەر قوللىنىۋات- قان پىتولمىنىڭ يەر مەركەز دېگەن تەلىماتى بىلەن توقۇنۇشۇپ ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ مەنپەئىتىگە تەگكەندىن كېيىن ، ئەك-

www.uyghurkitap.com

سىيەتچى دىنىي جەمئىيەتنىڭ شىددەتلىك قارشىلىقىغا ئۇچرى-
غان. ئۇلار بۇ تەلىماتنى «ئېزىتقۇ تەلىمات» دەپ ئۇنىڭ كىتابى-
نى كۆيدۈرگەن. بۇنىڭ بىلەن بۇ يېڭى بىر تەلىماتنىڭ تارقىلى-
شى توسۇلغان.
ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلەرگە تېگى-
شى يەنە بۇ يېڭى تەلىمات قوللاپ چىققان پەلسەپۋى نۇقتىئىنە-
زىرى بىلەن قارشىلىشىپ قېلىشىدا ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن،
1863 - يىلى مەشھۇر رۇس فىزىئولوگى سىچېنوف «چوڭ
مېڭىنىڭ رېفلېكسى» دېگەن ئەسىرىنى ئېلان قىلىپ، تۇرمۇش-
تىكى بارلىق ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز پائالىيەتلەرنىڭ ھەم-
مىسىنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ رېفلېكسى سەۋەبىدىن بارلىققا كېلىدى-
غانلىقىنى ئېنىق كۆرسەتتى ۋە شۇ ئاساستا «سىرتتىن تەسىر
قىلىدىغان ئەڭ دەسلەپكى غىدىقلاش بولمىسا، رېفلېكس يۈز
بەرمەيدۇ» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. ئۇنىڭ چوڭ مېڭىنىڭ
رېفلېكسى ھەققىدىكى تەلىماتى پەندە رۇسىيە فىزىئولوگىيىسىگە
تەرەققىيات يولى ئېچىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن پاۋلوف ئىجاد
قىلغان ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ھەققىدىكى تەلىماتىغا ياخشى
ئاساس سېلىپ بەردى؛ پەلسەپىدە ماددىنىڭ، مەۋجۇدىيەتنىڭ
بىرلەمچى، ئاڭ، تەپەككۇرنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىدىن ئىبا-
رەت نېگىزلىك ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئەمما، بۇ تەلىمات
دەل مۇشۇ نېگىزلىك ھەقىقەتنى دەلىللەپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن
چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكىگە ئۇچرى-
دى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، سىچېنوفنىڭ
ئەسەرلىرىنى مۇسادىر قىلدى، پېچەتلىدى، سىچېنوفنى دەرس
بېرىش ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىدى، ئەڭ ئېغىر بولغىنى شۇ
بولدىكى، ئۇنى ئىچكى سىياسىي مىنىستىرلىقىدا ساقلىنىدىغان
خەتەرلىك ئۇنسۇرلا «قارا تىزىملىكى» گە كىرگۈزۈپ، خۇپىيانە
نازارەت ئاستىغا ئالدى، ئەمەلىيەتتە، ئۇنى ئىنسانچىلىق ئەر-

كىنلىكىدىن مەھرۇم قىلدى . بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئىستىبداتلىق ۋە چىرىكلىك ياشاش سەنئەتكارلىقىغا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ئىجتىمائىي ئامىلدۇر .

**ئىككىنچى ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى پۇل ۋە مەنسەپكە بېقىندۇ-رۇش خاھىشى**

«شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى ، — دەيدۇ فرانسۇز ئالىمى بىرناد دېمورو ، — قاتمال ئىدىيىۋى قۇرۇلمىلار (جەم-ئىيەت ، مەكتەپ ، ئائىلە ، مەمۇرىي ، كەسپىي ، سىياسىي ئىدا-رىلەر ) نىڭ ھەممىسى ئوخشىمىغان ۋاسىتىلەر بىلەن مۇستەقىل تەسەۋۋۇرلارنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ . مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا ، يېڭى ھەم مۇستەقىل تەسەۋۋۇرلار بۇنداق قۇرۇلمىلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئالمايدۇ . بەلكى دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، بۇنداق قۇرۇلمىلار ئۈ-چۈن تەھدىت پەيدا قىلىدۇ . شۇڭا ، بۇنداق قۇرۇلمىلار ئۇزاققىد-چە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلار يېڭى ھەم مۇستەقىل بولغان تەسەۋۋۇرلارنى بوغىدۇ . بىزنىڭ مەكتەپ ، كارخانا ، سى-ياسىي ۋە دىنىي قۇرۇلمىلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە مۇشۇ نېگىز-لىك مەسىلىگە دۇچ كېلىمىز . »

ئالىمنىڭ بۇ سۆزى دەرىجە پەرقى ناھايىتى كەسكىن ھەم باشقۇرۇش ئىدىيىسى ناھايىتى قاتماللىشىپ كەتكەن فرانسىيە جەمئىيىتىگە قارىتا ئېيتىلغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ باشقۇرۇشىدى-كى بۇنداق قاتماللىق تارىختا ناھايىتى ئۇزاق داۋام قىلغان سىنىد-پىي جەمئىيەتلەردە بارلىق ئەزگۈچىلەرنىڭ ھەر ئىشنى بايلىق ۋە مەنسەپ دەرىجىسىگە قاراپ قىلىش ، بارلىق ئىجادىي پىكىر-لەرنى ھەتتا ئادەمنىڭ ھايات قىممىتىنىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئۆل-چەش ، «كېيىنچە بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن» دېگەن-دەك ، ھەرقانداق چېچەن ئادەمنىڭ يېڭى ، مۇستەقىل ئىجادىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىكىرلىرىنى بايلىقى كۆپ ھەم مەنسەپى ئۈستۈن كىشىلەرنىڭ رايى بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ئادىتىدىن كېلىپ چىققان . بىز مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئەزگۈچىلەرنىڭ بۇنداق تەبىقىۋازلىق ئادەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرغان ، ھەركىم ئۆزىنىڭ دىلىدىكى توغرا پىكىرلىرىنى ئېيتالايدىغان دېموكراتىك ۋەزىيەت ياراتقان بولساقمۇ ، ئەمما تارىختا ئۇزاق داۋام قىلغان ۋە ھازىرمۇ دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا بازار تېپىۋاتقان بۇ ئادەتنىڭ پسىخىكىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قالدۇرغان لاتقىلىرى تەييار ئىجتىمائىي قۇرۇلمىلار ۋە شەخسلەرنىڭ ھايات قارىشىدىكى ئېغىشلار ئارقىلىق بىزدىمۇ ياشاش سەنئەتكارلىقىغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەڭلىكە ۋە توسقۇنلۇق قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ .

ئالايلۇق ، بىز ھەر كۈنى بازاردا سودا قىلغىنىمىزدا ساختا نەرسىلەرنى ئېلىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ يۈرىمىز . بۇنداق ساختا ماللارنىڭ ئىشلىنىدىغان كارخانىلىرى ھەر خىل بولىدۇ . ھەتتا يالغان پۇلغىمۇ ئۇچراپ قالىمىز . بىز مەنپەئەتىمىزگە بىۋاستە تاقاشقان تاۋار ھەم پۇلغا ناھايىتى دىققەت قىلساقمۇ ، ئۇنى قىلىۋاتقان ئادەملەرگە ئۇنچىۋالا دىققەت قىلمايمىز . ئەمەلىيەتتە ، ساختا تاۋارلار «ئادەم ئىشلىتىش» ھوقۇقى ئارقىلىق ئۆزىگە خۇسۇسىي مەنپەئەت ئىزدەشتىن كېلىپ چىققان . ئاشۇ ساختا تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان ئايرىم كارخانىلارنىڭ ئايرىم باشلىقلىرى ئاغزىدا «تالانتلىقلارنى ئىشلىتىمەن» دەپ تۇرۇپ ، پۇل بەرگەنلەرنى ئىشلەتكەن ؛ تالانتلىقلارنى قەدىرلىمەي ، مېلى بارلارنى قەدىرلىگەن ؛ كىمىكى مالنى جىق بەرسە ، ئۇنى تېپىلماسنىڭ خومىسى قىلىۋېلىپ ، ئۇلار بەرگەن ھارام نەرسىلەر بىلەن ئەقلىنى بۇلغاپ ، ئۆزىنىڭ خەلقنىڭ تەرەققىياتى ، بەخت ـ سائادىتى ، جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ، ھەتتا مىللەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئۈچۈن باشلىق بولۇۋاتقانلىقىنى ، مىڭلىغان

ئاق كۆكۈل كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىدىن ئەنە شۇنداق ياخشىلىقلار-
نى كۇتۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇغان . بىز ئارىمىزدىكى ئايرىم ئادەم-
لەرنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتە چىرىپ كېتىۋاتقان بەزى قىلمىشلى-
رىنى كۆرگەندىمۇ ئۇلارنىڭ ئاشۇ ئىككى نەرسىگە ئۆز هاياتىنى
قۇل قىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى بايقىۋالالايمىز . قاراڭلار ، ئۇلار-
نىڭ ئارىسىدىكى بەزى كىشىلەر ئاياللارنىڭ ئىززەت - هۆرمىتى-
نى نەزەرگە ئالماي ، نىكاهتىن ئاجرىشىشنى «پۇخادىن چىقىش»
قا ئايلاندۇرۇۋالدى ؛ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئۆزئارا قىمار ئوينا-
ۋېتىپ جېدەللىشىپ قالغانلىقتىن ، بىر - بىرىگە ئوق چىقىرىپ
پۈتۈن ئائىلىنى ۋەيران قىلدى ؛ بەزىلەر ساختا ، ناچار ئىچىم-
لىك ، بولكا ، سېرلەنگەن گۆش . . . دېگەنلەرنى سېتىپ ، نۇر-
غۇن ئاق كۆكۈل پۇقرالارنى زار - زار قاقشاتتى ؛ يەنە بەزىلەر
پۇلنىڭ ، ئەمەلنىڭ قولىغا ئايلانغانلىقتىن ، ۋاپاغا جاپا قىلىپ
ئادىمىيلىكنى ئۇنتۇدى . ھەتتا پۇلنى دەپ ئاتا - ئانىسىنى ،
قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويدى .
روشەنكى ، بۇنداق ھادىسىلەر تالانتلىقلارنىڭ ياشاش سەن-
ئەتكارلىق بېغىمىزدا يېڭى مۇستەقىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇشى ئۈچۈن بىۋاسىتە توسقۇنلۇق قىلىدۇ . ياشاش سەنئەتكار-
لىقىنىڭ مەخسۇس ئاپپاراتلىرىغا قارايدىغان بولساق ، بۇ يەرلەر-
دە يۇقىرىقىدەك ئادەم سودىسى ، خوتۇن سودىسى بولمىسىمۇ ،
ئەمما تەتقىقات جەريانىدىكى يېڭى توغرا پىكىرلەرگە توسقۇن
بولىدىغان ئەھۋاللار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ .
ئالايلۇق ، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ھەرقاچان چوڭقۇر كۆزد-
ىتىش ، تاماملانغان ئىدىيىلەردىن ياتلىشىدىغان نەرسىلەرنى باي-
قاش ، ئىجادىيلىق ئاساسىدا ئۆزگىرىپ مېڭىش تولىمۇ قەدىر-
لىك بايلىق مەنبەسى بولسىمۇ ، شۇ تەتقىقات ئورۇنلىرىنى ئىگە-
لىۋالغان ئايرىم ساندىكى ھوقۇق ئىگىلىرى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى
بىرلىككە كەلتۈرۈش تۈپەيلى ، ئۇنداق ئىجادىي پىكىرلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەيدانغا كېلىشىنى توسىدۇ ، جامائەت ئىچىدە نى ـ نى ئەقىللىق كىشىلەر جەمئىيەت تەرەققىياتى ، خەلق پاراۋانلىقى ئۈچۈن پايدىلىق ئىجادىي پىكىرلەردە بولغاندا ، بۇ پىكىرلەر ئۇنداق رەھبەرلەرنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىگەنلىكى ئۈچۈن زەربىگە ئۇچرايدۇ . بۇنىڭ بىلەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە جەمئىيەتتىكى يېڭى پىكىر ئىگىلىرى رەھبەرلەر ۋە يۇقىرى دەرىجىلەرنىڭ يولىيورۇقى بويىچە ئىش قىلىدىغان جامائەتنىڭ تۈرلۈك ئەيىبلەشلىرىدىن ھۈركۈپ تۇرۇپ قالىدۇ . ھەتتا بەزىلەر ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىجادىيەتلەرنىڭ نەق پايدىسىنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق چەكلىمىلەر ، بۇرۇنقى قېلىپلاردىن ھالقىپ چىقىپلا قالماي ، ئاشۇ چىرىك تىندىنتسىيىلەر يول قويمايدىغان چەكلىمىلەردىنمۇ ھالقىپ ئۆتكەندە مەيدانغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتمىگەچكە ، ئىجادىي ئادەملەر دېگەن سۆزلەر ، قىلغان ھەرىكەتلەر ، ياسىغان ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەر ، لايىھىلەنگەن تۈرلۈك مودېللار ، يازغان ئەسەرلەر باي ھەم مەنسەپ دەرىجىسى يۇقىرى ئادەملەرنىڭ دېگىنىگە توغرا كەلمىگەن ھامان ئۇنىڭغا قارشى پىكىردە بولىدۇ ، ياكى ئۇنى ئاشۇنداق ئادەملەرگە چېقىپ قويىدۇ . بىلىملىك ، ھەقىقىي ياخشى رەھبەرلەر بۇنداق چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ كەتمىسىمۇ ، بىلىمسىز ، ئاممىدىن ھۆرمەت ـ سالام ، ماختاش سادالىرىنىلا تەمە قىلىدىغان بەزى ئەخمەق رەھبەرلەر چېقىمچىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ، ئىجادىي ئادەملەرنى باسىدۇ ، چەتكە قاقىدۇ ، ھەتتا بەزىلىرى ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن خەلقىنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئىلىم يۇلتۇزلىرىغا شالىنى چېچىپ مۇناپىقلار قاتارىغا ئۆتۈپ كېتىدۇ .

ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ مەخسۇس ئاپپاراتلىرىنىڭ بۇنداق ھادىسىلەرنىڭ ماكرولۇق تىندىنتسىيىسىگە قارايدىغان بولساق ، بەزى ئىدارە ، جەمئىيەت ، مەكتەپلەردىكى ئۆگىنىش ، مۇنازىرىلەردە ياكى بىرەر مەسىلىنى قارار قىلىدىغان يىغىنلاردا ، ھەقى-

قەتنى دەپ كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلماي ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان لىللا ئادەملەرنىڭمۇ «جاھىل» دەپ قارىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز . مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان بۇنداق ئەزىمەتلەرنى «جاھىل» دەۋاتقان كىشىلەر كىم؟ بۇلارنىڭ كۆپىچىلىكى شامالنىڭ «چىقىشىغا ، سۇنىڭ ئېقىشىغا قاراپ ئىش قىلىدىغان» ، دۆلەت ، خەلقنىڭ غېمى بىلەن قىلچە كارى بولماي ، ئەتىدىن كەچكىچە ئۆز كۆمىچىگە چوغ تارتىش بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان ، شەخسىيەتچى ، ھىيلىگەر ئادەملەردۇر .

ئەمەلىيەتتە مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغانلار شۇنداق «جاھىل» مۇ؟ ياق . مۇستەقىل پىكىر قىلىدىغان «جاھىل» لار ئادەتتە ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر بولۇپ ، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىش ، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەيدۇ . ئۇلار مۇرەككەپ ھادىسىلەردىن ئۆتۈپ ، شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈۋالالايدۇ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، مۇستەقىل قارىشى يوق ، «ئاكاڭ كىمنى ئالسا ، يەڭگەڭ شۇ» دەپ يۈرىدىغان يۇقىرىقىدەك كىشىلەر بولسا شەيئىلەرنىڭ يۈزەكى ، بىر تەرەپلىمە ھادىسىلىرىنى كۆرىدۇ . ئۇلار ھەتتا ئۇقۇمنىمۇ ئېنىق ئايرىيالمايدۇ ؛ جاھاننىڭ رەڭتارىغا كىرىۋېلىپ ، كۆزىنى يۇمۇپ مەنسەپ ئۈستۈن ، پۇلى كۆپ بەزى ئادەملەرنىڭ رايى بويىچە «جاھىل» لارغا قارشى توۋلاۋېرىدۇ . شۇنداقتىمۇ مۇنداق مۇغەمبەر ئادەملەرگە ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر قاراپ قويمايدۇ . قىلغانلا ئىشىدىن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىلار ، تۇتقانلا نەرسىنى يۇلۇپ چىقالايدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەنە شۇنداق مۇستەقىل قارىشى بار «جاھىل» كىشىلەردۇر ؛ ئۇلار ئىددىيە جەھەتتە ئەنئەنىۋى ئويلاش ، پىكىر قىلىشنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ . ئۇلار ئەزەلدىن بار كونا ئۇسۇللارنى ئۆزگەرتىش ئۈستىدىلا باش قاتۇرماي ، بەلكى يېڭى تەپەككۇر يوللىرى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ ، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىجاد قىلىدۇ . بىر

www.uyghurkitap.com

ئىشقا كاللا ئىشلەتمەيدىغان ، ئازراقمۇ مۇستەقىل قارىشىنى ئوت-
تۇرىغا قويالمايدىغان ، باشقىلار نېمىدېسە «شۇنداق» دەپ ئىمام
خەلپەشىنىڭ ئۈچكىسىدەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ تۇرىدىغان ئا-
دەملەردىن كۆرە ، مۇستەقىل قارىشىدا چىڭ تۇرالايدىغان «جا-
ھىل» لار مىڭ ئەلا ئەمەسمۇ ؟

دېمەك ، تۇرلۇك ئاپپاراتلاردا ئوخشمايدىغان دەرىجىدە مەۋ-
جۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۇنداق بولمىغۇرلۇقلار ئەزگۈچى سىنىپ-
لارنىڭ پۇل ، مەنسەپكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت چىرىك ئىدىيىسى-
نىڭ ھازىرقى كۈندىكى ئىپادىلىرى بولۇپ ، ئۇلار ئىجادىيلىق
ۋە ئىجادكارلارنى ماھىيەت جەھەتتىن چۈشىنەلمەيدۇ . تارىختا
بارلىق ئەزگۈچىلەرنىڭ ھاياتنىڭ قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلى-
رىنىڭ ئىپادىلىنىشى ھەر خىل بولسىمۇ ، ماھىيەت جەھەتتىن
بىر دەك بولۇپ ، ھەممىسىلا پۇل ۋە ھوقۇقنى كىشىلىك ھاياتنىڭ
قوغلىشىدىغان قىممەت نىشانى قىلىدۇ . ئۇلارنىڭ كىشىلىك
ھايات ئېتىقادى : پۇل بولسا ھەممە بولىدۇ ، مەنسەپ بولسىمۇ
ھەممە بولىدۇ . مەنسەپ بىلەن پۇل ئۆتۈشمە نەرسە ، مەنسەپدار
ھوقۇق ئارقىلىق پۇلغا ئېرىشىدۇ . پۇلدارمۇ پۇل ئارقىلىق
مەنسەپنى سېتىۋالايدۇ ، دېگەندىن ئىبارەت . مەنسەپ بىلەن
پۇلنى كىشىلىك ھايات قىممىتىنىڭ ماھىيىتى دەيدىغان مۇنداق
چىرىك قاراش سىنىپىي جەمئىيەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەۋلادمۇ
ئەۋلاد كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئايىغىغا تىزلاندۇرۇپ كەلدى ، بەزى-
لەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جېنىنى تىكسە ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئۈچۈن جاھان-
نىڭ نېمە بولۇپ كېتىشى بىلەن كارى بولمىدى ، قۇلدارلار ،
فېئودالىلار ، ئەقىلدىن ئاداشقان كاپىتالىستلار ۋە ئۇلارنىڭ خا-
راكتېرىنى ئۆزلەشتۈرگەن نەپسى يامان ھوقۇقدار كىشىلەر ئاشۇ
ئىككى نەرسە ئۈچۈن تۇرلۇك ۋىجدانسىز ئىشلارنى قىلىپ ،
كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە : كىمنىكى چوڭ مەنسەپدار بولسا ، شۇنىڭ
ھايات قىممىتى چوڭ بولىدۇ ، كىمدە پۇل كۆپ بولسا ، ئۇنىڭ

ھايات قىممىتىمۇ نۇرغۇن دەرىجىدە چوڭ بولىدۇ ، دەيدىغان ئادەت كۆچىنى پەيدا قىلدى . مۇشۇنداق ئادەت كۆچى تۈپەيلى ، مەنسەپ ۋە پۇلغا چوقۇنىدىغان بۇنداق ئادەملەر ئارىسىدا ناھايىتى كۆپ ناپاك ، ۋىجدانسىز ، كۆڭلى قارا ، كالۋا ئادەملەر بولسىمۇ ، مەنسەپ مەرتىۋىسى بىلەن پۇل ھۆرمەتلىك بولغانلىقتىن ، ئۇلارمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ كەتكەن . ئەگەر ھەممەيلەن مۇشۇنداق ئادەت كۆچىگە بوي ئېگىپ ، مەنسەپدار ، باشقۇرغۇچى بولۇشنىڭ كويىغا كىرىپ كەتسە ، باشقىلارغا ھۆكۈمران بولۇشنىڭ كويىدا تۈرلۈك ھىيلىگەر ، ھارامزادە ھەرىكەتلەر بولسا ، ھەتتا ئەڭ دۆلەتمەن كىشىلەرگە ، ئۆزىدىن چوڭ مەنسەپدارلارغىلا مەسئۇل بولۇپ ، شۇلارنىڭلا خىزمىتىنى قىلىپ تۆۋەن تەبىقىدىكى خەلقنىڭ خىزمىتىنى قىلمىسا ياكى غوجىكۆردىلىك قىلسا بۇ جاھان نەگە بارىدۇ ؟ كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتى نەگە بارىدۇ ؟ بۇنداق تىندىتسىيىلەردىن ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ، ئۆزىنى ھەقىقەتكە ئاتاپ قويغان سەنئەتكارلارنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولىدۇ ؟

جاھان ۋە كىشىلەر مۇناسىۋىتىنىڭ نەگە بېرىپ توختايدىغانلىقىنى ئامېرىكىلىق بىر كاپىتالىستىنىڭ مۇنۇ سۆزى ئىسپاتلايدۇ : خېرىدارلار مېنىڭ دۈشمىنىم ، چۈنكى ئۇلار مېنىڭ مېلىمنى ئەرزان سېتىۋېلىش ئۈچۈن جېنىنىڭ بارىچە مېلىمنىڭ سۈپىتىدىن قۇسۇرۇق چىقىرىدۇ ؛ ھۆكۈمەت مەندىن باج ئالماي قويمايدۇ ؛ بانكا ئۆسۈمنى ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ ؛ تۆمۈريول كىرا ئۆستۈرۈپ تۇرىدۇ ؛ ئالىملار ھە دېسىلا يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىختىرا قىلىپ ، بۇرۇن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىمنىڭ بازىرىنى قويمايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ مېنىڭ دۈشمەنلىرىم .

بۇنىڭدىن ئىككى ـ ئۈچ يۈز يىللار ئىلگىرى ئالىملارنى ، ئەركىنلىك تەرغىباتچىلىرىنى ، سانائەت ئىشلىرىنى . . .ياخشى كۆرۈپ قىلغىلى قىلىق تاپالمىغان كاپىتالىستلارغا نېمە بولدى ؟ ئۇ چاغلاردا ئۇلار ھازىر دۈشمەن كۆرۈۋاتقان نەرسىلەر ئۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن قىممەتلىك ئىدى ، خېرىدارلار ئۇلار پايدا ئالىدىغان ئوبېيېكتى ئىدى ؛ بانكا قەرز پۇل بېرىپ ئۇلارنى بارغانسېرى كۆپلەپ پايدا ئالىدىغان ئاساسقا ئىگە قىلاتتى ، قاتناش تەرەققىي قىلغانسېرى ئۇلارنىڭ بازارلىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ باراتتى ؛ بۇرژۇئا ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىل بولۇپ ئىشچىلارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇپ ، مۇستەملىكىلەرنى كۆپەيتىپ يېڭى بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ بېرەتتى . قىسقىسى ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كاپىتالىستلارغا بايلىق توپلايدىغان پۇرسەت بېرەتتى ، ئەمدىكى كۈندە ئۇلارنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرى ئۇنداق پايدىنى ئالالمىغاچقا ، تۈرلۈك كرىزىسلار ئىچىدە دومىلاپ كېتىۋاتقاچقا ، باشتا پايدا بەرگەن نەرسىلىرىنى دۈشمەن كۆرىدىغان بولۇپ قالدى .

ھازىرقى كۈندە ، بىزنىڭ ۋەتىنىمىزدە ئەھۋال ئۇنداق ئەمەس . پۇل خەلق بىلەن بىر . مۇتلەق كۆپ ساندىكى بايلىرىمىز ، تىجارەتچىلىرىمىز ، كارخانىچىلىرىمىز مەنىۋى جەھەتتىكى بۇزۇقلۇقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلققە زەربە بولىدىغانلىقىنى ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى زەربە خەلقنىڭ تەرەققىي قىلىش ئىقتىدارىنى سۇسلاشتۇرۇپ خەلقنىڭ كەلگۈسىگە غايەت زور خىرىس ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ ، بايلىقنى خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتى ئۈچۈن ، بولۇپمۇ مەدەنىي مائارىپ ، پەن - مەدەنىيەت ئىشلىتىشكە مەردلىك قىلىدۇ . مانا بۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرى بولۇپ ، پۇل ، مەنسەپكە چوقۇنۇشتىن ئازاد بولغان يېڭىچە سۆيۈملۈك ئادەملەردۇر . بۇلاردىن خەلق رازى ، ۋەتەن رازى .

بىراق ، ئارىمىزدىكى بىرمۇنچە بايلار ئۇنداق ئەمەس ، ئۇلار پۇلنىڭ مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلغاندىلا ئەڭ زور قىممەتكە ئىگە بولىدىغانلىقىنى بىلمەي ، ھېلىمۇ كونا بايلارغا ئوخشاش پۇلغا چوقۇنۇپ ، بايلىق ۋەسۋەسىسى بىلەن غەم

قىلىپلا يۈرىدۇ ، ھەتتا خۇدا يولىدا قىلىدىغان دۇئا ـ تىلاۋەتلىرىدىمۇ تاپاۋەت قىلغۇسى كېلىپ : «تىجارىتىمدە كۆپرەك پايدا بولسا ئىكەن» دەپ خۇدادىن تىلەپ دۇرۇت ئوقۇماقتا . «ئىسكىلاتقا ئوغرى تەگمىگەندۇ ، ساندۇقنىڭ ئاغزى ئوچۇق قالمىغاندۇ ، خۇدا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن» دەپ كېچىسى تۈزۈك ئۇخلىيالماي يۈرمەكتە . «باشقا بايلاردىن ئارقىدا قالمىسام ، ھەممىنىڭ بېشىنى دەسسەپ تۇرسام» دېگەندەك دەككە ـ دۈككە ھەم ۋەسۋەسىلەر بىلەن پىتىرلاپ يۈرمەكتە .

«باي ـ بايغا يېتەي دېسە ، باي قويۇپ خۇداغا يېتەي دەيدۇ» دېگەندەك ، بۇ بايلارنىڭ بايلىق كۆپەيتىش ئارزۇسى چەكسىز . بېيىش ئارزۇسىنىڭ چەكسىزلىكى ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرۇپ ، ئەقلىدىن ئازدۇرماقتا . ئۇلار پۇل كۆپەيتىش ئارزۇسىدا نورمال ئىجتىمائىي ۋە ئەخلاقىي ئۆلچەملەرنى بۇزۇپ ، تارىختىن بۇيان بىزنى شان ـ شۆھرەتلىك قىلغان ئۇلۇغ ئانىمىز مىللەتنىڭ بارغانسېرى ئىقتىدارسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى بايلىق زۆرۈر بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالماقتا . قۇۋلۇق ـ شۇملۇق ، يۈزسىزلىك ، كاززاپ ـ ساختىپەزلىك ۋە يەنە ئاللىقانداق ئەسكىلىكلەرنى قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇپ ماڭماقتا . گەرچە بۇ ئەسكىلىكلەر نورمال ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ ، بۇزۇپ تۇرغانلىقىنى ئۇلار بىر تەرەپتىن بىلىپ تۇرسىمۇ ، يەنە بىر تەرەپتىن ، پۇل ـ مال كۆپەيتىشنىڭ ۋەسۋەسىسى ۋە شەيتانىي خىيالىلارنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئارقىسىدا ، بىلگەننى بىلمەسكە ، كۆرگەننى كۆرمەسكە سېلىپ ، ساختىپەزلىك بىلەن ئەسكىلىك قىلماقتا . ئەھۋال شۇنداق ئىكەن ، بۇنداق ئادەملەر كېلەچىكىمىزنى ئەۋلاد قولىدا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مەدەنىي ـ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا ، ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ ئىنسانىيەت گۈزەللىكى ئۈچۈن ئىجاد قىلىش تەرەپكە يۈزلىنەلمەيدۇ .

دېمەك ، ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتىنى ئىجادىي پائالىيەت ، ساۋابلىق بىلەن ئەمەس ، پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن ئۆلچەيدىغانلار شەخسىي نەپسىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق نەرسىنى ياخشى كۆرۈش ، پايدىسىز بولغان ھەرقانداق نەرسىنى يامان كۆرۈش ، بۇرۇن ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنىمۇ ئۆزىنىڭ نەپسىنى قاندۇرالمىغاندا دەرھال يامان كۆرۈش بويىچە تەييار بايلىقلار ئۈستىگە ئېتىلىشقا تەييار تۇرىدىغان چىلبۆرىلەر بولۇپ ، ئۇلار دۇنياغا دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى تېرىيدۇ . ساۋابلىق ۋە ئىجادىيەتچۇ ؟ دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇنىڭ دەماللىققا كىشىلەر كۆز بىلەن كۆرۈپ تۇرىدىغان نەق پايدىسى بولمايدۇ . كىشىلەرنىڭ بېشىنى قايدۇرۇۋاتقان ، بۇرۇقتۇم ۋەزىيەت پەيدا قىلىۋاتقان چىگىشلىكلەرنى يېشىش ، سىرلىق تۇيۇلغان قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ، ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە زىيانلىق ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا زىيانلىق چىرىك ھەرىكەتلەرنىڭ ماھىيىتىنى پاش قىلىش بويىچە يېڭى قىممەت يارىتىدۇ . جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قانۇن ئۈستىگە قويىدۇ . شۇڭا ، بۇ جەھەتتىكى ھەقىقەتلەرنى ئاچقۇچى ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق بايلىقى ئۆزىدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىش بولۇپ ، جىسمانىيەت ، ئەقىل ۋە ئەخلاق سۈپەتلىرى ئۇلاردىكى يوشۇرۇن قىممەت بولىدۇ . ئۇلار ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۆزىدىكى يوشۇرۇن ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقانداق بىر قەۋمىسى ئورتاق پايدىلىنالايدىغان ماددىي ياكى مەنىۋى بايلىق ئىشلەپچىقىرىپ ، جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرغاندىلا ، ئاندىن ئۇلاردىكى يوشۇرۇن قىممەت ئەمەلىي قىممەتكە ئايلىنىدىغان بولغاچقا ، ئۇلار ھەرقاچان ياشاش سەنئەتكارلىقىنىڭ بىر ـ بىرى ئارقىسىدىن يېڭىلىق يارىتىپ ئۆزىنىڭ قىممىتىنى يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ ـ دە ، يېڭىلىق ياراتماي ، ئىجاد قىلماي تەييار نەرسىلەر ئارىسىدا پايدا ئالىدىغانلارنىڭ بىۋاسىتە

قارشى تەرپى بولۇپ قالىدۇ. يەنە ئۇلار دۇنيانىڭ ئومۇمىي ھەقىقەتلىرىنى ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتتىن ئاچقاندا، جەمئىيەت بايلىقىنى ئەمگەكسىز ئېلىۋالماقچى بولغانلارنىڭ ھىيلىسىنىمۇ پاش قىلىپ تاشلايدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي ئىنسانچىلىق، ئادەمنىڭ ھايات قىممىتىنى ئىجادىيەت بىلەن يارىتىشتۇر.

چۈنكى، ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتى دېگىنىمىز — بىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىدا جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى ئېھتىياجىنى قانچىلىك قاندۇرغانلىقىدۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش — ئادەم ھاياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسى، ھاياتنى ئۆلچەيدىغان ئوبيېكتىپ مىزان بولىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ياشىشى ئۇچۇن جەمئىيەت بەلگىلىك شارائىت يارىتىپ بېرىشى، ئۇنىڭ زۆرۈر ماددىي نەرسىلەرنى ئېلىشىغا ۋە ئىستېمال قىلىشىغا ئىمكانىيەت بېرىشى كېرەك. لېكىن، ئادەم ھاياتىنىڭ قىممىتى ئېلىشتا ئەمەس، بېرىشتە، تۆھپە قوشۇشتا بولىدۇ. بۇ ئىنسانلار جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. كىشىلەر مۇئەييەن جەمئىيەتتە تۇرمۇش كەچۈرۈش جەريانىدا، بىر تەرەپتىن ئېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن بېرىپ تۇرۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ تۆھپىسى ئالغىنىدىن ئاز بولۇپ قالسا، دۆلەت بارغانسېرى قۇرۇقدىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئارقىغا چېكىنىدۇ. ئەگەر تۆھپىسى ئالغىنىغا تەڭ بولۇپ قالسا، تەرەققىيات توختاپ قالىدۇ. پەقەت قوشۇلغان تۆھپە ئالغىنىدىن كۆپ بولغاندىلا دۆلەت باي ھەم كۈچلۈك بولىدۇ، جەمئىيەت تەرەققىي قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ھايات پەقەت جەمئىيەت ئۈچۈن تۆھپە قوشقاندىلا شانلىق نۇر چېچىپ ئۆزىنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەپ، ئادەمنى قىممەتلىك بىر ئادەمگە ئايلاندۇرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ياشاش سەنئەتكارلىقىدا مەغلۇپ بولۇپ كېتىپ، نېرۋا كېسىلى بولۇپ كېتىشى، ئىجتىمائىي جىنايەت ئۆتكۈزۈشى، ھاراقكەشلىك قىلىشى، خروئىن چېكىشى، پا-

ھېشۋازلىق قىلىشى، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مانا مۇشۇنداق مەنىلىك ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمەي، ھاياتنىڭ قىممىتىنى پەقەت شەخسىيگە ھەمدە ھوقۇقى ئۈستۈن، پۇلى كۆپلەرگە بېقىندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزىگە، جەمئىيەتكە تۆھپە قوشۇش يولى بىلەن ھاياتنىڭ داغدام يولىنى ئاچالماسلىقىدىن بولغان.

مۇشۇ نۇقتىئىنەزەر بويىچە قارىغاندا، بۇ ئىككى نەرسىگە چوقۇنغۇچىلار ئۆز جەمئىيىتىنىڭ پاراۋانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، «دۆلىتىڭنىڭ بارىدا دوستمۇدوست، دۈشمەنمۇ دوست» دېگەندەك ماددىي جەھەتتە ۋاقىتلىق ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئىگە بولسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىجادىيەت پاراستىدىن ئايرىلغانلىقى بىلەن مەنىۋى جەھەتتە گادايلىشىپ بارىدۇ. ئۇلار گويا ئانىسىنى ئېمىپ چوڭ بولۇۋېلىپ، شۇ مېھرىبان ئانىسىغا تەتۈر قارىغان مۇناپىق بالىدەك، ئۆزىنى ئۆستۈرگەن ئانىجان مىللىتىنىڭ، جەمئىيىتىنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي شەرتلىرىنى ئادا قىلالمىغانلىقى بىلەن ئەمگەكچى خەلق ئارىسىدا يېتىم قالىدۇ. بۇنداق ئىدىيە تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ كەتكەنلەرمۇ بۇنداق تۆھپىسىز ھاياتنى كىشىلەرگە مەڭگۇ توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ.

ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، پۇل ۋە مەنسەپكە چوقۇنىدىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ماددىي بايلىق تالىشىش نىشانلىرىغا يەتكەن چاغدا، ئىنسان بالىسىغا نىسبەتەن ئەڭ قىممەتلىك بولغان جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان قابىلىيەت نىشانلىرى بويىچە ئىلگىرىلەشتىن توختايدۇ. ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى جەمئىيەت ئۆزىنىڭ ئوبيېكتىپ مىزانلىرى بىلەن تارازىلاپ بېكىتىدىغان بولغانلىقتىن، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ساختىپەزلىك بىلەن ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن چاغدا ئۆزلىرىنى قانداق دەۋەلىشتىن قەتئىينەزەر، جەمئىيەت ئۇلارنى قەدىرسىز ئورۇندا قويۇپ قويە-

دۇ ـ دە ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئاددىي پۇقرالارمۇ كۆزگە ئىلماي-
دىغان خورلۇق ئۇلارنى قوغلاپ يېتىدۇ .

دېمىسىمۇ ، ئىنسانىيەتنىڭ تارىخىي ئاساسلىقى پۇل ۋە مەن-
سەپ دەرىجىسىگە چوقۇنىدىغان ئادەملەر تەرىپىدىن ئەمەس ، بەل-
كى ھايات قەدرىنى غايە بىلەن ئۆستۈرۈپ بارغان ئەمگەكچان
ئادەملەر تەرىپىدىن يېزىلغان . بولۇپمۇ ئۆزىنى چەكلىك ، شەرت-
لىك ، خۇسۇسىي خۇشاللىقلارغا قۇل قىلىپ بەرمەي ، مىڭلىغان
كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغۋار نىشانلىرىغا بېغىشلاپ ، تۇرمۇشقا قىز-
غىن ، ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىدىغان ئىنتىلىشچان ئالىيجاناب كى-
شىلەر تەرىپىدىن يېزىلغان . شۇنداق ئادەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئۇل-
گىلىك ھەرىكەتلىرى تەربىيىسىدە بارغانسېرى كۆپلىگە كىشىلەر
غايىدىن ئىبارەت ئىچكى قوزغىتىش كۈچىگە ئىگە بولۇپ ، ھايات
قارىشىدىكى قارىغۇلۇقلاردىن قۇتۇلۇپ ، ئۆزىنىڭ ھايات قىممى-
تىنى ئىجادىي پىكىر ۋە خەلققە قوشقان تۆھپىلىرى بىلەن يارى-
تىشنى ئۆگەنگەن . پۇل ۋە مەنسەپ دەرىجىسىگە چوقۇنىدىغان
ئادەملەر ھاياتنىڭ بۇنداق ئەھمىيىتىنى ھەقىقىي تۇردە بىلىۋالال-
مىغانلىقتىن ، ھايات پائالىيەتلىرىگە بولغان ئەخلاقىي تەشەببۇس-
كارلىقنى يوقىتىپ ، ئۆزىنى ئالىيجاناب غايىدىن ئايرىلغان تەبى-
ئىي ھايات جەريانىغا قويۇپ ، ئىجادىي ئىشلەش جەريانىدا ئۆزى-
نىڭ قىممىتىنى يارىتىشتىن يالتايغان . شۇڭا ، بۇ دۇنيادا مال ـ
دۇنياغا تويمايدىغان ئاچ كۆزلۈك ئۇرۇقى قۇرۇماي كەلگەن . بىز
تەكىتلەۋاتقان مەنىۋى مەدەنىيەت بولماي دۇنيا ئۇلارنىڭ رايىدى-
كى ئىشلارغا قالسا ئىدى ، بىزنىڭ بۇ سەييارە ھەر كۈنى توختى-
مايدىغان ئۇرۇش مەيدانى بولۇپ كېتەتتى . شۇڭا ، بىز بۇنداق
ئىككى نەرسىگە ھاياتنى بېقىندۇرۇشنى سەنئەتكارلىقتا توسالغۇ
ۋە تەڭلىك پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر ئىجتىمائىي ئامىل دەپ
قارايمىز .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۈچىنچى، تەلىم ـ تەربىيىدە بىكىنمىچىلىك قىلىش
بىز تەلىم ـ تەربىيە بىكىنمىچىلىكى دېگەندە، ئاساسلىقى ماتارىپ ساھەسىنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە شەكلىگە كىرد. ۋېلىشى بىلەن ئائىلە تەلىم ـ تەربىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئاساسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىكىكە ئېغىشىنى نەزەردە تۇتىمىز.
ماتارىپ ساھەسىنىڭ ئەنئەنىۋى تەلىم ـ تەربىيە شەكلىگە كىرىۋېلىشى جەھەتتە مەسىلىلەر كۆپ بولسىمۇ، مۇھىمى ئوقۇ. تۇش ئۇسۇلىدىكى ئۇنۇمسىز قالاق چارىلەردۇر. بۇنى ئۆزىمىز. نىڭ تارىخىدىن ئىسپاتلايدىغان بولساق، بىز بۇرۇن دۇنيادا گويا يەھۇدىيلاردەك ماتارىپ سۆيەر خەلق ئىدۇق. مۇشۇنداق روھ بىلەن دېڭىز يولى ۋە ھاۋا يولى راۋان بولۇشتىن بۇرۇنقى ئەڭ چوڭ دۇنياۋى قاتناش يولى — يىپەك يولىدا كارۋان باشلىقى بولغاندا، يۇرتىمىزنىڭ ماتارىپىنى كارۋانلىرىمىزنىڭ غەرب ھەم شەرقتىن ئېلىپ كەلگەن ئىلغار ئۇسۇللىرى بىلەن ئىجادىي ئۆستۈرۈپ، ئۇنى دۇنياغا يۈزلەندۈرگەن ۋاقتىمىزدىكى ئەھۋالد. مىز مىسلىسىز دەرىجىدە ياخشى بولدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت ئىمىن ئېيتقاندەك، يۇرتىمىزدىن شەرققە كومراجد. ۋا، پىر خۇيلان، سۇجاۋا قاتارلىق پەن ۋە سەنئەت ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، يۈەن سۇلالىسى زامانىسىدىكى خەيلىن ئاكا. دېمىيىسىنىڭ غوللۇق ئەزالىرى ھېسابلانغان مەشھۇر ئالىملار بېرىپ، بۇ جايلارغا تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئىلمىي، بەدىئىي ئىشلارنى قىلدى.
غەربكە ئەل خارازىمى، ئەل فەرغانى، ئەل فارابى، ئىبىن سىنا، مەھمۇد قەشقەرى، جالالىددىن رۇمى قاتارلىق ئالىملار بېرىپ، ئۇ جايلاردا ئىلىم مەشئەلچىلىرى بولۇپ قالدى.
يۇرتىمىزدىن چىققان مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا سىزىپ كىرگۈزگەن خەرىتىسىدە باغدادنى ياكى مەك. كە ـ مەدىنىنى ئەمەس، بەلكى، بالاساغۇن، قەشقەرنى زېمىن

سەتھىسىنىڭ مەركىزى قىلىپ سىزدى ۋە تۈركىي تىلنى ئۆگە-
نىشنى پەيغەمبەر تەۋسىيىسىدەك مۇھىم ئورۇنغا قويدى. يۇرتى-
مىزدىن ئېۋرۇپىدىس تراگېدىيىلىرى، «ئالۇپ»، «ۋاكىخ قىز-
لىرى»، «ئاكستىد» دراممىلىرىنىڭ سەھنە كۆرۈنۈشلىرى تەس-
ۋىرى، ئىزوپ مەسەللىرى، قەدىمكى بىراخمان يېزىقى،
«شۈەنجاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى، كۆك
فۇزىنىڭ «مۇھاكىمە ۋە بايان» ناملىق ئەسىرىنىڭ ئەڭ كونا
ھېسابلانغان كۆچۈرمە نۇسخىلىرى ۋە مانى سىزمىلىرى تېپىل-
دى. ئۆزىمىزنىڭ ئادەملىرى يازغان شاھانە ئەسەرلەردىن باشقا،
ئۆز يۇرتىدا كۆپىيىسى بولمىغان بۇ مەدەنىيەت ئەۋرىشكىلىرى-
نىڭمۇ بۇ يەردىن تېپىلىشى تاسادىپىيلىقمۇ؟
ياق، شۇ چاغدا يۇرتىمىزنىڭ مەدەنىيىتى ھەقىقەتەن دۇنيا-
نىڭ يۇقىرى پەللىسىدە ئىدى. تارىخىي ئىزلىرىمىزنىڭ تەتقىقات-
چىسى شېرىپ خۇشتار «شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان مائارىپى
ۋە مۇسا بايېف» دېگەن ماقالىسىدە ئېيتقاندەك، قاراخانىيلار
دەۋرىدىكى مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى بىلەن قەشقەر قايتىدىن
گۈللەنگەن مەدەنىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. ئاشۇ دەۋردە بىنا
قىلىنغان «مەدرىسەئى ساجىيە»، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» ۋە
كېيىنرەك نۇرغۇنلىغان ئالىملىرى بىلەن داڭقى چىققان «مەدرى-
سەئى مەسئۇدىيە» قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرى، ئۇلۇغ ئۇي-
غۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى، يۇسۇپ خاس ھاجىپتەك ئاتاقلىق
ئالىم ۋە ئەدىبلەرنى، جامالىدىن قەشقەرىدەك مۇدەررىسلەرنى،
ئىمامىدىن قەشقەرىدەك تېبىبىي ئالىملارنى يېتىشتۈردى.
X ئەسىردە ياشىغان، سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئىدىقۇتتا (تۇر-
پاندا) تۇرغۇزغان باش ئەلچىسى ۋە مەشھۇر جۇڭگو ساياھەتچىسى
ۋاڭ يەندى «قەشقەردە ناھايىتى باي كۇتۇپخانىلارنىڭ ۋە ئېگىز
پەشتاق مۇنارلىق بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى يازغان» ئىدى.
يەنە 1271 - يىلى شىنجاڭغا ساياھەتكە كەلگەن ماركوپولومۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەشقەردە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ بارلىقىنى ساياھەتنامىسىگە يازغان. دېمەك، ئىنزچىل ھالدا تەرەققىي قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مائارىپى XIII ئەسىردىن XIX ئەسىرگىچە ئەھمەت يۈكنەكى، نەسىردىن رابغۇزى، لۇتفى، سەككاكى، ئاتايى، ئەلىشىر نەۋائىي، خىرقىتى، ئابدۇرېھىم نىزارى، غېرىبىي قاتارلىق ئالىم، ئەدىب، شائىرلارنى يېتىشتۈردى. بۇنى پەقەت بىزنىڭ پروفېسسور، ئالىملىرىمىزلا شۇنداق دەپ قالماستىن، چەت ئەللىك مەشھۇر ئالىملارمۇ تەكرار قەيت قىلىدۇ.

مەشھۇر ئالىم جەففار ئەل ئەھمەدنىڭ «ئۇيغۇرلاردا قانۇن ۋە مالىيە ئاتالمىلىرى» دېگەن ماقالىسىدە («شەرقىي ئوكيان تارىخ تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» 4 ـ توم، 510 ـ بەتتە) مۇنداق دېيىلگەن: «XII ۋە XIV ئەسىرلەردىكى بەشبالىق ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى بۇنىڭدىن 50 — 60 يىل ئىلگىرىكى، يەنى، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى شۇ جاينىڭ تۇرمۇشىدىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. . .ئۇلار شۇ ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپا زېمىندارلىرى، رېتسارلىرى، ھەتتا ئېروسالىمغا يۈرۈش قىلغان ئەھلەسەلىپ ئارمىيىسىگە قاتناشقان خرىستىئانلارغا سېلىشتۇرغاندا تېخنىكا ۋە تەربىيە كۆرۈشتە يەندىلا ئۈستۈن ئورۇندا تۇراتتى. . .ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ئىقتىدارى ۋە تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش لازىم.» ماقالە ئاپتورى بەشبالىقلىقلارنى غەربىي ياۋروپالىقلارغا سېلىشتۇرغان بۇ جۈملىلەرنى قوجۇ خارابىيلىرى بىلەن كۆسەن تاشكېمىرلىرىنى قېدىرغان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى لىكوكنىڭ ئەسەرلىرىدىن نەقىل قىلىپ ئالغان. بىزگە ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇرلىرىنىڭ مائارىپ سەۋىيىسىدىن روشەن دالالەت بېرىدىغان، تۇرپان رايونىدىن تېپىلغان رەسىملەرنىمۇ لىكوك ئېلان قىلغان. لىكوكمۇ خۇددى غەربىي دىيارنىڭ بىپايان قۇچىقىنى نەچچە قېتىم كېزىپ چىققان ياۋروپالىق ئېكسپېدىتسىيىچى ستەيىندەك دەسلەپىدە ھە

دېسلا تارىم مەدەنىيىتى ئىزلىرىنى «گرېك - رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەقلىدى» دەپ يۇردى. بارغانسېرى ئۆزىنىڭ ئۆزگىچىلىكى باي، مۆجىزىلىك مەدەنىيەت ۋە مائارىپ قەسىرىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ يەردىكى تەڭدىشى يوق مەدەنىيەت جاۋاھىراتلىرىغا توختىماي تەسەننا ئوقۇشقا مەجبۇر بولدى.

مانا بۇ پاكىت. بىزدىكى دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدىكى ھەتتا تىل، ئېتىقاد، ئىرق جەھەتتە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئادەملەرنىمۇ قايىل قىلالايدىغان ئىجادىي مائارىپ ھاسىل قىلغان پاكىت بولۇپ، ئۇنى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز مائارىپىنى ئەڭ ئەتىۋارلىق ئورۇنغا قويۇش، دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئارقىلىق، ئەسىرلەپ كۈرەش قىلىپ ھاسىل قىلغان.

ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىن بىزنىڭ كارۋانلىرىمىز ئۈزۈلمەي دۇنياۋى ئۈچۈر ئېلىپ كېلىدىغان يىپەك يولىمىز ئېتىلىپ كەتتى. مائارىپىمىزدا كېلەچەك ئۈچۈن ئىلمىي قىممەت يارىتىش ئەمەس، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلەرگە يارىشا قىسقا مۇساپىلىك يۈگۈرىدىغان تەنتەكلىك ئۆسۈپ باردى. ئاخىر بېرىپ دىن بىلەن پەننى ئايرىپ تاشلاپ، ھەتتا خەت ساۋاتىنى چىقىرىشنىمۇ، تەرجىمە قىلىشنىمۇ، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشنىمۇ چەتكە قاقىدىغان ساپ ئىلاھىيەتچىلىك ئوقۇتۇشى بىلەن بەند بولۇپ قېلىشتەك بېكىنمە ھالەت ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىۋالدى. مۇشۇنداق بېكىنمىلىككە نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتى قوشۇلۇپ، بىزنى ئۇزاققىچە ئىجادىيەت قۇدرىتىدىن مەھرۇم قىلدى. تارىخ XVIII ۋە XIX ئەسىرگە قەدەم قويغاندا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا، ئىلىم - مەرىپەت مۇنارلىرى يىقىلىپ پۈتۈن تارىم ۋادىسى زۇلمەت ئىچىدە ھالىدىن كەتتى، ھەممىلا جايدا جاھالەت ھۆكۈم سۈردى. بىز تاكى «ئۇسۇلى جەدىد» كە ئۇلاشقىچە ھېچقىلىپ يۇقىرىقىدەك گىگانت ئادەملىرىمىزنى قايتا ئىشلەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرالمىدۇق . پۈتكۈل دۇنيا ھەرقانداق مىللەتنى ئاساسلىقى ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئەتلىرىگە ۋاكالىتەن ئىجاد قىلىدىغان دۇنياۋى مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئارقىلىق تونۇپ ماڭغانلىقتىن ، بىزدىكى مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى ئىشلەپچىقىرالماسلىقتەك ناقابىللىق تۈپەيلى دۇنيانىڭ بەزى جايلىرى بىزنى ئىپسىدىن چىقىرىپ قويغىلى تاس قالدى . بىزنى يادىغا كەلتۈرىدىغانلارمۇ بىزنى مەدەنىي مىللەت قاتارىدا ئېتىراپ قىلمىدى ياكى ئۆزىنى ئەتراپلىق چۈشەنمەيدىغان ئۇسۇلچىلار قاتارىدا ئېتىراپ قىلدى .

«ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە بۇنداق مائارىپ ئۇسۇلىنىڭ ئالدى بىلەن تاتار خەلقىدە مۇسا جارۇللايوپتەك ئالىملارنى ، ئابدۇللا توقايدەك شائىرلارنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشى بىلەن بىزدىمۇ ئويغىنىش ، يۈكسىلىش بولدى . مىڭلارچە ئاپىرىن ئاشۇ «ئۇسۇلى جەدىد» ئىجادچىسىغا ! بىزدىكى «ئۇسۇلى جەدىد» ئاساسلىقى ياۋروپادا يېڭىدىن گۈللەنگەن سانائەتنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش بىلەن زۇلمەتتە قالغان تارىمنى ئويغىتىش ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى يېڭىلاپ خەلقنى ئىلىم ـ پەنگە باشلاش ، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ يۇرتىمىزنى سانائەتلەشتۈرۈش ئىدى .

«ئۇسۇلى جەدىد» 1820 ـ يىلىدىن 1848 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى سودىسىنى خەلقئاراغا كېڭەيتىپ ، پرژىۋالىسكى ، زەيسەن ، موسكۋا ، پېتىربۇرگ ، قازان ، ئوفا قاتارلىق 16 ئورۇنغا ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىن سۈيىيۈەن ، باۋتو ، تيەنجىن ، چېڭدۇ ، سۇجۇ ، خاڭجۇ ، لەنجۇ ، شىئەن ۋە باشقا سودا مەركىزىي شەھەرلىرىگە ؛ قوشنا دۆلەتلەردىن پاكىستان ، ئافغانىستان ، ھىندىستان ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردا سودا سارايلىرى قۇرۇشى ھەمدە تەدرىجىي ھالدا سودا دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ ، فىنلاندىيە ، گېرمانىيە ، ئوتتۇرا شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قاتارلىق رايونلار ۋە دۆلەتلەر بىلەن

سودا قىلىشى بىلەن باشلاندى .
سودا ـ سانائەتنىڭ خەلقئاراغا كېڭىيىشى بىلەن تەرەققىي-
پەرۋەر سودىگەرلەر چەت ئەللەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتى ، ئىد-
لىم - پەن تەرەققىياتىغا نەزەر سالدى . بولۇپمۇ چەت ئەلنىڭ
يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى باشقىچە تەسىر قىلدى . نەتىجىدە ياۋ-
روپانىڭ يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن شىنجاڭدىكى كونىچە
ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ شىنجاڭدا يېڭى مائا-
رىپ قۇرۇش قارارىغا كېلىدۇ .
1870 ـ يىلى باھاۋۇدۇنباي دەسلەپ قەشقەر خانلىق مەد-
رىستە ، كېيىن ئىلى بەيتۇللا يېنىدىكى مەدرىستە دىنىي دەرس-
لەرگە پەننىي دەرسنى قوشۇپ ئوقۇشنى يولغا قويىدۇ . نەتىجىدە
مەدرىسلەردە ھېساب ، سەرپ نەھۋى (مورفولوگىيە ، سىنتاك-
سىس ) ، جۇغراپىيە ، تارىخ ، ئىلمىي تەجۋىد (قۇرئاننى قائىدى-
لىك ئوقۇش ) ، تەئلىموس سىبيان (بالىلار تەربىيىسى ) ، نا-
سايھولئەتپال (بالىلارغا نەسىھەت ) ، نەسىھەتى ئاممە (ئاممىغا
نەسىھەت ) قاتارلىق دەرسلەر قوشۇپ ئوقۇلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن
قەدىمىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلى (كونىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ) جەدىد
يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىغا قاراپ يۈزلىنىدۇ .»
مانا بۇ مەكتەپلەر ۋە ئۇزاققا بارماي ئاتۇشتا 1885 ـ يىلى
دەرس باشلىغان «ھۈسەينىيە مەكتىپى» ، ئەڭ ئاخىرىدا يەنە
شۇلارنىڭ غەمخورلۇقىدا 1907 ـ يىلى قۇرۇلغان «ھەبىب زادە
دارىلمۇئەللىمىن» ئەنە شۇ «ئۇسۇلى جەدىد» نىڭ يۇرتىمىزدىكى
تۇنجى گۈلى ئىدى . بۇ گۈل كېيىنچە پۈتۈن تارىمدا ئېچىلىشقا
باشلىدى . «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى» نىڭ تۇنجى
قارارى 1909 ـ يىلى داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ، يېڭى
مائارىپ ئۇرۇقلىرىنى پۈتۈن تارىم ۋە جۇڭغارىيە ۋادىسىغىچە
چېچىپ ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ كېيىنكى راۋاجى ئۈچۈن
ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشتى .

www.uyghurkitap.com

بولۇپمۇ مۇشۇ چاغقا كەلگەندە ، بۇنداق يېڭى مائارىپ سىيا-
سىي جەھەتتىكى مۇستەبىتلىك ، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى خۇ-
راپاتلىق ، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەمبەغەلچىلىك ، مەنىۋى جە-
ھەتتىكى قاباھەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ۋە بۇنداق گادايلىق ،
مىللىي ئورنىمىزدىكى خار-زارلىقنى ياخشىلاش يولىدا ئىلىم
ئىزدەپ مەككە - مۇكەررەمە ، قاھىرە ، ئىستانبۇل ، قازان ،
ئوفا ، بۇخارا ، ئالمۇتا ، تاشكەنت . . . قاتارلىق شەھەرلەرنى
كېزىپ ، ئانا يۇرتى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن ئابدۇقادىر دامول-
لام ، قۇتلۇق شەۋقىلەردەك ئالىملارنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىگە
ئىگە بولۇپ ، خۇددى ھوشىدىن كەتكەن ئادەمگە يېڭى روھ بې-
غىشلىغاندەك ھەممە كىشىگە يېڭى روھ بېغىشلىدى . بۇنىڭ
بىلەن جاھالەت پىرلىرى ئىلكىدە ئۇزاق زامان ئەرەب - پارس
تىللىرىدا دەرس ئوقۇپ ، ئون نەچچە يىللارغىچە بىرەر ئاخۇنۇم-
نىڭ ئېتىنى يېتىلەپ ، كەشىنى كۆتۈرۈپ يۇرۇپمۇ موللا بولال-
ماي يېرىم يولدا قارىي بولۇپ توختاپ قالىدىغان يامان ئاقىۋەتكە
خاتىمە بېرىپلا قالماي ، قەشقەر ، تۇرپان ، غۇلجىلارنى مەركەز
قىلغان يېڭى مائارىپ شەكلىدە «نىيەت قانچە ياخشى بولغان
بىلەن ، ئۇ پايدىلىق ئەمەل (ئىش ) بىلەن بىرلەشتۈرۈلمىسە ،
كامالەتكە يېتەلمەيدۇ » دېگەن ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلدى . تەرەق-
قىيپەرۋەر مۆتىۋەر - پېشقەدەملەر ۋە ئۆلىما ئالىملار
غەيرەت - شىجائىتىنى مائارىپ ئارقىلىق خەلققە يول باشلاشقا
قاراتتى . يېڭى مائارىپ سورۇنلىرىدا مىڭلىغان «ئۇسۇلى جە-
دىد » ئۇستازلىرى تىلىدىن ئابدۇقادىر داموللامنىڭ مۇنۇ سۆزلى-
رى جاراڭلاپ تۇردى :

«پېشۋالىرىمىزنىڭ ئەخلاقى ۋە ئەسەرلىرى ئۇنتۇلۇپ ،
خۇراپاتلىق باش كۆتۈردى ، ئىززەت - ئابرۇيلار قولدىن كەتتى .
ئەجنەبىيلەر ۋەتىنىمىزگە قول ئۇزاتتى . «ھەرقانداق ئەل ئۆز
ئابرۇيىنى ئۆزى يوقاتمىغۇچە ئاللا ئۇنى يوقاتمايدۇ » دېگەن ئايەت-

نىڭ مەنىسى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاندى . ئىنساپ بىلەن ياخشى مۇلاھىزە قىلسا ، بۇنداق يامان ئاقىۋەتكە ئۆز قىلمىش ھەرىكەتلىرىمىز ، ئۆز پېئىلى ئېتىبارىمىز سەۋەبچىدۇر . شۇنىڭ ئۈچۈن بۈگۈن بىز پەرىشانلىق ۋە خار-زارلىقتا ، ئازاب - كۈلپەت ، غەم - ئەندىشىگە گىرىپتار بولۇپ ، پۇشايمان ۋە ھەسرەت - نادامەت چەكمەكتىمىز . ھازىر زىرائەت (دېھقانچىلىق ) ، سودا - سانائەت جەھەتتە ، باشقا مىللەتلەردىن تۆۋەن تۇرماقتىمىز ! كېلىڭ ئەي قېرىنداشلار ! ئۇ دۇنيا ، بۇ دۇنيالىق بۇرادەرلەر ! بىز ئىلگىرىكى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلايلى ، ھازىرقى تۆۋەنلىكنىڭ ، ئۆزىمىزدىكى ئۈمىدسىزلىك ، ھۇرۇنلۇق ۋە جۇرئەتسىزلىكتىن كېلىپ چىققانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ، ناچار ئەخلاقتىن يانايلى ، ھازىرقى تەنەززۇلدىن غەم - ئەندىشە قىلايلى ! ئالىملىرىمىزنىڭ پېشىگە ئېسىلىپ ، ئۇلارغا ئۈمىد باغلايلى ! ئالىملىرىمىزمۇ زېمىنىمىزدىكى ۋەزىپىسىنىڭ ئېغىرلىقىنى تونۇپ ، ياخشى ئەمەللەرنى خالايىققا ئەينەن يەتكۈزسۇن ، ئۇلۇغ پېشۋالىرىمىزنىڭ تەلىماتلىرىنى مەجلىس ۋە سورۇنلاردا بايان قىلسۇن ، خەلق ئاممىسىغا ياخشى - يامانني چۈشەندۈرۈپ ، ئەخلاقىي ، ئەقلىي تەربىيىلەر بەرسۇن ، ئەسىرى (زامانىۋى ) يېڭى يوللارنى كۆرسەتسۇن ! شۇنىڭ بىلەن خەلقىمىز يېتىم - يېسىر ، غېرىب - غۇرۋالارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆشرە - زاكات ، سەدىقە - ئېھسان ۋە ماددىي ياردەملىرىنى ئاجرىتىپ ، قولىدىكى ئىقتىسادنىڭ سەرپىياتىنى توغرا باشقۇرسۇن ! خەلق ۋە مىللەتكە ، شۇنداقلا ئەلگە خىزمەت قىلسۇن !

ئەر ۋە ئاياللارغا ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ پەرزلىكىنى مۇلاھىزە قىلىپ ، ئۇنىڭغا دىققەت - ئېتىبارىمىزنى قوزغىشىمىز ، خوتۇن - قىزلار ئۈچۈن مەخسۇس مەكتەپلەرنى ئېچىشىمىز لازىم ، چۈنكى كىچىك باللار نادان ئانىسىنىڭ تەربىيىسىدىكى چاغدا ، يامان ئىللەت ۋە بىلىمسىزلىككە گىرىپتار بولسا ، كىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىكلىكىدە ئادەتلەنگەن ئۇ ئىشتىن قۇتۇلدۇرۇش ناھايىتى جاپا. لىقتۇر .

ئەگەر ئانىسى بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بولسا ، پەرزەنتىنى ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيە قىلار . بۇنداق باللارنىڭ چوڭ بولغاندا ، كامالەتكە يەتمىكىمۇ ئاسان بولىدۇ . ھەدىستىمۇ «ھەر . بىر بالا تۇغۇلۇشتا ئەيىبسىز ، لېكىن ئۇنىڭ ياخشى ــ يامان بولۇشى ئاتا ــ ئانىسىنىڭ تەربىيىسىگە باغلىق» دېگەن مەزمۇن بار . ھەممىمىز ئۆزىمىزنى تونۇيلى ، كەلگۈسى ئىستىقبالنى ئويلايلى ، بارلىق چارە ــ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، خەلقىمىزنى ، مىللىتىمىزنى زاۋاللىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالايلى !

بىز ئىنسانلىق ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىزنى ئادا قىلىش ئۈچۈن غەيرەتكە كېلىپ ئىگە ــ چاقىسىز باللارنى قۇتۇلدۇرۇ. ۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيلى ! بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق. نىڭ زامانىسى ئەمەس ، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىسى. دۇر . جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس ، ئىلىم ــ مەرىپەت دەۋرىدۇر . سۇسلۇق ۋە بىكارچىلىق ۋاقتى ئەمەس ، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر . باشقا مىللەتلەر ئىلىم ۋە مەرىپەت سايى. سىدە ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا . سۇ ئاستىدا بولسا ، خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە ، بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز . ئۇيقۇ بولسا ، ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر . بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆ. لۈم يولىدۇر ! ھېلىمۇ ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار . جانابىي ھەقنىڭ رەھمەت ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر . دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس . ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر ــ سانائەت ) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى ، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى تەڭرى ئىجازەت قىلمىغاندۇر ، يەنى ھەربىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولى.

دۇ . ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش خۇ-
دانىڭ يولىيورۇقىدۇر . «ئىنساننىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە
باردۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ ، ئىسپاتتۇر .»[①]

مۇشۇ جاراڭلىق ئاۋاز يېتەكچىلىكىدە «ئۇسۇلى جەدىد»
تىن ئىبارەت يېڭى مائارىپ تۈزۈمى ئاساسىي مائارىپ تۈزۈمىگە
ئايلاندى ھەمدە جەدىدچە مائارىپ تۈزۈمى تۈركىي تىل سىستېمى-
سىدىكى قېرىنداش مىللەتلەر ئارىسىدىكى ئىلغار ئاممىلارنى قو-
بۇل قىلىپ ، پۈتكۈل شىنجاڭنىڭ ئاساسىي مائارىپ ئېقىمىغا
ئايلىنىشقا باشلىدى . ئۇ گەرچە تەرەققىيات تارىخىدا ياڭ زىڭشىنىڭ
باشچىلىقىدىكى زوراۋانلار ۋە ئۇنىڭ چىرىك ھاكىمىيىتىگە ھا-
مىي ياللانمىلار قاتارلىق ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىد-
غا ئۇچرىغان بولسىمۇ ، يەنىلا بىزگە يول ئاچقۇچى بولۇپ كېلد-
ۋەردى . ئەگەر خەلق ئۇچۇن پۇل - مېلىنى ، تەر - جېنىنى
ئايىمايدىغان ئاشۇنداق ئۇلۇغ زاتلار باشچىلىقىدا باشلانغان «ئۇ-
سۇلى جەدىد» بىزنىڭ ئېڭىمىزنى ئاچمىغان بولسا ئىدى ، ناداذ-
لىقتا قالدۇرغۇچىلارنىڭ دەردىدە ، بىزنىڭ مائارىپ تەرەققىياتد-
مىز تېخىمۇ ئاستىلاپ ، كېيىنكى كۈنلەردىكى بىر تۈركۈم سەن-
ئەتكارلىرىمىزنى ئىشلەپچىقىرىپ ، قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا زاماندد-
كى ئەجدادىي ئالىملىرىمىزنى بۈگۈنكى ئادەملىرىمىزگە تونۇش-
تۇرغۇدەك مادارىمىزمۇ قالمىغان بولاتتى .

ھازىرقى كۈندىكى مائارىپتا تېخىمۇ كۈچلۈك ئۆزگىرىشلەر
بولۇپ ، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدا بىلىمنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ قۇلىقىغا
قۇيۇپ قويۇشتىن ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش ،
پىكىر قىلىشنى مەشىق قىلدۇرۇش ، ھېسسىيات جەھەتتە ئوقۇت-
قۇچىلار بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى دوستلاشتۇرۇش يولى بىلەن ئى-

① خەمىت تۆمۈر : «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» ، شىنجاڭ ياشلار
- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى ، 149 — 151 - بەتلەر .

جادىي قابىلىيەتنى ئېچىش قاتارلىق ئۇسۇللار يولغا قويۇلۇپ، بارا ـ بارا ئىجادىي مائارىپنىڭ يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇللىرى بويىچە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلماقتا.

مائارىپتىكى مۇنداق ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ھازىرقى جەمئىيەت بىلىمنى ئاساسىي مەبلەغ قىلغان بىر جەمئىيەتكە ئۆزگەردى. پۇل مەبلىغى يەنىلا ئاساسلىق رول ئويناۋاتقان بۇگۈنكى كۈندە، بەزىلەر بۇنداق دېسە كاللىسىدىن ئۆتكۈزەلمەي، بىلىمنى ئاساس قىلىدىغان «كېيىنكى كاپىتالىزم جەمئىيىتى» قەيەردىن كەلدى؟ دەپ سوراپ قېلىشى مۇمكىن. ئەمما، جەمئىيەتنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرمەكتە. كاپىتالىستىك بازار ئىگىلىكى ھېلىمۇ دۇنيا ئىقتىسادىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرسىمۇ، بازارنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولماقتا، بىز ھازىر تۇرۇۋاتقان بۇ جەمئىيەتتە ئۇچۇر تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇچۇرنى قانچە كۆپ ۋە توغرا ئىگىلىگەنلەر شۇنچە تېز باي بولماقتا. دۇنياغا مەشھۇر نېمىس ئالىمى دراكىنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەبىئىي بايلىقلار ياكى ئەمگەك كۈچى ئەمەس، بەلكى، بىلىم ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى» لا ئەمەس، بەلكى «بىلىملىك ئىشچىلار»، يەنى ئەقلىي سەرپىياتى جىسمانىي سەرپىياتتىن ئېشىپ كەتكەن ئىشچىلار قىممەت يارىتالايدۇ.

ئۆتكەن 40 يىلدىن بۇيان، تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە يېتەكچى ئورۇندا تۇرغان سانائەت ماددىي نەرسىلەرنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەقسىملەش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان سانائەت بولمىدى، بەلكى، بىلىم ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تەقسىملەش سانائىتى، ئۇچۇر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى تارقىتىش سانائىتى بولدى. كونا كاپىتالىستىك جەمئىيەتلەردىكى كاتتا بايلار ئاساسلىقى XIX ئەسىردىكى پولات پادىشاھلىرى ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا

ئۇرۇشىدىن كېيىن ، كاتتا بايلار ئاساسلىقى ئېلېكترونلۇق مېخە
ئىشلەپچىقىرىدىغان سودىگەرلەر بىلەن يۇمشاق دېتاللارنى ئىجاد
قىلغۇچىلار بولدى . بۇنىڭ بىلەن بىلىمنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ۋە
شەكىللىنىشى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ ئەڭ زور مەبلىغىگە
ئايلاندى . بىر دۆلەت ، بىر شىركەتنىڭ رىقابەت كۈچىنىڭ قاند-
چىلىك بولۇشى ئۇنىڭ بىلىم ئىجاد قىلىپ ئېرىشكەن بايلىقى-
نىڭ قانچىلىكىگە باغلىق بولۇپ قالدى . «كېيىنكى كاپىتالىزم
جەمئىيىتى» دىكى ئەڭ زور مۇسابىقە قانداق قىلىپ بىلىم
خاراكتېرىدىكى خىزمەتلەرنى ئىجاد قىلىش ۋە تەكرار ئىجاد
قىلىش مائارىپىنى يولغا قويۇش بولۇپ قالدى . ئەگەر بىز بۇنى
نەزەرىيىۋى قىياس دەپ قاراپ ، يەنىلا كونا خامانىنى سورۇشقا
ئۇرۇنىدىغان بولساق ، ئىجادىي مائارىپتا ئەڭ ئالدىدا ماڭغان
ئامېرىكا ماسساچوست تېخنولوگىيە ئىنستىتۇتى ۋە قېرىنداش
ئەزەربەيجان جۇمھۇرىيىتىدە ئالىي مەكتەپكە ئىجادىيەت قۇرۇ-
لۇشنى رەسمىي دەرس قىلىشتىن باشلانغان دۇنياۋى ئىجادىي
مائارىپ ئۇسۇللىرىلا ئەمەس ، ھەتتا ھازىرقى رۇسىيىدە تۇنجى
بولۇپ خىرىستىئان دىنى بويىچە ئالېكساندىروف ئاچقان خۇسۇ-
سىي مەكتەپمۇ تەلىم ـ تەربىيىدە بىلىم ئۆگىنىشنىلا ئەمەس ،
رىغبەتلەندۈرۈش ، قىزىقتۇرۇشنى ئاساس قىلغان ئىجادىي مائا-
رىپ يولىغا ماڭدى . ئۇلار ئامېرىكىنىڭ كەلگۈسى مەكتەپلەرنى
تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانى بويىچە ئالتە ياشلىق بالىلارنى مەك-
تەپكە قوبۇل قىلىپ ، دەرسلىكلىرىنى پۈتۈنلەي ئىنگلىزچە تۈ-
زۈپ ، 12 يىللىق مۆھلەت بىلەن ئوقۇغۇچىلىرىنى دۇنياۋى
سەۋىيىگە يەتكۈزۈشنى نىشانلىدى . ئوقۇ ـ ئوقۇتۇشتىكى بۇنداق
ئىجادىي ئۇسۇللار ئەمەلىيەتتىمۇ ياخشى ئۈنۈم بېرىشكە باشلى-
دى .

مەسىلەن ، ئەنگلىيىنىڭ ئىگىلىك ۋە ئىجتىمائىيەت تەتقى-
قات ئىنستىتۇتى ئېلان قىلغان بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىدا ئېيتى-

لىشچە، ئەنگلىيە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە قابىلىيىتى شۋېتسارىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئەڭ ناچارلىرىدىن ئىككى يىل كېيىن تۇرىدىكەن. بۇنىڭ سەۋەبى شۋېتسارىيە زامانىمىزنىڭ «تەرەققىيات» پېداگوگىكىسىنى لايىھىلەيدىغان ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ يۇرتى ئىكەن. بۇ ئالىملارنىڭ ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ئارقىسىدا شۋېتسارىيە ئوتتۇرا مەكتەپلىرىدە تەبىئىي پەن دەرسلىرىدە قىينىلىپ قالىدىغان ئوقۇغۇچىلار بارغانسېرى ئازلاپ ماڭغان بولۇپ، ئۇلار ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن تالانتىنى ئۆستۈرۈپ مېڭىش جەھەتتە ناھايىتى زور ئۇتۇق قازانغان.

هازىر شۋېتسارىيە مەكتەپلىرىدە ماتېماتىكا دەرسى ئۆتكەن 2/3 قىسىم ۋاقىتتا ئوقۇغۇچىلار ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىدىكەن، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرى مۇزاكىرە قىلىدىكەن، مۇزاكىرە قىلىنىدىغان مەسىلىلەر تەپسىلىي تۈرلەرگە ئايرىلىپ، تەرتىپ بويىچە چوڭقۇرلاش ئۇسۇلى قوللىنىدىكەن. ئوقۇغۇچىلار ئەنە شۇنداق مۇزاكىرە قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاپشۇرۇق ئىشلەيدىكەن، تاپشۇرۇقنى ھەربىر ئوقۇغۇچى مۇستەقىل ئۆزى ئىشلەپ پۈتتۈرۈش شەرت قىلىنىدىكەن.

شۋېتسارىيىدە مەكتەپلەر تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىلار تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ بىر تۇتاش تەستىقتىن ئۆتكۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى قوللىنىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر ئىزچىللىقى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئۆلچەملەر بىلەن بېكىتىلىدىكەن. ئەنگلىيىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بولسا بىر تۇتاش دەرسلىك قوللىنىشقا ئومۇمىيۈزلۈك قارشى ئىكەن. ئوقۇش ئۇسۇلىنىڭ بۇنداق ئوخشىماسلىقى بۇ ئىككى دۆلەت ئوقۇغۇچىلىرىغا ئىككى خىل ئاقىۋەتنى ئېلىپ كەپتۇ. شۋېتسارىيە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەبىئىي پەنلەرنى ئوقۇشقا سەرپ قىلغان ۋاقتى ئەنگلىيە ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئاز بولسىمۇ، سەۋىيە-

سى ئەنگلىيە ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۈستۈن بولۇپ چىقىپتۇ. تەبىـ
ئىي پەنلەر بويىچە خەلقئارالىق 48 مۇسابىقىدە، شۇھىتسارىيىلىك
ئوتتۇراھال ئوقۇغۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىگە ئەنگلىيىنىڭ 30%
ئەلا ئوقۇغۇچىلىرى ئارانلا يېتىشىپتۇ. ئەنگلىيىنىڭ ئوتتۇرا
مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئۆتەلمەي قالغانلار شۇھىتسارىيە ئوقۇـ
غۇچىلىرىدىن ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپتۇ. بۇنىڭدىن پۈتۈن
دۇنيا تەسىرلىنىپ مائارىپ ئۇسۇلىنى ئومۇمىي خەلق ئىجادىيـ
لىقىنى قوزغاپ، دۆلەت ۋە مىللەتنى روناق تاپتۇرۇشتىكى ۋەزىـ
پە قىلدى.

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى، مائارىپ ئۇسۇلىنىڭ توغرا
بولۇشى مانا مەن دېگەن ئەنگلىيىدەك سۇر ـ ھەيۋەتلىك قوۋمـ
لەردىن ئۆتۈپ كېتىشتىكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ كېلەچىكىنى
ساقلاپ قېلىشتىكى نېگىزلىك مەسىلە بولۇپ، بىز بالىلىرىمىزـ
نى ئەگەشمىچى تەلۋىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئىـ
جادىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى مەكتەپلىرىمىزگە تەتبىقلاپ، ئۇلارنى
جاھالەت پىرلىرى شىنجاڭنى بېشىغا كىيىۋالغاندىن كېيىنكى
ئىسلامنىڭ نامىنىلا كۆتۈرۈۋېلىپ ماھىيىتىنى تاشلىۋېتىدىغان،
ئەرەبچە سۈرىلەرنى ئوقۇپلا ئۇنىڭ ھەقىقىتىنى ئانا تىلىمىزدا
چۈشەندۈرمەيدىغان چىرىك ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن تولۇق ئازاد
قىلىشىمىز، ھازىرقى كۈندىكى مال بورداش ئۇسۇلى بىلەن
بىلىمنى قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇشتىنمۇ قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى
زامانىۋى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئىگە قىلىشىمىز كېرەك.

ئەگەر بىز ئىجادىي مائارىپ ئۇسۇلى ئارقىلىق زامانىۋى
پىكىر قىلىدىغان، خاسلىقىغا ئىگە ئىجادىي پىكىر رىغبىتى بىلەن
ئىلگىرىلەيدىغان شىجائەتكە ئىگە بولمايدىكەنمىز، بىزنى يەنە بىر
خەۋپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. بۇ خەۋپ يۇقىرىدىكى ئىلغار مائارىپچىلىـ
رىنى يېتىشتۈرگەن مىللەتلەردىن يېڭىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇـ
لار ياساپ چىققان ماشىنا ئادەملەردىنمۇ يېڭىلىپ قېلىشتۇر.

ھازىر دۇنيا بويىچە ئەڭ ياخشى بولغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ باھاسى ناھايىتى قىممەت بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى پەقەت قۇرت ـ قوڭغۇزلار (ھاشارات) نىڭ سەۋىيىسىدە بولۇپ، تېخىچە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرالمىغانلىقتىن، جەمئىيەتتىكى كارامەت كۆرسىتىدىغان ئورنى خېلى بەكلا چەكلىك بولماقتا. لېكىن ئالىملارنىڭ تەتقىقات ۋە پەرەزلىرىگە قارىغاندا، بۇنداق ۋەزىيەت ئۇزۇنغا بارمايدۇ. كەلگۈسى ئون يىل ئىچىدە ماشىنا ئادەملەر ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە تېزلىكتە ئۆسۈپ يېتىلىپ، بارغانسېرى قابىللىشىپ كېتىدۇ ۋە بارغانسېرى مۇستەقىللىقتا قاراپ تەرەققىي قىلىدۇ. 50 يىلدىن كېيىن ئۇلار تەن تۈزۈلۈشى ۋە ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە، قىسمەنلىكتە بولسىمۇ ئىنسانىيەتتىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. كەلگۈسىدە بارلىققا كېلىدىغان مۇنداق ماشىنا ئادەملەرنى ھازىرچە تۆت ئەۋلادقا بۆلۈپ چۈشىنىش مۇمكىن.

بىرىنچى ئەۋلاد 2000 — 2010 ـ يىللاردا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، شەكلى جەھەتتە ھازىرقى ئادەملەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار تۈز يەردە چاققان ھەرىكەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى شوتىغا چىقالىشى، ئېگىز ـ پەس يوللاردا بىمالال ماڭالىشى مۇمكىن. ئۇلار مەشغۇلات ئېلىپ بېرىشتا كۆپ ساندىكى كۈندىلىك لازىمەتلىك نەرسىلەرنى ئىشلىتەلىشى ۋە ئۆز ئەتراپىدىن ئۆزىگە لازىملىق سايمانلارنى تاپالىشى مۇمكىن. بۇنداق ماشىنا ئادەملەر ھەربىر سېكۇنتتا بىر مىليارد قېتىم ھېسابلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھازىرقى دەرىجىدىن تاشقىرى ھېسابلاش ماشىنىسىغا تەڭلىشىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇلار ئالدى بىلەن زاۋۇت، ئىسكىلات ۋە ئىشخانىلاردا قوللىنىلىپ، كومپيۇتېرنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپى بويىچە يەڭگىل بولغان تېخنىك پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارالىشى مۇمكىن. مەسىلەن، باشقا ماشىنا ئادەملەرنى قۇراشتۇرالىشى، يۈك يۆت-

كىيەلىشى، ئاپتوموبىللارنى يۇيالىشى، گىلەم توقۇيالىشى، ئوتلۇقلارنى رەتلىيەلىشى، كىشىلەرنىڭ ئويۇن - تاماشىلىرىغا ھەمراھ بولۇپ بېرەلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ئەۋلاد ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتى ئومۇمەن يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋاناتلاردىن ئۆتۈپ كەتمەيدۇ. ئۇلار ئۆلۈك تەرتىپلەرنىڭ سادىق قۇلى بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، خاتالىقلارنى جاھىللىق بىلەن تەكرارلايدۇ، مۆلچەرلەش قىيىن بولغان شارائىتلاردا ئامالسىز قاراپ تۇرىدۇ.

ئىككىنچى ئەۋلاد 2010 — 2020 - يىللاردا بارلىققا كېلىپ، ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش سەۋىيىسى جەھەتتە بىرىنچى ئەۋلادتىن 30 ھەسسە ئېشىپ كېتىدۇ ۋە ئۇيغۇنچانلىققا زور دەرىجىدە ئىلگىرىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىگە بىر خىل «بايقىغۇچ» بېكىتىلىدۇ، ماشىنا ئادەم ھەرىكەت قىلغاندا، بايقىغۇچ ئۇنىڭ بىرنەچچە خىل ھەرىكەت لايىھىسىدىن ئەڭ ئەلاسىنى تاللىۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. دېمەك، بايقىغۇچ ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈش خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدۇ، مۇشۇ ئاساستا ئۇنىڭ تېخنىكىچانلىقى ۋە خاسلىقىنى يېتىلدۈرۈپ، ئۆز ئالدىغا قىيىن مەسىلىلەرنى تاپالايدىغان ئۇسۇلغا ئىگە قىلىدۇ. بايقىغۇچ يەنە ئاۋاز ئۇچۇرلىرىغا ئىنكاس قايتۇرىدۇ. كىشىلەر ئىككىنچى ئەۋلاد ماشىنا ئادەملەرنى مەشىق قىلدۇرۇپ يېڭى ۋەزىپىلەرگە لايىقلاشتۇرۇشى، خۇددى سېرك ئۆمىكىدىكى ھايۋاناتلارغا ئوخشاش ئاستا، ئەمما قىزىقارلىق ھەرىكەتلەرنى قىلالايدىغان قىلىشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى ئەۋلاد 2020 — 2030 - يىللاردا بارلىققا كېلىپ، دوراش ئارقىلىق بىرقەدەر ياخشى ئۆگىنىش قابىلىيىتىنى ئىگىلىيەلىشى مۇمكىن. ھالبۇكى، دوراش ماشىنا ئادەملەردىن جىسىملارنى تونۇش قابىلىيىتى بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۈچىنچى ئەۋلاد ماشىنا ئادەم ئىش قىلىشتىن

بۇرۇن مانىۋىر شەكلىدە دوراپ بېقىپ، ئەگەر مۇنداق دوراش ياخشى نەتىجە بەرمىسە مۇددىئاسىنى ئۆزگەرتىش مۇمكىن، بۇ خىل ھالەت ھەقىقەتەن بىر خىل ئالاھىدە ئەۋلاد بولۇپ، بۇ ئەۋلاد ماشىنا ئادەم سانسىزلىغان دوراشلار نەتىجىسىدە تەجرىبە ھاسىل قىلىپ، بوش ـ بىكار قالغان چاغلىرىدا ئۆزىنى ئويناپ، ھەر ئىشنى ئۆز جايىدا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىش مۇمكىن. شۇنداقلا باشقىلار قىلىۋاتقان ھەرىكەتكە قاراپ تۇرۇپ، «ھە، مەنمۇ شۇنداق قىلاي» دەپ ئۆز ھەرىكىتىنى لايىھىلەش مۇمكىن. چۈنكى بۇ ئەۋلاد ئاساسلىقى دوراش بىلەن ئۆتىدۇ.

تۆتىنچى ئەۋلاد 2030 — 2040 ـ يىللاردا بارلىققا كېلىپ، خۇددى ھازىرقى ھېسابلاش ماشىنىسى توغرا، تېز ھېسابلاشتا بەزى تەرەپلەردە ئادەمدىن ئۆتۈپ كەتكەندەك بەزى تەرەپلەردە ئادەملەرنى دوراشتىن ئىش ـ ھەرىكەتلەرنى دوراپ چىقىرىدىغان دەرىجىگە يېتىش مۇمكىن. ئەگەر ئادەم ماشىنا ئادەمگە «جۇمەككە قاراپ تۇرۇپ، قاچا توشقاندا جۇمەكنى ئېتىۋەت» دېسە، ماشىنا ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ تەرىپىگە كىرگۈزۈپ ۋەزىپىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇندىشى مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، ماشىنا ئادەم تۆتىنچى ئەۋلادقا بارغاندا بەزى جەھەتلەردە ئادەم بىلەن تەڭلىشىپ قالىدۇ. بەزى جەھەتلەردە، بىز ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىشلارنى قىلىدۇ. ئەمدى ئۇلار ئۆزى مۇستەقىل ھالدا ئۆز ئەۋلادىنى لايىھىلەپ چىقالامدۇ ـ يوق، بۇ يەنە بىر مەسىلە بولۇپ، ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، دۇنيا يەنە باشقا بىر تۇسكە كىرىپ كېتىدۇ. دۇنيا مانا مۇشۇنداق ئادەملەر قولىدىن چىققان ماشىنا ئادەملىرى بىلەن باشقا تۇسكە كىرگەندە، بىز يەنە قالاق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ياكى قالاق قوۋملارنىڭ دورامچىسى بولۇپ تۇرىمىزمۇ؟ ئادەملەردىن ئەمەس، ئادەملەر ياسىغان ماشىنىلاردىنمۇ ئارقىدا قېلىش خەۋپى ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىمىزمۇ؟ ياق، بىز ھەرنېمە دېيىلى، ھەرنېمە

قىلايلى ، جەزمەن تەرەققىيات كەلكۈنى ، قالاق ئادەملەر پەيدا قىلىۋاتقان قىياس ئالدىدىن بالىلىرىمىزنى ئىلغار ئوقۇتۇش ئۇ-سۇلى بىلەن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشىمىز كېرەك .

ھازىرقى دۇنيادا تاللىنىۋېلىنغان ئىجادىي ئوقۇتۇش ئۇسۇلى-نىڭ نېگىزى يەر بىلەن ئۇرۇقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش بولۇپ ، بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچى-نى «يېڭىلىق تېرىيدىغان تۇپراق» ۋە يېڭىلىق ئۇندۇرىدىغان ئۇرۇق» ئورنىدا كۆرۈپ ئوقۇتىدۇ .

بىرىنچى خىل ئۇسۇلدا ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇقنى تېرىيدىغان تۇپراق دەپ قارايدۇ . بۇنداقتا مەسىلىنىڭ ھەل قى-لىنىشى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇرۇقنى تاللاش سۈپىتىگە ۋە ئۇرۇقنى ئۆستۈرۈپ ئەي قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان زېھنىي كۈچىگە باغلىق بولىدۇ - دە ، ئوقۇتقۇچى مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمى-غاندا باشقىلارغا ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ ، «تۇپراق ياخشى بولمى-غانلىقتىن ئۇرۇق ئەي بولمىدى» ياكى «ئۇرۇق ياخشى باشاقلى-مىدى» دەيدۇ . بىراق ، بۇنداق دەپ قويۇش بىلەن ئوقۇغۇچى ئەلا سۈپەتلىك بولۇپ كېتەلمىگەنلىكتىن ئوقۇتقۇچى ئۆزىگە «ئۇرۇقنىڭ سۈپىتى ياخشىمۇ - ياخشى ئەمەسمۇ ؟» «ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىپ باشاقلاش قابىلىيىتى بارمۇ - يوقمۇ ؟» دېگەن سوئالنى قويىدۇ - دە ، ئوقۇتقۇچى تاللىغان بىلەنلا ئوقۇغۇچى-نىڭ سۈپەتلىك بولۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىپ ئوقۇتۇش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ ، ئوقۇغۇچىنى تۇپراق ئە-مەس ، ئۇرۇق دەپ قارايدۇ .

ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇق دەپ قارايدىغان ئىككىنچى خىل ئۇ-سۇلدا ، ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇنبەت تۇپراق تەييارلايدۇ . ئوقۇتقۇچى ئۇرۇقنى ئەيىبلىمەيدۇ ، تۇپراق-نىڭ سۈپىتىنىڭ ناچار بولۇپ قېلىشىدىنمۇ ئاغرىنمايدۇ - دە ، «بۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىكى مەسىلە ، ئۇرۇق دېگەندە ئۆسۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يېتىلىدىغان يوشۇرۇن قابىلىيەت بار ، بۇ ئىككىسىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ ئۆستۈرۈش مېنىڭ ۋەزىپەم» دەيدۇ ـ دە ، تۇپراقنى ئالماشتۇرۇشتىن ئۇرۇقنى ئالماشتۇرۇش ئاسان بولغاچقا ، ئوقۇغۇچىنى ئۇرۇق دەپ قارايدۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇرۇق — ئوقۇغۇچى ئۆسۈپ يېتىلىدىغان كەلگۈسى ئىجادىي ئادەم بولسا ، ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئۆستۈرۈپ ۋايىغا يەتكۈزىدىغان پەرۋىشكار بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ماسلىشىپ ئىجادىي ئوقۇتىدۇ .

بۇنداق ئوقۇتۇش ئۇسۇلى مەكتەپتىنمۇ بەك ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئائىلە تەربىيىسىگە ماس بولۇپ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كېلەچەدكىمىزنى قۇرۇشى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلاردىمۇ ئىجادىي تەربىيەلەش بىلىمى بولۇشى زۆرۈردۇر . چۈنكى ، ئاتا ـ ئانا بىلەن بالا ـ چاقا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت خاراكتېرى ئىجتىمائىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدىغان نېگىزلىك مۇناسىۋەت . بۇنداق مۇناسىۋەتنى چاكىنا مېھىر ـ شەپقەت دائىرىسىدە توختىتىپ قويۇش هايۋانلاردىن ئادەم ھېسسىياتىغا كۆچۈشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى .

ئۇ پەقەت نىشانلىق هالدا مىللەتنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىنى ئۆستۈرۈش سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلگەندىلا زامانىمىزنىڭ رىقابىتىگە ئۇيغۇنلىشالايدۇ . بۇ ئىجادىي ماتارىپ ساھەسىدىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلە بولۇپ ، بۇ ساھەدە مەيلى چاكىنا مېھىر ـ شەپقەت شەكلى ، مەيلى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشتا باللارنىڭ كۆزىگە سوتچىلاردەك تىكىلىپ تۇرۇۋېلىش بولسۇن كارغا كەلمەيدۇ . ئالىملارنىڭ قارىشىچە ، بۇنداق ئوقۇتۇش ، تەربىيەلەش نەتىجىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باللار دۇنياسىغا كىرىش كېرەك . ئۇلارنى تەنقىدلەشتىن بۇرۇن ئۇلارنى چۈشىنىش ، ئۇلار ئەھۋاللارنى بايان قىلىۋاتقاندا ، بىر ئىلاج قىلىپ ئۇلارنىڭ توغرا كۆزقاراشلىرىغا قوشۇلۇپ تۇرۇپ سۆزلىشىش ، ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆز ، ئىش ـ ھەرىكىتىنى بۇيرۇق شەكلى

بىلەن توسۇپ، ئۆزىمىزنىڭ كۆزقاراشلىرىنى ئۇلارغا تاڭماسلىقىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، بالىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتىنى ئويغاق ھالەتكە كەلتۈرگىلى بولىدۇ. ئۇلاردىكى ئىختىرا، ئىجادىيەت كەلگۈسىدە بىزنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە غەيۇر ئۇستۇن بولىدۇ. توغرا ئوقۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن ئېچىلىدىغان مۇنداق يوشۇرۇن كۈچ كەلگۈسىدە بېشىمىزغا چۈشىدىغان ھەرقانداق بەسى مۇشكۈل كۈنلەردىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك تايانچىسىدۇر.

دۇنيا پەننىي مەكتەپلەردىلا ئەمەس، ھەتتا دىنىي مەكتەپلەردىمۇ ئىجادىي مائارىپ ئۇسۇلىنى قوللىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز؟ دىنىي تۈس ئالغان مەكتەپلەر ئۇياندا تۇرسۇن، ھەتتا بىزنىڭ پەننىي مەكتەپلىرىمىزدىمۇ دۇنياۋى سەۋىيىگە قانچە يىلدا، قانداق قىلىپ يېتىش ھەققىدە پۇختا پىلانلار يوق. ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەردە ھازىرمۇ پەن بىلەن دىن ئايرىۋېتىلگەن نوقۇل ئىلاھىيەتچىلىك ئۇسۇلى داۋام قىلماقتا. بەزىلەر تېخى مائارىپتا مەنىۋى بايلىق يارىتىشنى ئاساس قىلماي ماددىي بايلىق يارىتىشنىلا تەكىتلەپ، ئۇنى بۈگۈنى ئوقۇتۇپ ئەتىسى ئىشلىتىپ جان ساقلايدىغان ئاددىي تېخنىك ياكى ھۈنەرۋەنچىلىككە، ھەر كۈنى سېغىپ ئىچىدىغان «سېغىن كالا»غا ئوخشىتىۋالماقتا. ھەتتا تېخى بىزدىكى بۇنداق ئىجادىي مائارىپ تەشەببۇسچىلىرىنى «زىيالىي - خىيالىي» دەپ، ئۇلارنى خىيالپەرەست دەپ شاڭخو قىلىپ، سەتلىشىپ ھىجىيىپ يۈرگەنلەرمۇ بار. تەبىئىيكى بۇ كىشىلەردىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشتا ئالدىراڭغۇلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىلىمسىزلەرنىڭ ئۇرۇنۇشى. بۇ مائارىپنىڭ بىرقانچە ئەسىرلەپ نىشانلىنىدىغان ئىجتىمائىي بىناكارلىق قىلىش قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى مائارىپىنى ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ، ئەن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەنئۇى مائارىپ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ . بىلىم ئۆگىتىشىنىڭ
سانى ۋە مۇستەھكەملەش دەرىجىسى ئوقۇتۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇ-
قىرى ـ تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىنىدۇ . ئوقۇتۇش
ئۇسۇلىدا ئوقۇتقۇچىلار سۆزلەش ئاساس قىلىنىپ ، دەرسخانا ،
دەرسلىك ، ئوقۇتقۇچى مەركەز قىلىنىدۇ ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كاللـ
لىسى پەقەت بىلىم قاچىلاش ئىسكىلاتى قىلىنىدۇ . دەرسخانا
ئوقۇتۇشنىڭ كوللېكتىپ دەرس ئاڭلاش تۈزۈمىدە ئورتاق تەرەق-
قىي قىلىش كۆپرەك تەكىتلىنىدۇ . ئوقۇتۇش مەزمۇنىدا ئوقۇ-
تۇش پروگراممىسىغا ئەمەل قىلىنىدۇ . دەرس ئوقۇتۇش پىلانىدا
بەلگىلەنگەن سۈرئەت بويىچە ئۆتۈلىدۇ . جەمئىيەت ئېلېكترون-
لۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا ئۆتكەن
بۈگۈنكى يېڭى دەۋردە ، يالغۇز مۇشۇنداق دەرسخانا ئوقۇتۇشى
بىلەنلا تەربىيىلەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدار قۇرۇل-
مىسىدا كەملىك كۆرۈلمەي قالمايدۇ . بولۇپمۇ يېڭى بىلىملەرگە
ئېرىشىش ۋە جىددىي ئۆزگىرىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتقا ئۇي-
غۇنلىشىش قابىلىيىتى كەمچىل بولۇش ، ئىزدىنىش روھى ۋە
ئىجادىي قابىلىيىتى كەمچىل بولۇش ئەھۋالى ئېغىر بولىدۇ .
بۇنداق ھالەت ئۆزگەرمەيدىكەن ، ئېچىۋېتىلگەن دۇنياۋى مائارىپ
سەۋىيىسىگە يېتىپ ، ئىجادىي ئادەملەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش
مۇمكىنمۇ ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مەكتەپلىرىمىزدە ئىجادىي قابىلىيەت-
نى ئېچىشقا ئائىت دەرسلىكلەر كەمچىل ، ئىجادىي تەپەككۇر
مەشىقلىرى كەمچىل ؛ نومۇرنى ئەلا بىلىش يەنىلا ئېغىر ، ئوقۇت-
قۇچىلارنى ھۆرمەت قىلىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكى
(ئوقۇتۇش سەۋىيىسى ، سەنئىتى ) دىكى كەمچىلىكلەرنى كۆر-
سىتىپ تۇرۇش ، ئۇلارنى يۇقىرى تەلەپ بىلەن تەربىيىلەش
كەمچىل ، بۇنداق ئەھۋاللار تەبىئىيكى ئوقۇغۇچىلار ئىجادىي
قابىلىيىتىنىڭ ئېچىلىشىغا توسالغۇ بولىدۇ .

چۈنكى بۇنداق مائارىپ تەربىيىسى ئوقۇغۇچىلارنى كىتابىي

بىلىملەر ئارقىلىق بۇرۇن قوللانغان ۋە كۆز ئالدىمىزدا بىز ھەر كۈنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بەزى ئەندىزىلەرگە ئۆيغۇنلىشىشقا قىستايدۇ. ئائىلىۋىق، ئوقۇتقۇچىلار ئىلمىي ماقالە يېزىشنى ئوقۇتقاندا، كىرىش سۆزى مۇنداق بولىدۇ، ئىسپاتلاش مۇنداق بولىدۇ، خاتىمىسى مۇنداق بولىدۇ، دېگەنلەردە مەھكەم تۇرۇۋېلىپ، بىزنى بۇرۇن ئۆتكەن ئالىملارنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىلىرىگە كۆندۈرىدۇ، ئىلمىي ماقالە يېزىشتا قانداق قىلىپ يېڭى ئىختىرا، ئىجادىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈش ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىلىم قوبۇل قىلىش، نوپۇزلۇق ئوقۇتقۇچىلار قىممىتى بار دەپ قارىغان ئىدىيىلەرنىلا قوبۇل قىلىش بىلەن چەكلىنىپ، يېڭى، قىممىتى بار ئىدىيىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ھەققىدە كۆپ بىلەلمەيمىز. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدىكى ئەڭ ياخشى، تەرەققىيات ئىستىقبالى بار دەپ قارالغانلار ئۆزىنى باشقىلارنىڭ قېلىپىغا سېلىشقا ماھىر ۋە باشقىلارنىڭ پىكرى بويىچە مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىدىغانلار بولۇپ چىقىدۇ. بۇنداق ئەندىزىچىلىك ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا بولۇپلا قالماستىن، شۇنداق تەربىيە نەتىجىسى بىلەن باشقۇرۇلۇۋاتقان ئائىلىلەر، خانىقا - مەدرىسلەر، ھەتتا سىياسىي تەشكىلاتلاردىمۇ بولۇپ، بۇنداق ئورۇنلاردا ئەندىزىچىلىككە ئەڭ ياخشى ماسلىشالايدىغانلار ياخشى ئوقۇغۇچى، ياخشى تالىپ، سەمىمىي كادىر بولۇپ چىقىدۇ. بىز مۇشۇنداق ئەندىزىچىلىك بىلەن دۇنيادا «بۈگۈنكى ماتارىپ كەلگۈسىدىكى تەرەققىي قىلغان سانائەت» دېگەن شوئار ھەم ئۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى ھازىرقى زامان سانائىتى ئەۋج ئېلىۋاتقاندا، نان ۋە كاۋاپچىلىقىمىزنى، پىچاق ۋە قەلەمتىراچلىرىمىزنى ساقلاپ قالغان ۋە راۋاجلاندۇرغان بولساقمۇ، سەگەز، خام، چەكمەن، يۇڭ چەكمەن، تاغار، پالاس، ئەتلەس، بەقەسەم . . . توقۇمىچىلىقنىمۇ يېتتۈرۈپ قويۇۋاتىمىز، ماتارىپنى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ تېخنىكا تەلەپلىـ

www.uyghurkitap.com

-رى بىلەن باغلاش ئاجىز بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئاقىۋەتلەر ئوقۇشتا بېكىنمىچىلىك قىلىپ، ئۆزىمىزدىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى بوغۇپ قويۇۋاتقانلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئائىلە تەلىم - تەربىيىسىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادەتلەر ئاساسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىككە ئېغىشىغا كېلىدىغان بولساق، تېخىمۇ گەپ تولا. نۇرغۇن ئاتا - ئانىلار بالا تەربىيىلەشتىن ئاۋۋال ئۆزىنى مۇناسىۋەتلىك بىلىم ئاساسىدا ئەتراپلىق تەربىيىلىمىگەنلىكتىن، ئادەم تەربىيىلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى بولغان ئائىلە تەربىيىسىدە ئىلمىي ئۇسۇل بىلەن بالا تەربىيىلەشنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىگە ئەمەل قىلالماي، تەتۈر كوچىلاردا مېڭىپ، بالا تەربىيىلەشتە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ تۇرىدۇ. بۇنداق سەۋەنلىكلەر تۈپەيلى بالىلارنىڭ ئىجادىي قابىلىيىتى كۆپ تەرەپلىمە توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

ئالايلۇق، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنى ئىقتىدار جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئەخلاق جەھەتتە تەربىيىلەشكە تولۇق ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ھازىر مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئائىلىلەردە بالىلار ئاتا - ئانىلار ۋە جەمئىيەت كۈتكەندەك تەربىيىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، خەلقىمىز ئارىسىدا ئۇزۇندىن داۋام قىلىپ كەلگەن «بالىسىز قالغانلار يىغلاش» ۋە «دۇئا- تەكبىر قىلىپ بالا تىلەش» ئادىتى «بالىسى يامانلار يىغلاش»، ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىدىن يارەنلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماسلىقتا ئۆزگىرىپ كەتمەكتە. ئانىلىق جەمئىيەتتىن كېيىنكى پۈتكۈل تارىخىمىزدا غولام - ئەرلەر يەر تېرىپ، مال بېقىپ، تىجارەت قىلىپ، ئاتا - ئانا ۋە بالا - چاقىنى بېقىشقا، ۋەتىنى ئۈچۈن ئىشلەشكە تەييار تۇرۇش ئادىتىدە سۇسلاش بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قان - تەرى بىلەن ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن ياكى قىران يىگىت بولغاندىمۇ ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتلەرنى زىممىسىگە ئالماي گېزىرىپ يۈرىدىغان، تۈرلۈك يامان قىلىقلار ئارقىلىق «بالا ئە-

مەس ، بالا » ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغانلار پەيدا بولۇپ ، پۈتكۈل مىللەتتە ۋاقتىدا تاڭمىسا يىرىڭداپ كېتىدىغان يارىغا ئايلانماقتا . ھەربىر ئاتا ـ ئانا ۋە بالا ـ چاقا ئۆز ئائىلىمىزگە قاراپ باقايلى ، سەھەر تۇرۇپ ئىلمىي ـ ئىمان ۋە تىجارىتى جاھان قىلىدىغان مىللەتنىڭ شەرىپى بىلەن ياشاپ كەلگەن تۇرۇپ ، بۈگۈن نېمە قىلىۋاتىمىز ؟ نەگىلا قارىساق ، ئەقلىمىزنى بۇلغاپ ، كۆڭلىمىز-نى قارا قىلىۋېتىدىغان خۇنۇك نەرسىلەر كۆزىمىزگە چېلىقىدۇ . بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياتاقخانىسىدىكى قىياپەتلىرىنى كۆز ئال-دىمىزغا كەلتۈرسەك ، «خۇدا ئۇرغان بۇ مىللەتنىڭ راستىنلا ئۆلگۈسى كەلگەن ئوخشىمامدۇ ؟ » دېگەن ئويغا پاتىمىز ـ دە ، بەدەنلىرىمىز تىكەنلىشىپ ، ئەندىكىپ كېتىمىز . گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان : پوكۇنى ئوقۇغۇچى ئوغرىلىق يولد-غا كىرىپ كېتىپتىكەن مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىپتۇ ، پۈستانى ئو-قۇغۇچى بىرسىگە پىچاق تىقىپتىكەن تۈرمىگە ئاپتۇ ، . . .دېگەن شۇم خەۋەرلەرنىڭمۇ جەمئىيەتتىكى گېزەندىلەر ئارىسىدىن چىد-قىپ تۈگىمەي ، ئىنسانىيەت كامالىتى ئۈچۈن بەخت تىلەيدىغان مۇشۇ مۇقەددەس جايدىن تارقالغىنىنى كۆرمەمسىلەر ؟ مانا مۇ-شۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلاردا ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش بىلەن بىر چاغدا ، ئەخلاقىي ـ پەزىلەت تەربىيىسىنىمۇ باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتالمىغانلىقنىڭ ئاقىۋىتى . ئەخلاقىي ـ پەزىلەت ئادەمنىڭ ئادەم بولۇشىدىكى نېگىزلىك ئىش ، بۇنىڭدا چاتاق چىقسا ، ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولغاندىمۇ جەمئىيەت ئۇنى شاللاپ تاشلايدۇ . مىللەت ئەخلاقسىزلىشىپ كەتسە ، ئۇنىمۇ دۇنيا شاللىۋېتىشتىن يانمايدۇ . بۇنى بالا تەربىيىلەۋاتقان ۋە مىللەتتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانىمىزغا ۋىجدان بىلەن كۆيۈنىدىغان ھەرقاندىقىمىز ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇشىمىز كېرەك .

ئىككىنچىدىن ، بەزى ئاتا ـ بالىلارنىڭ ئەقلىي جەھەتتە تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بېرىپ ، غەيرىي ئەقلىي جەھەتتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تەربىيىلىنىشىگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. تالانتشۇناسلىقنىڭ قارىشىچە، تالانتلىق ئادەمنىڭ يېتىلىشى ئەقلىي ئامىللاردىن غەيرىي ئەقلىي ئامىللارغا (پەزىلەت ئامىللىرىغا) تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ. چۈنكى تالانتلىق ئادەمنىڭ يېتىلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك، مۈشكۈل، ئەگرى ـ توقاي، مۇرەككەپ بولغان ئەقلىي ھەم جىسمانىي ئەمگەك جەريانىدىن ئۆتىدۇ، بۇنداق جەريان ئېنىق بولغان بۈيۈك غايىگە، ئالىي ئىستەككە، كونكرېت نىشانغا، قويۇق قىزىقىشقا، جاپالىق تىرىشچانلىققا موھتاج بولىدۇكى، ھەرگىز ئالاھىدە ئۇستىكارلىق بىلەن تۈزۈلگەن بىر پىلان بىلەن ھاسىل بولمايدۇ. مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش غەيرىي ئەقلىي تەربىيىدىكى يادرولۇق مەسىلە. پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەلگۈسىنى نەزەردە تۇتقاندا، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇتۇپ چىقىدىغان بالىلار ھەۋەس قىلىپ تۇرىدىغان، قىزىقىدىغانلاردۇر. ئوقۇغۇچىدا ھەۋەس ۋە قىزىقىشتىن ھاسىل بولغان بىلىم تەشنالىقى، بىلىم ئىزدىنىشكە بولغان تەخىرسىزلىك بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشتىكى ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچتۇر. قىزىقىش بولغان ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىنى پۈتكۈل زېھنىنى يىغىشقا، پائال تەپەككۇر قىلىشقا، ھەتتا تاماق ۋە ئۇيقۇنى ئۇنتۇغان ھالدا نىشاندىكى بىلىملەرنى ئىگىلەپ ئالمىغۇچە توختىمايدىغان قەيسەرلىككە ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق قىزىقىش بولمىغان ئۆگىنىش ئوقۇغۇچىغا نىسبەتەن بىر خىل يۈك بولۇپ، بۇنداق ئۆگىنىشتە ھەرقانچە ھەيدەكچىلىك قىلغان ۋە باشقا تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ ئۇنۇم تۆۋەن بولىدۇ.

يەنە كېلىپ، ئادەمنىڭ بىلىش پائالىيىتى ئادەمنىڭ ھېسسىياتى بىلەن زىچ باغلانغانلىقتىن، ھەربىر بىلىش پائالىيىتى بەلگىلىك ھېسسىيات ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئادەمدە كۈچلۈك ھېسسىيات بولمايدىكەن، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئۇلۇغ ئىرادى-

ـنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن ئەمەس . پەقەت پاك ۋە ئالىيجا-
ناب ھېسسىياتلا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ ، ئۇلار-
نىڭ بىلىش پائالىيىتىنى ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى ئىجادىي
پائالىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ . ئوقۇتقۇچىسىنى پەۋقۇلئاددە ھۆرمەت
قىلغان ئوقۇغۇچىدا ئۇنى دوراش ، ئۇنىڭدىكى بىلىمنى ئۆزلەش-
تۈرۈش ، ئۇنىڭدىكى يۇقىرى تالانتقا ئىنتىلىش كۈچىيىدۇ -
دە ، ئوقۇغۇچىدا ھاسىل بولغان مۇنداق دوستانە يۈزلىنىش ئۇ-
نىڭ نىشانلىق تېز ئۆرلىشىگە باشلامچى بولىدۇ . پەزىلەتلىك ،
سەۋىيىلىك ، تالانتلىق مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلار ئالدىدا
نوپۇز ئىگىسى ، نازارەت قىلغۇچى قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقماس-
تىن ئۆزىنىڭ تىل ، ھەرىكەت ، تەقى - تۇرقى ، مۇئامىلىسى
بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا مېھرىبانلىق ، ئىلھام ، ئىشەنچ ، ئىززەت - ئىك-
رام تارقىتىدىغان ئۇستازلىق قىياپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاند-
ـا ، ئوقۇغۇچىلار يالغۇز بىلىم ئېلىپلا قالماستىن ، تېخىمۇ
مۇھىمى مەنىۋى جەھەتتە قوللاشقا ۋە پىكىر - ھېسسىيات جە-
ھەتتىن قانائەتكە ئېرىشىپ ، شۇ خۇشاللىق ئىچىدە جۇشقۇن روھ
بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ .
بۇنداق ئىكەن ، ئاتا - ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ بېشىدا دې-
ۋەيلەپ تۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىتىشى ، قاتتىق قوللۇق بىلەن
ئۇلارنىڭ بىلىم ئېلىشىغا نازارەت قىلىشى ، ھەر خىل توغرا
پائالىيەتلەردىن چەكلىشى ئەقلىي جەھەتتە يېتىلدۈرۈشكە مەلۇم
تەرەپلەردىن پايدىلىق بولسىمۇ ، ئەقلىي قابىلىيەتنى ئومۇميۈز-
لۈك ئۆستۈرۈشكە يېتەكلەش رولىنى ئوينايدىغان پسىخىك پەزى-
لەت يېتىلدۈرۈش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا يېتەرلىك بولمايدۇ .
تەلىم - تەربىيىدىكى بۇ كەملىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇلار-
نىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە رىئايە قىلىشقا ، كەلگۈسىدە ئىش
تەۋرىتىدىغان بىر بۈيۈك ئادەمنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كۈچلۈك
تەسىر كۆرسىتىدىغان پسىخىك پەزىلەت يېتىلدۈرۈشنى ئائىلە

تەربىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىغا ئايلاندۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەسىلەن، ئوقۇغۇچىلاردا تۇغما خاراكتېرلىك قىزىققاقلىق ھېسسىياتى بولىدۇ. بۇنداق ھېسسىياتقا نىسبەتەن مەنىلىك، قىزىقارلىق مەسىلىلەر ناھايىتى زور سېھىرىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇنداق مەسىلىلەر ئارقىلىق ئۇلاردىكى ھەيران قې-لىش ھېسسىياتىنى بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ قوزغاش، دىققىتى-نى مەركەزلەشتۈرۈش، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ مەزمۇنلارغا قى-زىقتۇرۇش ھەمدە پۈتۈن زېھنى بىلەن مەسىلىلەرگە تىكىلىدى-غان، قېيىنچىلىقتىن قورقماي ئۇ مەسىلىلەرنىڭ تېگى - ماھى-يىتىنى چۈشىنىدىغان، ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىپ تۇرىدىغان قىلىش مۇمكىن. شۇنىڭغا ئوخشاش بالى-لاردا يەنە ئېشىپ كېتىش تەبىئىتى بولۇپ، ئۇلار مۇۋاپىق سورۇنلاردا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئامراق بولىدۇ، باشقىلارنىڭ ئالدىغا كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىر دەرستە ياكى بىر ئىشتا باشقىلاردىن ئېشىپ كەتكىنىنى كۆرگەندە مۇۋا-پىق ئۇسۇل بىلەن ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئارقىلىق، ئۇلارغا ئۇتۇق خۇشاللىقىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئۇلاردا «يەنە ئۇتۇۋال-سام، تېخىمۇ شەرەپلىك بولىدۇ» دەيدىغان ھېسسىياتنى قوز-غاش، بۇنداق ھېسسىيات ئارقىلىق ئالدىغا يولۇققان قىيىنچى-لىقلارنى يېڭىشكە تىرىشىدىغان قىلىش مۇمكىن. مانا بۇ بالى-لاردىكى ھەيران قېلىش ۋە ئېشىپ كېتىشكە ئىنتىلىش تەبىئى-تىدىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش-نىڭ ئېچىۋېتىلگەن ئۇسۇلىدۇر. مانا مۇشۇنداق پەزىلەت يېتىل-دۈرۈش ئارقىلىق ئەقلىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇسۇللى-رى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاتا - ئانىلار ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ئۆزىرۇم بىلەرمەنلىكتىن جەمئىيەتكە، پسىخولوگىيە پەنلىرىگە ئۆ-تۈپ، ئاتا بولۇش ۋە ئانا بولۇش سۈپەتلىرىنى ھازىرلاپ، دەۋر شارائىتلىرى بويىچە ئۈزلۈكسىز تۈردە تېخىمۇ ئېچىۋېتىلگەن

ئىلمىي ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، بالىلاردىكى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈشكە توسقۇن بولىدىغان بىر تەرەپلىمىلىكتىن ساقلىنالايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، بەزى ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرۈشتە ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېسىلىۋېلىپ، مۇھىم نۇقتىنى تۇتالمايدۇ. مۇھىم نۇقتا دېگەندە بىز ئادەم قابىلىيىتىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە ئۇل تاش بولىدىغان قابىلىيەتنى نەزەردە تۇتىمىز. دەرس ئوقۇش، بىلىم ئىگىلەشتىكى تۈپ مەقسەتمۇ نۇرغۇن نەرسىلەرنى يادلىۋېلىش ئەمەس، بەلكى بىلىم ئۆگىنىش ئارقىلىق قابىلىيەتنى ئۆستۈرۈش، ئەقلىي قابىلىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ يوشۇرۇن ئىجادىي قابىلىيەتنى ئېچىشقا ئەڭ زۆرۈر بولغان قابىلىيەتنى نۇقتىلىق ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. تەپەككۇر قابىلىيىتى ئادەمنىڭ بارلىق قابىلىيەتلىرىنىڭ يادروسى بولۇپ، بىر قېلىپتا تەكرارلىنىدىغان نوقۇل ئوقۇشنىلا تەكىتلەپ، مۇھىم نۇقتىنى تەپەككۇر قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە قاراتمىغاندا، بالىلارنىڭ ئەقلىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە ئىزدىگەندەك تەسكە چۈشىدۇ. دەرستىن سىرتقى ئاتا - ئانىلارنىڭ ياردىمى مۇشۇ نۇقتىغا دىققەت قىلىنغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلسا، تەھلىل قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، سېلىشتۇرۇپ ھۆكۈم چىقىرىش قاتارلىق تەپەككۇر قابىلىيەتلىرىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىلسە، ئەقلىي قابىلىيەت تۈپ نېگىزىدىن ئۆسۈپ بارىدۇ.

بولۇپمۇ ماتېماتىكىغا ئائىت بىلىملەر تەپەككۇرنىڭ ئاساسى ۋە بۆلىقى بولۇپ، تەپەككۇر پەقەت ماتېماتىكىلىق مول بىلىمنى مۇنبەت زېمىن قىلىپ تۇرۇپ ئۆسۈپ بارىدۇ. ماتېماتىكىدىن ئىبارەت ئاساسىي بىلىم بىلەن تەپەككۇردىن ئىبارەت ئاساسىي قابىلىيەت چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ماتېماتىكا بىلىمى ناھايىتى ئاجىز بولغان بىر ئادەمنىڭ نەق بىلىملەرنىڭ

يۆتكىلىشىنى تەھلىل قىلالىشى ، ئومۇملاشتۇرالىشى ، ئابستىراكسىيىلىشى مۇمكىن ئەمەس ، خىياللارغا بېرىلگەن ، ئاساسىي بىلىمگە سەل قارىغان كىشىنىڭ ئىجادىي قابىلىيەتنى ئىشقا سېلىپ ئىجاد قىلىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس . ئاساسىي بىلىم ۋە ئاساسىي قابىلىيەتنى ئىلمىي ئۇسۇلدا كۈچەيتكەندىلا ، بالىلاردا ئەلا بىلىش قۇرۇلمىسى ھاسىل بولىدۇ . بىلىش قۇرۇلمىسى كاللىنىڭ سىرتىدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىلىم قۇرۇلمىسىنى كاللىغا يۆتكەپ كىرىپ قابىلىيەتكە ئايلاندۇرغانلىقتىن ، ئادەم مۇنداق ئەلا بىلىش قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغاندا ، مېڭە تېخىمۇ كۆپ ئۇچۇر تارقىتىپ ، بىلىمنىڭ يۆتكىلىشى ۋە بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۈزلۈكسىز بىلىم ئالالايدۇ ۋە تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ بىلىملەرنى قابىلىيەتلەرگە ئايلاندۇرۇپ ماڭىدۇ . مەسىلەن ، ماتېماتىكا بويىچە دۇنياۋى ئولىمپىك مەشىقىدە ، ئوقۇغۇچىلار «جۇڭگو قالدۇق تېئورېمىسى» دېن ئىبارەت بىلىمنى ئۆگەنگەندە ، كاللىسىدا ئاللىقاچان شەكىللىنىپ بولغان «قالدۇقداش مەسىلە» دېن ئىبارەت بىلىش قۇرۇلمىسىغا تايانغان . شۇڭا ، مەيلى ئوقۇتقۇچىلار ياكى ئاتا ـ ئانىلار بولسۇن ، مۇشۇ ئىككى قۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، بالىلارنىڭ ئۆزىدە بار بولغان «قالدۇقداش مەسىلە» دېن ئىبارەت بىلىش قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ ، يېڭى بىلىش قۇرۇلمىسىنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ، مۇشۇ ئاساستا تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ، بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك .

تۆتىنچىدىن ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئارزۇلىرىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ . ئالايلۇق ، بەزىلەر ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى بالىلارنىڭ مەقسىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرمەي ، ئۇلارنى ئۆزى

ياخشى كۆرگەن مەلۇم ئەربابلاردەك بولۇشقا قىستايدۇ. ئۇلار شۇ ئارزۇسى بويىچە بىرمەھەل «پۇستانى ئۇستا ناخشىچى بوپتۇ، شۇنى دورا» دېسە، بىرمەھەل «پۇستانى ئۇستا دوختۇر ياكى رەسسام بوپتۇ، شۇنىڭدىن ئۆگەن» دەيدۇ. بالىلارچۇ؟ ئۇلارمۇ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىر ساھەدە ئىلگىرىلەشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ بالىنىڭ تالانتلىق ئادەم بولۇپ چىقىشىدا ئەنە شۇ قىزىقىش، ياخشى كۆرۈش ئاساسلىق رول ئوينايدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بالىسىنىڭ شۇ قىزىقىشى بويىچە ئۇنى يېتەكلەشنى بىلمەيدىكەن، بالا بىلەن ئاتا - ئانا ئوتتۇرىسىدا تارتىشماق ئويناش كېلىپ چىقىدۇ - دە، ئوقۇغۇچىنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ئائىلىۋى توسالغۇ پەيدا بولىدۇ.

يەنە شۇنداق ئۆزۈمبىلەر ئاتا - ئانىلارمۇ باركى، بالىلىرىنىڭ خۇددى ئۆزىنىڭ بالىلىق دەۋرىگە ئوخشايدىغان بالا ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىنى پۈتۈنلەي باشقۇرۇش دائىرىسىگە كىرگۈزۈۋالىدۇ. مەسىلەن، بالىلار ئوقۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەن ساغلاملىق ساپاسىنىمۇ ئۆستۈرىدىغان باسقۇچتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ بىردەم - يېرىمدەم دەم ئېلىپ ئويناش، تەنتەربىيىنىڭ مەلۇم تۈرلىرىدە چېنىقىش، باشقىلار بىلەن دوستلىشىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆگىنىش تەرەپلىرىنىمۇ چەكلەپ، بۇنداق پايدىلىق پائالىيەتلەرنى ھەتتا شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ كەمچىلىكى قاتارىدا قويۇپ ئۇلارنى ئەيىبلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن بالىلار ئىدىيە جەھەتتە بوغۇلۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا دەككە - دۈككىدە ياشايدۇ، نېمىدېسە: «ماقۇل» دەپ قويىدىغان، كۆڭلىدە ئاللىقانداق ئىشلارنى قىلالمىغانلىقى بىلەن ئارمان بىلەن ياشايدىغان، ئەڭ ئاخىرىدا ھېچ ئىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان ياكى خۇشياقمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. تەبىئىيكى بۇنداق ھالەتكە كىرىپ قالغان بالىلار روھىي جەھەتتە بېسىمغا ئۇچراپ، يۈرىكىدىكى قىزغىنلىقىنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلان-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دۇرۇپ، چوڭلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان، بالىلارنىڭ تەبىئىتى بويىچە كۆپ نەرسىگە ھەۋەس قىلىپ ياخشى پائالىيەتلەرنى قىلىش بىلەن ھەتتا ئوقۇشتىمۇ ئۇزۇپ چىقىپ كېتىدىغان پۇرسەتلەردىن مەھرۇم بولىدۇ.

«ياش ـ ئۆسمۈرلەر گېزىتى» نىڭ 1995 ـ يىل 7 ـ سانىدا «ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىكى قىز باتۇر» دېگەن سەرلەۋھىدە بىر ماقالە ئېلان قىلىنغان بولۇپ، 17 يېشىدا ئالتە پەندىن تولۇق 100 نومۇر ئېلىپ چىنخۇا داشۆسىگە كىرگەن جۇيىيى دېگەن بىر قىز تونۇشتۇرۇلغان. بۇ قىزنىڭ قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، مەكتەپتىكى بارلىق پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىدىكەن، ئىنگلىز تىلىدىن سۆزگە چىقىش، سۆز مۇسابىقىسى قىلىش، ناخشا ئېيتىش، يېنىك ئاتلېتىكا ئويناش... قاتارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن. ئۇنى مۇخبىرلار زىيارەت قىلغاندا، ئۇ: «مەن ھەرىكەتنى ياخشى كۆرىمەن، ھەر تۈرلۈك مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى بولمىسا، مەكتەپ بۇرۇقتۇم بولۇپ كېتىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىمۇ پۈتۈن كۈچ بىلەن ئۇنىڭ ئاشۇنداق ھەرىكەتچان، ئىش ـ ئەمگەككە ئىنتىلىپ تۇرىدىغان بالا بولۇشىنى كۈچەپ تەرغىب قىلىپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ جاپالىق ئەمگەكتىن قورقمايدىغان، تىرىشىپ ئىگىلىك يارىتىدىغان، باشقىلارغا مەردانىلىك بىلەن ياخشى ئىش قىلىپ بېرىدىغان، ۋەتەن، مىللەتكە ئۆزىنى تەقدىم قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان روھىنى ئۇنىڭغا دائىم ھېكايە قىلىپ بېرىش بىلەن بىر چاغدا، ئۇ قىزىققان پائالىيەتلەرگە دادىل ئىلھام بەرگەن، ئۇنىڭ ئۇششاق ئىشلىرىغا ھەددىدىن زىيادە ئارىلىشىۋالمىغان. پسىخولوگلار قىزنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، «ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس بېسىمى ئېغىر، بۇ ئېغىرچىلىق ئۇلاردا روھىي بېسىم ھاسىل قىلىدۇ، ئۇلار

تەنتەربىيە ياكى ئوقۇشتىن سىرتقى ئويۇن ئارقىلىق بۇنداق بىر-
سىنى چىقىرىپ تاشلىنىدۇ . جۇبىيى مۇشۇ قانۇنىيەتكە ئەمەل
قىلغان» دەپ قارىغان .

— بۇنداق پائالىيەتلەر مېنىڭ ئۆگىنىشىمگە تەسىر يەت-
كۈزمەيدۇ ، دېگەن ئۇ ، — چۈنكى مەن ئۆگەنگەندە پۈتۈن
زېھنىم بىلەن كىرىشىپ كېتىمەن ، پۈتۈن دىققىتىم بىر يەردە
بولغاچقا ، ھەتتا يېنىمدا باشقىلار پاراڭ سالسىمۇ كارىم بولماي-
دۇ . ئۆگىنىپ بىر يەرگە بارغاندا ، چارچاپ كېتىمەن ، بۇنداق
چارچاشنى پائالىيەتلەر بىلەن تەڭشەپ ھاردۇق چىقىرىمەن . . .
بەزى ساۋاقداشلىرىم ئۇنداق ئەمەس ، دەرس ئۆتۈلۈۋاتقاندا دىققى-
تىنى يىغمايدۇ ، كۆزى كىتابتا بولسىمۇ ، كۆڭلى باشقا يەرلەردە
يۈرىدۇ ، بۇنىڭدىن مەن ساۋاق ئالدىمكى ، ئۆگەنگەندە بېرىلىپ
ئۆگىنىش ، چارچىغاندا تۈرلۈك ئويۇن - تاماشىلار ۋە ئەمگەك
بىلەن ھاردۇق چىقىرىش كېرەك .

دېمەك ، ئەڭ ياخشى ئوقۇغۇچى كۈن بويى كىتاب ئوقۇيدى-
غان ، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە مەلۇم شەخسلەرنى
دورىغانلاردىن ئەمەس ، ئوقۇيدىغان چاغدا بىجانىدىل كۆڭۈل قو-
يىدىغان ، چارچىغاندا ئۆزى ئەركىن نەپەس ئالالايدىغان ئەمگەك ،
ھۈنەر ۋە مەدەنىي پائالىيەتلەرنى قىلىدىغان مول ھەم كۆڭۈللۈك
مەكتەپ ھەم ئائىلە تۇرمۇشىدىن چىقىدۇ . بۇنداق بالىلار ئوقۇش
ۋە ئەمگەك ئارقىلىق ئىرادىلىك ئۆسكەچكە ، كىنو ئېكرانىدىن
ۋەتىنىمىزنى كۆرگەندە ئۇزاق مۇساپىلىق شانلىق تارىخىمىزنى
كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۆزىگە ھاياجان يېشى ئالىدىغان ، ۋەتىنى-
مىزنىڭ ئالغا باسقىنىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا تەر ئاققۇزغانلارغا
سېغىنىدىغان ، ۋەتىنىمىزگە بىر خىزمەت قىلىپ بېرەلەيدىغان
ئەزىمەتلەردىن بولۇش غايىسى بىلەن دائىم ئىنتىلىپ تۇرىدىغان
بولىدۇ . ئەمگەك ، ئەمەلىي تۇرمۇش تەربىيىسى ياخشى بولمايدى-
كەن ، ئاتا - ئانا تەربىيىسىدە نەتىجە چوڭ بولمايدۇ . ئاتا -

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئانىلار قاتتىق باشقۇرۇش ئارقىلىقلا بالىلىرىدا نەتىجە ھاسىل قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئىشلارنى تۈگىتىپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئارزۇ - ئارمانلىرى، قىزىقىشلىرىنى ھېسابقا ئالغان ھالدا زامانىۋى يېتەكلەش ئۇسۇللىرىغا تايىنىش، بالىلارنى ھەم بىلىمگە چاڭقاق ھەم ئەمگەك سۆيەر، ھەم كىشىلەرگە ئىللىق، خۇش ئاۋاز ئادەم بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك.

بەشىنچىدىن، بەزى ئائىلىلەردە ئاتا بىلەن ئانا بالىلارنى باشقا - باشقا مۇقامدا باشقۇرۇپ، ئىككىيلەن بىرلىككە كېلىپ باشقۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئاتا بىلەن ئانا - بالىلارنىڭ ئورتاق مېھرىبانى. ئاتا بىرنېمىدېسە، ئانا يەنە بىرنېمىدېگەندە، بالىلار قايسىسىنىڭ گېپىگە بويسۇنۇشنى بىلمەي تېڭىرقاپ، روھىي جەھەتتە قاتتىق ئازابلىنىدۇ، ھەتتا بەزى بالىلار مۇشۇ ئىش تۈپەيلى، نېرۋا ئاجىزلىق، ئېلىشىپ قېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. قىزىقى شۇكى، بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ھاللاردا زىيالىيلار بىرلەشكەن ئائىلىلەردە يۈز بېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ھەر ئىككىلىسىنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىشى تۈپەيلىدىن بولۇپ، بۇنداق بىلەرمەنلەرنىڭ ئائىلىسىدىكى بالىلارغا قارىغاندا، بىر - بىرىگە ئىززەت - ئىكرام قىلىدىغان، كەمتەرلىك بىلەن بىر - بىرىگە يول قويىدىغان دېھقان ۋە ئىشچىلارنىڭ بالىلىرى تېخىمۇ ئوبدان ئۇسۇپ يېتىلىدۇ. بۇ بىلىملىك تۇرۇپ توغرا پوزىتسىيىدە بولماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ئالتىنچىدىن، بەزى ئاتا - ئانىلار «ئادەم قولاقتىن، ھايۋان تۇياقتىن» دېگەن تەلىم - تەربىيە ئۇسۇلىغا تولۇق ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. دۇنيا مائارىپىدا جازا ئۇسۇلى بىلەن ئادەم تەربىيىلەش ئومۇمىيۈزلۈك ئاخىرلاشقان بۈگۈنكى كۈندە، بىزدىكى بەزى ئاتا - ئانىلار ئۆتمۈشتىكى مائارىپتىن قېپقالغان ئۇرۇش ئۇسۇلىدىن قول ئۈزمىگەن. ئۇلار ئېھتىمال «قورقۇتۇپ قويسام يامان ئىش قىلمايدۇ» دېگەن ئارزۇ بىلەن ئىش باشلىغان بولسا

كېرەك . ئەمما تەلىم ـ تەربىيە قورقۇتۇپ قويۇش بىلەن نەتىجە بېرىدىغان بولسا ، دۇنيا مائارىپىدا ئۇنىڭغا ئاللىقاچان قارشى تۇرمىغان بولغىيتتى ؟ سىز ئويلاپ باققانمۇ ؟ سىز ، بىز كىچىك ۋاقتىدا مەكتەپلەردىمۇ شۇنداق تۇزۇم بار ئىدى . ئەمما ، بۇگۇنكى كۇندە قايسىمىز بىزنى يۇمران ۋاقتىمىزدا ئۇرغان ئاشۇ مۇئەللىملەرنى ياخشى كۆرىمىز ؟ مۇئەللىملەرنى ئەمەس ، ھەتتا بىزنى ئۇرۇپ قورقۇتقان مېھرىبان قېرىنداشلىرىمىزغىمۇ يۇرەكىمىزدە نارازىلىق ساقلىنىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، بىز بالىلىرىمىزغا قول ئۇزاتقاندا ، ئەقەللىي بالىلاردا شۇنچىلىك تاياق يېگۇدەك ئېغىر گۇناھ بولۇش كېرەك . گۇناھ بولغان تەقدىردىمۇ تاياق ھەرىكىتى ئۇنىڭ خاتا ئىش قىلىپ قويۇشىدىكى سەۋەبلەرنى ئۇنىڭغا چۇشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ . ئەگەر بىز بالىلارغا ئەتراپلىق تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ ئۇلارنىڭ يۇمران كۆڭلىدە : «پاھ ، مېنىڭ ئاتا ـ ئانام نېمىدېگەن ئېسىل» دېگەن تۇيغۇنى قوزغىغۇدەك قابىلىيەتكە ئىگە بولالمايدىكەنمىز ، بىزنىڭ بالىلارنى ئۇرغىنىمىز توغرا بولۇپ چىقمايدۇ ، بەلكى ئۆزىمىزنىڭ تەربىيە كۆرمىگەنلىكى ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ . بىز بۇنداق چاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز ئۇچۇن ، ئۇرغانىنىڭ ئورنىغا شۇ جەھەتتىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ، ماتېرىياللارنى كۆرۇپ ، باشقىلاردىن سوراپ ئۆگىنىپ ، ئاۋۋال ئۆزىمىزنى بىلگىنىمىز ، بالىلارنى تەربىلىگۇدەك بىلىم ، قابىلىيەتكە ئىگە بولغىنىمىز تۇزۇك .

يەتتىنچى ، بەزى ئاتا ـ ئانىلار بالىلارنىڭ ئۆسۇپ يېتىلىشىگە تامامەن قارىمۇقارشى بولغان قىممەت قارىشى بىلەن بالا تەربىيىلەيدۇ . بىز بۇنداق ئىشلارنى ھەرقاچان كۆرۇپ تۇرىمىز . ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كۆپىنچە پۇل خەجلەپ ئوقۇغاندىن كېيىن ، پۇل تاپىدىغان ئادەم بولۇشقا ئالدىراپ كېتىش خاھىشى ئېغىر بولۇپ ، بۇلار كۆپ ھاللاردا شۇ ھەقتىلا پاراڭ سوقۇپ ، بالىلارنىڭ قەلبىدە «پۇل ، ھەي پۇل» دېگەن تەتۇر مۇھەببەتنى پەيدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ . يەنە بەزىلەر بالىلارغا ماددىي مۇكاپات بېرىش يولى بىلەن مەسىلىنى ھەل قىلماقچى بولىدۇ . مەسىلەن ، مەن بىر كۈنى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 17 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئوغلۇم ئەنۋەرنىڭ سىنىپىدا ئېچىلغان ئاتا ـ ئانىلار يىغىنىغا باردىم . بىر ئاتا ئۆز بالىسىنىڭ قايسى بىر پەندىن ياخشى نومۇر ئالغاندا ۋە ياكى تاپشۇرۇقلىرىنى ياخشى ئىشلەپ پۈتتۈرگەندە بىرەر ياخشى يېمەكلىك ، كىيىم ـ كېچەك ئېلىپ بېرىدىغانلىقىـنى ياكى پۇل مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى ھەمدە : «سەن 100 نومۇر ئالساڭ ، يەنە مەن ساڭا . . .لارنى ئېلىپ بېرىمەن ، يەنە پۇل بېرىمەن» دېدىم ، دېدى . ئۇ ، شۇ تەجرىبىسىنى تونۇشـتۇرغاندا ئۆزىنى ناھايىتى توغرا قىلغان ھېسابلاپ پەخىرلىنىش ھېسسىياتىدا تۇردى . ئۇنىڭغا ئوخشاش بەزى ئاتا ـ ئانىلاردىمۇ يۇقىرىقىدەك قىممەت قاراشلىرى بار . بالا تەربىيىلەشتە تاپاۋەتـچىلىك ئىدىيىسى بىلەن ياكى ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن شۇغۇللىنىش ، بەزى ھاللاردا مەسىلىنىڭ ۋاقىتلىق ھەل بولۇشىنى مەلۇم دائىرىلەردە ئالغا سۈرسىمۇ ، ماھىيەتتە بالىلارـنىڭ يۈمران قەلبىدە : «ياخشى ئىش قىلسام ، ياخشى ئوقۇسام ، ياخشى نەرسىگە ، پۇلغا ئىگە بولىمەن» دەيدىغان بىر تەرەپلىمە تونۇشنى پەيدا قىلىدۇ ـ دە ، ئۇلاردا بۇ دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارنى نەق ماددىي نەرسىلەرگىلا باغلاپ قويىدىغان تۇيغۇ ئۆـسۈپ كېتىدۇ . ئۇلاردا بارا ـ بارا راھەتكە بېرىلىش ، ئەڭ ئاخىرىدا راھەتپەرەسلىك ئىدىيىسىگە چىرمىلىپ قېلىپ ، جاپاـلىق ئۆگىنىشكە بەرداشلىق بېرىدىغان ئىرادە پەزىلىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ .

ئەۋلادمۇئەۋلاد ئاتا ـ ئانىغا بالا ـ چاقا ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىش پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئورتاق ئەنئەنىسى تۇرۇقلۇق ، بۈگۈنكى كۈندە بەزى بالىلاردا كۆرۈلۈۋاتقان مەسىـلىلەر بىزنى چۆچۈتمەمدۇ ؟ بىز بۇ يەردە بالىلارنى ئوبدان بېـ

قىشقا ئۆكتە قىلمايمىز ، بەلكى ئۇلارغا خاتا ئۇسۇل بىلەن ئىلهام بېرىپ ، ئاخىرىدا ئۆزىمىز كۈتكەن ئۈمىدنىڭ ئەكسىچە نەتىجە كۆرۈپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىشنى تەكىتلەيمىز .

قاراپ باقايلى ، ھازىر بەزى ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنى تاشلاپ سودىغا ماڭدى . بۇنىڭلىق بىلەن بەزى ئىشلاردا ۋاقىتلىق پايدىمۇ ئالدى . لېكىن ، ئۇلار تېخى دۇنيادا ئەڭ زور پايدىلىق ساقلىنىۋاتقان قالسا ، بىلىممۇ ، پۇل ـ دۇنيامۇ دېگەننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ ئالمىدى ياكى بۇنداق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇلارغا شۇنى ئېيتىپ ئىچۈرەلمىدى .

لېكىن كېلەچەكنى نەزەردە تۇتقاندا ، مەدەنىيەت ئاساسى ئاجىز ، بىلىمى ئاز ئادەمنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش قىلىشى ، كەلگۈسىدە خەلقنىڭ ھۆرمەت نەزىرىدە ، رىقابەتلەردە پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بايلاردىن بولۇشى مۇمكىنمۇ ؟ ھازىرقى كۈندە پەن ـ مەدەنىيەت ئۈچقاندەك راۋاجلىنىپ ، زامانىۋى بىلىملەردىن ئاساسى يوق كىشىلەر بارغانسېرى ناقابىللارغا ئايلىنىپ كەتمەكتە . بۇنداق مەدەنىيەت دولقۇنى تېخى داۋاملىق ئۆرلەيدۇ . بىزنىڭ ئارىمىزدا ئوقۇش ۋاقتى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا توغرا كېلىپ قالغان مىڭلىغان كىشىلەر ھازىرقى كۈندە چوڭراق بىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالماي «ئېسىت» دەپ يۈرسە ، بىز يەنە بالا ـ چاقىمىزنى «پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ» دېگەن ئىدىيە بىلەن تەربىيىلىسەك ، ئاقىۋەت نېمە بولىدۇ ؟ بىزدە «مېلى بارلا ئەمەس ، بىلىمى بارلار ھەقىقىي باي» دېگەن ئەقىدە بار . بۇ ئەقىدە ھازىرقى كۈندە پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلغان ھەقىقەتكە ئايلاندى . باي ، كەمبەغەللىكنىڭ پەرقى ئاساسلىقى بىلىمدە ، بىلىم ئىجاد قىلىشتا بولىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى .

مەسىلەن ، ب د ت مائارىپ ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئېلان قىلغان بىر دوكلاتتا : «ھازىرقى دۇنيادا باي ـ كەمبەغەللىك پەرقى ئالدى بىلەن بىلىم پەرقىدۇر» دېيىلگەن . بۇ دوك-

ـلاتتا بايان قىلىنىشىچە ، نۆۋەتتە يەر شارى بويىچە پەننىڭ تەرەق-
قىياتى تولىمۇ تەكشىسىز بولۇپ ، 80% تىن ئارتۇق پەن تەتقى-
قات پائالىيىتى سانائەتلەشكەن دۆلەتلەرگە مەركەزلەشكەن ، بۇ-
نىڭ ئىچىدە ياپونىيە تەتقىقات تەرەققىياتىغا ئاجراتقان راسخوت
ھەربىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 700 ئامېرىكا دوللىرىدىن
توغرا كېلىدىكەن : ئامېرىكا ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ ھەر ئا-
دەمگە 600 دوللار توغرا كېلىدىكەن ؛ ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدى-
كى دۆلەتلەردە ھەربىر ئادەمگە 30 دوللاردىن توغرا كېلىدىكەن .
بۇنىڭ ئەكسىچە ، بىرمۇنچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە پە-
قەت 0.22 دوللار توغرا كېلىدىكەن . پەن - تېخنىكا خادىملى-
رىنىڭ بىر دۆلەتنىڭ ئاھالىسى ئىچىدىكى نىسبىتى شۇ دۆلەت
ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچى بىلەن توغرا تاناسىپ بولىدىكەن .
ياپونىيىدە ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە 4.7 ئالىم بولۇپ ، دۇنيا
بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن ، ئامېرىكىدا ھەر مىڭ ئادەم
ئىچىدە 3.8 ئالىم بار ئىكەن ، ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدىكى
دۆلەتلەردە ھەر مىڭ ئادەم ئىچىدە 1.9 ئالىم بار ئىكەن .
ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىدە ھەر 5 مىڭ ئادەم ئىچىدە بىر ئالىم
بار ئىكەن . بۇ ئەھۋال بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى قوزغىشى
كېرەك . تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا ، بىزدىكى بارلىق بەخت-
سىزلىك ئەنە شۇنداق ئالىم ياكى ئالىم سۈپەت باتۇرلىرىمىزنىڭ
ئازلىقىدىن ، يوقلۇقىدىن بولۇۋاتىدۇ . ھازىرقى يېزىلىرىمىزدا
ئېغىر دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان نامراتچىلىق ، بەزى ئادەملەرنىڭ
پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەرگىلا تىكىلىۋېلىپ ، ئەقلىي قابىلىيەتكە
مەبلەغ سېلىش ۋە تالانتلىق ئادەملەرنى تەربىيىلەشكە مەبلەغ
سېلىشقا قېيىقلىق قىلىشىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ . شۇڭا ، مەن
باللارنىڭ قەلبىگە ئاۋۋال بىلىم ، پاراسەت ، ئىقتىدار توغرىسىدا
چىراغ يېقىشنى ھەمدە ئەدىب ھاجى ئەخمەد كۆلتېگىننىڭ مۇنۇ
سۆزىنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى تەكىتلەيمەن : «پۇل شەيتانغا

ئوخشاش قىزىقتۇرۇش ۋە ئېزىقتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە . كۆچۈلگە شەيتان ۋەسۋەسە سالسا ، ئېتىقاد سۇسلاشقاندەك ، پۈلغا چوقۇنۇشمۇ ئوخشاشلا ئىلىم - پەنگە ، جۇملىدىن ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىش ، ئىنتىلىشنى سۇسلاشتۇرىدۇ . بۇ مەنىۋى گۇمرانلىقنىڭ ئەڭ روشەن ئالامىتىدۇر . »[①]

① «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 1995 - يىل 1 - سان ، 48 - بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# XII باب پىسخىك ئامىللار

ياشاش سەنئەتكارلىقىدا تەڭلىكە پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئامىللار ئىجادىي مۇھىتنىڭ تاشقى ئامىللىرى بولۇپ، بۇلار ئىجادىيەت جەريانىدا يۇقىرىقىدەك توسالغۇلارنى ھاسىل قىلىدۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئۆزىدە ئىجادىيەت پاراسىتىنى بوغۇپ تۇرىدىغان بەزى پىسخىك چەمبەرلەر ئادەم تەبىئىتىنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بولىدۇ. بۇنداق چەمبىرەكلەرنى بەزىلەر ھەدېسىلا خىجىل بولۇپ ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىراق بۇنداق پىسخىك چەمبىرەكلەر ئۇلاردىكى ئۇلۇغۋار غايىلەرنىڭ يېرىم يولدا ۋەيران بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇنداق چەمبىرەكلەرنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلار كۆپ ھاللاردا: «ئۇتامدىمەن، ئۇتتۇرامدىمەن، پېشانەمدىكىنى كۆرىمەن» دەپ ئىجادىيەتتىكى ئىچكى مۇھىتقا سەل قارايدۇ. ساختا گۇلتاجلارغا ھېرىس قىلىپ ئەقىلنىڭ يېتەكچىسى پەزىلەت جەھەتتە مۇناسىپ تەربىيىلىنىشكە سەل قارايدۇ. شۇنداق بولغاچقا، ئۇلار ناۋادا ئۇتۇپ قالسا، ئۆزىنى نوپۇزلۇق ھېسابلاپ، باشقىلارنى بەختى كاجلار قاتارىغا چىقىرىپ يول توسۇش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ، ئەمما ئۆزىدىكى پىسخىك چەمبىرەكلەرگە سەل قارىغانلىقى تۈپەيلى ئاخىرىدا بېرىپ ئۆزىمۇ تۈيۈق يولغا كىرىپ قالىدۇ. مانا بۇ ئۆزىگە ئۆزى قۇرۇۋالغان پىسخىك چەمبىرەكلەرنى تونۇپ يېتىپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قىممىتىنى تولۇق يارىتالايدىغانلارنىڭ تۈپ پەرقىدۇر. شۇڭا، ئىجادىي قابىلىيەتنى جارى قىلدۇرۇشقا توسالغۇ بولىدىغان پىسخىك ئامىللارنى تونۇپ يېتىش، شۇ ئاساستا ئۆزىنى

ساغلام پسخىكىغا ئىگە قىلىش ئىجادىي مۇھىت يارىتىشتىكى مۇتلەق تەلەپتۇر .

## 1 . پسخىك ساغلاملىق ۋە ساغلامسىزلىقنىڭ پەرقى

ئادەتتە كىشىلەر ساغلاملىق ھەققىدە گەپ بولسىلا ، ئۇنى پەقەت جىسمانىيەت جەھەتتىن چۈشىنىۋالىدۇ . شۇڭا ، ئوزۇقلىنىشقا ، بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ، ئارام ئېلىشقا . . . ئەھمىيەت بېرىپ ، كۈچلۈك ھەم ساغلام تۇرۇشنىڭ ئويىنى قىلىدۇ . ئەمما ، ئادەمنىڭ ساغلاملىقى جىسمانىي ساغلاملىق ، پسخىك ساغلاملىقتىن ئىبارەت ئىككى مەزمۇندا بولۇپ ، ئىنسان كامالىتىدە پسخىك ساغلاملىقمۇ خۇددى جىسمانىي ساغلاملىقتەك ھەتتا ئۇنىڭدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . شۇڭا ، تەن سالامەتلىكىگە بەدەن تېمپېراتۇرىسى 36 — 37 گرادۇس بولۇش ، قان بېسىمى 70 — 120 ئارىلىقىدا بولۇش ، يۈرەكنىڭ سوقۇشى 60 — 90 قېتىمغىچە بولۇش دېگەن ئۆلچەملەر قويۇلغاندەك ، يەنە پسىخىك جەھەتتە ئەقلى نورمال بولۇشتىن باشقا ئىدراك ، ھېسسىيات ، ئىرادە ، خاسلىق ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەت جەھەتلەردىن ساغلام بولۇش ئۆلچىمى قويۇلىدۇ . مەسىلەن ، پسخولوگلار پسخىكىسى ساغلام ئادەملەر مۇنداق بولىدۇ ، دەپ قارايدۇ :

ساغلام ئىدراك قىلىدۇ — ئۆزىگە ، باشقىلارغا ، مەلۇم جىسىمغا ، ئوبيېكتىپ مۇھىتقا توغرا ھەم ئەتراپلىق تونۇشتا بولىدۇ ، شۇنداقلا خاتىرىسى ياخشى ، تەپەككۇرى جانلىق ، سەزگۈلىرى نورمال ، گەپ ـ سۆزى راۋان بولىدۇ .

ھېسسىياتى توشۇق بولىدۇ — خىسلىتى ئالىيجاناب ، تولۇق قىزغىن ، خۇش ئاۋاز ھەم ئۈمىدۋار ، شۇنداقلا ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشتە ناھايىتى مۇۋاپىق بولىدۇ . پوزىتسىيىسى ئاكتىپ ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرىدۇ .

ئىرادىسى چىڭ بولىدۇ — ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ ، ئۆزىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هاي بېرەلەيدۇ ھەم جاھىللىقمۇ قىلمايدۇ ؛ ھەم شاختىن ـ شاخقا قونمايدۇ ، ھەم پەيتى كەلگەندە ئۆزگىرەلەيدۇ ؛ كەيپىياتتا تەمكىن ، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە سالماق بولىدۇ .

مۇۋاپىق خاسلىقتا ئىگە بولىدۇ — ئۆزىگە تولۇق ئىشىنىدۇ ، كەمتەر ، ئېھتىياتچان بولىدۇ ، كۆرەڭلەپمۇ كەتمەي ، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇپمۇ كەتمەي نورماللىقنى ساقلايدۇ ؛ باشقىلارغا قىزغىن ، ئاق كۆڭۈل ، سەمىمىي بولىدۇ ، ھەم قارىغۇلارچە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ ، ھەم قالايمىقان گۇمانلانمايدۇ .

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە كېلىشىملىك بولىدۇ — كىشىلەر بىلەن ئالاقە قىلىشتا قىزىقىدۇ ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ ، ھەم ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە ماھىر بولىدۇ ، ھەم باشقىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى قوبۇل قىلالايدۇ .

بۇنداق ساغلاملىقنىڭ بىر ئاددەمدە ئىپادىلىنىشىنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن بىز تېخىمۇ جانلىق بىر مىسال ئالايلى : مەن 1994 ـ يىلى 15 ـ دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن ئۈرۈمچى قىزىلتاغ ئۈنىۋېرسال بىناسىدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سۆيۈملۈك ئوغلى ، يازغۇچى قاھار جېلىلنىڭ ۋاپاتىغا ماتەم بىلدۈرۈش مۇراسىمىغا قاتناشتىم . مۇراسىمدا ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ، ئىمىن تۇرسۇن ، ئابدۇشۇكۇر يالقۇن ، مىرسۇلتان ئوسمانوف ، زوردۇن سابىر ، ئەخەت ھاشىم ، ئەخەت تۇردى قاتارلىق ئالىم ، يازغۇچىلار ئۇنىڭ لەۋزىدە تۇرىدىغان دۇرۇسلۇقى ، ھالاللىقى ، سەمىمىيلىكى ، ۋىجدانلىقلىقى ، ئوياتچانلىقى ، ئاددىي ـ ساددا ، كەمتەرلىكى ، بولۇپمۇ ئۆز يۇرتى ھەم خەلقىگە خاس چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سۇغۇرۇلغان يازغۇچىلىق ئىستىلى ھايات قالغانلىرىمىزنىڭ ئۈلگىسى ، دەپ تەرىپلىدى . بۇ سورۇننى شۇنداق سەمىمىيەت قاپلىدىكى ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئوقۇتقۇچىلىق

قىلغان، ئەدەبىي مۇھەررىرلىك قىلغان ۋە يازغۇچىلىق بىلەن
يۇرت - يۇرتلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلار: قاھار جېلىل
51 يېشىدا ۋاقىتسىز ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكتىن بىزگە يېزىپ
قالدۇرۇپ كەتكىنى بىرنەچچە كىتاب بولغان بىلەن، بىزگە
قالدۇرۇپ كەتكەن ئەخلاقىي - پەزىلەت دۇردانىلىرى ئۇنلارچە
كىتاب بولىدۇ، دېيىشتى.

راست، مەنمۇ ئۇنىڭ سىرى - ئەسرارلىرىدىن بىرى بو-
لۇش سۈپىتىم بىلەن ئۇنى ھايا، نومۇس ۋە ئىنساپنى ئۆزئارا
بىرلەشتۈرگەن پەزىلەت ئۆلگىلىرى قاتارىغا قويۇپ كەلگەنىدىم.
بىزدە قاھار جېلىلدىن كۆپ يازغانلار ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ئۇزاق
ياشىغانلار، ئۇنىڭدىن مەرتىۋىلىك بولغانلار تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن
ئۇ رەھمىتىلا ئەل - يۇرت ئىچىدە ھەتتا خوتەن خەلقى ۋىلايەت
بويىچە ماتەم بىلدۈرگۈدەك تەسىرات قالدۇردى؟ ئىخچام گەپ
قىلغاندا، ئۇ، باشقىلارنى تەربىيىلەيدىغان ئەسەر يېزىشتىن ئاۋ-
ۋال، ئۆزىدە ئەدىب - سەنئەتكارلاردا بولۇشقا تېگىشلىك پەزىلەت-
لەرنى ھازىرلىغانىدى. ئۆزىدە خەلق ئالدىدا شەرمەندە ئىشلارنى
قىلىشتىن قورقىدىغان، يۇرتنىڭ تۇز قەرزىنى ئادا قىلىشقا
ئالدىرايدىغان، زاماندىن ئارقىدا قالغان تەرەپلىرىمىزنى تۈزەتمى-
سەك بولمايدۇ دەيدىغان نومۇس كۈچى بىلەن تىنىم تاپماي
ئۆگىنىدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان كىشىلەرنىڭ نالايىق
سۆز - ھەرىكەتلىرىنى سەۋر - تاقەت بىلەن كەچۈرىدىغان،
ئەمدىلا كىچىككىنە بىرنەرسە يازغان ياش ئاپتورلارنى، كەلگۈسى
ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىزباسارى دەپ ھىممەت كۆرسىتىدىغان ئىس-
تىل تۇرغۇزغانىدى. بولۇپمۇ ئادەم قەلبىنىڭ ئەڭ بۈيۈك پەزى-
لىتى بولغان مەردلىكنى يېتىلدۈرۈپ، نى - نى كۈنلەردىمۇ
ساختا شۆھرەتنىڭ ياكى تۇرمۇشنىڭ قورساق كويىدىكى ھۇزۇر-
لىرىنىڭ قۇلى بولۇپ كەتمەستىن، ۋەتىنىگە شان - شەرەپ
كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت باتۇر ھەم ھەققانىيەتچى ئادەملەر قاتارىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ئەنسىزلىكتىن خالىي تۇراتتى . ئۆزىگە ۋە ئۆزگىلەرگە توغرا باھا بېرەتتى ، باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىگە شۇنداق ئۇستۇن باھا بەرگەندە ، ھەرگىز ئۆزىنىڭ غورۇرىنى كەم سۇندۇرمايتتى ، ھەركىم ھەرنېمىدىپسۇن ، پائال ئالغا ئىنتىلەتتى . ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ۋە بىزگە ئۇلگە بولغان ئىش - ھەرىكەتلىرى ئۇنىڭدىكى ئاشۇ ساغلام روھنىڭ — پىسخىك ھالەتنىڭ كۈچىدىن كېلىپ چىققان .

باشقا مۇنەۋۋەر يازغۇچى ، ئالىم . . .ۋە سەنئەتكارلار ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىمۇ ئەنە شۇنداق بولۇپ ، ئۇلار پىسخىك ساغلاملىق ئۈلگىلىرىدۇر . پىسخىك ساغلاملىقى قەلب گۈزەللىكى ، قەلب گۈزەللىكى ئىنسان روھىنىڭ ئەڭ بۈيۈك باشلىنىشىدۇر .

بىزنىڭ پىسخىك ساغلاملىقنى ھەربىر ئادەمنىڭ مىجەز ۋە خۇلقى بىلەنلا ئەمەس ، مۇنەۋۋەر يازغۇچى ، ئالىملارنىڭ ئىجتىمائىي تۇس ئالغان پەزىلەتلىرى ئارقىلىق چۈشىنىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى ، بىر ئادەمنىڭ پاراستى دېگەن يەككە - يېگانە نەرسە بولماستىن ، جامائەت پاراستىنىڭ مەۋجۇتلۇق شەكلى بولۇپ ، ئۇنىڭ قىممىتى ئىجتىمائىيەتنى ھاسىل قىلىۋاتقان جامائەتنىڭ قوبۇل قىلىش سەۋىيىسى ، قوبۇل قىلىش ئۇسۇلى ۋە قوبۇل قىلىش دەرىجىسى قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ . شۇڭا ، ئادەمنىڭ پاراستى گەرچە ئىندىۋىتلار پاراستىنىڭ بىرىكمىسى بولسىمۇ ، لېكىن ئىندىۋىتلار پاراستىمۇ ھەرگىز تولۇق ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان خۇسۇسىي بايلىق بولۇپ كېتەلمەيدۇ . چۈنكى پاراسەت ھەرقانچە خۇسۇسىلىشىپ كەتكەن بىلەنمۇ ئۇنىڭدا جامائەت پاراستىنىڭ چۈكمىلىرى بولۇپ ، مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ ۋارىسچانلىقا — «ئومۇملۇق خاراكتېرى»گە ئىگە بولىدۇ . يەنە كېلىپ ، مەيلى ئۇ ھەرقانچە ئىچكى دۇنيانىڭ پاراستى بولسۇن ، پەقەت ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك مەھسۇلات بولۇپ شەكىللەنگەندىلا ئاندىن «بايلىق» مەزمۇنىغا

ئىگە بولىدۇ، بۇنداق بولمايدىكەن بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بەلگىسىز نەرسە بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. بۇنىڭ ئۇچۇن، ئىجادىيەت پاراستىگە بولغان قوغلىشىش پەقەت خاسلىق ھالىتىدە ھەربىر ئادەمدە تۇرۇۋاتقان پاراسەت بىلەن ئومۇملۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان جامائەت پاراستى بىلەن قىزغىن، تەڭكەش بىرلىشىپ، ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئىگە بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي نىشانغا يېتەلەيدۇ، مانا بۇ بىزنىڭ پسىخىك ساغلاملىقنى ئىجتىمائىيەتكە باغلاپ قويۇشىمىز ھەمدە مەنىۋى كامالەتنى شۇ ساغلاملىق ئاساستا ئۆرلەش ھېسابلىشىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

بىز پسىخىك ساغلاملىق دەپ ئاتاۋاتقان مەنىۋى كامالەت ئالدى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىزچىل قوغلىشىشى بولسا، تۇرمۇشقا سەنئەتكارلىق يۈرگۈزىدىغانلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ياشاشنى بېزەش ئۈچۈن رەزىللىكلەرگە قارشى كۆرەش جاسارىتى بىلەن ئەسلى ھالىتىدىن ھالقىشنىڭ شەرتىدۇر. بۇنداق ئىزچىللىق ۋە ھالقىش ھەركىمنىڭ ئىجادىيەت ھەققىدە مەلۇمات ئېلىشى، تالانت ئاساسلىرىنى چۈشىنىشىگە ئاۋۋالقىدىن يۇقىرى تەلەپ قويۇپلا قالماستىن، ھەركىمنىڭ سەنئەتكار بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆز جەمئىيىتىگە مەسئۇلىيەتچان ھەققانىي ئادەم بولۇش، ئىجتىمائىي رەزىللىككە قارشى ۋىجدانلىق ئادەم بولۇش، روھىي جەھەتتە ھەققانىيەتكە ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ساغلام پسىخىكىغا ئىگە ئادەم بولۇش، . . .قىسقىسى، مەنىۋى كامالەتكە ئىگە بولۇش ھەققىدىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بۇيانقى ئىزچىل قوغلىشىشىنى نەزەرگە ئالساق، بۈيۈك ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 2 ـ قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئېيتقاندەك، «قانداق تارىخىي شارائىت، قانداق جۇغراپىيىلىك مۇھىت، قانداق ئېتىقاد ۋە كۆز قاراشتا ياشىغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، قەدىمكى زامان مۇتەپەك-

كۆرلىرىنىڭ ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتى مەسىلىسى ئۈستىدە باش قاتۇرمىغىنى يوق . قەدىمكى مىسىر ۋە مىسسو ـ پاتامىيە ، قەدىمكى جۇڭگو ۋە ھىندىستان ، قەدىمكى يۇنان ۋە ئەرەب ـ پارس ھەم تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدىن يېتىشكەن نەچچە ئونلىغان مۇتەپەككۇرلارنىڭ بۇ تېمىغا ئائىت نۇرغۇنلىغان ئەسەرلىرى بۇنىڭ دەلىلى » .

بىزنىڭ مەنىۋى دۇنيايىمىزنى يورۇتۇشقا ئىشلەۋاتقان ئا-لىملىرىمىز ئارىسىدا ھەممىمىزنىڭ ئالدىدا سول تارتىپ كېتىد-ۋاتقان بۇ ئەدىب ، بۇ ئىدىيىسىنى ئۇلۇغ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىدىيىسى ئارقىلىق چوڭقۇرلاپ چۈشەندۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ : «ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردىكى بۈيۈك مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ‹قۇتادغۇبىلىك› داستانىمۇ شۇنداق ئەسەرلەرنىڭ بىرى . »

«ھازىرقى زاماندىكى ئەدەبىياتشۇناسلار : تامامەن تىك تۇ-رۇپ ھەرىكەت قىلىش ھالىتىگە كەلگەن گەۋدە ، ئازاد قىلىنغان ئىككى قول ، ئالاھىدە تەرەققىي تاپقان ۋە پىكىر قىلىشقا ماھىر چوڭ مېڭە ، مۇرەككەپ پىكىرلەرنى ئىپادىلىيەلەيدىغان تىل ۋە ئۆزگە كېرەكلىك قورال ـ سايمانلارنى ياساپ ، تەبىئەتنى ئۆز-گەرتىش ئىقتىدارى مانا بۇلار ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۇرىدى-غان ئالامەتلەر دەپ قارايدۇ . يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەگەر ھايات بولغان بولسا ، بۇ قاراشقا قانائەتلەنمىگەن بولاتتى . چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە ، ئىنساننى ھايۋاندىن پەرقلەندۇرىدىغان تۈپ ئامىللار جىسمانىي (ئاناتومىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ) تۈزۈلۈش ئە-مەس ، ئىنسانىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى (مەسىلەن ، مەنسەپ ، دەرىجە ، ئۇنۋان ، ھوقۇق ، بايلىق قاتارلىقلار ) مۇ ئەمەس ، بەلكى ئەقىل ـ پاراسەت ، ئاڭ ـ سېزىم ، كۆڭۈل ، تىل ، ئەردەم (پەزىلەت ) ، بىلىم ۋە ھايادىن ئىبارەت مەنىۋى گۈزەللىكتۇر .

ئالدىنقىسى تەبىئىيەتشۇناسلارنىڭ ، كېيىنكىسى جەمئىيەت-

شۇناس، تېخىمۇ ئېنىقراقى ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى بول-
غان ئەدىب ـ شائىرنىڭ كۆزقارىشى بولۇپ، بىرى ئىنساننى
جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيلەپ بەرسە، يەنە بىرى ئۇنىڭ مەنىۋى
دۇنياسىنىڭ مەنزىرىسىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ
ئىككى خىل قاراش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت يوق، بەلكى ئۇلار
بىر ـ بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ۋە تولۇقلايدۇ. بىراق، يۈسۈپ
خاس ھاجىپ بۈيۈك مۇتەپەككۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇ خىل
مەنىۋى گۈزەللىكنى ئادىمىيلىكنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى دەپ
ھېسابلايدۇ؛ ھەتتا جەمئىيەت تەرەققىياتى ياكى جەمئىيەت قىيا-
پىتى بىلەن دۆلەت ھاياتىنىڭ قانداق بولۇشى ھۆكۈمداردىن تار-
تىپ ئاددىي پۇقراغىچە ھەممە جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى
گۈزەللىكىنىڭ كامالەتكە يېتىش دەرىجىسىگە باغلىق دەپ قاراي-
دۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە ئەخلاق بۇزۇلسا، جەمئىيەت بۇزۇلىدۇ.
ئىنسان تۈزەلسە، جاھان تۈزۈلىدۇ. جەمئىيەتنى تۈزەش ۋە
دۆلەتنى روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن ماددىي تەرەققىيات بىلەن بىللە
ئىنساننىڭ مەنىۋى گۈزەللىكنى كامالەتكە يەتكۈزۈش لازىم.»
ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە مەۋجۇت بولۇۋاتقان بىرمۇنچە ئىل-
لەتلەرنى، بىزدىكى بەزى بۇلغىنىشلارنى، مۇشۇ بابتا سۆزلىنى-
ۋاتقان ئىجادىيەتتىكى جىگەرسىزلىك، سەنئەتكارلىقتا تەڭلىكە
پەيدا قىلىۋاتقان ئامىللارنى نەزەردە تۇتقاندا، ئىنسانىيەت ئالىمى-
نىڭ تارىخىي چولپان يۇلتۇزلىرى ۋە شۇلار قاتارى ئەردەم
(پەزىلەت) ئىدىيىسى بويىچە ئىنسانىيەتكە يۈكسەك ماياك بولغان
بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەردەم ئىدىيىسى پۈتكۈل ئىن-
سانىيەت تارىخىدىن يەكۈنلەنگەن جەۋھەر بولۇپ، ھازىرقى زامان
تۇرمۇشى ئۈچۈنمۇ ياغدەك ياقىدىغان دورىدۇر.

ئۇ، ئۇلۇغ بۇۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەردەم ئىدىيە-
سىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھەربىر ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەت
ئىزدىنىشكە تەتبىقلىغانلىقىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ:

www.uyghurkitap.com

«ئەردەم ھەممە مەنبۇي گۈزەللىكنىڭ مۇجەسسەمىدۇر. يەنى ئەقىل ـ پاراسەت، بىلىم ـ قابىلىيەت، غەيرەت ـ شىجائەت، ھىممەت ـ ئادالەت، سەمىمىيەت، مېھىر ـ شەپقەت، ھايا ـ نومۇس، پاكلىق، ھالاللىق، خالاسكارلىق، مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، مەردلىك، پىداكارلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى خىسلەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەردەمنىڭ كىشى ۋۇجۇدىدا نامايان بولۇشىدۇر. تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، شائىرنىڭ كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدىغان ئەردەملىرى: كۆنىلىك (دۇرۇسلۇق)، بىلىگلىك (بىلىملىك بولۇش)، ئەزگۈلۈك (ياخشىلىق قىلىش)، ئۇقۇشلۇق (ئاڭلىقلىق)، باغرىساقلىق (مېھرىبانلىق، مۇلايىملىق)، سەۋرچانلىق (كەڭ قورساقلىق)، سېخىيلىق (مەردلىك)، خەلققە تىنچ ـ ئاسايىشلىق يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ياخشى ئاتاق قالدۇرۇش، شەخسىي نەپس ئاۋارىگەرچىلىكى (يەنى مال ـ دۇنيا، نام ـ ئاتاق، ھاۋايى ـ ھەۋەس ھېرىسلىقى) دىن ساقلىنىش، تىلنىڭ پەزىلىتى ۋە پايدىسىنى، شۇنداقلا قۇسۇر ۋە زىيىنىنى ئوبدان چۈشىنىش، كۆڭۈل زەۋقىنى كۆزنىڭ زەۋقىدىن ئۈستۈن بىلىپ، ئۆزىنى تۇتۇش، چوڭلارغا ۋە خوتۇنلارغا ھۆرمەت، بالىلارغا شەپقەت كۆرسىتىش؛ ھارامدىن، زوراۋانلىق قىلىشتىن، يالغانچىلىقتىن، ئاچ كۆزلۈك ۋە تەمەگەرلىكتىن، كىبىر ۋە ھەسەتخورلۇقتىن، خۇشامەت ۋە ساختىپەزلىكتىن، ۋاپاسىزلىق، خىيانەتكارلىق، ھاياسىزلىق، ئىككى يۈزلىمىلىك، زىنا ۋە ھاراقخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەردىن قاتتىق ساقلىنىش ۋە باشقىلار. شائىر ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئەردەم، ئۇنىڭغا قارشى يامان ئىللەتلەرنى ئەردەمنىڭ دۈشمىنى ۋە كىشىنى ئەڭ قەدىرسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان، ھەتتا ئادەملىكتىن ھايۋانلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان ئەڭ خەتەرلىك نەرسىلەر دەپ

قارايدۇ. قىسقىسى، شائىرنىڭ قارىشىچە، ئەردەم — گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت دېمەكتۇر. ھەقىقىي ئىنساننىڭ بەلگىسى ئەردەمدۇر.» مەيلى شەخس ۋە پىسخىك پەزىلەتلىرىنىڭ، يەنى ھەقىقىي ئىنسانلىقنىڭ بەلگىسى بولغان ئەردەمنىڭ بۇزۇلغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. زامانىمىز ئالىملىرىنىڭ شەخسلەرنىڭ ئوتۇق قازىنىشىدىكى ئامىللارنىڭ 80% نى پەزىلەت ئامىللىرىغا، 20% نى ئەقىل ئامىللىرىغا مەنسۇپ قىلىشىمۇ ئۇلۇغ بوۋىمىزنىڭ ئالدىن كۆرەر دانالىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، نوقۇل ئەقلى قابىلىيەتنى تەكىتلەپ، پىسخىك پەزىلەت يېتىلدۇرۇشكە سەل قارىغان ئادەملەر كامىل تالانت بولۇپ يېتەلمەيدۇ؛ ھەر ئىككى تەرەپتىن بېرىلىپ چېنىققا ئادەملەر كامىل تالانت بولۇپ يېتىلىدۇ. ھەر ئىككى تەرەپتە تەرىپلەنمىگەنلەر بولسا ئەخمەقلەر قاتارىدا تۇرىدۇ. ئۇنداق ئىكەن، بىزنىڭ ھازىرقى مىللىي ساپايىمىزنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىمىزدىن قارىغاندا، ھازىرقى كۈندە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلار ئاساسىدا بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كامىل ئىنسان بولۇش ھەققىدە يارىتقان بۇ بۇيۇك ئىدىيىسىنى رېئال ھاياتىمىزدا ھەسسىلەپ جارى قىلدۇرۇشىمىزغا، بېيىتىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

دەرھەقىقەت، پۈتكۈل ئىجتىمائىيەتنىڭ تارىخىي ئىزچىللىق ھەم ھەربىر ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالەت ئۆلچىمى قىلىنىۋاتقان بۇ ئىدىيە، ھەممىدىن ئاۋۋال سەنئەتكارلار تەپەككۇرىنىڭ قانىتى بولۇش كېرەك.

ئوبيېكتىپ ھەقىقەتلەرنى ئىزدىگۈچى چىن سەنئەتكار ئۇچۇن ئېيتقاندا، رېئال ۋە كەلگۈسى ئۈچۈن يول ئېچىپ مېڭىش، ئۆز ھاياتىنىڭ يولىنى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە قەدەممۇقەدەم كېڭەيتىپ مېڭىش تەبىئىي بىر ئېھتىياج. شۇڭا، بىر - ئىككى قېتىملىق مۇۋەپپەقىيەت سەنئەتكاردا مەڭگۈلۈك مەمنۇنىيەت

www.uyghurkitap.com

تۇرغۇزالمايدۇ . بۇنىڭ ئۈچۈن ، سەنئەتكارغا دائىم ئىزدىنىش ،
ئىزدىنىش جەريانىدا ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز تولۇقلاش ، بەزى تەتۈر
بورانلار تۈپەيلى بىر چەتكە قايرىلىپ قالسىمۇ ، ئىگىزدىن پەسكە
ئىتتىرىۋېتىلسىمۇ ، بۈيۈك نىشانى ئۈچۈن قورقۇمسىز ئىلگىرى-
لەش ، قايغۇرسىمۇ نادامەت چەكمەسلىك ، ئېزىپ قالسىمۇ چۈش-
كۈنلەشمەسلىك ، ھەسرەت ئىچىدە قالسىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىك
زۆرۈر بولىدۇ . بۇنداق ئىكەن ، سەنئەتكارنىڭ پسىخىك ساغلام-
لىقى - پەزىلىتى نورمال كىشىلەردىن تېخىمۇ بەك ساغلام
پسىخىك بولماي ، مەنىۋى دۇنياسى تېخىمۇ بەك باي بولماي
مۇمكىنمۇ ؟

قارىمامسىلەر ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى مەنىسى ئورتاق بول-
سىمۇ ئوخشىمىغان كىشىلىك يولنى ئېچىۋاتقانلارنى ، ئالىملار
ئىلىم - پەن يولىدا ئىزدىنىش قوشۇنى ھاسىل قىلىپ ئالدىمىز-
دا كېتىۋاتىدۇ . ئۇلار ئالدىمىزدا يول ئېچىشنى ئۆزىنىڭ ئىچكى
دۇنياسىدىكى ھالقىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان يالداما قىلى-
ۋالغانلىقتىن ، بىزدىن يۈز ھەسسىلەپ تىرىشچانلىق بىلەن بىز-
نىڭ ئىلىم - پەن ماياكىمىزنى تېخىمۇ ئېگىزلىمەي تۇرالمايدۇ .
شۇڭا ، ئۇلار چوڭ تەبىئەتنىڭ ۋە ياكى ئىجتىمائىيەتنىڭ ئاللى-
قانداق غايىبانە شەپقەتلىرىنى كۈتۈپ ئولتۇرمايدۇ ، ياكى ئۇنىڭ-
دىن ئىنسانلار پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان
نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا
كۈرەش قىلىدۇ . بەدىئىيات ساھەسىدىكىلەرچۇ ؟ ئۇلارمۇ ئۆز
ھاياتىنى ئىنسانلار تارىخىنىڭ چىمەنزارلىقىغا گۈل تىككۈچىلەر
قاتارىغا قويۇپ ، ھەربىر ئەسىرى ئارقىلىق شۇ چىمەنلەرنى با-
راقسانلاشتۇرىدۇ ۋە ئېچىلىپ گۈللەر ئارقىلىق تارىخنىڭ بەتلىرى-
دە ئۆچمەس ھاياتلىق مەشئەللىرىنى ھاسىل قىلىدۇ .

مۇتەپەككۇرلار ، مائارىپچىلار ، دوختۇرلار ، ئىنژېنېرلار ،
جەڭچى - مەرگەنلەر ، مەلىكىلىك ھۈنەرۋەن كاسىپلار . . .مانا

بۇلارمۇ تۇرمۇشنىڭ ئۆزى تۇرۇۋاتقان تارماقلىرىدا ئىنسان ۋۇجۇدىدىن يارالغان قۇياش — ئىلىم - پەن ئارقىلىق جاھاننى نۇرلاندۇرۇپ تۇرىدۇ . بىزنىڭ بىر پۈتۈن مىللىي مەدەنىيەت ئەنئەنىمىز ئەنە شۇنداق ئالىم ، سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتى ئەمەسمۇ ؟ بىزلەر بولساق ئاشۇ ئالىم ، سەنئەتكارلار سەۋەبلىك تۇرمۇشىمىزدىن تارىخى كەلگەن ، ئەمما ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇستۇن بولغان زامانىۋى مىللىي ئوبراز ئەمەسمۇ ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئەنە شۇنداق ئىشلىشى بىزنىڭ كېلەچەك ئوبرازىمىز ئۇچۇن ئەمەسمۇ ؟

دېمەك ، ئۇلار بىرنەرسىگە ئېرىشكەن ھامان ھايات مۇكەممەللىكى ئۇچۇن كۈرەش قىلىشتىن توختاپ قالىدىغان ، پۇل قوغلاشقان نىشانلىرىدا ئاللىقانداق سارايلارنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىشى بىلەن قانائەت ھاسىل قىلىدىغان ، مەرتىۋە تەمەخورلۇقىدا ئېگىزرەك پەشتاقلارغا چىققاندىن كېيىنلا يېشىل كۆڭلەكلەرنى كىيىپ ھەشەمگە چۈشۈپ كېتىدىغان ، يېشى چوڭايغان ھامان ئەنئەنىمىزنىڭ خۇراپىي تەرەپلىرىگە يېپىشىۋالىدىغان ، ياشلىق باھارىنى مودا قوغلىشىش ھەم قورچاقلارنى دوراش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئادەملەر تائىپىسىدىن ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرىنى تار مىللىي مۇھىتىدىكى ھەتتا مەھەللە - كوچىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەكلەپ قويۇشى بىلەن بوغۇپ قويماي ، جامائەسىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە ساقلاپ قېلىش ياكى ئىنسانىيەتنىڭ مۇنەۋۋەر بىر تۈركۈمى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى شۇ تاپقى ھالىتىدىن ھالقىتىۋاتقان ئادەملەر جۈملىسىدىندۇر . ئۇلارنىڭمۇ بىزلەرگە ئوخشاش تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئايرىم - ئايرىم ئانىلىرى بار . ئەمما ، ئۇلارنىڭ بۇ ئانىلىرى ئۇلار ئۈچۈن كىچىك ئانا ، ئۇلۇغ ئانا بولسا ئۇلار تەۋە بولغان مىللەت — ۋەتەندۇر . ئۇلار ئۆزلىرىنى ئاشۇ ئانا بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىۋەتكەن بولۇپ ، ئەزىز ۋەتەن ، ئانىجان مىللەت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كە پەرزەنتلىك مۇناسىۋەتتە بولىدۇ . ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە نەر-
سە ئالسا ، يۈز ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ ئۆزىنىڭ پەزىلەتلىك بىر
پەرزەنت بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ . تۇغقان ئانىسىنىلا بىلىپ
مىللەت ، ۋەتەندىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئانىسىغا يۈزسىزلىك قىلغان-
لار ئادەم ئەمەس ، ئادەم سۈرەتلىك ھايۋاندۇر . چۈنكى تۇغقان
ئانىسىنى ياخشى كۆرۈشنى ، ئۇنى ئىمىشنى ھايۋان بالىسىمۇ
بىلىدۇ . ئادەم ئاتا - ئانىسىغا ئىنسانلىق پەزىلىتى بىلەن پەر-
زەنتلىك قىلىش بىلەن بىر چاغدا مىللەت ، ۋەتەندىن ئىبارەت
ئۇلۇغ ئانىسىغا پەرزەنتلىك قىلغان چاغدىلا ، ھايۋانلىقتىن تولۇق
ئايرىلىپ چىقىپ كامىل ئىنسان بولالايدۇ دەپ قارايدۇ . شۇنداق
بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك شەكىللىنىش ، يۇقىرى
نىشانغا ئۆرلەش ، بىر يۇقىرى نىشانغا يېتىپ بولغان ھامان ئۇنى
باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ، تېخىمۇ يۇقىرى نىشانغا قاراپ
ئىلگىرىلەپ ، ئىنسانىيەت ئالىمىدە ھەممىگە ئورتاق بولغان ھەق-
لىق ، راستلىق ، تاكامۇللۇق ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ ، ھەر زا-
مانىنىڭ ئالدىدا ماڭىدۇ .

ئۇلار ئەنە شۇنداق ھەر زامانىنىڭ ئالدىدا يول ئېچىش ۋەزد-
پىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقتىن ، باشقىلار ئۇچرىمايدىغان مۇ-
شەققەتلەرگە ، باشقىلار چىداپ تۇرالمايدىغان رىيازەتلەرگە ئۇچ-
رايدۇ . شۇنداقلا ئادەتتىكى ئادەملەر كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان
ياكى ئۇچرىسىمۇ ھېس قىلالمايدىغان شادلىققا چۆمىدۇ . چۈنكى
ئۇلار ئەنە شۇنداق رىيازەت ، مۇشەققەتلەردىن كېيىن ئۆزلىرد-
نىڭ قان - تەرى بىلەن ياراتقان ھەقىقەتلىرىگە ھامىي بولغان
جامائەتنى بىلەن ، ئىلگىرىلەۋاتقان دۇنيا بىلەن بىللە بولۇپ ،
كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي لەززىتىگە توسقۇن سىرتماقلارنى
ئۈزۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ . بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە
شۇنداق ھەققانىي زىكرىلەر باركى ، ئۇلار : «مەن دېگەن ئۆز
تىرىشچانلىقىم بىلەن كىچىكلىكتىن چوڭلۇققا ، شەخسىيەتتىن

كوللېكتىپقا، راھەتپەرەسلىكتىن ئىجادىيەتكە، جەمئىيەتتىن
ئېلىشتىن جەمئىيەتكە بېرىشكە قاراپ ئۈزلۈكسىز ھالقىپ كې-
تىۋاتقان ئادەم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن دېگەن جامائەت بىلەن
بىر، جەمئىيەت بىلەن بىر، مىللەت بىلەن بىر، ۋەتەن بىلەن
بىر، دۇنيا بىلەن بىر بولغان شەرەپلىك ئادەم. مەن دېگەن
ئۆزۈمنى تارازىنىڭ چېكىتى قىلىۋالماي، ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇش
ئارقىلىق ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنى، تارىخىي مەسئۇلىيەتنى
زىممەمگە ئېلىپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ نەرسىلەر بىلەن بىرلىشىش-
نى ھەرىكىتىمگە ئۆلچەم قىلىۋالغان، ئۆزۈمنى مۇكەممەللەشتۈ-
رۈشنى ئىجتىمائىي ئىلگىرىلەش بىلەن بىرلەشتۈرۈۋالغان يول-
لۇق ئادەممەن. مەندىكى ئەخلاقىي گۈزەللىك پاكلىق ۋە سادا-
قەتلىك، مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ئازاب بىلىمسىزلىك ۋە ناداد-
لىق، مەن ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى خەلقىمىزنىڭ ئىشەنچىسى،
مەن ئۈچۈن ئەڭ زور خۇشاللىق ئىزدىنىش ۋە ئىجاد قىلىش،
مەندىكى ئەڭ زور بايلىق بىلىم ۋە ۋاقىت، مەندىكى دانالىق
بولسا ئۆزۈمنى بىلىپ يېتىش، مەن ئۈچۈن ئەڭ نومۇسلۇق
بولغىنى ۋىجداندىن ئادىشىپ ئىككى يۈزلىمە مۇناپىق بولۇپ
كېتىش، ئەڭ زور خورلۇق بولغىنى قاراپ تۇرۇپ كىچىككىنە
ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئۆزۈمنى ئالداش» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن
كەچۈرۈپ، كىچىككىنە قورسىقىنىڭ تويغانلىقى، پەقەت ئائىلە-
سىنىڭلا ياخشى كۈن كۆرگەنلىكى، بىرنەچچە ھەمدەمچىلىرىنىڭ
ئالقىشىغا ئېرىشكەنلىكى قاتارلىق تار مەنىدىكى خۇشاللىقلاردىن
ھالقىغان ئىجتىمائىي ھەقىقەت نۇقتىئىنەزەرى بىلەن خۇشال
بولالايدۇ.

بۇلارنىڭ ئەمدى بولدى قىلغۇدەك، ئۆزىنى بۇنداق جىددىي
ئىش، ئەمگەكتىن ئازاد قىلىپ ئەركىن قويۇۋەتكۈدەك شەرەپ-
لىك ئۆتمۈشى يوقمۇ؟ بار، بۇلارنىڭ خۇددى باشقىلارغا ئوخ-
شاش شەرەپلىك «تۈنۈگۈن» ى بولىسىمۇ، ئۆزىنى خەلقى بىلەن،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن، ئىنسانىيەت بىلەن قوشۇۋەتكەچ-
كە، ئۇلار جان - جەھلى بىلەن «تۇنۇگۇن» شەكىللىنىپ بول-
غان نەرسىلەرگە جارچىلىق قىلماي ۋە ياكى ئاللىقاچان ئېرىش-
كەن نەتىجىلىرىگە مەست بولۇپ كەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ «تۇنۇ-
گۇن» كى ساپاسىنى بۈگۈنكى ھالەتكە كۆتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ شۇ
ھالىتىدىن ھالقىش ئاساسىدا باشقىلاردىن قېلىشمايدىغان يېڭى
سۈپەت بىلەن ئۆزى ھەم جامائەتنى تېخىمۇ گۈزەل مەنزىلگە
كېتىۋاتقان روھلۇق قوشۇن قىلىپ كۆتۈرىدۇ.

بۇنداق ئىكەن، بىز پەقەت ئاشۇ سەنئەتكارلاردەك ئىجادىيەت
مەيدانىدىكى رىيازەت ھەم پاراغەتكە باشقىلاردىن ئۆزگىچە سېزىم
ھاسىل قىلالايدىغان ساغلام پسىخىكىغا ئىگە بولغاندىلا تۇرمۇش
پوزىتسىيىسى ئاكتىپ، كەيپىياتى تۇراقلىق، تەپەككۇردا يېڭى
بولۇپ، ئۆزگىرىۋاتقان تۈرلۈك مۇھىتلارغا ئۇيغۇنلىشىپ زاما-
نىڭ ئالدىدا ماڭالايمىز.

بۇنىڭ ئەكسىچە، ھەرقانچە ساغلام، گىرۋي بولغان تەقدىر-
دىمۇ پسىخىك جەھەتتە ساغلاملىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن
بولساق، ئىشەنچىنى يوقىتىدىغان، ئىرادىسىزلىك قىلىدىغان،
ئاسانلا چۈشكۈنلىشىدىغان، خۇشلۇق - خاپىلىقتا بەرداشلىق
بېرەلمەيدىغان، تۈرلۈك جىددىي ئىشلار ئالدىدا ئۆزىنى تەمكىن
تۇتالمايدىغان بولۇپ قېلىپ، تۈپتۈز يەردە ماشىنا ئۆرۈلۈپ
كەتكەندەك كۈتۈلمىگەن يەردە بەختسىزلىككە ئۇچرايمىز. ئاڭلى-
شىمچە مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بىر قىز بالا بار
ئىكەن. ئۇ بىر دەم ئېلىش كۈنىدە ئويناپ چىقىش ئۈچۈن
قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئىزدەپ كىرىپتۇ. ئىشىك قۇلۇپلان-
مىغانىكەن، كىرىپ قارىسا، ئادەم يوق تۇرغۇدەك، شۇئان:
«باشقىلار كۆرۈپ قالسا، مېنى ئوغرى تۇتارمۇ» دەپ قورقۇپتۇ
- دە، دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ، ئەمما پۇتلىشىپ كېتىپ بىر
لوڭقىنى سۇندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئۆز ئۆيىگە چىققاندىن كېيىن بۇ

ۋەقەدىن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىپتۇ ـ دە ، شۇنىڭدىن باشلاپ كۈن
بويى يا لەززەتلىنىپ تاماق يېمەيدىغان ، يا تۈزۈك ئۇخلىمايدى-
غان ، كۆزىنى يۇمغان ھامان ساقچى مېنى تۇتقىلى كېلىۋاتىدۇ ،
دەپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قاپتۇ . بۇنىڭ بىلەن
ئۆگىنىشتە ياخشى ، باشقا پائالىيەتلەردىمۇ ئەلا دەرىجىدە كېتى-
ۋاتقان بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش نەتىجىسى تېزلىكتە تۆۋەن-
لەپ ، سىنىپتىكى باشقا پائالىيەتلەرگىمۇ قىزىقمايدىغان بولۇپ
قاپتۇ . ئوقۇتقۇچىسى تەجرىبىلىك ئادەم ئىكەن ، بۇنداق تۇيۇق-
سىز ئۆزگىرىشنى كۆرگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئويلىنىپ قاپتۇ
ـ دە ، ئۇنى تەنقىد قىلماستىن ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پسىخىك تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ بېرىپتۇ ھەمدە ئەھۋالنى ئېنىقلاپ بولۇپ ، ئۇنىڭ
قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئەينەن ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈش
بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا توغرا چۈشەنچە ھاسىل قىپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن بۇ قىز غەمدىن خالاس بولۇپ ، روھلىنىپ ئۆگى-
نىشتە ئۆرلەپتۇ .

مانا بۇ پسىخىك توسالغۇ بولۇپ ، ئەگەر ئۇنىڭ بىلىملىك
ھەم تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچىسى بولمىغاندا ئىدى ، ئۇ شۇنىڭ
بىلەن تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتى . باشقىلار مۇشۇنىڭغا ئوخ-
شاش . ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ پسىخىك پەزىلەت تەربىيىسى
كۆرۈش ئەھۋالىغا قاراپ ، بىرمۇنچە ئېسىل پەزىلەتلەرنى يېتىل-
دۈرۈش بىلەن بىر چاغدا ، تەربىيىلىنىشى ئەتراپلىق بولالمىغان
تەرەپلەردە بىراۋلارغا ئۆچەكىشىش ، گۇمانخورلۇق قىلىش ، ئۆ-
زىنى كەم سۇندۇرۇش ، ئەندىشە قىلىش ، قايغۇرۇش ، مەغرۇر-
لىنىش ، ھەسەتخورلۇق قىلىش ، ئېتىقادتىن يېنىش ، تىت ـ
تىت بولۇش ، پەرىشان بولۇش ، قورقۇنچاقلىق قىلىش ، ھۇرۇن-
لىشىش ، ساختا شۆھرەتكە بېرىلىش قاتارلىق پسىخىك ئاجىز-
لىقلارغا گىرىپتار بولۇپ ، تۇرمۇش ۋە خىزمەتلىرىگە نۇرغۇن
ئاۋارىچىلىكلەرنى تېپىۋالىدۇ . ئىجادىيەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كونا بىلىم ـ تەجرىبىلىرى دائىرىسىدىن چىقالماسلىق ، يېڭى شەيئىلەردىن قورقۇش ، خاتا قىلىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ بىر ئىشنى قىلالماسلىق ، رىقابەتنى قېيىشمانچىلىققا ئايلاندۇرۇپ قويۇش ، خىيال ۋە قىياسلارنى رەت قىلىش ، باشقىلارنىڭ گۇمانلىنىشىغا يول قويماسلىق ، مەسىلىلەر ئۈستىدە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىپ قويۇش ، كونا ئادەتلەرگە بېكىنىۋېلىش ، تەۋەككۇل قىلىشتىن قورقۇش قاتارلىق ئاجىزلىقلارنى ئىپادىلەپ دادىل ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ .

شۇڭا ، ھەربىرىمىز مېنىڭ تېنىم ساغلام ، ھەممىگە يارايمەن دەپلا ئۆزىمىزنى فىزىئولوگىيىلىك كۆزىتىش بىلەنلا چۇشەپ قويماستىن ، ئىجادىي پائالىيەتلىرىمىزگە توسالغۇ پەيدا قىلىۋاتقان پسىخىك ئەھۋالىمىزنىمۇ بوۋىمىز يۇسۇپ خاس ھاجىپ ۋە ھازىرقى ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ ئەردەم (پەزىلەت) ئىدىيىسى بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز ، مەنىۋى ئەينەك بىلەن ئۆزىمىزدىكى كەمچىل ۋە ئاجىز تەرەپلەرنى تېپىپ چىقىپ ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىز كېرەك . چۈنكى خۇددى گوركىي ئېيتقاندەك ، بىز «قىتئەيىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل ، ئەڭ ئاجايىپ مەۋجۇدات دەپ ھېسابلانغان ئىنسان بىلەن پەخىرلىنىشنى ئۆگەنمىگۈچە تاكى ئاشۇ چاغ كەلمىگۈچە ، ھاياتىمىزدىكى قەبىھلىك ۋە يالغانچىلىقتىن قۇتۇلالمايمىز» .① بىزنىڭ تەبىئىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلارنى تېپىپ تۈزىتىپ ئۆزىمىزنى تولۇقلىشىمىز ھازىرمۇ ئارىمىزدا داۋاملىشىپ ۋەيرانچىلىققا سەۋەب بولۇۋاتقان ئەنە شۇنداق قەبىھلىك ، يالغانچىلىق ، ئىككى يۈزلىمىلىكتىن قۇتۇلۇپ ، ئىنسان ئۈچۈن بىرىنچى ئېھتىياج بولغان سەنئەتكارلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزىمىزدىن يېڭىچە گۈزەللىكتە پەخىرلىنىشتۇر .

---

① «تەپەككۇر گۈلشەنى» ، 217 ـ بەت .

## 2 . ئىنسان تەبىئىتى ۋە پسىخىكىدىكى ئاجىزلىقلار

ئىنسان تەبىئىتى خۇددى تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇت شەيئىلەرگە ئوخشاش بىر پۈتۈن نەرسە بولۇپ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار بولىدۇ، بۇنداق ئارتۇقچىلىق ۋە ئاجىزلىقلار جىسمانىيەت ھەم پسىخىك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جىسمانىيەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقلار كىشىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا دەخلى قىلىسمۇ، ئەمما جىسمانىي ئاجىزلىقلار بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەندەك بىزنىڭ ھۆرمەت نەزىرىمىزدىكى ئادەملەردىمۇ بولىدۇ يۇ، ئۇلارنىڭ سېھرىي كۈچىگە تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. ئۇلار جىسمانىيىتىدىكى ئايرىم ئاجىزلىقلار تۈپەيلى، ئايرىم ھاللاردا ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش تۇيغۇسىغا كىرىپ قالسىمۇ، بۇنداق ھېسسىياتنى تېزلىكتە ئۆزگەرتىپ يەنىلا جەمئىيەتتە نام قالدۇرۇپ ئابرۇي قازىنالايدۇ. بىراق جىسمانىيەتتە شۇنداق كېلىشكەن بىلەن كىشىلەر نەزىرىدە ئەرزىمەس بولۇپ يۈرىدىغانلارمۇ بار. بۇلارنىڭ ئاجىزلىقلىرى كۆپ ھاللاردا ئۇلارنىڭ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلىرىنى يامان ئاتلىق قىلىۋاتقان، ئامراق نەرسىسىدىن ئەتەي ئۆزىنى قاچۇرغان بولۇۋاتقان، مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى باشقا بىر نەرسە ئارقىلىق ئىپادىلەۋاتقان، ئىقتىدارلىقلارغا يېتەلمىگەنلىكتىن ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىش خاھىشىدا بولۇۋاتقان، بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرالماي كەتكەندە ئۇنىڭغا كايىپ كېتىۋاتقان، ئۆزى بېخىل تۇرۇپ باشقىلارنى بېخىل دەۋاتقان، مەغلۇپ بولغاندا ئاجىزلىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ماختاۋاتقان، رەقىبلىرىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈكلەرگە خۇشامەت قىلىۋاتقان، ئۆزىنىڭ كاتتىلىقىنى بىلمەي قالمىسۇن دەپ ئۆزىنى ئالاھىدە كىچىك پېئىل كۆرسىتىۋاتقان، ئۆزىنى كىچىك ھېسابلاپ قالمىسۇن دەپ ئەتەي ئۆزىنى مەلۇم قىلىۋاتقان سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن

كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇنداق كۆرۈنۈشلەر شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئادەمنىڭ سەنئەتكارلىقتا ئۇتتۇق قازىنىشىغا ئۇنىڭ جىسمانىيىتىدىكى كەمتۈكلۈكلەردىن بەكرەك پسىخىك ئاجىزلىقلىرى دەخلى قىلىدۇ. كىمدە - كىم بۇنداق ئاجىزلىقلىرىنى تۈزەتمەي جاھىللىق قىلىدىكەن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغان نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپلا قالماي، كۈتۈلمىگەن زەربىلەرگە، بەختسىزلىكلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئويلىغان ئادەم ئۆزىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئوبيېكتىپ قاراپ، ئۆزىنىڭ شۇ تاپقى ھالىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئەزىمەت بولۇشى، داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تۆۋەنرەك سەۋىيىدىكى ھالىتىدىن داۋاملىق ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشى كېرەك. يەنە كېلىپ، بۇنداق پسىخىك ئاجىزلىقلار مانا مەن دېگەن ھەرقانداق ئادەملەردىمۇ بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كۆرۈپ تۇرىمىزكى، ھەرقانداق ئادەم بىزنىڭ ئالدىمىزدا: «ئۆمۈرۋايەت ھېچقانداق سەۋەنلىك ئۆتكۈزمەيمەن، ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىمايمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردىكى پسىخىك ئاجىزلىق ھامان بىر كۈنى كۈتۈلمىگەن يەردە ئۇنىڭغا شۇنداق ئىشتىن بىرنى تېرىيدۇ. ئۇلار گەرچە بۇنداق ئاجىزلىقلىرىنى تۈزەتكەن تەقدىردىمۇ يەنىلا ئاللىقانداق قالدۇق ئاجىزلىقلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدۇ. ھەر ئىشتا ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقان بىر ئادەم ئىشلىرىنىڭ راۋان بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئۆزىنى پايلىماي قېلىشى مۇمكىن، تەبىئىيكى مۇنداق ئۆزىنى پايلىماسلىق ئۇنىڭدىكى پسىخىك ئاجىزلىقنىڭ نەتىجىسى. ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ئادەم خۇددى ئاغرىپ قوپقاندەك بولىدۇ، بۇنداق ساۋاق ئۇنىڭدا «ئىممۇنىتېت كۈچى» نى ئاشۇرۇش مۇمكىن. ئىممونىتېت كۈچىنىڭ ئېشىشى بىر ياخشى ئىش. بىراق ئۇنىڭ مەغلۇبىيەت ۋە ئوڭۇش-



www.uyghurkitap.com

سىزلىقنى قانداق پسخىك ئاجىزلىقنىڭ كەلتۈرۈپ چىقارغانلىـ
قىنى تېپىپ تۈزىتىشى شۇ ئادەم ئۈچۈن كېسەلگە قارىتا دورا
يېگەندەك مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن . سىز بۇنداق دورىنى
يېمەي نېمە يەيسىز ؟

بۇنداق دېسەك ، سىز ئېھتىمال : «مەندە بۇنداق دورا يېگۈ-
دەك كېسەل يوق» دەپ قالارسىز ، ئەمما بىز سىزنىڭ سەمىگىز-
گە سېلىپ قويايلىكى ، بۇنداق ئاجىزلىقلار ئوخشۇشلۇق ھەم ئو-
خشىمىغان كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشىمىغان دەرىـ
جىدە مەۋجۇت بولىدۇ . ئەمما پسخىك ئاجىزلىقلىرىنى يوشۇ-
رۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق تەبىئىتى بولۇپ ، بۇنداق
ئادەت ھەرقانداق ئادەمدە ، مەيلى كىمدە ـ كىم بولسۇن ، ھەر-
قانچە جاسارەتلىك ، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان ئادەملەردىمۇ بولۇپ
تۇرىدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ئاشكارىلاشقا
بولىدىغان يورۇقلۇق تەرەپ بىلەن ئاشكارىلاشما بولمايدىغان قا-
راڭغۇلۇق تەرەپ بولىدۇ . كىشىلەر بىز بىلەن مۇناسىۋەت قىلـ
غاندا ، كۆڭلىنىڭ ئاشكارىلاشقا بولىدىغان يورۇقلۇق تەرىپىنى
كۆرسىتىپ ، ئاشكارىلاشقا بولمايدىغان قاراڭغۇلۇق تەرىپىنى يو-
شۇرۇپ قالىدۇ . مانا بۇ بىز دەيدىغان ئادەم تەبىئىتىدىكى ئاجىز-
لىقلار بولۇپ ، بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بىز نەزەردە تۇتۇۋاتـ
قان سەنئەتكارلىقتا توسالغۇ پەيدا قىلىدىغان پسخىك ئاجىزلىقـ
لاردۇر . ھەر ئادەم ئۇنى ئۆزىنىڭ ئابرۇيىغا دەخلى قىلىدۇ دەپ
بىلگەچكە ، باشقىلار ئالدىدا مەھكەم يوشۇرۇپ ، ئۇنىڭ ئۆزىگە
ۋە جەمئىيەتكە كەلتۈرۈۋاتقان ئاپەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇ-
نىمايدۇ . ئىنسان تەبىئىتى قىلچە سۇنئىيلىككە يول قويمىغاچقا ،
ئۇنىڭ سۇنئىيلىكى كىشىلەر ئالدىدا چېنىپ تۇرىدۇ . ئەمما ،
چېنىپ تۇرغان بۇنداق ئاجىزلىق دەماللىققا ئۇنى سېزىۋالغۇچىـ
لارغا بىۋاستە زىيان يەتكۈزمىگەچكە ، ئۇنى كىشىلەر تەگەپ
كەتمەيدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق پاراسەتلىك ئادەم مەندە ئەيىب يوق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ قاراپ ، ئۆزىنى «ئاكاڭ قارىغاي بىرىنچى» قاتارىدا قويۇپ بىخۇد يۈرمەسلىكى كېرەك . بۇ ئىشتا كىمنىڭ پەمى يوق بولىدىكەن ، ئۇ كۆپ نەرسىنى بىلمەن دەپ ئويلايدۇ ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى قىسمەن يوشۇرىدۇ . پۈتۈنلەي پاراسەتسىزلەر بولسا ، ھەممە نەرسىنى بىلىمەن دەپ ئويلايدۇ ـ دە ، ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقلىرىنى تولۇق يوشۇرىدۇ .

## 3 . تەبىئىتىمىزدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلارنىڭ ئاساسلىق تۈرلىرى

ئىنسانلار بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي مۇساپىدە ماددىي ھەم مەنىۋى جەھەتلەردە مول بايلىقلارنى ياراتقان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىدە ناھايىتى كۆپ ئىللەتلەرنىمۇ پەيدا قىلغان بولۇپ ، بۇلارنى تەپسىلىي بايان قىلساق گەپ تولا . بىز بۇ يەردە پەقەت ئىجادىي پىكىر قىلىشىمىزغا ياكى ئىجادىي پىكىرلىرىمىزنى رېئاللاشتۇرۇشىمىزغا بىۋاسىتە تاقىلىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرىنىلا بايان قىلىمىز .

**بىرىنچى ، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش**

ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش بىر ئادەمنىڭ ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئۆزىنى ئەيىبلىك ھېسابلاپ ئۆزىگە كاچات ئۇرۇش تۇيغۇسى بولۇپ ، ئۇنىڭ مىجەز جەھەتتىن تۇغما بىر تەرىپى بولسىمۇ ، بۇ ئاساسلىقى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە پەيدا بولىدۇ . ئائىلە ، مەكتەپ ، خىزمەت ئورنى ، ئىجتىمائىي مەرتىۋىسى قاتارلىقلاردا ئۇنداق ياكى مۇنداق بىر ئىشنىڭ جايىدا بولماسلىقى ، تۇرمۇشتا كۆتۈلمىگەن كەچۈرمىشلەرنىڭ يۈز بېرىشى ، تەن قۇرۇلۇشىنىڭ مەلۇم بىر ئەزاسىنىڭ جايىدا بولماسلىقى قاتارلىقلار شۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر خىل تۇسالغۇ پەيدا قىلىپ ، ئۇنى ئەمەلىي تۇرمۇشتا سۆيۈملۈك يار ـ بۇرادەر-

لىرى ئەڭ قەدىرلىك ۋە گۈزەللەر قاتارىدا سۆيۈپ ئارزۇلاۋاتىسە-
مۇ ئۆزىنى سەت ھېسابلاپ دەككە ـ دۈككىدە يۈرىدىغان قىلىپ
قويىدۇ . بولۇپمۇ ئىجادىي پائالىيەتتە ئىشەنچسىز ئورۇنغا چۈشۈ-
رۈپ قويىدۇ . بۇنداق بولغاندا ئۇ ئادەم جامائەت سورۇنلىرىغا
ئەركىن ـ ئازادە بېرىپ ـ كېلەلمەيدىغان ، كىشىلەرگە ئۇدۇل-
مۇئۇدۇل گەپ قىلالمايدىغان ، ئۆزىنىڭ توغرا تەشەببۇسلىرىنى
يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا قويالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ . بۇنىڭ بىلەن
ئۇنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى بېكىنمە ھالەتكە چۈشۈپ كېتىدۇ ،
ئۇنى غېرىبلىق بېسىپ كېتىدۇ . ئۇنداق ئادەم ئۆزىنى : «مەن
ئۇنىڭدىن قابىلىيەتسىز ، مەن ئۇنىڭدىن سەت ، مەن ئۇنىڭدەك
كۆچلۈك ئەمەس ، مېنىڭ سەۋىيەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن . . . » دېگەن-
دەك بىر قاتار ئىنكار سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى تۆۋەنلەشتۈرۈپ ،
باشقىلارنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بارلىق پائالىيەتلەردە ئۆزد-
نى چېكىندۈرۈپ باشقىلارغا يول بېرىش روھىي ھالىتىدە تۇرى-
دۇ . بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى ئەمەلىيەت جەريانىدا تۇرمۇش
ئۆگىنىدىغان ياخشى پۇرسەتلەردىن ئۇزلۇكسىز مەھرۇم قىلىپ ،
بىلىم ۋە پىكىر جەھەتتە چېكىنىدۇ .

ئالايلۇق ، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇۋاتقان بىر يىگىت ياكى
قىز : «مەن سەت » ياكى «مەن چىرايلىق ئەمەس » دېگەندەك بىر
خىل قورۇنۇش بىلەن كۆزى چۈشۈۋاتقان قىز ياكى يىگىتنى
تاللىيالماي نىكاھى غايىبتىكى بەختلىك پۇرسەتنى قولدىن بې-
رىپ قويۇشى مۇمكىن ؛ ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇۋاتقان بىر ئادەم :
«مەن قابىلىيەتسىز ياكى مېنىڭ سەۋىيەم ئۇنىڭدىن تۆۋەن»
دەپ جۈرئەتسىزلىك قىلىپ باشقىلار بىلەن رىقابەت قىلىشقا پېتىنال-
ماي ، ئۆزىنىڭ تالانتىنى جارى قىلدۇرىدىغان پۇرسەتلەرنى قول-
دىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن ؛ «مەن كۈچلۈك ئەمەس ياكى
باشقىلاردەك كۈچلۈك ئەمەس» دېگەن دەككە ـ دۈككە بىلەن
ئۇچرايدىغان قىيىنچىلىقلار چوڭراق بولسىمۇ ، ئىستىقبالى پار-

www.uyghurkitap.com

لاق خىزمەتلەر ئالدىدا ئالدىغا چامداشقا جۈرئەت قىلالماي، شەرەپ ـ شان قۇچىدىغان پۇرسەتلەرنى قولىدىن بېرىپ قويۇشى مۇمكىن.

قىسقىسى، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش پسىخىكىسىدىكى ئادەم مەيلى تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىنىڭ قانداق بىر ساھەسىدە بولسۇن، ئاللىقانداق قورقۇنچ، قورۇنۇش، دەككە ـ دۈككىدە قېلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە دادىل بولالمايدۇ. بۇنداق ھالەتكە چۈشكەن ئادەملەر ئادەمدە بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ زور قىممەت خاسلىق، ئۆزگىچىلىك، مۇستەقىللىق قىممەت ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ئادەملەر بولۇپ، ئۆزلىرىنى ئەتراپلىق ئېتىراپ قىلمايدۇ. بۇ تولىمۇ بىھۇدىلىك. بىرىنچىدىن، بىزنى دۇنياغا يارىتقۇچى ھەربىرىمىزگە باشقا ھېچقانداق ئادەمگە ئوخشىمايدىغان خاس خۇسۇسىيەت ئاتا قىلغان تۇرسا، ئىككىنچىدىن، بىز جۈرئەتلىك بولغاندا ئورنىمىزنى ئىككىنچى بىر ئادەم يولسىزلىق بىلەن ئالالمايدىغان تۇرسا، نېمىشقا ئۆزىمىزنى باشقىلاردىن تۆۋەن، ئەيىبلىك ھېسابلايمىز؟

شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزىنى كەم سۇندۇرىدىغان ئادەم يەنە شۇنداق تۇرلۇك ئەنسىرەشلەر بىلەن دەرگۇمان يۈرگەندە، باشقىلارنىڭ ئۇنى شۇنداق تۆۋەن كۆرۈشى ناتايىن. ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش شۇ ئادەمدىكى بىر خىل پسىخىك كېسەل بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنى شۇنداق دېمىگەن تەقدىردىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئۆزى قىينايدىغان دەككە ـ دۈككىلەرگە گىرىپتار قىلىپ قويىدۇ. ناۋادا بۇنداق پسىخىك كېسەللىك ئۇنىڭدا ئۇزاققىچە داۋام قىلىدىكەن، ئۇ ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاپ ھەر خىل نورمالسىز ھەرىكەتلەرنى قىلىدىكەن، كىشىلەر ئەسلىدە ئۇنى ھۆرمەتلەپ چوڭ بىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ نورمالسىز ھەرىكەتلىرىدىن شۈبھىلىنىشكە باشلايدۇ ـ دە، «بۇنىڭغا نېمە بولدى، غەلىتە بىر ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغۇ؟» دەپ، ئۇنى تۆۋەن چاغلاش

مۇمكىن . بۇ ئاقىۋەت شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كۆزگە ئىلمىغانلىقىدىن پەيدا بولغان بولۇپ ، ئۆزىگە ئۆزى خورلۇق ئېلىپ كېلىدىغان بۇنداق روھىي ھالەتنىڭ ھەرقانداق بىر خىلىنى چۈرۈپ تاشلاپ ، ياشاش سەنئەتكارلىق مەيدانىغا مەيدىسىنى كېرىپ كىرىش ئەقىل تەقەززاسىدۇر .

چۈنكى ھەركىم دىلىدا قانداق ئادەم بولۇپ چىقىشقا ئالدىن نىيەت قىلغان بولسا ، شۇ نىيىتى ئۇنى شۇنداق ئادەم بولۇشقا يېتىلەيدۇ . مەسىلەن ، بىر مەغلۇبىيەتچىنى مىسالغا ئالساق ، ئۇ بەلكىم ئۆزلۈكسىز تۇردە : «مەن بىر پۇرسەتتىكە ئىگە بولالمىدىم» ، «مەن ھازىرقىدىن ئوبدانراق بىر خىزمەت تاپالمايمەن» ، «تىجارىتىمنى ياخشى قىلىپ، ھازىرقىدىن كۆپرەك پۇل تېپىشىم مۇمكىن ئەمەس» ، «مۇھەببىتىمنىڭ مەندىن كۆڭلى قالغان بولۇشى مۇمكىن ، ئۇ ئەمدى مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ» ، «رەھبەرلىكنىڭ مەن بىلەن خوشى يوق ، ئۇ مېنى ئەتىۋارلىمىغانىكەن ، ئۇتتۇق قازىنىشىم تەس» دېگەندەك بىر يۈرۈش ئىنكار سۆزلىرى بىلەن شۇ تاپتىكى ھالىتىدىنمۇ تۆۋەنگە چۈشۈپ كېتىشىنى مۆلچەرلەپ ، تېخىمۇ زور مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىشى مۇمكىن . ئۆزىنىڭ جىسمانىي ھالىتىدىكى بىر ئەيىبنى ئۆزلۈكسىز مۇبالىغە قىلغان بىر كىشى ئۆزىنى شۇ ئەيىب بىلەن ئاتىلىدىغان «تاز» ، «سامان قورساق» ، «ئورۇق ئۆچكە» ... دېگەندەك لەقەملەر بىلەن ئاتىلىدىغان دەرىجىگە ئاپىرىپ قويۇشى مۇمكىن . شۇڭا ، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش روھىي ھالىتىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىش ھەربىر ئادەمنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتى .

چۈنكى ، بىر ئادەم كەمبەغەلرەك ياكى مەرتىۋىدە تۆۋەنرەك بولسا ھېچ ۋەقەسى يوق ، ئۇنى ئادەم ئۆز تىرىشچانلىقىغا تايىنىپ ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ . ئۆزگەرتەلمىسىمۇ نېمە بوپتۇ ؟ ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە لايىق يولى بولىدۇ . ئۇ ئۆز يولىدا كېتىۋەرسە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

باشقىلارغا توسقۇنلۇق قىلمىسىلا بولىدىغۇ؟ ئەمما، ئۆزىنى كەم سۇندۇرۇش روھى دۇنيادا غالىب كەلسە، ئۇ ئادەم ئۆزگىرەلمەيدۇ، ھەتتا باي ياكى بىلىملىك بولغان تەقدىردىمۇ دائىم باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن چاغلاپ، تەشۋىش ئىچىدە تۇرىدۇ ـ دە، ھامان ئۆزىدە ھېچنېمە بولمايدىغان ئادەملەر يەنى زامان رىقابەتچىلىرى بىلەن بەسلىشەلمەيدىغانلار قاتارىغا كىرىپ قالىدۇ.

**ئىككىنچى، جامائەت پىكرىنىڭ قۇلى بولۇپ قېلىش**

ھەربىرىمىز ئۆزىمىزگە زەڭ قويۇپ باقايلى، ھەممىمىزنىڭ يۈرىكىدە ئۆزىمىزگە بولغان بىر باھا بار. بىز مانا ئۆزىمىزنى باھالىشىمىزغا ۋە باشقىلارنىڭ بىزنى قانداق باھالىشىغا، جامائەتنىڭ بىز ھەققىدە نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمىز، بۇنداق كۆڭۈل بۆلۇش كۆپ ھاللاردا جەمئىيەتنىڭ بىر خىل ئېھتىياجى بولۇپ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي بولمايدۇ. ئەمما، بىز دىققەت قىلدۇق دەپ ئۆزىمىزنىڭ ئوبرازىنى تامامەن باشقىلار كۆتكەندەك بىر خىل سىياقتا كىرگۈزۈۋېلىشقا تىرىشىمىز ھەمدە باشقىلارنىڭ سۆز ـ چۆچەك قىلىشىدىن قورقۇپ، كۆڭلىمىزدە شاپشىپ تۇرغان پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا ئاتالمايمىز.

گەپ ـ سۆز قىلىشتىلا ئەمەس، ماھارەت، ھەرىكەت، تۇرمۇش، تەپەككۇر جەھەتلەردىمۇ ئۆزىمىزگە بىر خىل قېلىپ بەلگىلىۋېلىپ، ھەتتا بەزى چاغلاردا شۇ قېلىپقا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن غىلاپ بەندىسى بولۇۋالىمىز. بۇنداق قىلىقلار روھىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئىجادىي قابىلىيەتكە بىر خىل توساقتۇر. چۈنكى بىز ئەنە شۇنداق سۇئىي «ئەدەبلىك» بولۇۋالغاندا كۆڭلىمىزدە يەنە: «ئۇ ئادەم نېمىدەپ قالار»، «ئۇ، مېنى ياخشى كۆرەمدۇ ـ يوق»، «ئۇ ماڭا ئىشىنەمدۇ ـ يوق»، «خەق تېخى بۇنداق قىلمىغان تۇرسا، مېنى ئۆزىنى كۆرسەتتى دەپ قالارمۇ؟

» دېگەندەك ئەنسىرەشلەردە بولىمىز - دە ، ئەمەلىي سۆز - ھەرىكەت ، ماھارەت كۆرسىتىش ، تەپەككۇر قىلىشتىن باش تارتىمىز . بۇ چاغدا ، گەرچە بىز يۇقىرىقىدەك ئەنسىرەش چەمبىرىكىدە ئامانچىلىقنى ساقلاپ قالغان بولساقمۇ ، ئەمەلىيەتتە تەپەككۇردا قاششاقلىشىپ كېتىمىز ۋە باشقا قابىلىيەتلەردىمۇ چېكىنىپ كېتىمىز .

بۇنداق پىسخىك جەرياننىڭ ھەممىمىزدە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە دەۋر قىلىشىنىڭ يىلتىزى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ ، ئۇ ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن چاغلاردا ھەربىر قەدەم ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئۆزاققىچە دېلىغۇل بولۇش ۋە ھەرنېمىلەردىن قورقۇپ ئېھتىيات قىلىش تەبىئىتىدىن ئۆسۈپ چىققان . مىليون يىللار مابەينىدە ئىنسانلارنىڭ مۇشۇنداق ئالغا ئىلگىرىلەش تاللاشلىرىدىكى كونكرېت ھەرىكەتلىرىدە قوللانغان ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيىلىرى بارا - بارا ئۇلارنىڭ روھىغا سىڭىپ بىر خىل تۆۋەنچىلىككە شۇكۇر قىلىش پسىخىكىسىنى ئۆستۈرۈپ ماڭغان . ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش جەرياندا ئېھتىياتچان بولۇشى بىر جەھەتتىن ئۆزلىرىنى قوغداپ ماڭىدىغان پاراسەت ئوقىدا ئايلانسىمۇ ، ئەمما ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاللىقانداق غايىب نەرسىلەردىنمۇ قورقىدىغان قىلىپ قويىدىغان قەلب قۇلۇپىغا ئايلىنىپ ، ئۇلارنىڭ پىكرىنى چۈشەپ تۇرغان . بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئەركىن - ئازادىلىك بىلەن ئېيتىشتىن ئەيمىنىدىغان بىچارىلەرگە ئايلىنىپ ، باشقىلار گەپ قىلمىغۇچە يېڭى سۆز ، ھەرىكەتكە جۈرئەتسىزلىك قىلىدىغان بولۇپ قالغان . ھەربىرىمىز بىر ئىش قىلىشتىن بۇرۇن ، ئۇيان ئويلاپ - بۇيان ئويلاپ بېشىمىز قېتىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ۋە باشقىلار بىر ئىشنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسىز دېسە ،

«ئويلاپ يېتەلمىدىم ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەيۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز ئەنە شۇنداق قەلب قۇلۇپىنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتتىمىزدىكى ئىپادىسىدۇر .

ئاندىن قالسا ، جامائەت پىكرىگە قۇل بولۇپ قېلىش ئۆزىگە ئىشەنمەسلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇپ ، بىز ئۆزىمىزگە ئىشەنمەي يۈرۈپ پىكىر جەھەتتە قانچىلىك قۇربانلارنى بەرگەنتۇق ـ ھە ؟ بىز نۇرغۇن پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇپ بارمىقىمىزنى چىشلەپ قالغان بولساقمۇ ، تېخى ھازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىمىز ، كۆپچىلىكىمىزنىڭ يۈرىكىدە نى ـ نى ئىشلارنى قىلىش ، ھەتتا ئوي ـ پىكىرلىرىمىزنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىقىش ئويلىرىمىز بار تۇرۇپ ، تېخىچە تۈزۈك نەتىجە يارىتالماي يۈرىمىز . بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، بىزدە بۇنداق ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك بولغاندا ، دىققىتىمىز بازاردا ئېقىۋاتقان گەپلەر تەرەپكە چېچىلىشقا باشلايدۇ ـ دە ، ئۆزىمىز قىلماقچى بولغان پىكىر ، نۇقتىلىق ئىش قېپقالىدۇ . ئەگەر بۇنداق قىلماي ئۆزىمىزگە ئوبيېكتىپ باھا بېرىپ ، دىققىتىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقىغا يىغىپ ، ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالىدىكەنمىز ، ھېچبولمىغاندا روھىي جەھەتتە غالىبىكار بولىمىز ، يۈرىكىمىز تومىلىشىپ قالىدۇ ، قولىمىزدىكى ئىشنى باشقا چىقىرىپ كېتىشكە جۈرئەت تۇغۇلىدۇ . بىزنىڭ سەھرالىرىمىزدىن شەھەرگە بۆسۈپ كىرىۋاتقان دېھقان ياشلارغا قاراپ باقايلى ، ئۇلاردىمۇ ئاجايىپ ئالغا ئىلگىرىلەشلەر بولدى . مەن ئۆزۈمنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يېزا دەرىجىلىك كىچىككىنە يۇرتتىن چىققان ياشلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم ، ئۇلاردىن بىر مۇنچىسى ھازىر ئۈرۈمچى ھەم غۇلجىلاردا تۇرۇۋاتقان مىليونېرلار بولۇپ ، ئۇلار ئەسلىدە يۇرتىمىز بەشكېرەم تەۋەسىدە بۇنىڭدىن بىر ئەسىر بۇرۇن باش كۆتۈرگەن كاتتا بايلاردىن ھالقىپ كەتتى ، ھەمدە مەدەنىي ـ مائارىپ ، پاراۋانلىق ، پەن ـ تەتقىقاتىغا ئوخشىمىغان

دەرىجىدە ئىئانە ياردەملەرنى بەردى . بۇلار ئەتراپىدىكى شۇنچە ئەقىللىق ئادەملەر ئارىسىدىن نېمىشقا باش كۆتۈرۈپ چىقالىدى ؟ ئاساسلىقى ئۇلار جامائەت ئىچىدىكى «ئۆزۈڭنىڭ يۇرتىدا ئوچاقتا كۆيسەڭ ، باشقىلارنىڭ يۇرتىدا تونۇردا كۆيسەڭ» ، «ياقا يۇرتنىڭ دەردى يامان» ، «مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس» دېگەن سۆزلەردىن قورقماي جاھان كېزىپ چىققان . ئەسلىدە بىرنەچچە ياماق ياكى بىرنەچچە يۇز تەڭگە پۇل بىلەن يۇرتتىن چىقىپ ، ھازىرقى بايلارغا ئايلانغان . ئىلىم - پەن جەھەتتىمۇ يەنە شۇنداق . يۇرتىمىزدىن مۇسا روزى دېگەن بىر يىگىت تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ يېزىغا چۈشۈپ دېھقان بولۇپ كەتكەندىن كېيىن ، كېچە كۈندۈز جاپالىق ئەمگەك بىلەن يۇرتتا كۆزگە كۆرۈنگەن باغۋەن بولۇپ يېتىلىپلا قالماستىن ، داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ ئوقۇپ ، ئاخىرىدا شۇ مەكتەپتىكىلەرنىمۇ قايىل قىلىپ ، ھازىرقى كۈندە شۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كىتاب تەرجىمە قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان دوتسېنتى بولۇپ قالدى . ئۇلار ئەنە شۇنداق جامائەت پىكرىگە قۇل بولىدىغان ئۆزىگە ئىشەنمەسلىك چەمبىرىكىدىن چىقىپ كەتكەنلەردۇر . باشقىلىرىمىزمۇ شۇنداق ئادەملەرغۇ ؟ ھەتتا بەزىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى ئۇلاردىن ياخشىغۇ ؟

ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا كۆرە ، جامائەتنىڭ پىكرىگە قۇل بولۇش ياكى قۇلچىلىق ئىدىيىسى شۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئىنكار قىلىشى ئاساسىدا ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئىگىلىۋالغان ھامان روھىي جەھەتتە كۈچلۈك بىر ئېقىمغا ئايلىنىپ ئادەمنىڭ قەلبىنى قۇرۇق بىر قاپچۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . بۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ قەلبىگە ئۆزىنىڭ ئىدىيىسى ئەمەس ، خوجايىن ھېسابلىنىدىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ پىكرى ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ . ئەگەر ئۇنىڭ قەلبىنى چۇلغىغان ئادەم يامان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئادەم بولۇپ قالسا قولچى ئۇنىڭ ئەگىشىپ ئەسكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قەلبى ھەرقاچان ئۆزىگە خوجايىن بولالمايدىغان قۇرۇق قاپچۇق. بۇنداق قۇرۇق قاپچۇقتا ئادەملا ئەمەس ھەتتا باشقا بىر نەرسىلەرمۇ خوجايىنلىق قىلىشقا بولغاچقا، بىرەر ماددىي تەلپۇنۇش، جىنسىي تەلەپ ۋەياكى ھوقۇق ئارزۇسى دېگەندەك نەرسىلەر ئۇنىڭ قەلبىگە كىرىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ قولىغا ئايلاندۇرۇپ ئالىدۇ. ئىجادچانلىق گويا مېھمانخانىدەك پاكىز قەلبلەردىكى ئېسىل نەرسىلەردەك گۈزەل پەيدا بىكىرلەرنى ئۆزىگە ۋەتەن قىلىپ ئۆسكەچكە بۇنداق قۇرۇق قاپچۇق قەلبلەردە ئىجادىيەت، ئىختىرا، پەرپاچىلىق، يىلتىز تارتمايدۇ. شۇڭا، ئۆزىدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەتنى ئاچمىغان دېگەن ئادەم ھەرقاچان ئۆزىگە تەشەببۇسكارلىق، مۇستەقىللىق، ئىشەنچ تۇرغۇزۇشنى ئىجادىي قابىلىيەتنى ئاچىدىغان ئاچقۇچقا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

**ئۈچىنچى، ھۇرۇنلۇق**

بۇ سەنئەتكارلىق بابىدىكى يەنە بىر توساق بولۇپ، بۇنداق ئاجىزلىق تۇرمۇشىمىزنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە بىزنىڭ ئىرادىمىزنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ كۈچ كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. شەيتانچاقنى كۆرۈپ ئات ـ ئۇلاغنى تاشلاش، پىكاپنى كۆرۈپ شەيتانچاقنى تاشلاش، يەر ھەيدىگۈچى تۆمۈر بۇقۇسا ۋە توپا قازغۇچى بۇقىلارنى كۆرۈپ كەتمەن ۋە مىتىننى تاشلاش... ھەممە يەردە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇلار ۋاقىتنى تېجەشتە مۇھىم بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنداق تېجەلگەن ۋاقىتنى ئويۇن ـ تاماشىغا بېرىۋېتىدۇ ـ دە، تېجەلگەن ۋاقىت بىلەن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلمايدۇ. پەن ـ تېخنىكا تەرەققىي قىلغانسېرى كىشىلەردىكى ھۇرۇنلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى، ئادەملەرنىڭ بويىدا ئۆسۈش بولسىمۇ، تەپەككۇر ۋە ھەرىكەتلىرى-

دە قاشقالىق ھەتتا چېكىنىش بولۇشى ئەنە شۇنىڭ پاكىتى
بولۇپ ، بۇ ئىنسانىيەتتىكى بىر تراگېدىيىدۇر . ھازىر دۇنيادا
ساياھەتچىلەر ھەدەپ كۆپىيىپ كەتمەكتە ، بەزى ئەللەردە سايا-
ھەت كەسپى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ مۇھىم مەنبە-
سىگە ئايلانماقتا . ھازىر دۇنيادا بىر مىلياردقا يېقىن ئاھالە ئاچ
- يالىڭاچ تۇرۇۋاتقان ، جۇڭگودا 80 مىليون ئاھالە نامراتلىقتا
ياشاۋاتقانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز . شۇنداق تۇرۇقلۇق ، كى-
شىلەرنىڭ تاغ - دەريالارنى تاماشا قىلىشىنى كەسىپكە ئايلاندۇ-
رۇۋېلىشى ، خېلى ساندىكى پۇلى بار بايلارنىڭ نازىنىن خېنىملار
بىلەن كاتتا رېستورانلارغا كىرىۋېلىشى ، ھەتتا بۇنداق ھەرىكەت-
لەرنىڭ ئىجتىمائىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۇرۇلۇشى ئىنساند-
يەتتىكى چۈشكۈنلۈك بولماي نېمە؟ بۇنداق سۆزلەرنى دېسەك ،
كىشىلەر ئارىسىدا ھازىرلا ئوخشىمايدىغان پىكىر چىقىدۇ ۋە
تۇرلۇك ئۇششاق پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ، بۇ ئىشلارنىڭ يېغىرد-
نى ياپىدۇ . ئەمما پۈتكۈل تارىخقا نەزەر سالساق ، ھۇرۇنلۇق
ۋە ھۇرۇنلۇق ئاساسىدا ئۆسۈپ چىققان بۇنداق راھەتپەرەسلىك
باتۇر ئەزىمەتلىرى دەۋر سۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئات ئۇستىدە
چەۋەندازلىق قىلىدىغان مىللەتلەرنى ھەتتا بۈگۈنكى كۈندە ئوغلا-
قىمۇ چۈشەلمەيدىغان قىلىپ قويدى . ھۈنەر - سانائەتتە دۇنياغا
ئۈزۈك كۆزى بولىدىغان نۇرغۇن مىللەتلەرنى چەتنىڭ نەرسىلد-
رىنى سېتىۋېلىش بىلەن ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان غوجد-
كۆدىلەرگە ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئۆز زامانىدا دۇنياغا پىكىر يايىدد-
غان ئالىملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان ئالىي بىلىم يۇرتى بار مىل-
لەتلەرنى ھەتتا شۇ ھەقتە تارىخچىلار گەپ قىلمىسا ، ئۇ ئالىي
بىلىم يۇرتلىرىنىڭ ۋە ئۇلارنى بەرپا قىلغان بۈيۈك ئۇستازلىرد-
نىڭ نامىنىمۇ دەپ بېرەلمەيدىغان ئۇنتۇغاقلارغا ئايلاندۇرۇۋەت-
تى . توغرىدىن - توغرا ئېيتقاندا ، قايسى مىللەت قانچە ھۇرۇن-
لاشقانسېرى شۇ مىللەت ئارقىدا قېلىۋەردى . ئۇنداق مىللەتلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئارىسىدىكى تەپرىقچىلىك ھەرىكەتلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ ، قانچىكى ھېلىگەر بولغانلىرى سادىدىلىرىنى ئېزىپ جان باقىدىغان تەڭسىزلىك ئۆسۈپ ، بۇنداق تەڭسىزلىك تۈگىمەس جەڭگى - جېدەلگە ئايلىنىپ ، ئۇ مىللەتلەرنى بارغانسېرى نادان ، قالاق ، گاداي قىلىۋەتتى . ئەگەر ئىنسانلاردا مۇنداق بىر تەبىئىي ئاجىزلىق بولمىغان بولسا ، كىشىلەر بىر - بىرىدىن قېلىشماي تىرىشىپ ئىشلەيدىغان بولسا ئىدى ، ئىنسانلارنىڭ ماددىي ھەم مەنىۋى قىياپىتى ھازىرقىدىن كۆپ ياخشى ۋە نۇرغۇن دەرىجىدە ئىلغار بولغان بولاتتى .

ھۇرۇنلۇق ئىنسانىيەت ۋە ئۇنى ئۆزىگە يار تۇتقان مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىنى توسۇپلا قالماستىن ، ھەربىر ئادەمنىڭ ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈنمۇ چوڭ توسالغۇ . بۇ خۇددى كېرەكسىز تۆمۈر ئاسان داتلىشىدىغان ، توختام سۇ چىرىپ كېتىدىغانغا ئوخشايدۇ . ھۇرۇنلۇق جىسمانىيەتتە ئادەمنى يالقاۋغا ئايلاندۇرۇپلا قالماستىن ، ھەتتا ئەقىل جەھەتتىمۇ ئادەمنى بارا - بارا خورىتىۋېتىدۇ . ئۆزىمىزگە سەپسېلىپ باقايلى ، قولىنىڭ ئۈچىدىلا ياكى ئازغىنە كۈچ بىلەن قىلىۋەتكىلى بولىدىغان بىرمۇنچە ئىشلاردا ئۆزىمىز بوشاڭلىق قىلغانلىق ئۈچۈن ، ئۆزىمىزنى قويۇۋەتكەنلىكىمىز ئۈچۈن ھۇرۇنلۇق بىزنى يېڭىدۇ . بۇ ، بىزدىكى ئىش - ھەرىكەتنىڭ قۇيىچى داتلاشقانلىق ، ئەقلىمىزدىكى گاللىشىش بولماي نېمە ؟ دۇنيادا شۇنچە كۆپ ئىرادىلىك ئادەملەر شۇنچە مۇشكۈل ئىشلارنى قىلىۋاتقان شارائىتتا ، بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك نورمال خىزمەتلەرنىمۇ ۋاقتىدا ئورۇندىيالماي يۈرۈشىمىز ئىرادىمىزنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكى بولماي نېمە ؟ مەسىلەن ، سىزنى ئائىلە ئايالى ھېسابلايلى ، كىيىم - كېچەك ، قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇش ناھايىتى ئاددىي ئىش ، چاققان بولسىڭىز بىردەمدە قىلىپ تۈگىتىسىز ، ئائىلىڭىز سىزدىن ھۇزۇرلىنىدۇ ، سۆيۈنىدۇ ، بىراق سىز ھۇرۇن

بولسىڭىز ، بۇنداق ئىشلارنىمۇ ئاياللار ئازادلىقى دېگەن چوڭ سىياسىي تېمىغا سۆرەپ كىرىپ ، «ئەر بىلەن ئايال تەڭ بولغاندىكىن ، بۇ ئىشلارنى ئەرلەرمۇ قىلىش كېرەك» دېگەن جوداچىلىقتا ئۆتىسىز ياكى بىردەمدىن كېيىن قىلىمەن دەپ ، ئۆزىڭىزنى دىۋانغا ياكى ساپاغا تاشلايسىز ۋە ياكى ئاپتاپقا چىقىپ ئولتۇرۇپ قالىسىز ـ دە ، يەنە بىر ئالدىراشلىق بىلەن بۇ ئىشلارمۇ دۆۋىلىنىپ قېلىپ ، سىزدە : «ۋاقتىدا قىلىۋەتكەن بولسام بولۇپتىكەن» دېگەن پۇشايمان ھاسىل قىلىدۇ . ئەمما ھورۇنلۇقتىن كېلىپ چىققان بۇنداق پۇشايمان ياكى جوداچىلىقىڭىزدىن كېلىپ چىققان كىچىك ـ كىچىك غوۋغالار سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا تاقاشمىغان بىلەن ، پەرزەنتلىرىڭىزدە يامان تەسىر ۋە دورۇمچۇقلۇقنى قالدۇرۇپ ، بارا ـ بارا پۇشايمان ئۈستىگە پۇشايمان قوشۇپ ، سىزنى تۇرمۇشنىڭ مەغلۇبىيەتچىسىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ . بۇنىڭ بىلەن سىزدە ئۆزىڭىزگە ئىشەنچ قىلالمايدىغان روھىي ھالەت ئۆسۈپ بارىدۇ ـ دە ، سىز چوڭ ئىشلار ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدىغان ، ھاياتى ھوسۇلسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز .

ھەممىمىزدە بىز مىسال ئالغان بىر ھورۇن ئائىلە ئايالىدەك ئىرادىسىزلىك بار . پەقەت دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس ، خالاس . بىراق ، ئۇ بىزگە نېمە بېرىدۇ ؟ بۇنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى نېمە بولىدۇ ؟ بۇ مىجەز ياش ئەۋلادىمىزغا يۇقسا ، ئۇلار نەگە بارىدۇ ؟ بۇ ھەقتە ئۆمۈرلۈك تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەن پېشقەدەم شائىر مۇھەممەد رەھىمنىڭ «سېغىنىش» دېگەن شېئىرلار توپلىمىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىگە قۇلاق سالايلى :

ياشلىقنىڭ قەدرىنى ياشلار بىلەرمىش ،
شۇڭلاشقا زېرىكمەي ئويناپ ـ كۈلەرمىش ،
ياشانغان چېغىدا ھوسۇلسىز قېلىپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىممەتلىك قېرىدىن كەپسەن تىلەرمىش .
ياشلىقنىڭ قەدرىنى ياشلىقتا بىلسە ،
ئىشلىسە ، ئۆگەنسە ، ئوينىسا ، كۈلسە ؛
ياشانغان چېغىدا ياشايدۇ مەغرۇر ،
ئەجرىدىن شان ـ شەرەپ ، ھۆرمەت تۆكۈلسە .
ياشلىقنى قەدىرلەش ئەقىلگە باغلىق ،
ئۆنىڭسىز قەدرىنى بىلىشمۇ چاغلىق .
ياشلىقنىڭ قەدرىنى بىلمىگەچكە مەن ،
كارۋاننىڭ كەينىدە قالدىم ئۇلاقلىق .

دىلىدىن سەمىمىيەت ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ شائىر ئىنسان تەبىئىتىدىكى ھورۇنلۇقنىڭ كىشىلەرگە كەلتۈرىدىغان سوۋغىدىلىرىنى يىغىنچاق تەسۋىرلەپ ، ياشلىقنىڭ قەدرىنى مېھنەتتىن ئايرىپ چۈشەنگەن ھورۇن ياشلارنى قېرىغاندا «كەپسەنچى» بولسا ، باشقىلارنىڭمۇ «كارۋاننىڭ كەينىدە قالدىغان»لىقىنى ئېچىپ بەرگەن .

راست ، گەرچە بىزنىڭ ئارىمىزدا ئالىم سۈپەت يازغۇچىمىز ئەخەت ھاشىم ئېيتقاندەك ، جاپا ـ مۇشەققەتتىن ، يۈكنىڭ ئېغىرىنى كۆتۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ، ئىشنىڭ ئاسىنىغا يۈگۈرەيدىغان ، ئىشلىمەي چىشلەشنى ، راھەت ـ پاراغەتتە ياشاشنى ، ھەتتا بىر كېچىدىلا كاتتا بايلاردىن بولۇپ قېلىشنى ، يۈقىرى مەنسەپكە ، ئابرۇيغا ئىگە بولۇشنى خىيال قىلىدىغان كىشىلەر كۆپ بولسىمۇ ، ئەمما ، بۇ پەقەت خىيالىي چۆچەك ، ئەپسانىلەردىلا سۆزلىنىدىغان ، ئەمما رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھەرگىزمۇ ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلار بولۇپ ، ھەممە ئىشنىڭ ئۆزىگە لايىق قانۇنىيىتى بولىدۇ . ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «جاپا چەكمەي ھالاۋەت يوق» دەپ بىكار ئېيتمىغان . بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ جاپا تارتىشنىڭ ئۆزى راھەت كۆرۈش ئۈچۈن تۆلىنىۋاتقان بەدەلدۇر .

ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا باش ئەگمەي ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ ئۆگىنىشىنىڭ ئۆزىمۇ كەلگۈسىدە بىلىملىك ئادەم بولۇپ چىقىش ئۈچۈن تۆلىنىۋاتقان بەدەل بولىدۇ . ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان كۈرىشىمۇ مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە داۋام قىلىدۇ . بارلىق ئىشلاردا بەدەل تۆلىمەي ، ناھايىتى ئاسانلا قولغا كەلتۈرۈۋالغىلى بولىدىغان نەرسە بولمايدۇ . مۇنداق قولغا كەلتۈرۈۋالغان نەرسە كىشىگە ئەسقاتمايدۇ ھەم ئۇنىڭ قىلچە قەدىر ـ قىممىتى بولماي- دۇ . كىچىككىنە بىر قۇشقاچنى تۇتۇش ئۈچۈنمۇ بىر چاڭگال داننىڭ مەرىدىن كەچمەي بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قىلىشقا بول- مايدۇ . بۇنداق ئىكەن ، سەنئەتكارلىق تېخىمۇ بەك بەدەل تۆلەش- كە موھتاج بولىدۇ . باغراشنىڭ تەبىرى بويىچە ئېيتقاندا ، بۈ- گۈنكى دۇنيا ۋە بىزنى كېرىلدۈرۈۋاتقان مەئىشەتلىرىمىز ئاتا بوۋىلىرىمىزنىڭ جاپا ـ مۇشەققىتى ، ئازاب چېكىشى ، مۇشكۇل- چىلىك ئىچىدە تىرىشىپ ـ تىرمىشىشى ، ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قان ـ تەر تۆكۈشى ، قىيىن ۋە قىستاق شارائىتتا تۇمشۇ- قى بىلەن يەر تىرەپ ، تىرەجەپ ـ تىرمىشىپ كۈرەش قىلىشى بەدىلىگە مۇشۇ ھالغا كەلگەن ۋە تەل بولغانكى ، ھەرگىزمۇ ياستۇقنى قىرلاپ يېتىش ، يۇمشاق تۆشەكتە ئېغىناپ چۈش كۆرۈش ، تائامنىڭ ياخشىسىنى يەپ ، كىيىمنىڭ ئېسىلىنى كى- يىپ ، «جان بالىخان» غا ناخشا توۋلاپ ، ئولتۇرۇش ـ بەزمە بىلەن ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈش ھېسابىغا كەلگەن ئەمەس .

مۇبادا ئەمگەك قىلمىغان ، تەر تۆكمىگەن ، جاپا ـ مۇشەق- قەت چەكمىگەن ، ئىزدەنمىگەن ، ئىجاد قىلمىغان ، راھەت ـ پاراغەت قوغلاشقان بولسا ، ئادەملەر ياۋايىلىقتىن قۇتۇلۇپ مەدە- نىيەتكە ئۇلىشالامتى ؟ ئۆزى گۈزەل ، تىلى پاساھەتلىك ، ئۇست- ۋېشى چىرايلىق ، دۇنيانىڭ ئۆتمۈشى ، بۈگۈنكى ۋە ئەتىسىنى بىلىدىغان ، بۈيۈك ئىدىيىلەر ، يالقۇنلۇق پەلسەپىلەر ، ئالماس- تەك پىكىرلەر ، مۇڭلۇق ناخشا ، نەپىس ئۇسسۇل ، پەن ـ تېخ-

نىكىدىكى ئالەمشۇمۇل كەشپىياتلارنى يارىتىدىغان مەدەنىي ئادەملەرگە ئايلىنالامتى؟

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئەمگەك قىلىش — يەنى جاپا - مۇشەققەت چېكىش، قىيىنچىلىق ۋە مۇشكۈللۈك ئىچىدە قان - تەر ئاققۇزۇش، ئۆزىنى تاۋلاش «ئالالانىڭ گۈزەل ئەسىرى» بولغان ئادەمنىڭ ئادىمىيلىك بەلگىسى ۋە پەزىلىتى بولۇش بىلەن بىللە يەنە تەبىئىي قەرزى، يۈكسەك بۇرچى، باش تارتىپ بولماس مەجبۇرىيىتىدۇر. ھۇرۇنلۇق مۇشۇ مەجبۇرىيەتتىن ۋىجدانسىزلارچە قېچىشتۇر.

قىسقىسى، سەنئەتكارلىق جاپالىق ئۆگىنىش، ئىزدىنىشنى مۇتلەق شەرت قىلغانلىقتىن، ئۇ ھۇرۇن ئادەم بىلەن چىقىشالمايدۇ. سىز ئۇنى تىللاپ ياكى قارغاپ يۈرۈپمۇ بىر باشقا چىقالمايسىز، يەنە كېلىپ ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىر خىل تەبىئىتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر دائىم سىز بىلەن ھەپىلىشىپ تۇرىدۇ. مېڭىۋاتسىڭىز «ئولتۇر» دەيدۇ، ئولتۇرسىڭىز «يات» دەيدۇ، ياتسىڭىز «ئۇخلا» دەيدۇ. ئۇنىڭ سىزنى شەيتان كەبىي ئازدۇرىدىغان مۇنداق سۆزلىرى تۈگىمەيدۇ. بولۇپمۇ، ئۇ ھارغىنلىقتىن كېيىن بىزگە ۋاقىتلىق ئارامبەخش راھەت ئېلىپ كەلگەنلىكتىن، ئاسانلا ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ قالىمىز. ئەگەر بۇنىڭلىق بىلەن ھۇرۇنلۇقنىڭ بۇنداق سۆزلىرىگە ئەگىشىپ كېتىۋېرىدىكەنمىز، تۈگەشكىنىمىز شۇ. چۈنكى بۈگۈن يۈز بېرىۋاتقان راھەتپەرەسلىكىمىز كەلگۈسى ئەۋلادىمىزنىڭ بەختسىزلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۆمرىمىزنى ئالدىراڭغۇ يىللار ئېلىپ كەتمەكتە، بىزدىكى ئىجادىي قۇدرەت ئاجىزلاپ، راھەتپەرەسلىكىمىزدىن ئۆسۈپ چىققان يامان ئادەتلەر مىللىي ھاياتىمىزغا خىرىس قىلماقتا، ئۇلۇغ ئەجداد ۋە ئەۋلادنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن: ھۇرۇنلۇقنىڭ سۆزىگە كىرمەيلى، ھۇرۇنلۇقتىن ئىبارەت ئەلنى رۇدا قىلىدىغان غەپلەت ئۇيقۇسىغا پېتىپ، مەند-

سىز ئويناپ كۈلۈپ يۈرمەيلى. «زەئىپلىك، بوشاڭلىق، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلۇپ، مىللىي شەرىپىمىز ۋە ئىپتىخارىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن:

بالىلىرىمىزنى مەقسەتلىك ھالدا جاپا - مۇشەققەتكە كۆندۈرەيلى؛

بالىلىرىمىزغا ئانچە - مۇنچە قاتتىق - قۇرۇق، ئاشقان - تاشقانلارنىمۇ يېگۈزەيلى؛

بالىلىرىمىزغا ئۆزىمىزدىن ياكى بىر - بىرىدىن ئاشقان كونا - يېڭى كىيىملەرنىمۇ كىيگۈزەيلى؛

بالىلىرىمىزنى بەزى ئەگرى - توقاي ۋە جاپالىق يولدىن توسمايلى؛

بالىلىرىمىزنى بەزى ناچار جاپالىق شارائىت ھەم مۇھىتتا چېنىقتۇرايلى؛

بالىلىرىمىز كىچىكىدىنلا ئۆزىنىڭ قاچىسىدىكى تاماقنى ئۆزى يەپ، ئۆزىنىڭ كىيىمىنى ئۆزى كىيىپ، ئۆزىنىڭ يۈزىنى ۋە ئۆزىنىڭ كىرلىرىنى ئۆزى يۇيۇپ، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقىنى ئۆزى ياساپ، يىقىلغان يېرىدىن ئۆزى ئۆمىلەپ قوپۇپ، دوستلىرى ئارا چىقارغان چاتاقلىرىنى ئۆزى تۈزەپ ئۆگەنسۇن، ھەممىگە چات كىرىپ، ھەممىنى قىلىپ بېرىپ ئۆگىتىپ، ھەمىشە باغرىمىزغا تېڭىۋېلىپ، ئۇلارنى قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، پەقەت ياخشىنىلا يېيىشكە، ياخشىنىلا كىيىشكە تەييار تۇرغان بىر دۆۋە خام گۆشكە، تىرىكتاپ - نانقېپىغا ئايلاندۇرۇپ قويمايلى؛

بالىلىرىمىزغا ئەمگەكنى سۆيۈش ۋە جاپا - مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئىنسانىي پەزىلەت، ئىنسانىي بۇرچ ۋە ئىنسانىي قەرز ئىكەنلىكىنى كىچىكىدىنلا چۈشەندۈرەيلى؛

بالىلىرىمىز ئىنسانىنىڭ تەييارنى يېيىش ئۈچۈن ئەمەس، يوقنى يارىتىش ئۈچۈن ياشايدىغانلىقىنى، يارىتىش، ئۆزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ساقلاش ۋە كۈچەيتىش ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت چېكىشكە جۈر-
ئەت قىلىش كېرەكلىكىنى چۈشەنسۇن ۋە شۇنداق قىلىدىغان
بولسۇن» .[①]بۇ بىزنىڭ ئىجادچانلىقنى يېتىلدۈرۈشىمىزدىكى
مۇھىم ھالقا .

تۆتىنچى ، قورقۇنچاقلىق

بۇ دۇنيادا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان ئادەم يوق . ئەمما
بىزدىكى نۇرغۇن كىشىلەر تۈرلۈك قىسمەتلەر تۈپەيلى يۈرەكئال-
دى بولۇپ كەتكەنلىكتىن ، قورقۇشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىش-
لاردىنمۇ قورقىدۇ . كۆپ قېتىملىق يۈرەك سىقىلىشلىرىدىن ،
مەغلۇبىيەتلەردىن كېيىن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقانلار
تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ ، قاراڭغۇ كېچىدە ئۆزى يالغۇز كېتىۋات-
قاندا «بىرسى ئارقامدىن قوغلاپ كېلىۋاتامدىكىن» دېگەندەك
ھېسسىياتتا بولىدۇ ، كۈندۈزدىمۇ شۇنداق ۋەھىمىلىك ھېسسى-
ياتنىڭ چىرماقلىرىدىن چىقىپ كېتەلمەي ، ئانچىكى ئىشلارغا
يولۇقۇپ قالسىمۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ھودۇقىدۇ . ماقالە
يازسا ياكى بىرەر ئىجادىي پىكىر كۆڭلىدىن كەچسە ، تېخىمۇ
كۆپ تەرەپلەردىن ئەندىشە قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقىرالمايدۇ . يۇ-
قىرى دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىلەن كۆرۈشكەن ياكى جامائەت
سورۇنلىرىدا سۆزگە چىققاندا ، يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ دۇ-
دۇقلايدۇ ، شۇنداق پەيتتە ھەتتا بېشىغا بىر تال دەرەخ يوپۇرمىقى
چۈشۈپ كەتسە ، تاش چۈشۈپ كەتكەندەك قورقۇپ كېتىدۇ .
شۇنداق بولغاچقا ، بۇنداق ئادەملەر كەلگۈسىگە ، ئىستىقبالغا
كۈچلۈك ئىنتىلسىمۇ يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەردىن قورقۇپ يۇ-
رۇپ ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ . ئۇلار نېمە ئۈچۈن
شۇنداق قورقۇنچاق بولۇپ قالغان؟ بۇنىڭدا ئىجتىمائىي ۋە پسى-

---

① باغراشنىڭ «سەن كىمنىڭ ئوغلىسەن ، ئويلىساڭچۇ؟» دېگەن ماقالىسىدىن .

خىكىلىق سەۋەبلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، ئاساسلىقى ئۈچ تۈرلۈك سەۋەب بار:

بىرىنچى، يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسى. بۇنداق قورقۇنچاقلىق ئالدى بىلەن يۆلىنىۋېلىش پسىخىكىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇلارنى كىچىكىدىن باشلاپ ھەددىدىن زىيادە ئارزۇلاپ، ئۇلارنى تېگىشلىك ئەمگەك بىلەن چېنىقىش، جامائەت سورۇنلىرىدا يۈرۈش - تۇرۇشنى ئۆگىنىش، پىكىر - ھېسسىياتلىرىنى ئەمەلىيەت ئاساسىدا بايان قىلىشنى ئۆگىنىش پۇرسەتلىرىنى بەرمەيدۇ. بۇنداق ئارزۇلاش ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا ئارزۇلىغۇچىلارنى يۆلەنچۈك قىلىۋېلىپ، ھاياتنىڭ ئەھمىيەتلىك نىشانلىرىغا كۈچلۈك ئىنتىلمەيدىغان، تەگلە بىكار قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان نانقېچى بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا بىرىنچى سەۋەب بولىدۇ. ئۇلار ئاتا - ئانىسى ياكى باشقا يۆلەنچۈكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغاندا نېمە قىلارىنى بىلمەي روھىي ئازابقا قالىدۇ - دە، ئاسانلا چۈشكۈنلىشىدۇ ياكى مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا تۇرمۇشتا غۇربەتچىلىككە قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن چاغلاپ، ھەرقانداق ئىشقا مۇستەقىل تۇتۇش قىلىشتىن قورقىدىغان توخۇ يۈرەك بولۇپ كېتىدۇ. بىزدىكى بالا تەربىيىلەش ئۇسۇلىدا ئەنە بۇنداق زىيادە ئارزۇلاش، بالىلارغا جەمئىيەتتىكى رىقابەتتىن ئايرىلغان نامۇۋاپىق تەلەپلەرنى قويىدىغان ئادەت ئەنە شۇ قورقۇنچاقلىق پسىخىكىسىنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادىمىزنىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتى بولغان ئىجادىي پىكىر، ئىجادىي ھەرىكەت، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان سەنئەتكارلىقنى قوغلىشىشقا توسقۇن رېئال ئەيىبتۇر. بىزدىكى بۇنداق ئەيىبنى ئاپتور ئەنۋەر ھوشۇر ئۆزىنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىل 2 - سانىدا ئېلان قىلغان «يۆلەش - يۆلىنىۋېلىش» دېگەن ماقالىسىدە ناھايىتى ياخشى

سۇرەتلەپ بەرگەن : «يۆلەش — ئادەم مۇستەقىل ياشاش ئىقتىـ
دارى ئەڭ تۆۋەن مەخلۇقات بولغانلىقى سەۋەبلىك ، ئەلۋەتتە ئۇ
ياردەمگە — يۆلەشكە موھتاج . لېكىن ئۇنىڭ چېكى بولۇشى
لازىم . ئەپسۇسكى بىزدە يۆلەشنىڭ چېكى يوق . پاكىتقا قاراپ
باقايلى : تەرەققىي تاپقان غەرب ئەللىرىدە پەرزەنتلەر 18 ياشقا
كىرگەندىن باشلاپ ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇشىنى باشلىۋېتىـ
دۇ . ئاتا ـ ئانىلار ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىشىغا بىۋاسىتە ئارىلاشـ
مايدۇ . ئەگەر پەرزەنتى مۇستەقىل ياشاش مۇھىتىغا ئېرىشكەنـ
دىن كېيىنمۇ ئاتا ـ ئانىسى ئولتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلسا ،
ئۇنىڭدىن ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆي ئىجارىسى ئېلىشى ئادەتتىـ
كى بىر ئىش . لېكىن بىزدە ئەھۋال تامامەن باشقىچە بولۇپ ،
18 ياشتا ئەمەس ، 48 ياشتىمۇ مۇستەقىل تۇرمۇشنى باشلىيالـ
ماي ئاتا ـ ئانىسىغا ئېغىرلىق سېلىۋاتقانلار ھەددى ـ ھېسابـ
سىز ، بىردە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلىـ
شىۋېلىش ھادىسىسى پەۋقۇلئاددە ئېغىر بولۇپ ، ئۇنىڭ توختاش
چېكى يوق . پەرزەنتلەرنىڭ ئەقلىگە ئىشەنمەستىن ھەددىدىن
زىيادە كۆيۈنۈش ، بالىلىرىنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىگە ،
قىزىقىشىغا ھۆرمەت قىلماي ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە
بويسۇندۇرۇش ، ھەتتا كەسپىنىمۇ ، جورىسىنىمۇ ئۆزى تاللاپ
بېرىش ، پەرزەنتلىرىنىڭ يولىنى ئۆزى ئېچىپ بەرگەن تۇرۇقـ
لۇق يەنە ئۇلارغا ئىشەنمەي ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇش ، بارلىق
زېھنىي كۈچىنى پەرزەنتلەر ئۈچۈن سەرپ قىلغان تۇرۇپ ئاخىرـ
دا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەسلىك — بىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمىزـ
دىكى ئورتاق خۇسۇسىيەت ، شۇنداقلا ئورتاق قىسمەت . يەنە پاـ
كىتقا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرايلى : 7 ـ ئاي مەزگىلىدە بىزنىڭ
مىللىي ئىمتىھان مەيدانلىرىمىزنىڭ ئالدى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنـ
نىپ كېتىدۇ . ئۇ يەردە توپلىشىۋالغان ئاتا ـ ئانىلار ( ئۇلارنىڭ
بەزىلىرى شەھەر ئاتلاپ كەلگەن ) نىڭ كۆپلۈكىدىن ئىمتىھاننىڭ

نورمال تەرتىپكە كاپالەتلىك قىلىشمۇ تەس . لېكىن خەنزۇ
ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان مەيدانلىرىنىڭ ئالدى ئادەتتىكى كۈنلەر-
دىكىدەك تىپتىنچ . 9 - ئايلاردا بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز ئالىي
مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغان پەرزەنتلىرىنى ئوقۇشقا يولغا سال-
غاندا تەمكىن قىياپەتتە ياخشى تىلەكلەر بىلەن يولغا سېلىش
ئورنىغا يىغا - زارە قىلىشىپ بېكەتنى بېشىغا كىيىدۇ . ھەتتا
بەزىلىرى پەرزەنتى بىللە سەپەرگە ئاتلىنىپ ، باللىرىنىڭ
خاتىرجەم دەرسخانىغا ماڭغىنىنى كۆرگەندىن كېيىن ئاندىن
كۆڭلى ئەمىن تېپىپ قايتىپ كېلىدۇ . مېنىڭ ھېس قىلىشىم-
چە ، دۇنيادا مەيلى قايسى ئىرق ياكى مىللەتتىن بولسۇن پەرزەن-
تىگە كۆيمەيدىغان ھېچقانداق ئاتا - ئانا يوق . لېكىن كۆيۈنۈشنى
ئىپادىلەشتە پەرق بار . بەزىلىرى يوشۇرۇن كۆيۈنسە ، بەزىلىرى
ئوچۇق - ئاشكارا كۆيۈنىدۇ . بىزنىڭ ئاتا - ئانىلىرىمىز كېيىن-
كىلەر تىپىغا مەنسۇپ بولۇپ ، ئۇلاردىكى ئاشكارا ھالدىكى كۆيۈ-
نۈش ھادىسىسى نۇرغۇن پەرزەنتلىرىمىزنىڭ نانقېپى ، بەتخەج ،
مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى يوق قوي مىجەز بولۇپ
يېتىشىپ چىقىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . »

ئىككىنچى ، ئەندىزىچىلىك تەربىيىسى . بۇنداق قورقۇنچاق
ئادەملەر ئاتا - ئانىسىغا ۋە يۆلەنچۈك بولالايدىغانلارغا يۆلىنىۋې-
لىشتىن قالسا ، جەمئىيەتتىكى تەلىم - تەربىيىنىڭ پاسسىپ
تەرىپىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ . بۇنداق تەربىيە ئاساسلىقى كىشىلەر-
نىڭ قورسىقىدىكىنى بەھۇزۇر سۆزلەشكە ، ئىككى بىلىكىگە تايى-
نىپ كارامەت كۆرسىتىپ شەرەپ قۇچۇشقا قارشى بولغان «مۆ-
مىنلەر» دىن بولۇشنى تەكىتلەيدىغان جەمئىيەتتە شان - شۆھ-
رەت ۋە ئابرۇيلۇق بولۇش تەمەسىدە ھەممە ئىشتا يېڭىلىشماس-
لىقنى كۆزلەپ «ئاقىل بولۇش» نى تەكىتلەيدىغان تەربىيىدۇر .
بۇنداق تەربىيىدە ئۇلارنىڭ «ئاقىل» ئۇستازلىرى ئۇلارنىڭ ئا-
تالمىش «ئابرۇي» لىرىنى ساقلاش ئۈچۈن ، ئەۋلىيايى —

www.uyghurkitap.com

ئەزەملەر ، كاتتا تۆرەملەر ، نازىنىن خېنىملار ئالدىدا «ياۋاش»
، «مۆمىن» ، «شۈكۈر قانائەتلىك» «قانائەتچان» بولۇش ،
ئىشنىڭ ماھىيىتىگە قارىماي كىشىلەرنىڭ مەرتىۋىسىگە قاراپ
«لەببەي» دېيىش ، ئۇلۇغلار ، نازىنىنلار ، خېنىملار . . .نى دو-
راش ھەققىدە كۆپلەپ تەربىيە بەرگەنلىكتىن ، ئۇلار ئۇستازلىرى
ئۇستازلىرىدىن ئۆگىنىۋالغان ئەندىزىلەرگە ماسلىشىش ، ئەندى-
زىچىلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى بويىچە مەرتىۋىلىكلەرنىڭ تەرىگە
قاراپ تۇرۇپ ھەر ئىشنى زىخمۇ سۇنمايدىغان ، كاۋاپمۇ كۆيمەي-
دىغان دەرىجىدە ئورۇنداش ، ئۆزىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەس-
لىك ئۈچۈن باشقىلار جىجىپ بەرگەن جىجىقتىن چىقىپ كەت-
مەسلىك بويىچە مۇسابىقىگە چۈشىدۇ ـ دە ، بۇنداق مۇسابىقىلەر-
دە ئۇلار مەنىۋىيەتنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرى بىلەن ھېسابلىشىپ
ئولتۇرماي ئاددىي قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىنىدىغان ئىشلاردىكى
شەرەپنامىلىرى بىلەن بىر ئىزدا توختايدۇ ، يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىدىكى ئىشلارنى ئۆزى مۇستەقىل ئوتتۇرىغا چىقىرىشقا
زادىلا جۈرئەت قىلالماي ، ھەر ئىشنى ئۆزىگە ئۆزى تىكلىۋالغان
ئۇستاز سۈپەتلىك مەبۇدلاردىن مەسلىھەت ۋە يوليورۇق سوراپ
ئىشلەيدۇ . ئۇلار قوغلىشىۋاتقان بۇنداق مەبۇدلار ھاياتىي كۈچى-
نى يوقىتىپ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن ، رېئال تۇرمۇشتا ئۇسسى-
غان يەرگە بارمايدىغان ، كونا خامانىنى سورۇپ پەتىۋا سۇرىدىغان-
لاردىن بولغاچقا ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتلىرى ئەقىل سورىغۇچىلار-
نى ئەمەكلەپ قويىسىمۇ ، دەماللىققا جانغا ئەسقاتمايدۇ . بۇنداق
پاسسىپ تەربىيىچىلەرنىڭ تەلىماتلىرىدا تۇرمۇشىمىزغا زۆرۈر
بەزى نەرسىلەر بولسىمۇ ، ئۇلاردىكى بۇنداق تەرەپلەرنى نەزەردە
تۇتۇپ ئۇلارغا تېگىشلىك ئىززەت ـ ئىكرام قىلىشقا ، مەلۇم
تەرەپلەردە ئۇلار بىلەن دوستلىشىشقا توغرا كەلسىمۇ ، بىراق
بۇنىڭلىق بىلەن ئەسىرلەپ بىر ئىزدا توختايدىغان دېھقانچىلىق
جەمئىيىتى ، ھەدېسىلا مەرتىۋىلىكلەرنىڭ گېپىنى مىزان قىلى-

ۋالىدىغان فېئودال جەمئىيىتىدەك ئۇلارنىڭ ۋاقتى ئۆتكەن پەتى-
ۋالىرىنى روھىي دۇنيانىڭ ھۆكۈمرانى قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ.
بولۇپمۇ ھاياتلىقنىڭ ياش - ئۆسمۈرلۈك دەۋرى ئىزدىنىشكە
تەشنا بولىدىغان، تۈرلۈك ئىدىيە - كۆزقاراشلار شەكىللىنىدى-
غان باسقۇچتا تۇرغاچقا، ياش - ئۆسمۈرلەرگە تېگىشلىك ئەنئە-
نىمىزنى ئۆگىتىشنى ئەندىزىچىلىككە ئايلاندۇرۇۋالىدىغان بۇنداق
ئەندىزىچى ئاقىللارغا باش ئۇرغاندا، ياش قەلبلەر ئاسانلا پىكرىي
ئاسارەت يىپلىرىغا چىرمىلىپ قالىدۇ - دە، رېئال دۇنيانىڭ
رىقابىتىدە ھايات ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرىدىغان پاك ھېس-
سىيات ئىنتىلىشلىرىدە غەيرىي نورماللىققا ئۆتۈپ، روھىي دۇن-
ياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى گۈزەللىكنى يوقىتىپ قويىدۇ.
بۇنىڭ بىلەن مەبۇدى نەرسىلەرگە زېمىن كېڭىيىپ، ئېتىقادى
يۈكسەك ئادەم قەلبىدىن ئۈزلۈكسىز تۆرىلىدىغان زامانىۋى ئوب-
رازلارغا ئورۇن تارلىشىپ كېتىدۇ.
بۇنداق دېسەك، بەزىلەر بۇنى چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىشقا
قارىمۇ قارشى، ھەتتا ئەجدادلارنىڭ ئوبرازىغا سېغىنىشقا قارشى
قويۇۋېلىپ، بىزنىڭ ئەنئەنىمىزدىكى ئوبرازلارنى قەدىرلىشى-
مىزنى بۇرمىلىشى مۇمكىن. بۇ يەردە شۇنى بىلىش لازىمكى،
بىز بۇنداق ھۆرمەت قىلىش، قەدىرلەشنى چوقۇنۇش دەرىجىسىگە
ئېلىپ بېرىشقا، كۆپ خۇدالىق دەرىجىسىدە ئاللىقانداق مەبۇدى
ئۇستازلىرىنى «قەلبىمىزدىكى ئىلاھ» دەپ باش ئۇرۇش دەرىجى-
سىگە كۆتۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بىلەن بىر چاغدا، ۋەتەن ھەم
خەلق خاسلىقىمىزنىڭ سىمۋوللىرىغا مەڭگۈ ھۆرمەت قىلىمىز
ۋە ئۇلارنى قەدىرلەيمىز. ئەمما، ئۇنى ئەسەبىيلىك دەرىجىسىدە
ئېغىزدا ۋارقىراپ قويۇشتىن ياكى ئاشىقلار ھېكمەت ئېيتقان
پەدىدە جەزبى ناخشا قىلىپ ئوقۇشتىن سەمىمىي قىزغىنلىقنى،
ئەقلىنىڭ سۈزگۈچىدىن ئۆتكەن جاسارەتلىك ھېسسىياتنى، تە-
بىئىي ئېھتىياجىمىز بويىچە ئورۇندىلىدىغان پايدىلىق ھەرىكەتنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىنمۇ قەدىرلىك بىلىپ، ھەربىر نەپەر ئادىمىمىزنىڭ مەن-
پەئەتلىرىمىزنىڭ رېئاللىقى ساھەسىدە پىكىرچى ئىنسانلارغا ئاي-
لىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. چۈنكى سۇسلۇق، بىخۇدلۇقتىن
تىرىك گەۋدىنىڭ ئۆلۈم ھالىتى كۆرۈنگەندەك، ئەندىزىچىلىك
ياكى مەبۇدچىلىق، ئەسەبىيلىكتىنمۇ بېقىنىپ ئۆلۈشنىڭ كول-
دورمىسى چېلىنىپ تۇرىدۇ. ھېسسىيات پەقەت ئەقىل ئامىلل-
رى بىلەن كۆپلەپ دوستلاشقاندىلا ئىلمىي بولغان ئېتىقاد ئۇسۇ-
لىغا ئېرىشىپ، ئېتىقاد قىلىدىغان ئەمما چوقۇنمايدىغان، ھۆر-
مەت قىلىدىغان ئەمما قارىغۇلارچە ئەگەشمەيدىغان ھەقىقىي ئىن-
سان بالىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. ئەمما ھازىر ئارقىدا قالغان
خەلقىمىز پىشىپ يېتىلگەنسېرى بايراقدارلارغا موھتاج بولىدۇ-
كى، شەرەپلىك مىللىي ئەنئەنىمىزدىن ئايرىلغان ئەندىزىچىلىك
ۋە ئۇنى بازارغا سالىدىغان «مەبۇد» ئۇستازلارغا چوقۇنۇشقا
موھتاج بولمايدۇ. XIX ئەسىردىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك رىقابەت
بەلكىم تېخىمۇ كۆپ مۇشۇنداق ئىنسان بالىلىرىغا — باشقىلار-
نىڭ ئەندىزىلىرىگە كىرىۋېلىشتىن كۆرە، تەپەككۇر ۋە خاسلىق
پەزىلىتى جەھەتتە تاكامۇللىشىپ بارىدىغان كامىل ئىنسانلارغا
موھتاج بولۇشى مۇمكىن.

ئۈچىنچى، پاسسىپ جامائەت پىكرى. يۇقىرىدىكى ئىككى
خىل تەربىيە سەۋەنلىكىدىن قالسا، ئادەمنى خەلقئالەم ئالدىدا
تەڭقىسلىقتا قويىدىغان، يۈزىنى قىزارتىدىغان پىتنىخورلۇق ئا-
ساسىدىكى پاسسىپ جامائەت پىكرىمۇ قورقۇنچاقلىق پسىخىكى-
سىنىڭ ئۆسۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. پسىخىكىلىق كۆزى-
تىشلەرگە قارىغاندا، ئادەمدە ئالاھىدە تۇغما تالانت بولمىغان
تەقدىردىمۇ، نورمال تالانت بىخى ۋە ھەرنېمىگە ھەيران بولۇش
ۋە ھەيرانلىقنى يېشىش ئۈچۈن ئىنتىلىشتىن ئىبارەت پەزىلەت
بولىدۇ. ئىجتىمائىي بېسىم چوڭ بولمىغان تەقدىردە، ھەرقان-
داق ئادەم ئۆزىنىڭ ئاشۇ تۇغما پەزىلىتى بويىچە ئۆزىنىڭ پارا-

سەت ۋە ئىقتىدارىغا ئىشەنسە ۋە ئۇنى ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلسا
بارا ـ بارا ئۆسۈپ بارالايدۇ ھەمدە شۇ قىزغىنلىقى بويىچە بىرەر
ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشسە ، ئۇنىڭغا ئۇتۇق تەبەسسۇم
قىلىدۇ . ئەمما ، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ئىللەتلەر ، بولۇپمۇ
بىرمۇنچە نوپۇزلۇق ئادەملەر ھەممە ئادەمدە بار بولغان بۇنداق
تەبىئىي ئىنتىلىشنى قوللىماي ، ئىجادكارلىققا قارشى نوقۇل
تەنقىدچىلىك ، كۆتۈرمىچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئىجادكارلارنى
چۆكۈرۈش قاتارلىق پىتنىخورلۇق ئىللەتلىرىگە بېرىلگەنلىك-
تىن ، بىر ئادەم نەتىجە ھاسىل قىلمىغۇچە ئۇنىڭغا تۈرلۈك
توسۇقلارنى قۇرۇپ ، نەتىجە ھاسىل قىلغاندا ئۇنىڭغا تۈرلۈك تاپا
ـ تەنىلەرنى ياغدۇرۇپ ئۇلارغا ئورۇنسىز ئىجتىمائىي بېسىم
قىلغانلىقتىن ، كىشىلەرنىڭ يۈرىكىنى بىر خىل قورقۇنچ قاپلى-
ۋالىدۇ . بۇنداق ئىللەتلەر بىزدە تېخىمۇ گەۋدىلىك بولۇپ ،
بىزنىڭ پۈتكۈل سەنئەتكارلىق سېپىمىزنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە
ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ . مەن 30 يىل تەشۋى-
قات ـ نەشرىيات ساھەسىدە ئىشلەش جەريانىدا بەزى تالانتلىق
يازغۇچىلىرىمىزنى كاردىن چىقارغان ئىشلارنى سامان نەرخى
كۆرۈپ تۇرغانلىقىم ئۈچۈن تولىمۇ ئېچىنىمەن . باشقىلارنى قو-
يۇپ تۇرۇپ ، بىزنىڭ خەلقىمىز ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئالىم
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنگە تۇتقان پوزىتسىيىمىزنى مىسالغا
ئالىدىغان بولساقلا ، بىز ئۆزىمىزدە سەنئەتكارلىققا توسالغۇ بولى-
دىغان ئىللەتلەرنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈ-
ۋالالايمىز . مەن 1980 ـ يىلى ئۇنىڭ «رۇبائىيات» دېگەن
كىتابىغا تەرجىمىھال خاراكتېرلىك كىرىش سۆز يازدۇرۇپ
نەشر قىلغانلىقىم ئۈچۈن تاپا ـ تەنىگە قالغۇچى ، ھەتتا تەكرار
بېرىلگەن ئەرزلەر تۆپەيلى ، شۇ چاغدىكى نەشرىيات ئىدارىسى
باشلىقلىرىنىڭ سالا قىلىشى بىلەن ئەرزخورلار ئېلىپ كەلگەن
بالادىن قۇتۇلۇپ قالغۇچى بولغانلىقىم ئۈچۈنمۇ شۇنداق دەيمەن .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن بۇ يەردە ئۆزۈمنىڭ گېپىنى باشقىلارغا تاڭماسلىق ئۈچۈن، ئۇنىڭ شاگىرتى يالقۇن روزىنىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆتەي: «ئويلاپ باقساق، ساناپ كەلسەك بىزدە ئىجادىيەتنىڭ قىممىتى بىلەن ئىجادكارنىڭ قىسمىتىنىڭ تەتۈرلۈككە ئائىت مىساللار ساماندەك. بەلكىم مەرھۇم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ جەھەتتە ئەڭ تىپىك مىسال بولۇشى مۇمكىن. ئۇ شائىرلىرىمىز ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بىزگە مەخسۇس رۇبائىيلار توپلىمىنى تەقدىم قىلسا، بىز ھەسەت قىلىپ، رەزىللىك بىلەن «ياخشى رۇبائىيدىن بىر ئادەم ئۆمرىدە پەقەت بىرنەچچىنىلا يازالايدۇ» دەپ پەتىۋا چىقىرىپ كەم سۇندۇردۇق. «قاتلام نەزەرىيىسى» نى ئوتتۇرىغا قويسا ئىلمىي رەددىيە بېرەلمەستىن، بۇ نەزەرىيىنى چەت ئەللىكلەر بۇرۇنلا ئوتتۇرىغا قويغان، دەپ گەپ تارقاتتۇق. تارىخ، پەلسەپە، ئېستېتىكا تەتقىقاتى ۋە شېئىر ـ نەسر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ توم ـ توم كىتابلارنى يېزىپ بەرسە، خۇشال بولۇشنىڭ ئورنىغا: «بۇ ئادەم ھەممە ساھەگە ئېسىلىۋالماي بىرلا ئىشنى قىلسا بولاتتى» دەپ ئەخمەقلەرچە ئەقىل كۆرسەتتۇق. ئويۇن ـ تاماشىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ مىللەت ئۈچۈن تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانسا: «ئادەم بولغاندىكىن توي ـ تۆكۈنلەرگە بارمىسا بولامدۇ؟» دەپ ئۇنى ئەيىبلەپ، ئۆزىمىزنىڭ كۈننى ھارام ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزنى ئويلىماي ھاماقەتلەرنى كۈشكۈرتۈپ، ئۇنى ئالدى ـ كەينىدىن ھاقارەتلەتكۈزدۇق. ئۆزىمىزنىڭ بىرەر نەشرىيات ياكى گېزىت ـ ژۇرنالدا تېگىپ قالغان چۆمۈچىنىڭ سېپىچىلىك ھوقۇقىمىزنى ئۇنىڭ ئالىملىقىدىن ئالىي بىلىپ بىزگە يېلىنمىغۇچە ئەسەرلىرىنى يېقىن يوللاتمىدۇق. ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىپ كېچە ـ كۈندۈز پۈچىلىنىدىغان ئاتالمىش «ئەۋلىيا ـ ئەزىمەلەر» نىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ، شۇلارنىڭ نەزىرىگە نائىل بولۇش ئۈچۈن بۇ ئالىمنى قاغىدەك چوقۇدۇق. جەمئىيەتتە بىرەر يامان

گەپ تارقالسا، دەرھال ئۇنى شۇ ئىشنىڭ ئىگىسى قىلدۇق.
ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە،
كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدۇق...» ئەمما، ئەختەم ئېيت-
قاندەك: «تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەقەللىي قانۇنىيىتى — مېۋى-
نىڭ شۆپۈكى، بۇغداينىڭ سامىنى بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت
تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە، بىز بۇ ئالىمنىڭ ئادەمگە خاس نۇق-
سانلىرىنى ئەپۇ قىلالمىدۇق». ھازىرقى كۈندىمۇ باشقا ئالىملا-
رنىڭ ھەتتا قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۇلار
ئۇستىدىن كۇلۇشكە، ئۇلارغا چالما ئېتىشقا تەييار تۇرغانلىرد-
مىزدىن نەچچە مىڭىمىز بار. شۇنچە كەڭ مەلۇماتلىق ئالىملار
دۇنيانىڭ قايسى ئېلىدە بولسا ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە ئارىمىزدىن
باشقا بىرىمىز چىقىپ ئورنىنى باسالمايدىغان تۇرۇپ، بىز ئۇلار-
نى ئەجنەبىيچىلىكمۇ كۆرمەيمىز. مانا مۇشۇنداق جامائەت پىكرى
جەھەتتىكى پاسسىپلىقمۇ قورقۇنچاقلىق پەيدا قىلىدىغان مۇھىم
ئامىلدۇر.

بەشىنچى، غەم - قايغۇ

غەم - قايغۇ ئۆتۈپ كەتكەن كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ئېچىگە
سىلىنىۋېلىش ئاساسىدا ئۆسۈپ چىقىدىغان يۈرەك يارىسى، كەيپى-
يات جەھەتتىكى توسالغۇ بولۇپ، پسىخولوگلار بۇنداق نورمال-
سىزلىقنى ئادەمدىكى سەنئەتكارلىق روھىنى خورىتىپ تۈگىتى-
دىغان ئۇنىۋېرسال پسىخىك كېسەل دەپ قارايدۇ. غەم - قايغۇ-
نى نورمال ئادەملەر ئادەتتىكىچە ھېس قىلغان بىلەن، ئۇنى
پسىخكىسىدا بوغچا قىلىپ كۆتۈرۈۋالغانلار گويا بېشىغا تاغ ئۆ-
رۈلۈپ چۈشىدىغاندەك ئەنسىز ھېس قىلغانلىقتىن، ئۇنداق ئا-
دەملەردە ئۇ رەسمىي كېسەللىك بولۇپ شەكىللىنىۋېرىدۇ. بىز
كېتىپ - كېتىپ بەزى ئادەملەرنىڭ: «توۋا، بۇ نېمىدېگەن
ئەنسىزلىك، يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ ئاغزىمغا قاپلىشىپ قېلى-

ۋاتامدۇ ـ نېمە؟ كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، پۇت ـ قولۇمـ ـدا جېنىم قالمىدىيا» دەپ ۋەھىمە چەككەنلىرىنى ئاڭلايمىز . ئەنە شۇلار ئۆزىنىڭ قايغۇ ـ ھەسرەتلىرى دەردىدە شۇنداق بولۇپ قېلىۋاتقان ، ئەمما تولۇق ئاڭقىرىۋالمىغانلىقتىن ، قايغۇ ـ ھەسـ ـرەتنى دەرھال تۇگىتىپ روھلىنىشنى بىلەلمەيۋاتقان ئادەملەرـ ـدۇر . بۇنداق روھىيالىق ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۈچ خىل توسالغۇنى ئۇزلۇكسىز پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ :

(1) كۆڭۈلنى غەش قىلىدۇ . ئادەم كەيپىياتىدىكى ئاچچىـ ـكىم ئىشلار ئالدىدا ھودۇقۇش ياكى ھاياجانلىنىش ، ھەر ئىشـ ـتىن كۆڭلى سوۋۇپ تۇرۇش ، ئەلەملىك ھەسرەت ـ نادامەت چېكىش ، زىيادە پەرىشان بولۇش ، ئاسان ھاياجانلىنىش ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىقلار شۇنداق دىلغەشلىكنىڭ ئالامىتىدۇر .

(2) تەپەككۇرنى بوغىدۇ . شەيئىلەرگە قارىتا ئاكتىپ ، تەشەببۇسكار بولماستىن ، شەيئىلەرگە قارىتا پاسسىپ ھۆكۈم ۋە باھالاشتا بولۇش ، مەسىلەن ، بىرنەرسىگە قىزىقماسلىق ، ئۈمىدـ ـسىزلىنىش ، يېتىمسىراش ، ھەتتا ئۆزىنى گۇناھكار ھېسابلاش ، ئۆزىنى ئەيىبلەش ، توپتىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇشلار شۇنداق تەپەككۇردا بوغۇلۇشنىڭ ئالامىتىدۇر .

(3) جىسمانىي قۇۋۋەتنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ . ئۇستىخانلىرى ئاغرىش ، ئاسان چارچاش ، مۇستەقىل ئىش قابىلىيىتىدە چېكىـ ـنىش ياكى زىيادە ئۆرلەپ كېتىش ، خاراموش بولۇش ، ئىشتىھا ۋە جىنسىيەت تەلەپلىرىنى يوقىتىشلار ئەنە شۇنداق جىسمانىي قۇۋۋەت ئاجىزلىغانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر . بەزى ئالىملارنىڭ قاردـ ـشىچە ، غەم ـ قايغۇ كېسىلى يالغۇز بىر خىل كەيپىيات توسالـ ـغۇسىلا بولۇپ قالماستىن ، ئۇ يەنە ئازابلىنىش ، غەزەپلىنىش ، بىزار بولۇش ، سەل قاراش ، ۋەھىمە چېكىش ، خىجىل بولۇش قاتارلىق نېگىزلىك كەيپىياتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئاساسلا ئازابلىنىش ، ئۇنىڭدىن ·قالسا بىزار بولۇش ، سەل قاراش ۋە

غەزەپلىنىش بولۇپ ، ئاخىرىدىكى ئۈچ خىل كەيپىيات بىرلىشىپ
دۈشمەنلىك كەيپىياتىنى شەكىللەندۈرىدۇ . قايغۇ ـ ھەسرەت
كېسەللىكىدە دۈشمەنلىك كەيپىياتى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەي-
دۇ . نورمال تۇرمۇشتا يەڭگىل غەم ـ قايغۇلار كېسەللىك پەيدا
قىلالمىسىمۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتىدە
ئوينايدىغان پاسسىپ رولى كۆپ بولىدۇ . مەسىلەن ، ئۇلار باش-
قىلار قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن جەم بولسا ، ئۆزىنىڭ ئۇرۇق
ـ تۇغقانلىرىدىن يىراقتا تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆڭلىگە كەلتۈرۈ-
ۋالىدۇ ، باشقىلارنىڭ ئۆي ئىچى خۇشال ـ خۇراملىقتا چۆمسە ،
ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم بولۇپ قالغانلىقىنى
كۆڭلىگە كەلتۈرۈۋالىدۇ . ھەدېسىلا ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلەرنى
كىنو لېنتىسىدەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن بىر چاغدا تېخى
يۈز بەرمىگەن ئىشلاردىن غەم قىلىدۇ . ئېغىر ھالدىكى قايغۇ
ـ ھەسرەتلەر بولسا ، داۋالاپ ساقايتمىسا بولمايدىغان روھىي
كېسەللىك بولىدۇ . مەسىلەن ، بىر كۈنى بىر ئەر ـ خوتۇن
بالىسىنى ئېلىپ باغچىغا ئوينىغىلى بېرىپتۇ ، ئېرى باغچىغا
بېلەت ئالغىلى كەتكەندە بالىسى سۇنئىي تاغقا يامىشىپ يىقىلىپ
چۈشۈش بىلەن بىر كۆزى قارىغۇ بولۇپ قاپتۇ ، ئوڭ دولىسى
سۇنۇپ داۋالاتقاندىن كېيىنمۇ ئوڭ قولى كارغا كەلمەپتۇ . بۇنىڭ
بىلەن بۇ بالىنىڭ ئانىسى : «مەن ئانىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلال-
مىدىم ، دادىسى بېلەت ئالغىلى كەتكەندە بالىغا ياخشى قاراپ
تۇرالمىدىم» دەپ ئازابلىنىپ ، ئېرى ھەرقانچە تەسەللىي بەرسى-
مۇ داۋاملىق ئازابلىنىپ ئاخىرى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ . روشەن-
كى ، بۇنداق روھىي كېسەللىك ئادەم پسىخىكىسىنىڭ ئېغىر
دەرىجىدىكى نورمالسىزلىقىدۇر . ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈپ
تۇرىمىزكى ، بۇنداق روھىي ھالەتتىكى ئادەملەر ئۆزىنى قوغداش
قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ ، رېئال مۇھىتتىن ئايرىلىپ ، ئىجتىما-
ئىي قائىدە ـ نىزاملارغا پىسەنت قىلمايدۇ ، ئەتراپىدىكىلەر بى-

www.uyghurkitap.com

لەن نورمال ئالاقە قىلىش ۋە ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە قارىتا بىر تەرەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يوقىتىدۇ. ھەتتا تېخى ئۇلارنىڭ نېرۋىسى چېچىلىپ تۇرغاچقا، ئەتىۋارلىق ئادەملەر ئالدىدىمۇ خاپىغان ھالەتتە تۇرىدۇ. مانا بۇلار قايغۇ - ھەسرەت پەيدا قىلىۋاتقان روھىي كېسەللىك ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرى بولۇپ، قايغۇ - ھەسرەت دەردىدىن بۇ ھالەتكە كەلگەن ئادەملەردە داۋاملىق چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش، تەتقىق قىلىش، تەرجىمە قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى بولمايدۇ. ئوخشىتىش بىلەن ئېيتقاندا، بۇ خۇددى ھايۋاناتلار تاشقى مۇھىتتىن ساقلانغىلى بولمايدىغان بىر خىل زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، باشقا جايلارغا قېچىپ كېتىشنىلا بىلىپ ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرىدىغان چارە ئىزدەپ تېپىشنى بىلمىگەندەك پاسسىپلىق بولۇپ، تەبىئىيكى بۇنداق كەيپىياتتىكى ئادەملەرنىڭ يۈرىكى سىقىلىپ تۇرىدۇ، روھىي چۈشكۈنلىشىپ بارىدۇ، يېنى يەرنى تارتىپ تۇرىدۇ، شۇ سەۋەبلەردىن ئۇلاردىكى ھەرقانداق سەنئەتكارلىق تۇيغۇسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ. بۇنداق ئىكەن، سەنئەتكارلىق تۇرمۇشى ئۇچۇن ئېيتقاندا، غەم - قايغۇنى چۆرۈپ تاشلاش ئالدىنقى ۋەزىپە بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

زامانىمىزنىڭ دۇنياغا مەشھۇر دانىشمەنلىرىدىن كارنىگنىڭ دۇنيادىكى شۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى قايرىپ قويۇپ، يازغۇچىلىق زېھنىنى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىغا قاراتقانلىقى ۋە بۇ مەسىلىلەر ئىچىدە قايغۇ - ھەسرەتنى تۈگىتىشنى مۇھىم نىشان قىلىپ، «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار» دېگەن مەخسۇس كىتابنى يېزىپ، ئادەم پەقەت غەم - قايغۇدىن ئازاد بولغاندىلا ھەر ئىشتا سەنئەتلىك مۆجىزىگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بايان قىلىشىمۇ ئەنە شۇ سەۋەبتىن بولغان.

دالى گارنىگ تولىمۇ دانىشمەن ئادەم، ئۇنىڭ گېپىنى باشقا جەھەتلەردە ئەتىۋارلاپ كەتمىسەكمۇ، قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرۈپ

تاشلاشتا دەستۇر قىلىۋالساق، شىپالىق دورا يېگەندەك بولۇپ قالىمىز. ئۇ غەم ـ قايغۇنى تۈگىتىشنىڭ ھەممىگە قادىر فورمۇ-لىسى ئۈستىدە توختالغاندا، بۇ فورمۇلىنى ئىجاد قىلغان مەشھۇر ئىنژېنېر ۋېللىي كاررېلنىڭ مەغلۇبىيەتكە يولۇقۇپ، قايغۇ ـ ھەسرەتكە پاتقان ۋە قايغۇنى چۆرۈۋېتىپ ئەمەلىي ئىشقا كىرىش-كەن روھىي ھالىتىنى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بىلەن تەسۋىرلەپ، بىزگە ئىبرەت قىلغان.

ــ مەن مەغلۇبىيىتىمدىن قاتتىق چۆچۈدۈم، ــ دەيدۇ بىر قېتىملىق كاتتا ئىشتا مەغلۇپ بولغان توللېي كاررېل، ــ كاللامغا كالتەك تەگكەندەك بولدى. ئاشقازىنىم ۋە ئۈچەي ـ باغرىم تېلىپ ئاغرىشقا باشلىدى. خېلى ئۇزۇنغىچە پەرىشان بولۇپ كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمىدى.

ئاخىرىدا ئۆز ئادىتىم بويىچە غەم ـ قايغۇنىڭ مەسىلىنى ھەل قىلالمايدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ، مەسىلىنى ئەندىشى-سىز ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى تاپتىم. ئۇ چارە كۆڭۈلۈمدىكى-دەك ئۈنۈم بەردى. غەم ـ قايغۇغا قارشى تۇرۇشنىڭ بۇ چارىسى-نى 30 نەچچە يىلدىن بۇيان قوللىنىپ كەلدىم. بۇ چارە بەك ئاددىي، ئۇنى ھەممە ئادەم قوللىنالايدۇ. ئۇ مۇنداق ئۈچ قەدەم-نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچى قەدەمدە، ئالدى بىلەن پۈتكۈل ئەھۋالنى قىلچە قورقماستىن سەمىمىيلىك بىلەن تەھلىل قىلدىم، ئاندىن ناۋادا مەغلۇپ بولسام قانداق يامان ئەھۋال يۈز بېرىشى مۇمكىنلىكىنى تېپىپ چىقتىم، راستتىن مەغلۇپ بولسام، مېنى بىرى سولى-ۋەتمەيدۇ ياكى ئېتىۋەتمەيدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق. توغرا، خىز-مەتتىن توختىتىپ قويۇشى مۇمكىن ياكى بولمىسا خوجايىنىم ماشىنىنى پۈتۈنلەي چۇۋۇپ تاشلاپ، ماشىنا ئۈچۈن خەجلەنگەن 20 مىڭ دوللارنى سۇنىڭ كۆپۈكىدەك يوققا چىقىرىۋېتىشى مۇمكىن.

ئىككىنچى قەدەمدە، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئەھۋالنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزۈمنى زۆرۈر تېپىلغان چاغدا بۇ يامان ئەھۋاللارنى قوبۇل قىلالايدىغان ھالەتكە كەلتۈردۈم. ئۆز - ئۆزۈمگە: بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت مېنىڭ خاتىرەمگە چۈشكەن ناھايىتى چوڭ داغ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن خىزمەتكە ئەۋەتىلىشتىن مەھرۇم بولۇشۇم مۇمكىن، راستتىن شۇنداق بولغان تەقدىردە مەن يەنىلا باشقا خىزمەت تاپالايمەن. ئىش بۇنىڭدىنمۇ ئوساللىششى مۇمكىن، گاز تازىلاشنىڭ بىر خىل يېڭى ئۇسۇلىنى سىناق قىلىۋاتقانلىقىمىزنى خوجايىنىمىزمۇ بىلىدۇ، بۇ سىناق ئۈچۈن ئۇلار يەنە 20 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلەشكە توغرا كەلسىمۇ بۇ پۇلنى چىقىرالايدۇ. ئۇلار بۇ چىقىمنى تەتقىقات خىراجىتىدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى بۇ بىر سىناق - دە!

يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەڭ يامان ئەھۋاللارنى بايقىغان ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئىنتايىن مۇھىم يەنە بىر ئىش يۈز بەردى. شۇڭا، كاللامدىكى ئوي - خىيالنى چۆرۈپ تاشلاپ، بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئېرىشەلمىگەن بىر خىل تىنچلىقتا ئېرىشكەندەك بولدۇم.

ئۈچىنچى قەدەمدە، ئۇنىڭدىن كېيىن تىنچ ئولتۇرۇپ، ۋاقتىم ۋە زېھنىمنى يىغىپ، روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلغان ئەڭ يامان ئەھۋاللارنى ياخشى تەرەپكە تارتىشنى سىناق قىلدىم.

چارە - تەدبىر ئويلاپ، ئالدىمىزدا تۇرغان 20 مىڭ دوللارلىق چىقىمنى ئازايتىش ئۈچۈن بەزى چارىلەرنى تېپىشقا كىرىشتىم. تەكرار سىناق قىلىش نەتىجىسىدە، يەنە 5000 دوللار خەجلەپ بەزى ئۈسكۈنىلەرنى كۆپەيتسەك، مەسىلە ھەل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى بايقىدىم. بىز ئاشۇ چارە بويىچە ئىشلىگەنلىكتىن ئۈچۈن شىركەت 20 مىڭ دوللارنى زىيان تارتمايلا قالماستىن، بەلكى يەنە 15 مىڭ دوللار پايدا ئالدى.

ئۆز ۋاقتىدا ئەندىشە قىلىشىپ يۈرىدىغان بولسام، بەلكى بۇ مەقسەتكە يېتەلمىگەن بولاتتۇق، چۈنكى غەم - قايغۇنىڭ ئەڭ يامان يېرى — كىشىنى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، غەم - قايغۇغا چۆكۈپ كەتسەك، پىكرىمىز چېچىلىپ، قارار قىلىش ئىقتىدارىمىزدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولىمىز. ۋەھالەنكى، ئۆزىمىزنى ئەڭ يامان ئەھۋاللارغا مەجبۇرىي يۈزلەندۈرىدىغان ۋە ئالدى بىلەن بۇ ئەھۋاللارنى روھىي جەھەتتىن قوبۇل قىلىدىغان بولساق، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بارلىق ئىشلارنى دەڭسەپ كۆرۈپ، زېھنىمىزنى يىغىپ، مەسىلىنى ھەل قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايمىز.[1]

### ئالتىنچى، ھەسەتخورلۇق

بۇ ئالەم تۆرىلىپ ھازىرغىچە مىڭلاپ كىشىلەر ئەيىبلەپمۇ تۈگىتەلمەي كېلىۋاتقان پىسخىك كېسەللىك بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، خۇددى ساپ يۇڭدا توقۇلغان گىلەم، سارجا ۋە باشقا قىممەتلىك نەرسىلەرگە چۈشۈپ ئۇلارنى ئادەملەرگە تۇيدۇرماي ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىدىغان مىتىدەك ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ياخشى نەرسىلەرنى خاراب قىلىپ، يامان نەرسىلەرگە قۇۋۋەت بېرىدىغان زەھەرلىك ھېسسىياتتۇر. مۇنداق ھېسسىيات گەرچە باشقا ئادەملەرنىڭ ئۇتۇقلىرىغا، ئۇستۇنلۇكىگە، بايلىقىغا، ھەتتا چىرايىدىكى گۈزەللىككە پالاكەت تىلەپ ئىگرىسىمۇ، بۇنداق ئىگراش كۆپ ھاللاردا يازغۇچى خېۋىر تۆمۈر «ئابدۇقادىر داموللام ھەققىدە قىسسە» دېگەن ئەسىرىدە تەسۋىرلىگەن بەدرەك مەخسۇمدەك بۇزۇق ئادەملەردىن ئابدۇقادىر داموللامدەك ياخشىلارنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى يېڭەلمىگەندىكى ئا-

① كارىڭ: «ئىنسان تەبىئىتىدىكى ئارتۇقچىلىقلار ۋە ئاجىزلىقلار»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە نەشرى، 25 -، 27 - بەتلەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زابىتىن پارتلىغاچقا ، ھەسەت قىلغۇچىنىڭ روھىي ھالىتىنىمۇ مىتە دەستىدىن ئۆتمىتۆشۈك بولغان يۇڭ پالاستەك كارغا كەلمەس قىلىۋېتىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، ھەسەتخولۇق تەبىئىي ھالدا سەنئەتكارلىقنىڭ قارشى تەرىپىدىكى مۇناپىق ھېسسىياتقا توشقان ئادەملەر بىلەن بىللە بولۇپ ، ئىنسان روھىنى ئەخلاقىي جەھەتتىن چىرىتىپ تاشلاش قەستى بىلەن ئىلگىرىلەيدۇ . بىراق ، بۇنداق ھەسەتچىلەر قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ھەققانىي جامائەت ئالدىدا ئۆزلىرىنىڭ يامان نىيىتى ياكى سۇيىقەستىنى ئاشكارا ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانلىقتىن ، ھەسەت قاينىمىغا چۆككەنسېرى تولغاق يەۋاتقان ئاياللاردىنمۇ بەكرەك قىينىلىدۇ . بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرىنىڭ داموللامنىڭ ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر داموللام-غا قاراتقان ھەسەت جەريانى بۇنىڭ مىسالىدۇر .

ئاپتور قەلىمى ئاستىدىكى بەدرەك سۆزى — مۇتتەھەم ، ئۇششۇق ، زاڭ ، رەسۋا ، قېلىن ، ئارىنى بۇزغۇچى . . .ۋە يەنە ئاشۇ خىلدىكى نەپرەتلىك سۆزلەرنىڭ يىغىندىسى بولۇپ ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمىنى تاشلىۋېتىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى ، ھەسەتخور، پىتنىخورلۇقتەك ناچار ئىللەتلىرىگە قارىتا ئەنە شۇ نامنى قويغان .

«ياۋىدىن قورسىقىغا تۆرەلمە پەيدا قىلىۋالغان بەختىسىز ئايال كۈندىن - كۈنگە يوغىناپ كېتىۋاتقان قورسىقىنى ئەل نەزىرىدىن يوشۇرۇش ۋە قانداق قىلىپ بوشىنىۋېلىش كويىدا كۈنلەرنى قانداق بىئارام ئۆتكۈزگەن بولسا ، ئىچىگە «ھەسەت» ئىسىملىك تۆرەلمە قاچىلىۋالغان بەدرەك مەخسۇمنىڭ كۈنلىرىمۇ شۇنداق بىئارام ئۆتمەكتە ئىدى .

ئۇ بىئارام بولغىلى خېلى كۈن بولدى . قاچانكى ئابدۇقادىر داموللا قەشقەرگە كەلدى ، شۇ كۈندىن باشلانغان بۇ تولغاق ئۇنى قاتتىق ئازابلاشقا باشلىدى ، ياكى كېچىسى ئۇيقۇ يوق ، ياكى

كۈندۈزى ئارام . كېچىسى ئەمدىلا ئۈيقۇ تاپاي دېگەندە ، كۆز
ئالدىغا ھېيتگاھ ۋە ئۇ يەرگە توپلانغان سانجاق ـ سانجاق ئادەم-
لەر ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياڭراق ئاۋاز بىلەن سۆزلەۋاتقان
ئابدۇقادىر داموللام ، ئاڭلىغۇچىلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارى ۋە
ئالقىش سادالىرى . . .دامموللام شەرىپىگە بولۇنغان چاي ـ بەز-
مە ، زىياپەتلەر . . . .ئۇزۇلمەستىن مارجاندەك تىزىلىپ كېلەتتى
ـ دە ، پۈتۈن بەدىنىگە ئاچچىق زەھەر تارايتتى . بۇنداق ئەھۋالدا
ئۇ قانداقمۇ ئۇيقۇ تاپسۇن !

كۈندۈزلىرىمۇ ئوخشاشلا بىئارام بولاتتى ، ياكى ئۆيدە ئارا-
مىدا ئولتۇرالمايتتى ، ياكى كوچىدا سەمەندىن ياكى قۇمدەرۋازى-
دىن كېلىپ ـ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئابدۇقادىر
دامموللىنى زىيارەت قىلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى ـ دە ، ئول-
تۇرغان يەردىمۇ بىردەم بېسىپ ئولتۇرالمايتتى .

بۈگۈن بۇ ئۆيدە ئولتۇرالماي يەنە كوچىغا چىقتى . قەيەردە
تۇرۇشنىمۇ بىلمەستىن ، خۇددى كۆكۈيۈن چاققان بايتالدەك
يورغىلاپ ، ھېيتگاھدىن قايرىلىپ نورىبېشى تەرەپكە قاراپ كېتى-
ۋاتقاندا ، كىمدۇر بىرى چاقىرىپ قالدى . ئۇ ئىتتىك توختاپ
قايرىلىپ سول تەرەپتىكى كىتابپۇرۇش دۇكىنىدا ئولتۇرغان
«غىلدىرەك» دامموللىنى كۆردى ـ دە ، خۇش بولۇپ ئۇچقاندەك
بېرىپ كۆرۈشتى . «ھاپىتىغا ـ شاپىتى ، توڭرىلىقتا مەرەزدا»
دېگەندەك ، بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك دامموللىنىڭ تېپى-
شىپ مۇنداق قىزغىن كۆرۈشكەنلىكى ئەتراپتىكى كىشىلەرنى
ئەجەبلەندۈرمەي قالمايتتى . ئۇلار نېمىدېگەن قىزغىن ، نېمىدې-
گەن كۆڭۈللۈك ـ ھە ! ئەگەر شائىرلار بىلسە ، «بەدرەك ـ
غىلدىرەك» تىن ئىبارەت مۇنداق توق قاپىيىگە قىزىقىپ چاپلى-
شىپلا قالغان بولاتتى !

كىشىنى تەئەججۈپلەندۈرىدىغان يەنە بىر يېرى ، «غىلدى-
رەك» دامموللىنىڭ لەقەم تارىخىمۇ بەدرەك مەخسۇمنىڭ تارىخى

بىلەن ئوخشاش بولغانلىقىدا ، ئەمما ئۇ ئاددىيراق ئىدى . غىلدى-
رەك داموللا مەدرىسىدە ناچار ئوقۇغان بولسىمۇ ، ئەمما ئاتىسى-
نىڭ كۈچى بىلەن داموللا ئۇنۋانىنى قولغا كەلتۈرۈپ ، كىچىك-
رەك مەسچىتنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلىنىۋالغان ، لېكىن ئۆزىگە
تۇشلۇق ئىش كۆرمەي ، جاھانسازلىقتا كۆپرەك بېرىلىپ ، چە-
شىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىش ، سىلىق ـ ياسىما ، يالغان ـ ياۋى-
داق سۆزلەرنى كۆپرەك قوللىنىپ ، كەڭ ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەت يۇرگۇزۇپ ، كوچا ـ دوقمۇش ، بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلاردا
زاسۇيچىنىڭ غالتىكىدەك غىلدىرلاپ يۇرۇپ ، ھەممە يەرگە يې-
تىشتى . ئۇنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرىگە قاراپ ئەھلى ـ جامائەت
ئانچە باش قاتۇرۇپ تۇرماستىنلا «غىلدىرەك داموللا» دەپ ئاتى-
شىۋالدى . »

دېمەك ، ھەسەتخور مەڭگۈ يامان ، ئەسكى ، پەسكەش ئىشلا-
رنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ياخشى ، گۈزەل ، بەلەن نەرسىلەرنى يوق
قىلىش ئۇچۇن تىركىشىپ تۇرىدىغان زەھەرلىك ھېسسىيات بو-
لۇپ ، ئۇ گەرچە ئۆز كۈچىدە بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىلدىرەك
داموللا ھەمدە شۇ سىياقتىكى ئادەملەر بىلەن بىرلىك سەپ
تۈزسىمۇ ، ئاخىرىدا ھەققانىي ئەخلاقتىن چەتنىگەن يامانلىق بى-
لەن سېسىق پۇراق تارقىتىپ كىشىلەرنى سەسكەندۈرىدىغان پا-
سىق سۆڭەكلەرگە ئايلىنىپ كېتىدۇ . چۈنكى ھەسەت بولدىمۇ ،
كۆڭۈل قارا بولىدۇ . قارا كۆڭۈلدىن گۈزەللىك بايىدىكى سەن-
ئەتكارلىق ماھارىتى يېتىلمەيدۇ . شۇ سەۋەبتىن ھەربىر سەنئەت-
كار ھەسەت ئوتىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىش شەرت بولى-
دۇ . بۇنداق ئىكەن ، ھەسەتنىڭ ئۆسۈش جەريانى قانداق بولى-
دۇ ؟ ھەربىر سەنئەتكار ئۆزىنى ھەسەتتىن قانداق قۇتۇلدۇرۇش
كېرەك ؟

ئىلىم ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا ، ھە-
سەتخورلۇق ھېسسىياتىنىڭ ئۆسۈپ چىقىشى ئۇچ باسقۇچتىن

ئۆتىدۇ .

بىرىنچى باسقۇچتا ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىغا قارىتا كۆڭ-
لىدە بىئارام بولۇش ھېسسىياتى قوزغىلىدۇ . مەسىلەن ، ئوخ-
شاش سىنىپتا ئوقۇغان ئىككى ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپتە ئو-
قۇش ئۈچۈن ، دۆلەتلىك ئىمتىھان بەرگەندە ساۋاقدىشى يۇقىرى
نومۇر بىلەن نۇقتىلىق بولغان كاتتا ئۇنىۋېرسىتېتقا ئۆتۈپ كې-
تىپ ، ئۆزى قېپقالغاندا ، بىرنېمە دېمىسىمۇ ، ئۇنىڭ ئىچى تىت -
تىت بولسا ، ھەر ئىككىسى ئۆتەلمىگەندە ، كۆڭلى ئارامىغا چۈ-
شىدۇ . ئىككى يازغۇچىنىڭ ئەسىرى باھالاش مۇنبىرىگە چىققان-
دا ، بىرسىنىڭ باھالىنىپ بىرسىنىڭ قېپقالسا ، قالغىنى لېۋىنى
چىشلەپ قالىدۇ - دە ، كۆرۈنۈشتە غىڭ قىلمىسىمۇ ، كۆڭلىدە
باھالانغان ئەسەرنىڭ ئەيىبىنى تاپقۇسى كېلىپ تىپىرلايدۇ . .
. ئىجادىيەت ساھەسىدە بىر - بىرىنى ئېتىراپ قىلماي ،ئۆزى
يوق يەردە تېگىشلىك ئۇنۋان ئالغانلارنىمۇ ئىنكار قىلىپ يۈرۈش-
لەر . . . ئاشۇنداق ھېسسىياتتىكىلەرنىڭ ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى-
دۇر .

ئىككىنچى باسقۇچتا ، بۇنداق ھېسسىيات داۋاملىق زەردى-
سىنى قايىنىتىدىغان ،بەزىدە ئادەمنى چاندىغان گەپ - سۆز ،
ئىش - ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى سالىدىغان دەرىجىگە كۆتۈرۈلى-
دۇ .بۇ باسقۇچتا ، ھەسەتخور ئەگەر بىلىملىك ۋە ئۆزىنى تۇتۇ-
ۋالغان ئادەم بولسا ، بىرقەدەر ئاقىلانىلىك بىلەن باشقىلارنىڭ
مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۈستىدە شەخسىي باھالاش يۈرگۈزىدۇ ياكى
سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويىدىغان ئەگەشمە سۆزلەر بىلەن ئۆزىنى
بەك ئاشكارىلىماي ئىنكارچىلىق قىلىدۇ . ئەگەر ئەتراپلىق تەر-
بىيە كۆرمىگەن دۆندۈر بولسا ، باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرىنى ئىنكار
قىلىش ھېسابىدا ئۆزىنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇدۇلمۇئۇدۇل
گەپ قىلىشقا باشلايدۇ ، يەنى «ئۇنى باي دېگەن بىلەن پۇلنى
توغرا يول بىلەن تاپمىغان ، بىز ھاياتلا بولساق تېخى كۆرىمىز ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىر كۇنى ئەمەس بىر كۇنى هارام مال كارنىيىدىن ئالىدۇ» ، «خىزمەتنى ياخشى قىلدىم دەپ كۆرەڭلەپ كەتمە ، بۇنداق قىلىپ نىمە تاپتىڭ قېنى ؟» ، «شاپاشلاپ كەتكىنىڭ بىلەن ئەمەلدارلىق كۇسىسىنى ئالغىنىڭنى كۆرەي !» «ۋاي جاناب ، نەمۇنچى بولۇپ كەتكىنە قېنى ، شۇ كۇنى مۇبارەكلەپ بارارمىز !» «ئەسەر يېزىپ نام چىقىرىپسەن ، كۆرۈپ باقمىز ، تېخى !» ، «سەن ئەمەلدار بولغان بىلەن ، بىزمۇ ئۇنداق ئىشنى قىلالايمىز ، جۇمۇ !» ، . . . دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىپ ، ئۆزىنىڭ يۇرىكىدىكى هەسەت ئوتىنى پەسەيتىشكە ئۇرۇنىدۇ .

ئۇچىنچى باسقۇچقا بارغاندا ، هەسەتخور يۇقىرىقىدەك ئاچچىق سۆزلەرنى قىلىش بىلەن توختاپ قالماي ، تېخىمۇ ئەدەپ كېتىدۇ ـ دە ، ئەمەلىي هەرىكەت بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغۇچىغا زەربە بېرىشكە ئاتلىنىدۇ . خىزمەت دەرىجىسى ئۆسكەنلەر ئۈستىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك هاكىمىيەت ئورۇنلىرىغا ئىمزاسىز خەت يازىدۇ ، ياخشى ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرىغا ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بىر ـ ئىككى ئاجىز هالقىنى ياكى بىر نەچچە جۈملىسىنى تۇتۇۋېلىپ هۇجۇم قىلىدۇ ، باي قوشنىلىرىنىڭ ئۆي قۇشلىرىنى ، چارۋىلىرىنىمۇ قەستلەپ زەهەر ياكى يىڭنە ـ سىمان تۆمۈر ـ تەسەكلەرنى يېگۈزۈپ ئۆلتۈرۈپ قويىدۇ . باغ ـ ۋارانلىرىدىكى ئېسىل مېۋە كۆچەتلىرىنىڭ يىلتىزىغا تۇز قۇيۇپ قۇرۇتۇۋېتىدۇ . خىزمەتتە تازا ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلارنى هېچكىم يوق يەردە رەهبەرلىككە چاقىدۇ ، هەتتا سىياسىي جەهەتتە گۇمانلىق ئادەم قىلىپ كۆرسىتىش يولى بىلەن ئالدىنى توسۇۋېلىش ئۈچۈن جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرىغا ماتېرىيال بېرىدۇ . . . قىسقىسى ، ئۈچىنچى باسقۇچتا هەسەت ئوتى تۇتاشقان هەسەتخور هەر باب بىلەن گۇناهسىز ياخشى ئادەملەرنىڭ ئارتۇقچىلىقى ، بايلىقى ، دانىشمەنلىكى ، ئۈستۈنلۈكىگە چىدىماي ئۇنىڭغا بىرەر پالاكەت ياكى پېشكەللىك تېرىپ كۆڭلىنى

تەسكىن تاپتۇرۇش ئۈچۈن دائىملىق تىپىرلاپ تۇرىدۇ .
هەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت بۇنداق پسىخىك كېسەلنىڭ ئالا-مەتلىرى هەر خىل بولسىمۇ ، ماهىيىتى ئۆچ ئېلىش بولۇپ ، گۇناهسىز ياخشى ئادەمگە ئاداۋەت قىلىدۇ . ئەمما ، ئۇتۇق قازاز-غۇچىلار ئۇلارنىڭ ئارپىسىنى خام ئورمىغاچقا ، هەسەتخورلار جامائەت تەرىپىدىن قوللاشقا ئىگە بولالمايدۇ ـ دە ، هەسەتخورلار ناهايىتى ئۇستىلىق بىلەن هىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولىدۇ . ئۇلارنىڭ هىيلە ـ مىكىرلىك مەنتىقىسى : سەن مېنىڭ ئالدىمغا كىرىۋالغان ئىكەنسەن ، بۇ مەن ئۈچۈن تەهدىت ، سەن مەندىن ياخشى خىزمەت قىلغان ئىكەنسەن ، بۇ مېنىڭ قابىلىيەت-سىزلىكىمنى ئاشكارىلاپ قويغانلىق ، سەن چوڭ مەنسەپدار بول-غان ئىكەنسەن ، بۇ مېنىڭ باشلىق بولالمايدىغان ياللانما ئىكەنلى-كىمنى ئىسپاتلىغانلىق . . .دېگەندەك تەتۈر مەنتىقىدۇر .
ئۇلار ئەنە شۇنداق تەتۈر مەنتىقە بويىچە هەرقاچان ئوڭنى تەتۈر ، تەتۈرنى ئوڭ قىلىدىغان خىياللاردا بولۇپ ، «جامائەت تەڭ بولۇش كېرەك» دېگەن يەرگە قايتىپ كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ داۋاسى : مېنىڭ سېنى ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈرۈشۈم ئۆزۈمنى ئېگىزگە چىقىرىش ئۈچۈن ئەمەس ، جامائەتنى تەڭلەشتۈرۈش ئۈچۈن ، جامائەت تەڭلا بولىدىكەن ، مەن زىيان تارتساممۇ ئارمى-نىم يوق ، دېگەندىن ئىبارەت . بۇنداق تەتۈر مەنتىقە بىلەن هەسەتخور هەرقانچە قىلىپمۇ هەممە ئادەمنى تەڭلەشتۈرەلمى-گەنلىكتىن ، هەسەتخورلۇق هەرىكىتى ئۆزىنى هەم ئۆزگىلەرنى تىنىم تاپتۇرمايدىغان دىشۋارچىلىقنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالىدۇ .
بولۇپمۇ هەسەتخور باشقىلارنى ئۇتۇق مۇنبەرلىرىدىن پەسكە تارتىپ چۈشۈرىمەن ، دەپ ئۆزىنى قىينايدۇ . چۈنكى باشقىلارغا هەسەت قىلغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسى هەرقاچان باشقىلارنىڭ ئۇستۇنلۇكىگە چىدىماي رەنجىش ، ئاچچىقلاش هالىتىدە تۇرغاز-لىقتىن ، ئاللىقانداق زەهەرلىك هېسسىياتلار ئۇنىڭ يۈرىكىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېزىپ تۇرىدۇ . ھەسەت تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەن-
دە ، ناھايىتى كۆپ ۋاقىت ۋە زېھنىي - قۇۋۋەتنى سەرپ قىلىپ ،
باشقىلارنى چۈكۈرىدىغان ئۇسۇل - چارىلەرنى ئويلىغانلىقتىن ،
ھەسەتخورنى جىسمانىي ، روھىي جەھەتتىن ئازابلاپ بىر يەرگە
ئاپىرىپ قويىدۇ . گەرچە ئۇلارنىڭ بەدرەك مەخسۇم بىلەن غىل-
دىرەك داموللىنىڭ دوستلۇقىدەك ناپاك بىرلىكلىرى بولسىمۇ ،
ئۇلارنىڭ ئىچى يامانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان ئاق كۆڭۈل جاما-
ئەتتە نەپرەتلىك قارشىلىقنى ئۈستۈرۈپ بارغاچقا ، ئۇلار كۈندى-
لىك تۇرمۇشتىكى تېگىشلىك ئابرۇيىدىنمۇ مەھرۇم بولۇپ ،
ھەسەتخور دەسلىپىدە ھەرقانچە بىلىملىك ، قابىلىيەتلىك بولسى-
مۇ ، جامائەت نەزىرىدە ئەرزىمەس داشقاللارغا سىمۇول بولۇپ
قالىدۇ . بۇنداق مىساللارنى ئەمەلىي تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى
كۆپ كۆردۇق .شۇنىڭ ئۈچۈن ، ھەسەتخورلۇقنى تۈپ يىلتىزى-
دىن قۇرۇتۇپ ،ھەقىقىي ماھارەتنى ئاساس قىلىدىغان ئادىل رى-
قابەت مەيدانىغا چۇشمىگۈچە ھەسەتخورلۇق كېسىلىنىڭ سەئەت-
كارلىقتا بولغان توسقۇنلۇقىدىن بۇسۇپ ئۆتكىلى بولمايدۇ .
پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە ، ھەسەتخورلۇقنى تۈزىتىشتە
بىرىنچىدىن ، مۇتلەق تەڭلىكنى تەمە قىلماسلىق ، ئىككىنچى-
دىن ، ئۆزىنى ئۆزى قىيىنىماسلىق كېرەك .
مۇتلەق تەڭلىكنى تەمە قىلماسلىق دېيىشىمىزدىكى سەۋەب
شۇكى ، دۇنيادا مۇتلەق تەڭلىك مەۋجۇت ئەمەس ،باشقىلاردا بار
نەرسە سەندە بولمايدۇ ، سېنىڭ چىرايىڭ ئاق بولسا ، يەنە بىرسى
سېرىق بولىدۇ ، سەن پاكار بولساڭ ، يەنە بىرسى ئېگىز بولى-
دۇ ، شۇنىڭغا ئوخشاش ، باشقىلار بەھرىمەن بولغان نەرسىدىن
سېنىڭ بەھرىمەن بولۇشۇڭغا ئورۇن بولمايدۇ ، باشقىلار قىلالى-
غان ئىشنى سېنىڭ قىلالىشىڭ ناتايىن بولىدۇ ، باشقىلار ئۇتۇق
قازانغاندا ، سېنىڭ مەغلۇپ بولۇشۇڭمۇ بولۇپ تۇرىدۇ ، ئەمما
سەندىكى ئۇستۇنلۇكمۇ باشقىلاردا بولۇۋەرمەيدۇ . باشقىلار سېنى

بىر ئىشتا يېڭىۋالغان بولسا، سەنمۇ يەنە بىر ئىشتا ئۇنى يېڭىۋالالايسەن، بۇنداق ئىكەن، سەن ھەسەت قىلغاندىن كۆرە، ئۆزۈڭدىكى ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرۇپ، باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىڭ كېرەك.

ئۆزىنى ئۆزى قىينىماسلىقنى تەكىتلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ھەسەتنىڭ ماھىيىتى باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرى ئارقىلىق ئۆزىگە روھىي ئازاب كەلتۈرۈش بولۇپ، سەن باشقىلارغا ھەسەت قىلىۋاتقاندا، باشقىلار روھىي جەھەتتە ھېچقانداق ئازابقا ئۇچرىمايلا قالماستىن، بەلكى ھەسسىلەپ ئىرىشىپ تېخىمۇ يارقىن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرىدۇ - دە، سېنىڭ ھەسەتخور يۈرىكىڭ تېخىمۇ زور ئازابقا ئۇچرايدۇ. تىت - تىت بولىسەن، بىر ئورۇندا جىم تۇرالمايسەن، نېرۋاڭ ئۆرلەپ سېنى ئاللىقاياقلارغا شەيتان كەبىي يېتىلەيدۇ. بىراق، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك ناھايىتى ئاز ساندىكى ھەسەتخورلاردىن باشقا، ھېچكىم ساڭا يار - يۆلەك بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ قىيناۋېرىسەن. شۇڭا، سەن ئۆزۈڭنى قىينىماي، ئوڭ يولدا مېڭىش ئۈچۈن، مەلۇم ئادەمنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ھەسەتخورلۇقۇڭ تۇتۇپ كەتكەندە، ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ ھاي بېرىپ: توختا! ئۆزۈمنى بۇنداق قىيناپ نېمە قىلىمەن؟ باشقىلارنىڭ ئۇتۇقلىرى بىلەن ئۆزۈمنى قىينىسام، تازىمۇ ئەخمەقلەردىن بولۇپ قالامدىمەن؟ دېيىشىڭ كېرەك. ھەمدە تېخىمۇ ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ھەسەت قىلىپ زايا قىلغان ۋاقىت، زېھىن ھېساباتىنى قىلىپ: «ئەگەر شۇ ھەسەتخورلۇقنى قىلمىغان بولسام، بۇ چاغقىچە نى - نى ئىشلارنى قىلغان بولاتتىم. يەنە ھەسەت قىلسام تېخىمۇ يامان ئاقىۋەتكە قالىمەن، بۇنداق يامان ئاقىۋەتتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ھەسەتخورلۇقتىن ئىبارەت نەس روھتىن ئۆزۈمنى ئازاد قىلىپ ھەقىقىي رىقابەت مەيدانىغا چۈشەي» دېيىشىڭ كېرەك.

يەتتىنچى ، گۇمانخورلۇق

گۇمانخورلۇق بىز ياشاش سەنئەتكارلىقىدا شۇبھىلىنىشنى تەشەببۇس قىلغىنىمىزدا ، ئۇنى ھەقىقەتنى تولۇقلاش ، بۇرۇنقى ئىجادىيەتلەرنىڭ كەم جايلىرىنى تولدۇرۇشنىڭ شەرتى قىلىپ ، ھەرقانداق نوپۇز ئىگىلىرىنىڭ ياكى ئۇستا يازغۇچىلارنىڭ تەلىمات ۋە ئەسەرلىرىدە ھەل بولمىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى نەزەردە تۇتىمىز . ئەمما ، بەزىلەر بارغانسېرى ھەقىقەتكە يېقىنلىشىپ بارىدىغان بۇنداق شۇبھىلىنىشنى شەخسىيەت ئىلكىدە ھەممىدىن گۇمانلىنىدىغان ئەنسىزلىككە ئايلاندۇرۇۋالىدۇ-دە ، تېگىشلىك بولمىغان گۇمانلار بىلەن ئەقلىنى چىرماپ ، پىسخىك ئاغرىپ يۈرىدۇ . كۆڭۈلدىكى تۇرمۇشىمىزغا قارايدىغان بولساق ، گۇمانخورلۇق بىلەن ئۆزى ئۈزاقتىن بۇيان ياخشى كۆرۈۋاتقان جانان قىزلارنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتقان يىگىتلەرنى ، پاك - دىيانەتلىك ئەرلىرىنى كۈنلەپ ئىناق ئائىلىسىنى بۇزۇۋېتىۋاتقان چوكانلارنى ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئىنسانىي مېھىر - شەپقەت دائىرىسىدە مېھمان قىلىۋاتقان ساھىبخانلاردىن گۇمانلىنىپ ، بەرگەن تاماقلارنى يېمەي تۇرۇۋېلىۋاتقان مېھمانلارنى ئۇچرىتىپ تۇرىمىز . بۇنداق گۇنامخورلۇق ھەممە ئادەمدە بار دېمىگەندىمۇ ، ئۇ ئىنسان تەبىئىتىدە قەدىمدىن بۇيان ئۆسۈپ كەلگەن ناپاك روھ بولغاچقا ، ناھايىتى كۆپ كىشىلەرگە جىن چاپلىغاندەك چاپلىنىۋالغان بولۇپ ، خۇددى گۇگۇم چۈشكەندە ئۇچىدىغان نامازشام قارىغۇسىدەك تۇرمۇشىمىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن نازۇك يەرلىرىگە ئۇسسۇپ يۈرۈپ ، كىشىلەرنى مۇناسىۋەتتە تۇمان پەردىلەر ئىچىدە كىرگۈزۈپ قويۇش بىلەن دوست بىلەن دۈشمەننى ئارىلاشتۇرۇپ ، گۇمانلانغۇچىنى ۋە گۇمانلانغۇچى گۇمانلىنىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىپ ، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ سەنئەتكارلىق بابىدىكى ئىشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كېلىدۇ .

گۇمانخورلۇق بەزىدە بىر خىل تەتۈر قۇيۇندەك شۇنداق تېز
كېلىدۇكى ، بىردەمدىلا ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى ئەڭ سۆيۈم-
لۈك گۈزەل ھېسسىياتلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۆز ئارا
ئۆچ كۆرۈشتىن ئىبارەت زەھەرلىك ھېسسىياتنى تۇرغۇزۇپ
قويىدۇ . «خوتۇن - قىزلارنىڭ پسىخىكىسىغا نەزەر» دېگەن
كىتابتا ئېيتىلىشىچە ، بىر ئاۋۇنىڭ بوھتان قىلىشى بىلەن پاك
ئېرىدىن گۇمانلانغان بىر چوكان ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەندىن
كېيىن پۇشايمان قىلىپ مۇنداق دېگەن : «مەن ئېرىمنى ياخشى
كۆرەتتىم . ئەمما ئۇنى باشقا ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈپ قېلىشى-
دىن قورقاتتىم . بۇ ھېسسىياتىم خۇددى مەن ياخشى كۆرىدىغان
بىر لوڭقىنى ئۆز قولۇمدا سۇندۇرۇۋەتسەممۇ ، باشقىلارغا تۇت-
قۇزماسلىقتا ئوخشايتتى . پىكىر خىيالىم ئەنە شۇنداق تار بول-
غاچقا ، مەن مۇشۇ كەچۈرگۈسىز جىنايەتنى ئۆتكۈزدۈم .»
بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ كەم
بولغانلىقتىن ، باشقىلارنىڭ باھاسىنى چوڭ بىلىدىغان خوتۇن -
قىزلاردا گۇمانخورلۇقنىڭ ئاقىۋىتى ئەنە شۇنداق ئېغىر بولىدۇ .
ئېغىر بولمىدى دېگەندىمۇ ، ناھايىتى كۆپ خوتۇن - قىزلار بىر
نەچچىسى بىر بولۇپ پىچىرلاۋاتسا ، «مېنىڭ يامان گېپىمنى
قىلىۋاتقاندىمۇ ؟» دەيدۇ . نىكاھلىق چوكانلارنىڭ كۆپچىلىكى
ئۆزىنىڭ بارلىق ئۈمىدلىرىنى ئەرلىرى ئۈستىگە قويغانلىقتىن ،
ئەرلىرى باشقا خوتۇن - قىزلارغا گەپ قىلسىلا گۇمانلىنىپ
تۇرالماي كېتىدۇ - دە ، ئۇنى ھەتتا بىر دانە قەپەس توقۇپ ئۆز
دائىرىسىدە تۇتۇپ تۇرۇشنى ئويلايدۇ . ئەرلىرىنىڭ كەپسىزلىكى
توغرىسىدا بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالسا ، خۇددى راست شۇنداق
قىلغاندەك گۇمانلىنىپ كېتىدۇ - دە ، قىلچە ئاساسى يوق بول-
سىمۇ ،ئەرلىرىگە قادىلىدۇ .
شۇنىڭغا ئوخشاش ، ئەرلەردىكى گۇمانخورلۇق خوتۇن -
قىزلاردەك ئېغىر بولمايدۇ دېگەندىمۇ ،ئۇلاردىمۇ ئوخشىمىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەرىجىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ . ھەتتا بەزى كاتتا ئۇلۇغ ئادەم-لەردىمۇ كۆرۈلىدۇ . خەنزۇلاردا مۇنداق بىر ھېكايە بار ئىكەن : «بىر ئادەم تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىقىپ پالتىسىنى يىتتۇرۇپ قويۇپتۇ ، ئۇ : «قوشنام ئېلىپ قاچقان بولسا كېرەك » دەپ ، ھەر كۈنى قوشنىسىنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىگە زەن قويۇپ كۆزد-تىپتۇ . ئۇ قوشنىسىغا قانچە دىققەت قىلغانسېرى قوشنىسى ئۇنىڭ كۆزىگە خۇددى پالتىنى ئوغرىلاپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپتۇ . بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ، پالتىسى تاغدىن تېپىلىپتۇ ، ئۇ قوشنىسىغا : «پالتامنى قوشنام ئوغرىلىماپتۇ» دېگەن نەزەر بىلەن قاراپتىكەن ، ھەرقانچە سىنچىلاپ كەتسىمۇ ، قوشنىسى پالتىنى ئوغرىلىغاندەك كۆرۈنمەپتۇ .

بۇ ھېكايىدىن مەلۇمكى ، گۇمانخورلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەر نەدىكى تۇتۇرۇقسىز نەرسىلەرنى كۆڭلىگە سىڭد-ۈۋېلىپ ، ناھايىتى نورمال ئىشلاردىنمۇ گۇمانلىنىپ ، ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى پاراكەندە قىلىش بىلەن مۇناسىۋەتتە جىددىيلىك پەيدا قىلىدۇ . بولۇپمۇ ئۇلار ئۆزلىرىنى تەسەۋۋۇرغا باي ھېساب-لايدۇ ، ئەمما ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىغا ئۇلانما تەسەۋۋۇرمۇ قو-شۇلۇپ تۇرىدۇ ــ دە ، بۇنىڭ بىلەن ئەسلىدە يوق بىر ئىش ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى ئارقىلىق راستقا ئايلاندۇرۇلىدۇ . ئىشنىڭ تېگى ــ تەكتىنى بىلمەيدىغان ئادەملەر ئۇلارنىڭ گۇما-نىي گەپلىرىنى ئاڭلاپلا : «راستىمىدۇ ؟ » دەپ قالىدۇ . ئادەتتىكى ئادەملەرنى قويۇپ تۇرۇپ ، ئۇلۇغ فرانسوز يازغۇچىسى روسسونى مىسالغا ئالايلى :

ئۇ ، بىر كۈنى : «مېنى باشقىلار تۇتۇپ كەتمەكچى بولۇۋاتى-دۇ» دەپ گۇمان قىلىپتۇ ــ دە ، بىر كۇمۇش قوشۇق بىلەن مېھمانخانا ھېساباتىنى تۆلىگەچ ، ئورۇن ــ كۆرپە ۋە پۇل ــ پوچەكلىرىنى مېھمانخانىغا ساقلىغىلى قويۇپ قېچىپ كېتىپتۇ . قېچىپ كېتىۋېتىپ توساتتىن : «مەن توزاخقا چۈشۈپ قالغان

ئوخشايمەن »دەپ گۇمانلىنىپ ، يەنە ئاجايىپ ساراسىمىگە چۈ-
شۈپتۇ-دە ، مەھكەم مۆكۈنۈۋاپتۇ . ئۇزاق مۆكۈنۈپ ياتقاندا ،
ئەتراپىدا ئەتىرگۈللەر لەپىلدەپ تۇرسا ، «باشقىلار مىنى تۇتىد-
مەن دەپ زەھەر چېچىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ، گۈل-
لەرنى پۇراپ ھۇزۇرلانماپتۇ ، قېشىغا ساتىراش ، قەھۋەچىلەر
كەلسىمۇ ، ھەممىدىن تەڭ گۇمانلىنىپ ، ئۇلارغىمۇ چىراي ئاچ-
ماپتۇ . كەشى ئاقىرىپ كەتكەندە ، قاراماينى قارا ئەمەس ، دەپ
ئويلاپتۇ . شۇنداق گۇمانخورلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئۆمرى ناھايىتى
ۋەسۋەسە بىلەن ئۆتۈپتۇ . ياشانغاندا ھويلا باقىدىغان ئىتىدىنمۇ
گۇمانلىنىپ قاپتۇ . بۇ ، نېمىدېگەن ئېغىر ئاقىۋەت ـ ھە ؟ ئۇلۇغ
يازغۇچىنىڭ گۇمانخورلۇقى ئۇنى ئىنسانىيەتكە ئېچىلدۇرىدىغان
قانچىلىك ئىجادىيەت مېۋىسىدىن مەھرۇم قالدۇرغاندۇ ؟ !
بۇنداق ئىكەن ، ئادەتتىكى ئادەملەردە گۇمانخورلۇق تېخىمۇ
ئومۇمىي نەرسە بولۇپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ «ئېھتىمال شۇنداق» ،
«شۇڭا ، مۇنداق قىلىشىم كېرەك» دېگەن خاتا ئوي ، خاتا ھەرد-
كەتلىرى بىلەن سەنئەتكارلىقنى ۋەيران قىلىدۇ . شۇڭا ، سەنئەت-
كارلىقنى ئەۋج ئالدۇرۇشتا ، ھەقىقەتكە يېقىنلاش يولىدىكى
ئىجادىيەتنىڭ شەرتى بولغان شۇبھىچىلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ ،
بىھۇدە گۇمانخورلۇقنى تۈگىتىشىمىز كېرەك . بۇنداق گۇماد-
خورلۇقنى تۈگىتىشتە ، ھەرقانداق ئىش ۋە ئادەمگە نېگىزلىك
بىر پوزىتسىيە تۇرغۇزۇشىمىز ، نېگىزلىك نەرسىدىن گۇمانلاد-
ماسلىقىمىز لازىم . بۇنداق بولمايدىكەن ، بىزدە شەيئىلەرگە بول-
غان مەۋقە بولمايدۇ . مەسىلەن ، ئۇزاق بىللە ئۆتكەن قەدىناس
دوستىمىز بولسا ، ئۇنىڭدىن بىھۇدە گۇمان قىلماسلىقىمىز
لازىم . ئەگەر بۇنچىلىك جۈرئەتمۇ بولمىسا ، يەكەن كۆتۈپخانىدا
مول بىلىملەر بىلەن تونۇلغان تارىخچى ئابدىقادىر داۋۇت «ئە-
شەنمىسەڭ ئىشەنمەيدۇ ، پۇشايمان قالدى ساڭا» دېگەندەك ، گۇ-
مانخورلۇقىمىزدىن بىزار بولغان كىشىلەرمۇ بىزگە ئىشەنمەيدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

-دە، گۇمانخورلۇق بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز پاراكەندە قىلىش ئاخىرلاشماي، سەنئەتكارلىق بابىدا مەغلۇبىيەتچى بولۇپ كېتىدىمىز.

8) شۆھرەتپەرەسلىك

بۇ ــ ياشاش سەنئەتكارلىقىغا توسالغۇ بولىدىغان يۇقىرىدىكى پىسخىك ئاجىزلىقلار قاتارى يەنە بىر خىل پىسخىك ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇزاق ئىنسانلار تارىخىدا ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئىتىگە ھەممىدىن بەك سىڭىپ كەتكەن ۋە ئادەملەرگە ئومۇمىي خۇسۇسىيەت بولۇپ قالغان لاتىقىدۇر. شۇڭا، دۇنيادا ھەممە ئادەم ئۆزلىرىنىڭ نام - شەرىپىنى ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويىدۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ھەركىمنىڭ ئۆز شان - شۆھرىتىنى دەپ ھەرقاچان تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈشنى ئومۇمىيۈزلۈك شۆھرەتپەرەسلىك دائىرىسىگە كىرگۈزگىلى بولمايدۇ. بىراق شۆھرەت ھەركىمنىڭ نەپسى تەقەززاسى بىلەن زىچ باغلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇ بىر قىسىم كىشىلەردە كامىل ئىنسان بولۇش تەلپۈنۈشىدىكى ھەققانىي رىقابەت ئاساسىدا شەكىللەنگەن بولۇپ ئىپادىلەنسىمۇ، كۆپ ساندىكى كىشىلەردەك ئۆزىدە يېتەرلىك ئىشەنچ، ئىقتىدار، سەۋر - تاقەت ۋە پۇل كەمچىل تۇرۇقلۇق شۇ جەھەتلەردە ئۈستۈن كىشىلەردە جەمئىيەتنىڭ دىققەت نەزەرىدە ئەتىۋارلىنىش ھېسسىياتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغاندا ئىپادىلەنگەنلىكتىن، كۆپ ھاللاردا ئادەمنىڭ ئۆز ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ كېتىدۇ. بۇنداق ھېسسىيات ئەسەبىيلەشكەندە ئادەملەرنى تەبىئىيلىكتىن ئايرىپ تەكەببۇرلۇققا، نورمال ئىززەت - ئابرۇيىدىن ئايرىپ تەمەخورلۇققا ئېلىپ بېرىپ ئەخمەقلەشتۈرۈۋېتىدۇ. شۆھرەت تەمەسىدە ئەخمەقلەشكەن بۇنداق ئادەملەر ئىززەتكە ئېرىشىمەن دەپ تاشقى كۆرۈنۈشتە يۈز - ئابرۇيغا پايدىلىق بولغان ئاتاق، ھوقۇق، پۇل ۋە ھەشەمەت تەرەپتە تۇر-

لۈك چاكىنا ھەرىكەتلەر بىلەن مەشغۇل بولغانلىقتىن ، بۇنداق چاكىنا ھەرىكەتلەر شۆھرەتپەرەسنى ئەقىلدىن قىسىپ دانالارنىڭ نەپرىتىگە ، قەدىناس يارەنلىرىنىڭ غەزىپىگە ،كىشىلەر زېرىكىدىغان ئوبيېكتىغا ئايلاندۇرىدۇ .بۇنىڭ بىلەن ئۇلار جامائەت ئىچىدە رەڭۋازلىق بىلەن ئۆزىنى ساقلاش ئۇچۇن ، باشقىلاردىن كەمچىل جايلىرىنى تولدۇرۇش ھەۋىسى بىلەن مەنمەنلىكنى بازارغا سېلىشنىڭ كەسىپ ئەھلىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ .

ئەڭ ئاددىيسىنى ئالايلۇق ، ئادەتتە كىشىلەردە ئىككى خىل ئاتاق بولىدۇ ، بىرى ، ئىسىم ـ فامىلە بولۇپ ، بۇ ھەربىر ئادەم مەنسۇپ بولغان جەمەت بىلەن ھەربىر ئادەمنىڭ نامىدۇر ؛ يەنە بىرى ، پوكۇنى بەگ ، پۇستانى تۆرەم دېگەندەك تۇرلۇك ئاتاقلاردۇر .ئەگەر دۇرۇس گەپ قىلىمىز دېسەك ، ھەممىمىز ئاتا۔ بوۋىلىرىمىزدىن مىراس قېلىپ ، قان ـ قېرىنداشلىق ۋە مىللىي خاسلىقىمىزنى ئىپادىلەپ تۇرىدىغان ، ئاتا ـ ئانىمىز ئۆز تىلى بىلەن تەۋەللۇتىمىزنى مۇبارەكلەپ قويغان ئىسىم ـ فامىلىمىزنى قەدىرلەپ ئاتىشىمىز كېرەك . چۈنكى بىر ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۇنىڭ ئىسىم فامىلىسىنى ئاتاش يولى بىلەن ئىپادە قىلماي ، ئەرۋاھلار نامى بىلەن ئىپادە قىلغىلى بولمايدۇ . شۇنداقلا ھەرقانچە ماختانچاق بولغان تەقدىردىمۇ بىزنى دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن مۇھەببەتلەرنىڭ يۇكسەك چوققىسى بولغان ئاتا ـ ئانىمىز بىزگە ئىجازەت قىلغان ئىسىمدەك توغرا ئىپادىلەپ بېرىدىغان يەنە بىر ئاتاق بولمايدۇ . بىراق ، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ھەربىر ئادەمنىڭ مانا مۇشۇنداق ئۇلۇغلۇقتىن دېرەك بېرىدىغان ئىسىم فامىلىسىگە ئەھمىيەت بەرمەي ، ئۆزلىرىنى ئۇنۋان ، بايلىق ۋە ئەمەل نامى بىلەن ئاتاشقا قىزىقىپ كېتىدۇ . بۇنداق قىزىقىپ كېتىشتىكى سەۋەب نېمە؟ ئالدى بىلەن بۇنىڭ كىشىلەردىكى نورمال بولغان ھۆرمەتلەش ۋە ھۆرمەتلىنىشتىن ئىبارەت مەزمۇنى بولسىمۇ ، ئامما ناھايىتى كۆپ

www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئۆزىدە يوق پەزىلەتلەر بىلەن تەرىپلەنسە، ھاكاۋۇرلۇقى ئۆتۈپ كېرىلىپ كەتكەندەك، بۇنداق قىزىقىشتا بولغاندا كىشىلەر شۆھرەتلىنىش سۈپەتلىرى ئۆزىدە بولمىسىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈش ھېسسىياتىدا بولىدۇ. مەسىلەن، ھازىرقى كۈندە بىز ئىدارە - جەمئىيەت ۋە ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىدىكى مەمۇرىي خىزمەت ئىشلەيدىغان بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ كەسپىي ئۇنۋان ئېلىشقا قىزىقىپ كېتىۋاتقىنىنى، مەمۇرىي مەنسەپ مەرتىۋىسى جەھەتتە تېگىشلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈلۈپ بولغانلارنىڭمۇ مائاش ياكى باشقا كىرىملىرىگە قىلچە پايدىسى يوق ئۇنۋانلارنى ئېلىۋېلىپ، ئىلىم - پەن خادىملىرىغا ئارىلىشىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ئۇنۋانغا لايىق بىلىم - ماھارەت بولمىسىمۇ، «ئىنژېنېر»، «لېكتور»، «پروفېسسور» ... دېگەندەك كەسپىي ئۇنۋانلاردا ئاتىلىش ئۇچۇن ئورۇنۇشلىرى، ھەتتا ئوقۇماي تۇرۇپلا باكلاۋۇر، ماگىستىر، دوكتور دېگەندەك ئىلمىي ئۇنۋانلارغىمۇ ئىنتىلىپ تۇرۇشى ئەنە شۇنداق شۆھرەتكە ئىنتىلىش پسىخىكىسىنىڭ بىر جەھەتتىكى كۆرۈنۈشىدۇر. ئەگەر كىشىلەردە نام - شۆھرەتكە بېرىلىش ئاشۇنداق ئومۇمىي ئەھۋال بولمىسا ئىدى، شۇنچە كۆپ دانا ئادەملەر ھەرقانچە چوڭ ئىش قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزى قىلغان ئىشنىڭ ياخشىلىقىغا جامائەت ئىشەنگەن ھامان توختاپ قېلىۋاتقان يەردە، ئانچە كۆپ خىزمەت كۆرسەتمىگەن ئانچىكىم ئادەملەر ئۇنچىۋالا تەنتەكلىك قىلىپ كەتمىگەن بولاتتى.

بۇنداق ئاتاقلار بىلەن ماختانچاقلارنىڭ ھاياتىغا يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلمايدۇ، بەزىدە ئۇلارنى شۇنداق ئاتاقتا ئاتىلىۋاتقان ھەقىقىي بىلىم ئىگىلىرى، ئىقتىدار چولپانلىرى ئالدىدا قورۇپ بىر چىشلەم قىلىپمۇ قويىدۇ. ئەمما ئۇلار نېمىشقا ئىسمى - جىسمىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان بۇنداق ساپاسىزلىقنىڭ دەردىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇ ئاتاقلارغا مەھكەم ئېسىلىۋالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ قا-

رىشچە ، ساختا ئاتاق ئاتاقسىزلىقتىن ياخشى ، ئاتاق ساختا بولغان بىلەن ئۇنى بىلەلمەيدىغان نادان كىشىلەر ئالدىدا ئابرۇيلۇق بولۇشقا پايدىلىق . قارىمامسىلەر ؟ بەزىلەر بىر ئۆمۈر كادىر بولۇپ ، دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن ، بىر لىگوچى پۇقرا بولۇپ كەتكۇسى كەلمەيدۇ ، ناۋادا بىرەر ئورۇننىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە ياكى ئاقساقىلى بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈپ ئالالىسا ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كېتىدۇ . مەن يېقىندا يېشى توشۇپ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىنمۇ بىرەر ئورۇندا ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئېلىپ بولسىمۇ ئىشلەشنى خالايدىغان بىر كىشىنى ئۇچراتتىم . مەن ئۇنىڭدىن نېمىشقا تېخىمۇ كۆپرەك پۇل تاپىدىغان بىر ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى سورىسام ، ئۇ : «كىشىلەر سوراپ قالسا دەپ بەرگۇدەك بىر ئورۇندا تۇرمىسام ، كىشىلەر كۆزگە ئىلمايدىكەن» دېدى . بۇ گەنە شۇنداق ساختا ئاتاقتا ئاتىلىشقا تەييار تۇرغان ئادەم ۋە ساختا ئاتاقتىكى ئادەملەرنى شۇنداق ئاتىقى يوق ئادەملەردىن بەكرەك ھۆرمەتلەيدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرسىتىدۇ . باشقىلار ئەسەر يازسا ، دەم ئېلىشقا چىققان بەزى مۆتىۋەرلەرنىڭ باش تۈزگۈچى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئاتاق ئابرۇيىنى بازارغا سېلىشى ، ئىلىم ـ پەن ئورگانلىرىدىن ئايرىلغانلارنىڭ ھەتتا ئۆزى بىلمەيدىغان ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئىلمىي جەمئىيەتلەردە باشلىق بولۇشى قاتارلىقلارمۇ گەنە شۇندق ساختا ئاتاقلارنى ئاتاقسىزلىقتىن ياخشى كۆرۈشنىڭ ئىپادىسى .

بۇنداق شۆھرەتپەرەسلىككە بېرىلگەنلەرنىڭ نەزىرىدە ساختا ئاتاقنىڭ يەنە شۇنداق مۇھىم بىر رولىمۇ باركى ، ئۇلار بۇنىڭ بىلەن تەمەخورلۇقتا پەرىشان بولۇۋاتقان كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزىدۇ . دىققەت بىلەن ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق ، «سەن پروفېسسور ، تەتقىقاتچى ، ئالىي مۇھەررىر بولساڭ ، مەن ئىلمىي ھەيئەتنىڭ مۇدىرى ، كەسپىي ئۇنۋان بېرىش ھەيئىتىنىڭ

www.uyghurkitap.com

باشلىقى ؛ سەن تېخنىكا بىلىمىڭ بىلەن ئىنژېنېر بولساڭ ، مەن دېگەن زاۋۇتنىڭ مەسلىھەتچىسى » دەپ يۈرگەنلەرنى ئۇچرىتىمىز ، مانا بۇلار كۆڭلىنى ئەنە شۇنداق ئاتاقلار بىلەن خۇش ئېتىپ يۈرگەنلەردۇر . ئۇلار مانا مۇشۇنداق پسىخىك دۇنيادا ئۈزۈپ يۈرۈپ ئۆزىنىڭ كەم سۇنۇپ قالغان يەرلىرىنى تولۇقلاپ ، خۇددى شۇ ئاتاقلار بىلەن ئۆزىمۇ شۇنداق بىلىملىك داموللا بولۇپ قالغاندەك ، ئۆزىدە بىلىم ـ مەلۇمات كۆپ بولمىسىمۇ ، شۇنداق كاتتا بىلىمدان ئەللامىلەردەك داڭلىق بولۇپ قېلىۋاتقاندەك كۆرەڭلەيدۇ .

دېمەك ، ئۇنداق دەيمىز ، بۇنداق دەيمىز ، نېمىدېگەنبىلەن شۆھرەتپەرەسلىك كىشىلىك ھاياتقا ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ . ئۇ پەقەت ئۆزىگە بېرىلگۈچىلەرنى يۇقىرىقىدەك قۇرۇق ئۇرۇنۇشلار بىلەن ئاۋارە قىلىپ ، ئۇلارنىڭ زېھنىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ ، ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەتىرىنىمۇ تۇيمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ ، شۇ ئاساستا ئالدى بىلەن ئۆزى ئۈستىدىلا سۆزلەيدىغان پەسكەش ئادەملەرنىڭ غۇرۇرىغا ئىلھام بېرىدۇ ؛ ئاندىن قالسا ، ئەقىللىق ئادەملەرنىڭ ئەقلىنى كېسىپ ئۇلارنى مەغرۇرلىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ . ئادەم قانچىلىك قابىلىيەتلىك ،ئەقىللىق ، ئوقۇمۇشلۇق ، ئاجايىپ ئىستېداتلىق ، ھەتتا قەلبى پاك بولسىمۇ ئەگەر ئۇ تولىمۇ غادىيىۋالسا ، ھەممە پەزىلەتلىرى كەمچىلىككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكتىن ، ئۇ ئەگەر مىللەتنىڭ ئومۇرتقىسى بولۇۋاتقان تالانتلىق سەنئەتكارلارغا چېتىلغان تەقدىردە ، شۇ مىللەتنىڭ ھوسۇللۇق ئېتىزلىرىغا چېكەتكە ئاپىتى چۈشكەندەك ، ئۇ مىللەتتىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئادەملەرنى پەزىلەتسىز چاكىنىلارغا ، ئۆتكۈر زىيالىيلارنى خام خىياللارنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ . ھەتتا ئۇلارنى مەمۇرىيەتچىلىك ، پۇلپەرەسلىك ، ھەشەمەتخورلۇق ، ھەتتا ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق ئاتاقلار ئۈچۈن ، ياراملىق ئەزىمەتلىرىنىڭ ، سەنئەتكارلىرىنىڭ پېيىنى قىرقىيدى-

غان رەزىل ھەرىكەتلەرگە ئېلىپ بېرىپ ، مىللەتنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ھوسۇللۇق يەر ، تەرەققىي قىلغان سانائەت ۋە خاسلىقى بىلەن باتۇرانە ئالغا ئىنتىلىش جاسارىتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ . شۇڭا ، كىمكى ئەخلاقىي پەزىلەتنى ، ئۆزگىچە ئىجادىي خاسلىق-نى ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى سۆيىدىكەن ، ئانجان ۋەتىنى ، مېھرىبان خەلقىنى ، ئىنسانلىق كامالىتىنى كۆزلەيدىكەن ، سەن-ئەتكارلىق بابىدا كۆرۈلگەن ساختا شۆھرەت ۋە ئۇنىڭ ئىزىمل-رىغا قارشى تۇرماق لازىمدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# XIII باب سەنئەتكارلىقتا توسالغۇ بولىدىغان ئادەتلەر

بىز ئۈچىنچى قىسىمدا ئىجادىي ئادەم تەربىيىلەش ئۈچۈن «ئارىق» لىق يولىدا مېڭىشنى، «ئارىق» لىق دېگەن مۇتەپەك-كۇرانە پىكىر قىلىش ئىقتىدارى بولۇپ، بۇنداق ئىقتىدارنى بالىلاردا يېتىلدۈرۈشتە ئائىلە ۋە مائارىپتا بالىلارنى ياخشى ئادەت-كە كۆندۈرۈش، ئىجادىي بالا تەربىيىلەشتىن بۇرۇن ياخشى ئا-دەتلىك بالا تەربىيىلەش، تۇرمۇش، ئۆگىنىش، ئەمگەك، تەنھە-رىكەت ۋە باشقىلار مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەردە بالىلاردا ياخشى ئادەت يېتىلدۈرۈش شەرتلىكىنى مەشھۇر ئادەملەردە ئالدى بىلەن ئۇلارنى مەشھۇر كۆرسىتىدىغان ياخشى ئادەتلەر بولىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەنىدۇق. بىز بۇ يەردە گەنە شۇنداق ياخشى ئادەت-لەرنى يېتىلدۈرمەي، ناتوغرا ئادەتلەرگە كۆنۈكۈپ قالغانلاردا كۆرۈلىدىغان ئاساسلىق سەۋەنلىكلەرگە نەزەر سالىمىز.

بىزنىڭ بىر ئادەمنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئادىتىدىكى سەۋەنلىكلەرنى تەگەپ قېلىشىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئادەم تەبىئىتىدە شۇنچە كۆپ پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئاجىزلىق-لار بولۇپلا قالماي، مۇۋەپپەقىيەت يوللىرىدا شۇنچە كۆپ ئەگرى ـ توقايلىق ھەم توسالغۇلار تۇرغان يەردە، بىر ئادەم ياخشى خۇلق، ياخشى ئادەت، يۇقىرى سەۋىيە . . .ئارقىلىقلا ئۇتۇقتا ئېرىشەلەيدۇكى، يامان سۆز، يامان مىجەز، يامان ئا-دەت، تۆۋەن سەۋىيە بىلەن يېتىپ ئېرىشەلمەيدۇ. ھېچبولمىغاز-دا، يامان ئادەتلىرىنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىپ، ياخشى ئادەتلەرگە كۆنۈككەندىن كېيىنلا ئېرىشەلەيدۇ. چۈنكى «يامان تەربىيە

كۆرگەن ئادەمنىڭ دادىللىقى قوپاللىققا ئوخشايدۇ ، دانىشمەنلەر-كى بولسا ئۆتۈپ كەتكەن رەسمىيەتچىلىككە ، گەپتانلىقى نەيرەڭ-ۋازلىققا ، ئاددىيلىقى توڭلۇققا ، كۆڭۈلچەكلىكى خۇشامەتچىلىك-كە ئايلىنىپ قالىدۇ » .[1] بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا ، يامان تەربىيە ئاساسىدا شەكىللەنگەن يامان ئادەت ئادەمنى ئىككى پۇل-لۇق قىلىۋېتىپ ، ھەممە تەرەپتىن مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ .

راست ئەمەسمۇ ؟ بىز ئادەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان بىر ئادەمگە ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغان ئالدىراقسان ئادەمدىن كۆپرەك ئىشەنچ ھەم ھۆرمەتتە بولىمىز . چۈنكى كىشىلەر ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئارقى-لىق ئۆزىنىڭ شۇ چاغدىكى غەزىپىنى ياكى بىرەر خۇشاللىق ئىلكىدە ئۆرلەۋاتقان خۇشال كەيپىياتىنىڭ شەيتان كەينىگە كى-رىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ ـ دە ، كۈتۈلمىگەن ئاۋارىچە-لىقلاردىن قۇتۇلىدۇ . ئەگەر بىر ئادەم جۇشقۇن روھلۇق ، كى-شىلەر بىلەن ئۇششاق ئىشلاردا ھېساب ـ كىتاب قىلمايدىغان ، قىيىن ئىشلارنى مەردانىلىك بىلەن ئۈستىگە ئېلىپ باشقىلارنىڭ قولىنى سوۋۇتىدىغان ، باشقىلار سىركە ـ پىيازلىق قىلىپ تەگەشكەندە سەۋر قىلىدىغان ، باشقىلارغا ئىلاجى بار كەڭ قور-ساقلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلە قىلىدىغان ، كىيىنىش ۋە يۈ-رۈش ـ تۇرۇشتا ۋەزمىن بىر خىل سالاپەتنى ساقلايدىغان ، گەپ ـ سۆزنى مۇلايىملىق بىلەن قىلىدىغان ، سالام ـ سەھەتتە باشقى-لارغا ئىززەت ـ ئىكرام قىلىدىغان ياخشى ئادەتلەرنى يېتىلدۈر-گەن بولسا ، ئۆزىگە لايىق ھۆرمەتكە ئىگە بولۇپ ، نۇرغۇن ئىش-لاردا ئۇتۇق چىقسا ، ئالدىراپ ـ تېنەپ كىشىلەرنىڭ ئىززىتىگە تېگىدىغان ، شاللاقلىق قىلىدىغان ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇ-رۇۋېتىدىغان ، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدىغان ، چاقچاق قىلدىم دەپ كىشىلەرنىڭ زىتىغا تېگىدىغان ، ياخشى دوستلار

---

[1] «تەپەككۇر گۈلشەنى» 228 ـ بەت .

ئارىسىدىمۇ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىپ جاھىللىق قىلىدىغان، ئۆزىنى ئارتۇقچە چوڭ تۇتىدىغان، بىكار قالسىلا غەيۋەت قىلىدىغان، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان، قىسقىسى، ئەتراپىدىكىلەرگە ئارام بەرمەيدىغان تۈرلۈك يامان ئادەتلەرنى يۇقتۇرۇۋالغان بولسا، نۇرغۇن ئىشلارنى ئاقسىتىپ، كەسپىي ئىشلىرىدا ئۇتۇپ قازىنالمايدۇ. يەنە كېلىپ، ھەرقانداق ئادەم بۇ دۇنيانىڭ خۇلقىنى كۆرۈش ئۈچۈن، ئەتىۋارلىنىش ئۈچۈن، ھۇزۇر - ھالاۋەت ئۈچۈن ياشاۋاتقاچقا، بۇنداق ئىنتىلىشلىرىگە قارشى يۇقىرىقىدەك ئادىتى بار توڭقاپاق، بەتقىلىق ئادەملەردىن ھەزەر قىلىدۇ - دە، شۇ تۈپەيلى يامان ئادەتكە كۆنۈكۈپ كەتكەن ئادەم نورمال جامائەت سورۇنلىرىدىمۇ ئەرزانلىشىپ قالىدۇ. نۇرغۇن ئادەملەر كىشىلەرنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان نازۇك بەدەن، ئەقىللىق، بىلىملىك تۇرۇپمۇ «مېنىڭ زادى ئامىتىم يوق» ئوخشايدۇ دەپ قولىنى چىشلەپ قېلىۋاتقان يەردە، تەن تۈزۈلۈشى، تەقى - تۇرقى، ئەقىل - ھوشى، بىلىم سەۋىيىسى نورمال بولغان بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى ئەپلەشتۈرۈپ شاراقلىتىپ پۇل خەجلەپ يۈرۈشى ئادەمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادىتىنىڭ قايسىسىنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر.

ياشاش سەنئەتكارلىقىدىمۇ ئىش ئەنە شۇنداق بولىدۇ. بىز قايسىبىر ئىجادىي پائالىيىتىمىزدە ئۇتۇق قازىنالمىغان چاغدا، ئەقلىي ئىقتىدار، ئەخلاقىي پەزىلەت، پسىخىك پائالىيەت جەھەتلەردە بەزى كەمتۈك، ئاجىز تەرەپلەرنىڭ تىزگىنلىشىدە تۇرۇشتىن باشقا، ھەربىر تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمىز ياكى ئادەتلىرىمىزدىمۇ بەزى سەۋەنلىك دائىرىسىدە تۇرۇپ قالىمىز - دە، بىزنىڭ روھىيھاللىقىمىزدا ئۆزىمىزنى ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتتىن، جامائەت بىلەن بىرگە ھۇزۇر سۈرۈشتىن تارتىۋالىدىغان ناچار كەيپىيات ئۆسۈپ بارىدۇ. بۇنداق كەيپىيات ئىچىدە بىز

بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئازغىنە ئۇنۇم بەرگەن ئاددىي تەجرىبىلىرىمىز دائىرىسىدە چۆرگىلەيدىغان، جامائەتنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قالغانسېرى ئىشلارنى تەلەي سىناپ قىلىدىغان بولۇپ قالىمىز.

ھەربىر ئادەمگە مەلۇم تەرەپلەردە ئايرىم چاغلاردا بەزى ئامەتلەر كېلىپ قالسىمۇ، كۆپ ھاللاردا ئامەت دېگەن ھەربىر ئادەمنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، تىرىشچانلىق ۋە چىدامىلىق دەرىجىسىگە بېرىلىدىغان مۇكاپات بولغانلىقتىن، بۇنداق تەجرىبە ۋە ئادەتلىرىمىز بىزدە ئامەتكە قارشى كەيپىيات ئەمەلى بولۇپ قېلىپ، بىزنى ئۆزىمىز توغرا دەپ قارىغان، ئەمما ئەمەلىي ئىشلاردا ياخشى نەتىجە بەرمەيدىغان دائىرىلەردە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ ھاردۇرۇۋېتىدۇ. بولۇپمۇ كەيپىيات بىزنىڭ روھىيھاللىقىمىزغا ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن، بىزنىڭ تەپەككۇر يوللىرىمىزنىمۇ چىرماپ ئېلىپ بىزنى ئەقلىي پائالىيەتلەردە غەم ـ ئەندىشە قىلىدىغان، جىددىيلىشىدىغان، پەرىشان بولىدىغان نورماللىقسىزلىققا ئېلىپ بارىدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن بىز ھارقاچان تېزلىكتە چارچايدىغان بولۇپ قېلىپ، ئامەتلىرىمىزگە قارشى مەغلۇبىيەت تەرەپكە تېخىمۇ تېزلىك بىلەن كېتىپ قالىمىز. بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتتا چوڭقۇرلىغان دانىشمەن كارنىگىنىڭ ئېيتقانلىرى بۇنىڭغا گۇۋاھدۇر:

«كىشىنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدىغان شۇنداق بىر پاكىت باركى، ئەقىل ئىشلىتىدىغان خىزمەتتە كىشى ھارغىنلىق ھېس قىلمايدۇ. بۇ گەپ ئاڭلىماققا كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. لېكىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى، ئالىملار ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى «خىزمەت ئۇنۇمى تۆۋەنلىتىلمىگەن» ئەھۋالدا زادى قانچىلىك ۋاقىت بەرداشلىق بېرەلەيدىغانلىقىنى تېپىپ چىقماقچى بولغان. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ئالىملار قان ھەردەكەتتىكى مېڭىدىن ئۆتكەندە قىلچىمۇ چارچاش ھادىسىسى كۆرۈل-

www.uyghurkitap.com

مەيدىغانلىقىنى بايقىغان! ئەگەر سىز ئەمگەك قىلىۋاتقان ئىشچىنىڭ قان تومۇرىدىن قان ئالسىڭىز، ئۇنىڭدا «ھارغىنلىق زەھىرى» تولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقايسىز، مانا بۇ چارچاش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. لېكىن، ناۋادا سىز ئالپېرت ئېينىشتېيىننىڭ بەدىنىدىن ئەمدىلا مېڭە قىسمىدىن ئۆتكەن بىر تامچە قاننى ئېلىپ كۆرسىڭىز، ئۇنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق «ھارغىنلىق زەھىرى» تېپىلمايدۇ.

تا مۇشۇ كەمگۈچە بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز شۇكى، مېڭە سەككىز سائەت ياكى 12 سائەت ئىشلىگەندىن كېيىنمۇ ئەھۋال ئوخشاشلا ياخشى تۇرۇۋېرىدۇ، مېڭە پەقەت ھارمايدۇ... ئۇنداقتا، سىزنى ھارغىنلىق ھېس قىلدۇرىدىغان زادى نېمە؟

روھىي كېسەللىكلەر ئالىملىرىنىڭ جاكارلىشىچە، زور كۆپ ساندىكى چارچاش ھادىسىسى روھىي ئامىلدىن ياكى كەيپىياتتىن كېلىدىكەن. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى خاد فېلد «ھوقۇق پسىخولوگىيىسى» دېگەن كىتابىدا: «كۆپ قىسىم چارچاش ھادىسىسى روھىي ئامىلدىن كېلىدۇ، ھەقىقىي تۈردە فىزىئولوگىيىلىك خوراشتىن كېلىپ چىقىدىغان چارچاش ناھايىتى ئاز بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

ئامېرىكىلىق مەشھۇر روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى A. A بىرىلىل تېخىمۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ مۇنداق جاكارلايدۇ: «سالامەتلىك ئەھۋالى ياخشى، ئەمما دائىم ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ چارچىشى يۈزدەيۈز پىرسەنت پسىخىك ئامىلدىن بولىدۇ ياكى بىز دەيدىغان كەيپىيات ئامىللىرىدىن بولىدۇ.»

ئۇزاق ۋاقىت ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ كەيپىيات ئامىلى نېمە؟ خۇشاللىق؟ قانائەت، ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس! بەلكى بىزارلىق، نارازىلىق، ئۆزىنى قارشى ئېلىنمايدىغان ھېس قىلىش، ئۆزىگە ئۆزى كېرەكسىز تۇيۇلۇش، ئالدىراقسانلىق، قايغۇرۇش، تىت - تىت بولۇش ۋەھاكازالار —

مانا مۇشۇ كەيپىيات ئامىللىرى ئۇزاق مەزگىل ئولتۇرۇپ ئىشـ لەيدىغانلارنىڭ زېھنىنى خورىتىپ، ئۇلارنى ئاسان زۇكامدايدىـ غان، زېھنى ئاجىزلايدىغان، ھەر كۈنى بېشى ئاغرىيدىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىدىغان قىلىپ قويىدۇ. توغرا، بىزنىڭ كەيپىياتىمىز ۋۇجۇدىمىز ئىچىدە جىددىيلىك پەيدا قىلىپ، بىزنى ھارغىنلىق ھېس قىلغۇزىدۇ.»[①]

بۇنداق ئىكەن، ياشاش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇق قازىنالمايدىـ غان ئادەملەردە قانداق سەۋەنلىكلەر كۆرۈلىدۇ ۋە بىز ئۇلاردىن قانداق ئىبرەت ئالىمىز؟

## 1. ئۇلار ئۆزىنى چاغلىمايدۇ

ھەربىر ئادەم مەلۇم بىر كەسىپتە ئاساس سالغانىكەن، شۇ ئىشتا ئۇتۇپ چىقىش باشقا ئىشقا قارىغاندا ئاسان بولىدۇ. مەسىـ لەن، ھازىرقى كۈندە ئېلىمىز ياشلىرى ئۇتۇق قازىنىش مەسىـ لىسىدە پەزىلىتى ياخشى بولۇش، كەسپىي ساپاسى يۇقىرى بوـ لۇش، جاپاغا چىداپ كۆرەش قىلىش، روھى كۈچلۈك بولۇشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش بىلەن بىر چاغدا، بىر ئادەمنىڭ ئوقۇش تارىخى قانداق بولسۇن، ئۇنۋانى يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولسۇن، دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا مەملىكىتىمىزدە ياكى چەت ئەلدە ئېرىشـ كەن بولسۇن، ئەمەلىي ئىقتىدارى بولۇشنى، قولىدىن ئەمەلىي ئىش كېلىدىغان بولۇشنى، بولۇپمۇ ئۆز ساھەسىدە ئالاھىدە ئىقتىدارلىق بولۇپ، كەسپىي تايانچ ياكى باشلامچى بولۇشنى تەكىتلەيدۇ.

بۇ ئەلۋەتتە سەمىمىي قاراش. بىر ئادەم ئۆزىنى ھەرقانچە چوڭ تۇتقان ياكى ئاللىقانداق يالتىراق ناملارنى تاراقلىتىپ يۈرگەن بىلەن، خەلققە يارامىلىق ئىش قىلىپ بېرەلمىسە نېمە

① كارنېگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى، 23 ـ، 24 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كارايىتى ؟ ئۆتۈك قازىنالمايدىغان ئادەملەر ئۇنداق قىلمايدۇ . ئۇ ئىشتىمۇ ، بۇ ئىشتىمۇ ئۆتۈك قازىنىشنى ئويلايدۇ . بىر ئادەم دېگەننىڭ جىسمانىي ۋە زېھنىي دۇنيانى ئەلەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋېتىشكە يەتمەيلا قالماستىن ، ئىجتىمائىي ۋە جامائەت پىكىرى مۇھىتىمۇ ئۇنى نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەردىن مەھرۇم قىلىپ تۇرغانلىقتىن ، ئۇنداق ئويلار ئۆزىنى چاغلىمىغانلىق بولىدۇ ـ دە ، ئۇ ئەگەر ھەممىنى گۇل كەلتۇرۇۋەتمەكچى ياكى ھەممىنى ئەلەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتمەكچى بولىدىكەن ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھېسسىياتنى ئەمەلىيەت ھېسابلايدىغان رومانتىك يازغۇچىلار يارىتقان بەزى نوچىلارغا ئوخشاپ قېلىپ ، ئەمەلىيەتتىكى ھەقىقىي سەنئەتكار بولالمايدۇ .

مەن 80 ـ يىللاردا قەشقەردە ئۈچ ھەۋەسكارنى ئۇچراتتىم . بىرسى ئەدەبىيات ساھەسىدە بولۇپ ، ئۇ بىردەم ھېكايە ، بىردەم شېئىر ، يەنە بىردەم دراما يېزىشقا قىزىقاتتى . ئەمما ھېچقايسىسىغا ئىچكىرىلەپ كىرمەيتتى . مەن ئۇنىڭ يازغۇچىلىق ساھەسىدە چوڭراق نەتىجە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىپ ، بىرمۇنچە زېھنىمنى سەرپ قىلدىم . ئەمما ھازىرغىچە ئۇ تېخى ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە يازغۇچى ياكى شائىر ۋە ياكى دراماتورگ بولالمىدى . ئۇنىڭدىن يېشى 20 ياشلار كىچىك ، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۇنىڭدىن تۆۋەن ، پەقەت تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئىككى يىگىتچۇ ؟ ئۆزى ھەققىدە ئېنىق تونۇشقا ئىگە بولدى . ئۆزىنى چاغلاپ ئىش قىلدى . ئۆز كەسپىگە مۇناسىۋەتلىك بىلىملەردە مۇستەقىل چوڭقۇرلاپ ، باشقىلارنى دورىماي ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئىلگىرىلىدى . ھازىرقى كۈندە ھەر ئىككىلىسى شىنجاڭدا ئاتاقلىق ئادەملەردىن بولۇپ قالدى . بۇلارنىڭ بىرى ، نۇرمۇھەممەدجان مېھمان بولۇپ ، بۇ يىگىت ئەسلىدە قەشقەر ئىشچىلار تېخنىكوم مەكتىپىدە ئوقۇپ ، شۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قېلىنغان «تىككۈچى» ھۈنەرۋەن ئىدى . ئۇ «ھا-

زىرقى زامان ئۇيغۇر تىككۇچىلىكى» قاتارلىق كىتابلارنىڭ ئاپ-
تورى ، قەشقەر ئىشچىلار تېخنىكوم مەكتىپىنىڭ باشقا ۋىلايەت-
لەرگىمۇ بېرىپ دەرس ئۆتىدىغان داڭلىق ئالىي ئوقۇتقۇچىسى
بولۇپ قالدى . يەنە بىرى ، مۇھەممەد ئېلى . بۇ يېگىت ئەسلىدە
كىچىك بىر «سىرچى» ھۈنەرۋەن ئىدى . ئۇ ھازىر سىرچىلىق
ھەققىدە نەچچە پارچە كىتاب يېزىش بىلەنلا قالماستىن ، ئۆز
ئالدىغا «قەشقەر تۇمەن دەريا سىر زاۋۇتى» نى قۇرۇپ ، ھەر
يىلى «كۆك بۆرە» ناملىق ئۇيغۇر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە سىرنى
ئېلىمىزنىڭ بازارلىرىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىغا يۈزلەندۈ-
رۈش بىلەن بىللە ، سىرچى ، ئالى ئىنژېنېر ، زاۋۇت باشلىقى ،
خەلقئارا سودىگەر بولدى . دېمەك ، بىر ئادەم ئۆزىگە نىسبەتەن
سەگەك تونۇشتا بولمىسا ، «مەن ھەممىگە قادىر» دەيدىغان يامان
ئادەتنىڭ كەينىدىن مېڭىپ كەتسە ئۇتتۇرۇپ قويىدۇ . ئۆزىگە
نىسبەتەن توغرا تونۇشتا بولۇپ ، جۇشقۇن روھ بىلەن تىرمىشىپ
ئۆگەنسە ، ئۆز كەسپىدە ئۇتۇپ چىقىپ ، جەمئىيەتنىڭ ھۆرمەت
نەزىرىگە چىقىدۇ . ھەتتا ئۆز كەسپىدە ئۇتۇپ چىقىپ ، جەمئى-
يەتنىڭ ھۆرمەت نەزىرىگە چىقىدۇ . ھەتتا ئۆز كەسپىدىن شاخ-
لاپ چىققان كەسپلەردىمۇ داڭق چىقىرىدۇ .

توغرا ، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى گويا بىر ئوكيان ، ئۇ ھەرنې-
مىلەرگە ھەۋەس قىلىدۇ . لېكىن ھېسسىيات دولقۇنلىرىدىكى
ئۆركەشلەر ئۇنىڭ تىرىشىش نىشانى بولىدۇكى ، ھەرگىز ئۇ
قىلىدىغان كەسپىي مەشغۇلاتلارنىڭ ئۆزى بولالمايدۇ . ئەگەر
ئۇنداق ھېسسىيات شاختىن - شاخقا سەكرەپ يۈرۈشنىڭ ئاساسى
قىلىنسا ، ئادەمدىكى ئۆزىنى چاغلىيالماسلىق ئۆسۈپ كېتىدۇ -
دە ، ئادەمنى بەزىدە ئاشۇ خىياللار قۇل قىلىۋېلىپ ،
«شاختىن - شاخقا قونغاننىڭ ۋەسقىسى يوق ئىشنىڭ» دېگەن
يەرگە ئاپىرىپ قويىدۇ . شۇڭا ، ھەرقانچە ھېسسىياتى ئۆرلەپ
كەتكەن ئادەم ئۇچۇنمۇ ئۆز كەسپىنى ۋە ئۆز كەسپىدە يەتمەكچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولغان نىشاننى ئاساس قىلىپ ئالغا بېسىش شەرت بولىدۇ . شۇڭا ، هازىرقى هوشيار ياشلار كەسىپكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆزئارا سۆھبەتلىرىدە كەسىپكە مۇناسىۋەت- لىك ئۇچۇرلار ھەققىدىكى پاراڭلار ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەق- قىدىكى گەپ - سۆزلەردىن قالسىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ياشلا ئۈستىدە بېيجىڭدا ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشتە ، «سىز قانداق كىتابلارنى ياخشى كۆرىسىز ؟» دېگەن سوئالغا بېرىلگەن جاۋابلاردا كەسپىي كىتابلار 3 - ئورۇندا تۇرغان . «ئۆگىنىش پۇرسىتى بولۇپ قالسا ، نېمە ئۆگىنىسىز ؟» دېگەن سوئالغا «كەسپىي بىلىم ئۆگىنىمەن» دەپ جاۋاب بېرىلگەن . دېمەك ، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ كەسپىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ، كەسىپ ئارقىلىق ئۆز قەدىر - قىممىتىنى نامايان قىلىش ھەر سەنئەتكارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇش كېرەك .

تىرىشىش نىشانىغا كەلسەك ، هازىرقى كۈندە بىلىم يېڭىلا- ش ھەرىكىتى ناھايىتى تېز بولغانلىقتىن ، بىز ئۇنىۋېرسال تا- لانت قارىشىنى ئاساس قىلىپ بېرىلىپ ئۆگىنىش كېرەك بولى- دۇ . بېيجىڭ ياشلىرى «بۈگۈنكى جەمئىيەت قانداق تالانتلىقلار- غا ئەڭ ئېھتىياجلىق ؟» دېگەن سوئالغا ، چوڭقۇر بىلىم قۇرۇل- مىسىغا ئىگە ئۇنىۋېرسال تىپتىكى باشقۇرغۇچى تالانتلىقلارغا ئەڭ ئېھتىياجلىق (34.8%) ، پەن - تېخنىكا تالانتلىقلىرىغا ئەڭ ئېھتىياجلىق (24.7%) دەپ جاۋاب بەرگەن . مۇتەخەس- سىسلەر بۇنداق جاۋابلارغا ئاساسەن ، پەن - تېخنىكا جەھەتتە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ، ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇش ئېلىمىز ياشلىرىنىڭ مۇھىم بىر تەرەققىيات يۆزلىنىشى بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن . بىز مۇشۇنداق ئىلمىي ئاساسلار بىلەن ئىلگى- رىلەيدىكەنمىز ، قانچىكى كۆپ تەرەپلەرگە ئىنتىلسەكمۇ ، خاتا بولمايدۇ . هازىر مەملىكىتىمىزدە يولغا قويۇلۇۋاتقان چوڭلار مائارىپى ئەنە شۇنداق تىرىشىش نىشانىنى گەۋدىلەندۈرگەن

بولۇپ، ئەگەر ھەركىم قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا ۋە سەنئەتكارلىق ساھەلىرىدىكى ئىجادىيەتلىرىدە، ئۆزى قىلىۋاتقان بىرلا «ھۈنەر» نىڭ ئازلىق قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسا، ئېلىمىز ياشلىرى ھەم مۇتەخەسسىسلەر مۇئەييەنلەشتۈرۈۋاتقان كۆپ قىرلىق ئىقتىدار يۆنىلىشى بويىچە، ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا يارىشا، ئۆزىنى ئىلىم - پەن ئۇسۇللىرى بىلەن دەڭسەپ كۆرۈپ، قەدەممۇقەدەم چوڭقۇرلاش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك.

## 2. ئۆزىنىڭ دەسمايىسىنى توغرا مۆلچەرلىمەيدۇ

ئادەم ئۆز ھاياتىدا ھەرقاچان ئاللىقانداق نەرسىلەر كەمدەك ھېس قىلىدۇ ۋە بەزىدە بۇنداق كەملىكنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نېگىزلىك بولمىغان نەرسىلەرنى دەسمايە قىلىۋېلىپ ئۆزىنى ئەمەكلەپ، ئۇتۇق پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. مانا بۇ ھاياتنى قەدىر - قىممەتلىك قىلىدىغان ھەقىقىي دەسمايىنى توغرا تونۇماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىدۇر.

ئالايلۇق، تۈرلۈك ساھەلەردە مۇقىم ئىش ھەققى ئېلىپ ئىشلەيدىغان ئادەملەر ئادەتتە ئۆز كەسپلىرىدە بىرەر ئىشنى قىلالايدىغان بولغانلىقىدىن بولىدۇ. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىش ھەققىگە ئىگە بولۇشى ئۇنىڭ مەلۇم قىممەت يارىتىدىغان خىزمەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىققالىلىقتىن بولىدۇ. روشەنكى، بۇ شۇ ئادەملەرنىڭ دوختۇرلۇق، قانۇن، مائارىپ، سەنئەت، مالىيە - سودا، قاتناش - ترانسپورت، تىجارەت ياكى مەلۇم بىر ساھەدە باشقىلارنىڭ سالامەتلىكىگە، بىلىم ئېلىشىغا، ئامانلىقىغا، پۇل تېپىشىغا، كۆڭۈل ئېچىشىغا، يول يۈرۈشىگە ياردەم بېرەلەيدىغان ماھارەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، ئەگەر بىز ھازىرقى تۇرمۇشىمىزدىن ھالقىپ تېخىمۇ باي بولۇشنى نىشان قىلىدىكەنمىز، ئۇنداقتا بىز ئۆزىمىزنىڭ خىياللار دۇنياسىدا ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

بەلكى رېئال تۇرمۇشتا كىشىلەرگە بەخت كەلتۈرىدىغان ياكى جەمئىيەتنىڭ مەلۇم ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى ئىجاد قىلىشىمىز، ئۈستۈرۈشىمىز ياكى كىشىلەرنىڭ گۈلقەغەلىرىنى ئېچىۋېتىدىغان بىر خىل مۇلازىمەتنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر خىل ماھارەتتۇر.

كىشىلىك تۇرمۇشتىكى بارلىق ئىش ھەققى ئاخىرىدا بېرىپ پۇل كاپىتالى بىلەن ئادەم كۈچى كاپىتالىغا ئايلىنىدۇ. پۇل كاپىتالىغا مىراسخورلۇق قىلغىلى بولىسىمۇ، ئادەم كاپىتالىغا ـ ماھارەتكە مىراسخورلۇق قىلغىلى بولمايدۇ. يەنى دانىشمەن ئالىملار، داڭلىق ئۇستىكارلار...ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىنى بالىسى ئالالمايدۇ. بايلارنىڭ بالىلىرى ماھارەتلىك بولمىسىمۇ، مىراس قالغان بايلىقنى تېزلا خورىتىپ تۈگىتىدۇ ياكى ئۇنى تېگىشلىك ۋاقىت ئىچىدە ساقلاپمۇ تۇرالمايدۇ. كەمبەغەل ئاتا ـ ئانىلاردىن بولسا، پەرزەنتلەرگە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى قالىدۇكى، ئۆزى قىلىۋاتقان ھۈنەر ـ ماھارەت قالمايدۇ. دېمەك، دۇنيانىڭ قانۇنى ھەركىم مەيلى باي، مەيلى كەمبەغەل بولسۇن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى بازارغا سېلىپ پۇلغا ئايلاندۇرۇش بىلەن ھايات كەچۈرۈشتۇر. بىراق، ماھارەت ياكى ئىجادىيەت ئېلىپ بارىدىغان پاراسەت تىرىشىپ ئوقۇش، كۆپ مەشىق قىلىش ئارقىسىدا بارلىققا كېلىدۇ. سەنئەتكارلىقتا ئۇتۇپ چىقالمايدىغانلار دەل مانا مۇشۇنداق ئۆگىنىش ۋە مەشىق ئارقىسىدا قولغا كېلىدىغان ماھارەتكە سەل قاراپ، نەسەبىنى، چىرايىنى، ھوقۇقىنى، يۇرتىنى، مەرتىۋىسىنى...بازارغا سالىدۇ.

بىز ئۇلار سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بۇ ھەقىقەتكە ئۆزىمىزنى ئاغدۇرۇپ قاراپ باقايلى: ئەگەر بىز چىرايلىق بولۇشنى دەسمايە قىلىشقا بولىدۇ، دەيلى. ئۇ بىر خىل تۇغما نەرسە بولغانلىقتىن، ناۋادا نېسىپ بولسا، بىزنى بەزىدە ئامەتلەرگە ئىگە قىلى-

شى ، بۇ تۇغما بايلىق بىلەن بىز مەلۇم ۋاقىت ئىچىدە بۇ
دۇنيانىڭ خوۋلۇقلىرىنى كۆرۈپ قېلىشىمىز مۇمكىن . ئەمما ،
ئۇ بىزنىڭ ئىجادىيىتىمىز بولمىغاچقا ، بىزگە بىرەر ئىجتىمائىي
ئۇنۇمى بار ئىجادىيەتنىڭ ، مېھنەتنىڭ شەرىپىنى ئاتا قىل-
لالمايدۇ - دە ، كۆچ سەرپ قىلماي پايدا كەلتۈرىدىغان بىر خىل
ئامىل سۈپىتىدە بىزگە لەپپىدە قاراپ قويۇپلا يەنە بويىنىنى تول-
غايدۇ . ئۇ ئارقىلىق ھېسسىيات دۇنيايىمىزدىكى ئاللىقانداق كەم
نەرسىلەرنى تولدۇرماقچى بولغىنىمىزدا بولسا ، ئەقىل بىزگە
ھومىيىشقا باشلايدۇ . بۇنىڭ بىلەن بىز : «مەن چىرايلىق ، ئا-
مەتلىك بولىمەن» دېگەن خىيالدا بولىمىز - يۇ ، ئەقىل بىلەن
جېدەللىشىپ قېلىپ سەنئەتكارلىق يولىدا توسۇلۇپ قالىمىز .
ئۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ماھارەتكە سەل قارىغان كۆتەكتەك بەرجەس
يىگىتلەر ۋە چىرايىنى كۆز - كۆز قىلغان خېنىملارغا قاراپ
باقايلى ، ئۇنى بولسا توققۇزىنىڭ كۆزىدە ياش بار .
هوقۇقنى دەسمايە قىلىشقا بولىدۇ دەيلى ، هوقۇق ئادەم
چىرايلىق بولغانغا قارىغاندا ، نەچچە ھەسسىلەپ جانلىق نەرسە
بولغانلىقتىن ، بىرمۇنچە كىشىلەرنىڭ كۆزىگە تاغ چوققىسىدەك
ئېگىز كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ ، ئەرلەر ، ئاياللار ، ئوغۇللار ، قىزلار
ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ . كىچىك قىزلاردىن ئالامەت ھۆرمەتلىك پېش-
قەدەملەرگىچە ئۇنىڭ ئىزگىنىدە بولىدۇ . كۆرۈنۈشتە ھەممە
ئادەم ئۇنىڭغا تەلمۈرگەندەك كۆرۈنىدۇ . ئەمما هوقۇق ھەم جاما-
ئەتنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ، ھەم جامائەتكە ئاپەتمۇ
ئېلىپ كېلىدۇ ، ئۇ پۇقرالارغا خوجايىنلىق قىلالايدۇ ھەمدە
ھەقىقىي خوجايىنىدىن ئايرىلىپمۇ كېتىدۇ . ھايات ۋاقتىدا نۇر-
غۇن كىشىلەرنىڭ ئۆز نەپسى بىلەن بولۇپ كېتىپ ، بىر قاراپ
قويۇشقا ۋاقتى چىقمىغان بەزى ئادەملەرنىڭ ۋاپات بولغاندىن
كېيىن سەييارىمىزدە خاسىيەتلىك ناملار بىلەن جاراڭلاپ كېتى-
شى ۋە ھەممە قاراپ تويمىغان بەزى هوقۇقدارلارنىڭ چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشى ئەنە شۇ ھوقۇقتا ھېرىسمەنلىككە بولغان روشەن سې-لىشتۇرمىدۇر .

بۇنىڭدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، دۇنياغا ھەقىقىي چىراي-لىقلىقنى قالدۇرىدىغان نەرسە — پاراسەت ، ھوقۇقتا شەرەپ كەلتۈرىدىغان نەرسىمۇ پاراسەت ، ماھارەت ۋە پاراسەت شۇنداق نەرسىكى ، بەزىدە ئۇن - تىنسىزلا ھوقۇقنى مەھكۇم قىلىۋالسا ، چىرايلىق يۈزلەرنىمۇ باش ئېگىپ تەزىم قىلىدىغان يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ ، سەنئەتكارلىقتا ئۇتۇق قازىنىشقا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، چىرايلىق بولۇشقا ، ھوقۇق تۇتاشقا قارىغاندا نۇرغۇن دەرىجىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ . ئۇ پۈتكۈل تارىختا كىشىلەرنىڭ مۇۋەپ-پەقىيەت يۆنىلىشىدە توسالغۇلارنى بۆسۈپ مېڭىشىغا ، ئۆتكەل-لەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ نىشانغا يېتىشىگە يول ئېچىپ كەلدى . ئۇنىڭدىن ئاپىرىدە بولغان مېۋىلەر كىشىلەرنى «پاھ» دېگۈزىدى-غان شېرىن بولدى . ئەگەر ھوقۇقمۇ بەزىدە ئادەمنى بەزدۈرىدۇ ، چىرايلىقلارنىمۇ باشقىلار خارلايدۇ ، دېيىلسە ، پاراسەت ، ماھا-رەتنى ھېچكىم خورلىيالمايدۇ ، ئۇ مەڭگۈ خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ . ئەگەر پاراسەتنىڭ يۇرىكىدىن يېڭى يۈرەكلەر ئۆسۈپ چىقىدۇ دېيىلسە ، يەر يۈزىگە ئادەم ئۆزى يارىتىدىغان قۇياش — پەندىن نۇر چاچىدىغان دانىشمەنلەر ، پۇقرالارنى خورلۇقتا قالدۇ-رۇۋاتقان جىن - ئالۋاستىلار ھەم ئۇلارنىڭ چۇقانلىرىدىن توزۇ-غان چاڭ - توزاننى جاھاندىن خالاس قىلىدىغان مەرد باتۇرلار ، دانا يول باشچىلار ئۆسۈپ چىقىدۇ . بۇلار ھەقىقىي گۈزەل ئە-مەسمۇ ؟

ئۇنداق بولسا ، دۇنيادا پاراسەتتىنمۇ سىرلىق بىرنېمە يوق-مۇ ؟ بار . پەقەت بىرلا نەرسە بار ، ئۇ بولسىمۇ مەنىۋى گۈزەللىك روھىدۇر . بۇ روھ مەدەنىيەتنىڭ ئۇرۇقى ، تۇرمۇشنىڭ تۈۋرۈ-كى ، تامچىلىغان سۇنىڭ تاشنى تېشىۋېتىشى ، قار لەيلىسىنىڭ زىمىستاندا ئېچىلىشى ئاشۇ روھقا ئوخشايدۇ . بۇنداق روھ بول-

مسا ، كىشىلەر دۇنياسىنىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتالغان ئېگىز چوققى-لارغا چىقمىغان بولاتتى ، باتۇر گېنېراللار جەڭ مەيدانىغا كىر-گەن ھامان جەڭچىلەر : «ھۇررا !» كۆتۈرمىگەن بولاتتى ، يەر تەۋرىگەندە ئۆيى ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئانىلار چۇقان سېلىپ ، سۇغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان بالىلىرىنى قۇتۇلدۇرمىغان بولاتتى . بۇنداق روھقا چىرايلىقلىق ، ھوقۇق ياكى پاراسەت قوشۇلىدىغان بولسا ، سەنئەتكارلىق مەيداندا جەۋلان قىلىدىغان سانلار قو-شۇش ، كۆپەيتىش دېگەندەك ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار بىلەن ئە-مەس ، گېئومېتىرىيىلىك ئۆرلەش ھالىتىدە تۇرىدۇ . سەنئەتكار-لىقتا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىغا كېلىشكەن ھۆسن ـ جامال ، تولۇق نەتىجە قوشۇلسا ، نوبېل مۇكاپاتىنى قوشلاپ ئالىدىغان كيۇرىي خانىمدەك گۈزەللەر ھاسىل بولىدۇ . ۋەتەنگە سادىق روھقا جامائەتنى بىرلىككە كەلتۈرىدىغان ھوقۇق ، ناتوغرىنى توغرا قىلىدىغان پاراسەت قوشۇلسا ، مىللەتنىڭ زامانىمىزدىكى باتۇرلىرى ھاسىل بولىدۇ . دېمەك ، چىرايلىق ، ھوقۇقدار بولال-مىغاندا ماھارەت ، پاراسەت ۋە ئىنتىلىش روھى بىزگە سېھرىي كۈچ بېغىشلايدۇ . شۇڭا ، دەسمايىنى توغرا تونۇماي سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلەردىن ئىبرەت ئېلىپ ، سەنئەتكارلىق ساھەسىدە ئا-دەم ئۆزىنى مۇشۇ مېغىزلىق نەرسە ماھارەت ، پاراسەت ۋە بۇ ئىككىسىگىمۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى بولىدىغان گۈزەللىك روھى بىلەن دەڭسەش كېرەككى ، باشقا نەرسە بىلەن دەڭسىمەسلىك كېرەك .

### 3 . باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلايدۇ

باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاش ناھايىتى يامان بىر ئادەت بولۇپ ، ئۇنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ . بۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىدىغان شەكلىنى ئالىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ غەيۋەت قىلىشتىكى مەقسىتى ھېچبولمىغاندا بىرسىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەيىبىنى كوچىلاش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن باشقىلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇزۇش ياكى شۇ غەيۋەت ئارقىلىق ئۆزىنى ئاقلاپ باشقىلارنىڭ ھېسداشلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش بولىدۇ. ئىگىسى يوق يەردە قىلىنىۋاتقان بۇنداق غەيۋەت ياكى غەيۋەتتىن ھالقىغان تۆھمەت ئارقىسىدا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر كۈچىيىپ، نورمال ياشاش رىتىمىغا ياكى سەنئەتكارلىققا ئاللىقانداق سىرلىق توسقۇلار پەيدا بولىدۇ. بىراق، ياشاش سەنئەتكارلىقى ئۆزىنىڭ جاپالىق خاراكتېرى بويىچە سەنئەتكارلىقتا ئىنتىلگۈچىدىن باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، ھېسداشلىق قىلىدىغان، ياردەم بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ ئۇششاق - چۈششەك سەۋەنلىكلىرىنى ئەپۇ قىلالايدىغان كەڭ قورساق بولۇشنى تەلەپ قىلغاچقا، كولامچىنىڭ ھەر خىل نىقابقا ئورۇنۇۋېلىشىدىن قەتئىينەزەر، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى تۈزىتەلمەيلا قالماستىن، كولامچىنىڭ ئۆزىنىمۇ ھەر گەپ بولسا ئادەمنىڭ ئالدىدا دەيدىغان، خاتا سۆزلەپ قويسىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتمەي ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ توغرىلىققا باشلايدىغان مەردانە سەنئەتكارلارنىڭ ئالدىدا بارغانسېرى يېتىم ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىجادىي پائالىيەتلەردە تېگىشلىك ياردەملەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن دانىشمەن ئالىم كارنىگىنىڭ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دېگەن كىتابىغا كىرىش سۆز يازغان دوكتور توماس ئۇنىڭ قىلغان ئاساسلىق ئىشىنى: «كىشىلەرنىڭ قورقۇنچىسىنى تۈگىتىشكە ياردەم بېرىش ھەم شىجائىتىنى يېتىلدۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ خۇلاسە قىلىش بىلەن كارنىگىنى مۇئامىلىدىكى ماھىرلىق بىلەن، ناتىقلىق ئىقتىدارى بىلەن غەلىبە قىلغۇچى دېگەن يەرگە كەلگەن ھەمدە پۈتكۈل دۇنيادىن كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى كوچىلاپ ئاغزىنى تۈۋاقلايدىغان شاللاقلىق، سۇنئىي بىلەرمەنلىكنى يوق قىلىشنى مۇراجىئەت قىلغان. چۈنكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئەيىبىنى ئېچىۋەرگەندە، ئۇنىڭ

ئادەملىك ئەركىنلىكى تاجاۋۇزغا ئۇچراپ ، ئۇنىڭغا قورقۇنچ ھا-
سىل بولىدۇ . ئۇنىڭدىكى ياشاش سەنئەتكارلىقىغا ئىنتىلىش
ئاجىزلايدۇ . ئەگەر بىرەر جەمئىيەتتە بۇنداق كولامچىلىق ئومۇ-
مىي كەيپىياتقا ئايلانسا ، شۇ جەمئىيەتنى پەسكەشلىكنى بازارغا
سالىدىغان ناچار جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇپ ، جەمئىيەت ئەزالىرىد-
نى زېرىكىشلىك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ . دېمەك ، كولامچى-
لىق شەخسلەر ھەم جەمئىيەت ئۈچۈن ئورتاق زىيانلىق بولۇپ ،
ھەربىر ئادەم بۈيۈك ئىشلارنى قىلماقچى بولسا ، ئالدى بىلەن
كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىنى توغرا تونۇش كېرەك . چۈنكى ھەربىر
ئادەمنىڭ سىزگە ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ گېپىڭىزنى
ئاڭلىشى ئۇنىڭ ئەيىبلىك ، دۆتلۈكى ئەمەس ، بەلكى ئىنسانىيەت-
نىڭ يول قويۇش تەبىئىتى بويىچە سىزنىڭ سۆزلەپ ماھارەتلىك
بولۇشىڭىزغا ، ئۇلۇغ ئىنسانلىق بۇرچىڭىزنى تېخىمۇ يۇقىرى
سەۋىيىدە جارى قىلدۇرۇشىڭىزغا يار - يۆلەك بولغانلىق . بۇ-
نىڭدىن قالسا ، ئۆزى تۆۋەن كۆرگەن ئادەملىرىدىن يېڭىلىپ
قالماسلىق ئۈچۈنمۇ كولامچىلىق قىلماسلىق كېرەك . «ھەر قان-
داق ئادەم خاپا بولغان چېغىدا گەپدان بولۇپ كېتىدۇ . ئەگەر
سىز كوچىدا كېتىۋاتقان ئەڭ نادان بىر كىشىگە ھۇجۇم قىلىپ ،
ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتسىڭىز ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەپ
كېتىدۇ . بۇنىڭ سۆزى قىزغىن ، كۈچلۈك بولۇپ ئىنتايىن
گەپدانلىق قىلالايدۇ . ئۇ بۇنداق چاغدا تازا داڭق چىقارغان بۈيۈك
ناتىق ۋىلىيام بىلەن ئېلىشالايدۇ . »[1]

دېمەك ، كولامچىلىق ئادىتىنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى مۇئا-
مىلە جەھەتتىكى نورماللىقنى بۇزۇش بولۇپ ، ئەڭ ئاخىرىدا
كوچىدىكى نادان ئادەملەردىنمۇ يېڭىلىدۇ ، بۇنداق ئىكەن ، بۇن-

---

① توماسنىڭ : «باشقىلاردىن غالىب كېلىشنىڭ ئەپچىل يولى» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

داق ئادەملەرنىڭ رەھبەر بولۇش سالاھىيىتى بولمايدۇ، بايلىق
توپلايدىغان يوللىرى ئېتىلىدۇ، گۈزەل جانانلارغا يار بولۇش
ئويلىرى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئوقۇتقۇچى، ئۇستازلار ئۇ-
نىڭدىن ۋايسايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار مېھرىبان ئائىلىدە يارام-
لىق ئەر، يارامىلىق خوتۇن بولۇشقىمۇ سالاھىيىتى توشماي تاش-
لاندۇق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا، ھەممىمىز كولامچىلىقتىن ھە-
زەر ئەيلەپ، ئۇنىڭ خەلقىمىز ئارىسىدىكى بازىرىنى تېزلىكتە
ۋەيران قىلىپ، مۇئامىلىدىكى ئىناقلىق ئىقتىدارىمىزنى ئۈستۇ-
رۇش يولى بىلەن سەنئەتكارلىققا تېخىمۇ زور قەدەم تاشلىشىمىز
كېرەك، ئەلۋەتتە.

— مەن، — دەيدۇ دوكتور توماس يۇقىرىدىكى ماقالى-
سىدە، — بىرنەچچە يىلغىچە ھەر پەسىلدە فىلادىلفىيىدىكى
ئىنژېنېرلار كۇلۇبىدا دەرس ئۆتتۇم، شۇنداقلا يەنە ئامېرىكا
ئېلېكتر ماشىنىلىرى ئىنژېنېرلىرى ئىلمىي جەمئىيىتى-
نىڭ نيۇ-يورك شۆبىسىدە دەرسخانا ئاچتىم. ئومۇمىي سانى
تەخمىنەن 1500 دىن ئارتۇق ئىنژېنېر مېنىڭ سىنىپىمدا تەربى-
يىلەندى، ئۇلارنىڭ مېنىڭ قېشىمغا كېلىشىدىكى سەۋەب شۇ-
كى، ئۇلار كۆپ يىللىق كۆزىتىش ۋە تەجرىبە ئارقىلىق ئەڭ
ئاخىرىدا شۇنى سەزگەنكى، قۇرۇلۇش ساھەسىدە ئەڭ يۇقىرى
ئىش ھەققى ئالىدىغانلار كۆپ ھاللاردا بىناكارلىق ئىلمىنى ئەڭ
كۆپ بىلىدىغانلار ئەمەس ئىكەن. مەسىلەن، بىز ھەپتىسىگە 25
دوللاردىن 50 دوللارغىچە بەدەل بىلەن ئىنژېنېر، بوغالتىر،
قۇرۇلۇشچى ۋە ياكى باشقا كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە
كىشىلەرنى ياللاپ ئىشلىتەلەيدىكەنمىز.

بۇنداق كەسپىي تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەر مەڭگۈ
تولۇپ تۇرىدىكەن. لېكىن، تېخنىكىۋى بىلىمى بولغاندىن
سىرت يەنە ئۆز مۇددىئاسىنى بايان قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە،
باشلامچىلىق قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە ۋە باشقىلارنىڭ قىزغىنلى-

قىنى قوزغاش ئىقتىدارىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ كىرىمى مۇقەررەر يۇقىرى بولىدىكەن .

ئامېرىكا كىرسىن پادىشاھى روكفېللېر ئۆز ئىشى تازا روناق تاپقان يىللىرى بورۇشىغا مۇنداق دېگەن : «ئادەم بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئىقتىدارىمۇ خۇددى شېكەر ياكى قەھۋەگە ئوخ-شاش سېتىۋېلىشقا بولىدىغان بىر خىل تاۋار ، ۋەھالەنكى مەن بۇنداق ئىقتىدار ئۈچۈن دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قارىغاندا كۆپ ھەق تۆلەشنى خالايمەن .»

## 4 . دوست - يارەنلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ ياكى جا-زالايدۇ

ئۇتتۇق قازىنالمايدىغان ئادەملەر ۋاپاغا جاپا قىلىشنىڭ كى-شىلىك مۇناسىۋەتلەر ئەخلاقىنىڭ باش مىزانى ئىكەنلىكىنى بىل-سىمۇ ، ۋاپادارلىرىغا بۇنداق مىزاننى تەتبىقلىمايدۇ . ئۇلار دوست - يارەنلىرىگە : «بىز ئۆز ئادەم» دېگەننى تەكرارلىغاندا ، ۋاپادارلىرىنىڭ ئۆزىگە قىلىپ بەرگەن ياخشى ئىشلىرىنى ئاشۇ بىر ئېغىز قۇرۇق گەپ بىلەن بولدى قىلىپ ، ئۆز ئەمەسلەرگە پايپېتەك بولىدۇ . ئۆزىنىڭ يېنىدا : «دوستۇم ، ئاۋۋال سەن مېنى مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇۋال ، نەسىھەتىڭنى كېيىن ئېيتىۋالارسەن» دەۋاتقان دەردمەن دوستلىرى تۇرسا ، يىراقتىكى مۆتىۋەر نوپۇزلۇقلارغا بوينىنى سوزۇپ تەمەخورلۇق قىلىدۇ .

بىر ئادەمنىڭ بىرنەچچە ياخشى دوستى بار ئىدى . ئۇلار شۇ ئەقىدىسى بويىچە ئۇنى شەھىرىمىزدىكى كىشىلەر ھېچقانچە بىلىپ كەتمەيدىغان چاغدىلا تەرىپلەپ يۇرۇشتى . ئاخىر بىر پۇر-سەت يېتىپ كەلدى ، مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم بىر رەھبەر ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق بىر ئادەم ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . ئۇلار ئۇنى دەل ئاشۇنداق قابى-لىيەتلىك ئادەم دەپ چۈشەندۈردى . رەھبەر ئۇنى شۇ چاغقىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تونۇمىسىمۇ، ئىشەنچلىك دوستلىرىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقى-
لىق ياقتۇرۇپ قالدى ھەمدە ئۇنى بىرنەچچە ئىش ئارقىلىق
تەكشۈرۈپ كۆرۈپ تېزلىكتە ئۆستۈردى. شۇ ئاساس بىلەن كېل-
گۈسىدە تېخىمۇ چوڭ مەرتىۋىلەرگە ئېرىشتى. بىراق، شۇنداق
يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئېرىشكەن كۈنلەردە ھېلىقى ئەقىدىچى
دوستلىرىغا ھارامزادىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى، ئۇلارنىڭ
بەزىلىرىنى كۆزگە ئىلمىدى، كۆيۈنۈپ نەسىھەت قىلغانلىرىنى
ھەتتا يامان كۆرۈپ قالدى، ئۇنىڭ بىلەن دەرىجە پەرقى چوڭراق
بولۇپ قالغانلىرىنىڭ كىچىككىنە ئەيىبلىرىنىمۇ ئەپۇ قىلمىدى.
ئەتراپىدا ھېچكىم بولمىسا، پادىشاھنىڭمۇ ئۆز قۇدرىتىدىن مەھ-
رۇم بولىدىغانلىقىنى، دوستلار ئارا بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلىش
بولمىغاندا، دوستلۇقمۇ، ياردەمچىمۇ، ئۆزئارا مۇناسىۋەتمۇ بول-
مايدىغانلىقىنى، دوستىغا پايدىسى يوق ئادەمنىڭ ئۇچۇن
يات كىشىگە ئايلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قوي-
دى. ئەمما، ئۆزىگە ھېچقانداق سەممىيىتى يوق يۇقىرى دەرى-
جىلىكلەرنى چوڭ بىلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەتتا غۇرۇرىنى
ساقلىمىدى. بۇنىڭ بىلەن بىرىنچى قەدەمدە ھېلىقى دىلى ئازار
يېگەن دوستلىرىنىڭ ئۇنىڭدىن كۆڭلى قالدى، ئىككىنچى قە-
دەمدە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان يۇقىرى دەرىجىلىكلەرمۇ ئۇنىڭغا سە-
مىمىيەتسىزلىك قىلدى - دە، ئۇ ئادەم مەنسەپ مەرتىۋىسىدە
ئۆرلىيەلمەيلا قالماستىن، كىشىلىك مۇناسىۋەتتىمۇ بارغانسېرى
بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئەگەر ئۇ بىللە ئۆسكەن دوستلىرى
بىلەن بار مەسلىھەت ئۆرلىگەن بولسا ئىدى، ئىستىقبالدا تېخىمۇ
پارلاق مەنزىرىلەرنى ئاچالايتتى، كۆزىتىشىمىزچە، ئۇتۇق قازى-
نالمايدىغانلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەنە شۇنداق دوست - يارەنلىرىگە
ئەقىدە قىلمايدىكەن، دوستىنى سېغىنغاندا ئىتىغا سۆڭەك تاش-
لىمايدىكەن. ھازىرقى كۈندە ساختىپەز ئادەملەر كۆپىيىپ، مۇ-
ناسىۋەتتە ئەندىشىگە سېلىپ قويىدىغان قويمىچىلار پەيدا بولۇۋات-

قالىقتىن ، ھەممىلا يەردە كىشىلەر ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇشتا ئىشەنچلىك دوستلىرىنى ناھايىتى قەدىرلىگەچكە ،
قەدىناس دوستلارنىڭ بۇنداق ئىشەنچسىز بولۇپ چىقىشى ھەممى-
دىن نەپرەتلىنەرلىك تۇيۇلىدىكەن ـ دە ، بۇنداق ئادەملەر بىلەن
يار ـ بۇرادەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقىي مېھىر ـ مۇھەببەتلىك
دوستلۇق سۇسلىشىپ ، ياسالما خۇش مۇئامىلە ياكى ھەسەت
ئارىلاش يامان مۇناسىۋەت ئۆسۈپ كېتىدىكەن . بۇنداق مۇناسى-
ۋەت ھەممە ئىشنى تەتۈرىگە بۇراپ ، دوست ـ بۇرادەرلىرىنى
كۆزگە ئىلمايدىغان ياكى جازالايدىغانلارنى تېزلىكتە مەغلۇبىيەتكە
ئېلىپ بارىدىكەن .
شۇ خۇسۇستىن بولسا كېرەك ، ئۇلۇغ كارنىگ ھەرقانچە
دوست بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاياش ، فرانسىيىلىك
پەيلاسوپ لۇشفكو ئېيتقان : «رەقىبلىك بولاي دېسەڭ ، دوس-
تۇڭنى يېڭىۋال ، دوست تاپاي دېسەڭ ، دوستۇڭغا يېڭىلىپ بەر »
دېگەن ھېكمەتنى ئەستە ساقلاشنى ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق
دېگەن :
«بىز كەمتەر بولۇشىمىز كېرەك ، بىزنىڭ كۆرەڭلىگۇدەك
ھېچ يېرىمىز يوق ، ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ ، ئۆلۈپ كەتسەك ئۇزۇن-
غا بارمايلا كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كېتىمىز . قىسقىغىنا
ھاياتىمىزدا ئەرزىمەس ئۇتۇقلىرىمىزدىن ماختىنىپ ، كىشىلەرنى
بىزار قىلىپ يۈرمەي ، باشقىلارنى سۆزلەشكە دەۋەت قىلىشىمىز
كېرەك ، ئويلاپ كۆرۈڭە ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن ، لاپ ئۇر-
غۇدەك ھېچقانچە ئىش يوق ، گومۇش كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ
قالماسلىقىڭىزغا نېمە سەۋەب بولىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟ قالقان-
بېزىدە ئازاراقلا يود تەركىبى بولغانلىقى سەۋەب بولىدۇ . ئەگەر
بىرەر دوختۇر بوينىمىزنىڭ قالقانبېزىدىكى ئازاراقلا يود تەركى-
بىنى ئېلىۋەتسە شۇئان گومۇش بولۇپ قالىمىز . ئاران بەش
سىنتقا يارايدىغان يود تەركىبى بىزنى گومۇش بولۇپ قېلىشتىن

ساقلايدۇ .

بىز سەنئەتكارلىق ئۇستىدە ئىشلىمەكچى بولىدىكەنمىز ، دوستلارغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇشتىن ئىبارەت بۇنداق ئىشلار بىزنىڭ بېشىمىزغىمۇ كېلىدۇ . ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن ، شۆھ- رەتلىك كۇنلىرىمىزدە دوستلىرىمىزنىڭ كۆپلۈكى ، مەرتىۋىلىك ئىكەنلىكى ، غېنى بايلاردىن ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشنى بىلىپ ، دوستلۇق مەجبۇرىيەتلىرىنى ئۆتەشنى ئۇنتۇپ قالماسلىـ- قىمىز ، بېشىمىزغا بەخت قۇشى قونغاندا ، مەنسەپ مەرتىۋىسى تۆۋەن ياكى مەنسەپ تۇتمىغان ، ۋاقتىنچە بىز كۆرمىگەن ياكى ئويلاپ كۆرمىگەن قىيىنچىلىقلار تۇپەيلى بىزگە ياردىمى تەگمەي قالغان دوستلارغا سوغۇق مۇئامىلىدە بولماسلىقىمىز ، مەسىلـ- لەرگە يولۇققاندا ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ئارقىلىق ئويلىنىپ كۆر- مەي كۆرەڭلەپ كەتمەسلىكىمىز ، بولۇپمۇ ئۆزىمىزنى بىلەرمەن ھېسابلاپ ئۇلارنى يېگىش كويىدا سۆزلەپ كەتمەسلىكىمىز كې- رەك . دوستلارنى ، خوتۇنىمىزنى ، ئېرىمىزنى ، بالا - چاقىلىرى- مىزنى ، قىسقىسى ، بىزگە ئۆز بولغان كىشىلەرنى ئاۋۋال ھۆر- مەت قىلىپ ، ئۇلارغا مۇلايىم ، ھايالىق ، قىزغىن مۇناسىۋەتتە بولۇشىمىز كېرەك . بۇنداق بولمىغاندا دوستلار ۋە ئادەملەر مېھرىدىن كېلىدىغان دانالىقتىن يىراقلىشىپ گالۋاڭلىشىمىز ، دوستلارنىڭ مېھرىدىن كېلىدىغان ياردەملەردىن ئايرىلىپ كۈچ - قۇدرەتتىن مەھرۇم بولىمىز - دە ، ھەقىقىي ئۇتۇققا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيمىز .

«دەريا - دېڭىزلار شۇنىڭ ئۈچۈن بارچە ئويمان - جىلغى- لارنىڭ پادىشاھى بولالايدۇكى ، ئۇ ئۆزىنى ھەممىدىن تۆۋەن تۇتۇشنى بىلىدۇ . شۇڭا ئۇ جىلغىلار شاھىدۇر . دانىشمەن كىشى خەلققە رەھبەرلىك قىلىمەن دەيدىكەن ، ئۇلارغا كەمتەرلىك بىـ- لەن مۇلازىمەت قىلىشى لازىم . ئۇلارنى باشلاش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىش كېرەك . شۇنداق بولغىنىدا دانىشمەن ئۇستىدە تۇر-

سىمۇ خەلق ئۇنىڭدىن بېسىم ھېس قىلمايدۇ . ئالدىدا تۇرسىمۇ
ئۇنىڭدىن ۋەھىمە ھېس قىلمايدۇ . »[1] سەنئەتكارلىقنىڭ بارلىق
ساھەلىرىدە مۇشۇ پسىخىك قانۇنىيەت ھۆكۈم سۈرىدۇ .

## 5 . سالاپەتكە دىققەت قىلمايدۇ

بىر ئۇيغۇر قىز بار ئىدى ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئۆز
خىراجىتى بىلەن پۈتتۈرۈپ خىزمەت تاپالماي قالدى . دوستلى-
رىمنىڭ دەۋىتى بىلەن ئۇنى خىزمەتكە تونۇشتۇرماقچى بولدۇم .
بىر كۈنى كادىرلار خىزمىتى ئىشلەيدىغان بىر دوستۇمنىڭ قې-
شىغا سالاغا باردىم . ئۇ قىز شۇ كۈنى ئاشۇ بىلىملىك ھەم
ئۆزىنى تۇتۇۋالغان كىشىنىڭ ئالدىغا تىكەن پاشنىلىق تۇپلەي ۋە
كاسىسىنى ئاران ياپىدىغان قىسقا يوپكا بىلەن كىرىپ كەلدى .
ئۇنىڭ قاش - كۆزلىرى ، كالپۇكلىرىمۇ يېتەرلىك بويالغان
بولۇپ ، ئۇ ۋۇجۇدىدا مىللىي ئاڭنىڭ سۇسلۇقى ۋە بىلىمىنىڭ
ئازلىقى تۇپەيلى ئەجدادلىرىمىزنىڭ گۈزەللىك تاللاش ئەنئەنىسىد-
گە قارشى چاكىنا كىيىنىش ، پەرداز قىلىشلارغا بېرىلگەن ساختا
شۆھرەتپەرەس قىزلارغا ئوخشاپ قالغانىدى . ئۇ ئېھتىمال ئۆز-
داق ياسىنىپ كېلىشنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش بىلەن بولغان
مۇناسىۋەتنى ئويلاپمۇ كۆرمىگەندۇ . بىراق مەن ئۇنىڭ ئۇيغۇر
قىزى تۇرۇپ تارتىنماستىن ئالدىمىزغا شۇنداق كىرىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈپ ، تونۇشتۇرغۇچىسى بولغىنىمغا تويۇپ كەتتىم . كادىرلار
خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان دوستۇممۇ ئۇنىڭغا كۆزىنىڭ قىرىدا
قاراپ قويدىيۇ ، ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن «بىر ئەركە - نايناق
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى بولغاي ، ئىشنى كەينىگە سۈردى .
دېمەك ، ئۇنىڭ كىيىنىشىلا شۇنچە زور ئىشنى پۈتتۈرۈشكە دەخ-

---

[1] كارنېگ : «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» ئۇيغۇرچە نەشرى ، 266 - ، 267 -
بەتلەر .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

لى بولدى .

ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلاردا خۇددى ئاشۇ قىزغا ئوخشاش نا-
چار ئادەتلىرىگە قوشۇلۇپ ، يۈرۈش - تۇرۇشقا دىققەت قىلمايدى-
غان ، زامان ، مىللەت فورمىلىرى بويىچە ، كۆزى ئاش - نانغا ،
كىيىم - كېچەككە تويغان ئادەملەردەك سىلىق - سىپايە ، ئاددىي
- ساددا كىيىنىش - ياسىنىشقا دىققەت قىلمايدىغان ئادەملەرمۇ
بار ئىكەن . بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى قانداق بولۇشى-
دىن قەتئىينەزەر ، دەماللىققا ئۇلارنى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت
كۆرسىتىپ قويىدىكەن - دە ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بىرىنچى
قەدەمدىلا زىيان تارتىدىكەن . مەن 30 يىلدىن بۇيان يەكەن ،
قەشقەر ، ئۈرۈمچىلەردە هۆكۈمەت ئىدارىلىرىدە ، نەشرىيات ،
تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەش جەريانىدا ، بولۇپمۇ تۇرمۇش بى-
لىمى مول زاتلار ۋە رەهبەرلىك قاتلىمىدىكى ئەربابلار بىلەن
بىللە بولۇش جەريانىدا بۇنداق ئەهۋاللارنى ناهايىتى كۆپ ئۇچ-
راتتىم . سورۇنغا لايىق كىيىنمەيدىغان ، كاتتا ئادەملەر ۋە هۆر-
مەتلىك ئالىملار بىلەن سۆهبەتتە بولغاندا راۋرۇس ئولتۇرمايدى-
غان ، كىشىلەر زامان ئېتىبارىدىكى نورمال كىيىملەرنى كىيىپ
مەزمۇت ئىش - هەرىكەتلەرنى قىلىۋاتسا ، قىلچە تارتىنماستىن ،
بىر دەم كەڭ تامباللارنى كىيىۋېلىپ ، قىز بالا تۇرۇپ ئوغۇللار-
دەك چاچ قويۇۋالىدىغان ، ئوغۇل بالا تۇرۇپ قىز بالىدەك چاچ
قويۇۋالىدىغان ، چىرايلىق ئۇيغۇر تۇرۇپ چاچلىرىنى سېرىق
ئىتنىڭ تۈكىدەك بويىۋالىدىغان ، كىشىلەر بىلەن سۆزلىشىۋات-
قاندا قولى بىلەن بۇرنىنى كولايدىغان ، ئېغىزىنى ئېتىۋالىدى-
غان ، دىۋانلاردا ئولتۇرغاندا پۇتىنى ئۈستىگە ئېلىۋالىدىغان ،
گۈزەل باش كىيىملىرىنى تاشلىۋېتىپ ، سەت شەپكىلەرنى كىيى-
ۋالىدىغان ياشلاردىن ۋە ئۆزى خېلى ياشقا كىرىپ قالغان بولسى-
مۇ ، ئاشۇنداق ياشلارنى دوراپ . . .سالاپەتكە دىققەت قىلمايدىغان-
لاردىن كىشىلەرنىڭ بىزار بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزۈم

بىلەن كۆردۈم . ئۇلار بىرەر ئىش ئۈستىدە ھاجەتمەن بولغاندا ، ئۇلارنىڭ ئورۇنلۇق تەلەپلىرىنىمۇ تەلەپچان رەھبەرلەر قەستەن ھەل قىلمايۋاتقانلىقىنى كۆپ قېتىم ئۇچراتتىم . بۇ بىر ساۋاق . ئۇتتۇق قازىنىش ئۈچۈن ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان كىيىنىش ئادەتلىرى ۋە قىلىقلارنىڭ زىيانلىرىنى تونۇپ يېتىش كېرەك ، ئەلۋەتتە .

بۇنداق دېسەك ، يەنە بەزىلەر ئۇنداق سەت كۆرۈنىدىغان كىيىملەرنى تاشلاپ ، ئاجايىپ ئېسىل رەختلەردە تىكىلگەن چىرايلىق مودا كىيىملەر بىلەن ياسىنىش ئارقىلىق سالاپەت ھاسىل قىلىشقا ئورۇنۇپ قېلىشى مۇمكىن . ئەمەلىيەتتە ، سالاپەت يالغۇز تاشقى قىياپەت كۆرۈنۈشىگىلا تەۋە نەرسە بولماستىن ، ئاساسلىقى ئىچكى ساپانىڭ ئادەمنىڭ تاشقى قىياپىتىدە كۆرۈنۈشى بولۇپ ، ئۇ ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا يۇقىرى تەلەپ قويىدۇ . بەزىلەرنىڭ دائىم سالاپەت قوغلىشىپ يۈرسىمۇ سالاپەتسىز كۆرۈنۈشى ، يەنە بەزىلەرنىڭ سالاپەت قوغلىشىپ كەتمىسىمۇ سالاپەتلىك كۆرۈنۈشى سالاپەتنىڭ ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا قويغان ئەنە شۇنداق يۇقىرى تەلىپىنى چۈشىنەلمىگەنلىكتىن بولىدۇ . ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا ، سالاپەت ياكى ھەقىقىي گۈزەللىك دېگەن يالغۇز باشقىلارنىڭ ھەقىقىي تۇرقىنى دوراپ يۈرۈپ ئۆزىگە گىرىم قىلىشتىن ھاسىل بولمايدۇ ، ئاساسلىقى بىلىم ھەم ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشتىن ھاسىل بولىدۇ . بىلىم ۋە ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەمنىڭ تەقى ـ تۇرقىغا يارىشا تەمكىنلىكنى ئاتا قىلىپلا قالماستىن ، سۆز ـ ھەرىكىتىنىمۇ ئۆزگىچە ۋەزمىن سالاپەت ھالىتىگە كەلتۈرىدۇ . دېمەك ، بىلىم بىلەن ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشتە ئالدىدا مېڭىش سالاپەتلىك بولۇشنىڭ ھەتتا كىشىلىك ھايات خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا ئېلىۋېلىپ ھەر قاچان روھلۇق قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشقا ئوخشىسا ، بۇنداق ئاچقۇچنى تاشلىۋېتىپ سا-

www.uyghurkitap.com

لاپەت قوغلىشىش قاقشال دەرەخكە ئوخشاپ قالغان بىر ئادەمنىڭ
ياسانچوقلۇق قىلىشىغا ئوخشايدۇ ، بۇنداق ياسانچۇق ئادەمنىڭ
ئۇچىسىغا چىققا كىيىم ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ ، ئۆز جۇلاسى-
نى ، جەلبكارلىقىنى يوقىتىپ كۈلكىلىك بىر قىياپەتنى شەكىل-
لەندۈرىدۇ - دە ، ھەر خىل سورۇنلاردا كىشىلەرنى بىزار قىلى-
دۇ ، بىز ھەرقاچان ئۆزى ئاجايىپ باي بولسىمۇ تەربىيىسىز
بولغاچقا ، نەزىرىمىزگە قۇرۇق سۆلەتۋازدەك كۆرۈنۈۋاتقان كى-
شىلەرنى ، تەن قۇرۇلۇشى چىرايلىق بولسىمۇ ، شاللاق كۆرۈنۈ-
ۋاتقان ئوغۇل - قىزلارنى كۆرۈپ تۇرىمىزغۇ؟ ئۇلار ئەنە شۇنداق
تەربىيىلىنىشكە دىققەت قىلمىغان ياسانچۇقلاردۇر . سەنئەتكار-
لىقتا ئۇتۇق قازىنىمەن دەيدىكەنمىز ، سورۇنلاردا كىشىلەرنى
بىزار قىلىدىغان بۇنداق ياسانچۇقلارنى دورىماسلىقىمىز كېرەك ،
بولۇپمۇ ياش ئوغۇل - قىزلىرىمىز بۇ جەھەتتە بىزدىكى ئۆزگىچە
گۈزەللىك قارىشىنى شۇنداق تونۇشى لازىمكى ، ئۆزگىچە مىللىي
ئۇسلۇبتا ياسىنىش ھەمدە شۇ تەبىئىيلىك ئاساسىدا سەنئەتكار-
لىقنىڭ بارلىق تەرەپلىرىدە گۈزەللىككە ئىنتىلىپ تۇرۇش مىل-
لىي خاسلىقىمىزنىڭ فوندى ، ئۇ بىۋاسىتە مىللىتىمىزنىڭ كې-
لەچەك ئىستىقبالىغا تۇتىشىدۇ ، بۇ خاسلىق بولمىسا ، باشقىلار
بىزنى تونۇۋالالمايدۇ ، بىز خوتەندىن قۇمۇلغىچە بولغان مىليون-
لاپ ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىدىن ئوغۇز ئەۋلادىنىڭ
يۇرتىمىزدىكى بىرلىكىنى كۆرسەك ، خوتەن ، قەشقەرلىكلەر ھا-
زىرمۇ كىيىپ يۈرگەن ئېگىز تۇماقلاردىن ئۆزىمىزنىڭ تارىمدى-
كى يىراق ئەجدادلىرىمىز بولغان ئالىپ ئەرتۇڭا باشچىلىقىدىكى
ساكلار ئەۋلادى ئىكەنلىكىمىزنى كۆرۈۋېلىپ شانلىق مەدەنىيەت
تارىخىمىزنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى غۇرۇرلۇق ئورنىدىن پە-
خىرلىنىمىز ، يەنە كېلىپ ، ياشلىق ئۆزىنىڭ سېھىرلىك ۋە
گۈزەللىكى بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى ئۆزىنىڭ كېلەچىكى بولغانلى-
قى ئۈچۈنمۇ ئۇمىدلىك ، قىممەتلىك بولغاچقا ، دۇنيانىڭ ھەر-

قانداق گۈزەللىك چوققىلىرى بىلەن بەسلىشەلەيدىغان مۇنداق ئۇستۇن خاسلىقىمىز ياشلاردا گەۋدىلەنگەندىلا كېلەچىكىمىزدىن ئۈمىد بولىدۇ ، بۇنداق خاسلىق خار بولغان يەردە مىللەت خازان بولۇشقا باشلايدۇ . . .

## 6 . ئەدەپسىزلىك قىلىدۇ

بۇ دۇنيادا ئۆزىگە ئەدەپسىزلىك قىلىدىغان ئادەملەرنى ياخ- شى كۆرىدىغان ئادەم يوق بولغىنىدەك ، ياشاش سەنئەتكارلىقى- دىكى مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا ئەدەپسىزلىك قىلغانلارنى قوللاي- دىغان ئادەملەرمۇ يوق . چۈنكى ياشاش سەنئەتكارلىقى تېگى - ماھىيىتىدىن ئېيتقاندا ، تۇرمۇشتىكى چۇۋالچاق تەرەپلەرنى تې- خىمۇ رىتىملىق بولغان گۈزەل تەرتىپكە كىرگۈزۈش ئۈچۈن بولغانلىقتىن ، ئۇ ئالدى بىلەن ياشاش سەنئەتكارىنىڭ ئۆزىدىنمۇ ئاۋۋال كۆندىلىك تۇرمۇشقا گۈزەللىك بېغىشلايدىغان ئەدەپ بو- لۇشنى تەلەپ قىلىدۇ . سەنئەتكارلىقتا ئۇتتۇپ چىقالمايدىغانلار ئەنە شۇ ئەدەپنى بۇزۇپ كىشىلەرگە تەركىي ھۆرمەت سۆزلەرنى قىلىدۇ ، بىر يەرگە بارىمىز دەپ پۈتۈشكەن ۋاقىتتا شۇ يەرگە بارمايدۇ ، كىشىلەر سوۋغا تەقدىم قىلسا ياكى ھۆرمەت بىلدۈرۈ- ۋاتسا : «مەن چوڭ ئەمەلدار ، كاتتا ، ماھارەتلىك» بولغاندىكىن تېگىشلىك ئىشنى قىلىۋاتىدۇ دېگەندەك قىلىپ دەرھال رەھمەت ئېيتمايدۇ ، ھەتتا مېھمانغا تەكلىپ قىلسا «ساھىبخان يوق يەردە خەقنىش قىلىپ تۇرۇۋالدى ، چاپلىشىۋالدى ، شۇڭا باردىم» دې- گەندەك ئاتىكاچا سۆزلەرنى قىلىدۇ . ئۆزىدە ئەيىب - نۇقسان بولسا ياكى قولىدىن بىر ئىش كەلمىسە ، بۇرادەرلىرى كۆرسى- تىپ بەرسە ، بويىنغا ئالماي جاھىللىق قىلىدۇ . زىياپەت سو- رۇنلىرىدا ، توي - تۆكۈنلەردە ناھايىتى تەستە ئۇچراشقان قەدىر- دانلار بىللە بىلەن تۇرۇقلۇق ئۇلارغا ئىززەت - ئىكرام قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇندا قويماي ، ئۆزى ئۇستىدىلا سۆزلەپ كېتىدۇ .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

هەتتا هاراق ـ شاراب ئىچىشىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يېتىدۇ ـ دە، مىللىي يوسۇنلىرىمىزدىن چەتنىگەن هايۋانىي نەپسى بىلەن كاسىلداپ، سورۇن ئەھلىنى خۇددى هازىرقى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا «مەشرەپ»، «ئوتتۇز ئوغۇل ئولتۇرۇشى»، «خوجا گېپى» دېگەن ئۇدۇمى گۈزەل سەنئىتىمىزگە قارشى ۋابا ئىلاھىي تەرىقىسىدە يامراۋاتقان «ۋىچىركا» ئولتۇرۇشىدىكى جاڭ ـ مۇزىكا ئادەمنى بىزار قىلغاندەك بىزار قىلىدۇ. بەزى ـ بەزىدە شۇنداق دەرىجىگىمۇ يېتىدۇكى، ئۇ سورۇنلاردا ئانىجان يۇرتىمىز ۋە ئۇنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن قىسمەتلەر توغرىسىدا قىستۇرما مۇھاكىمىلەر بولۇپ قالسا، شۇ بۇرادەرلىرىگە: «كۆتۈر بۇنداق پەلسەپەڭنى»، «بۇ دېگەن ئوينايدىغان يەر» دەپ قوپاللىق قىلىدۇ ۋە «ئىشقى ـ ئىشقى!» دەپ ۋارقىراپ، مەستلىكىدىن ئۆزىنى تۇتالمايۋاتقان ھەرقانداق شاللاقلىقلارغا ھېرىسمەنلىك قىلىش بىلەن سورۇننى بېشىغا كىيىدۇ.

ئەڭ مۇھىمى، بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتىش، ئاشۇنداق چاكىنىلىشىش بىلەن قالماي، ئۆزلىرىگە جان كۆيدۈرۈپ ياردەم بەرگەن بۇرادەرلىرىگىمۇ رەھمەت ئېيتمايدۇ. ئەمما ئىككى پۇللۇق پايدىسى يوق «چوڭ ئادەم» لەرنىڭ كەينىدە پالاقلاپ يۈرىدۇ. مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى، تولىمۇ ۋىجدانلىق رەھبەر ئىدى. ئۇ سەنئەت ساھاسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن يەنە بىر يۇرتدىشىمىزنىڭ بىر جىيەن قىزىنى ئۇرۇمچىگە ئورۇنلاشتۇرۇشتا تەڭقىسلىقتا قالغاندا غەمخورلۇق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى، شۇنچە كاتتا ئۇنىۋېرسىتېتلارنى پۈتتۈرگەنلەر ئىش تاپالماي يۈرگەندە، بۇ سەنئەتچى يۇرتدىشىمىز بېشىنى سىلىغان دوستىمىزغا ھەتتا ئاغزىنىڭ ئۇچىدا بولسىمۇ: «رەھمەت» دەپ قويمىدى، ھېچبولمىغاندا تېلېفونمۇ بېرىپ قويمى-

دى ، ئۇ ئادەم مېنىڭ نەزىرىمگە خۇددى بەزى يەپلا قېچىپ
كېتىدىغان ئوغرىمۇشۇككە ئوخشاپ كەتتى . ئاڭلىسام ، ئۇنىڭ
ئاشۇنداق ئەدەپسىزلىكلىرىنى كۆپ كۆرگەن كەسپداشلىرىمۇ
ئۇنىڭدىن بىزار بولۇپ ، بارا ـ بارا ئۇنى ئارىسىدا ئەتىۋارلىماي-
دىغان بولۇپ قاپتۇ . باشقا ساھەلەردىكىلەرمۇ خۇددى شۇنداق .
ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈۋاتقان ، ئازغىنە بىلىم بىلەنلا جاھاننى بىلىپ
كەتكىلى بولىدىغاندەك يېرىم ـ يارتا بىلەن ھەممىگە مەنە ئېيتىد-
دىغان ، ۋاپادارلىرىدىن ئالىدىغان پايدىنى ئېلىپ بولۇپلا ئۇلار-
نىڭ مۇھىم ئىشلىرىغىمۇ مۇغەمبەرلىك قىلىۋاتقان ، ھەتتا ۋاپا-
سىزلىق قىلىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن غەيۋەت قىلىۋاتقان ، ئاتا ـ
ئانا ، قوۋمى ـ قېرىنداشلىرىنىڭ سەمىمىي سۆزلىرىنى ئاڭلىد-
مايۋاتقان ئەدەپسىزلەردىن ، شەرم ـ ھاياسى يوقلاردىن كىشىلەر
ناھايىتى تېزلا بىزار بولىدۇ ـ دە ، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە ئۇلار-
نى يېتىم قالدۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ كەلگۈسى سەنئەتكارلىق پىلانلىد-
رىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ئۇلار زادىلا ئويلاپ يېتەلمەيدىغان سۇد-
ئىي توسقۇلارنى پەيدا قىلىپ قويىدۇ . نەتىجىدە ، باشقىلارغا
نوچىلىق قىلدىم دېگەن بىلەن ئاخىرى بېرىپ ئۆزى مەغلۇپ
بولىدۇ .
بىز ئادەتتە باشتا غەمخورلۇق قىلغان ۋاپادارلىرىغا ۋاپاسىز-
لىق قىلىۋاتقان ، يىراق سەھرالاردىن شەھەرلەرگە كىرگۈزگەن ،
تۆۋەن مەلۇماتتىن يۇقىرى مەلۇماتقا كۆتۈرگەن ، كەمبەغەللىك-
تىن باي بولۇشقا يول كۆرسەتكەن ، ھەتتا مەنسەپ مەرتىۋىسىنى
ئۆستۈرۈپ كۈچلۈك قىلىپ قويغان غەمگۇزارلىرىغىمۇ ۋاپاسىز-
لىق قىلىۋاتقانلارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىمىز . بۇلار ئۆزىنىلا ئويلايدى-
غان تازا كۆڭلى قارا ئادەملەردۇر . بۇنداق ئادەملەر مەكتەپتە
قانچىلىك ئوقۇغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلارغا ھېچقانچە
تەربىيە سىڭمىگەنلەردۇر . ناۋادا ئۇلار ئالىملىق نامىنى ئالغان

www.uyghurkitap.com

بولسىمۇ، ئادەملىك نىشانىنىڭ تاجى بولغان ۋىجدان بىلەن ۋاپانى تەرك ئەتكەن ئىكەن، ئۇنىڭ قىلغان — ئەتكەنلىرى ئۇلۇغ بوۋىمىز نەۋائىي: «ئالىم ئەگەر جاھ ئۈچۈن بولسا زەلىل، ئانىڭ ئىلمىكى جەھلىرىگە بولغاي دەلىل» (ئالىم ئەگەر ئۆزىنى مەنسەپ — مەرتىۋە ئۈچۈن خار قىلسا، ئۇنىڭ ئىلمى نادانلىقىغا دەلىلدۇر) دېگەندەك، ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھايات قارىشىدا نادان قالغانلىقىغا دەلىلدۇر. ناۋادا ئۇنداق بولمىسا ئىدى، شۇنچە يۇقىرى مەلۇماتلىق بولغان ۋە دۆلىتىمىزدىن ھالقىپ ھەتتا دۇنيانىڭ سەلتەنەتلىك شەھەرلىرىدە ئايلىنىپ كەلگەن سەنئەتچى ۋە ياكى ۋاپاغا جاپا قىلىۋاتقان بىرمۇنچە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر ئاشۇنداق غېرىبلىق گىردابىغا بېرىپ قېلىپ، سەنئەتكارلىقتا ئۇتتۇرۇپ قويمىغان بولاتتى. بۇنداق ئىكەن، بىز سەنئەتكارلىقتا ئۇتۇپ چىقماقچى بولىدىكەنمىز، ھەرقانداق ئەدەپسىز قىلىقلىرىدىن ئۆزىمىزنى تارتىشىمىز، ئۇلۇغ بوۋىلىرىمىزنىڭ «تەكەببۇر ئەيلىمەزىنھار، ئەگەرچە پادىشا بولساڭ، ئۆزۈڭنى بارچىدىن كەم تۇت، مەگەرچە ئاسمان بولساڭ» دېگەن ۋەسىيىتىنى ئەستە تۇتۇپ باشقىلارنى ئويلايدىغان، باشقىلار بىلەن كۆڭۈلدىكىدەك مۇڭدىشىدىغان، ئۆزىمىزنى باشقىلارنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان، باشقىلارنى ئۆزىمىزگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن باشقىلارغا قىزىقىدىغان ئەدەپلىك ئادەملەردىن بولۇپ، ھەر ئىشنى شۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئادەم بىلەن ياخشى سۆزلىشىشتىن ئىبارەت بىرىنچى قەدەمدىن باشلىشىمىز، ئەدەپلىك ئىكەنلىكىمىزنى باشتىلا نامايان قىلىش ئۈچۈن، باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — باشقىلارنىڭ گېپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاش ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەك.

### 7 . نىشان تاللىمايدۇ

بىز ئەتراپىمىزدىكى بىرمۇنچە كىشىلەر تۇغۇلغان كۈنلىرىنى خاتىرىلەپ يۈرگەندە ، «ئۇتتۇقلىرىنىڭ خاتىرىسىنى قاچان ئۆتكۈزىدىغاندۇ» دەپ قالىمىز . چۈنكى بىز ئۇقۇغان كىشىلىك ھايات پەلسەپىسىدە تۇغۇلۇش تاسادىپىي يۈز بېرىدىغان ئامەت خاراكتېرلىك نەرسە بولۇپ ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي باشلىنىش نۇقتىسى ئادەمنىڭ سەپىرى ئۇچۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن نىشان تاللاشتا بولىدۇ . ئۆزى ئۇچۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن نىشان تاللىغاندىلا ، ئادەمدە «مەن» ۋە «مەن» دېگەننى ئىپادىلەيدىغان پۇرسەت يەنى ئۆزىنىڭ ھايات سەپىرىدىكى مۇشەققەتلىك ئۇزاق جەرياننى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرىدىغان روھىي قۇۋۋەت ، ھەر قېتىم مۇشەققەتكە يولۇققاندا ئۇنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىشكە ئىلھام بېرىدىغان «تولۇقلىما ئېنېرگىيە» ھاسىل بولۇپ ، ئادەمنى قەدەممۇقەدەم ھاياتنىڭ ئەھمىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان تەرەپكە يېتەكلەيدۇ .

ئالايلۇق ، 1942 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ لوس ـ ئانژېلىس شەھىرىدە بېشىدىن ھېچقانداق بىر ئىسسىق ـ سوغۇق ئۆتمىگەن 15 ياشلىق ئۆسمۈر جون گوداد ئۆز ئۆمرىدە قىلماقچى بولغان چوڭ ئىشلارنى بىر جەدۋەل قىلىپ رەتلەپ ، ئۇنىڭغا «ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم» دەپ نام قويغان . بۇ جەدۋەلگە : «نىل دەرياسى ، ئامازون دەرياسى ۋە كونگو دەريالىرىغا بېرىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلىش ؛ ئېفلس چوققىسى (جۇمولاڭما چوققىسى) ، كىلىمانجارو تېغى ۋە مەيتخس تېغىغا چىقىش ؛ پىل ، تۆگە ، ياۋا ئاتقا مىنىش ، تۆگە قۇشنى بويسۇندۇرۇش ؛ ماركوپولو ۋە ئالېكساندىر ماڭغان يوللاردا قايتا مېڭىش ؛ «ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇن» دەك بىر فىلىمدە رول ئېلىش ؛ ئايروپىلان ۋە باشقا ئۇچقۇلارنى ھەيدەش ؛ شېكسپىر ، پىلاتون ۋە ئارىستوتېلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ تۈگىتىش ؛ بىر مۇزىكا ئىجاد قىلىش ، بىر
كىتاب يېزىش ؛ پۈتۈن دۇنيادىكى ھەربىر دۆلەتنى ساياھەت قى-
لىپ چىقىش ؛ توي قىلىش ، بالىلىق بولۇش ، پۈتۈن يەر شارىنى
كۆرۈپ چىقىش . . . » دېگەنلەر يېزىلغان . ھەربىر تۈرگە نومۇر
قويۇلغان ، ئۇ جەمئىي 127 نىشان ئىدى . 1985 - يىلىغا
كەلگەندە ، گوداد 18 قېتىملىق ھايات - ماماتلىق ئېكسپېدىتسى-
يە ۋە تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان سانسىز قىيىنچى-
لىقلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈپ ، ئۆز ئارزۇسى ئىچىدىكى 106
نىشانغا يەتكەن . ئۇ زور مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىپ ، ئېكسپېدىت-
سىيىچى دېگەن يۈكسەك شان - شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان
ھەمدە ئەنگلىيە خانلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزا-
سى ۋە نيۇ - يورك ئېكسپېدىتسىيىچىلەر كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى
بولغان .

گودادنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە كۆڭ-
لىگە پۈككەن ئۇلۇغ مەقسەتنىڭ تۈرتكىسىدە قولغا كەلگەن . ئۇ
مۇنداق دەيدۇ : «مەن بۇ كۈرەش قىلىش پىلانىمنى تۈزۈپ چىق-
تىم ، كۆڭلۈمدە نىشانىم بار بولدى ، ئۇ ھەر ۋاقىت مېنى
رىغبەتلەندۈرۈپ تۇردى ، مەن ھەر ۋاقىت قىلىشقا ئىش بارلىقى-
نى ھېس قىلىپ تۇردۇم» ، «مەن ھەرگىز ئاسانلىقچە بىرەر
نىشانىمدىن ۋاز كەچمىدىم . بۇنىڭ بىلەن بىرەر پۇرسەت كەلسىلا
مەن ھەمىشە ئۇنى ئورۇنداشقا تەييارلاندىم . »

گودادنىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، ئۇتتۇق قا-
زىنىدىغان ھايات يولى چوڭ - كىچىك بولغان بىرمۇنچە ئۇتتۇق-
لۇق تاللاش نۇقتىلىرىدىن ئۇلىنىپ ھاسىل بولىدىغان زەنجىر
بولۇپ ، ھاياتلىقنىڭ ئەگرى سىزىقىدا تۇغۇلۇش مۇتلەق تاللاشقا
يول قويمايدىغان خاراكتېردە بولىدۇ . شۇنداق بولغاچقا ، بەزى
ئادەملەرنىڭ تۆرەم ، مەخسۇم ئاتىلىپ قېلىشى ئۇنىڭ نەسەبى

بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ ، بۇنداق تۆرەم ، مەخسۇملارنىڭ يې-
نىدىكى ئەلا تاللاش ئېلىپ بارغۇچىلار ئۇلاردىن ئۇلۇغ ئىشلارنى
قىلىدۇ . كاتتا نەسەب يىلتىزى يوق بۇنداق ئۇلۇغ ئادەملەر
ئاساسلىقى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى تاللاشقا ئىمكانىيەت بېرىدى-
غان ئۆمرىدە قەتئىي ئىرادە بىلەن كۈرەش قىلغانلىقتىن ، تى-
رىشقانلىقتىن ئۇلۇغ بولۇپ كېتىدۇ .
سەنئەتكارلىق بابىدا ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلار ئادەمنى ئۇ-
تۇقتا ئېلىپ بارىدىغان مۇشۇنداق تاللاشقا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ .
ئۇلار خۇددى چاسا يولغا قىزىل چىراغ يېقىلغاندا يولدىن ئۆتمەي
توختاپ تۇرسىمۇ ، توساتتىن ماشىنا كەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرگەن
بىرى ماڭغان ھامان كەينىدىن بىرمۇنچە ئادەم ئەگىشىپ ئۆتۈپ
كېتىۋاتقاندەك ، باشقىلارغا ئەگىشىپ مېڭىشنى ئەلا بىلىدۇ .
قارىماققا ئەگىشىپ مېڭىش ئەجەبلىنەرلىك بولسىمۇ ، ئەم-
ما بۇنداق ئەگەشمىچىلىك ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى نۇرغۇن
ئادەملەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بەرگەن بو-
لۇپ ، چوڭقۇرلاپ تەكشۈرگەندە ، ئۇ ئىنسانىيەتتىكى بىر خىل
ناچار ئادەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ . بولۇپمۇ بىزنىڭ جۇڭگودا
«جامائەت قوزغالغان ئىشتا قانۇن كارغا كەلمەيدۇ» دېگەن ئەقى-
دە بولغانلىقتىن ، بىر ـ ئىككى ئادەم قانۇندىن قورقۇپ قىلال-
مايدىغان ئىشنى بىر مۇنچە ئادەم قىلغان ھامان جامائەت ئۇلارغا
ئەگىشىپ چوقان سالىدۇ ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئاپەت كەل-
تۈرگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا بىرمۇنچە ساددا ئادەم-
لەرنىڭ ئۇ تەرەپ ، بۇ تەرەپ بولۇپ چۇقان سېلىشىمۇ بىزدىكى
ئەنە شۇنداق ئەگەشمىچىلىك پسىخىكىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى-
دۇر . بىزدە باشقا ئىشلاردىمۇ شۇنداق ئەگەشمىچىلىك ئادەتلىرى
بار .
بۇنداق ئىكەن ، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقىدا ئۇتۇپ چىقىش

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن ، ئادەمنىڭ مۇستەقىل خاسلىقىنى بايراق قىلغان ھالدا
نىشانلىق تاللاشنى ئۆگىنىش كېرەك . چۈنكى ئادەم ئالدى بىلەن
تۇرلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەركىنلىك ، ئائىلىقلىق ، پائالىيەتچان-
لىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئىجادىي پائالىيەت بىلەن باشقا
ئادەملەردىن پەرقلىنىدۇ . شۇنداق بولغانلىقتىن ، ئۇنىڭ «مەن»
دېگەننى نامايان قىلىشى ئۆز ئالدىغا تىكلىگەن ئاڭ بىلەن بو-
لۇپ ، ئۇ ، شۇ ئاڭ بىلەن تەبىئەت جەمئىيەت ۋە باشقا ئادەملەر
تۈپىدا نىسپىي ھالدا مۇستەقىل تۇرىدۇ ، ئالايلۇق ، ئۇ جىسمانىي
جەھەتتە باشقا ئادەملەردىن ئوخشاشمايدىغان جىسمانىيەت قۇرۇل-
مىسى بىلەن پەرقلىنىدۇ ؛ ئۆزىگە مۇناسىپ بولغان ئىجتىمائىي
مەنسۇپلۇقى ـــ سالاھىيەت ، ئورۇن - مەرتىۋە ، ئالاقە مۇناسى-
ۋەت دائىرىسى بىلەن ئوخشىمىغان مەنپەئەتدار گۇرۇھلاردا نىس-
پىي مۇسـتەقىللىـقىقا ئىگە بولـىدۇ ؛ ئۆزىـگە خاس روھىي
ھالەت - ئېتىقاد ئىرادىسى ، يەنى ئۆزگىچە روھىيھال ئىجادىي
پائالىيىتى بىلەن ئوخشاش جەمئىيەتتىكى مەنپەئەتدار گۇرۇھلار-
دا ياكى ئوخشاش ياشاش ھالىتىدىكى باشقا ئادەملەر ئارىسىدا
«پوكۇنى ، پۇستانى» دېگەن گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ . مانا بۇ
رېئال تۇرمۇشتا تۇرلۇك - تۇمەن «مەن» لەرنىڭ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرۇشى ، بەزىلەر پۇل ، ھوقۇق ، ئادەت كۈچلىرى ۋە
تۇرلۇك مودا قوشلاشقۇچى ئېزىتقۇ ھېسلارغار تەسلىم بولۇۋات-
سا ، يەنە بەزىلەرنىڭ : «قوي ، ئۇنداق ئېمەڭنى» دەپ جاسارەت
بىلەن ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك ھەرىكىتى ـــ ئىجادىيەت تەرىپىگە
ئۆتۈپ ، «مەن دېگەن سەن ئەمەس ، مەن» دەپ ئۆز خاسلىقىنى
جەۋلان قىلدۇرۇشىنىڭ ، ئىجادىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ
تۆۋەن ھالىتىدىن ئۈزلۈكسىز ھالقىپ ، ئادەمنىڭ يۈكسەك كاما-
لىتى ئۇچۇن ئۆرلەپ مېڭىشىنىڭ سىرىدۇر . ئەگەر كىمدە كىم
ئادەمنىڭ ئالەمدىكى باشقا تۇرلەر ۋە باشقا ئادەملەردىن پەرقلىنى-

دىغان بۇنداق مۇستەقىللىقنى تاشلاپ ئەگەشمىچىلىككە ئاغدىكەن ، ئۇنىڭدا سەنئەتكارلىق گۈلى ئېچىلالمايدۇ . دۇنيادا ھېچكىمنىڭ يالغۇز قالغۇسى بولمىسىمۇ ، ئۇلۇغ تالانت ئىگىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى كۆپ ھاللاردا جەسۇر ، يېگانە پىكىر بىلەن ئىلگىرىلەپ ، ئادەمزات دۇنياسىدىكى ئىنتىلىش چوققىلىرىنى ھاسىل قىلىشى ئادەمنىڭ ئەنە شۇنداق خاسلىقىنى تولۇق نامايان قىلىش ئۈچۈن بولۇپ ، بۇنداق كامالەت چوققىلىرىنى ھەرگىزمۇ ئەگەشمىچى توپقا قوشۇۋېتىشكە بولمايدۇ ، ئەگەر ئۇلارنىمۇ ئەگەشمىچى توپنىڭ ئەزالىرىدىن قىلىۋەتسەك ، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ كامالىتىنى يەنە نەدىن تاپىدۇ؟ بەزىلەردىن بىز دائىم : «قېنىڭنى قىينىما» دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا ، گويا سۆزلىگۈچى : «سېنى ئازدۇرۇپ كېتىۋاتقان نەرسە بار» دېگەندەك قىلىۋاتقىنىنى بايقايمىز . ياق ، خاسلىقنى جەۋلان قىلدۇرۇش ئۈچۈن چوققىغا چىقىۋاتقاندا بىزنى ئالدىمىزدا ئېزىتقۇ باشلاپ ماڭمايدۇ ، بەلكى سەنئەتكارلىق شارابىنىڭ لەززىتى باشلاپ ماڭىدۇ . ئەگەر كىمدەكىم مۇشكۇلات ئىچىدىكى بۇ شارابنى ئىچمەيدىكەن ، شۇ ھامان ئەگەشمىچىلەر گۇرۇھىغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ ـ دە ، ئىجادىيەت بوستانىدىن ئايرىلىپ ئانچىكىم يەرلەردە يېتىم قالىدۇ . ئادەمنىڭ ھايۋاندىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى ئەركى ئەنە شۇنداق يۈرەك تارىنى چېكىدىغان خاسلىق ئاۋازىنى ئاڭلىتىش ئۈچۈن ئىجادىيەت ئىچىگە يوشۇرۇنغان بولۇپ ، بۇنداق ئىجادىيەت قۇدرىتىدىن مەھرۇم بولغان ئادەم ، مىللەت ، دۆلەت چۈشكۈنلىشىپ تۈگەيدۇ . بىزدىكى غۇرۇر تاپانچىسى بولغان نۇرغۇن نۇسرەتلەرنىڭ قولدىن كېتىشىمۇ ئاشۇ سەۋەبتىن بولدى . بولۇپمۇ بۈنىڭدىن كېيىنكى دۇنيادا ، ئىنسانىيەت ئەركىنلىكىنىڭ كېڭەيىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ ، خاسلىقنى ئىپادىلەيدىغان روھ شۇنداق ئۆسۈپ بارىدۇكى ، ئۇنى ھېچقانداق ئادەم توسۇپ قالالماي-

دۇ، شۇڭا ۋەتىنىمىز جۇڭگودا «قانچە مىللىيلاشسا، شۇنچە تېز زامانىۋىلاشقىلى بولىدۇ» دېگەن ھەقىقەت ئېچىلغان. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىش لازىمكى، ھەركىم ئۆزىنىڭ ھاياتلىق مارشىنى ئۆزى يېزىپ ئوقۇشقا ئىنتىلىش، باشقىلار يازغان نوتىلاردىن ئۆزىنىڭ مارشىنى تېخىمۇ ياڭرىتىش ئۈچۈن ئوزۇق قىلىش، بۇنداق قائىدىنى مىللەتكە، دۆلەتكىمۇ تەتبىقلاش، بارغانسېرى قىستاڭچىلىق بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ دۇنيادا ئەركىن ـ ئازادە بىر ئادەم، ئەركىن ـ ئازادە بىر مىللەت، ئەركىن ـ ئازادە بىر دۆلەت بولۇش ئۈچۈن ئەلا نىشان تاللاش، پۇتى يەرگە تىرەجەپ تۇرغۇدەك يەر، بېشى ھاۋا بوشلۇقىدا يۈلتۈزنى كۆرەلىگۈدەك بوشلۇقلا بولىدىكەن ئىنتىلىپ تۇرۇش، ئىجاد قىلىش كېرەك. بۇ خۇددى بىر يېزىدا بۇ يىل بىر ئائىلە قوغۇن تېرىپ باي بولۇپ كەتكەن بولسا، ياندۇرقى يىلى ھەممە ئادەم باي بولىمەن دەپ قوغۇن تېرىسا، قوغۇن بازىرى كاسات بولۇپ كېتىپ، ھەممەيلەن زىيان تارتقاندەك ئىش بولۇپ، «خەق نېمە قىلسا، مەن شۇنى قىلىمەن» دەيدىغان بۇنداق ئەگەشمىچىلىك ئادىتى سەنئەتكارلىق بابىدا «قارىغۇ ھېيت قىلسا، قوشنىسىغا قارايدۇ» دېگەندەك، ئادەمنى ھەدېسىلا باشقىلارغا قاراپ تەشەببۇسكار نىشان تاللىمايدىغان پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.

### 8. كوت ـ كوتلۇق قىلىدۇ

دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قانۇنى ــــ ھەربىر ئادەم باشقىلار بىلەن ياشاشتۇر، ھەربىر ئادەم مەيلى ئىختىيار قىلسۇن ـ قىلمىسۇن، بۇ قانۇن بويىچە ھەربىر ئادەمنىڭ خۇشلۇق ـ خاپىلىقى، شادلىق ـ قايغۇسى، جاپا ـ راھىتى بىردەك باشقىلارنىڭ تەقەززالىقىدا بولىدۇ. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇ-



www.uyghurkitap.com

كى ، تۇغۇلۇپ ئۆلۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا ئەتراپتىكى كىشىلەر ھەرقاچان ھەربىر ئادەمدىن خۇشلۇقنى ئاشۇرۇپ خاپى- لىقنى تۈگىتىش موھتاجلىقىدا ياشايدۇ . ئائىلىۋى ، بالىلار ئاتا - ئانىسىنىڭ سۆيگۈ ۋە ئاسرىشىغا موھتاج ، ئاتا - ئانىلار بالىلارنىڭ قۇلىقى يۇمشاق بولۇش ، ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە موھتاج ، مۇھەببەتلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر ئەتىۋارلىنىشقا موھتاج ، ئەر - ئاياللار ئىشىق - مۇھەببەت ھەم چۈشىنىشكە موھتاج ، دوستلار سەمىمىيەت ۋە ياردەمگە موھتاج بولۇپ ، ھېچقانداق بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق تېگىشلىك موھتاجلىقى- نى قاندۇرمىغان ئادەمنى ياخشى كۆرمەيدۇ . يەنە كېلىپ ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ موھتاجلىقىنى قاندۇرغان ئادەمنى ھېچكىمدىن سورىمايلا «ئوبدان» دەۋرىدۇ . شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كاتتا ئە- مەلدار ، ئالىملاردىن تارتىپ تاكى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلىمى- دىكى كىشىلەرگىچە باشقىلارنىڭ ئۆز ئېھتىياجلىرى بويىچە ئې- تىراپ قىلىنىش ۋە باھالىنىش چەمبىرىكىدە تۇرىدۇ - دە ، ئۆزىدە يۇقىرىدىكى ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۆۋرۈك قىلىپ تۇرۇپ باشقىلار ئېتىراپ قىلغۇدەك ، ئوبدان باھالىغۇدەك شەرتلەرنى ھازىرلىمايدىكەن ، كىشىلىك مۇناسىۋەت- تە مەغلۇپ بولۇپ ، سەنئەتكارلىقنىڭ باشقا ھالقىلىرىدا تەمتى- رەپ قالىدۇ .

كۆزىتىشلەرگە قارىغاندا ، ئۇتۇق قازىنالمايدىغان ئادەملەر تۇرمۇش ئادىتىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ھەر كۈنى داۋام قىلىدى- غان ئەنە شۇنداق مۇناسىۋەت قانۇنىيىتىنى بۇزۇشقا ئادەتلەنگەن بولۇپ ، ئۇلار ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن بىزار بولىدۇ ، بىللە ياشاۋاتقان ئادەملەردىن تۇرلۇك گۇمانلارنى قىلىدۇ ، «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرىدۇ» دېگەندەك ئۇلارنىڭ تىرناقلىرى ئاستىدىن كىر ئىزدەيدۇ . بىراق «تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەش» تولىمۇ

ئەقىلسىزلىق بولغاچقا، ئەقىل ئىگىلىرى كوت ـ كوتلارغا ھەر زامان ئېتىراز بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، تېخىمۇ بۈيۈك كىشىلەر بولسا، ھېچكىمنى ئەيىبلىمەي، ئۆزلىرى ئىجاد قىلىۋېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كوت ـ كوتلار ئۇلارنىڭ ئالدىدا ھەر كۈنى باھاسى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆتمەس ماتادەك، كىشىلەر نەزىرىدىن توختىماستىن پەسكە سىيرىلىپ، بارلىق ياخشىلىقلارنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈپ يېتىمسىراشقا باشلايدۇ. چۈنكى، گەرچە كىشىلەر بىراۋلارغا ئىچ ئاغرىتقاندا، ئۆلۈپ كەتكەن ئەجدادلىرىنى ئەسلىگەندە، دەرد ـ ئەلەم كەلگەندە دەرھال يىغلىۋەتسە، ئادەم ۋۇجۇدىدىكى روھىي بېسىم ياش بىلەن مەلۇم دەرىجىدە چىقىپ كەتكەندەك، يۈرىكىنى خاپىلىق قاپلاپ كەتكەندە كىشىلەر بىر ـ بىرىگە دەرد تۆكۈش يولى بىلەن دەرمەھەللىك روھىي ئازادلىققا ئېرىشىپ، سالامەتلىكنى ئاجىزلىتىش رولىنى ئوينايدىغان ئۇششاق جىددىيلىك، پەرىشانلىق، خاپىلىقلارنىڭ زەربىسىدىن قۇتۇلۇپ قالالىسىمۇ، كوتۇلداش ئادەم تەبىئىتىدىكى پەمسىزلىكنىڭ ئىپادىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئادەمگە، يارىغا قونغان چىۋىن ۋە ياكى زەيكەش جايلاردا ئادەمنى چېقىپ ئارام بەرمەيدىغان پاشىلاردەك تەگكەنلىكتىن، ئۇ ئالدى بىلەن كوتۇلدىغۇچىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى قاتتىق ئازابلاشتىن باشلىنىپ، باشقىلارنى بىزار قىلىش بىلەن ئاياغلاشقانلىقتىن شۇنداق بولماي مۇمكىن ئەمەس.

مىسال ئۈچۈن كوت ـ كوتلۇق كېسىلى بىلەن يەڭگىلرەك ئاغرىغانلارنىڭ ھالىغا قاراپ باقايلى، مىجەز كۆزەتكۈچىلىرىنىڭ كۆزىتىشىگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ئىپادىسى بىزارلىق بولۇپ، ھېچ ئىش بولمىغاندا، ئۆزىنىڭ خىزمىتىدىن بىزار بولۇپ رەھبەرلەر ئۈستىدىن كوتۇلدىسا، ئەتراپىدىكىلەردىن بىزار بولۇپ ئۇلارنى يامان ئاتلىق قىلىدۇ. ھەتتاكى كوتۇل-

داش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، گۈرۈچ تامىقى يېگەندە چىشىغا تېگىپ كەتكەن تاشنى ئاشپەزدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر هازا كوتۇلدايدۇ، گەپنى ئاشپەزنىڭ ئەستايىدىل بولمىغىنىدىن باشلىسا، ئاخىرىنى يېمەك ـ ئىچمەك قانۇنىنىڭ ئىزچىللاشتۇ- رۇلۇشىغىچە سوزىدۇ. جەمئىيەت ئامانلىقىدىن گەپ ئاچقاندا، قانۇنىنىڭ قاتتىق بولماسلىقىدىن گەپ باشلىسا، ئاخىرىنى ياش- چۈقچىلارنىڭ قولىنى كېسىپ تاشلاش لازىملىقىغىچە سوزىدۇ. مىجەزى قوداڭشىغاندا بولسا، ئەتراپىدىكىلەرنى خۇلىگەن، مۇ- غەمبەر، ئەخمەق ئاتقا چىقىرىپ، ھەممىدىن گۇمانلىنىدۇ ـ دە، خۇددى دۇنيا يامان ئادەملەر بىلەن توشۇپ كېتىپ، ھېچ ئىشتا ھەقىقەت قالمىغاندەك، كىشىلەر بۇنداق دۇنيادا ياشىغىچە ئۆزد- نى ئۆلتۈرۈۋېلىش كېرەكتەكتەك ئەزۋەيلەپ كېتىدۇ. كوتۇل- داش كېسىلى بىلەن يەڭگىل ئاغرىغان بۇنداق كوت ـ كوتلار خۇددى تاماكىغا ياكى هاراققا خۇمارى تۇتىدىغان چېكىمخور، ئىچىمخورلاردەك چېكىپ ياكى ئىچىپ خۇمارىنى باسقاندەك، شۇنداق بىر كوتۇلدىۋالغاندىن كېيىنلا شۇنداق بىر خۇشال- لىنىدۇ ـ دە، كوتۇلداش خۇمارى بېسىلىدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئىچىدە گۇمان، دەرد ـ ئەلەم قايناپ تۇرغاچقا، بىراۋ «سېنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ» دەپ سورىسا، يا خىزمەت، يا كىشىلەر توغرىسىدىكى مېھرىبانلىقنى ئۇلغايتىش ھەققىدە تەدبىر كۆرسىد- تەلمەي تىلىنى چاينايدۇ.

بۇنداق كوت ـ كوتلۇق كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئىككىنچى باسقۇچقا بارغاندا، ئۇنىڭدىكى گۇمانخورلۇق تېخىمۇ ئەدەپ، بە- مارنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە ياخشى كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭغا رازى قىلغۇدەك ئىش تېپىلماي قالىدۇ. مال باھاسى ئۆرلەپ كەتسە، پۇلى يەتمىگەنگە قورسىقى ئېسىلىپ كوتۇلدايدۇ؛ مال باھاسى چۈشۈپ كەتسە، «بۇنداق بولسا ئىقتىسادنى قانداق تەرەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلدۇرغىلى بولىدۇ» دەيدۇ. مائاشنى ئۆستۈرسە، «ھەم، مال باھاسى يەنە ئۆرلەيدىغان بولدى، بۇنداق مائاش ئۆستۈرگىچە ئۆستۈرمىسىمۇ بولۇپتىكەن» دەيدۇ؛ ئۆستۈرمىسە، «بۇنچىلىك پۇل بىلەن قانداق جان باققىلى بولىدۇ» دەپ خاپا بولىدۇ. قىسقىسى، كوت ـ كوت بىمارنىڭ كۆزىگە ھېچنېمە ياخشى كۆرۈنمەيدۇ، ھېچ ئىش كۆڭلىگە ياقمايدۇ. ھەممە ئىشنى يامان تەرەپتىن ئويلاپ، گۈزەل كېلەچەك قۇرۇش يولىدىكى شېرىن ئۈمىد ـ ئارزۇلارنى ئىنكار قىلىپ ئۈمىدسىز ياشايدۇ. بۇنداق بىزارلىق ۋە نارازىلىق تۇيغۇسى، ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك ھېرىپ ھالى قالمىغاندەك روھسىز يۈرىدۇ ـ دە، ئۆزى بىزار بولۇۋاتقان تاشقى دۇنيانى ياكى جىددىي بولۇۋاتقان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ۋە گۈزەللەشتۈرۈش پىلانىغىمۇ جۈرئەت قىلمايدۇ.

يۇقىرىدىكى ئىككى باسقۇچتا كۆرسىتىلگەن كوت ـ كوتلۇق بەزىدە خىزمەتلەردىكى كەمتۈك يەرلەرنى تۈزىتەلمىسىمۇ، كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ ئەيىبىنى تۈزىتىشكە ياردەم بېرەلمىسىمۇ، ئۇلارنى ھوشيارلاشتۇرىدۇ. ئاچچىق سۆزلەرنى قىلسىمۇ، ئۆزىنىڭ خىزمەت كۆرسىتىدىغان پۇرسەتلەردىن مەھرۇم بولغان سەۋەبلىرىنى ئاشكارىلاپ، رەھبەرلىكنىڭ، دوست ـ ئاغىنىلەرنىڭ خىزمەتتە تەڭشەش، ھېچبولمىغاندا سالا قىلىپ بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ياردىمىنى قولغا كەلتۈرىدۇ. ئەمما كوت ـ كوتلۇق كېسەلى كۈچىيىپ پۈتۈنلەي شەخسىيەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئۈچىنچى باسقۇچقا يەتكەندە، ئۆزىنى ھەم باشقىلارنى نابۇت قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغاچقا، ئۇنى سەنئەتكارلىق بابىدا مەڭگۈ ئاكتىپ باھالاش مۇمكىن ئەمەس.

ئالايلۇق، كوت ـ كوت كېسەلى بىلەن ئاغرىغۇچى تازا

مەستانە بولغاندا ، ياخشىلىقلىرى بىلەن قەدەممۇ قەدەم روناق تېپىپ كېتىۋاتقانلاردىن ھېچقانداق قىلىپ دەردىنى چىقىرالماي ، ئۇلارغا تۆھمەت قىلىپ ، ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ دوستلىرى ئارىسىدىكى شەپقەت رىشتىلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ ، نازۇك ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىنى بۇزۇشقا ئۇرۇنىدۇ . ھەتتا تەنقىد قىلىسىمۇ ، ئۇ رەھبەرنىڭ ئارقىسىدىن غەيۋەت قىلىپ تۇرىدۇ . بۇنداق غەيۋەتلەر ئىسپاتلانمىغان تەقدىردىمۇ بەزى ھاللاردا ئۇلارغا ئۆمۈرلۈك داغ بولۇپ قېلىپ ، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدۇ . ئۇلارنىڭ تۆھمەت ۋە بوھتاندىن ئىبارەت مۇدھىش قورالى رەھبەرلەرنىلا ئەمەس ، جەمئىيەت گۈزەللىكى ئۈچۈن بولغان سەنئەتكارلىقنى سىرتماق بولىدۇ . بۇنداق ئىكەن كوت ـ كوت ئادەملەر ھەتتا ئۆزىگە مەڭگۈلۈك بەخت ئاتا قىلىۋاتقان ئادەملەرنىمۇ زېرىكتۈرۈپ تويغۇزىدۇ ـ دە ، كىشىلەرنىڭ كوت ـ كوتلارنى كۆرەرگە كۆزى قالمايدۇ . كوت ـ كوت ئادەم بۇ دۇنيادا تېپىلماسنىڭ خورمىسى بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ئەڭ مېھرىبانلىرىمۇ ئۇنى كۆزىدىن يىراق قىلىپ قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى تاپىدۇ . مۇناسىۋەتلەر توردىكى بۇنداق سوغۇق مۇناسىۋەت جېگىنى چوڭقۇرلاپ چۈشىنىش ئۈچۈن ، بىز دانىشمەن كارنىگىنىڭ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» دېگەن ئەسىرىنىڭ «ھەرگىز كوت ـ كوتلۇق قىلماڭ» دېگەن ماۋزۇدا كۆرسەتكەن مۇنۇ مىسالىغا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ باقايلى :

75 يىل بۇرۇن ، ناپولېئون بوناپارتىنىڭ جىيەنى ناپولېئون III چاھاندا ئەڭ گۈزەل ساھىبجامال ، گراف قىزى يۈجىنىنى دېبورغا كۆڭلى چۈشۈپ قېلىپ ، ئۇنىڭ بىلەن توي

① ناپولېئون III لۇئى بوناپارت (1808 ـــ 1875) ـــ فرانسىيە 2 ـ ئىمپېرىيىسى (1852 ـــ 1870) نىڭ پادىشاھى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىدۇ . ناپولېئوننىڭ مەسلىھەتچىلىرى يوجېنىنىنى ئانچىكىم بىر ئىسپانىيىلىك گرافنىڭ قىزىغۇ ، دەپ قارايتتى . ئەمما ، ناپولېئون : «ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ ؟» ئۇنىڭ نازىنىنلىقى ، ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەل ھۆسىن ـ جامالى مېنى مەھلىيا قىلىپ ، ماڭا روھىي جەھەتتە تولۇق بەخت ئاتا قىلدى دەپ قاراپ : «مەن ئەڭ چۈشىنىدىغان ، ئۆزۈم ئەڭ سۆيۈملۈك دەپ بىلگەن قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دەپ خىتاب قىلغان .

ناپولېئون ۋە رەپىقىسى ساغلاملىق ، مال ـ دۇنيا ، كۈچ ـ قۇدرەت ، نام ـ مەرتىۋە ، گۈزەل سۇمبات ، مۇھەببەت ۋە ئېتىقاد دېگەنلەردىن مىسلىسىز دەرىجىدە بەھرىمەن ئىدى . نىكاھنىڭ مۇقەددەس ئوتى ئەزەلدىن مۇنداق يالقۇنلۇق يانمىغاندى .

ئەپسۇسكى ، بۇ يالقۇن نىكاھتىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن بارمايلا كۇلگە ئايلاندى . ناپولېئون يوجېنىنىيگە خانىشلىق مەرتىۋىسى بېرىشى مۇمكىن ئىدى . بىراق ، گۈزەل فرانسىيىنىڭ بارلىق نېمەتلىرى ، ئېرىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى ياكى ئۇنىڭ پادىشاھلىق نوپۇزىمۇ ئۇنىڭ تولا كوتۇلدايدىغان ئاغزىنى باسالمىدى .

ئۇ كۈنداشلىق ۋە گۇمانلىنىش تۈپەيلى ئېرىنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمايدۇ . ھەتتا ئىما ـ ئىشارەت قىلىشلىرىغىمۇ يول قويمايدۇ . دۆلەت ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان چېغىدىمۇ ئىشخانىسىغا ئۇسۇپ كىرىپ ئېرىنىڭ مۇھىم مۇزاكىرىلىرىگە دەخلى يەتكۈزىدۇ ، ئېرىنىڭ باشقا ئايال جىنسلىقلار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، يالغۇز قېلىشىغا يول قويمايدۇ .

ھەمىشە سىڭلىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئېرىنى يامانلاپ ، قېيىداپ يىغلاپ ، ئاغزى بېسىقماي كوتۇلداپ پوپۇزا قىلىدۇ .

ئېرىنىڭ كىتابخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، چالۋاقاپ ئۇنى تىللاي-
دۇ. شۇڭا، فرانسىيىنىڭ بۇ پادىشاھى ھەشەمەتلىك ئوردا خاند-
لىرىدىن بىردەم ئارام ئېلىۋالغۇدەك بىرەر پىنھان جاي تاپالماي
قالىدۇ.

مۇشۇنداق قىلىش نەتىجىسىدە يۇجىنىنى نېمىگە ئېرىشتى
بۇنىڭ جاۋابىنى لائىنخادىنىڭ «ناپولېئون ۋە يۇجىنىنى،
يەنى ئىمپېرىيىدىكى تراگېدىيە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدىن ئې-
لىنغان ئۇزۇندىدىن كۆرەيلى: «كېيىن ناپولېئون دائىم كېچى-
لىرى يان ئىشىكتىن خۇپىيانە چىقىپ، شلەپىسىنى كۆزىگىچە
چۆكتۈرۈپ كىيگەن ھالدا ئىشەنچىلىك ئادىمىنىڭ ھەمراھلىقىدا
ھەقىقىي گۈزەل ساھىبجامالارنىڭ قېشىغا بارىدىغان بولدى ياكى
قەدىمكى زامان سەيلىلىرىدەك بۇ شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ،
يىراق - يىراقلارغا نەزەر سالاتتى، شەھەرنىڭ ساپ ھاۋاسىدىن
بەھۇزۇر نەپەس ئالاتتى.»

بۇ ھالەتنى يۇجىنىنىڭ ۋالاقتەگكۈرلۈكى كەلتۈرۈپ چىد-
قارغان. گەرچە ئۇ فرانسىيىنىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرغان
ھەم جاھاندا بىر ساھىبجامال بولسىمۇ، كوت - كوتلۇق زەھىرى
ئىچىدە ئۇنىڭ ساھىبجامالىلىقىمۇ مۇھەببەتنىڭ داۋاملىشىشىغا
دال بولالمىغان. ئۇ قاتتىق ۋارقىراپ يىغلاپ: «مەن ئەڭ قورق-
قان ئىش ئاخىرى بېشىمغا كەلدى» دېگەن. بۇ بىچارە خوتۇن
ئۆزىنىڭ كۇنداشلىقى ۋە كوت - كوتلۇقىدىن شۇ كۈنگە قالغان.

ۋالاقتەگكۈرلۈك — جىن - شەيتانلارنىڭ مۇھەببەتنى
نابۇت قىلىش ئۈچۈن ئىجاد ئەتكەن رەزىل ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ
ئەشەددىيسى بولۇپ، ئۇ زەھەرلىك يىلاندەك ئەبەدىلئەبەد ئىن-
سانلارغا زىيان سالىدۇ.

قاراڭلار، كوت - كوتلۇق كېسىلىدىن پادىشاھنىڭ دانىش-
مەن مەسلىھەتچىلىرىمۇ قارشى تۇرالمىغان شېرىن مۇھەببەت

www.uyghurkitap.com

بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقان يەردە، كوت ـ كوتلۇق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەملەردە يەنە قانداقمۇ سەنئەتكارلىق بولسۇن!

بىز «جاھاندا ئەڭ گۈزەل ساھىبجامال» دەپ ئاتالغان يۈجىننىي دېبورنىڭ ناپولېئوننىڭ كۆزىگە ئەڭ سەت كۆرۈنۈپ قېلىشىدىن نەزىرىمىزنى كوت ـ كوتلارنىڭ خىزمەتتىن بىزار بولۇش تەرىپىگە ئاغدۇرىدىغان بولساقمۇ ئەھۋال يەنە شۇنداق. پىسخىك كۆزەتچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلار ئەنە شۇنداق گۈزەللىكتە تەڭدىشى يوق تۇرۇپمۇ ئۆزىگە ئىشەنمەي ئېرىنى كۈنلەيدىغان خوتۇنلاردەك ئۆزىدىمۇ خۇددى ئۇتۇپ چىققۇچىلاردەك يوشۇرۇن قابىلىيەت تۇرۇپ، خىزمەت ئۈستىدە ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدۇ. شۇڭا، باشقىلارنىمۇ ئۆزىدەك تۆۋەنلىتىپ كوتۇلدايدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە: «ئاپلاھۇئەكبەر، مەن خىزمەتنى ئۇنىڭدەك كۆپ، ياخشى قىلالمىدىم، ئەمدى ئۇ ئالدىمغا ئۆتۈۋالدى، مەن ھەرقانچە قىلساممۇ يېتەلمەيمەن» دېگەن قاراش بولىدۇ. ھەتتا ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ يۈرىدۇ. «كۆپ گەپ ئېشەككە يۈك» دېگەندەك، ئۇتۇق قازانغۇچىلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى «مەن مەغلۇبىيەتچى» دەۋاتىدۇ، دەپ چۈشىنىدۇ ـ دە، ئۇلارغا ياردەم بېرىشتىنمۇ ئۆزىنى تارتىدۇ.

مېنىڭ بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە سانائەت پەنلىرى بويىچە ئەلا ئوقۇغانىدى. ئۇنىڭ ئۆز ساھەسىدىكى ھەرقانداق خىزمەتنى قىلىپ كەتكۈدەك قابىلىيىتىمۇ بار ئىدى. ئەمما، ئۇ قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە بىر خىزمەت ئورنىنى ئىستىقبالى يوق دېسە، يەنە بىر خىزمەت ئورنىنى سەھرا دەپ كوتۇلداپ يۈرۈپ، ئىككى ناھىيە، بىر شەھەردە ئالتە ئورۇنغا ئالماشتى. بولۇپمۇ ھەربىر ئورۇندا شۇ يەرنىڭ رەھبەرلىكىنىڭ ئارقىسىدىن تىللاپ يۈردى. ھەتتا ئۇ تېخى

بۇنداق خىزمەتلەرنى قىلىش ھاياتنى ئىسراپ قىلىش دەپ قا-راپ، ئانا يۇرتىغىمۇ تۇزۇك ئىش قىلىپ بەرمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن بىلىمى، قابىلىيىتى نەچچە ھەسسە تۆۋەن، خىزمەت ئورنى ئۇنىڭغا قارىغاندا جاپالىق ئادەملەر نى - نى ئىشلارنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلىۋاتقان شارائىتتا، ئىشلىگەن خىز-مەت ئورۇنلىرى ئۇنىڭغا «قابىل ئادەم» دەپ ماختايدىغان گۇ-ۋاھلىقنى بەرمىدى. ئۇ 30 يىلغا يېقىن ۋاقىتتا ئادەتتىكى بىر مەمۇرىي كادىر بولۇپ، بىر يېزىدا چۆكۈپ قېلىش ئاقىۋىتىگە يولۇقتى. مانا بۇ جاھىل كوت - كوتلۇقنىڭ خىزمەتتىكى ئاقى-ۋىتى. بۇنىڭدىن ساۋاق ئېلىش لازىمكى، مەيلى تۇرمۇش سەن-ئەتكارلىقىنىڭ ھەرقانداق بىر ساھەسىدە ئىشلەۋاتقان، ھەتتا ئائىلە خوتۇنى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلارمۇ كوت - كوتلۇقتىن قول ئۈزمىسە، سەنئەتكارلىق قىلىش تۇگۇل، ئۆزىنىمۇ كىشىلىك مۇناسىۋەت تورىدا ساقلاپ قالالمايدۇ.

### 9. زاكونچىلىق قىلىدۇ

زاكونچىلىق ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلارنىڭ يەنە بىر ئادىتى بولۇپ، بۇ ئادەتكە گىرىپتار بولغانلارنىڭ نىيىتى يامان بولىدۇ، ئەمما بۇ ئادەت ئۇلارنىڭ بىلەرمەنلىك قىلىدىغان ھاكاۋۇرلۇقى-دىن ئۆسۈپ چىققان. شۇڭا ئۇلار خېلى - خېلى كاتتا ئادەملەر-نىمۇ كۆزىگە ئىلماي زاكونلىشىدۇ. مەن قەشقەردە شۇنداق بىر زاكونچىنى كۆرگەنىدىم. ئۇنىڭ زاكونلىشىش ھەۋىسى كۈچلۈك ئىدى، ئۇنىڭ زاكونلىششقا بولغان ھەۋىسى بەزىدە شۇنداق ئەدەپ كېتەتتىكى، ئۇنىڭ قىلىقى خۇددى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى قىلچە ئاساسسىز ئىتتىرىۋېتىپ، ئاندىن يەنە ئۇنىڭدىن ئەيىب ئىزدەپ گەپ تالاشقانغا ئوخشايتتى، بۇرادەرلەر ئۇنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىنى كۆرۈپ، ئېھتىمال: «زاكونچىلىق قىلىش

www.uyghurkitap.com

بىلەن بىر ئادەمنى گەپتە يېڭىۋېلىپ ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئەقىلـ
لىق ۋە ھوشيارلىقىنى باشقىلارغا تونۇتۇپ قويۇش ئۈچۈن شۇنـ
داق قىلىۋاتقاندۇ» دەپ قالاتتى . مەن ئۇرۇمچىگە كەلگەندىن
كېيىنمۇ بۇنداق زاكونچىلارنى كۆپلەپ ئۇچراتتىم . ئەمما بىردـ
ىنىڭمۇ پايدا ئالغىنىنى كۆرمىدىم . ئۇلارنىڭ پايدا ئالالماسلىـ
قىنى ئويلاپ كۆرسەم ، كىشىلىك مۇناسىۋەت دېگەن ئەدەپ ـ
ھايانى بايراق قىلغان ھالدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەتىۋارلىـ
شى ، ئۆزىنى مۇھىم دەپ ھېسابلىشى ، مەلۇم نەرسىگە ئىگە
بولۇش تەمەسى ، باشقىلار ئارقىلىق ئۆزىنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش
ئارزۇسى ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا ، «مەن» دېگەننى
ئالدىقاندااق شەرەپلىك نەرسىلەر بىلەن تولدۇرۇش تەشنالىقىدا
قانات يايىدىكەن . شۇنداق بولغاچقا ، زاكونچى گەپ تالاشقان
ئادەمنىڭ ئالدىقاندااق قەدىرلىنىش خىياللىرى كۆپۈككە ئايلىـ
نىپ ، دىلى ئازار يەيدىكەن . شۇنىڭ بىلەن زاكونچى ھەرقانچە
كۆچەپ سۆزلىگەن بىلەنمۇ ئۇ ئادەم كۆڭلىدە : «سەن تېخى
ئۆزۈڭنى مەندىن ئەقىللىق كۆرۈپ مېنى كۆزۈڭگە ئىلماي ۋاتامـ
سەن ، خەپ سېنى» دەيدىكەن ـ دە ، زاكونچىنى يېڭىپ ، ئۆزدـ
ىنىڭ ئۇنىڭدىن بىلىملىك ، ئەقىللىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ
قويۇش ئۈچۈن بارلىق بىلىمىنى ، ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ
جودالىشىدىكەن . نەتىجىدە ، بىلەرمەنلىك قىلغان زاكونچى بىھۇـ
دە ئاۋارە بولۇشتىن باشقا ، باشقىلارنى ئۆزىگە قارشى قىلىۋالىدىـ
كەن .

ئەڭ مۇھىمى شۇكى ، كۆپ ساندىكى مۇتەخەسسىس ، ئالىمـ
لار ، سەنئەتكارلىق بابىدا جىددىي ئىشلەۋاتقان ئادەملەر ، كۆپ
تەربىيە كۆرگەن داموللا ، ئۆلىمالار ، پېشقەدەم ھۆرمەت ئىگىلىـ
رى زۆرۈر بولمىغان تالاش ـ تارتىشلار بىلەن بۇنداق ۋالاقتەگـ
كۈرلۈكنى كۆرسە كۆرمەسلىككە ، ئاڭلىسا ئاڭلىماسلىققا سالىـ
دىكەن ياكى ئۆزى بىۋاستە زاكونچىنىڭ ئوبيېكتى بولۇپ قالـ

سا ، زاكونچىنىڭ بىرەر جىدەل تېرىپ ، تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت
ۋە زېھنىنى ئىسراپ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ، گەپنىڭ توچكىسىنى
دەپ قويۇپلا دەرھال ئۆزىنى بىر چەتكە ئالىدىكەن . ئەمما ،
ئىچىدە «ھۇ تەنتەك ، ئۆزىنى چاغلىمايدىغان» دەپ غۇم ساقلايدى-
كەن . جەمئىيەت دېگەندە بۇنداق ھۆرمەتلىك ئادەملەرنىڭ تەرىگە
قاراپ گەپ قىلىدىغان گەپچى ئادەملەرمۇ كۆپ بولغاچقا ، زاكون-
چى يەنىلا بۇنداق بۈيۈك ئادەملەرنىڭ تەرىپىنى ئالغان باشقا
گەپدانلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ قۇتۇلالمايدىكەن .
بۇلاردىن كۆرگىلى بولىدۇكى ، تۇرمۇش سەنئەتكارلىقى
ساھەسىدە ئۆزى ئۆگىنىش ۋە باشقىلارغا بىلىم ئۆگىتىش ، ئۆزد-
نىڭ توغرا لايىھىلىرىنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈش ، ھەق -
ناھەق مەسىلىلىرى ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىش تېگىشلىك ياخشى
ئىش بولسىمۇ ، ئەمما بۇنداق ياخشى ئىشلارنى زاكونلىشىپ
زىيان تارتىۋاتقانلاردىن ئىبرات ئالغان ھالدا ناھايىتى سىلىق
پوزىتسىيە تۇتۇپ ، چېۋەرلىك بىلەن چۈشەندۈرۈش كېرەك .
گەپ قىلغاندا كىشىنىڭ رايىغا بېرىش ، قارشى تەرەپنىڭ چۈشە-
نىۋېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئۇنىڭغا ئادىل بولۇش ، ئۇ پىكىر
- دەلىللىرىنى قايسى دەرىجىدە ئۇقتۇرۇۋاتقان بولسا ، شۇ دەرد-
جىدە قوبۇل قىلىش ، پىكىردىكى بەزى كېلىشمەسلىكلەرنى ئەپۇ
قىلىش كېرەك . بولۇپمۇ بىزدەك بۈيۈك ھەقىقەتىمىز ئۈستىد-
مۇ دەماللىققا بىر پىكىرگە كېلەلمەي ، تىلىمىزنى ھەر خىل
يورغىلىتىدىغان خەق ئىچىدە توغرا نىيىتىنى چۈشەندۈرۈشكە
ماھىر بولۇش كېرەك . شۇنداق قىلغاندىلا زاكونلىشىشتىن ساق-
لىنىپ ، باشقىلارنى كەڭ قورساق بولۇشقا ، ئۆز خاتالىقىنى
بويىنىغا ئېلىشقا ئۈندەپ ، جېدەل - ماجىرادىن ساقلىنىپ ، سەن-
ئەتكارلىقنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ .
ئەزبىرايى خۇدا ، شۇنىڭدىن ساقلىنىش كېرەككى ، ھەرگىز
جەمئىيەتتە تەن ئېلىنغان ھەقىقەتلەرنى قايرىپ قويۇپ ، «مەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

دېگەن شۇنچە ئادەم تۇرسام ، ساڭا پالانى ـ پۇستانىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتەلمەمدىمەن» دېگەن خىيالدا بولۇپ ، زاكونلاشماسلىق كېرەك . چۈنكى بەس ـ مۇنازىرىدە چوڭمۇ ، كىچىكمۇ ، ئۇنۋان-مۇ ، نامىمۇ ئوخشاشتۇر . «ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش يوللۇقتۇر . »① ئەگەر سىز شۇنداق خىيالدا بولۇپ زاكون-لاشسىڭىز ، باشقىلارنىڭ ئەيىب ـ نۇقسانلىرىنى كۆپتۇرسىڭىز ياكى ئۇلارنىڭ خاتاسىنى يۈزىدىن يۈزىگە كۆرسىتىپ بەرسىڭىز ، قارشى تەرەپ سىزنى «مۇلايىم ۋە ئادىل سۆزلىشىشكە دەسمايە-سى يەتمەي ، ئۇنلۇك ۋالاقلاش يولى بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتۇۋاتى-دۇ» دەپ سىزدىن زادىلا تەپتارتمايدۇ ـ دە ، ھەرقانچە ھەق گەپ قىلسىڭىزمۇ سىزدىن يانمايدۇ ، سىزنىڭ زىيان تارتقىنىڭىز تارتقان . يەنە كېلىپ ئادەمنىڭ ھەرقانداق ئۇتتۇقى باشقىلار بىلەن جودالىشىشتىن ئەمەس ، باشقىلارنىڭ كۆزقارىشىغا ھېسداشلىق قىلىش ئاساسىدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت نەزىرىنى قوزغاش ئاسا-سىدا قولغا كەلگەنلىكتىن ، سىز كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرى-دىكەنسىز ، ئۇلار سىزنى بىر ئىشتا بولمىسا يەنە بىر ئىشتا سۈغا چىلىماي قالمايدۇ .

ئەمەلىيەتتىمۇ بىز شۇنداق كەمتەر بولۇشىمىز ، بىلەرمەن-لىك قىلىپ كىشىلەر بىلەن ئوپۇل ـ توپۇل تاكاللاشماسلىقىمىز لازىم . چۈنكى ، ئالەمدىكى مۇرەككەپلىك ئالدىدا ھەممىمىز كى-چىككىنە ئادەممىز . دۇنيانىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى ئىشلىرى بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ ، بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ھەر قانچە كۆپ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ ، ئۇ پەقەت ئۆزىمىز كۆر-گەن شەيئىلەر ، ئاڭلىغان لېكسىيىلەر ۋە كۆرگەن كىتاب ماتې-رىياللار ، كىنو ـ تىياتىرلار بىلەن چەكلىنىدۇ . بۇنداق چەك-

---

① روللان : «تەپەككۇر گۈلشەنى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى، 336 ـ بەت .

لىك بىلىم ، مەلۇمات دۇنيادىكى بىلىم ، مەلۇماتقا سېلىشتۇر-
غاندا تامچىمۇ بولالمايدۇ . يەنە كېلىپ ، بىز زاكونلاشقان بىلەن
قارشى تەرەپ كۆرگەن ، ئاڭلىغانلارنى ئاڭلىغان بولۇشىمىز ، ئۇ
ئوقۇغان كىتابلارنى ئوقۇغان بولۇشىمىز ، شۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ
ئوي - پىكىرلىرىنى چۈشىنىشىمىز ناتايىن بولىدۇ . ئەڭ مۇھى-
مى ، ھەر ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى ئىجادىي خىياللار ھەر خىل
بولغاچقا ، بىز ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمىغاچقا ، ئۇنىڭ
گېپىنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كەتسەك ، ئۇنىڭ نىيىتىدىكى ئوي
- خىياللارنى خاتا پەرەز قىلىپ ، خاتا باھالاپ تاشلاپ ئوبىيېكتىپ-
لىقتىن چەتنەپ كېتىمىز - دە ، يەنىلا ئۆزىمىز زىيان تارتىمىز .
شۇنداق بولغاچقا ، دانىشمەن كارنىگ «جاھاندارچىلىق سەنئىتى»
دېگەن كىتابىغا مەشھۇر پىسخولوگ كارىل . روگىرسنىڭ «ئىن-
سانلار شەرتلىرى» دېگەن كىتابىدا ئېيتقان مۇنۇ سۆزىنى نەقىل
قىلىپ ، سەنئەتكارلىق بابىدا بىزنى ئالدىراپ زاكونلاشماسلىققا ،
مۇلايىم پوزىتسىيە بىلەن باشقىلارنىڭ ئوي - پىكرىنى چۈشى-
نىشكە دەۋەت قىلغان :

«باشقىلارنىڭ ئوي - پىكرىنى چۈشىنىشنىڭ پايدىسى
كۆپ . بۇنداق دېسەم بەلكىم راستىنلا بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمى-
دۇ؟ دەپ ھەيران قالارسىز . مېنىڭچە ، ئەلۋەتتە زۆرۈرىيىتى
بار . نۇرغۇن «بايانلار» غا قايتۇرىدىغان بىرىنچى ئىنكاسىمىز
كۆپ ھاللاردا ‹پەرەز قىلىش› ياكى ‹باھا بېرىش› تىن ئىبارەت
بولىدۇ . بىز ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىشمايمىز . ھەر قېتىم كىشى-
لەر تەسىراتىنى ، پوزىتسىيىسىنى ياكى ئېتىقادىنى سۆزلىگەندە
بىز ئادەتتە دەرھاللا : ‹بۇ توغرا› ، ‹ئاۋۇ دۆتلۈك› ، ‹بۇ
نورمال ئەمەس› ، ‹ئاۋۇ يولسىزلىق› ، ‹بۇ خاتا› ، ‹ئاۋۇ
ياخشى ئەمەس› دەپ ئىنكاس قايتۇرىمىز . لېكىن بىزنىڭ سۆز-
لىگۈچىنىڭ سۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يېتىشىمىز
ئىنتايىن يېتەرسىز بولىدۇ .»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 10 . يالغانچىلىق قىلىدۇ

يالغانچىلىق قىلىش ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلارنىڭ يەنە بىر ئادىتى بولۇپ ، ئۇلار بىرەر پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن هايۋانلارنى دوراش ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەرگىمۇ خۇشامەت قىلىش بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ . هايۋانلارنى دوراش دېگەندە ، پسىخولوگلار يالغانچىلارنىڭ هەرىكىتى بىلەن هايۋانلارنىڭ هەرىكىتىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، ماهىيەت جەھەتتىن بەزى ئوخشاشلىقلارنى تاپقان . ئۇلارنىڭ كۆزىتىشىچە ، ئورانگوتانلار توپىدىكى بىر ئورانگوتان سەپداشلىرىغا : «يېقىن ئارىلىقتا بانان بار ئىكەن» دېگەن ئىمانى قىلغان . ئۇنىڭ ئىماسىغا ئىشەنگەن ئورانگوتانلار ئۇ ئىمانى قىلغان تەرەپكە بانان يەيمىز ، دەپ ماڭغان . ئۇلاردىن كېيىن ، ئىما قىلغۇچى بۇ ئورانگوتان ئۆزى بىلىدىغان بانان بار يەرگە مېڭىپ كەتكەن .

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە ، ئادەم بىلەن هايۋانلار ئوخشاش بولمىسىمۇ ، ئەمما تولۇق يالغانچى ئادەمنىڭ مۇددىئاسىنى خىيانەتكارلىق بىلەن سەپداشلىرىغا باشقا تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ ، بانان بار تەرەپكە ئۆزى كېتىدىغان ئورانگوتانغا ئوخشاش بولۇپ ، ماهىيەت جەھەتتە قەستەن يالغان سۆزلەپ پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت . بۇ يەردىكى پەرق هايۋانلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەق يېمەكلىكلەرگە يۈگۈرسە ، يالغانچىلار ئاساسلىقى ئالدىدا كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كەلگۈسى پايدىلارغا ئىنتىلىدۇ . مەسىلەن ، تۆۋەن دەرىجىلىك بىرسىنىڭ باشلىقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تۇرۇقلۇق ، باشلىق ئالدىدا ئەتىۋارلىنىش ۋە ئۆستۈرۈلۈش ئۈچۈن ، ئۇ باشلىقنى ئۇنداق ياخشى ـ بۇنداق ياخشى دەپ ماختىشى ؛ سەت بىر خوتۇننى ئۇنىڭدىن پايدا ئالماقچى بولغان يەنە بىرىنىڭ چىرايلىق دەپ ماختىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق يالغانچىلىقنىڭ ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ ، خۇددى

ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئۆزى يالغۇز يېيىش ئۈچۈن ، سەپداشلى-
رىنى تۆيدۈرماي باشقا تەرەپلەرگە باشلاپ قويغان ھايۋانلاردەك
يالغان گەپ بىلەن كىشىلەرنى سەزدۈرمەي ئالداپ كېتىشتۇر .

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدى-
كى ئاداۋەتنى يوقىتىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بەزى
گەپلەرنى ياپسالاپ چۈشەندۈرىدىغانلارنى ، ئۆزى تاماق يېمەكچى
بولۇۋاتقاندا ، ئاچ قورساق يەنە بىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ
قويۇش ئۈچۈن ، «مەن ھېلى تاماق يېگەن» دەپ ، غىزانى ئۇنىڭ
ئالدىغا ئىتتىرىپ بېرىدىغانلارنى ، ئېغىر كېسەللەرنى ئارام ئال-
دۇرۇش ئۈچۈن بەزى سۆزلەرنى مەلۇم قىلمايۋاتقانلارنى ۋە شۇ-
نىڭغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ، چۈشىنىشمەسلىك بىلەن
بەزى يالغان گەپلەرنى تىلىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويۇۋاتقانلارنى
كۆرۈپ تۇرىمىز . بۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى سەمىمىيەت گۈل-
لىرى بولۇپ ، يار - بۇرادەرلىرىنى ، قوۋم - قېرىنداشلىرىنى
ۋە ھەرقانداق ياخشى ئادەمنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن سە-
مىمىي يۈرەكتىن سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلىك دۇنياسىنىڭ
تىنچلىق جىلۋىسىنى ئاسراشتۇر . سەنئەتكارلىقتا تەڭلىكە پەيدا
قىلىدىغان يالغانچىلىق بولسا ، شەخسىيەتچىلىك ئەدەپ كەتكەندە
ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ ، گەرچە ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالداي-
دىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يېتەلىسىمۇ ، مەنپەئەتلەرگە نەپسى ھۇ-
رۇپ كەتكەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن مۇناپىقانە ھېسسى-
يات بىلەن ئەسكىلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ . ئالىملارنىڭ قارى-
شىچە : «ئۆز نەپسىنى ۋە قورسىقىنىلا ئويلايدىغان بىرەرمۇ
ئادەم ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق گۈزەللىك يارىتالمايدۇ» .[①] ئۇلار-
نىڭ قەلبىدە ھەتتا ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دىلىنى يارا قىلىدى-

---

① پ . سىكاردون : «تەپەككۇر گۈلشەنى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشرى ، 734 - بەت

www.uyghurkitap.com

غان ئوغا بولىدۇ . شۇڭا ، ئۇلار سەنئەتكار دەپ ئاتىلىشقىلا
ئەمەس ، ھەتتا ئىنسان دەپ ئاتىلىشقىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ .
بۇنداق يالغانچىلىقلارنى نەق جىنايەت ۋە ياكى ناھايىتى تېزلىك
بىلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خەسكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپلا قالماس-
تىن ، ئۇنى ئەنە شۇنداق قەبىھلىك ۋە جىنايەت تەرەپكە ئېلىپ
بارىدۇ .

مەسىلەن ، بىر يالغانچى سودىگەر بىر چوڭ زاۋۇتنى قولغا
كەلتۈرۈپ توختام تۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ، قولىدا ئون توننا قوي
يۇڭى تۇرسا 100 توننا يۇڭۇم بار ، دەپ زاۋۇتتىكىلەرنى ئالداپ-
تۇ . زاۋۇتتىكىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ توختام ئىمزالاپتۇ .
توختام بويىچە زاۋۇتتىن 100 توننا يۇڭغا پۇل ئاپتۇ . بىر يىل
ئۆتكەندىن كېيىن بازاردا يۇڭ ئازلاپ كېتىپتۇ ـ دە ، ئۇ ھەر-
خىل چارىلەرنى قوللىنىپتۇ . توختامدىكى يۇڭنى ۋاقتىدا تاپشۇ-
رالماي ، «يالغانچىلىق ھارانكەشلىككە ئوخشايدۇ ، يالغانچى ئۆ-
لۈۋاتقاندىمۇ يالغان سۆزلەپ ئۆلىدۇ»[1] دېگەندەك ، ئۇستى ـ
ئۇستىلەپ يالغان سۆزلەپ ، ئاخىرىدا : «ھەممىنى تەل قىلىپ
بولدۇم ، پات يېقىندا يۆتكەپ بېرىمەن» دەپتۇ . بۇ ۋاقىت يەنە
سوزۇلۇپتۇ . سودىگەر : «قاتناش جىددىي بولۇپ كەتتى ، جىد-
دىي ئالاقە قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ . لېكىن يۇڭ يېتىپ بارماپتۇ .
زاۋۇتتىكىلەر گۇمانلىنىپ ئىزدەپ بارسا ، كۆزنى يۇمۇپلا :
«ئوت ئاپىتى بولۇپ يۇڭ كۆيۈپ كەتتى» دەپ جۆيلۈپتۇ . يالغان-
چىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام بولغاچقا ، يۇڭنىڭ كۆيۈپ كەتمىگەن-
لىكى ئۇزاققا بارمايلا ئاشكارا بولۇپتۇ ـ دە ، ج خ ئورۇنلىرى
ئۇنى «قويمىچى» دەپ تۇرمىگە سولاپتۇ . كۇندىلىك تۇرمۇشى-
مىزدا يالغانچىلارنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى

[1] ئا . پ . چېخوپ : «تەپەككۇر گۈلشەنى» ، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى ، 764-
بەت

دەپ كەلسەك گەپ تولا . ھەتتا ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان ، كۇلۇپ تۇرۇپ ئىش كېچىكتۈرىدىغان كىچىك يالغانچىلارنىڭ ئاچچىقد- مىزنى كەلتۈرگەن يەرلىرىمۇ بىزنى شۇنداق بىئارام قىلىدۇ . دېمەك ، يالغانچىلىق شۇنداق يامان ئادەتكى ، يالغان سۆزنى پەقەت يالغان سۆز بىلەن ياپقىلى بولغاچقا ، ئۇ خۇددى تۇتقاق كېسەلدەك ئادەمگە بىر چىرمىشىۋالسا ، ھەقىقەت ئىچىگە كىرىپ قالغان بىرلا يالغان ھەممىسىنى گۇماندا قالدۇرغاندەك ، شۇ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەملەرنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ . شۇڭا ، سەنئەتكارلىقتا ئاتالغان ھەرقانداق ئادەم بۇ مەرەزدىن ئۆزىنى تارتىش ، ناۋادا يالغان سۆزلەپ قالغان بولسا- مۇ ، «يالغان سۆزلەۋاتقىنىڭنى سەزگەن ھامان تىلىڭنى يىغساڭ ھېچقاچان كېچىكمەيسەن » دېگەن ھېكمەت بويىچە دەرھال تىلىنى يىغىش كېرەك .

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى ، گەرچە ھەممە ئادەم يالغان گەپ قىلىشقا قارشى تۇرۇۋاتسىمۇ ، خېلى كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي : «راستد- مۇ ؟ » دېگەن سوئال نەزىرى بىلەن گەپ قىلىشى ئۇنىڭ دەرىجد- سى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ناھايىتى كۆپ ئادەملەردە مەۋجۇت- تۇر . بولۇپمۇ قۇربىتى يەتمەيۋاتقان كەمبەغەل ئادەملەرنىڭ دۆ- لەتمەن ئادەملەرنى مېھمان قىلغىنىدەك تەتۈر خۇشامەتلەر يالغاذ- چىلىقنىڭ تېخىمۇ ئومۇمىيلىقتىن دېرەك بېرىدۇ . بۇنداق ئد- كەن ، ھەممىمىز بۇنداق ئادەتنىڭ بارا ـ بارا چوڭىيىپ ، مۇس- تەھكەملىنىپ ، ھازىرقى ئىنسانلىقىمىزنى باشقا بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتىن ھەزەر قىلىشىمىز كېرەك . چۈنكى بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار شۇنداق ھەزەر قىلمىغاذ- دا ، باشتا تېرىق ئوغرىلىغان ئاخىرى بېرىپ تۆگە ئوغرىلىغاذ- دەك ، كىچىك يالغانچىلىق ئادىتىنىڭ ھەتتا بۇرۇن ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن كاتتا پالۋانلار ، يازغۇچى ، ئالىملار ، دۆ-

لەت باشلىقلىرىنىمۇ ئىنسان خۇلقىدىن ياتلاشتۇرۇپ، باشقىچە بىر نېمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بۇ ھەقتە خۇلاسە قىلغان سوخوملىنسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننىڭ خۇلقى — ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە كۆڭلۈڭ نېمىدىسە، شۇنى سۆزلە. سەندىن بىرەرى مەلۇم نەرسىنى كۈتۈۋاتقان تەقدىردىمۇ خۇشامەت قىلما، خۇشامەتچىلىك سېنى مۇناپىق، ئاخىر بېرىپ رەزىل مۇتتەھەمگە ئايلاندۇرۇش ئۇچۇن قىلىنغان ھەرىكەتتۇر.»① بۇ ئالىمنىڭ نەزىرىچە، يەنە يالغانچىلىقتىن باشلانغان «مۇناپىقلىق، خۇشامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك ئەڭ زور ياۋۇزلۇق» بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەشلا ئەمەس، بەلكى ھوشيارلىق بىلەن سېزىۋېلىپ ئۇنىڭغا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىدۇر. «نىقابلانغان بۇ ياۋۇزلۇقنى سېزىۋال، ئۇنىڭغا نىسبەتەن شەپقەتسىز ۋە مۇرەسسەسىز بول!»②

①② سوخوملىنسكىي يۇقىرىقى كىتاب، 767 ـ بەت

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار :


1 . يۈسۈپ خاس ھاجىپ : «قۇتادغۇبىلىك» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1984 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

2 . مەھمۇد قەشقەرى : «تۈركىي تىللار دىۋانى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1981 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

3 . جان سترلاۋ : «مىجەز پسىخولوگىيىسى» ، لياۋنىڭ خەلق نەشرىياتى ، 1987 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

4 . ئوسبورىن : «ئىجادىي قابىلىيەت» ، نوجياڭ نەشرىياتى ، 1989 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

5 . «جۇڭگو بۈيۈك قامۇسى» ، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى ، 1982 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

6 . لىن سۈڭ : «بىلىم خەزىنىسى ‹قۇرئان كەرىم ›» ، سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

7 . ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن : «فارابى ۋە ئۇنىڭ پەلسەپە سىستېمىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1994 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

8 . ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ : «نادانلىق ـ ياۋۇزلۇق» ـ نەۋائىينىڭ مەنتىقىي ئەخلاق كۆزقارىشى توغرىسىدا .

9 . ئىبراھىم ھەققۇلۇۋ : «ھايات ساۋاقلىرى» ، «بۇلاق» مەجمۇئىسى 1992 ـ يىللىق توپلام .

10 . شيەنگۇجىگزاۋ : «ئۆزىنى رىغبەتلەندۈرۈش تەپسىرى» ، 1988 ـ يىل جۇڭگو ئىقتىساد نەشرىياتى ، 1 ـ نەشرى .

11 . ئىمانىل كانت (گېرمانىيە) : «ئىستېمال ئىنسانـ

www.uyghurkitap.com

شۇناسلىقى» ، 1987 ـ يىل چۇڭچىڭ نەشرىياتى 1 ـ نەشرى .

12 . بەي شۇجۇن : «ئەقىل پسىخولوگىيىسى ھەققىدىكى تەتقىقات تەرەققىياتى» ، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى ، 1996 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

13 . جىن ما : «بەرپاچىلىق پاراستى توغرىسىدا» ، جۇڭگو ياشلار نەشرىياتى ، 1991 ـ يىل بېيجىڭ 1 ـ نەشرى .

14 . ۋېلتىر خاللىچېر (ئاۋستىرىيە) : «ئىلىم ـ پەن دۇنياسى تەسۋىرىدىكى تەبىئەت» .

15 . جاك ۋېنيۇەن : «كىشىلىك ھايات پەلسەپىسى» ، پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى ، 1990 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

16 . ئىسلامجان شېرىپ : «ئەقىل ۋە پەزىلەت» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1990 ـ يىلى 1 ـ نەشرى .

17 . ئىسلامجان شېرىپ : «ئادەم ۋە ئىقتىدار» ، مىللەتلەر نەشرىياتى ، 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

18 . ئىسلامجان شېرىپ : «تالانت بوسۇغىسى» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ، 1997 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

19 . ئىسلامجان شېرىپ : «تالانتشۇناسلىق» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ، 1995 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

20 . ليوجىڭگۇاڭ : «ئىجادىيەتشۇناسلىق» ، فۇجيەن خەلق نەشرىياتى ، 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى .

21 . چېيەنچىڭ جۇنيەن : «ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيە تارىخى» بۇگۈنكى جۇڭگو نەشرىياتى 1992 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

22 . SamuelSmiles : «پۇل ۋە كىشىلىك ھايات» ، بېيجىڭ كۇتۇپخانا نەشرىياتى ، 1999 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

23. رۇسىيە: تولستوي: «كىشىلىك ھايات» (ئىنسانىيەت ھەقىقەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش) سىچۈەن خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
24. H. Maslow: MoTiVATiON AND A PERSONAliTY ئامېرىكا ماسلوۋ: «مۇددىئا ۋە غۇرۇر» خۇاشىيا نەشرىياتى 1987 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
25. شيۇڭ شۇنشى: «پەلسەپە، پەن، ئىجادىيەت» شاڭخەي ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، 1992 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
26. جى دىشياڭ: «پەن، تېخنىكا، پەلسەپە» خېنەن خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
27. دالى كارنىگ: «جاھاندارچىلىق سەنئىتى» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1993 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
28. «تەبىئىي پەن تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1984 ـ يىل لياۋنىڭ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى 1 ـ نەشرى.
29. «ئىلىم ـ پەن ئىجادىيەت سەنئىتى» 1987 ـ يىل تيەنجىن خەلق رادىئو ـ تېلېۋىزىيە نەشرىياتى 1 ـ نەشرى.
30. ئاۋستىرىيە: ئادلېر: «ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە ھالقىش» يازغۇچىلار نەشرىياتى 1987 ـ يىل 1 ـ نەشرى.
31. دالى كارنىگ: «قايغۇرماڭ، باتۇرلارچە ياشاڭ» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989 ـ يىل 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.
32. «تەپەككۇر گۈلشەنى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى .

33 . ج . ۋاس ، گ . درودىن : «ئۆگىنىش ئىنقىلابى» شاڭخەي سانلىيەن نەشرىياتى ، خەنزۇچە نەشرى .

34 . ليوجىڭۋاڭ : «ئىجادىيەتشۇناسلىق» فوجەن خەلق نەشرىياتى 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

35 . SAMUEL SMILES : «پۇل ۋە هايات»

36 . چيورىنزۇڭ : «ئۇتۇق يولى» ـ ئىلمىي كەشپىيات ئەندىزىسى خەلق نەشرىياتى 1987 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى .

تەكلىپلىك تەھرىر : ئابدۇقادىر جالالىدىن
مەسئۇل مۇھەررىر : ساۋۇت سالاھىدىن
ياسىن مۇھەممەت

# ياشاش سەنئىتى

ئىسلامجان شىرىپ

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى : 100013 ،تېلېفون نومۇرى :010-64290862
تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ خىزمەت پونكىتى
تور ئادرېسى : http://www.e56.com.cn
باسقۇچى : يىخۈي باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
نەشرى : 2003-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2003-يىل 1-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 1168×850مم . 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 19.375
سانى : 0001—3000 باھاسى :24.00 يۈەن